ئابدۇراخمان قاھار

# كۆڭۈل



شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

ا

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: غالىب شاھ

# گوگول

ISBN 7-5371-1900-7

9 787537 119009 >

ISBN7-5371-1900-7
(民文) 定价:26.00 元

ئابدۇراخمان قاھار

# كۆڭۈل

(رومان)

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：迪力亚尔·吐尔逊
封面设计：阿里甫·夏

# 如诉的歌（维吾尔文）

（长篇小说）

阿不都热合满·卡哈尔　著

新疆青少年出版社出版
（乌鲁木齐市胜利路100号 邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆金版印务有限公司印刷
850×1168毫米　32开本　15.75 印张
2006年3月第1版　2006年3月第1次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－1900－7 定价：26.00 元

如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى: **ئابلىكىم ھەسەن**
مەسئۇل كوررېكتورى: **دىليار تۇرسۇن**
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: **غالىب شاھ**

# كۆكۈل

(رومان)

ئاپتورى: **ئابدۇراخمان قاھار**

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورۇ، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ جىڭبەن باسما چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۆلچىمى: 1168×850مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 15.75
2006 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2006 ـ يىل 3 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 1900 — 7
سانى: 1—3000
باھاسى: 26.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# بىرىنچى قىسىم

## 1

باغرى ئىسسىق يېزىنى گۈل ـ گىياھلار ئىللىق پۇراقلى-
رى، نەغمىچى قۇشلارنىڭ يېقىملىق ئاۋازلىرى كېزىپ يۈرگەن
باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى. ھازىر دېھقانلارنىڭ ئالدىراش مەز-
گىلى ئەمەس، كۈن نۇرىدا تاۋلىنىپ ياتقان كەڭرى ئېتىزلار،
توپىلىق يوللار، مەھەللە كوچىلىرى جىمجىت، زەڭگەر ئاسمان
سۈپسۈزۈك، ئۇنىڭ باغرىدا ئۇچار قۇشلار كۆرۈنمەيدۇ.

ئىككى قىز ئەتراپى قورۇق تام ۋە قارىياغاچلار بىلەن ئورال-
غان، بۆدۈنىلەر توختىماي سايرىشىۋاتقان بېدىلىكتە ئوڭدا يې-
تىپ، ھېسسىياتلىرىنى باسالماي، تۈگمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ
كەتكەنىدى. ئۇلار تۇرۇپلا مۇلاھىزىلەرگە چۈشۈپ كەتسە، تۇرۇپ-
لا ئۆز ئەتراپىدىكى ئادەملەرنى باھالاپ كېتەتتى؛ يەنە تۇرۇپلا
تەبىئەتنىڭ خوجايىنلىرى بولسا، تۇرۇپلا ئۇنىڭ قۇلى بولۇپ
قالاتتى. بىردە ئاڭلىق ھەم ئۆتكۈر، بىردە ئاڭسىز ھەم دېلى-
غۇل، بىردە دەردمەن، بىردە شادىمان بولۇپ، ئەقىل ـ ئىدرا-
كىنىڭ بەزىدە ۋايىغا يېتىۋاتقانلىقىنى، بەزىدە تېخى ۋايىغا يېتىش-
تىن خېلىلا يىراقلىقىنى ئىپادىلەپ قوياتتى. بۇ ئۇلارنىڭ دەل
شۇنداق مەزگىلى — ئون يەتتە ياش ۋاقتى ئىدى. ئەمما ئىككى-
سىنىڭ پاراڭلىرى قانچە قىزىپ كەتسىمۇ، بىر ـ بىرىگە قايرى-
لىپ قويمايتتى، كۆزلىرى بولسا ئاندا ـ ساندا بۇلۇت پارچىلىرى
لەيلەپ يۈرگەن سۈپسۈزۈك ئاسماندا ئىدى، گۈزەللىك ئۇلارنى

شۆنچىلىك جەلپ قىلىنۋالغانىدىكى، دۆمبىلىرىگە كوكاتلارنىڭ
پېتىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماس ئىدى.
يېزا گۈزەللىكى — كىشىنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىدىغان
قىسما ـ قىسما گۈل ـ چېچەكلىك يېزا باھارى، ئەڭ تازا ھەم
ئېسىل پۇراقلىق يېزا ھاۋاسى، تاشتىن ـ تاشقا سەكرىشىپ
ئېقىپ كەلگەن پاكىز، تەملىك سۇلىرى، بىر ـ بىرىدىن پەرقلە-
نىپ ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان قۇشلار ساداسى، شەھەرنىڭ قالايمىقان-
چىلىقى، تاراق ـ تۇرۇقى، بەتبۇي پۇراقلاردىن سەسكەنگەن
قىزلارنى مەست قىلىپ قويغانىدى. ئۆز يېزىسىنىڭ ئۆزگىچە
ئالاھىدىلىكى، خىسلەت ـ ھىممەتلىرى ئۇلارنى ھەرقاچان ئۆزىگە
تارتىپ تۇراتتى. شۇڭا ئۇلار يېزىغا چىقىشقا ئالدىراپ، شەنبە-
نىڭ تېزرەك كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتتى.
ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنكى يېزا ۋاڭ ـ چۇڭلىرى بېسىل-
غان مەزگىل ئىككى قىزنىڭ شېرىن خىياللار سۈرۈشىگە ۋە
پاراڭلىرىنىڭ ئۇزۇلمەسلىكىگە تولۇق ئىمكان بېرەتتى. ئۇلار
كىچىكىدىن تارتىپ بىر ئۆستەڭنىڭ سۈيىنى ئىچىشكەن، بىللە
چوڭ بولغان، بىر ـ بىرىگە ئېجىل ـ ئامراق دوستلاردىن بول-
غاچقا، خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى بىر ـ بىرىگە دەۋېرەتتى.
ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ھازىر ئەمەلىي ئىشلار بىلەن ياشايدىغان
دەۋرى ئەمەس، خىياللار، غايىلەر بىلەن ياشاۋاتقان ۋاقتى. شۇڭ-
لاشقا، ئۇلارنىڭ خىيال ـ غايىلىرىنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولۇ-
شى ياكى يىراق بولۇشى تەبىئىي ھال.
— سەبىھە، ئاۋۇ چەتتىكى بۇلۇتنى كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى
قىزلارنىڭ بىرى ئۆزىدىن بىر مېتىر نېرىدا ياتقان دوستىغا كۆزد-
نى ئاسماندىن ئالماي.
— تۆگىگە ئوخشاپ قالغان بۇلۇتنى دەمسەن؟
— ھەئە، ئۇ ھازىرلا پىلغا ئوخشاپ تۇراتتى.
— تەبىئەتمۇ سىرلىق، ھۇنەرۋەن كېلىدىكەن، بۇلۇتلار

قانداق قىلىپ شۇنداق شەكىللەرگە كىرىپ قالىدىغاندۇ؟

— شامالدىن.

— شامالدىن؟… نېمە دەيدىغانسەن، قەدىرىيە، ھازىر شامال چىقمىسا - يە؟

— پەستە بولمىغان بىلەن ئاسماندا بار - دە، «بۇلۇتلارنى شامال سۈرۈۋەتتى» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ بۇلۇتلارنى سۈرۈۋېتىدىغان شامال ئۇنى تۈرلۈك شەكىللەرگە كىرگۈزۈپمۇ قويالايدۇ - دە.

ئىلىم - پەن ئۆگىنىش يولىغا كىرگەن ئادەملەردە ئارزۇ، خىيال، سوئاللار پات - پات پەيدا بولۇپ تۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن پەرەزلەر تۇغۇلىدۇ. تەبىئەتتە سىرلىق، مۆجىزىدەك بىلىنىدىغان قىياپەت - كۆرۈنۈشلەر، ھەرىكەتلەر كۆپ. ئادەملەر شۇنىڭغا قاراپ، ئەجەبلىنىش، ھەيران قېلىشتىن سوئال قويۇش، جاۋاب ئىزدەش بىلەن مۆجىزىدەك بىلىنگەن قىياپەت - كۆرۈنۈشلەر، ھەرىكەتلەرنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە ئىنتىلىدۇ ۋە مۇشۇ جەرياندا ئۇنىڭ نەزەر دائىرىسى كېڭىيىپ بارىدۇ. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئارزۇ، سوئال، خىيال، پەرەزلەر ئادەم زېھنىنى ئاچىدۇ، ئەقلىنى ئويغىتىدۇ.

— قارا، قەدىرىيە، — دېدى سەبىھە ھەيران قالغانلىقىنى يوشۇرماي، — بۇلتۇر تاغقا چىققاندا، تاغنىڭ بېشىدا خۇددى بىر ئادەمنىڭ باداشقان قۇرۇپ ئولتۇرغاندەكلا تاشنى كۆردۇق. قول بىلەن شۇنداق ياسىغىلى بولماس بەلكى.

— نۇرغۇن يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن شۇنداق شەكىلگە كىرىپ قالغان دېيىشىدىكەن. شۇنداق شەكىلگە قانداق كىرىپ قالغانلىقىنى تازا چۈشەنمەيدىكەنمەن. بەلكىم بىرەر مىڭ يىلنىڭ ئالدىدا كىشىلەر ئۇنى باشقىچە شەكىلدە كۆرگەن بولغىيتتى.

— بىز چۈشەنمەي ھاڭۋېقىپ قالىدىغان ئىشلار كۆپ ئىكەن، قەدىرىيە.

— راست ئېيتسەن سەبىھە، تەبىئەتتە بىزنى قىزىقتۇرىدىغان ئىشلار تولا ئىكەن. بەزى ئارىشاڭلار بولىدىكەن، بىر ئۆستەڭ سۇ تاغنىڭ بۇ تەرىپىدىكى كامارغا كىرىپ كېتىپ، ئۇ تەرىپىدىن بەدەننى كۆيدۈرگۈدەك قىزىق ھەم بىر خىل پۇراقلىق بولۇپ چىقىدىكەن، بۇ نېمىدېگەن كارامەت، بۇنىڭ سىرى نەدىدۇ؟

— ئاپامدىن مۇنداق ئىشلارنىڭ سىرىنى سورىسام، خۇدانىڭ قۇدرىتى دەپلا تۈگىتىدۇ.

— ئۇنداق جاۋابلار بىزنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ ــ دە.

— شۇ ئەمەسمۇ، مەن ئۇنىڭ قۇدرىتى ــ بۇنىڭ قۇدرىتى دېگەنلەرگە ئىشەنمەيمەن. بۇ ھازىر بىزگە سىرلىق تۇيۇلۇۋاتقىنى بىلەن، سىرىنى بىلىپ بولغانلار كۆرمىگەن ــ كۆرمىگىدۇ.

— ئاڭلىساق، نادانلىقىمىزغا كۆلۈپ كېتەرمىز بەلكى.

قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۈچ ــ تۆت يىلنىڭ ئالدىدا يېزىنىڭ يالاڭ ئاياغ قىزلىرى ئىدى. سايلارغا چۈشۈپ، دۆڭلۈكلەرگە چىقىپ تېزەك تېرەتتى، كەچ كۈزلەردە يېرىم قۇرۇغان قورايلارنى ئورۇپ، دۈمبىسىگە ئارتىپ كېلەتتى، تېخى ئوغۇل باللارغا ئەگىشىپ، قۇشقاچ، قاغا باللىرىنى تۇتۇشقا يار بويىغا چۈشەتتى، توقايلىقلارغا كىرەتتى، يېزا ئويۇنلىرىنىڭ سەپتىن قالماس ئىشتىراكچىلىرى ئىدى. بىر قېتىم «مۆكىمۆكىلەڭ» ئويناۋېتىپ، سەبىھە بىر بالا بىلەن سامانلىقتا مۆكۈنۈۋالدى. ئىزدىگۈچىلەر تەرەپ ــ تەرەپكە چېپىپ ئۇلارنى ئىزدەۋاتقاندا، ھېلىقى بالا «جىم تۇرۇڭ» دەپ سەبىھەنى قۇچاقلىۋالدى. بۇ ئىش سەبىھەدە قىلچىلىكمۇ باشقىچە بىر ئىشنى ھېس قىلدۇرمىدى. ھېلىقى بالا يەنە سەبىھەنىڭ مەڭزىگە سۆيۈۋالدى. شۇ چاغدىلا ئۇ بۇ ئىشتىن بىرئاز غەلىتىلىكنى سېزىپ، گەپمۇ قىلماي، ئۇنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. بىراق ئۇلار تۇتۇق بەرمەي، پەللىگە يېتىپ كەلگەندە، سەبىھە بايىقى غەلىتە قىلىقىنى ئۇنتۇپ

كەتكەنىدى.

قەدىرىيە يېزا ئوقۇتقۇچىسى لەھەلبۇۋىنىڭ يالغۇز قىزى، دادىسى كىچىكىدە ئۆلۈپ كېتىپ، ئاتا مېھرىگە قانماي چوڭ بولغان، ئۇ دادىسىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى، بوي - تۇرقىنى، چىراي - شەكلىنى ئەسلىيەلمەيدۇ، بىرەر پارچە سۈرىتىمۇ يوق. شۇڭا ئۇ كىچىكىدىنلا ئويچان ئىدى. لەھەلبۇۋى شۇ دېمەتلىك قىزلار ئىچىدىن بىرىنچى بولۇپ ئۆز قىزىنى باللار بىلەن ئويناشتىن، تېزەك تېرىشتىن تارتتى. قىزىغا پاكىز، چىرايلىق كىيىنىشنى، ئۆزىنى تۇتۇپ يۈرۈشنى، ئەمدى شۇنداق مەزگىلنىڭ يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتتى. شۇنىڭدىن كېيىن، قەدىرىيەنىڭ دوستى سەبىھەمۇ ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزىنى تۈزەپ يۈرىدىغان بولدى. قىزلار ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈشكە باشلىغاندا، ئۆزىدە بىر خىل چۈشىنىكسىز، ئەمما يېقىملىق تۇيۇلىدىغان ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى سېزىدۇ. كۆڭلىدە كىشىلەردىن يوشۇرىدىغان، بىردە ئەندىكتۈرۈپ، بىردە نېمىگىدۇر تەلپۈندۈرىدىغان ئوي - خىياللىرى پەيدا بولۇشقا باشلايدۇ. يېزىنىڭ شوخ يىگىتلىرى دائىم ئېيتىدىغان، لېكىن ئۇلار شۇنىڭغىچە دىققەت قىلماي كەلگەن ناخشا - قوشاقلارنىڭ مەنىسىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالىدۇ. سىرتلارغا چىققۇسى، تۇڭدا سۇ لىق بولسىمۇ، چېلەكلىرىنى ئېلىپ ئۆستەڭ بويىغا بارغۇسى كېلىپ تۇرىدۇ، كېچىلىرى ئۇيقۇسى قېچىپ ئۇخلىيالمايدۇ. بىراق ئۆزىدە نېمىشقا شۇنداق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ يانىدىغانلىقىنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

قەدىرىيە بىلەن سەبىھەدە پەيدا بولۇۋاتقان ئۆزگىچە ھەرىكەت - قىلىقلار، ھەر كۈنى دېگۈدەك ئەينەككە قاراش، ئۆزىنى تۈزەپ يۈرۈش، ئۆزىدىن نۇقسان ئىزدەپ، ئۇنى تۈزىتىشكە ئىنتىلىش ۋە شۇنداق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ تەكرارلىنىشى بىرەر يىلنى ئۇزاتقاندىن كېيىن ئۇلارنى يېزىدىكى رەسىدە بولغان

قىزلار قاتارىغا قوشۇپ قويدى. چۈنكى ئۇلار بىر ئۆيدانلا رەڭ تۈزەپ قالغانىدى.

يىراقتىن زىل قوڭغۇراق ئاۋازى كېلىشكە باشلىدى. ئىككىسى جىمىپ ئۇنىڭغا قۇلاق سالدى - دە، قوڭغۇراقنىڭ زىللىقى ھەم تەكشى جاراڭلاۋاتقىنىغا قاراپ، ئۇنىڭ خادىك ھارۋا ئىكەنلىكىنى بىلدى. چۈنكى شەھەردىن مۇشۇنداق قوڭغۇراقلىق خادىك ھارۋىلار چىقىپ تۇراتتى. قوڭغۇراق ئاۋازى بارغانسېرى يېقىنلاپ، قورۇقنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى يولغا جاراڭلاپ كىرىپ كەلدى.

— قاراپ باقامدۇق؟ — دېدى سەبىھە تۇرۇشقا تەمشىلىپ، — كىملەركىن، كۆرۈپ باقايلى؟

— بولدىلا، شەھەردىن تەرلەپ چىققانلاردۇ، تايىنلىق. ئۇنىڭ نېمىسى بار كۆرگۈدەك.

— تېخى مېۋە - چېۋە، قوغۇن - تاۋۇز پىشمىسا، نېمىگە چىقتىكىن ئالدىراپ...

— تاماشىغا چىقىدۇ - دە، دەم ئالىدۇ، ھۇزۇرلىنىدۇ، — دېدى قەدىرىيە ۋە سەل جىمجىتلىقتىن كېيىن مۇنۇنى قوشۇپ قويدى، — بىز شەھەرگە بىلىم ئالغىلى كىرىمىز، ئۇلار ئوينىغىلى چىقىدۇ.

— يېزا ئۇلارنىڭ سەيلىگاھى ئىكەن - دە... ۋاي، بىز شەھەرلىك دەپ كېتىدۇ، مەيلى سەھراغىمۇ چۈشىدىكەنغۇ...

— مەن تاشكەنتتە بېسىلغان بىر رومان ئوقۇدۇم، — دېدى قەدىرىيە سۈزۈك ئاسماندىن كۆز ئۈزمەي، — فرانسىيە يۇقىرى قاتلام كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇشى ئىكەن، ئۇلار قىشتا شەھەردە، يازدا داچا دەيدىغان سىرتلاردىكى دەم ئالىدىغان ھەشەمەتلىك ئۆيلىرىدە تۇرىدىكەن. مۇنۇ شەھەرلىكلەرنىڭ شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرى يېزىلارغا، باغلارغا ئوينىغىلى چىقىشى شۇلارغا بىر ئاز ئوخشىشىپ كېتىدىكەن. ئۇلار بىر - بىرىگە ھەسەتمۇ قىلىدى-

كەن، ئۇرسىنىمۇ كولايدىكەن، پۇل ـ بايلىق ئۇچۇن ھەرقانداق
رەزىللىكتىن يانمايدىكەن؛ ئەمما بىر ـ بىرىنى قالتىس ھۆرمەتمۇ
قىلىدىكەن، مېھرىبانلىقمۇ كۆرسىتىدىكەن. خىزمەتچى ـ مالاي-
لىرىمۇ ياخشى كىيىملەرنى كىيىشىپ، پاكىز يۈرىدىكەن. بايلار-
نىڭ ئالدىغا تاماق ياكى بىر چىنە ئۇسسۇلۇق قويسا، ئۇلار: «بۇ
ئۆزۈمنىڭ بايلىقى، ئالدىمغا مېنىڭ ئاش ـ نېنىمنى قويۇۋاتىدۇ»
دېمەي، ئەگىلىپ بەرگىنىگە، ئالدىغا قويغىنىغا «رەھمەت» دەي-
دىكەن، بۇ بىر خىل مەدەنىيەت ئىكەن. مالايلىرى خاتالىق
ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئىشتىن چىقىرىۋېتىدىكەنۇ، ئۇرمايدىكەن،
تىللىمايدىكەن؛ ئۇلار روھىي ئازاب تارتسا ـ تارتىدىكەنۇ، جىس-
مانىي ئازاب تارتمايدىكەن.

— چوڭلارنىڭ ئېيتىشىغا قارىغاندا، بىزدىكى بايلارنىڭ ما-
لايلىرى جۇل ـ جۇل كىيىملىك، يالاڭ ئاياغ، پاسكىنا يۈرەتتى-
كەن؛ بىرەر خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۆلگۈدەك تاياق يەيدى-
كەن، ئەڭ ئەسكى تىللارنى ئاڭلايدىكەن...

— جۇل ـ جۇل كىيىملىكلەرنى ھازىرمۇ يوق دەمسەن؟
ئۇلاردىمۇ بار ئىكەن. بىراق مەن ئويلايمەن: تەرەققىي قىلغان
دۆلەتلەردە ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر كۆپ ھەم مەدەنىي بولىدىكەن.
مۇئەللىمنىڭ ئېيتقىنى توغرا: خەلقنى جاھالەتتىن، نادانلىق-
تىن، قارا قورساقلىقتىن، تەڭسىزلىكتىن ئىلىم ـ پەن قۇتۇل-
دۇرىدۇ. سەن ھۇسەنباي دېگەن ئادەمنى ئاڭلىغانمۇ؟

— ئاڭلىغان، قانداق؟

— شۇ ئادەم كاتتا باي ئىكەن...

— بىزنىڭ مەكتەپنىڭ يېنىدىكى زاۋۇت ئەسلىي شۇ ئادەم-
نىڭدۇ؟ — دېدى سەبىھە ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— شۇنداق ئىكەن، سودا بىلەن سوۋېت ئىتتىپاقىغا، ياۋرو-
پاغا چىققانىكەن. مالايلىرى بىلەن ئولتۇرۇپ، ئۆزى نېمىنى
يېسە، بىللە يەيدىكەن، ئۇلارنىمۇ ئۆزىدەك كۆرىدىكەن.

— بىراق ئۇنىڭ بايلىقىدا باشقىلارنىڭ قان ـ تەرى بار ـ دە، — سەبىھە بۇياققا بۇرۇلدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، ئەمما ئۇنىڭ باشقا ۋەھشىي، قارا قورساق بايلاردىن پەرقلىنىشى، دۇنيانى كۆرگەنلىكىدىن، ياخشى پەزىلەتلەرنى ئۆگەنگەنلىكىدىنمىكىن دەيمەن.

ئىككىسى سۆزىدىن توختاپ جىمىپ قېلىشتى. بۆدۈنىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى.

— سەبىھە، — دېدى قەدىرىيە بېشىنى كۆتۈرمەي خېلى جىملىقتىن كېيىن، — بىر ئىشقا شۇنداق ئىچىم پۇشىدۇ، قارا.

— ھە، نېمە ئىشقا؟

— ئايشەنىڭ ئەرگە تېگىپ كەتكىنىگە.

— مەنمۇ ئېچىنىمەن، بىراق ئۇ ئۆزى خالاپ تەگمىدىغۇ، ئۇمۇ قانداق قىلىدۇ، — دېدى سەبىھەمۇ بېشىنى كۆتۈرمەي، — ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭ شۇنچە يىغىسىغا قارىماي زورلاپ بېرىۋەتتىغۇ.

— مەن بولسام قەتئىي ئۇنىمايتتىم... دەريا بويىغا بىر يۈگۈرسە، قورقۇپ ئۆلەتتى ئۇلار.

— تۆتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەندە ئۇنى ئوقۇشتىن چىقىرىۋالغان، شۇ چاغدا ئۇنىماي تۇرۇۋالغان بولسا، — سەبىھە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، — مۇئەللىملەرمۇ، ھۆكۈمەتمۇ ئارىلاشاتتى، دېگىنە، ئوقۇشتىنمۇ قالمايتتى، مانا كىچىككىنە تۇرۇپ سېيىر سېغىپ، تامغا تېزەك يېقىپ ئولتۇردى.

— راست دەيسەن، — قەدىرىيەمۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، — ئەمدى ئايشە خەتلەرنىمۇ ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ساۋاتسىز ئايالغا ئايلىنىدۇ. كاشكى، تەگكەن ئادىمى ياش بولسىچۇ... بىزنىڭ ئاجىزلىقىمىز كۆپ ئىكەن، سەبىھە، ئاتا ـ ئانىمىز كۆز يېشى قىلسا، جاپا تارتىپ باققىنىنى تىلغا ئالسا، زورلىسا، ئۇلارنى رازى قىلىش ئۈچۈن ئۆزىمىزنى قۇربان

قىلىۋېتىمىزكەن. ھېچكىم ياش يىگىتنى «چوڭ ئايالنى ئال»
دەپ زورلىمايدىكەن، قېنى بىزنىڭ تۇرمۇشتا، جەمئىيەتتە ئەرلەر
بىلەن تەڭلىكىمىز؟

ئىككى قىزنىڭ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، كۆزلىرىدىن ئەلەم-
لىك، ئاجىز ئۇچقۇنلار پىلدىرلىدى. خۇددى ئايشە ئاتلىق دوس-
تىنىڭ بېشىغا كەلگەن قىسمەت ئۆزلىرىنىڭ بېشىغا كەلگەندەك
چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىشىپ، بىر نۇقتىغا تىكىلگىنىچە ئولتۇ-
رۇپ قېلىشتى. ھاۋا قىزىشقا باشلاپ، قۇشلارنىڭ ئۈنلىرىمۇ
ئۆچۈپ مۈگدەپ قېلىشقانىدى. تۇرۇپ - تۇرۇپ سايراپ قالىدى-
غان بۇدۇنىلەرنىڭ ئاۋازىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئەتراپ جىمجىت
ئىدى. بۇ جىمجىتلىق قەدرىيە بىلەن سەبىھەگە تەسىر قىلىپ،
ئىككىسىنى دەردمەن ئادەمدەك ھالغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى. ئىك-
كىسى ھەسرەتلىك چىراي، مۇڭلۇق نەزەر بىلەن بىرىدىن پاناھ
تىلىگەندەك ئەتراپىغا زەن سېلىپ قاراشقا باشلىدى. مەيىن شامال
بىردەم توپىنىڭ، بىردەم كوكاتلارنىڭ پۇراقلىرىنى دىماغلارغا
ئۇرماقتا ئىدى.

قىزلار ھېسسىياتچان كېلىدۇ. قايغۇرۇش، ئېچىنىش تۇي-
غۇسى باشقىلارغا قارىغاندا ئۇلاردا كۈچلۈكرەك بولىدۇ. ئۇلار-
نىڭ ئايشە ئاتلىق دوستىنىڭ ئۆزىدىن خېلىلا چوڭ ئادەمگە مەج-
بۇرىي ياتلىق قىلىنغانلىقىنى شۇ تۇرقىدا ھېچكىم ئويلىمىغاندۇ،
ئەمما ئىككىسى ئويلاۋاتىدۇ، قايغۇرۇۋاتىدۇ ۋە ئۇنىڭ قىسمىتىگە
ئېچىنىۋاتىدۇ... كۆڭۈللۈك، باراۋەر تۇرمۇشقا ئىنتىلىش، ئىن-
سانىي قەدىر - قىممىتىنى، غۇرۇرىنى ساقلاپ ياشاش قىزلارنىڭ
تۈپكى ئىستىكى.

بۇ يەر شەھەر ئەمەس، يېزا. بۇ يەردە ئەر - ئاياللارنىڭ
باراۋەرلىك مەسىلىسىدە ئاياللارنىڭ نۇرغۇنلىغان چەكلىمىلەرگە
ئۇچراپ تۇرىدىغانلىقى ۋە ئۇلارنىڭ ئۆز ئۈستىگە ئالغان ئىشلىرى-
نىڭ كۆپلۈكى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئۆي ئىشلىرىدىمۇ مەجبۇرىيە-

تى ئېغىر. قەدىمدىن تارتىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەرنىڭ قان ـ
قېنىغا سىڭىپ، ئادەتكە ئايلانغان، قارشى چىققىلى بولمايدىغان
بۇ خىل دەرىجىدىكى تەڭسىزلىك بۇ يەردە قاتتىق ساقلانغان.
مۇرىسىگە ئەپكەش سېلىپ، ئۆستەڭگە بېرىپ سۇ ئەكېلىشمۇ
(ھەتتا ئېغىرئاياغ بولسىمۇ) ئايالنىڭ ئىشى. ئايال قازانغا ئاش
سېلىۋاتقاندا، ئوچاقتىكى ئوت تېشىغا چىقىپ كەتسە، يانپاشلاپ
ياتقان ئەر: «ئوتقا قاراھۇي» دەپ ۋارقىرايدۇ. ھېچقاچان يۈگۈ-
رۈپ بېرىپ ئوتنى ئىچىگە تىقىۋەتمەيدۇ. قىزىق يېرى شۇكى،
بۇنداق ئىشلار ئاياللارنىڭ كۆڭلىگىمۇ كەلمەيدۇ. ئەۋلادمۇ ئەۋلاد
داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان، كىشىلەر كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئىشلار
بىرەر ئادەمنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان ئەمەس. كۆزى ئېچىلىۋات-
قان، ئوقۇۋاتقان قىزلارنىڭ بۇنىڭغا ئىچى پۇشۇپ تىت ـ تىت
بولغان بىلەن ئۇنى قانداق قىلىشنى بىلمەيدۇ. ئۇلاردا نارازىلىق
ئېڭى تۇغۇلغان بولسىمۇ، قارشى چىقىشقا جۈرئەت قىلىش، قان-
داق تۈزىتىش ئېڭى تېخى تۇغۇلمىغان. ئىنسان ئۆزىنىڭ ئادەملى-
كىنى، باشقىلارنىڭمۇ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەملىكىنى چۈشەنگەن
چاغدا مۇنداق ئىشلارنىڭ تۈزىلىپ كېتىشى مۇقەررەر، ئەلۋەتتە!
— ئەگەر ئۇنىڭ بېشىغا شۇ كۈن كەلمىگەن بولسا، —
قەدىرىيە دوستىغا بۇرۇلۇپ گەپ باشلىدى مۇلايىملىق بىلەن، —
شەھەرگە كىرىپ بىز بىلەن ئوقۇغان بولاتتى ـ دە.
— بىزدىنمۇ ياخشىراق ئوقۇغان بولاتتى، ئېسىڭدىمۇ، مۇ-
ئەللىملەرمۇ ئۇنى زېھنى ئۆتكۈر قىز، مۇشۇنداقلا ئوقۇسا، چوڭ
بولغاندا قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان ئادەم بولىدۇ، دەپ
ماختايتتى ئەمەسمۇ.
— كەلگۈسىدە مۇئەللىم بولاتتى، مۇئەللىم بولغاندىمۇ ئۆت-
كۈر مۇئەللىم بولاتتى.
قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ يۈزلىرىنى ئەلەملىك، ھەسرەت-
لىك ئۇچقۇنلار قاپلىدى ۋە يەنە تەگسىز خىياللارغا پېتىپ ئولتۇ-

رۇپ كېتىشتى. ئۇلار هازىر ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىلىرى، 1961 - يىلى يېزا مەكتىپىنى — تولۇقسىز ئوتتۇرا
مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، غۇلجا شەھىرىدىكى ئاشۇ مەكتەپكە قوبۇل
قىلىنغان، هازىر ئىككىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلار هەر
شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن، يېزىلىقلارنىڭ هارۋىلىرى ئۇچراپ
قالسا هارۋىلىق، بولمىسا پىيادە مەھەللىگە قايتىپ چىقىدۇ،
باغرى ئىسسىق يۇرتىغا چىققۇچە ئالدىراپ كېتىدۇ. يەكشەنبە
كۈنى چۈشتىن كېيىن ئوخشاشلا بەزىدە هارۋىلىق، بەزىدە پىيادە
شەهەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. يېرىم كۈنلۈك يول ئۇلارغا ئانچە
بىلىنىپ كەتمەيدۇ. ئىككىسى تۈنۈگۈن چىققان، بۈگۈن چۈشتىن
كېيىن كىرىپ كەتمەكچى.

— هەر ئادەمنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈنلەر، قىسمەتلەر ئوخ-
شاشمايدىكەن، — دېدى سەبىھە چوڭقۇر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈ-
رۈپ، — هەر خىل سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بەزىلەر باياشات، بەزىلەر
نامرات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، بەزىلەرنىڭ ئورنى ئالاهىدە، بە-
زىلەرنىڭ ئادەتتىكىدەك ياكى تۆۋەن، يەنە بىرلىرىنىڭ ئىشى
ئېغىر ياكى يېنىك بولىدىكەن. بۇرۇن مەن: «ئادەملەر ئۆزلىرى
قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى ئۆزلىرى خالاپ قىلىدۇ» دەپ ئويلايتتىم.
خالىمىغان ئىشنى قىلىشقا مەجبۇر بولىدىغان ئىشلارمۇ كۆپ
بولىدىكەن. ئاپام «تەڭشەلمىگەن ئالەم» دېگەن سۆزنى كۆپ تەك-
رارلايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇ-
غاندىن كېيىن ئاستا - ئاستا چۈشىنىشكە باشلىدىم، چۈشەنمىگەن
نەرسىلەرنىڭ يەنە كۆپلىكىنى هېس قىلىۋاتىمەن.

ئادەم ئۆز ئەتراپىنى ئوراپ تۇرغان تەبىئەتنى ۋە ئۇنىڭدىكى
هەر خىل قىياپەت - هەرىكەتلەرنى، سىرلىق ئىشلارنى، كىشى-
لىك مۇناسىۋەتتىكى ئەگرى - توقايلىقلارنى، ئۇلارنىڭ يۈز بېرى-
شىدىكى تۈپكى سەۋەب - نەتىجىلەرنى چۈشىنىشكە باشلىغاندا،
يەنە چۈشەنمىگەن نەرسىلەرنىڭ كۆپلىكىنى هېس قىلىدۇ، سو-

ئاللىرى كۆپىيىدۇ، ئوي - خىياللىرى ئاۋۇيدۇ. شۇنىڭ بىلەن تەبىئەت ئالىمىگە، كىشىلىك تۇرمۇش قايىنىمىغا بارغانسېرى چوڭقۇرلاپ كىرىدۇ.

— راست دەيسەن، — قەدىرىيەنىڭ چىرايى جىددىي تۈس ئالدى، لەۋلىرى پۈرۈشتى، — ئىككى يىللىق ئوقۇش بىزنىڭ ئەقىل كۆزىمىزنى ئاچتى، كۆپ نەرسىلەرنى چۈشەندۇردى. بىز چۈشەنمىگەن نەرسىلەر يەنە كۆپ ئىكەن. ئاشۇنداق ئورۇنغا، ۋەزىپىگە قاراپ قىلىنىۋاتقان مۇئامىلىلەر ئىچىمنى پۇشۇرىدۇ، بەزىدە غەزىپىمنى قوزغايدۇ. بىر بىلىملىك، پەزىلەتلىك ئادەمنى ماختاۋەرسە، خۇشامەت قىلىۋەرسە، خۇشامەت قېقىۋېتىلمەي قو-بۇل قىلىنىۋەرسە، ئۇ ئاستا - ئاستا ئىللەتلىك ئادەمگە، ھەتتا كېرەكسىز ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ... سەنمۇ بايقاۋات-قانسەن، گۇڭشې سېكرېتارىغا بەزىلەر ئۆزىنىڭمۇ ئادەملىكىنى ئۇنتۇپ نېمانچە خۇشامەت قىلىدۇ؟

— ئەمەلدارلىقىغا، ئورنىغا قاراپ شۇنداق قىلىدۇ - دە...

— جەمئىيەتتىكى ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆزىگە خاس، ئۆزىگە يارىشا ئورنى، ئىشى، ۋەزىپىسى بولىدۇ، — دەپ قەدىرىيە سۆزى-نى داۋاملاشتۇردى، — بىز بەزىلەرنى مۇھىم ئىشلارنى قىلىدۇ، بەزىلەرنى ئادەتتىكى ئىشلارنى قىلىدۇ، دەيمىز. ئادەتتىكى ئىش-نىمۇ بىر ئادەم قىلىدۇ، شۇ ئىشقا ئۇنىڭ تەرى ئاقىدۇ، ئەجرى سىڭىدۇ. مۇھىم ئىشلارنى قىلغان ئادەم ئۇ قىلغان ئىشنى قىلال-مايدۇ. شۇڭا ئادەملەرنىڭ ئورنى، ئىشى، ۋەزىپىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئادەملىك نۇقتىسىدىن ئوخشاش ھۆر-مەتلىنىشى كېرەك. بازاردىكى ساتىراشنىڭ ئىشىنى بىزنىڭ بى-لىملىك ھېسابلىنىدىغان مۇئەللىملىرىمىز قىلالمايدىغۇ، گەرچە ئۇ ئاددىي كىشى بولسىمۇ، بىر ياماقچىنىڭ ئالدىغا تۇپلىيىمىزنى كۆتۈرۈپ نەچچە بارىمىزغۇ، تېخى «چاپسانراق ياماپ بېرىڭ، ئۇستام» دەپ يالۋۇرۇپ كېتىمىز.

ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ بۇ ئوقۇغۇچىلىرى ئۆز ئەتراپىدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى، ھەر خىل مەقسەت ـ مۇددىئالار بىلەن تاشلىنىۋاتقان قەدەملەرنى بىلىشكە، چۈشىنىشكە تىرىشاتتى، بىلگەن، چۈشەنگەن نەرسىلىرىنى بىر ـ بىرىگە ئېيتىپ تۇرۇشات- تى. ئۇلارنىڭ مەكتەپتىن يېزىغا چىققۇچە، يېزىدىن مەكتەپكە كىرگۈچە بولغان تالاي قېتىملىق سەپەرلىرى ئوي ـ خىياللىرى- نى، چۈشەنچىلىرىنى بىر ـ بىرىگە سۆزلەش بىلەن ئۆتەتتى ھەم شۇنداق گەپلەر بىلەن مەنزىللىرىگە يېتىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قېلىشاتتى. ئادەمگە ئەقىل كىرىشكە باشلىغاندا، ئۇنىڭ ئويلىماي- دىغان ئويى بولمايدۇ، يۈز بەرگەن ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتىشكە تىرىشىدۇ، ئۆزىدە ھاسىل بولغان ئۇقۇملارنى مەيلى توغرا، مەي- لى خاتا بولسۇن، باشقا بىرىگە ئېيتىشقا ئالدىرايدۇ.

قەدىرىيە بىلەن سەبىھە نەزەر دائىرىسىنىڭ كېڭىيىۋاتقانلىد- قىنى ۋە بارغانسېرى باشقىچە ئادەم بولۇپ يېتىشىۋاتقانلىقىنى ئۆزلىرى ئانچە سېزىپ كەتمىسىمۇ، لېكىن ئۇلار ئىككى يىلنىڭ ئالدىدىكى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان يېزا قىزلىرى ئەمەس، ھازىرقى مەزگىلى — ئەتىگەن سائەت ئالتىدىن كەچ سائەت ئونغىچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرس نۇتۇقلىرى، ھەر خىل پائالىيەتلەر، ئىلمىي لېكسىيىلەر، لابوراتورىيىدىكى تەجرىبد- لەر، ئوقۇغان كىتابلىرى، كەچكى تەكرارلار، ئوقۇغۇچىلار ئارا تالاش ـ تارتىش، مۇلاھىزىلەر — ئۇلارنى ھايات سىرىنى ئەمدىلا بىلىۋاتقان، ھەقىقىي دۇنياغا ئەمدىلا كىرىپ كېلىۋاتقان ئادەم- لەردىن قىلىپ قويۇۋاتاتتى. ھەر خىل نەرسىلەرنى بىلىشكە ئىنت- تىلىش، باھا بېرىش ئۇلارنىڭ خاراكتېرىنى شەكىللەندۈرۈشكە ئەكەلمەكتە ئىدى.

— سەبىھە!

— ھە.

— بايا سەن: «بەزىلەر باياشات، بەزىلەر نامرات تۇرمۇش

كەچۈرىدۇ» دېدىڭ، ئېيتىپ باققىنە، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈ-ۋاتقانلار بىلەن باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ تۇرمۇشى قانداق ئۆتىدۇ؟

— ئۇنىڭ جاۋابى ئاددىي.

— قانداق؟

— نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقانلار قاقشاپ ئۆتىدۇ، باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلار يايراپ ئۆتىدۇ.

— تازا چوڭقۇر ئويلاپ باققىنە؟

— ئەمىسە سەن دەپ باققىنە، قانداق ئۆتىدۇ؟

— كۆرگەن - ئاڭلىغانلىرىم، ئوقۇغان كىتابلىرىمدىن پە-رىزىمنى ئېيتىپ بېرەي: مېنىڭچە، نامرات تۇرمۇش كەچۈرۈۋات-قانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمان، تەلەپلىرى ئاددىي بولىدۇ ھەم ئۇلار قانائەتچان كېلىدۇ، ھاياتى كۆپرەك خاتىرجەم، تىنچ ئۆتىدۇ؛ باياشات تۇرمۇش ئۆتكۈزۈۋاتقانلارنىڭ ئارزۇ - ئارمان، تەلەپلىرى دائىم يۇقىرى، غېمى كۆپ بولىدۇ، ھاياتى كۆپرەك خاتىرجەم-سىز ئۆتىدۇ.

سەبىھە دوستىغا بۇرۇلۇپ قارىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىدە ھەي-ران قېلىش، ئىشەنچ، قايىللىقتىن پەيدا بولغان شادلىق يېنىپ چاقناپ كەتكەندى.

— توغرا دېدىڭ، ئۇچىنچى يىللىقتىكى شەھەرلىك رەنانى بىلىسەنغۇ، مەن ئۇنىڭغا كۆپرەك ئارىلىشىمەن، قالتىس كىيى-نىپ يۈرىدۇ. يەنە «ئۇنى كىيسەم - بۇنى كىيسەم» دەيدۇ. كوچىدا بىرەر قىزنىڭ ئۇچىسىدا يېڭى پاسوندىكى كىيىمنى كۆ-رۈپ قالسا، ئوت - چوغقا چۈشىدۇ، ئۇچىسىغا سايمىغۇچە ئارام ئالمايدۇ. ئاتا - ئانىسى باي ئۆتكەن خەق ئىكەن، شۇنداق غېمى تولا. ماڭا ئۇنىڭ خاتىرجەم ئۆتكەن كۈنى يوقتەكلا بىلىنىدۇ. بىزدە نەدە ئۇنىڭدەك ھەۋەس، ئارزۇ - تەلەپلەر بولسۇن، بارىغا شۈكۈر قىلىپ، خاتىرجەم ئۆتۈۋاتىمىزغۇ.

خېلى جىملىقتىن كېيىن، كوچىدىن كىمدۇر بىرى «ئۆستەڭ ناخشىسى»نى ئېيتىپ ئۆتتى. ئىككى قىز ناخشا مۇڭىغا بېرىلىپ ئۇنى دىققەت بىلەن تىڭشىدى.

— مۇشۇ ناخشىنى ئاڭلىسام، — دېدى قەدىرىيە ئويچان كۆزلىرى بىلەن دوستىغا تىكىلىپ، — ئاقئۆستەڭنى چاپقان چاغدىكى دېھقانلارنىڭ تارتقان ئازاب - ئوقۇبەتلىرىدىن كۆرە، ئۇنى پىلانلاپ چاپتۇرغان چورۇق ھېكىم دېگەن كىشى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن تەخمىنەن بىر يۈز ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا ئۆتكەن، يېزىدىن چىققان بىر ئادەمنىڭ شۇنچە ئۇلۇغ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالىشى شۇ دەۋر ئادەملىرى ئىچىدە تۇرماق، بىزدىمۇ ئالقىش، ئىپتىخار پەيدا قىلىدۇ، قايىللىق، پەخىرلىنىش قوزغايدۇ.

بىر ئادەم تەسىرلىك بىر ۋەقەنى ئويلىسا ياكى شۇ ھەقتە يۈرىكىدىن چىقىرىپ ئىككى ئېغىز سۆز قىلسا، ئالدى بىلەن شۇ ئادەمنىڭ ئۆزى ھاياجانلىنىدۇ، قەدىرىيە ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىنى دەرەخلەر ئارىلىرىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئېتىزلارغا تىكتى. يۈرىكى تېز - تېز سوقۇپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى سىلكىندى، بىردىنلا قان يۈگۈرگەن يۈزىگە ئىپتىخارلىنىشتىن ھاسىل بولغان نازۇك ئۇچقۇنلار يېيىلدى، قىزارغان مەڭىزلىرىدە، چىرايلىق ئېگىكى ۋە سىلىق پېشانىسىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرى كۆرۈندى. ئۇ قىمىر قىلماي، يانغان كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي تۇراتتى. يەنە تۇرۇپلا مۇشۇ كۆركەم ياپيېشىلچىلىقتا قانائەت قىلمايۋاتقاندەك ئۇنىڭدىن ھالقىپ تېخىمۇ يىراقلارغا ئىنتىلەتتى. دوستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇش، پاراڭلىرىنى داۋاملاشتۇرۇش ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەندەك قىلاتتى. ئۇ شۇنداق ھاياجانلىق ھېسلارغا چۆمۈلۈپ، يەنە نېمىلەرنى ئويلىدى، كۆز ئالدىدىن قانداق ئىشلارنى ئۆتكۈزدى، بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، ئەمما تۇرقىدىن ھېسسىياتى قوزغىلىپ پەخىرلەنگەنلىكى، قانداقتۇر

بىر ئېسىل ئىستەكلەردە يېنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— ئۇ ئادەم ئۆز دەۋرىنىڭ سۇ ئىنژېنېرى ئىكەن ـ دە، — دېدى سەبىھە ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بېشىنى لىڭشىتىپ.

— ئەلۋەتتە، — قەدىرىيە ئورنىغا ئاستا كېلىپ ئولتۇردى، — كاتتا ئىنژېنېر، بۈگۈنكى دەۋرىمۇ كەم تېپىلىدىغان سۇ ئىنژېنېرى! قارىغىنا، سۇنى شۇنچە چوڭقۇرلۇقتىن ئېلىپ چىققىنىنى…، — قەدىرىيە كۆزلىرىنى يەنە بىر نۇقتىغا تىكىپ بىر مۇنۇتتەك ئويلىنىپ تۇردى ـ دە، ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى، — چورۇق ھېكىمنىڭ شۇ ئۇلۇغ ئىشلىرى تا بۈگۈنگىچە دەرسلىكلىرىمىزگە كىرگۈزۈلمىگىنى غەلىتە ئىش، بۇرۇنقىلار قىلمىغان ئىشنى كېيىنكىلەر قىلىشى كېرەك، دەرسلىكلىرىمىزگە چوقۇم كىرگۈزۈلۈشى كېرەك!

ئىسسىق ھاۋانى يېرىپ، ئۆسكىلەڭ ئوت ـ چۆپلەرنى يېنىك تەۋرىتىپ ئارامبەخش سالقىن شامال شىۋىرلاپ يېتىپ كەلدى. شامال قىزلارنىڭ پېشانىسىگە يېپىلغان چاچلىرىنى يەلپۈپ، ھاياجاندىن قىزارغان يۈزلىرىنى سۆيۈپ ئۆتتى. قارىياغاچنىڭ ئۇششاق، چىرايلىق يوپۇرماقلىرى شىۋىرلىشىپ پىچىرلاشقاندەك قىلدى.

بۇ گۈزەل ۋادىدا، كەڭ ـ كەڭرى يەرلەردە تەبىئەتنىڭ نازۇك ھەرىكەتلىرى ۋە ئۇنىڭ گۈزەللىكلىرىنى ئېنىق ھېس قىلغىلى بولىدۇ. يېقىنلا يەردىن بۆدۈنىنىڭ يېقىملىق ئاۋازى ئاڭلاندى. ئىككى قىز بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

## 2

ئىككى قىز بىرنەچچە سائەتلىك ۋاقىتنى بۇ خىلۋەت، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن نېرى جايدا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇلار ئۇچۇن ۋاقىت ئىنتايىن قىممەتلىك. يەنە بىر ـ ئىككى سائەتتىن كېيىن

شەھەرگە — بۇ يېقىملىق، ئارامبەخش، تىنچ جايدىن قالايمىقان،
ۋاڭ - چۇڭلۇق، ئىس - تۈتەكلىك جايغا كىرىپ كېتىدۇ. ئەمما
شۇنچە قىممەتلىك ۋاقتى مۇشۇ يەردە ئۆتۈپ كەتتى. ئۇلارنىڭ
باشقا ئىشى، كىرىپ كېتىشكە تەييارلىقى يوقمۇ؟ ھەر ئىككىسىـ
نىڭ ئاپىلىرى ھازىر مۇشۇلار ئۈچۈن ئالدىراپ تاماق ئېتىۋاتىـ
دۇ، ئۇلارمۇ بۇنى بىلىدۇ. بىراق تاماقنى قارىشىپ بېرىش خىياـ
لىغىمۇ كەلگىنى يوق ياكى بىرلىرىنى كۈتۈۋاتامدۇ؟... بىز بۇنى
بىلمەيمىز. شۇنداق تۇرۇقلۇقمۇ باغدىن چىقىپ كەتكۈسى كەلـ
مەيۋاتقانلىقى راست. كىشىدە ئۆزىگە نېمىشقا شۇنداقلىقى ئېنىق
مەلۇم بولمىغان، ئەمما كۆڭلى تارتىپ تۇرىدىغان ئىشلار بولىدۇـ
غۇ، ئۇلار ھازىر مۇشۇنداق ھېس - تۇيغۇدا.

چۈش بولاي دەپ قالغانىدى. ئىككىسى بىدىلىك باغدىن
چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ تۇرغىنىدا، ئالدىغا «توك - توك»
قىلىپ كەينى - كەينىدىن ئىككى قېتىم چالما چۈشتى. «بۇ نېمە
ئىش، كىمنىڭ ئاتقان چالمىسىدۇ؟...» سەبىھە جىددىيلىشىپ
ئۇياق - بۇياققا قاراپ:

— ۋىيەي... كىمدۇ، قەدىرىيە، ئۇششاق باللارمىدۇ ياكى
بىرەرى ئاتايىن ئېتىۋاتامدىغاندۇ؟

— نېمانچە تېپىرلايسەن؟ ... كىم بولاتتى، — قەدىرىيە
ھېچقانداق جىددىيلەشمەي، ئادەتتىكىدەك جاۋاب بەردى، —
زامانىدىنلاردۇ؟

— ئۇلار بولسا، نېمىشقا چالما ئاتىدۇ؟

— چېقىشىپچۇ.

راستىنلا ئاۋۋال ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىغان كۈلكە ئاڭلاندى،
كەينىدىن كوچا تەرەپتىكى پاكار تامدىن زامانىدىن بىلەن نۇرزاتـ
نىڭ بېشى كۆرۈندى. كۈلۈۋەتكەنىكەن، ئۆزىنى يوشۇرۇشنىڭ
ئورنى قالمىدى - دە.

— كىبىلىڭلار، چالماڭلارنى تاشلىغۇچە ئۆزۈڭلارنىلا تاشلىـ

ساڭلار بولمامدۇ، — دېدى سەبىھە باشتا قاپىقىنى تۈرۈپ، كېيىن ئېچىلىپ ـ كۈلۈپ، — بىر ئوبدان سايراۋاتقان بۆدۈنلەرنىمۇ قاچۇرۇۋەتتىڭلار.

— ئەنسىرىمەڭ، بىز بۆدۈنىدىنمۇ ياخشىراق سايراپ بېرىمىز.

— چالما — ئەلچىمىز، باغقا چۈشسەك بولامدۇ ـ بولمامدۇ، شۇنىڭ جاۋابىغا قارىماقچىدۇق، بىراق كۈلكىمىز بىزنى ئاشكارىلاپ قويدى ـ دە.

قەدىرىيە تېخىچە تامنىڭ ئۇ يېقىدا تۇرغان ئىككىسىگە قارىمايلا مۇنداق دېدى:

— ئۆزۈڭلارنى يوشۇرغىنىڭلار بىكار. كۈلكەڭلارنى ئاڭلىماي تۇرۇپلا بىز سىلەرنى قىياس قىلىپ بولغان.

— شۇڭا قاچقىلى ئاز قاپسىلەر ئىكەن ـ دە، — دېدى زاماندىن.

ئۇلارمۇ، بۇلارمۇ كۈلۈپ كەتتى. ئىككىسى — زاماندىن بىلەن نۇرزات شورىدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئەمدى بۆدۈنلەرنىڭ ئەمەس، يېقىنلا يەردىن بۇلبۇللارنىڭ چاڭىلداپ سايرىشى ئاڭلاندى.

— كەلمىدىڭلارغۇ؟ — دېدى سەبىھە، — ئاخشام بىز سىلەرنى ھويلىنىڭ ئالدىدا خېلى ۋاقىتلارغىچە ساقلاپ ئولتۇردۇق.

— «شەھەرلىك قىزلار بىزنى قارشى ئالامدۇ، ئالمامدۇ؟» دەپ ...

— ئەمدى شەھەرلىك بولۇپ قاپتىمىز ـ دە، بىزنى كۆڭلۈڭلاردىن چىقىرىۋېتىپسىلەر ـ دە... ئاڭلاڭلارا، بىز تۇرماق باياتىن بېرى سايرىمىغان بۇلبۇللارمۇ سىلەرنى قارشى ئېلىپ سايراۋاتىدۇ.

— بۇلبۇللار بىزدەك خۇشخۇي ئادەملەرنى كۆرسە، سايرىماي تۇرالمايدۇ.

— سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، زاماندىن، — دېدى قەدىرىيە ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — بۇلبۇلنىڭ ئاۋازى ئارمانغا يېتەلمىگەنلىكىنىڭ، ئەلەملىك زارلىنىشىنىڭ ساداسى، ئەگەر ئۇ ئارمانغا يەتكەن بولسا، ئۇنچىلىك قاقشاپ سايرىماس ئىدى بەلكى.

زاماندىن سەل توختىۋېلىپ مۇنداق دېدى:

— گەپچى بولۇپ كېتىپسىزغۇ، قەدىرىيە، سىزگە گەپ تېپىپ بېرىش يىڭنە بىلەن قۇدۇق كولاشتىنمۇ تەستەك قىلىدۇ. سىلەرگە گەپتىنمۇ دەرس ئۆتەمدۇ نېمە؟

— ھەئە، مەنتىقىدىن دەرس ئۆتىدۇ، — قاشلىرىنى ئۇچۇ-رۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ گەپ قىستۇردى سەبىھە.

— مەنتىقە؟

— ھەئە، مەنتىقە.

— نېمە ئۇ مەنتىقە دېگەن؟ ئادەم ئاڭلاپمۇ باقمىغان ئاجايىپ گەپلەرنى قىلىسىزغۇ؟

— ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، مەنىلىك سۆزلەشنىڭ ياكى پىكىر قىلىشنىڭ ئۇسۇلىنى ئۆگىتىدىغان پەن.

— مۇنداق دەڭا، ئويلاپ گەپ قىلمىساق ئاغزىمىز قىڭغىر چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى.

— ۋايىەي، ئەسلىي گەپچى سىزغۇ، — دېدى قەدىرىيە كۈلكىدىن توختاپ، — ئوقۇۋاتقان چاغلىرىمىزدا ھەممىمىز سىزنى «زاماندىن گەپچى»، «زاماندىن قىزىق» دەيتتۇققۇ؟

— ئۇ ئىشلاردىن قالغىلى نىكەم، ھازىر خەقلەر بىزنى «زاماندىن پادىچى» دەيدىغان بولدى.

ئۇلارنىڭ ئۇچرىشىشلىرى دائىملا قىزىق گەپلەر، چاقچاق-لار، كۈلكىلەر بىلەن كۆڭۈللۈك ئۆتەتتى. ئىككى قىزنىڭ يېزىغا چىقىشقا ئالدىرىشى، ئىككى ئوغۇلنىڭ ئۇلارنى تاقەتسىزلىنىپ

كۈتۈشى، كۆڭۈللۈك ئۆتكەن چاغلارنى سېغىنىش ۋە يەنە شۇنداق چاغلارنى ئارزۇلاشتىن تۇغۇلاتتى. مۇشۇنداق ئەركىن - ئازادە ئۆتكەن چاغلاردىن ئوچۇق - يورۇقلۇق، تۈز كۆڭۈللۈك بىلەن بىر - بىردىن قورۇنماي ئېيتىلغان گەپ - سۆزلەردىن زاماندىن بىلەن نۇرزات قەدىرىيەنىڭ بارغانسېرى مەنىلىك گەپلەرنى قىلىدىغان تەسىرلىك قىزغا ئايلىنىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. ئۇلار نېمىشقا بىر - بىردىن قورۇنماي يۇقىرىقىدەك خىيالىغا كەلگەن گەپلەرنى بەخۇدۇك ئېيتالايدۇ؟ ئۇلار — ساۋاقداش، مەھەللىداش، مۇشۇ مەھەللىدە بىللە چوڭ بولغان، بىرىنچى يىللىقتىن تارتىپ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگۈچە بىر سىنىپتا ئوقۇغان. سىنىپتىكى باشقا باللارغا قارىغاندا يېقىن ئۆتۈشكەن. كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى، ئوي - خىياللىرىنى بىر - بىردىن ئاياپ قالمىغان دوستلاردىن ئىدى. دوستلۇق - يېقىنلىشىشتىن تارتىپ، كۆڭۈل سىرلىرىنى ئېيتىشتىن ئىبارەت بىر جەرياننى بېسىپ ئۆتكەندىن كېيىن شەكىللىنىدۇ. ئۇلار مۇشۇ جەرياننى بېسىپ ئۆتكەن. ھازىر تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ بېرىۋاتىدۇ. ئىككى قىز دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇۋاتقاندىن بېرى يېڭى دوستلارنى تاپقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى مۇنۇ ئىككى دوستىغا تەڭلەشتۈرەلمەيدۇ. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ھەر شەنبە كۈنى شەھەردىن چىقسا، زاماندىن بىلەن نۇرزات دەرھال پەيدا بولىدۇ - دە، كۆڭۈللۈك مەزگىل باشلىنىدۇ، ساپ سەمىمىي سۆزلەر كۆڭۈلدىن - كۆڭۈلگە ئۆتىدۇ. تۈنۈگۈن ئىككىسى نۇرزاتنىڭ دادىسىنىڭ بۇيرۇتمىسى بىلەن بېلىق تۇتقىلى دەريا بويىغا چۈشۈپ كېتىپ، بەك كەچ قالغانلىقى ئۈچۈن، قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنى ئىزدەپ كېلەلمىگەنىدى.

ئىككى يىلغا يېقىن ۋاقىتتىن بېرى، ئۇلارنىڭ مەھەللىگە چىقماي قالغان شەنبىسى يوق دېيەرلىك. ئىككىسى ئىنتايىن زۆرۈر بولغان سەۋەبلەر بىلەن مەھەللىگە چىقماي قالسا، زاماند-

دىن بىلەن نۇرزات ئۆزلىرىدە بىر خىل مەيۇسلۇك، زېرىكىش-
لىك، بۇرۇقتۇرمىلىق ھېس قىلاتتى. شەھەردە قالغان ئىككى
قىزدىمۇ مۇشۇنداق ھېسسىيات قوزغىلاتتى. ساۋاقداشلىق، ياش-
لىق دەۋرىدىكى يېقىنلىق - دوستلۇق كىشىدە شۇنداق ئۇزۇلمەس
رىشتە، سوۋۇماس مېھىر پەيدا قىلىدۇكى، ئۇ باشقا ھەرقانداق
مەزگىلدىكى يېقىنلىق - دوستلۇقتىن ئەلا بولىدۇ.
ئەمما زاماندىن بىلەن نۇرزاتتا تېخى بىر - بىرىگە دېگۇدەك
بولمىغان، ئارىلاپ قوزغىلىپ قالىدىغان قانداقتۇر يېقىملىق سې-
زىم پەيدا بولۇپ قالدى. بۇ قانداق سېزىم؟ بۇ قەدىرىيە بىلەن
سەبىھەنى ئىزدەشتىن سەل - پەل ئەيمىنىدىغان، قورۇنىدىغان
سېزىم. بۇرۇنلاردا ئىككىسى قەدىرىيە بىلەن سەبىھە شەھەردىن
بالدۇر چىقسىمۇ، كەچ چىقسىمۇ بەخۇدۇك ئىزدەپ بارالايتتى.
ئاخشام ئىككىسى بىللىق تۇتقىلى كېتىپ، كېچىدە يانغانلىقى
ئۇچۇن، ئۇلارنى ئىزدەپ بېرىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. بۇ، ئىك-
كىسىدە ئېغىزىدا دېمىگىنى بىلەن يېڭىدىن پەيدا بولغان بايىقى
سېزىمنىڭ نەتىجىسى. كۆڭۈلدە پەيدا بولغان ئويغا بويسۇنمايدى-
غان كىم بار!
— دەريا بويى بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى
زاماندىن ئۆز سۆزىدىن ئۆزى ھاياجانلىنىپ، — سۇ سۇزۇلۇپ
تىنىقلاشقان دولقۇنلىرى شارقىراپ قىرغاققا ئۇرۇلۇۋاتقان، تو-
قايلىقلار بۇككىدە بولۇپ كەتكەن، ھەر خىل قۇشلار زىلۋا شاخ-
لاردا ئولتۇرۇپ بەزمە قىلىشىۋاتقان...
— بەئەينى جەننەتتەك دەڭا، — سەبىھە زاماندىننىڭ تەس-
ۋىرلىرىدىن زوقلىنىپ كۈلۈپ، ئۇنىڭ شېئىرىي سۆزلىرىنى
ئۈزۈپ قويدى.
— شۇنداق، ئۇ يەر ھەممە ئادەم كىرەلەيدىغان جەننەت، —
دېدى نۇرزات، — بۇگۈن چۈشۈپ بېلىق تۇتۇپ كېلەيلى، سىلەر
ئەتە كىرىپ كەتسەڭلارمۇ بولار؟

— بولمايدۇ! — قەدىرىيە دەرھال جاۋاب بەردى، ئۇنىڭ ئاۋازى قەتئىي ئىدى، — دەرستىن قالىمىز.

— بىرەر كۈنلۈك دەرس دېگەن...

— بىرەر كۈنلۈك دەرس دەيسىزغۇ، بىر سائەتلىك دەرسكىمۇ كېچىكىشكە بولمايدۇ!

— شەھەرگە چۈشۈپ ئوقۇيمىز، دەپ باغلاقتا ئۆگىنىپ قالغان ئاتقا ئوخشاپ قالدۇق، دەڭا؟

— دېگىنىڭىز ناھايىتى توغرا، ئىلىم-پەننىڭ ئارغامچىسىغا باغلىنىپ قالغان ئات بىز. ئۇ قاياققا سۆرىسە، ئىككىلەنمەي شۇ ياققا ماڭىمىز. سىزچۇ، زاماندىن؟

— دەريا بويىمۇ دەريا بويى، توقايمۇ توقاي قېيغىتىپ يۈرگەن يوگەنسىز ئات.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. كۈلكىدىن كېيىن قەدىرىيەنىڭ ئويچان كۆزلىرى، بىلىنەر-بىلىنمەس سەپكۈنى بار سۇزۇك ئاق سېرىق يۈزى، قارلىغاچ قانىتىدەك قېشى، قايرىلما كىرپىكلىرى بىر ئاز جىددىي تۈسكە كىردى. سەبىھە دوستىنىڭ چىرايى مۇشۇنداق تۈسكە كىرگەندە، ئۇنىڭ ئېغىزىدىن يا غەزەپلىك، يا تەسىرلىك گەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئۇ دوستىغا تىكىلىپ قارىدى. راست دېگەندەك قەدىرىيە مۇنداق دېدى:

— قاچانغىچە شەھەرلىكلەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ يۈرىمىز؟ ئۇلار ئۆگەنگەننى بىزمۇ ئۆگىنەلەيمىز، ئۇلار باسقان قەدەمنى بىزمۇ باسالايمىز. ھازىر يېزا ياشلىرىدىن ئوقۇۋاتقانلار ناھايىتى ئاز، ئوقۇشقا توسالغۇلارمۇ نۇرغۇن. ئەمما ئىرادىلىك ئادەملەر ھەرقانداق توسالغۇنى يېڭىپ كېتەلەيدۇ. يېزا ياشلىرىمۇ شەھەرگە چۈشۈپ ئوقۇشى، بىلىم ئىگىلىشى كېرەك.

قەدىرىيەنىڭ سۆزى زاماندىن بىلەن نۇرزاتقا قاتتىق تەسىر قىلدى. ھەممىدىن بۇرۇن ئۇلار ئۆزلىرىنى ئويلىدى. ئەسلىدە زاماندىن بىلەن نۇرزات تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن-

دە، شەھەرگە چۈشۈپ ئوقۇماقچى بولۇشقان. شۇ چاغدا دارىلمۇ-
ئەللىمىن، تېببىي مەكتەپ، يېزا ئىگىلىك، چارۋىچىلىق تېخنى-
كوملىرى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنى
قوبۇل قىلىش ھەققىدە ئۇقتۇرۇشلارنى چىقارغانىدى. لېكىن
زاماندىنىڭ ئاكىسى ئۇنىڭ ئوقۇشىغا قوشۇلماي تۇرۇۋالدى.
«مەن يالغۇز، — دېگەنىدى ئۇ، — تۈزۈك كۆڭۈل ئۆتكۈزەل-
مەي قىينىلىپ قالدۇق، ماڭا ياردەملەشمىسەڭ بولمىدى، ئۇ-
كام». «ئوقۇۋالسام ياخشى بولاتتى، ئاكا، — دېگەن زاماندى-
مۇ، — بىز تۇرماق، قىزلارمۇ ئوقۇيمەن، دەپ شەھەرگە كىرىپ
كېتىۋاتىدۇ». «خەقلەر: ‹تاغدەك ئىنىسى تۇرۇپ قەرز بولۇش-
تىن خىجىلمۇ بولمايدۇ› دەيدىكەن»، «سەن ماڭا كۆڭۈل بۆلمى-
سەڭ، كىم كۆڭۈل بۆلىدۇ»، «سەن تېخى كىچىك، ئۆزىمىزنى
ئازراق ئوڭشىۋالساق، ئاندىن ئوقۇساڭمۇ بولىدىغۇ؟»
شۇنىڭ بىلەن زاماندىن ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىگە كۆنۈپ،
بىرەر كەسپىي مەكتەپكە كىرىشتىن قالغان.
نۇرزاتنىڭمۇ داۋاملىق ئوقۇشىغا دادىسى يول قويمىغان:
«قوي بالام، يەنە ئوقۇيمەن، دەپ ئاۋارە بولما، دېھقاننىڭ بالىسى
ئوقۇپ قانچىلىك ئىش قىلالايتتى، قايسى دېھقان ئوقۇپ ئەرشىئە-
لاغا چىقىپتىكەن، تىنچ قولاق تىنچ يەر بىلەن ھەپىلەشكىنىڭ،
ئاتا - بوۋىلىرىمىز ماڭغان يولدا ماڭغىنىڭ ياخشى»، «بۇ نېمە
دېگىنىڭ دادا، دېھقانلاردىنمۇ ئوقۇمۇشلۇق ئادەملەر چىقسا ياخشى
ئەمەسمۇ؟» نۇرزاتنىڭ سوئالىغا دادىسى جاۋاب بېرىپ شۇنداق
دېگەن: «جىق ئوقۇغانلارنى كۆرمىدىڭمۇ؟ ‹ئات ئايلىنىپ ئوقۇ-
رىنى تاپىدۇ› دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغان. ئەنە، تالىپ بىلەن
ئارۇپنى ئويلىغىنە، ئۇلار شىڭ شىسەي زامانىدا ئۈرۈمچىگە بې-
رىپ نۇرغۇن ئوقۇغان، كاتتا خىزمەتلەردە بولغان. ئاخىر
تۆت - بەش يىلنىڭ ئالدىدا بىرى ‹مىللەتچى›، يەنە بىرى
‹ئوڭچى› ئاتىلىپ خىزمىتىدىن قوغلىنىپ كەلدى. كۆرۈۋاتى-

سەن، هازىر ئىت ـ ئېشەكنىڭ ئورنىدا ئىشلىشىۋاتىدۇ. بىرەرى خاماندىن بۇغداي ئوغرىلاپ ياكى بىرەرى يا ئۇنداق، يا مۇنداق سىياسىي گەپلەرنى قىلىپ قويۇپ تەنقىد قىلىنسا، كۇرەشكە تارتىلسا، پەخە شاڭيۇلار بىلەن ئىككىسىنى قاتار تۇرغۇزۇپ قويىدۇ، ‹بېشىڭنى ئەگ!›، دەپ ۋارقىراپ نوقۇشلايدۇ، كۆزىنى ئالايتىپ قويسا ئۆلگۈدەك دۇمبالايدۇ. شۇمۇ ئىشمۇ؟… مانا جىق ئوقۇغاننىڭ كاساپىتى. قارا خەتنى تونۇۋالدىڭمۇ بولدى». نۇر-زاتنىڭ ئوقۇش ئۈمىدىنى دادىسى ئەنە شۇ سۆزلىرى بىلەن ئۈزۈپ قويغان.

شۇنداق قىلىپ، بىرى ئاكىسىنىڭ، بىرى دادىسىنىڭ گې-پىنى ئاڭلاپ، قارشى چىقالماي، داۋاملىق ئوقۇشقا بولغان تەلپۇ-نۇشىنى بېسىشقا، ئۈمىدىدىن يېنىشقا مەجبۇر بولغان، بولمىسا ئىككىسى ياخشى ئوقۇغانىدى. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە دارىلمۇئەل-لىمىنگە قوبۇل قىلىنىپ ئوقۇشقا كىرىپ كەتكەنىدى. بۇلار ئەمەس، مۇشۇ يېزىدىنلا ھەر خىل كەسپىي مەكتەپلەرگە قوبۇل قىلىنغانلار شۇ يىلى بەش ـ ئالتىگە يېتەتتى. زاماندىن بىلەن نۇرزات شۇ چاغدا بىرەر كەسپىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇيالمىغىنى-غا بىرنەچچە ئايغىچە مەيۈسلىنىپ ئازابلىنىپ يۈردى. كۆڭلەر ئۆتۈۋەردى، ئاستا ـ ئاستا ئۇ ئىشلارمۇ ئۇنتۇلۇپ، مەيۈسلۈكلەر بېسىلىپ كەتتى. ئاتا ـ بوۋىسىدىن تارتىپ مىراس بولۇپ كېلى-ۋاتقان دېھقانچىلىق ئاخىر ئۇلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلىۋالدى. ئىككى يىلدىن بېرى، ئۇلار يېزىدىكى ياراملىق، ئاڭلىق دېھقانلا-ردىن بولۇپ قالدى، بىراق قەدىرىيەنىڭ ھېلىقى ئېيتقان سۆزلى-ري ئىككىسىنىڭ ئۇنتۇلۇپ كەتكەن ئۆكۈنۈش، پۇشايمان، ئازاب-لىرىنى قايتا قوزغاپ، ئۇلارنى شۈككىدە قىلىپ قويدى. ئۆتۈپ كەتكەن مەزگىللەرنى ياندۇرۇپ كەلگىلى بولمايدۇ ـ دە. ئەگەر ياندۇرۇپ كەلگىلى بولسا، شۇ تۇرقىدا ئىككىسى ھەرقانداق تو-سالغۇ، نەسىھەتلەرنى يېڭىپ ئوقۇشقا كىرىپ كەتكەن بولاتتى.

بىراق پەيت ئۆتۈپ كەتتى. ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارغا پۇشايمان
قىلىش، ئۆكۈنۈش — بۇمۇ بىر ئازابلىق تۇيغۇ. ئادەم ئۆزىنى
بىلمىگەندە، ئۆزىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى چوڭقۇر ھېس قىلمى-
غاندا ياكى ئارزۇلىرىنى تۇنجۇقتۇرۇۋالغاندا، ئەنە شۇنداق ئازاب-
لىق تۇيغۇدا تولغىنىدۇ. ئادەمنىڭ ئۆزىنى بىلىشى، چۈشىنىشى
قىيىن، ئادەم ئۆزىنى كۆپ ھاللاردا ھالقىلىق پەيت ئۆتۈپ كەت-
كەندە بىلىدۇ - دە، قاتتىق پۇشايماندا قالىدۇ. ئىككىسى ئىككى
قىز ئالدىدا تۇرمۇشنى بىلىش، جەمئىيەتنى تونۇش، ئادەملەرنى
چۈشىنىشتە، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلاردىن خېلىلا تۆۋەن ئورۇندا قالغان-
لىقىنى ھېس قىلىشتى: يېزا ئادەملىرى مۇشۇنداق قىلىپ ناداد-
لىشىپ كېتىدىكەن - دە....

ئارىنى ئېغىر جىملىق بېسىپ كەتكەنىدى، قەدىرىيەنىڭ
ئويچان كۆزلىرى نەگىدۇر بىر يەرگە تىكىلىپ قالغانىدى، سەبى-
ھە ھېلى زاماندىن بىلەن نۇرزاتقا قارىسا، ھېلىقى قەدىرىيەنىڭ
جىددىي تۇس ئالغان قىياپىتىگە قارايتتى. زاماندىن ئۇزۇن
بارماقلىرىنىڭ ئىككى يېنىدىكى ئوت - چۆپلەرنى يۇلۇۋاتقانلىقى-
نى تۇيمايتتى. نۇرزات بېشىنى ساڭگىلىتىپ نېمىلەرنىدۇر ئويلا-
ۋاتاتتى. ئاخىر بۇ ئېغىر جىملىقنى سەبىھەنىڭ چاڭىلداق ئۈنى
بۇزدى:

— نېمانداق جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىمىز، قەدىرىيە، بىز-
نىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىمىز بولغاندۇ؟

— بولدى، پېشىن بولدىغۇ دەيمەن.

ھەممىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ كېتىشتى. كۈنمۇ ئىس-
سىپ، قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرىمۇ پەسلەپ قالغانىدى. بايىقى ئارام-
بەخش شامالLار نەلەرگە كەتتىكىن، ئۈنىڭدىن ئەسەرمۇ يوق.

— قاچان ماڭىسىلەر؟ — دېدى زاماندىن مەيۈس ئۈچقۇنلار
پىلدىرلىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇلارغا قاراپ.

— تېخى چۈشلۈك تامىقىمىزنىمۇ يېمىدۇق، تاماقتىن كې-

يىنلا ماڭمىساق، كەچ قالىمىز.

— نېمىدە ماڭىسىلەر؟

— ئۇن بىرىنچى نومۇرلۇق ماشىنا بىلەن، — سەبىھە شوخ-لداق دېدى - دە، قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنگەن زامانىدىن:

— ئۇنداق بولسا، سىلەر تامىقىڭلارنى يەپ تۇرۇڭلار، نۇر-زات ئىككىمىز هارۋا تېپىپ كېلەيلى، ئېشەك هارۋىدا ئەكىرىپ قويساق مەيلى دەمسىلەر؟ — دېدى.

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى قەدىرىيە ئىللىق تەبەسسۇم يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — بىز ئېشەك هارۋىغا چۈشمىگەن قىزلارمىدۇق، ئەكىرىپ قويساڭلار جان دەي-مىز دەڭا، قانداق دېدىم، سەبىھە؟

— توغرا دېدىڭ، سىلەر ئېشەك هارۋا ئەكەلسەڭلار، بىز پىكاپقا چۈشكەندەك خۇش بولىمىز.

يەنە هەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

ئىككىسى هارۋا ئەكېلىشكە كەتتى، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۆيلىرىدە ساقلاپ تۇرىدىغان بولدى.

### 3

سومكىلىرىنى سىيادان سېپىلىگەن مەززىلىك تۇقاچ، تاتلىق - تۈرۈملەر بىلەن تولدۇرغان ئىككى قىز زامانىدىن بىلەن نۇرزاتنىڭ يولىغا قاراپ تۇراتتى. ئۇلار هارۋا ئەكېلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ هارۋىسى كۆرۈنمەيتتى.

كۈن تىكلىنىپ تۇرغان هالىتىدىن ئۆتۈپ، سەل قايرىلغان بولسىمۇ يەر - زېمىننى ئوتتەك كۆيدۈرەتتى. خۇددى تومۇزدەك بۇ ئىسسىقتا هەممە جانلىقلار مۇگدەپ قالدىمۇ، كوچا تىمتاس، جىمجىت ئىدى. بايا بېدىلىك باغنى ئارىلىغان سالقىن شاماللار

نەگە كەتتىكىن، يوپۇرماقلارمۇ قىمىر قىلماي سالپىيىپ تۇراتـ.
تى. توخۇلارمۇ دانلاشتىن كېچىپ، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان يەرلەر.
گە، كوكاتلارنىڭ ئارىلىرىغا يوشۇرۇنغاندى. كوچىنىڭ ئۇ تەرد.
پىدىكى ئات ئېغىلىدىن، ئارىلاپ قايسىدۇر يېقىنلا بىر هويلىدىن
ئاتلارنىڭ پۇشقۇرغىنى ئاڭلىنىپ قالاتتى. بەلكى ئۇمۇ بىزەڭ
چۈنلەردىن، تىنچىق ئىسسىقتىن بىزار بولۇۋاتسا كېرەك.
تېخىچە زاماندىنلار ئەكېلىدىغان هارۋىنىڭ قارىسى كۆرۈند.
مەيدۇ، ئۆزىمۇ، سۆزىمۇ يوق. نېمە ئىش بۇ، ئۇلارغا نېمە
بولغاندۇ، بىرەر پېشكەللىككە ئۇچراپ قالدىمۇ ـ يە؟ ...
قىزلارنىڭ تەقەززالىقى دەممۇ دەم ئېشىپ، بىر ئورۇندا تۇرالماي
قالغاندى. يەنە بىر تەرەپتىن ئاپىلىرىنىڭ جىملەپ كېتىشىدىن
ئەنسىرەپمۇ تۇراتتى.
هويلىدىن قەدىرىيەنىڭ ئاپىسى لەھەلبۇۋى بىلەن سەبىھەنىڭ
ئاپىسى گۈلزارىخان چىقىپ كەلدى.
— تېخىچە يوقما؟... قانداق نېمىلەر ئۇ شۇنچە ساقلىتىپ،
يولدىن قويۇپ...، — لەھەلبۇۋىنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلگەند.
دى، — نېمانچە قارايسىلەر؟ بولدى، كىرىپ كېتىڭلار.
— ئازراق ساقلايلى، ئاپا، زاماندىنلارنىڭ ئېشىكى بولغان
بىلەن هارۋىسى يوق، هارۋىنىڭ تېپىلىشىغا كۆزى يەتمىگەن
بولسا، بۇ چاغقىچە كېلىپ دەپ قويغان بولاتتى.
گۈلزارىخانىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى، شۇڭا ئۇلارنى يولغا چىد.
قىشىقا دالالەت قىلدى:
— يوق ئادەمنى ساقلاپ نېمە كېلىپتۇ، بولدى، مېڭىڭلار.
لار، يولدا هارۋىلارمۇ ئۇچراپ قالار، سىلەر ماڭمىغان يوللارمىد.
دى بۇ، قىزىق باللار ئىكەنا، يوق نېمىسگە پو ئېتىپ...
— چۈشتىن كېيىن بۇ ياققا چىقىدىغان هارۋىلار بولغان
بىلەن، ئۇ ياققا كىرىدىغان هارۋىلار بولمايدۇ، ئاپا، — دېدى
سەبىھە، — ئۇنىڭ ئۇستىگە هاۋامۇ بەك ئىسسىپ كەتتى.

— ھەي بۇ ئىسسىقنىڭ دەردى بار، تايىنلىق.

كۈتۈش قىزلارنىمۇ جىلە قىلىشقا باشلىدى، ئۇلار ھېلىدىن - ھېلىغا كوچىنىڭ بېشىغا قاراپ، تاقەتسىزلىنىپ، بۇرۇقتۇرما بولۇۋاتاتتى، زاماندىنلار ھارۋا ئەكېلىمىز دېمىگەن بولسا، ئىككىسى ئاللىقاچان يولغا چىقىپ كېتەتتى. چۈنكى بۇ، ئۇلار ماڭمىغان يول ئەمەس. يازنىڭ ئىسسىق تومۇزلىرىدىمۇ، قىشنىڭ جاندىن ئۆتىدىغان سوغۇقلىرىدىمۇ ماڭغان. يولغا چىققاندىن كېيىن، تۈيۇقسىز ھاۋا بۇزۇلۇپ، شىۋىرغانلاردىمۇ قالغان، يېزىدا ئۆسكەن، بالىلىقىدىن تارتىپ، يېزىنىڭ توپىلىق يوللىرىنى، دەريا ياقىلىرى - توقايلىقلارنى، يار بويلىرى - چاتقاللىقلارنى، پايانسىز ئېتىزلار، شىۋاقلىق دۆڭلۈكلەرنى تالاي - تالاي رەت يالاڭ ئاياغ كەزگەن قىزلار ئۈچۈن بۇ يوللار ھېچقانچە يول ئەمەس، ئىككى يىلدىن بېرىمۇ قىلچىلىك ئېغىر بىلىنگىنى يوق. لېكىن ۋەدە قىلغانىكەن، كۈتۈش كېرەك. ئەگەر ھارۋا تېپىلمىغان بولسا، ئۇلار چوقۇم خەۋەرلەندۈرۈپ قوياتتى. كېچىكىشنىڭ سەۋەبىنى ئۇقماي تۇرۇپ، ئۇلارنى ئەيىبلەشمۇ ئورۇنسىز. ئەمدى قانچىلىك كېچىكسىمۇ كۈتمەي بولمايدۇ.

شۇ تۇرقىدا ئىككى ئانىنىڭ ئوي - خىيالى بىلەن ئىككى قىزنىڭ ئوي - خىيالى بىر - بىرىگە تۈپتىن ئوخشىمايتتى. بىر - بىرىگە ئېغىز ئاچمىغان بولسىمۇ، لەھەلبۇۋى بىلەن گۈلزارىخان «ھارۋا كەلمىسىكەن» دەپ ئويلاۋاتاتتى؛ قەدىرىيە بىلەن سەبىھە «تېزرەك كەلسىكەن» دەپ تاقەتسىزلىنىۋاتاتتى. ھارۋا كەلسە، قىزلىرى يول ئازابى تارتماي كىرىپ كەتسە ياخشى ئەمەسمۇ، ئىككى ئانا نېمىشقا شۇنداق ئويلايدىغاندۇ، ئۇلارنىڭ ئويلىرىغا قانداق سىر يوشۇرۇنغاندۇ؟ بۇنى ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىلا بىلىدۇ. ئۇلاردا مۇشۇ يېقىندىن بېرى باشقىچە ئوي - خىياللار تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن.

— ئەنە كېلىۋاتىدۇ!

سەبىھە خۇشاللىقىنى باسالماي ۋارقىرىۋەتتى ۋە چاۋاك چېلىپ كەتتى. شۇ جاراڭلىق سادا بىلەن ئىككى قىزنىڭ چىرايى ئېچىلدى. ئىككى ئانىنىڭ تۇتۇلدى.

— ئالىمكاملار شەھەرگە چۈشۈپ كېتىپتىكەن، چىققۇچە ساقلاپ قالدۇق، — دېدى زاماندىن يېتىپ كېلىپ خىجىل بولغان ھالدا ھارۋىدىن چۈشۈۋېتىپ.

— ئىككىڭلار كىرەمسىلەر؟ — دەپ سورىدى لەھەلبۇۋى سوغۇق نەزەر بىلەن ئىككىسىگە قاراپ.

ئىككىسى تەڭلا جاۋاب بەردى:

— ھەئە.

— بىرىڭلار ئەكىرىپ قويساڭلارمۇ بولىدىغۇ؟... نۇرزات، سىز ئەكىرىپ قويۇڭ.

— راستىنلا، ئىككى ئادەم ئاۋارە بولغۇچە، — دېدى گۈلزارىخانمۇ چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ، — زاماندىن، سىزلا ئەكىرىپ قويامسىز؟

ئىككى ئانىنىڭ بىرى قىزىدىن زاماندىننى قاچۇرسا، بىرى نۇرزاتنى قاچۇرۇۋاتاتتى. زاماندىن بىلەن نۇرزات ئۇلارنىڭ نېمىشقا شۇنداق قىلىۋاتقانلىقىنىڭ تېگىگە يەتمىسىمۇ، ئەمما ئۆزلىرىدە بىرئاز خىجىلچىلىق ھېس قىلدى، بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكنى ئۈستىگە ئېلىۋاتقانلىقىنىڭ ئۇلاردا قانداق تەسىر قوزغىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى: ئىككىسىنىڭ بىرى ئەكىرىپ قويسا بولىدىكەنۇ، ئىككىسى ئەكىرىپ قويسا نېمىشقا بولمايدىكەن؟... ھەرقانداق سۆز مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا تۇپەيلى ئېيتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ دالالىتىگە قانداق مەقسەت، نېمە مۇددىئا يوشۇرۇنغاندۇ؟

— ئاپا، — دېدى قەدىرىيە تېرىكىپ، — ئىككى ئادەم ئاۋارە بولغۇچە دېگىنىڭلار بىلەن ئۇلار بىزنى ئەكىرىپ قويۇپ

قايتىپ چىققۇچە، يېرىم كېچە بولىدۇ ـ دە!

بۇ گەپ جايىدا ئېيتىلدى، زامانىدىن بىلەن نۇرزاتنىڭ كۆڭ-لىدىكى سۆز ئېيتىلدى.

خەيرىيەت، تۆتى كىگىز، كۆرپە سېلىنغان هارۋىغا چىقىش-تى. كۆك ئېشەك بۇ يەردىن غايىب بولۇشنى ئويلىغاندەك قاتراپ يۈرۈپ كەتتى. لەھەلبۇۋى بىلەن گۈلزارىخان ئۇلارنى ئۇزىتىپ قالدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا نېمىشقىدۇر نارازىلىق، پە-رىشانلىق ئەكس ئەتكەنلىكىنى ماڭغانلارنىڭ ھېچقايسىسى بايقىمى-دى.

ئايىغى ئىتتىك كۆك ئېشەك مەھەللىنىڭ توپىلىق يولىدا تېتىك چاماداپ كېتىپ بارىدۇ، ئارىلاپ پۇشقۇرۇپ، قۇلاقلىرىنى بىردە ئىچىپ ـ داردايتىپ، بىردە يىغىپ پۇكۇپ قويىدۇ. زاما-نىدىن بىلەن نۇرزات هارۋىنىڭ ئالدىدا، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۇلارغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرىدۇ. قەدىرىيەنىڭ كۆڭلى غەش، ئۇ ئاپىسى بىلەن گۈلزارىخاننىڭ بايىقى گەپلىرىگە خاپا، قالغانلى-رى خىيالسىز. «دۇنيادا كۆڭۈلدەك نازۇك نەرسە يوق، — دەپ ئويلايتتى قەدىرىيە تىت ـ تىت بولۇپ، — بىرى ئۇ قالسۇن، دەيدۇ؛ بىرى بۇ قالسۇن، دەيدۇ. بۇ نېمىدېگەن يۈزسىزلىك، ئادەمگەرچىلىكنى بىلمىگەنلىك ـ دە⋯⋯ ئۇلارنى شۇنچىلىك ئاۋارى-گەرچىلىككە سېلىۋاتقان نەرسە دوستلۇق رىشتى، ئادەمگەرچىلىك مېھرى ئەمەسمۇ! ئەسلى ئۇلارغا رەھمەت دېيىش كېرەك ئىدى. نېمە ئىش بار، بىرى ئەكىرىپ قويامدۇ، ئىككىسى ئەكىرىپ قويامدۇ⋯⋯ زامانىدىن بىلەن نۇرزات نېمىدەپ قالغاندۇ؟ ئەجەب سەت ئىش قىلدا.» قەدىرىيە كۆڭۈل دېگەن نازۇك نەرسە، دەپ ئويلىغاندا، ھېچقاچان ئۆزىنى كۆزدە تۇتمىغاندۇ، بەلكى باشقىلارمۇ بۇ ھەقتە ھېچنېمە ئويلىمىغانىدى، ئەمما ئۇ مۇشۇ ئويلىرى بىلەن باشقىلارغا قارىغاندا ئۆزىنىڭ كۆڭلىنىڭ نازۇكلۇقىنى ئىپادىلەپ قويدى. شۇڭا ئاپىسى «خوش» دەپ

قولىنى پۈلاڭلاتقاندا ئۇ قاراپمۇ قويمىدى.

ئۇلار تەۋرىنىپ سۆزسىز ئولتۇرىدۇ. كوچىنىڭ ئىككى تە-رىپىدىكى سۇۋادانلار، ئەگرى - بۈگرى ئۆسكەن قارىياغاچ، سۆگەت، تاللار يولغا قويۇق سايە تاشلىغان. قىسما - قىسما گۈللەر ھۇپپىدە ئېچىلىپ كەتكەن، چىنىدەك پاكىز، غورۇلۇق ئۈيغۇر ھويلىلىرى، كۆرۈمسىز ئەمما مېھرى ئىسسىق پاكار ئۆيلەر ئۇلارنىڭ كەينىدە قالماقتا.

ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ كېتەي دېگەندە، ئېرىق بويىدا سايىداپ ئولتۇرغان ئۈچ - تۆت ياش بالىلارغا ئۇچراپ قالدى. زامانىدىنىڭ يۈرىكى «جىغ» قىلىپ قالدى. ھارۋا يېقىنلاپ كې-لىشىگە ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشۇپ چاقچاق قىلىشقا باشلى-دى.

— يول بولسۇن، — دېدى بىرى كۈلۈپ، — ئولتۇرۇشقا ماڭدىڭلارمۇ نېمە، كەچ قالغان بازارچىدەك چېپىپسىلەرغۇ؟

— پەيزىڭلار بار، — دېدى يەنە بىرىمۇ كۈلۈپ، — جۈپ - جۈپۈڭلار بىلەن مېڭىپسىلەر، تانسىغا بارىدىكەنسىلەر - دە، بۈگۈن شەھەردە ئېشەك ھارۋىلىقلار تانسىسى بولىدۇ، دەۋاتاتتى...

ھارۋىدىكىلەر ئۈنچىقمىدى. چاقچاقلارنىڭ ئايىغى كۈلكە، كۈچلۈك قىيقاسلار بىلەن ئاخىرلاشماقتا ئىدى. ئەلەم قىلىۋاتقى-نى كىچىك بالىلارنىڭ قوللىرىنى پۈلاڭلىتىپ، سەكرىشىپ، ئۈنىڭغا قوشۇلۇپ چۇقان سېلىشى ئىدى.

— زامانىدىنىڭ ئېشىكى ئىتتىك، بۇرۇن بېرىپ قالماڭلار يەنە، ئاستىراق مېڭىڭلار.

— ئېشەك دەپ يۈرىسەنغۇ، دوك ئات دېگىنە، مەھەللىدىن چىقىۋالسىلا ئۇچىدۇ ئۇ...

— قىزلار «ئايروپىلاندا ئولتۇردۇق» دەپ قالىدىكەن - دە...

ھارۋىدىكىلەر بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي — زاماندىن بىلەن نۇرزات ئىچىدە كۈلۈپ، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە نومۇستىن قىزىرىپ، بېشىنى ئىچىگە تىقىپ، ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئەسلىدە زاماندىن گەپكە بوش كەلمەيدىغان، ھەرقانداق چاقچاققا چاقچاق ياندۇرالايدىغان بالا ئىدى. لېكىن ھازىر چاقچاققا چاقچاق قايتۇرىدىغان پەيت ئەمەس - دە، ئەگەر گېپىگە بىرلا گەپ ياندۇرۇپ قويسا ئۇلار گەپنىڭ يوغىنىنى چىقىرىۋېتىدىغانلىقىنى، قىزلارنىڭ ئالدىدا قاتتىق خىجىل بولىدىغان گەپلەرنى قىلىۋېتىدىغانلىقىنى ئۇ بىلەتتى. شۇڭا ئۈندىمەي ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار مەھەللىدىن ئۇزاپ ئوچۇقچىلىققا چىقتى. لېكىن ھەممىسىنىڭ دىمى ئىچىگە چۈشكەن، بايىقى چاقچاقلارنىڭ مەنىسى ئۇلارنىڭ نومۇسلىنىش تۇيغۇسىنى قوزغاپ، باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ قويغانىدى. مۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان، ئۇلارنىڭ ئۇچراپ قېلىشىنى، ئۇچراپ قالغاندىمۇ، ئاشۇنداق چاقچاقلارنى قىلىشىنى ھېچكىم خىيالىغا كەلتۈرمىگەن. ئادەم نومۇسنى، ئۇياتنى، قىزىرىشنى بىلىدىغان جانلىق. ئۇنىڭ دەرىجىسى ئوخشاش بولمىسىمۇ، ئاشۇ ھېس - تۇيغۇغا ئىگە ئادەم ئەقلىنى كېسىۋېتىدىغان ئاچچىقنى يېڭەلەيدۇ ۋە ئۆمۈرنىڭ ئاشۇ خىسلەت - پەزىلىتىنى ئۆزىدە ساقلاپ قالالايدۇ. «كەچ قالغان بارازچىدەك ئالدىراپ، تانسىغا مېڭىپسىلەر - دە!»، «بۈگۈن شەھەردە ئېشەك ھارۋىلىقلار تانسىسى بولىدۇ، دەۋاتاتتى»، ھەممىدىن ئېغىرى «جۈپ - جۈپۈڭلار بىلەن مېڭىپسىلەر» دېگەن گەپلەر ئىككى قىزنىڭ، بولۇپمۇ قەدىرىيەنىڭ تازا ئاچچىقىنى كەلتۈردى. بىراق ئۇياتنى، نومۇسنى بىلىشى ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىپ قالدى.

ئۇلار مەھەللىدىن خېلى يىراقلاپ كەتكەن بولسىمۇ، جىم كېتىپ باراتتى. نېمە دېيىش كېرەك؟ باشنى ساڭگىلىتىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇن ئۈنسىز كېتىۋېرىش كىشىنى بىزار قىلمامدۇ؟

ئەلۋەتتە قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ، ئەڭ ياخشىسى، ھېلى بولۇپ ئۆتكەن كۆڭۈلسىز ئىشنى قوزغىماسلىق كېرەك. ھەددىدىن ئاشقان چاقچاقلارنى ئەيىبلەپ ـ سۆككەندىمۇ، بەرىبىر شۇ ئىشنى قوزغىغانلىق بولىدۇ. مەيلى قانداق مەنىدە بولسۇن، ئۇنى قوزغاش ئاشۇ چاقچاقلارنىڭ خۇشياققانلىقىنى دەلىللەپ قويىدۇ ـ دە. قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ شۇ تەرىپىنى ئويلىدىمۇ، ھېچكىم ئۇ ھەقتە ھېچنېمە دېمىدى. ئەمما ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدىن، جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشلىرىدىن ھەممىسىنىڭ ئاشۇ قوپال، ئۇياتلىق چاقچاقلارنى ئويلاۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

شۇنداق جىمىپ ئۇزاق ماڭغاندىن كېيىن، ئاخىر زاماندىن ئېغىز ئاچتى:

— پاراڭ سالمايسىلەرغۇ، ئۇزۇن يول بۇ، بۇ يولنى پاراڭ بىلەن تۈگەتمىسەك، زېرىكىپ قالىمىز.

— كۆڭۈللۈك سەپەرنى كۆڭۈلسىز سەپەرگە ئايلاندۇرۇۋالمايلى، دەۋاتىسىز ـ دە، قېنى سەبىھە، بىر قىزىق گەپ باشلىغىنا، — قەدىرىيە دوستىغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ گەپ قىلغان بولسىمۇ، چىرايىدىكى تاتىرىش، بوزىرىش يېتىمگەنىدى.

— زاماندىن قىزىقچى تۇرغان يەردە مەن قانچىلىك گەپ قىلالايتتىم، گەپنى گەپچىدىن سوراش كېرەك.

— قىزىق لەتىپىلەر، چاقچاقلار ئادەمنى كۈلدۈرۈش، ھۇزۇرلاندۇرۇش ئۈچۈن ئېيتىلىدۇ، — دېدى زاماندىن كەينىگە قايرىلىپ، — شەھەردە ئۆگەنگەن قىزىق گەپلىرىڭلار خېلى باردۇ، قېنى شۇلاردىن ئېيتىپ بىزنى راسا كۈلدۈرۈۋەتمەمسىز؟

— مەن قىزىق گەپلەرنى بىلمەيمەن، ئەمما قىزىق گەپلەرنى ئاڭلىسام، كۈلمەيمۇ تۇرالمايمەن.

— مانا، باشلاۋاتىسىز، — زاماندىن كۈلۈپ كەتتى، — قايسىبىر ئۇيغۇر بالىسى قىزىق گەپ، لەتىپە، چاقچاقنى بىلمەيدىكەن؟ ئەسلىدە بىز قىزىقچى، چاقچاقچى خەق تۇرساق، ئەمىسە

سىلەرگە بىر قىزىق گەپ قىلىپ بېرەي، قاشلىق[1] بىر ئادەم سودا - سېتىق قىلىش ئۈچۈن ئاتلىق غۇلجا شەھىرىگە كىرىپتۇ. كوچىدا ئادەم ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئېتىنى بىر دەرەخكە باغلاپ قويۇپ بازار ئارىلاپتۇ. بازار ئايلىنىپ، سودىلىقنى قىلىپ قايتىپ كەلسە، ئېتى يوق تۇرغۇدەك. «ئەمدى مەھەللىگە قانداق چىقىپ كېتەرمەن؟» دەپ بېشى قاتقان دېھقان ئېتىنى ئىزدەپ كوچا كېزىپتۇ. بىر ساماۋارخانىنىڭ ئالدىغا كەلسە، ئېتى موما ياغاچقا باغلاقلىق تۇرغۇدەك. ئۇ يېشىۋالماقچى بولۇپ ئېتىنىڭ يېنىغا كېلىپتۇ - دە، دەرھال نىيىتىدىن يېنىپتۇ. «توختا، — دەپ ئويلاپ قاپتۇ ئۇ، — مۇشۇ يەردىلا، شۇنچە خەقنىڭ ئالدىدا ئېلىۋالسام، ئوغرى نومۇس قىلىپ قالمىسۇن، كەچتە قايتقاندا ئېلىۋالساممۇ بولىدىغۇ!» دەپ قايتىپ كېتىپ قوشكۆۋرۈكتە[2] ساقلاپ تۇرۇپتۇ.

ھەممىسى پاراققىدە كۈلۈپ كەتتى.

— ھەي بىچارە دېھقان، — دېدى بىرى كۈلكىدىن توختاپ، — غۇلجا شەھىرىدىن يېزىلارغا كېتىدىغان مۇشۇ بىرلا يول بار، دەپ ئويلاپ قاپتۇ - دە، كۆردۈڭلارمۇ بۇ ساددىلىقنى.

— نومۇس قىلماي ئوغرىلىق قىلغان ئادەمنى نومۇس قىلىپ قالمىسۇن، دېگىنىچۇ تېخى...

— ئۆزى نومۇسچان ئادەم باشقىلارنىمۇ نومۇسچان بولىدۇ، دەپ ئويلايدۇ - دە.

— توختاڭلار، بۇ ساددىلىقنىڭ تېخى ئاخىرى بار، — دېدى زاماندىن، — ئۇ قوشكۆۋرۈكتە قاراڭغۇ چۈشكۈچە ساقلاپ تۇرۇپتۇ. كەلمىگەندىن كېيىن، «سودىلىقلىرى پۈتمىگەن بولسا، بۈگۈن دەڭدە قونۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئەتىسى يەنە ساقلاپتۇ. ئۈچ

---

① قاش — غۇلجا ناھىيىسىنىڭ ئەڭ يىراق بىر يېزىسى.

② قوشكۆۋرۈك — غۇلجا شەھىرىدىن شەرقتىكى يىراق يېزىلارغا كېتىدىغان چوڭ يولنى كېسىپ ئۆتىدىغان ئاقئۆستەڭگە سېلىنغان كۆۋرۈك. قاش يېزىسىغا ماڭغانلار مۇشۇ كۆۋرۈكتىن ئۆتىدۇ.

كۈن ساقلاپ، ئاخىر ئات ئوغرىسىنىڭ كېلىشىگە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن سۈلتىيىپ كېتىپ قاپتۇ.

ئۇلار يەنە كۈلۈشتى.

— كۆردۈڭلارمۇ، ئاغىنىلەر، بىزنىڭ مۇنداقمۇ نادان، ساددا دېھقانلىرىمىز ئۆتكەن، ئۇزاقمۇ ئەمەس، يېقىندا ئۆتكەن، — دېدى زامانىدىن، — كونىلارنىڭ ئېيتىشىچە، قىرىق - ئەللىك يىلنىڭ ئالدىدا يېزىمىزدا بىرمۇ ساۋاتلىق ئادەم بولماپتىكەن، مەھەللىگە بىرەر پارچە خەت كېلىپ قالسا، بىر ئادەم ئاتلىق شەھەرگە چۈشۈپ ئوقۇتۇپ چىقاتتىكەن.

— راست ئۆتكەن، ھازىرمۇ بار، — سەبىھە كەينىگە قايرىلىپ ئۇنىڭغا قوشۇلدى، — كىشى بەكمۇ نادان بولسا، جاھالەت، توسالغۇ، كونا قاراشلارغا ئوڭايلا بويسۇنىدىكەن.

— توغرا ئېيتتىڭ، سەبىھە، — قەدىرىيە دوستىنىڭ سۆزىنى قۇۋۋەتلىدى، — ئادەم ئارتۇقچە نادان، ساددا بولسا، ئاستا - ئاستا جاھالەتكە پېتىپ قالىدۇ. بىراق ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ يولى بار، بىردىنبىر يول ئىلىم - پەن ئىگىلەش، ئىزدىنىش...

— ئەجەب گەپ قىلدىڭىزا، قەدىرىيە، بىزنىڭ پۇشايمانلىرىمىزنى قوزغاپ، — دېدى زامانىدىن، — نۇرزات ئىككىمىزنىڭ بوشاڭلىقىنى قارىمامسىز، سىلەردەك ئوقۇشقا كىرىپ كەتمىگىنىمىزگە ھازىرغىچە ئۆكۈنۈپ يۈرۈۋاتىمىز.

— خاتا قىلغان ئىشلارغا ئۆكۈنمىگەندىن ئۆكۈنگەن ياخشى، بىراق ئۆكۈنۈۋەرسەڭلار ئازابىڭلار كۆپىيىۋېرىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، تەييارلىق قىلىپ، بۇ يىل ياز بىرەر تېخنىكومغا ئىمتىھان بېرىڭلار، ئەگەر ئۆتەلمەي قالساڭلارمۇ ھېچبولمىغاندا ئۆكۈنۈشتىن قۇتۇلىسىلەر.

ئۇلار ئولتۇرغان ئېشەك ھارۋا يېزىنىڭ توپىلىق يولىدا بىردەم دەرياغا يېقىنلاپ، بىردەم دەريادىن يىراقلاپ، بىر سائەت-

تىن كۆپرەك يول ماڭغاندىن كېيىن، ئاسماننىڭ غەربىدە يوغان بىر پارچە قارا بۇلۇت پەيدا بولدى ۋە ئۇ بىردەمدىلا قويۇقلىشىپ، بۇ تەرەپكە باستۇرۇپ كېلىشكە باشلىدى. ھېلىلا ئادەمنى بىزار قىلغان ئىسسىق ھاۋا بىردىنلا سوۋۇپ كەتتى. نەم شامال يۈزلەرگە ئۇرۇلدى. ئىسسىقنىڭ دەستىدىن ئۈنى ئۆچۈپ كەتكەن قۇشلارمۇ چۇرۇقلاشتى. ئالدى تەرەپ قارىيىشقا باشلىدى.

— يامغۇر قۇيۇۋېتىدىغان بولدى، يامغۇر، — دېدى زاماندىن كەينىگە قايرىلىپ.

ئۇلارنىڭ كۆزلىرى باش ئۈستىگە كېلىپ قالغان كۆكۈچ قارا بۇلۇتلارغا تىكىلدى. ھەممىسى كۆڭلەكچان ئىدى. ھەش-پەش دېگۈچە شامال ئارىلاش قىيالاپ كەلگەن يامغۇر شىددەت بىلەن ئۇرۇلدى. ئۇلار باشلىرىنى ئىچىگە تىقىپ تۈگۈلۈۋېلىشتى. ئىككى مىنۇتقا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە كىيىم-كېچەكلىرى چىلىق-چىلىق سۇ بولۇپ كەتتى. شۇ ئارىلىقتا ھارۋا يولنىڭ چېتىدىكى بىر تۈپ باراقسان قارىياغاچنىڭ يېنىغا كېلىپ قېلىۋىدى، ھەممىسى ھارۋىدىن چۈشۈپ يۈگۈرۈشكىنىچە قارىياغاچنىڭ ئاستىغا بېرىۋالدى. شىددەت بىلەن ئۇرۇلغان يامغۇر ئۇلارنىڭ كۆڭلەكلىرىنى بەدەنلىرىگە چاپلىۋەتكەنىدى. ھېچقايسىسى بىر-بىرىگە قاراشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە يۇمران كۆكسىلىرىنىڭ «مانا مەن» دەپ چىقىپ قالغانلىقىدىن قورۇنۇپ، قوللىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ گىرەلەشتۇرۇۋالدى. قارىياغاچ شاخلىرى، ئۇنىڭ ئۇششاق يوپۇرماقلىرى قاتتىق يامغۇرغا دالدا بولالمىدى. يوپۇرماق ئۈستىدىكى تامچىلار بىر-بىرىگە قوشۇلۇپ سۇدەك قۇيۇلماقتا ئىدى.

— تۇۋا، ئەجەب قاملاشمىغان ئىش بولدا، خۇددى بىزنى بوزەك قىلغاندەك، — دېدى سەبىھە بويۇنلىرىدىن ئىچىگە ئېقىپ كىرىۋاتقان تامچىلاردىن ئەندىكىپ.

— كۆڭۈللۈك سەپەرنىڭ مۇشەققىتىمۇ بولىدۇ، بوپتۇ، —

دېدى زاماندىن ئۇلارغا بىرىنچى قېتىم قايرىلىپ قاراپ، — ئۆمرىمىزدىن ئەسلىگۈدەك ئىشلار قىلىشى كېرەك ـ دە.

بۇ سۆز قەدىرىيەگە ياقتى. ئۇ كۈلۈمسىرەپ، يۈزىدىكى يامغۇر تامچىلىرىنى سىيرىۋېتىپ:

— كۈنلەرنىڭ ھەممىسى ئىللىق بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ جۇدۇن ـ چاپقۇنى، يامغۇر ـ يېشىنى بولىدۇ، خۇددى ئۆمۈر يولى تۈپتۈز بولماي، ئويمان ـ چوڭقۇرى بولغىنىدەك، — دېدى.

— ھايات ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرى بىلەن ئەمەس، ئەستە قالغان ئىشلىرى بىلەن قىزىق ـ دە.

— قىزىق دېگىنىڭىز نېمىسى، قەدىرلىك دەڭا، — دېدى قەدىرىيە سۇ تامچىۋاتقان چېچىنى سىقىۋېتىپ.

قارىياغاچ ئاستىدىكى پاراڭلار ئۇلارنىڭ كۆڭلىدىكى غەشلىكنى، بىئاراملىقنى كۆتۈرۈۋەتتى. سەبىھەنىڭ ئاسمانغا قاراپ: «ئەي قۇدرەتلىك خۇدا! يېتەر ئەمدى، يامغۇرلۇق بۇلۇتلىرىڭنى ئەكېتىپ، قۇياشنىڭ جامالىنى كۆرسەتسەڭچۇ!» دېگەن خىتابى بىلەن ھەممىسى كۈلۈپ كېتىشتى. ئارىدىن ئون مىنۇت ئۆتمەيكىن، يامغۇر توختاپ قالدى. ئاچچىق شامال شۇۋىرلاپ يېتىپ كەلدى. قاپىقى سىلىنغان كۆكۈچ ـ قارا بۇلۇت پارچىلىرى شەرققە سۈرۈلۈپ، ھاۋا ئاستا ـ ئاستا ئېچىلىشقا باشلىدى. قىزلار سۇ تامچىلاۋاتقان كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنى سىقىپ، ئىككى ئۆرۈلگەن چاچلىرىنىمۇ سىقىپ، سىلكىپ، يۈزلىرىنى ئېرتىپ، ئۆزلىرىنى بىر قۇر ئوڭشىدى. ئەمما قارىياغاچنىڭ ئاستىدىن چىقىشتىن ئوڭايسىزلىنىپ، كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ بىرئاز بولسىمۇ قۇرۇشىنى كۈتۈپ تۇرۇشاتتى. بىراق كۈتۈپ تۇرۇۋېرىشكە بولمايدۇ ـ دە، مېڭىشى كېرەك. بىر قېتىم، ئۇلارنىڭ دەريا ياقىسىدىن كېلىۋېتىپ، تۇيۇقسىز چىققان شامالدا كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتىكى كۆتۈرۈلۈپ، چوڭ يانپاشلىرى، ئىچ كىيىملىرى كۆرۈنۈپ قالغان، يەنە بىر قېتىم، قەدىرىيە «كۆ-

تۇرمە ئېرىقتىن ئاتلايمەن» دەپ سۇغا چۈشۈپ كېتىپ، كۆڭلىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ، بۈگۈنكىدەك هالغا قالغان، بۈگۈنكىسى ئوڭايسىزلاندۇرىدىغان، قورۇندۇرىدىغان ئىشنىڭ ئۈچىنچى قېتىمقىسى. ئۇلار قارىياغاچنىڭ ئاستىدىن چىقىپ هارۋىغا چىقتى.

ئۇلار يولغا چىقتى. توپىلىق يولنىڭ پاتقاقتا ئايلىنىشىدىن كۆك ئېشەك بايىقى چەبدەس، ئىتتىكلىكىدىن قالغانىدى. بىراق تەبىئەت ئاللايىتەنلا ياشىرىپ كەتكەنىدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى يېزىلار، ئېدىرلار، تاغلار ئېنىق كۆرۈندى. ئاشۇ تاغلار باغرىدىن ئاجايىپ گۈزەل، ئاپئاق تۇمانلار ئېرىنچەكلىك بىلەن يېنىك تەۋرىنىپ كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. تازا هاۋا دىماغلارغا ئۇرۇلماقتا ۋە يېرىم چەمبەر شەكلىدىكى ئاجايىپ مۆجىزات — هەسەن - هۈسەن جىلۋىلەنمەكتە··· ئاچچىق شامال سۈدىن سوزۇلۇپ چىققاندەك هالغا كېلىپ قالغان يولۇچىلارنى تىترىتىشكە باشلىۋىدى، بىردىنلا هاۋا پۈتۈنلەي ئېچىلىپ، شامالمۇ توختاپ قالدى.

— بىز قارتا ئېلىۋالغان، بىردەم ئويىنىساق قانداق؟ يولنىڭ ئاران يېرىمىغا كەلدۇق تېخى.

نۇرزاتنىڭ تەكلىپى هەممىسىگە ياقتى - دە، ئۇلار كەينىگە ئۆرۈلۈشۈپ، بىر - بىرگە قاراپ ئولتۇرۇشتى. ئولتۇرغىنى بويىچە قەدىرىيە بىلەن زامانىدىن، نۇرزات بىلەن سەبىهە بىر بولدى. قارتا ئويۇنى داۋاملىشىپ، قىزىپ، يول جاپاسى ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. بىر - بىرىنى ئۇتۇش تەقەززالىقى ئۇلارنى ئويۇنغا بارغانسېرى كىرىشتۇرۇپ كېتىپ باراتتى. قەدىرىيەنىڭ زامانىدىنغا «قاغىنى چۈشۈك» دەپ قېشىنى يۇقىرىغا نازۇك جىلۋە بىلەن سەكرىتىشى ۋە ئۇنىڭغا قاراپ يېقىملىق كۈلۈمسىرىشى، ئۆز نۆۋىتىدە سەبىهەنىڭمۇ «نۇرزاتقا تاپاننى چۈشۈك» دەپ تىلىنى چىقىرىشى ۋە كىرپىكىنى يېنىك قېقىشى زامانىدىن بىلەن نۇرزاتتا ئۆزلىرى سەزمىگەن هالدا باشقىچە بىر خىل تۇيغۇنى قوزغاپ قويدى. ئۇزاق داۋاملاشقان ئويۇن جەريانىدا تەكرارلانغان بۇ شە-

رەت، يېقىملىق ھەرىكەتلەر— قىزلار ئۇلارغا ئۆز مەيلىنى بىلدۈ-
رۈۋاتقاندەك، مۇھەببەتلىرىنى گويا خۇپىيانە ھالدا ئىزھار قىلى-
ۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇلار يۈرەكلىرىنىڭ ئادەتتىكىدىن
تېزرەك ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، بەدەنلىرىدىن يېقىملىق ھېسلارنىڭ
قوزغىلىۋاتقانلىقىنى، قوللىرىنىڭمۇ سۇس تىترەۋاتقانلىقىنى سې-
زىپ قالدى. ئىنسان سۆيگۈسىز ياشىيالمايدۇ، ئۇنىڭ پەيدا بولۇ-
شىنى كىشى سەزمەي قالىدۇ. ئۇ شۇنچىلىك ئىتتىك قوزغىلىدى-
غان ھەم سېھىرلىك، ھەم قۇدرەتلىك تۇيغۇكى، بەزىدە بىر
قاراش، نازۇك ھەرىكەت، يېقىملىق قىلىق، ئىللىق تەبەسسۇمە-
دىنمۇ سۆيگۈ بىئىختىيار پەيدا بولىدۇ.

كۆكچۆللۈك ئويۇن ئادەمنىڭ ئىشتىياقىنى قوزغاپ ئۆزىگە
پۈتۈنلەي مەھلىيا قىلىۋالىدۇ. ئۇ كۆكچۆلسىز ئىشنىمۇ، ۋاقىت-
نىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنىمۇ ئۇنتۇلدۇرىدۇ. ئۇلار كۆكچۆللۈك
ئويۇن بىلەن بولۇپ كېتىپ، شەھەرنىڭ چېتىدىكى دىۋانىلەر
مەھەللىسىگە كېلىپ قالغانلىقىنى ۋە كۈننىڭ قىزىق تەپتى،
ئارىلاپ چىققان شامالدىن كېيىم - كېچەكلىرىنىڭ قۇرۇپ كەت-
كەنلىكىنىمۇ تۇيماي قېلىشتى. كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئىلدام-
راق ماڭسا يەنە يېرىم سائەتتىن كېيىن مەكتەپكە يېتىپ بارغىلى
بولىدۇ. كوچىدا ئادەملەر شالاڭلاپ قالغان. كۆك ئېشەك ئاس-
فالتلىق يولدا بۇرۇنقى ئىتتىك مېڭىشىغا چۈشكەنىدى. ئۇلار
قارتا ئويناشنى شەھەرگە كىرىش بىلەن توختاتقان.

ھارۋا ئىلى دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى.
قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنىدى. كوچىغا قارىغان ئىككى قەۋەتلىك
ئوقۇتۇش بىناسىنىڭ يوغان دېرىزىلىرى يوپيورۇق بولۇپ، ئوقۇ-
غۇچىلار كەچكى تەكراردا ئىدى. مەكتەپ ئىچى جىمجىت، دەرۋا-
زىنىڭ ماڭلىيىغا ئېسىلغان چىراغلار مەكتەپ ئالدىنى كوچىغىچە
يورۇتۇپ تۇراتتى.

— رەھمەت سىلەرگە، — دېدى قەدىرىيە كۆلۈمسىرەپ، —

سىلەرنى تازىمۇ ئاۋارە قىلدۇق. كۆك ئېشەككىمۇ رەھمەت، ئۇ بولمىغان بولسا، بۈگۈنكى جۇدۇندا يېرىم كېچىگىچە قالاتتۇقكەن.

— بىزنى دەپ كېچىگىچە قالدىڭلار، يامانىياردىن تىنچ - ئامان ئۆتۈپ كېتەرسىلەر، — دېدى سەبىھەمۇ، — كۆك ئېشەك يولدا قويمىسا بولاتتىغۇ.

— يامانىيار ھازىر ياۋاش يارغا ئايلىنىپ كەتتى، — نۇرزاتمۇ گەپ قىستۇردى.

— ئاتقا بەرگۈسىز ئېشەك بۇ، — دېدى زاماندىن كۈلۈپ، — بىراق سىلەرنى يامغۇردا قويدۇق، رەنجىمەڭلار، رەنجىسەڭلارمۇ ئىچىڭلاردا بىلەرسىلەر.

قەدىرىيە زاماندىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان سەمىمىي گېپىگە ئۇلاپ چاقچاق ئارىلاش مۇنداق دېدى:

— يامغۇرنى تەبىئەت ياغدۇردى، بىزنى سەگىتىپ قويدى، بولمىسا يولدا مۈگدەپ قالاتتۇق. يامغۇردا قويغىنىڭلارغىمۇ رەھمەت، چۈنكى ئېسىمىزدىن چىقمايدىغان ئىشلار بولدى.

— نېمانچە تۈگىمەيدىغان رەھمەتلەر بۇ، — خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك تۇيۇقسىز پەيدا بولغان ئېگىز بويلۇق يىگىت ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى، — كىملەر بۇ؟

— بىزنى ئەكىرىپ قويغانلار.

— شۇ، سەھرالىقلارمىكىن دېۋىدىم، — ئېگىز بويلۇق يىگىت زاماندىن بىلەن نۇرزاتقا سوغۇق نەزەر تاشلىدى.

— شۇنداق، ئەپەندىم، — دېدى قەدىرىيە ئۆڭۈپ، ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى ياندى، — سەھرالىقلار. مەھەللىمىزنىڭ يىگىتلىرى، بىزنىڭ دوستلىرىمىز.

— شۇنداقمۇ؟...

قەدىرىيە ئۇنىڭ سوئالىغا جاۋابمۇ قىلماي، دوستلىرىغا قاراپ:

— ياتاقتا كىرەيلى، چاي ئىچىپ مېڭىڭلار! — دېدى. — رەھمەت.

— رەھمەتنى قويۇڭلار، بىزنىڭمۇ قورسىقىمىز ئاچتى، مەھەللىگە يېرىم كېچىدىمۇ چىقالمايسىلەر ئەمدى.

ئېگىز بويلۇق مۇئەللىم قانداقتۇر مەسخىرىلىك قىياپەتتە گەپكە ئارىلاشتى:

— بولدى. يۈرۈڭلار، نېمانچە ئاۋارە بولىسىلەر، ھاۋا يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇۋالىدىغان باللارغۇ بۇ.

ئۇنىڭ مەسخىرىلىك گېپىگە قەدىرىيەنىڭمۇ، سەبىھەنىڭمۇ ئاچچىقى كەلدى ۋە مەھەللىداشلىرى ئالدىدا خىجىللىقتا قالدى. قەدىرىيە مۇنداق پەيتنى ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان قىز ئەمەس ئىدى، تازا كېلىشتۈرۈپ ئىككى ئېغىز گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، ئۆزىنى بېسىۋالدى. ئەمما زامانىدىنمۇ بوش كەلمىدى:

— ئەپەندىم، ئاغىنىلىرىم سەرخىل، يېيىشىم ھاۋا دەڭا، — دېدى ئۇ ۋە ھارۋىسىنى تاراقلىتىپ ئىتتىك يۈرۈپ كەتتى.

— توختاڭلار!

قەدىرىيە سومكىسىنى پۇلاڭلىتىپ ھارۋىنىڭ كەينىدىن يۈگۈردى. ئۇ ھاسىراپ ھارۋىغا يېتىپ باردى ـ دە، ئۇلارنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، سومكىسىدىن ئىككى توقاچ، قەنت ـ گېزەكلەردىن ئېلىپ، ئىككىسىنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— ئەكېلىڭلار، سومكىلىرىڭلارنى كۆتۈرۈۋالاي، — ياش مۇئەللىم قەدىرىيەنىڭ يېنىپ كېلىشىگە قولىنى سوزدى، ئىككى سەھرالىق يىگىتنىڭ كەتكەنلىكىدىن خۇشال بولۇپ.

— رەھمەت، سىز كۆتۈرۈۋالغۇدەك ئېغىر ئەمەس.

— ئاۋارە بولماڭ، مۇئەللىم، نەگە ماڭغاندىڭىز؟ خوش، — دېدى سەبىھەمۇ.

مەنمەنلىك ھەم تەكەببۇرلۇق باشقىلارنى ئۆزىدىن پەس كۆ-

رۇشتە، كۆزگە ئېلماسلىقتا ئىپادىلىنىدۇ. ياش مۇئەللىمنىڭ زامانىدىن بىلەن نۇرزاتقا سوغۇق نەزەر تاشلىشى، كىبىرانە مۇئا-مىلىسى ئىككى قىزنىڭ غەزىپىنى كەلتۈردى. ئەگەر ئۇ ئوقۇتقۇ-چىسى بولمىغان بولسا، ئۇلار خېلى قاتتىق گەپ قىلغۇەتكەن بولار ئىدى. «توۋا، — دەپ ئويلىدى قەدىرىيە، — ئادەم تەربىيىلەيدىغان ئادەمنىڭ ئۆزى كىشىلەرگە تەڭ - باراۋەر مۇئامىلە قىلمىسا ئۇنداق ئادەمنىڭ قانچىلىك ئىناۋىتى بولار!»

## 4

ئوقۇغۇچىلىق دەۋر — ئوي - خىيالغا، گۈزەل غايىگە باي دەۋر. ئوقۇغۇچىلار بۇ دەۋردە كەلگۈسى ھاياتنى قانداق ئۆتكۈ-زۈشنى باشقىلارغا قارىغاندا كۆپرەك ئويلايدۇ. ئالىملار، كەشپى-ياتچىلار، مەشھۇر ئادەملەرنىڭ ئىجادىي پائالىيەتلىرى، پەننىي يېڭىلىقلار ۋە ئۇلارنىڭ بۇ يولدا كۆرسەتكەن تىرىشچانلىق - ئىزدىنىشلىرى ئوقۇغۇچىلارغا قاتتىق تەسىر قىلىپ، ئۇلارنى ھاياتنى مەنىلىك ئۆتكۈزۈشكە، تىرىشچان، ئىرادىلىك بولۇشقا ئۈندەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئاشۇ پەننىي بىلىم بېرىۋاتقان ئوقۇتقۇچىلارنى كۆز ئالدىدىن بىرمۇ بىر ئۆتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قانداق ئوقۇتقۇچى ئىكەنلىكىگە ئۆزلىرىنىڭ باھاسىنى بېرىپ ما-ڭىدۇ. نۆۋەتتە شۇنى دېمەي بولمايدۇكى، خېلى كۆپ ساندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ مۇنداق بىر نۇقسانى بولىدۇ: قايسى ئوقۇتقۇچى نومۇرغا سېخىي بولسا، ئۆزلىرىنى بوش تۇتسا، شۇ ئوقۇتقۇچىنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇنى ماختاپ باشقىلارغا سۆزلەپ بېرىدۇ.

— بىزمۇ كىچە - كۈندۈز باش كۆتۈرمەي ئوقۇۋاتقاندىكىن، پىششىقلىق قىلماي، سېخىيرەك بولسا بولىدۇ.

— شۇنى دېگىنە، بەزى مۇئەللىملەر نومۇرنى خۇددى ئالتۇن-غا سېتىۋالغاندەك ئاياپ كېتىدۇ.

— بىراق نومۇرنى ئالتۇنغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ ـ دە.
— نومۇر بىزنىڭ دەرسلەرنى قانچىلىك ئۆزلەشتۈرگەنلىكىمىزنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى ئەينەك. شۇڭا ئۇ دەل قويۇلۇشى كېرەك ـ دە.
— نومۇرنى كەلسە ـ كەلمەس قويۇۋەرسە، بىزمۇ دەرسنى ياخشىراق ئۆزلەشتۈرمەي كېتىۋېرىمىز...
بۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ يېتىش ئالدىدا پات ـ پات قوزغىلىپ قالىدىغان تالاش ـ تارتىشى. كەچكى تەكراردىن چىققان ئوقۇغۇچىلار كۆڭگەيگە قارىغان قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ چىراغلىرى ئۆچكۈچە بولغان يېرىم سائەتلىك ۋاقىتتا ھەر خىل گەپلەرگە چۈشۈپ كېتىدۇ. بىرلىرى ئوقۇش تۈگەتكەندىن كېيىن، بىر ئۆمۈر ئوقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ، جەمئىيەتكە يارامىلىق ئادەملەرنى يېتىشتۈرۈپ بېرىشنى ئارزۇ قىلسا، بىرلىرى تەلەپ قويۇپ، ئەڭ يىراق چەت يېزىلارغا بېرىپ، مىللىتىنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن جان پىدالىق بىلەن ئىشلەيدىغانلىقىنى، بۇ يولدا چوقۇم نەتىجە يارىتىدىغانلىقىنى ئىزھار قىلىدۇ؛ يەنە بىرلىرى قايسىدۇر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ناھايىتى بىلىملىكلىكى، سۆزلىرىنىڭ جەزىبدارلىقى، بوش سۆزلەرنى زادىلا ئېغىزغا ئالمايدىغانلىقى، دەرس مەزمۇنىنى تەلتۆكۈس، راۋان شەرھلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى سۆزلىسە، يەنە بىرلىرى قايسىدۇر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئۇتقىنىڭ مەنتىقسىزلىقى، ئالغان مىساللىرىنىڭ دەرس مەزمۇنىغا ماس كەلمەيدىغانلىقى، مەنىسىز گەپلەرنى جىق قىلىدىغانلىقى، دەرس مەزمۇنىنى تولۇق يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدىغانلىقىنى سۆزلەيدۇ؛ بەزىلەر قايسىدۇر بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ پەزىلەتلىك، ئەخلاقلىق ئادەم ئىكەنلىكى، ئوغۇل ـ قىزلارغا توغرا، دۇرۇس مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، بولۇپمۇ قىزلارغا كەلسە ـ كەلمەس گەپلەرنى، ئىككى بىسلىق سۆزلەرنى زادىلا قىلمايدىغانلىقىدىن سۆيۈنۈپ گەپ قىلسا، بەزىلەر قايسىدۇر بىر ئوقۇتقۇ-

چىنىڭ ئىللەتلىرىنىڭ كۆپلۈكى، ئۇچۇرۇپ قويسا، ئۆزىنى ماخـ
تاپ كېتىشلىرى، تېخى ئۆزىنىڭ مۇھەببەت سەرگۈزەشتىلىرىنى
زوق بىلەن سۆزلەپ بېرىدىغانلىقى، تانسا كېچىلىكلىرىدە ئىچىۋېـ
لىپ، قىزلارغا يېقىنچىلىق قىلىپ، ئەتەي سۈركىلىپ، تېتىقـ
سىز قىلىقلارنى، لاۋزا گەپلەرنى تولا قىلىدىغانلىقىدىن يىرگىـ
نىپ گەپ ئاچىدۇ؛ يەنە بەزىلەر قايسىدۇر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئاـ
دەتلەنگەن قىلىقلىرى، مېڭىش ـ تۇرۇشلىرى، قايسى سۆزلەرنى
كۆپ تەكرارلايدىغانلىقىنى، مەسىلەن، قاسىم ئەپەندىنىڭ بورنى
باشمالتىقى بىلەن كۆرسەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۇچىدا چىمدىپ تۇـ
تۇپ، ئۆزىنى دوسكىدىن قاچۇرۇپ خەت يازىدىغانلىقى، ئاۋۇت
ئەپەندىنىڭ بىر مۇرىسىنىڭ پەسلىكى، پۇتلىرىنى كېرىپ ئالدىـ
راپ مېڭىشلىرى، مۇنار ئەپەندىنىڭ «ئەڭگىزە»، «بولۇپمۇ»،
«ئەمدى» سۆزلىرىنى كۆپ ئىشلىتىدىغانلىقىنى ئۆز ھالىتى، ئۆز
ئاھاڭى بويىچە دوراپ باشقىلارنى كۈلدۈرسە، يەنە بەزىلىرى تۇرـ
دى ئەپەندىنىڭ دەرس سورايدىغان چاغدا، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆز
ئىسمى بىلەن چاقىرماي، ئۇچىسىدىكى كىيىمىنى — «ھەي قىڭـ
غىر شەپكە»، «ھەي مانچېستىر دوپپا» ياكى «ھەي ئالا ياغلىق»
دەپ چاقىرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ بېرىدۇ. بىر
ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلمىي ئىقتىدارىنىڭ يۇقىرىلىقى، ئەخلاقىي پەـ
زىلىتىنىڭ ئېسىللىقى بىلەن يەنە بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ ئىلمىي
ئىقتىدارىنىڭ تۆۋەنلىكى، ئەخلاقىي ئاجىزلىق ـ نۇقسانلىرىنى
ھەممىدىن بۇرۇن ئوقۇغۇچىلار سېزىدۇ. سەزگەنلىرىنى مانا مۇـ
شۇنداق بايان قىلىشىپ، بىرلىرىدىن تەسىرلىنىدۇ، ئىپتىخارلىـ
نىدۇ؛ بىرلىرىدىن كۈلىدۇ، يىرگىنىدۇ.
— نومۇرنى يۇقىرىراق قويغىنى — بىزگە كۆيۈنگىنى، —
زىلۋا بويلۇق، ئاق كوپتىلىق قىز قارشىلىق تۇيغۇسى يانغان
كۆزلىرىنى مۇنداق پىكىرلەرگە قارشى چىققانلارغا تىكىپ تۇرۇپ
سۆزلەۋاتاتتى، — بىزنىڭ بەزىدە تۆۋەن نومۇر ئېلىپ قېلىشىمىز

دەرسنى بىلمىگەنلىكىمىزدىن ئەمەس، يا سوئالنى ئاڭقىرالمىغانـ
لىقىمىز، يا ئىمتىھان جىددىيلىكىدە بىلگەنلىرىمىزنى ئېسىمىزـ
گە ئالالمىغانلىقىمىزدىن بولىدۇ، ئوقۇتقۇچى بۇنى چۈشىنىشى
كېرەك - تە.

— بەزىلەر: «بەزى ئوقۇتقۇچىلارنىڭ دەرسىنى ئانچە ئوقۇـ
مىسامىمۇ بولىدۇ، ئۇ نومۇرغا ئانچە پىششىقلىق قىلىپ كەتمەيدۇ»
دەيدۇ، — دېدى قەدىرىيە ئورۇن سېلىشتىن توختاپ، قوللىرىنى
پۇلاڭلىتىپ، — بۇمۇ سوئالنى ئاڭقىرالمىغانلىق، ئىمتىھان
جىددىيلىكىمۇ؟... بىز ھامان نۇقسانلىرىمىزنى يوشۇرۇشنى ياخـ
شى كۆرىمىز.

بۈگۈن ياتاقتىكى تالاش - تارتىش ئوقۇتقۇچىلارنىڭ نومۇر
قويۇشتىكى «سېخىيلىقى» بىلەن «بېخىللىقى» ئۈستىدە بولۇۋاـ
تاتتى. ھەركىم ئۆز قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، ئۇنى شەرھلەپ
چۈشەندۈرەتتى. تالاش - تارتىش قىلىۋاتقانلار بىر - بىرىگە بوي
بەرمەي، جاھىللىق قىلاتتى، ھېچقايسىسىنىڭ بۇ ئىشقا پەرۋاسىز
قارىغۇسى كەلمەيتتى. بەزى ئوقۇغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە، ئوقۇتقۇـ
چىنىڭ مەردلىكىگە باشقىلارنىڭ، بەلكى شۇ مەردلىكنى كۆرۈۋاتـ
قانلارنىڭ ئىچى تارلىق قىلىۋاتقانلىقىغا غەزەپلىنىش، نەپرەت
بىلدۈرۈشى ئورۇنلۇق ئىدى. مانا شۇ تالاشلار، مۇنازىرىلەر تۇـ
پەيلى، چىرايلار جىددىي تۈس ئالدى، كۆزلەر ياندى، تومۇرلار
كۆپتى... بىر ياتاقتىكى سەككىز قىزنىڭ بەشى زىلۋا بويلۇق
قىزنىڭ تەرىپىنى، ئاران بىرىلا قەدىرىيەنىڭ تەرىپىنى ئالغانـ
دى. شۇڭا كۆپچىلىكى قەدىرىيەنىڭ سۆزلىرىگە چۈرقىرىشىپ
قارشى چىقاتتى، رەددىيە بېرەتتى ۋە ئۇنى «بىلىمدانلىق قىلما»
دەپ ئەيىبلىشەتتى. لېكىن قەدىرىيەنىڭ پىكرى قارشىلىققا ئۇچـ
رىسىمۇ، ئۇ تەمكىنلىك بىلەن سۆزلەپ ئۆز قارىشىدا
چىڭ تۇراتتى.

— ھەي بەختىخان، ئېيتىپ باققىنە، — دېدى قەدىرىيە

ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشقا تىرىشىپ ۋە ئۇنىڭغا قادىلىپ، — ھەرقايسىمىز ھەر يەرلەردىن بۇ يەرگە نېمىگە كەلدۇق؟

— ئوقۇغىلى.

— بىلىم ئالغىلى، جەمئىيەتكە ئىقتىدارلىق، يارامىلىق ئادەم بولۇپ چىقىمىز، دەپ كەلگەندىمىز؟

— ئەلۋەتتە شۇنداق.

— مېنىڭچە، مەسىلە بىزدە ئەمەس، بىزنىڭ ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمىمىزنى توغرا باھالىماي، يۇقىرى نومۇر بېرىۋېتىدىغان، نومۇرنىڭ ئىناۋىتىنى ھىمايە قىلمايۋاتقان ئوقۇتقۇچىدا.

— سەنمۇ «ۋاي قەدىرىيە» دەپ قويسا، تەكەببۇرلىشىپ، بىلىمدانلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى بىلەلمەي قېلىۋاتىسەن، بولدى گەپ ساتمىغىنە، — ئۇ مىيىقىدا كۈلۈپ تەتۈر ئۆرۈلدى. بۇ گەپ ئۇنى ھىمايە قىلىۋاتقانلارغا شۇنچىلىك خۇشياقتىكى، ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى.

— گەپ ساتقىنىممۇ، تەكەببۇرلىشىۋاتقىنىممۇ يوق، ئوقۇتقۇچى دېگەن ئوقۇغۇچىلارغا توغرا مۇئامىلە قىلىشى، ئۇلارنى چىڭ تۇتۇشى، تەلەپچان بولۇشى كېرەك، دەۋاتىمەن.

— بۇنىڭدىن ئارتۇق قانداق چىڭ تۇتسا بولاتتى، بازارغا چىقىپ سوپۇن ئەكېلىشكىمۇ رۇخسەت قەغىزى ئېلىپ چىقىۋاتىمىزغۇ، بۇ چىڭ تۇتمىغانلىقمۇ؟

— مەكتەپ تۈزۈمى بىلەن نومۇر قويۇش باشقا - باشقا ئىش، مۇشۇ سۆزۈڭنى چوڭقۇرراق ئويلاپ باققىنە، نېمىدىن دېرەك بېرىدىكىن، نېمىنى چۈشەندۈرىدىكىن؟

بەختىخان ئىسمىلىك چىرايلىق قىز قاپىقىنى تۈرۈپ، ئۈنچىقماي ئورۇن سېلىشقا تۇتۇش قىلدى. ئورۇن - كۆرپىسىنى سىلكىشلەشتۈرۈپ سېلىشىدىن ئۇنىڭ ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقى، ئاچچىقىنى ئاشۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئىپادە قىلىۋاتقانلىقى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

— بىز ئوقۇتقۇچىنىڭ نومۇر قويۇشتىكى سېخىيلىقىدىن
خۇشال بولىمىز، — دېدى قەدىرىيە يېشىنىۋېتىپ، — چوڭقۇرراق
ئويلىساق، بۇ بىزگە كۆيۈنۈش ئەمەس، زىيانكەشلىك قىلغىنى.
بوش تۇتقان ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسى چوقۇم ياخشى ئۆزلەشمەيدۇ،
بېسىم، قاتتىق تەلەپمۇ بولۇشى كېرەك. بولمىسا ئۇنىڭ زىيىنى-
نى كەلگۈسىدە ئۆزىمىز تارتىمىز. يېقىندا ماڭا بىر ئوتتۇرا
مەكتەپنىڭ مۇئەللىمەسى مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردى: ئۇ
سىنىپىدىكى بالىلىرىغا قاتتىق كۆيۈنىدىكەن، شۇڭا ئۇلارنى چىڭ
تۇتىدىكەن، تەشكىللىي تۈزۈمدىمۇ قاتتىق ئىكەن. ئۇ ئۆز ئائىلى-
سىنىڭ ئىشىنى قىلىدىغان ۋاقىتلىرىنىمۇ ئوقۇغۇچىلىرىنى تەر-
بىيىلەشكە، ئاتا - ئانىلار سۆھبىتىگە، ئائىلە تەكرارلىرىغا قۇر-
بان قىلىۋېتىدىكەن. چىڭ تۇتۇش، تەلەپچان بولۇشتىن بەزىبىر
ئوقۇغۇچىلىرى نارازى بوپتۇ، بەزىلىرى باشقا سىنىپلارغا يۆتكى-
لىپ چىقىپ كېتىپتۇ. يۆتكىلىپ چىقىپ كەتكەنلەرنىڭ بىرى
يالقۇن ئىسىملىك ئوقۇغۇچى ئىكەن. ئاخىر تولۇق ئوتتۇرا مەك-
تەپنى پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بې-
رىدىغان ۋاقتى كېلىپ، ئۇلار ئىمتىھانغا قاتنىشىپتۇ، نەتىجىسى
قانداق بوپتۇ؟ ئوقۇغۇچىلىرىنى چىڭ تۇتىدىغان مۇئەللىمەنىڭ
سىنىپىدىكىلەردىن يەتمىش پىرسەنت ئوقۇغۇچى ئۇنىۋېرسىتېتقا
ئۆتۈپ كېتىپتۇ. قالغانلىرى تېخنىكوملارغا قوبۇل قىلىنىپتۇ،
ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى ئىچىدە چىڭ تۇتۇشقا، تەلەپچانلىققا نارازى
بولغانلىرىمۇ نارازىلىقىنى بېسىپ، بېسىم بىلەن تىرىشىپ ئوقۇ-
غانىكەن. ھېلىقى يالقۇن ئىسىملىك ئوقۇغۇچى ئىمتىھاندىن ئۆ-
تەلمەي قاپتۇ - دە، كۆمۈركانىغا ئىشچى قوبۇل قىلغاندا، شۇ
يەرگە كېتىپ قاپتۇ. ئارىدىن بىرنەچچە ئاي ئۆتكەندىن كېيىن،
يالقۇن مۇئەللىمگە مۇنداق بىر پارچە خەت يېزىپتۇ: «ھۆرمەت-
لىك مۇئەللىم، — دەپ باشلاپتۇ ئۇ خېتىنى، — مەن كېچىلىك
ئىسمىنىدىن چۈشۈپ، سىزگە خەت يېزىۋاتىمەن. ھازىر سائەت

ئۈچ. مېنىڭ ساۋاقداشلىرىم شۇ تۇرقىدا ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئىسسىق ياتاقلىرىدا تاتلىق ئۇيقۇدىدۇ، مەن ئويغاق، چىشلىرىملا پارقىراپ قالغان، قالغان يەرلىرى قاپقارا، ئۇيقۇدىن كېچىپ ئولتۇرۇپتىمەن. «نېمىشقا ياخشى ئوقۇمىغاندىمەن؟ نېمىشقا سىزنىڭ قاتتىق تۇتۇشلىرىڭىزغا نارازى بولغاندىمەن؟»، دەپ قاتتىق ئۆكۈنۈۋاتىمەن. بۇ مېنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىمنى ياراتمىغانلىقىم ئەمەس. «ئەگەر ئۇنىۋېرسىتېتقا كەتكەن بولسام، ئۇنى پۈتتۈرۈپ چىققان بولسام، خەلقىم ئۈچۈن تېخىمۇ ئەھمىيەتلىكرەك ئىش قىلىپ بەرگەن بولماسمىدىم»، دېمەكچىمەن. مېنىڭ ئېيتىشقا ئالدىراۋاتقان گېپىم مۇنۇ: شۇ ۋاقىتتا سىزنىڭ چىڭ ھەم قاتتىق تۇتۇشلىرىڭىزغا نارازى بوپتىكەنمىز، لېكىن سىز بىزگە ئەڭ كۆيۈنگەن، كۆڭۈل بۆلگەن، بىزنىڭ ئىستىقبالىمىزنى ئويلىغانىكەنسىز. بىزنى چىڭ تۇتمىغان، بولۇشىمىزغا قويۇۋەتكەن، يالۋۇرۇپ بارساق نومۇر قوشۇپ قويغان مۇئەللىملىرىمىزدىن قالتىس رازى بولۇپ كېتىپتىكەنمىز، لېكىن ئۇلار بىزگە قىلچىمۇ كۆيۈنمىگەن، كۆڭۈل بۆلمىگەن، ئىستىقبالىمىزنى ئويلاپمۇ قويمىغانىكەن. بۇنى پەقەت ئۇنىۋېرسىتېتقا ئىمتىھان بەرگەن چاغدا ھېس قىلدۇق. مەن بۇنىڭدىن پەقەت يەكۈن چىقىرىپ خاتىرە دەپتىرىمگە يېزىۋالدىم: تەلىم ۋە تەربىيىنى چىڭ تۇتقان، تەلەپچان ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا ئەڭ كۆيۈنگەن، كۆڭۈل بۆلگەن ئوقۇتقۇچى؛ تەلىم ۋە تەربىيىنى چىڭ تۇتمىغان، تەلەپسىز ئوقۇتقۇچى ئوقۇغۇچىلارغا قىلچىمۇ كۆيۈنمىگەن، كۆڭۈل بۆلمىگەن ۋە ئاخىرقى نۆۋەتتە ئۇلارغا زىيانكەشلىك قىلغان ئوقۇتقۇچى.»

بۇ ئوقۇتقۇچىنىڭ ئوقۇغۇچىلارغا قويغان تەلىپىنىڭ بوشلۇقىدىن قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىققانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگۈچى روشەن مىسال. ئوقۇغۇچىلارغا ھەقىقىي كۆيۈنگەن ئادەم ئۇلارنى چىڭ تۇتۇشى كېرەكمىكەن، بوش تۇتۇشى كېرەكمىكەن؟

قەدىرىيەنىڭ يۈزىدىن، يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىدىن سەمەد-مىيلىك، مەمنۇنلۇق، ئىللىق تەبەسسۇم پارلاپ تۇراتتى، سۆز-لىرى، ئالغان مىساللىرى تەسىر قىلىپ قالدىمۇ، باشقىلار جى-مىپ قالدى. بۇ چاغدا ھەممە قىز يېتىپ يوتقاندىن بېشىنى چىقىرىشىۋالغانىدى. بايىقى قىز يەنىلا تەن بەرمەي:

— بىز ئىمتىھان بېرىپ ئالىي مەكتەپكە بارمايمىز، بىلىپ قوي، خىزمەتكە چىقىپ كېتىمىز، — دېدى ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ.

شۇنداقمۇ ئادەملەر بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ خاتا قىلىۋاتقانلىقى-نى بىلىپ تۇرسىمۇ، باشتا قىلغان سۆزىدىن يېنىشنى ئېغىر ئېلىپ، جاھىللىق قىلىدۇ.

— خىزمەتكە چىقساڭ ئوقۇتقۇچى بولارسەن؟ — دېدى قەدى-رىيە چۈشەندۈرۈشنى داۋاملاشتۇرماقچى بولۇپ.

— ئەلۋەتتە.

— مۇشۇ ياتاقتىكى تالاش - تارتىشلىرىمىزدا قايسى مۇئەل-لىملىرىمىزدىن كۆلدۈق، نارازى بولدۇق، قايسى مۇئەللىملىرى-مىزدىن رازى بولدۇق، ئېپتىخارلاندۇق؟... بىزمۇ ئوقۇتقۇچى بولىمىز، بىزمۇ ئوقۇغۇچىلىرىمىزنىڭ كۈلكە - مەسخىرىسىگە قالماسلىق ئۈچۈن، قايسى ئوقۇتقۇچىمىزدەك بولۇشىمىز، ئۆزى-مىزگە قانداق تەلەپ قويۇشىمىز كېرەك، قېنى، ئويلاپ باققىنە؟

— بولدى، تولا كاسىلدىماي تىنچ ياتقىنە، قۇلىقىم ئاغرىپ كەتتى، — بەختىخان تام تەرەپكە ئۆرۈلۈپ يوتقانغا پۈركىنىۋال-دى. ئەمدى ئۇنىڭ قەدىرىيەگە سۆز تېپىپ بېرىشكە كۆزى يەتمەي قالغانىدى.

قىزلار ياتاق بىناسى ئاستا - ئاستا جىمىپ قالدى. ھەممى-سى ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، قەدىرىيە تېخىچە ئويغاق، ئۇ ئۆزىنى ئىلكىگە ئېلىۋالغان نۇرغۇن سوئاللارنىڭ قاينىمىدا ئۇ-زۇپ يۈرەتتى. ئۇنىڭدا يېقىندىن بېرى يېڭىدىن - يېڭى سوئاللار تۇغۇلۇۋاتاتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئون يەتتە ياشتىن ئەمدىلا ئاشقانلىقى-نى، كۈندىن - كۈنگە تولۇپ گۈزەللىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلى-دۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىنى ئەگىپ يۈرۈۋاتقانلارنىڭ، كۆزىنىڭ

ئىچىگە قارايدىغانلارنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنىمۇ سېزىدۇ. ئاشۇلار ئوي - خىياللىرىنى، قىممەتلىك ۋاقىتلىرىنى نېمىگە سەرپ قىلىۋاتقاندۇ؟... ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگىنىگە تېخى بىر يىل بولمىغان ھېلىقى ئېگىز بويلۇق، قاملاشقان ياش ئەدەبىيات مۇئەللىمى قايسى كۈنى: «دەرسىمنى تولىمۇ ئوقۇپ كەتمەڭ، ئىمتىھان ۋاقتىدا مەن بار» دەيدۇ - ھە... مۇئەللىمنىڭ ئاغزىدىن چىقىۋاتقان بۇ گەپ نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ ئۇنىڭ گېپىدە قانداق مەنە بارلىقىنى، قانداق مەقسەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئويلىماي تۇرايلى، بىز دەرسلەرنى ئىمتىھان ئۈچۈن، ئاشۇ مۇشكۇل داۋاندىن ئېشىۋېلىش ئۈچۈنلا ئوقۇمدۇق؟

قەدىرىيەنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئۇرۇپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىۋاتقاندەك بولدى، بەدەنلىرىمۇ قىزىپ كەتتى. ئۇ ھاياجانلىنىۋاتامدۇ، غەزەپلىنىۋاتامدۇ، بۇنى بىلىپ بولمايتتى، دېمى بوغۇلغاندەك بولۇپ، ئۈستىدىن يوتقاننى ئىتتىرىۋېتىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى. ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ يېنىك پۇشۇلداپ ئۇخلاۋاتقىنىغا ھەۋەسلەنسىمۇ، سوئاللار بىلەن تولغان ئوي - خىياللىرىدىن ئارامسىزلانماقتا ئىدى. ئىككىنچى يىللىقتا قەدەم قويغاندىن بېرى سوئاللىرى كۆپىيىپ بارماقتا ئىدى.

سوئاللىرىنىڭ بىرىگە ئۇ تارىخ مۇئەللىمىدىن بىرقەدەر قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب ئالغان.

تۈنۈگۈن ئۇ تارىخ مۇئەللىمىنىڭ بۆلۈمىگە قانداقتۇر بىر كۈچنىڭ تەسىرىدە، قايناق ھېسلارنىڭ تۈرتكىسىدە كىرىپ بارغان ۋە ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويغان:

— مۇئەللىم، مەن تارىخ دەرسىدىن ئانچە قانائەت قىلمايمەن، نېمىشقا ئۆزىمىزنىڭمۇ تارىخىنى ئوقۇمايمىز ياكى ئوقۇغۇدەك تارىخىمىز يوقمۇ؟ سىزنىڭ بەرگەن ساۋاتلىرىڭىز، ئالغان مىساللىرىڭىز، كىشىلەردىن ئاڭلىغانلىرىمغا قارىغاندا، يازسا نەچچە كىتاب بولغۇدەك، ئوقۇسا ئەرزىگۈدەك تارىخىمىز بار ئىكەنغۇ؟

چېچىنى ئاق ئارىلىغان، يۈزلىرىگە قورۇقلار چۈشكەن،

مۇلايىم قىياپەتلىك، ئېغىر - بېسىق تارىخ مۇئەللىمى ئۇنى خۇددى بۇرۇن كۆرمىگەندەك، ئۇنىڭ تاتارغان يۈزىگە، يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى - دە:

— ئوقۇش كېرەك ئىدى، — دېدى.

— شۇنداق، ئۆزىنىڭ تارىخىنى بىلمىگەن ئادەم قانداق قىلىپ ئوقۇتقۇچى بولالايدۇ؟ سىزلا ئەمەس، باشقا پەن ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئۆز تارىخىنى بىلىشى كېرەك ئەمەسمۇ، مۇئەللىم!

تارىخ مۇئەللىمى ئۆزىنى سۇر باسقاندەك ھېس قىلدى ۋە ئۆز ئىچىدە: «مەن ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقان كۆپ يىللاردىن بېرى ئوقۇغۇچىلىرىمنىڭ ئىچىدىن مۇنداق سوئالنىڭ قويۇلۇشى بىرىنچى قېتىم» دەپ ئويلىدى - دە، تەمكىنلىك بىلەن مۇنداق دېدى:

— بۇنىڭغا مەنمۇ ئېچىنىمەن، قىزىم.

— لېكىن ئېچىنىش بىلەن ئىش تۈگىمەيدىكەن، مۇئەللىم، مۇشۇ خىيال كاللامغا كەلگەندىن بېرى مەنمۇ ئېچىنىپ يۇرۇۋاتىمەن، بىراق ئېچىنىپلا يۇرۇۋەرسەك قانداق بولار؟ — قەدىرىيەنىڭ چىرايىدىن قەتئىيلىك، كەسكىنلىك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

— شۇنداق، قىزىم، ئۆز تارىخىنى بىلمىگەن ئادەم — قارىغۇ ئادەم، گاچا ئادەم، كېلەچەكنىمۇ بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالىدۇ، — دېدى تارىخ مۇئەللىمى ئالدىدا تۇرغان مۇنۇ يېزا قىزىنىڭ پىكىرلىرىدىن تەسىرلىنىپ، — ئۆزىمىزنىڭ مىللىي مىراسلىرىنى دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈش تېخى باشلانمايۋاتىدۇ. باشلاندى دېسەك، ئەدەبىياتتىن ئاز - تولا باشلاندى. ئەسلىدە سىلەردىن ئۈچ - تۆت يىل بۇرۇن ئوقۇغانلار ئۆزبېكىستاندىن كىرگەن ئۆزبېك يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتى، تېخى رۇس ئەدەبىياتىنى ئوقۇيتتى، خۇددى ئۆزىمىزنىڭ ئۇنچىلىك ئەدەبىياتى يوقتەك. ھازىر سىلەر يېتەرلىك بولمىسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ مىللىي ئەدىبلىرىنىڭ ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن دەرسلىكلەرنى ئۆگىنىۋاتىسىلەر. بۇنىڭدىن كېيىن مۇكەممەللەشكەن، ئىنستىتۇتلارنىڭ تىل - ئەدەبىيات فاكۇلتېتلىرى،

ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى، ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى، يېقىنقى زامان ئەدەبىياتى، هازىرقى زامان ئەدەبىياتلىرىنى تۈزۈشى، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈشى مۇمكىن. تارىخ دەرسلىكىگە كەلسەك، بۇنىمۇ ئىنستىتۇتلارنىڭ تارىخ فاكۇلتېتلىرى، ئىلمىي تەتقىقات ئورۇنلىرى پات ئارىدا قولغا ئېلىشى، بىزنىڭ تەلىپىمىزنى قاندۇرۇپ، قەدىمكى زامان تارىخىمىز، ئوتتۇرا ئەسىر تارىخىمىز ۋە يېقىنقى زامان تارىخىمىزنى تۈزۈشى، دەرسلىكلەرگە كىرگۈزۈشى مۇمكىن. بۇ ئىشلار ئەمدى سىلەردەك ياشلىرىمىزنىڭ زىممىسىگە چۈشىدۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ! بىر دەرسنى تەسىس قىلىش ئۈچۈن، ئاۋۋال شۇنىڭ تەتقىقاتچىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ئىلمىي ئەسەرلىرى بارلىققا كېلىشى كېرەك. بۇ يۈزلىنىشكە مېنىڭچە ئاز قالدى.

قەدىرىيە شۇ جاۋابنى ئېلىپ چىققاندىن كېيىن، سوئاللىرىنىڭ كۆپىيىۋاتقانلىقىنى هېس قىلغان. هازىر تارىخ مۇئەللىمىنىڭ ئاشۇ جاۋابلىرىنى ئەسلەپ، ئۆزىدە بىر ئاز قانائەت، ئارام هېس قىلدى - دە، يېتىپ قالدى، ئەمما ئۇخلىيالمىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىرىدىن ئاڭلىغان سۆزلەرنى قايتا - قايتا ئەسلەپ كۆرۈپ، ئۇلاردىن هەر خىل مەنىلەرنى چىقاردى - دە، «هەرقانداق ئادەمنىڭ سۆزلىرىنىمۇ ئويلاپ، مۇلاهىزە قىلىپ قوبۇل قىلىش كېرەككەن، ئۇلارنىڭ هەممە سۆزلىرى توغرا بولۇۋەرمەيدىكەن» دېگەن يەرگە كەلدى.

ئوقۇغۇچىلىق هايات — قىزىقارلىق، تەلەپچان، ئارمانلىق هايات، شۇنداقلا شوخ، تېتىك، جۇشقۇن هاياتكى، ئۇ بارى - يوقى ئىككى سائەتلا ئۇخلىغان بولسىمۇ، ئادىتى بويىچە، سەهەرلىكى — ئەتىگەنلىك گىمناستىكىغا قوڭغۇراق چېلىنىشتىن يېرىم سائەت بۇرۇن، خۇددى ئۇيقۇسى قانغان ئادەمدەك ئويغىنىپ كەتتى. گىمناستىكىغا قوڭغۇراق چېلىنىپ باشقىلار ياتاق - ياتاقلاردىن يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ كەلگەندە، ئۇ ئاللىقاچان مەيدانىنى ئۈچ - تۆت قېتىم ئايلىنىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ، مۇزدەك ئۆستەڭ سۈيىدە يۈز - كۆزلىرىنىمۇ يۇيۇپ بولغانىدى.

## 5

ئەنسىرىگەن ئىش بولماي قالمايدۇ. ئادەم نېمىدىن قاچسا، شۇنىڭغا يولۇقۇپ قالىدۇ، قايسى كۈنى ھېلىقى ئېگىز بويلۇق ياش مۇئەللىم قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنى ئۈرۈمچىدىن كەلگەن سەنئەت ئۆمىكىنىڭ ئويۇنىنى كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلغان. قىزلار: «كەچتە تەكرار تۇرسا، قانداق بارىمىز؟» دەپ ئۇنىمىغان. ياش مۇئەللىم: «كەچتىلا ئەمەس ئىكەن، كۈنىگە ئۈچ قېتىم — سائەت ئون ئىككىدە، تۆتتە، سەككىزدە قويىدىكەن، قايسى ۋاقىتنى مۇۋاپىق تاپساڭلار، شۇ ۋاقىتتا بارايلى!» دەپ تۇرۇۋالغاندا، قىزلار يەنە: «بىز سىلەرگە ئوخشىمايمىز، ئەپەندىم، بۈگۈن يا دەم ئېلىش كۈنى بولمىسا، باشقىلار كۆرسىمۇ خىجىللىق بولىدۇ» دېگەن. ياش مۇئەللىم: «ئەمىسە، شەنبە كۈنى بارايلى!» دەپ ئۇلار قاياققا قاچسا، شۇ ياقنى توراپ، ئۇلارنى تەسلىكتە ماقۇل كەلتۈرگەن. ئۇ خاتىرجەم بولۇپ مېڭىشىغا، ئىككى قىز: «شۆھرەت ئەپەندىمۇ قىزىق ئىكەن، ئۆزلىرىنىڭ كىملىكى بىلەن بىزنىڭ كىملىكىمىزنى ھېسابقا ئالمايدىكەن. بىز ئۇلار بىلەن ئويۇنلارغا بارساق، كېچىلەردە بىللە يۈرسەك، باشقىلار نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ، تۈگىمەس سۆز — چۆچەككە قالمامدۇق؟… بارمىساق كۆڭلىگە كېلىدۇ، خاپا بولىدۇ» دېيىشىپ، قانداق قىلىشنى بىلەلمەي تەڭلىكتە قېلىشقانىدى.

ئەمما قەدىرىيە بىلەن سەبىھە بۈگۈن دەرستىن چىقىپلا چۈشلۈك تاماقىمۇ قارىماي، يېزىغا چىقىپ كەتمەكچى بولۇپ ماڭغانىدى، مەكتەپ دەرۋازىسىدىن چىقىشىغا شۆھرەت ئەپەندى بىلەن بەختىيار ئىسىملىك يەنە بىر ئەپەندىگە يولۇقۇپ قالدى. ئىككى قىزنىڭ يۈزلىرى ۋىللىدە ئوت ئېلىپ، قىزىرىپ كەتتى. مۇنداق

ۋاقىتتا ئۆلارنىڭ بازار تەرەپتىن كېلىشىنى كىم ئويلىغان؟!
— سومكىلارنى كۆتۈرۈۋاپسىلەرغۇ، سەپىرىڭلار قاياققا؟ — ئىككىسى ئۆلارنىڭ ئالدىدا توختىدى.
ئەمدى گەپنىڭ راستىنى قىلماي بولمايتتى:
— ئۆيگە، — دېدى قەدىرىيە ئوڭايسىزلىنىپ.
— ئۆيگە؟ — ئۇ ھەيران بولۇپ قىزلارغا تىكىلدى، — بۈگۈن كەچتىكى كونسېرتنى ئۇنتۇپ قالدىڭلارمۇ؟
— ئۇنتۇپ قالمىدۇق، — دېدى سەبىھە دەرھاللا، — ئاپام تۇيۇقسىز ئاغرىپ قاپتىكەن، بىرىدىن گەپ ئېيتىپ بېرىپتۇ، خاتىرجەم بولالماي ماڭدۇق.
— ھەر ئىككىڭلارنىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قاپتۇ ـ دە...
— ياق، مېنىڭ. قەدىرىيە بىللە چىقمىسا، ئۆزۈم يالغۇز قانداق چىقىپ، قانداق كىرىمەن؟ تېخى مەن بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ قالامدىم بىلمەيمەن.
— ۋەدىلەر قېنى؟
— ۋەدىلەرنى خاتىرجەمسىزلىك، ئەنسىزلىك يېڭىپ كەتـ تى، ئەپەندىم، — دېدى قەدىرىيە ئىتتىك جاۋاب بېرىپ، — ھازىر ماڭمىساق بولمايدۇ، بىزنى دەڭدە هارۋا ساقلاپ قالدى.
— پاھ، ئاپىڭىزنىڭ ئاغرىقى بۈگۈنگە توغرا كەلگىنـ نى، — ئۇنىڭ چىرايىدىن ئىشەنمەسلىك چىقىپ تۇراتتى.
— بۇنداق بولۇشىنى كىم ئويلىغان.
— شاش ئاتىنەك ھېچ تۇتۇق بەرمەيدا بۇلار، — دېدى شۆھـ رەت ئەپەندى ئۇزاپ كېتىپ بارغان قىزلاردىن كۆز ئۈزمەي ھەم مەيۇسلىنىۋاتقاندەك، ھەم تېرىكىۋاتقاندەك قىياپەتتە.
— تۇتۇق بەرمەي نەگە بارالايتتى، ئىشنىڭ بېشى شۇنداق بولىدۇ، دەسلەپ ئەيمىنىدۇ، قاچىدۇ، بوي بەرمەيدۇ؛ ئازراق ئىسسىق ئۇتسۇنچۇ، ئەگىيدۇ، تەلمۈرىدۇ، پەرۋانە بولىدۇ، — دېدى ئاغىنىسى بەختىيار ئىشەنچ بىلەن.

قىزلار تونۇگون مەھەللىسىدىن كىرگەن بىر دېھقان بىلەن
سۆزلىشىپ قويغان، بۈگۈن شۇنىڭ ھارۋىسىدا چىقىپ كەتمەكـ
چى. ئۆتكەندە زاماندىنلار بىلەن كېلىشىپ قويغىنى بويىچە دەريا
بويىغا چۈشمەكچىدى، شۇڭا بايىقى ئوقۇتقۇچىلىرىغا ئىلاجسىز
بەرگەن ۋەدىسىدىن يېنىپ ھەم «ھارۋىنى ساقلىتىپ قويمايلى»
دەپ قورسىقىنىڭ ئاچلىقىغىمۇ قارىماي ئالدىراپ ماڭغانىدى.
كۆڭۈلگە قاتتىق تېگىدىغان نەرسە ۋەدىلەشكەن ئىشنىڭ ئەـ
مەلگە ئاشماسلىقى. ئادەمنى شېرىن خىياللارغا سېلىۋەتكەن ئۈـ
مىدنىڭ كېسىلگەنلىكى، كۆڭۈلدە ئەلەملىك، قايغۇلۇق تۇمانلارـ
نى پەيدا قىلىدۇ، يۈرەكنىڭ بىر يەرلىرىنى ئېچىشتۇرىدۇ ۋە
ئادەمدە بېسىۋالالمايدىغان ئەسەبىي تۇيغۇلارنى قوزغايدۇ. ئىككى
ياش مۇئەللىم، بولۇپمۇ شۆھرەت شۇنداق تۇيغۇدا تولغىنىپ،
كونسېرتنى ئۆزلىرى كۆرۈشتىنمۇ ۋاز كېچىپ، بۈگۈن ئەتىگەن
ئالدىنقى قاتاردىن ئېلىپ قويغان تۆت دانە بېلەتنى يىرتىپ ـ
يىرتىپ تاشلىۋەتتى.
ئىككى قىز يېزىغا يېقىنلاشقانسېرى، بايىقى ئىككى ياش
ئوقۇتقۇچىسىنى ئۇنتۇشقا باشلىدى. ھازىرقى مەلۇم بولغان ئىشـ
لاردىن قارىغانـدا، ھەرقانداق كىشـىدە ئىـككى ياش ئوقۇتقۇچى
— شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئىككى يېزىلىق قىزغا — «قەدىرىيە
بىلەن سەبىھەگە يېقىنچىلىق قىلىپ يۈرەمدۇ، قانداق؟» دېگەن
سوئال تۇغۇلۇشى مۇمكىن. توغرا، قىزلار بۇنى بىرئاز ھېس
قىلىپ قالدى. سەنئەت ئۆمەكنىڭ ئويۇننى كۆرۈشكە قىلىنغان
تەكلىپتىن قېچىشىمۇ، يەنە ئۇلارنىڭ ئاپام ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ
يالغان ئېيتىشىمۇ شۇنىڭدىن دالالەت بېرىدۇ. بۇ ئىككى قىز
يېقىنىدىن بېرى ئاشۇ ئىككى ياش ئوقۇتقۇچىسىغا ئاتايىن سۈركەـ
لىپ يۈرگەن قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ بارلىقىنى سېزىپ يۈرسىمۇ،
ئەمما ئۇلاردا باشقىلاردەك قىزغىنىش، ئىچىدىن يېنىش ھېسسىـ
مۇ قوزغالمىدى. ئەمىسە ئۇلارنىڭ يېزىغا ئالدىرىشى، زامانـ

ـدىن، نۇرزاتلار بىلەن بىللە بولۇش، دەريا بويىغا چۇشۇپ بىللە بېلىق تۇتۇشقا تەلپۈنۇشى، ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ قىزىقارلىق سەۋـ ئەت كېچىلىكىنى كۆرۈشكە قىلغان تەكلىپىنى رەت قىلىشى نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟ زامانىدىن بىلەن نۇرزات ئىككى قىزنىڭ مەيلىنى قوزغاپ قويدىمۇ - يە؟ ياق، ياق، قىزلاردا مۇنداق ھېسسىيات قوزغالغىنى يوق، مۇنداق ئويمۇ تۇغۇلمىغان، بالىلىق - ئۆسمۈرلۈكتىن تارتىپ بىللە بولغان، يېقىن ئۆتۇشكەن ۋە شۇ ئاساستا يېتىلگەن دوستلۇق - ھۆرمەتتىن. ئۇلارغا بەرگەن ۋەدە- سىگە ئەمەل قىلماسلىقنى ھۆرمەتسىزلىك بولىدۇ، دەپ تونۇغاذـ لىقتىن، ئۇلار يېزىغا بۇرۇنراق چىقىشنى ئويلاپ، ئالدىراپ ماڭغانىدى. ئۇلارنىڭ مەيلىنى تارتقان نەرسە بار دېيىلسە، ئۇلار- نىڭ مەيلىنى يېزىسى، دەريا بويى، توقايلىق، زامانىدىنلار بىلەن بېلىق تۇتۇش ھەۋىسى، قىزغىنلىقى تارتقانىدى. ئادەمنى كۆتۈ- رۇپ تۇرغان ئاياغلار ئادەمنى مەيلى چۇشكەن تەرەپكە باشلايدۇ - دە، ئۇنى چۇشەنمەي خاپا بولۇش، تېرىكىش شۇ ئادەمنى ئېچىنىشلىق ئازابقا قويىدۇ، خالاس.

※ ※

چۇشتىن كېيىن سائەت تۆتلەردە ئۆيلىرىگە يېتىپ كەلگەن قىزلار ئانچە ھايال بولماي، دەريا بويىدا پەيدا بولۇشتى. زامانى- دىن، نۇرزاتلار بۇلاردىن خېلىلا بۇرۇن كېلىپ كۈتۈپ تۇرۇشقا- نىدى. ئۇلار كېچىك بويىغا كەلدى. زامانىدىن بىلەن نۇرزات شىمىنى چوڭ يانپاشقىچە تۇردى. قىزلار بىر قولىدا كۆڭلىكى- نىڭ ئېتىكىنى كۆتۈرۈپ، بىر قولىدا ئۇلارنى تۇتۇپ كېچىككە چۇشتى. ئادەتتە ئوغۇللارنىڭ قولىنى تۇتۇشقا ئەيمىنىدىغان قىز- لار، تاشلارغا پۇتلىشىپ، مۇدۇرۇپ كەتكەندە، كۆتۇرۇۋالغان كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرىنى قويۇۋېتىپ، ئىككى قوللاپ ئۇلارنىڭ

مۇرىسىگە، بەللىرىگە ئېسىلىۋالاتتى، قى - چۇ قىلاتتى، كۇلەتتى…

كۆكۈللۈك سەيلە مانا شۇنىڭدىن باشلاندى. ئۇلار خۇددى سۇنىڭ ئۇستىگە بۇككىدە دەل - دەرەخلىك، گۇل - چېچەكلىك، ساپ ھاۋالىق، نەغمە - ناۋالىق چىرايلىق باغنى قوندۇرۇپ قويغاندەك ئارالغا ئۆتۈپ، ئۆزلىرىدە گۇزەل تۇيغۇلارنىڭ قوزغىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشتى. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ھۆل بولۇپ كەتكەن ئېتەكلىرىنى سىقىۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، يانغان ھەۋەس، ئىشتىياق بىلەن ئارال گۇزەللىكىنى تاماشا قىلىش ئۇچۇن يۇقىرىلاپ ماڭدى، ئارالنىڭ لېۋىگە كېلىپ، ئالدىدىكى ئۇلۇغ دەرياغا، ئۇنىڭ دولقۇنلىرىغا، ئۇ قاتتىكى دەريا لېۋىنى بويلاپ توقايلىقلارغا كۆز تىكتى… سەبىھە بېشىدىكى قىزىل ياغلىقنى ئېلىپ، گويا بىرىگە بەلگە بېرىۋاتقاندەك پۇلاڭلاتتى. قىزىل ياغلىق دولقۇنلار كۆتۈرگەن شامالدا يەلپۈنۈپ ئوينايتتى.

تۇيۇقسىز ناخشا ئاڭلاندى:

بۇ گۇزەل گۇلىستانلىق،
ساپ ھاۋالىق، بوستانلىق.

ئۇلار كەينىگە قايرىلىپ قاراپ، زاماندىن بىلەن نۇرزاتنى كۆردى. ناخشىنى زاماندىن ئېيتىۋاتاتتى:

تاڭ سەھەر شامالىدا،
يەلپۈنەر پەرەڭ ياغلىق.

— ناخشىڭىز ماس كەلمەي قالدى، — دېدى قەدىرىيە كۇلۇپ، — ھازىر نەدە سەھەر؟

— سىز تازا ھېس قىلالماپسىز، ئارالنىڭ ھەممە مەزگىلى

سەھەر گۈزەللىكىگە ئوخشايدۇ.
ئۇلار ئارالنى بىردەم ئايلىنىپ، جايىغا قايتىپ كېلىشتى. زاماندىن بىلەن نۇرزات قارماقلىرىنى سۇغا تاشلاپ قويۇپ، چۆمۈلگىلى كەتتى. ئىككى قىز قارماققا قاراپ ئولتۇردى. سالقىن شامال ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى سۆيۈپ، چاچلىرىنى ئارىلاپ ئۆتمەكتە، قۇشلار نازۇك ئۈن بىلەن سايرىماقتا، دەريا دولقۇن كۆتۈرمەكتە...

— قەدىرىيە، — دېدى سەبىھە دەريا دولقۇنلىرىدىن كۆز ئۈزمەي، — ئاجايىپ ھۇزۇرلىنىۋاتىمەن، بەدەنلىرىم يايراپ كېتىۋاتىدۇ.

— مەنمۇ شۇ... ھېلىقى كونسېرتلىرى ھەرقانچە ئېسىل بولسىمۇ، مۇنچىلىك ھۇزۇر بېرەلەيتتىمۇ... كۆڭۈل تارتقان ئىش كۆڭۈللۈك بولىدۇ - دە.

زاماندىن، نۇرزاتلار قايتىپ كېلىشكە، سەبىھە:

— ئەمدى بىزمۇ چۆمۈلۈپ كېلەيلى، ئەمما شەرتىمىز بار، بىزگە يېقىن كەلمەيسىلەر ھەم مارىمايسىلەر، — دېدى.

— ئەنسىرىمەڭلار، — دېدى زاماندىن، — سىلەرنى كىيىم - كېچىكىڭلار بىلەنلا كۆرۈشنى خالايمىز.

قەدىرىيە كۈلۈپ كەتتى:

— بولمىسا ئالۋاستىغا ئۇچراپ قالدۇق، دەپ قورقۇپ كېتىمىز، دەڭا.

ئىككى قىز چۆمۈلگىلى كەتتى. ئۇلار قايتىپ كەلگۈچە زاماندىن بىلەن نۇرزات بىرنەچچە تال بېلىق تۇتتى - دە، چوڭراق ئىككىسىنى ئېلىپ قېلىپ، ئۇششاقلىرىنى سۇغا قويۇۋەتتى. قىزلار قايتىپ كەلدى. بېلىقلار ئىچى - قارنى تازىلىنىپ، تۇز سېپىلىپ، ئوتقا قاقلىنىپ پىشۇرۇلدى. قىزلار ھازىرغىچە بېلىق كاۋاپى يەپ باقمىغانىدى. ئۇلار ئېغىزلىرىنى تامشىتىپ، ھۇزۇر قىلىپ يېيىشتى. بۈگۈنكى كۆڭۈللۈك سەيلىدە، گەپ -

سۆز، مۇئامىلىلەردە، مېڭىش - تۇرۇش، ھەرىكەتلەردە، ئۇلار ئۆزلىرىنى — زاماندىن قەدىرىيە بىلەن، سەبىھە نۇرزات بىلەن يېقىنلىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىشتى.

ئەتراپىنى گۆگۈم قاراڭغۇلۇقى قاپلىغاندا، نەم ھاۋا غوللارنى قورۇغاندا، ئۇلار قايتماقچى بولۇپ قوزغىلىشتى. كېچىكتىن ئۆتكۈچە ئۆزلۈكىدىنلا قەدىرىيە زاماندىنىڭ، سەبىھە نۇرزاتنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئىككى قىز ئۆز ۋۇجۇدلىرىدا ھازىرغىچە كۆرۈلۈپ باقمىغان چۈشىنىكسىز بىر خىل شېرىن لەززەتنىڭ قوزغالغانلىقىنى سەزسىمۇ، لېكىن ھېچقانداق مۇھەببەتنى ھېس قىلالمىدى.

ئۇلار ئۆيلىرىگە كەلگۈچە قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى.

قەدىرىيە ئۆيىگە نېمىشقىدۇر بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمى-غان بىر خىل ئەنسىرەش بىلەن كىرىپ كەلدى. لەھەلبۇۋى خاپا بولۇپ ئولتۇراتتى، قىزىنى كۆرۈپ خاپىلىقى كۆتۈرۈلۈپ كەت-تى.

— مۇشۇ چاغقىچە نەلەردە يۈردۈڭ، ئۆيى يوق ئادەمدەك تېنەپ، — ئۇنىڭ ئاۋازىدىن، كۆزلىرىنىڭ يېنىپ كەتكەنلىكى-دىن ئاچچىقلىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى.

— بايا دەپ قويۇپ كەتتىمغۇ، دەريا بويىنى ئايلىنىپ كېلى-مىز، دەپ...

— ئادەم كۈندۈزى بارسىمۇ ئەيمەنگۈدەك ئۇ يارلىقلاردىن مۇشۇ كېچىدە قورقۇشمىدىڭمۇ؟

— سەبىھە ئىككىمىزلا ئەمەس، زاماندىنلارمۇ بار، ئاپا.

— كىملەر؟

— زاماندىن بىلەن نۇرزات.

قىزى بايا شەھەردىن چىقىپ، چېيىنى ئالمان - تالمان ئىچىپلا «دەريا بويىنى ئايلىنىپ كېلەيلى» دەپ ئالدىراپ ماڭغان-دا، لەھەلبۇۋى: «مەكتەپتە — تۆت تامنىڭ ئىچىدە ھەپتىلەپ

يۈرۈپ ئىچى پۇشقاندۇ، يېزىدا قىيغىتىپ ئۆسكەن قىز كەڭ-كەڭرى يەرلەرنى سېغىنغاندۇ؟» دەپ ئويلىغان. لېكىن دەريا بويىدا زامانىدىنلار بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى زادىلا ئويلاپ باقمىغانىدى. ئۇلار بىلەن بىللە بولۇشقا نېمانچىلا ئالدىراپ كەتتى، گېلىدىن چايمۇ تۈزۈك ئۆتمىدى؟ بۇ يەردە نېمە سىر بار؟ … ئۇنىڭدا مۇھەببەت سېزىمى ئويغىنىپ قالغانمىدۇ، ئىككىسىنىڭ بىرىگە مەيلى چۈشۈپ قالدىمۇ ـ يە؟ … نۇرزاتقا مەيلى چۈشۈپ، مۇھەببىتى قوزغىلىپ قالسىغۇ بىرنۆرى، زامانىدىنغا مەيلى چۈشۈپ قالغان بولسا، قانداق قىلارمەن؟

لەھەلبۇۋىنىڭ يۈرىكى ئادەتتىن تاشقىرى قاتتىق سوقۇپ ئۆپكىسى ئاغزىغا تىقىلغاندەك قىينالدى. دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، قوللىرىنىڭ تىترەشكە باشلىغانلىقىنى تۇيماي قالدى. قىزىغا ئېلىپ قويغان تاماقنى ئىسسىتىپ بېرىشمۇ ئېسىدىن چىقتى. قەدىرىيە بولسا «ئاپام كەچ قالغىنىمىزغا خاپا بولۇۋاتىدۇ» دەپ ئويلاپ، مۇزلاپ قالغان لەگمەننى ئىسسىتىش ئۈچۈن ئوچاققا ئوت قالاۋاتاتتى. لەھەلبۇۋى لامپىغا كەينىنى قىلىپ ئولتۇرغاچقا، قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ قانداق ئازابتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى، چىرايىنىڭ قانداق ئەندىشىلەردە ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرمىگەنىدى. كۆرگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ ئازابىنىڭ تېگىگە يېتەلمەس ئىدى.

ئەمما لەھەلبۇۋىنىڭ نېمىدۇر بىرنېمىنى ئۇققۇسى، گۇمانلىرىنىڭ تېگىگە يەتكۈسى كېلىپ تۇراتتى، ئۇنى قايغۇ ـ ئەندىشە چۇلغىۋالغانىدى.

— قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكۈچە نېمە ئىش قىلدىڭلار؟

— قىزىق گەپ قىلىدىكەنسەن، نېمە قىلاتتۇق، توقايلىقلارنى ئارىلىدۇق، مەكتەپ ناخشىلىرىنى ئېيتىشتۇق، بېلىق تۇتتۇق، بېلىق كاۋىپى يېدۇق، سەيلە قىلدۇق، شۇ.

— ئارالغىمۇ ئۆتۈپسىلەر ـ دە؟

— ئەجەب سوراۋېرىدىكەنسەن، ئاپا، دەريا بويىغا چۈشكەن ئادەم توقايلىقلارنى ئارىلىماي قالامدۇ...

قەدىرىيەنىڭ ئاۋازىدا خاتىرجەملىك، قەتئىيلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى، قورقۇش - قورۇنۇشتىن، ئوڭايسىزلىنىشتىن، ئالاقزادىلىكتىن قىلچىمۇ ئەسەر يوق ئىدى. ئۇ شۇنداق ئەركىن، بىغەم ھالدا تامىقىنى يەۋاتاتتى.

لەھەلبۇۋى يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سوئال سوراشتىن يالتىيىپ قالدى: «خاتىرجەم بولسام بولغۇدەك، — دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ، — قىزىمنىڭ خىيالىدا مەن ئويلىغاندەك ئىشلار يوق بولسا ئۆزۈم ئېسىگە سېلىپ قويماي يەنە.»

شۇ تۇرقىدا سەبىھەمۇ ئۆز ئۆيىدە، ئاپىسىنىڭ ئالدىدا خۇددى مۇشۇنداق سوئال - سوراقلارغا قېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخانمۇ: «قىزىمنىڭ قايسىسىغا مۇھەببىتى قوزغىلىپ قالغاندۇ؟... زامانىدىنىغا بولسىغۇ بىرنۆرى، نۇرزاتقا مەيلى چۈشۈپ قالغان بولسا، قانداقمۇ قىلارمەن؟» دەپ ئەنسىرەپ دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەنىدى.

ئېھتىمال، كىتابخانلار: «ياشلارنىڭ بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ئادەتتىكى نورمال ئىش، ئەمما ئىككى ئانىنىڭ بىرى: ‹قىزىنى زامانىدىن بىلەن يۈرۈپ قالمىغىيتتى؟› دەپ قايغۇرسا، يەنە بىرى: ‹قىزىنى نۇرزات بىلەن يۈرۈپ قالارمۇ؟› دەپ ئەنسىرەۋاتاتتى، ئۆتكەندىمۇ ئۇلار قىزلىرىنى شەھەرگە ئەكىرىپ قويۇشقا زامانىدىنىدىن قاچۇرسا، يەنە بىرى قىزىنى نۇرزاتتىن قاچۇرغانىدى، بۇنىڭدا نېمە سىر، قانداق سەۋەب باردۇ؟» دەپ سوراپ قالار. توغرا، سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ، ئەلۋەتتە سەۋەبى بار، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزھار قىلىپ، كىتابخانلارنى قانائەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك، ئالدى بىلەن لەھەلبۇۋىنىڭ ئەندىشىسىنى يېشەيلى.

# 6

لەھەلبۇۋى يېزا مەكتىپىنىڭ ئۇزۇن يىللىق ئوقۇتقۇچىسى. بۇنىڭدىن سەككىز يىل ئاۋۋال مەكتەپ مۇدىرى مۇشۇ يېزىلىق ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى قەمىردىن ئاتلىق دېھقاننى ئوقۇتقۇچى-لار بۆلۈمىگە باشلاپ كىرىپ: «قەمىردىن يېڭى ئوقۇتقۇچىمىز، بىز بىلەن بىللە ئىشلەيدۇ، ياردەم قىلىپ سېپىمىزگە قوشۇۋالاي-لى!» دەپ ئېلان قىلغانىدى. ئۇ باشلانغۇچ مەلۇماتقا ئىگە بول-سىمۇ، بىر سىنىپنىڭ دەرسى ئاق قېلىۋاتقانلىقتىن ئوقۇتقۇچى-لىققا تەكلىپ قىلىنغانىدى. بۇ چاغدا لەھەلبۇۋى ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشكەن، بىرنەچچە ياش ئوقۇتقۇچىلارنى تەربىيىلىگەن ناھىيە بويىچە مۇنەۋۋەر ئوقۇتقۇچىلارنىڭ بىرى ئىدى. شۇڭا قەمىردىننى يېتەكلەپ مېڭىش ئۇنىڭغا تاپشۇ-رۇلدى.

لەھەلبۇۋى بىلەن قەمىردىننىڭ دەرس ئۆتىدىغان سىنىپلى-رى پاراللېل سىنىپلار بولغاچقا، دەرسكە ئىككىسى تەڭ تەييار-لىق قىلاتتى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا دەرسكە تەييارلىق قىلىش، قىيىن نۇقتىلارنى قانداق چۈشەندۈرۈش، يېڭى مەزمۇننى بايان قىلىش ئۇسۇلى، ئوقۇغۇچىلارنى يېتەكلەپ مېڭىش، دەرسنى مۇستەھكەملەش، خۇلاسىلەش، سوئال سوراش، باھالاش قاتار-لىق بىر سائەتلىك دەرسنىڭ بىر پۈتۈن جەريانىنى ئۆگىتىپ ماڭدى. قەمىردىن ئوقۇتقۇچىلىقىدا ئۇنىڭغا يۆلىنەتتى، ئۇ ئۇنى يېتەكلەيتتى. قەمىردىن بۇ كەسىپكە بارغانسېرى ئىشتىياق باغ-لاپ بېرىلدى، تىرىشتى، لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا ئىلھام بەردى. شۇنداق قىلىپ، پەقەت ساۋاتىلا بار بىر دېھقان ئىككى - ئۈچ ئاي ئىچىدە ئىككىنچى يىللىققا يامان ئەمەس دەرس ئۆتەلەيدىغان ئوقۇتقۇچىغا ئايلىنىپ، ئۆزىنىڭ تىرىشچان، زېھنىلىك ئىكەنلى-كىنى ئىپادىلىدى. ئۇنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقانلىقىنى كۆرگەن لەھەل-

بۇۋى خۇشال بولۇپ، ئۇنىڭغا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلىدىغان بولدى.
قەمەردىن لەھەلبۇۋى بىلەن بىر مەھەللىدە ياشىسىمۇ ئۇنىڭ
بىلەن بىرەر قېتىممۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان، كۆرۈشۈپ قالغان
چاغلىرىدا ئادەتتىكىدەك سالاملىشىپلا قوياتتى، ئىككى - ئۈچ
ئايلىق بىللە بولۇش، دەرسكە بىللە تەييارلىق قىلىش، ئورۇن-
دۇقتا بەزىدە ئۇدۇلمۇئۇدۇل، بەزىدە يانمۇيان ئولتۇرۇش، مۇرد-
گە مۇرىنىڭ تېگىپ كېتىشى، ئۇنىڭ بەدىنىدىن كېلىۋاتقان ئىس-
سىقلىقنى سېزىشى، كۆزلەرنىڭ كۆزلەرگە تىكىلىپ قېلىشى،
يارىشىملىق ھەرىكەتلەرنى بايقاش، مەلۇم نەرسىلەرنى چۈشەندۇ-
رۇش ۋاقتىدا باشلارنىڭ يېقىنلىشىپ، ئىسسىق تىنىقلارنى يۇ-
تۇش جەريانى قەمەردىندە قانداقتۇر بىر ئىسسىق تۇيغۇ قوزغاپ
قويدى. سۆزلىرىنىڭ قايىل قىلىش كۈچى، ئادەمگە يۇقۇشلۇقى،
ھەرىكەتلىرىدىكى تەبىئىي نەپىسلىك، ئۇنى ھازىرغىچە مۇنداق
ئايالنى كۆرۈپ باقمىغانلىق چۈشەنچىسىگە ئەكەلدى. قەمەردىن
ئۇنىڭ سۆز - ھەرىكەتلىرىدىن، مېڭىش - تۇرۇشلىرىدىن، چىد-
راي - شەكلىدىن، مىجەز - خۇلقىدىن بىرەر نۇقسان تاپالمىدى.
ئۇنىڭ ھەممە يېرىدىن — ئىككى ئۆرۈلۈپ، تېقىمىغا چۈشكەن
چاچلىرىدىن، ئاپئاق، سىلىق يۈزىدىن، ئويچان كۆزلىرىدىن،
يالتىراق ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن، ئاياغلىرىنى ئۇدۇل، سىلىق
تاشلاشلىرىدىن، قوللىرىنى يېنىك تەۋرىتىپ مېڭىشلىرىدىن،
نازۇك جىلۋە بىلەن قايرىلىپ قاراشلىرىدىن، قانداق كىيىم كىي-
سە، يارىشىپ تۇرىدىغان پۈتۈن بەدىنىدىن لاتاپەت - گۈزەللىك
يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەككىز - توققۇز ياشلىق قىزىنىڭ
بارلىقىنى بىلمەيدىغان ئادەم ئۇنى ئەجەب قاملاشقان - كېلىشكەن
چىرايلىق قىز ئىكەنا، دەپ ئويلاپ قالاتتى. «بۇ گۈزەل تۇل
ئايال كىمگە نەئەللۇق بولار، — دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى
ئۇ، — قانچە - قانچە يىللاردىن بېرى بىر ئېغىز يامان گېپى
چىقماي تۇل ئولتۇرۇۋاتىدۇ. ئادەم دېگەنمۇ شۇنچىلىك چىرايلىق

بولىدىكەن ـ ھە، شۇنداق گۈزەل ئايالمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدىكەن
ـ ھە… شۇنچە گۈزەللىك ئۇنىڭدا كىبىر، مەنمەنلىك پەيدا
قىلمىغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەسمۇ… ئىچىمۇ ـ تېشىد-
مۇ گۈزەل دېگەن گەپلەرنى ئاڭلىۋىدىم، لېكىن ھازىرغىچە كۆر-
مىگەن، بۇنى نەق لەھەلبۇۋىدىن كۆردۈم، بىراق مەڭگۈ ئۇنداق
بولمايدۇ، ئۇنداق ئۆتمەيدۇ، گۈزەللىكى ئاخىر ئۇنى تىنچ قويماي-
دۇ، بەربىر بىرىگە تەئەللۇق بولىدۇ، — شۇنداق ئوي ـ خىيال-
لاردا بولغان چاغلاردا قەمىردىندە بىردىنلا كۈنچىلىك، ئۇنى
باشقىلاردىن قىزغىنىش تۇيغۇلىرى يېنىپ كېتەتتى، —
كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ باشقا بىرەر ئادەمنى خالاپ قالسا، ئۇنىڭغا
تەئەللۇق بولۇپ كەتسە، ۋاي ئىسىت، بۇ ھەرگىز ئادىل بولمى-
غان، ئادەمنىڭ ئەقلىگىمۇ سىغمايدىغان، نامۇۋاپىق ئىش بولىدۇ
… توۋا دېگۈلۈك، ئۇ ئابدۇسالامنىڭ قولىغا قانداق چۈشۈپ
قالغاندۇ، قانداقلارچە ئۇنىڭغا خوتۇن بولۇپ ئۆتكەندۇ؟… ھەي
ئابدۇسالام، ھەي ئابدۇسالام، قولۇڭدا چاقناپ، گۈپۈلدەپ پۇراپ
تۇرغان قىزىلگۈل تۇرسا، چىغىرتماقگۈلىگە قول سوزۇپ يۈرگى-
نىڭنى قارا سېنىڭ. سېنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىڭمۇ ياخشى بوپتى-
كەن، بولمىسا ئۇ ساڭا زايە بولۇپ كېتىپتىكەن، بۇ تەتۈر
پۈتۈلگەن قىسمەتنىڭ تۈزۈلۈشى بوپتۇ. ياخشى بوپتۇ…»

كىشى كۆڭلى خالىغان ئىشقا شۇنچىلىك بېرىلىپ كېتىدۇ-
كى، ئۇ ئۆز مەيلىنى باشقۇرۇش ئىقتىدارىدىن ئاجراپ قالىدۇ،
قەمىردىننىڭ ئوقۇتقۇچىلىقى، لەھەلبۇۋى بىلەن يېقىنلىشىپ
ئۆتكەن مەزگىللى ئالتىنچى ئايغا قەدەم قويغاندا، ئۇ ئەنە شۇنداق
روھىي دۇنياغا كىرىپ قالدى. ئۇ لەھەلبۇۋىنى كۆرمىسە تۇرال-
مايدىغان، ھەر كۈنى ئەتىگەنلىكى مەكتەپكە كەلمىگۈچە پەرىشان-
لىقتىن قۇتۇلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. بۆلۈم ئىچى كىشىلەر-
دىن بىرئاز خالىي بولۇپ قالسىلا، ئۇ لەھەلبۇۋىگە تىكىلىپ
ئولتۇراتتى. خەت يېزىۋاتقان، تاپشۇرۇق تەكشۈرۈۋاتقان ياكى

دەرس تەييارلاۋاتقان، ئومۇمەن خاتىرجەم ئولتۇرۇپ، بىرەر ئىش
بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان لەھەلبۇۋى بېشىنى كۆتۈرۈپ قالسا، ئۇ
ئۇنىڭدىن كۆزىنى دەرھال قاچۇرۇپ ئىش بىلەن بەند بولۇۋاتقان
قىياپەتكە كىرىۋالاتتى. كەچتە ئۇ ئۆيىگە ھەرگىزمۇ لەھەلبۇۋى-
دىن بۇرۇن قايتمايتتى. ئەگەر لەھەلبۇۋى: «تاپشۇرۇق دەپتەر-
لەرنى تەكشۈرۈۋېتىپ بىراقلا قايتاي!» دەپ ئولتۇرۇپ قالسا،
ئۇمۇ بىر ئىشلارنى باھانە قىلىپ كەتمەيتتى. ئۇ كەتكەندىن
كېيىن مەيۈسلىنىپ غەمكىن ئولتۇرۇپ قالاتتى. بۇ مەيۈسلۈك
ئۇ ئەتىسى مەكتەپتە پەيدا بولغۇچە داۋاملىشاتتى. ئەمما قەمىر-
دىنىڭ گەپ - سۆزلىرى، لەھەلبۇۋىدىن بۇرۇنقىدەك
ئۇنى - بۇنى سوراشلىرى ئازلاپ كەتكەنىدى، ئۇنى - بۇنى سوراپ
ئۇنىڭ يېنىغا بارسا، ئۆزىنىڭ ھاياجانلىنىپ، تىترەپ كېتىشىد-
دىن، گەپلىرىنىڭ قولاشماي قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى.
بۇ مەزگىلگە يەتكۈچە ئۇ سىيرىپ چۈشۈرۈپ تۇرىدىغان بې-
شىغا چاچ قويۇپ، ئۇچىسىغا ئىسكەتلىك كىيىملەرنى كىيىپ
ئۇلگۈردى. يۇرۇش - تۇرۇشىنىڭ قائىدىلىك، رەتلىك بولۇشىغا
دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالدى. قىزلار ياكى ئاياللاردىلا ئەمەس،
ئەرلەردىمۇ بىرىگە كۆزى چۈشسە، شېخىنى تۈزەپ يۇرۇش ئويى،
ئۇنىڭغا چىرايلىق كۆرۈنۈش تۇيغۇسى قوزغىلىدۇ. بۇ ئىنسان
تەبىئىتى، يېڭىدىن پەيدا بولىدىغان تۇيغۇ ئەمەس.
— مانا ئەمدى ئوقۇتقۇچى قىياپىتىگە كەلدىڭىز، —
دېگەنىدى بىر قېتىم لەھەلبۇۋى قەمىردىنگە.
— شەھەر ئوقۇتقۇچىلىرى قالتىس پۇزۇر يۇرىدىكەن، شۇ-
لارنى دوراپ باقاي دەۋاتىمەن.
— دوراش ئەمەس، ئوقۇتقۇچى دېگەن نەدە بولمىسۇن،
شۇنداق رەتلىك، پاكىز، مەدەنىي يۇرۇشى كېرەك. سىز ئوقۇغۇ-
چىلارغا بىلىم بەرگۈچىلا ئەمەس، ئەدەپ، گۈزەللىك، مەدەنىيەت-
لىك بولۇش تەربىيىسىمۇ بەرگۈچى - دە.

— ماڭا دىققەت قىلىپسىز ـ ھە؟

— دىققەت قىلماي··· ئۆزىڭىزمۇ قاملاشقان ئادەمتىكىز، مانا ئەمدى ياش يىگىتلەردەك بولۇپ قالدىڭىز.

شۇنىڭدىن كېيىن قەمىردىن يوشۇرۇن ئوي ـ خىيال، ئارزۇ ـ ئارمانلىرىدىن ئۈمىدلىنىپ قالدى. كاللىسىغا شېرىن خىياللار كىرىۋېلىپ، ئارام بەرمەيدىغان بولدى، ئويلىمىغان ئويمۇ قالمىدى: «نېمىشقىمۇ ئۆيلەنگەندىمەن، — دېگەن ئۆكۈنۈشلەرمۇ بولدى ئۇ، — بىر بالىسى بولسا نېمە بولاتتى··· توختى بوۋاي: بۇ ئۆمۈر — پۇشايمانلىق ئۆمۈر، دەيدىغان، راست شۇنداق ئىكەن··· ئارمانغا يەتكىلى بولماسمۇ؟ دۇرۇس، نۇرغۇن ئادەملەر ئارمانلىرىغا يېتەلمەي قاقشاپ ئۆتكەن، ئەمما يەتكەنلىرىمۇ بولغان. مەنمۇ يېتىپ قالسام ئەجەب ئەمەس. بىراق مېنىڭ···»

※ ※

ئىككى ئايلىق يازلىق تەتىل ئاخىرلىشىپ ئوقۇتقۇچىلار مەكتەپكە يىغىلغان كۈنىنىڭ ئەتىسى، لەھەلبۈۋى:

— نېمىشقا ئايالىڭىزنى قويۇۋەتتىڭىز، قەمىردىن؟ — دەپ سورىدى ئۇنىڭدىن.

تۇيۇقسىز سورالغان سوئال قەمىردىننى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇ سەل دۇدۇقلاپراق جاۋاب بەردى.

— ئۇ··· ئۇ··· تۇغمىدى.

— يامان قىپسىز.

— تۆت يىلدىن بېرى بالا يۈزى كۆرمىسەم···

— بالا بېقىۋالسىڭىز بولاتتىغۇ؟

— قويۇڭا، خەقنىڭ بالىسىنى···

— كۆڭۈللۈك، ئىناق ئائىلىنى بۇزۇۋەتكەندىن بالا بېقىۋال-

غان ياخشى ئەمەسمۇ؟
— بالىسىز ئۆي كۆڭۈللۈك بولمايدىكەن، «بالىلىق ئۆي
بازار، بالىسىز ئۆي مازار» دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن.
ئادەمدە غەيرىي ئوي پەيدا بولغاندا، ئۇ ھەرقانداق مۇستەھ-
كەم ئائىلىنىمۇ بۇزۇۋېتىدىغانلىقىنى لەھەلبۇۋى خىيالىغىمۇ
كەلتۈرمەيتتى. ئۇنىڭ خىيالىغا قەمىردىنىنىڭ ئائىلىسىنى بۇزۇ-
ۋەتكەنلىكىگە ئىچ ئاغرىتىشلا كىرىۋالغانىدى.
— ئايالىڭىز بىلەن توي - تۆكۈن، نەزىر - چىراغلاردا بىللە
بولۇپ قالاتتۇق، — لەھەلبۇۋىنىڭ ئۇزۇن كىرپىكلىرىدە، ئويې-
چان كۆزلىرىدە قايغۇلۇق ئۇچقۇنلار پىلدىرلايتتى، — ئاق كۆ-
ڭۈل، ساددا ئايال ئىدى، پۈتۈن ئايالالار: «ئۆزى ئوڭلۇق،
ئادەمگە يۇقۇشلۇق چوكان» دەپ تەرىپىنى كۆپ قىلىدىغان،
بىچارە...
لەھەلبۇۋىنىڭ قايغۇرۇپ، ئىچ ئاغرىتىپ ئېيتقان سۆزلىرى
قەمىردىنگە بىرقىسما تۇيۇلدى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق دەيدۇ؟ كۆ-
ڭۈلگە كېلىدىغان، ئەندىشە سالىدىغان گەپلەرنى قىلىدۇ؟...
لەھەلبۇۋىنىڭ قەمىردىنگە قىلغان سەمىمىي مۇئامىلىلىرى، ئۇ-
نىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈن جان كۆيې-
دۈرۈپ تۆككەن تەرلىرى، ئۇنى ئىلھاملاندۇرۇپ، كۆڭلىنى كۆ-
تۈرۈپ ئېيتقان سۆزلىرى، چىن دىلىدىن كۆيۈنۈشلىرى ئۇنىڭغا
خۇددى ئۆز مەيلىنى بىلدۈرۈۋاتقاندەك تۇيۇلغانىدى. ئەمدى كۆ-
ڭۈلگە غەشلىك سېلىپ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقىنى نېمىسى؟ «ئايال-
لارنىڭ ھەممىسى شۇنداق بولىدۇ، نېمىگىلا بولسا ئىچ ئاغرىتىپ
تۇرىدۇ. بۇ كۆڭلىنىڭ تازا چوڭقۇر يېرىدىن چىققان گەپ ئە-
مەس، — دەپ ئۆز - ئۆزىگە تەسەللى بېرىشكە باشلىدى ئۇ، —
ئۆز ۋاقتىدا شەرۋانىخىنىدەم مۆردۈن ئەللىكبېشىغا ئۆچ ئىدى،
بىر قېتىم ئۇنى بالا ئارىسىغا كىرىپ، نۇرغۇن خەقنىڭ ئالدىدا
غالچىدىن - غالچىغا سېلىپ راسا تىللىغان، كېيىن ئۇنىڭغا

تېگىۋالدىغۇ...»

قەمىردىن لەھەلبۇۋگە كۆيۈپ قالغانىدى. كۆنلەرنىڭ ئۆتۈ-شى بىلەن ئۇنىڭ كۆيىۈكى خىۇددى تېزەككە چىۇشىكەن ئوت ئاستا - ئاستا يېنىپ كەتكەندەك لاۋۇلداپ يېنىشقا باشلىدى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا بارغانسېرى نازاكەتلىك، گۈزەل كۆرۈنگىلى تۇردى. قەمىردىن مەيلى قەيەردە بولسۇن، ئۇنىڭغا كۆزى چۈش-سىلا بەدەنلىرىنىڭ ئوت ئېلىپ كېتىدىغانلىقىنى، گەپ قىلسا گەپلىرىنىڭ قولاشمايدىغانلىقىنى ھېس قىلاتتى. ئەمما ئۇ ئۆزىگە قاراپ قويسا، يېنىپ كەتكەن مۇھەببەتلىك كۆزلىرى بىلەن مەق-سەتلىك قاراۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. شۇنداق قىلىپ، ئۇ قەمىردىن-نىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمايدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنى كۆرمىگەن چاغلاردا — ئۆز ئۆيىدە ياكى بۆلۈمىدە بولسۇن، كۆزىنى يۇمغان ياكى ئوچۇق پەيتتە بولسۇن — پىكىر - خىيالى ئۇنىڭ كېلىشكەن قىياپىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈش، تەسەۋۋۇر قىلىشتىن خالىي بولمايتتى.

ئۇ لەھەلبۇۋگە ئۆز مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشنى، ئىزھار قىلىشقا جۈرئەت قىلسىلا بۇنىڭ ھېچبىر يامان يېرى يوقلۇقىنى، تۇل ئايالغا كىمنىڭ بولسىمۇ گەپ قىلىشى ئورۇنلۇقلۇقىنى، ئەيىب سانالمايدىغانلىقىنى ئويلايتتى. شۇڭا، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن بۆلۈمدە يالغۇز قېلىشنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتەتتى (يالغۇز قالغان چاغلىرىمۇ بولغان). بىراق ئېغىز ئاچالمايتتى، ئۆز - ئۆزىدىن بۇرۇقتۇرما بولۇپ يۈرەتتى. ئۆيىگە بارمىسىمۇ بولاتتى (بىر - نەچچە قېتىم بارغان)، ھازىر بېرىشقا جۈرئەت قىلالمايتتى. مۇھەببەت سەۋدالىقىدا قالغان ئادەم نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ دەي-سىز: ئۇ تۇرۇپلا ئۆزىنىڭ لەھەلبۇۋى بىلەن يىگىت چاغلىرىدا ئۇچرىشىپ قالمىغىنىغا پۇشايمان يەيتتى: «ئەگەر ئۇچرىشىپ قالغان بولسام، ئابدۇسالامغا قارىغاندا، ئەلۋەتتە مېنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى تۇرغان گەپ ئىدى» دەپ ئازابلىق خىياللاردا

تولغىناتتى. ئۇنىڭ خىياللىرىدا ئابرۇيپەرەسلىكمۇ يوق ئەمەس ئىدى: «ئۇ تۇل، مەن خوتۇنۇمنى قويۇۋەتتىم، ئەمدى ئالسام، خېلى ـ خېلى ئادەملەرنىڭ قولى يەتمىگەن پەرىنى ئالغان بولمەن، ھەممە ئادەم ھەيران قالىدۇ، ھەممە ئادەم ماڭا قايىل بولىدۇ: ‹پاھ، قاراڭلار ئۇ كىمگە ئىگە بولدى› دېيىشىدۇ.»

غايىبانە لەززەتكە چۆمۈلۈپ يۈرگەن قەمىردىن: «قانداق قىلسام بولار، مۇھەببىتىمنى ئۇنىڭغا قايسى يوللار بىلەن ئىزھار قىلارمەن؟» دېگەن بۇرۇقتۇرمىلىق، جۇرئەتسىزلىكلەر بىلەن بىر نەچچە ئاينى ئۆزىتىۋەتتى. ئاخىر ئۇ خەت يېزىش، يۈزمۇيۈز دېيىشكە پېتىنالمىغان گەپلىرىنى خەتتە بايان قىلىش قارارىغا كەلدى. بۇ ئۇسۇل ئۇنىڭغا باشقا ھەرقانداق ئۇسۇللاردىن ئەۋزەل بىلىندى ـ دە، تىترىگەن قوللىرى بىلەن خەت يېزىشقا ئولتۇردى. بىراق، ئۇ سۆيگۈ خېتىنى يازماق ناھايىتى مۇشكۇل ئىش ئىكەنلىكىنى دەرھال سەزدى. مۇشكۇل بولسىمۇ، قىينىلىپ يۈرۈپ يازدىيۇ، يازغانلىرى ئۆزىگە ياقمىدى. شۇنداق يارىماس خەت ئالتە قېتىم يېزىلىپ، يىرتىپ تاشلاندى. ئۆزىگە ياقمىغان خەت ئۇنىڭغا قانداق يارىسۇن! ئۇ خەتنى لەھەلبۈۋى قايىل بولغۇدەك، ئوقۇپلا ئېرىپ كەتكۈدەك يازماقچىدى، لېكىن خەتلىرى شۇنداق چىقمايۋاتاتتى. شۇنداق چىقمىسا نېمە ئامال، ئۆزىنى مىڭ بىرنى تىللىسىمۇ پايدىسى يوق ـ دە!

ھەر ھالدا يەتتىنچى قېتىملىق خېتى ئۆزىگە يايراپ قالدى. خېتىنى: «كۈندۈزى ئارام يوق، كېچىسى ئۇيقۇ» دېگەن شېئىرى گەپلەر بىلەن باشلاپ، ئاخىرىنى: «سىزگە ئىگە بولالمىسام تۇرمۇشۇم لەززەتسىز ئۆتىدۇ» دېگەن تەسىرلىك سۆزلەر بىلەن ئاخىرلاشتۇردى ـ دە، ئەپلىك پۇرسەتنى تېپىپ ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزۇپ قويدى.

قەمىردىن خەتنى بەرگەن چاغدا، «ئۆيىڭىزگە بارغاندا ئوقۇڭ!» دېگەنىدى. لەھەلبۈۋى يول بويى: «بۇ نېمە خەتتۇر،

كىمنىڭ خېتىدۇ، نېمىشقا ئۇ بىرقىسما بولۇپ قوللىرى تىترەي-
دۇ؟» دەپ ئويلاپ ماڭدى. نەۋاقتا ناھىيىگە يىغىنغا بارغان
چېغىدا، قايسىدۇر بىر مەكتەپنىڭ مۇدىرى ئۇنىڭ كەينىگە كىرد-
ۋېلىپ، ئاتايىن سۈركىلىپ ئۇنى خېلى ئاۋارە قىلغانىدى. قە-
مىردىنىڭ بەرگەن بۇ خېتى «شۇنىڭ خېتىمىدۇ؟» دېگەن قى-
ياسلارنىمۇ قىلدى، مۇشۇ يېقىندىن بېرى پەخىردىن شاڭيۇنىڭ
چوڭ ئوغلى ئۇنىڭ ئۆيىنى ئەگىيدىغان بولۇپ قالغانىدى ياكى
«شۇنىڭ خېتىمىدۇ؟» دېگەن پەرەزلەرنىمۇ قىلدى ئۇ. ئاشۇنداق
مەزمۇندىكى خەت بولمىسا، ئۇ نېمىشقا تىترەپ ئوڭايسىزلىنىدۇ،
ھەتتا يۈزۈمگە قاراشقىمۇ پېتىنالمايدۇ؟...

لەھەلبۇۋى ئۆيىگە كەلدى ـ دە، خەتنى ئېچىپ ئالدىراپ
ئوقۇدى. ئوقۇپلا سۇلتىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئاپئاق يۈزىگە،
ئويچان كۆزلىرىگە ھەيرانلىق، ئالاقزادىلىك ئالامەتلىرى ئوقچۇپ
چىقتى. چۈنكى ئۇ قەمىردىنىڭ ئۆزىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىپ
خەت يېزىشىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرمىگەنىدى. «تووا، — دەپ
ياقىسىنى تۇتتى لەھەلبۇۋى كۆزلىرىنى بىر نۇقتىغا تىككىنىچە
ئويلىنىپ، — ئۇ خوتۇنىنى تويۇقسىزلا نېمىشقا قويۇۋەتكەندۇ،
دېسەم، بۇنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىكەن ـ دە... ھەي ئەخمەق قەمىر-
دىن، ھەي ئەخمەق قەمىردىن، ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق،
ئىسسىق ئۇۋىسىنى بۇزۇپ دۇمباق چالغان قەمىردىن، شۇنچە
زور ئىشقىمۇ تەۋەككۇل قىلغان بارمۇ، بۇ قىمارۋازنىڭ تەلەي
سىنايدىغان ئويۇنىغۇ؟...»

ئەتىسىدىن باشلاپ قەمىردىن لەھەلبۇۋىگە قارىيالماي قال-
دى. بىراق لەھەلبۇۋى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، ئۇنىڭدىن خەت
ئالمىغاندەك، بۇرۇن قانداق بولسا شۇنداق تەمكىن، مەغرۇر،
خاتىرجەم يۈرەتتى. قەمىردىن ئۇنىڭغا يەر تېگىدىن تۇيدۇرماي
قارىماقچى بولاتتىيۇ، پەرەڭدەك قىزىرىپ، يۈرىكى سېلىپ كې-
تەتتى. خۇددى كەچۈرگۈسىز گۇناھ ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك

بېشىنى يەردىن ئالالمايتتى، ئوڭايسىزلىناتتى. كۆنلەر مۇشۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. لەھەلبۇۋى بىرنېمە دەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. بۇ ھال قەمىردىنىنىڭ ئىچىنى پۇشۇردى، تىت — تىت قىلدى ۋە ئازابقا قويدى. ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپمۇ كەتتى. قىزىرىش، ئوڭايسىزلىنىش، يەردىن بېشىنى ئالالماسلىقلار، ئەيمىنىش، قورۇنۇشلاردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. خەت يېزىلغاندىكەن، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىشى كېرەك ئىدىغۇ... «ئايال ئەمەسمۇ، — دەپ ئويلىدى قەمىردىن، — بىر خەت بىلەنلا ماقۇل دېيىش ئۇنى ئىزا تارتقۇزۇپ قويۇشى مۇمكىن، ‹ئاران تۇرۇپتىكەن دەپ ئويلاپ قالىدۇ›، دەپ ئويلاۋاتقاندۇ، ئۇنىڭ ھەرىكەت، قىياپەت، مۇئامىلىلىرىدە باشقىچە ھالەت كۆرۈلمىدىغۇ، يەنە بىر پارچە يازاي، چوقۇم ماقۇل دەيدۇ».

ئۇنىڭ ئۈمىد - ئارزۇلىرى، شېرىن خىياللىرى يالقۇنجاپ، يۈرەك ئۇرۇشلىرى ئېتتىكلەپ، يۈز - كۆزلىرىدە ئىشەنچ، تەبەسسۇم ياندى. ئۇ قاتتىق ھاياجاندا ئىككىنچى قېتىملىق خېتىنى يېزىشقا ئولتۇردى. بۇ قېتىمقى خېتىنى قانداق باشلاشنى، قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىنىپ ئولتۇرغاندا، قايسىدۇر بىر چاغدا بازاردا چېچىنى ياستىتىۋېتىپ، ۋات - ۋات ساتىراشتىن ئاڭلىغان: «ئۇستىرا كاپ بىلەن، خوتۇن لاپ بىلەن»، «چاقنىڭ ئېتتىك ئايلىنىشى ئۈچۈن ماي لازىم بولغاندەك، خوتۇنلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈش ئۈچۈن ماختاپ - ئۈچۈرۈش كېرەك» دېگەن گەپلىرى يادىغا كېلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ خەتنى لەھەلبۇۋىنىڭ مىجەز - خاراكتېرى، ئېسىل پەزىلەتلىرىنى ئاشۇرۇپ - ئۈچۈرۈپ ماختاپ يازدى. «مېنى شۇنچىلىك چۈشىنىدىغان ئادەممۇ بار ئىكەنغۇ، دەپ قالسۇن، خۇشاللىقتىن ئېرىپ كەتسۇن» دەپ كۆپتۈرۈپ يازدى. لېكىن بۇ قېتىمقى شۇنچە ئۈمىد باغلىغان خېتىمۇ جاۋابسىز قالدى. يەنە ئون نەچچە كۈن ئۆتۈپ كەتتى. خەتلىرىنىڭ جاۋابسىز قېلىشى بۇ يولدا مەيدانغا

چىققان قەمىردىننىڭ يىقىلغانلىقىدىن بېشارەت بېرىۋاتسىمۇ، ئۇ يەنە تەن بەرمەي، ئۇچىنچى قېتىملىق خېتىنى يازدى. ئۇ بۇ قېتىملىق خېتىدە لەھەلبۇۋىنىڭ نامرات دېھقانلارنىڭ بالىلىرىغا قىلغان ئىقتىسادىي ياردەملىرى، ئۆزىنىڭ ياخشى ئوقۇتقۇچى بولۇشىغا كۆرسەتكەن كۆيۈمچانلىقلىرى، بۇنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايدىغانلىقى، ئۆزىنىڭ ئۇنى مەڭگۈ ھۆرمەتلەپ ئۆتىدىغانلىقى ۋە ئاخىرىدا ئىككىسىنىڭ بىر ياستۇققا باش قويۇشقا قوشۇلۇشىنى زارىقىپ كۈتۈۋاتقانلىقىنى ئىزھار قىلدى.

«قەمىردىننىڭ خېتىگە جاۋاب بەرمىسەم، ئۆزلۈكىدىن بېسىلىپ قالار، مەيلى يوق ئىكەن دەپ بىلەر» دېگەن ئويلاردا بولغان لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ ئۇچىنچى قېتىملىق خېتىنى ئالغاندىن كېيىن، ئەمدى ئوچۇق جاۋاب بەرمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ بىر كۈنى قەمىردىننىڭ بۆلۈمدە يالغۇز قالغان پەيتىدە، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئوچۇق دېدى:

— قەمىردىن، سىزمۇ بىلىسىز، ھاياتتا بىر ئەرنىڭ بىر ئايالنى ياكى بىر ئايالنىڭ بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى ئادەتتە ئۇچراپ تۇرىدىغان ئىش. لېكىن ئىككىنچى ئادەمدە شۇنداق ھېسسىيات قوزغالمىسا، ئۇنىڭ ئۈمىدى، ئارمىنى ئۈمىد، ئارمان بولۇپ قېلىۋېرىدۇ، ماڭا بىرنەچچە پارچە خەت يازدىڭىز، سىزگە رەھمەت... ئەمدى ئۈمىدىڭىزدىن كېچىڭ، مەن ئىككىنچىلەپ تۇرمۇشقا چىقمايمەن، تۇرمۇشقا چىقىش خىيالىمدىمۇ يوق.

— ئۇنداق دېمەڭ، — دېدى قەمىردىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىز تېخى ياش، ئەمدىلا ئوتتۇزغا كىرگەنسىز...

— يىگىرمە ياش بولسامۇ، شۇنداق ئويدىمەن.

— ئۆزىڭىزنىڭ ياشلىق گۈلىڭىزنى ئۆزىڭىز توزۇتامسىز؟

— مېنىڭ ياشلىق گۈلۈم ئاللىقاچان توزۇپ بولغان... بولدى، ئۇ ئىشلارنى ئېسىمگە سالماڭ.

— كىشىگە ئۆمۈر...

— قەمىردىن! — دېدى لەھەلبۈۋى ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ ھەم ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ جىددىي تۇستە، — خىزمەتتە سىز مېنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلىپ كەلگەنىدىڭىز، تۇرمۇشتىمۇ مېنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلىشىڭىزنى سورايمەن.

— خىزمەت دېگەن باشقا بىر ئىش ئىكەن، تۇرمۇش، سۆيگۈ دېگەنمۇ باشقا بىر ئىش ئىكەن...

— مېنىڭ پىكىر - مەسلىھەتلىرىمنى قوبۇل قىلاي دېسىڭىز، ياخشىسى، ئايالىڭىز بىلەن يارىشىۋېلىڭ.

— بۇ نېمىدېگىنىڭىز، تۇكۇرۇۋەتكەن تۇكۇرۇكنى ئەمدى قانداق ئېغىزغا ئالغىلى بولىدۇ؟

— ئۇ تۇكۇرۇۋەتكەن تۇكۇرۇك ئەمەس، قەستەن ئۇۋال قىلىنغان، ئازار يېگەن بىچارە... ئالدىغا بېرىڭ، يېلىنىڭ، كەچۈرۈم سوراڭ.

— ئۇ ھازىر مەندىن نەپرەتلىنىپ يۈرۈۋاتسا...

— ئەمىسە پۈتۈن يۇرت، ئەل - جامائەت ئالدىدا مېنىمۇ نەپرەتكە قالسۇن دەيدىكەنسىز - دە؟

ئۇ ئۈنچىقمىدى.

— سىز بۇ ئىشتا خاتا قىلدىڭىز، قەمىردىن، نەپرەتكە قالغىنىڭىز راست، ئەمما چىن كۆڭۈلدىن سورالغان كەچۈرۈم ھەرقانداق كۈچلۈك نەپرەتنىمۇ يېڭىپ كېتىشى مۇمكىن.

— ياق، مەن قىلغان ئىشىمدىن ھەرگىز پۇشايمان يېمەيمەن، نىيىتىمدىنمۇ ھەرگىز يانمايمەن.

دەرسكە تەييارلىق قىلىش ۋە دەرس ئۆتۈشتە ئۇنىڭدىن يول-يورۇق سوراپ تۇرىدىغان، ئۇنىڭ دېگەنلىرىنى مۇلايىملىق بىلەن ئاڭلايدىغان قەمىردىن بۈگۈن باشقىچە بىر قەمىردىگە ئايلىنىپ قالغانىدى:

ئۆمرىدە ئاز ئاچچىقلانغان لەھەلبۇۋنىڭ بوگۈن يەنە بىر قېتىم تازا ئاچچىقى كەلدى:

— نىيىتىڭىزدىن ياناممىز ـ ياناممىز، مېنىڭ نېمە ئىد-شىم، سىزگە بېرىدىغان جاۋابىمنى بېرىپ بولدۇم!

لەھەلبۇۋى شۇنداق دېدى ـ دە، كىتاب ـ دەپتەرلىرىنى يىغىشتۇرۇپ بۆلۈمدىن تېز چىقىپ كەتتى.

※ ※

لەھەلبۇۋى بۆلۈمدىن چىقىپ، ناھايىتى ئۇن بەش ـ يىگىر-مە قەدەم ماڭغا ـ ماڭمايلا ئۆزىنىڭ قاتتىق ئاچچىقلانغىنىغا ئۆكۈ-نۈپ قالدى: «مەن بىر تۇل ئايال، — دەپ ئويلىدى ئەستايىدىلل-لىق بىلەن ئۇ، — كىمنىڭ ماڭغا كۆزى چۈشسە خەت يازىدۇ، تەكلىپ قويىدۇ ياكى كىشى كىرگۈزىدۇ. بۇ كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان نورمال ئىش. بۇ ئۇلارنىڭ كۆڭلى، ئارزۇسى، ئۆز ھوقۇقى، ئەيىبلىك ئىش ئەمەس. شۇڭا خاپا بولماسلىقىم، ئاچچىقلانماسلى-قىم، مۇئامىلەمنى ئۆزگەرتمەسلىكىم كېرەك. ئۇنداق بولمىسا كىشىلەر ھەر خىل خىياللاردا بولۇشى، بۇلار بۇرۇن يېقىن ئۆتەتتى، ھازىر مۇناسىۋىتى سوۇسلاپ قالدىغۇ، ھەي، بۇنىڭدا بىر يوشۇرۇن سىر بار، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. كىشىلەردە گۇمان پەيدا بولغانىكەن، ھەر خىل سۆز ـ چۆچەكلەرنىڭ تېرىلى-شىمۇ مۇمكىن. قوپاللىق قىلسامۇ دېگۈلۈكنى دەپ بولدۇم. بۇنىڭدىن كېيىن، بۇرۇن قانداق يۈرگەن بولسام، شۇنداق يۈرۈ-شۇم، كىشىلەرنى ئويغا سالىدىغان ئىشلارنى قىلماسلىقىم كې-رەك».

لەھەلبۇۋى بۇرۇن قانداق يۈرگەن بولسا، شۇنداق، ئارىدا ھېچقانداق كۆڭۈلسىزلىك ئۆتمىگەندەك يۈرۈۋەردى. لېكىن قە-مىردىننىڭ دەردى ئىچىدە قالدى. ھېسسىياتىغىچە دىققەت قىلغان

ئادەم ئۇنىڭ چىرايىغا، يۇرۇش ـ تۇرۇشىغا قانداقتۇر بىر ئازاب،
مەيۇسلۇكنىڭ يېپىشقانلىقىنى سېزەلەيتتى. ئىشق ـ مۇھەببەت
قارشىلىقىقا، رەددىيىگە ئۇچرىسا، ئۇنىڭ سۇسلاپ كېتىشىدىن
كۆرە، تېخىمۇ ئۆرلەپ كېتىدىغانلىقى راست. ئۇنىڭ بىرەر قائىد-
دە ـ ئۆلچەمگە سىغمايدىغانلىقى، پىكىر ـ نەسىھەتنى ئاڭلىمايدى-
غانلىقى ۋە ئۇنىڭغا ئەقىللىقلىق، ئەقىلسىزلىق دېگەن تامغىلارنى
بېسىشقا بولمايدىغانلىقىمۇ ئېنىق. قەمىردىنىنىڭ لەھەلبۇۋىگە ياذ-
غان مۇھەببىتى ئاشۇ خىل رەددىيىگە ئۇچرىغاندىن كېيىن، تې-
خىمۇ لاۋۇلداپ يانغىلى تۇردى. كۈندۈزلىرى ئىش خۇشياقمى-
غان، كېچىلىرى ئۇيقۇسى قاچىدىغان، قويغان ـ ئەتكىنىنى
بىلمەيدىغان بولۇپ قالدى. پۈتۈن ئەس ـ يادى لەھەلبۇۋىدە
بولۇپ، كۆز ئالدىدىن بىردەممۇ نېرى كەتمەيتتى. كېچىلىرى
چارچاپ ئۇخلاپ قالسا چۈشىدىن چىقمايتتى. «ئۇ بەربىر ئەرگە
تېگىدۇ، بىرى ئالىدۇ، ئۇنىڭغا تەئەللۇق بولىدۇ، — دەيتتى
ئۇ تولغىنىپ، — ‹مۇشۇ مەھەللىدە مەن بىر› دەپ يۈرگەن
ئادەم تۇرۇپ ئالالمىدىم، قېنى، مېنىڭ ئەرلىكىم؟... باشقا بىرى
يۇلۇپ ئەكەتسە، چىداپ تۇرامدىم؟... ياش جۇۋانلارنىڭ ئاجىزلى-
قىنى بىلىمەن، ئۇنىڭغا يېقىنلىشالىسام، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلىرىنى
تۇتسام ئۇ چوقۇم بىھوش بولىدۇ، ئۆزۈندىن بېرى ئەر سېغىنىپ
يۈرگەن ئايال چوقۇم ماڭا ئىختىيارىنى تاپشۇرىدۇ... ئەمدى شۇن-
داق پەيتنى تېپىشىم كېرەك».
قەمىردىن ھەركۈنى كەچقۇرۇنلۇقى لەھەلبۇۋىنىڭ ئۆيىگە
كىرىمەن، ئۇنىڭ بىلەن يۈزمۇ يۈز سۆزلىشىمەن ۋە ئۇنى بىھوش
قىلىمەن، دېگەن نىيەتتە ئۆيىدىن چىقاتتى، لېكىن ئىشىكى ئال-
دىدىن بىر ئۇياققا ئۆتۈپ، بىر بۇياققا ئۆتۈپ، كىرىشكە جۈرئەت
قىلالماي قايتىپ كېلەتتى. ئۆيىگە كىرىپلا جۈرئىتى قوزغىلىپ،
كىرەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلاتتى. ئۆيدە يالغۇز ئولتۇرغاندا ياكى
كۆزىنى يۇمۇپ ياتقاندا قىلغان شېرىن خىياللار، ئويلىغان ئۇمىد-

ۋار ئويلارنى ئەمەلىيەتتە كۆرستىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى
ئۇ ئەلەم بىلەن ھېس قىلىپ قالدى. «مەن شۇنچىلىك ئاجىزمۇ،
قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان، جۈرئەتسىزلىكنى يېڭەلمەيدىغان بو-
شاڭ ئەرمۇ؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ بىر كۈنى، — ئوغرىمۇ: ‹خۇدا
ماڭا ئاسانلىق بەرگەيسەن›، دەپ كىشىنىڭ مۈلكىگە جۈرئەتلىك
بىلەن چاڭگال سالالايدىيۇ، — مەن نېمىشقا توپتوغرا، ھېچقانداق
ئەيىبى يوق ئىشقا دادىل قەدەم باسالمايمەن؟ خۇددى جىنايەت
ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك يۈرەكسىزلىنىپ يۈرىمەن؟»
قەمبەردىننىڭ ئۆزىنى ئەيىبلەشلىرى ئۆزىگە مەدەت بەردى.
ئاخىر ئۇ لەھەلبۇۋۋىنىڭ ئۆيىگە كىرىشكە جۈرئەت قىلدى. لەھەل-
بۇۋى قىزىنى ئۇخلىتىپ قويۇپ، سارايدا ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپ-
شۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈپ ئولتۇراتتى. قەمبەردىننىڭ چىر-
رايىدا ئوڭايسىزلىنىش، بىر خىل يېقىمسىز ھاياجانلىنىش
ئەكس ئېتىپ تۇراتتى، ھەرىكەتلىرىمۇ قولاشمايتتى. لەھەلبۇ-
ۋى، چىرايىدا ئاشۇ خىل ئالامەتلەر ئەكس ئەتكەن، ئەل ياتقاندا
كىرگەن قەمبەردىندىن ئەنسىرەپ قالدى ـ دە، ئۆزىدە قورقۇش
ۋە پەرىشانلىقنىڭ پەيدا بولغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى.
قەمبەردىن خەتتە يازغان گەپلىرىنى دۇدۇقلاپ تەكرارلاپ
چىقتى. ئۇنىڭ بۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىدە بىچارىلىك، يېلى-
نىش ئىپادىلىنىپ، بېشىنى يەردىن ئالماي سۆزلىدى. لەھەلبۇ-
ۋى ئۆزىنى بېسىپ، ئەمدى بۇ ئىشنى ئېغىزغا ئالماسلىقنى ئۆتۈن-
دى. لېكىن قەمبەردىن نىيىتىدىن ياندىغاندەك ئەمەس ئىدى.
لەھەلبۇۋىمۇ گېپىدە چىڭ تۇردى. شۇ خىل تەكرارلىنىشلاردىن
كېيىن:
— راستىمنى ئېيتاي، — دېدى قەمبەردىن ئۇنىڭغا تىكىلىپ
تۇرۇپ، — مەن ئايالىمنى سىزنى دەپ قويۇۋەتكەن.
ئەمما لەھەلبۇۋىنىڭ چىرايىدا ئۇ ئۈمىد قىلغاندەك ئىپادە
كۆرۈلمىدى. چۈنكى، ئۇ بۇنى ئاللىقاچان ئويلاپ تېگىگە يېتىپ

بولغانىدى.
— بۇ ئەلۋەتتە ئۆز ئىشىڭىز، مەن سىزگە قويۇۋېتىڭ دېمە-گەن، ئۇنداق ئىپادىمۇ بىلدۈرمىگەن.
— لېكىن سىزگە بولغان مۇھەببىتىم قويغۇزۇۋەتكەن.
— شۇنداق قىلغىنىڭىزغا شۇ چاغدىلا ئېچىنغانىدىم، هازىر-مۇ ئېچىنىمەن.
— مەن سىز «ياق» دېگۈدەك نېمە ئەيىبىم بارلىقىنى هېچ بىلەلمىدىم، ئېيتىڭە، يا باشقا سەۋەب بارمۇ؟
— سىزنى ئەيىبى بار دېگىنىم يوق، مەن ئەمدى تۇرمۇشلۇق بولمايمەن، ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزۈملا بىلىمەن.
راست، لەھەلبۇۋى تۇرمۇشتا بىر قېتىملىق بەختسىزلىككە ئۇچرىغاندىن كېيىن، «ئەمدى تۇرمۇشلۇق بولمايمەن، دۇنيادىن يالغۇز ئۆتۈپ كېتىمەن» دەپ قارار قىلغان، مۇبادا قاراردىن يانغان تەقدىردىمۇ، قەمىردىنگە هەرگىز ياتلىق بولمايتتى. كى-شىلەر نېمە دېمەيدۇ، ئەلنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولامدۇ، ئەمدى ئۆزىنى بۇلغىسۇنمۇ... ئۇنىڭ قاراردىن يېنىش ئويى بول-مىغاچقا، بۇ گەپلەرنى قەمىردىنگە دېيىش هاجەتسىز ئىدى. مۇ-شۇنداق كېچىدە تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە قەمىردىننىڭ كىرىپ كېلىشى لەھەلبۇۋىنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈردى:
— سىز ئاڭلىق ئادەم، ئوقۇتقۇچىسىز، — دېدى لەھەلبۇۋى مۇلايىملىق بىلەن، — مۇشۇ كېچىدە كىشىلەر كۆرسە، نېمە دېمەيدۇ؟... سىزگە ئۇيات بولمىغىنى بىلەن ماڭا ئۇيات، ياخشى-سى، ئۆيدىن چىقىپ كېتىڭ.
قەمىردىن بېشىنى سىلىپ سۈلتىيىپ ماڭدى. ئىشىكنىڭ تۇۋىگە كەلگەندە كەينىگە بۇرۇلدى ـ دە، ئۆزىنى ئۆزىتىپ چىقى-ۋاتقان لەھەلبۇۋىنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى يې-نىپ كەتكەنىدى.
— قولۇمنى قويۇۋېتىڭ، سەتلەشمەي، — ئۇ قولىنى سىل-

كىپ، يۇلقۇنۇپ تېپىرلىدى. قەمىردىن ئۇنى ئۆزىگە تارتتى ـ دە، مەڭزىگە سۆيمەكچى بولدى. لەھەلبۇۋى بېشىنى بۇرىدى، ئۇنىڭ قۇلىقىغا سۆيۈپ قالدى. لەھەلبۇۋى بوش كەلمەي قەمىر-دىنىڭ كاچىتىغا بىرنى سالدى. غەزەپ بىلەن ئۆرۈلگان كاچات قاتتىق تەگدى ئېھتىمالىم، ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەت-تى.

— ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەن يۈزسىز! — لەھەلبۇۋى جالاقلاپ تىترەپ كەتكەنىدى، كۆزلىرىدىن گويا ئوت چاچراۋاتات-تى. ئىشىكنى تېپىپ ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى، — چىق ئۆيدىن! ھېلى ۋارقىراپ پۈتۈن مەھەللىنى ئويغىتىۋېتىمەن... ئېرىپ قالدىمى-كىن دەمسەن؟ ئەبەدىلئەبەد ساڭا مۇزمەن! ۋۇي ئەسكى، شەر-مەندە!...

قەمىردىن ئالاقزادە بولۇپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. لەھەلبۇ-ۋى ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋالدى ـ دە، نېمە قىلىشىنى بىلەل-مەي، ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپلا قالدى. ئۇ تىترەيتتى، چىراي ئاقىرىپ كەتكەنىدى. ئەسەبىيلەشكەن ئادەمدەك بارماقلى-رى يۇمۇلۇپ كىرىشىپ كېتىپ باراتتى، كۆزلىرىدىن ئوت ياناتـ-تى. ئۆزىنى خورلىنىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن ئاجىزلىق، بىچارىلىك ئەمەس، غەزەپ ـ نەپرەت چاچ-راپ تۇراتتى.

بۇ ئىشنى بېسىۋېتىش، تىۋىشىنى چىقارماسلىق كېرەكمۇ؟ ئۇنىڭ ئويىغا دەرھال مۇشۇ سوئال كەلدى: «ياق، — دەپ ئويلىدى ئۇ،— دەيمەن، ھەممىسىنى دەيمەن!»

لەھەلبۇۋى ياغلىقىنىمۇ ئارتماي، پلاتىسىنىمۇ ساپماي، ئۆ-يىدىن چىقتى. ئەسلىدە ئۇ بېزا باشلىقىنىڭ ئۆيىگە بارماقچىدى، بىراق ئۇنىڭ ئۆزىگە سۇركىلىپ، قانات سۆرەپ يۈرگەنلىكىنى ئەسلەپ، يولىنى ئۆزگەرتىپ، مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئۆيىگە ماڭ-دى. بۇ چاغ ئېغىر ياتقۇ مەزگىلى بولۇپ، تۈن ئايسىز ھەم

سۈرلۈك ئىدى. يېقىنلا يەردە ئىت ھاۋشىۋاتاتتى. ئەنسىرەش، قورقۇش ئۇنىڭ ئېسىگىمۇ كەلمەيتتى، بەدەنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتكەن غەزەپ، خورلۇق ھەممە ئەنسىزلىكلەرنى ئۇنتۇلدۇرغانىدى.

ئۇ مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ، بىردىنلا ئۇنى ئويغىتىشتىن، بولغان ئىشلارنى تۆكۈشتىن يالتىيىپ قالدى: «مۇدىر ياخشى ئادەم، ماڭا ئېچىنىدۇ، ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىدۇ، — دەپ ئويلاپ قالغانىدى، ئۇ، — بىراق ئۇنىڭمۇ يېقىن ئادىمى — ئاغىنىسى باردۇ؟ ئايالى ئاڭلايدۇ، ئايالىنىڭمۇ سىرداش - مۇڭداشلىرى بولىدۇ، شۇلارغا ئېيتسا، يېيىلسا، نېمە بولىدۇ؟ مەن تۇل ئايال، تۇل ئايالنىڭ ئۈستىدىن سۆز - چۆچەك ئاسان تارقىلىدۇ. كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم ئاز، بەزىلەر ‹شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمامدۇ، ئۇنى ئۇمىدلەندۇرمىسە، ئۇ شۇنداق قىلاتتىمۇ› دېسە، قانداق قىلغۇلۇق؟ تېخى بەزىلەر ‹ساڭا تېگىمەن، دەپ خوتۇننى قويغۇزۇۋېتىپ، يالتىيىپ قالغاندۇ بەلكى› دەپ پەرەز قىلىشسا، پەرەزلەر ئېغىزدىن - ئېغىزغا ئۆتسە، بۇنىڭغا نېمە دېگۈلۈك؟ ئەلنىڭ ئېغىزىنى تۇۋاقلىۋالغىلى بولامدۇ؟...»

لەھەلبۇۋى كەينىگە ياندى، قورۇسىغا كىرىپ، ئۆي ئىشىكىنى ياپماي ماڭغانلىقىنى بىلدى. ئۇ نېرىقى ئۆيگە كىردى - دە، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان قىزىنى قۇچاقلاپ، ئىسەدەپ يىغلاپ كەتتى.

※ ※

قەمىردىن ئۆيىگە كەلگەندىمۇ ئۆزىگە كېلەلمىدى، بەدەنلىرى بوشىشىپ، ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلانغانىدى، چىرايىدىن ھېلى مەيۈسلۈك، پەرىشانلىق ئەكس ئەتسە، ھېلى غەزەپ - نەپرەت

ئەكس ئېتەتتى. قۇلاق تۈۋىدە: «يۈزسىز، چىق ئۆيدىن!»،
«ساڭا ئەبەدىلئەبەد مۇزمەن!»، «ئەسكى»، «شەرمەندە»، «يو-
قال» دېگەن هاقارەتلىك، قەهرلىك سۆزلەر جاراڭلاۋاتقاندەكلا
قىلاتتى. بىر كاچات يېگىنى يادىغا يەتسىلا، هېلىمۇ مەڭزلىرى
ئېچىشىپ، كۆزلىرىدىن ئوت يېنىپ كەتكەندەك بولاتتى. قەمىر-
دىن كۆزلىرىنى يېرىم ئېچىپ، قاياققىدۇر تىكىلدى. لەهەلبۇۋى
گويا شاخنىڭ ئۇچىدا — قەمىردىنىنىڭ قولى يەتمەيدىغان يەردە
مەسخىرىلىك كۈلۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. قەمىردىن: «ئۇ ماڭا
تەئەللۇق بولىدۇ، ئۇنىڭغا ئىگە بولىمەن» دەپ ئۈمىد قىلغان،
ئىشەنچىدىمۇ بولغان، لەهەلبۇۋى ئۆز ئاغزى بىلەن «قاملاشقان
ئادەم سىز، ياش يىگىتتەك كۆرۈنىسىز» دېگەن. مۇئامىلىلىرىمۇ
ئاشۇ دېگەنلىرىنى دەلىللەپ تۇرغان. لېكىن ئەمدى ئىش ئۇنداق
بولماي قالدى. گۈزەل ئوي - خىياللار، شېرىن هېس - تۇيغۇلار
ئالدامچى بولىدىكەن. قەمىردىن خىياللىرى، هېس - تۇيغۇلىرى-
غا ئالدانغانلىقىنى، لەهەلبۇۋىگە ئەمدى ئىگە بولغىلى بولمايدىغان-
لىقىنى ئېنىق هېس قىلدى. بۈگۈن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۇنى
شۇنداق يەكۈن چىقىرىشقا ئەكەلدى.
بىراق هازىر ۋاقىت يېرىم كېچىدىن هالقىغان بولسىمۇ،
قەمىردىنىنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ بەرمەيۋاتقان نەرسە ئۇنىڭدىن بىر
كاچات يېگەنلىكى: «نېمىشقا بىر كاچاتقا ئىككى كاچات ياندۇرال-
مىدىم؟ — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ پۇشايماندا تولغىنىپ، — شۇنداق
قىلغان بولسام، ئەلەم، هەسرەتتە تولغانماس ئىدىم، خەپ، لە-
هەل...» قەمىردىنىنىڭ پۈتۈن ۋۇجۇدىدا ئەلەم، ئۆچلۈك، قىساس
ئوتلىرى يېنىپ كەتتى: «مەن سېنىڭدىن شۇنداق ئۆچ ئالايكى،
— دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى قەمىردىن كۆزلىرىدىن غەزەپ
ئۇچقۇنلىرىنى چاچرىتىپ، — كۆرۈپ تۇر، ماڭا قىلغان -
ئەتكەنلىكىرىڭگە پۇشايمان قىلىشقا ئۈلگۈرەلمەي قالىسەن، دۇن-
ياغا كەلگىنىڭگە، ئايال بولۇپ يارىلىپ قالغىنىڭغا تووۋا قىلى-

شىڭنى، ئازابلىنىپ ئۆكۈنۈشۈڭنى شۇ چاغدا كۆرسەن! مەن بۇنى مۇنداقلا ئۆتكۈزۈۋېتىدىغان ئادەم ئەمەس».

لەھەلبۇۋىمۇ پۇشايماندا ئىدى. قەمىردىنىنىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسىنى ئۇققاندىن كېيىنمۇ، ئۇنىڭغا يەنە بۇرۇنقىدەك ئوچۇق ـ يورۇق، سەمىمىي بولۇپ، چىراي ئېچىپ يۈرگىنىگە، مۇئامىلىسىنى ئۆزگەرتمىگىنىگە ئۆكۈنمەكتە ئىدى. «ئادەمگەرچىلىكنى، كۆڭۈل ئاياشنى بىلمىگەن ئادەمگە قوپاللىق، يۈزسىزلىك قىلىش كېرەك ئىكەن، — دەپ ئويلىدى ئۇمۇ ئازابلىنىپ، — كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ، مۇشۇ خورلۇققا قالدىم، ئۆزۈمدىنمۇ ئۆتتى.» ئۇ بۆلۈمدە، كوچا ـ كويدا، مەيلى قەيەردە بولمىسۇن، ئەمدى قەمىردىنگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىشقا، يولى كەلگەندە دەككىسىنى بېرىپ قويۇشقا، ئىمكانقەدەر گەپ قىلماسلىققا، قارىماسلىققا قەسەم قىلدى.

قەمىردىن بىلەن لەھەلبۇۋىنىڭ مۇناسىۋىتىدە كۆرۈلۈۋاتقان يىرىكلىكتىن كىشىلەردە ھەر خىل گۇمانلار تۇغۇلدى. كۆپچىلىك بار يەردە گەپمۇ كۆپ بولىدۇ، ئويلاپ گەپ قىلىدىغانلارمۇ، ئويلىماي گەپ قىلىدىغانلارمۇ بولىدۇ. يامان يېرى، مۇنۇ ئىككى ئېغىز گەپنىڭ چىقىپ كېتىشى بولدى:

«قەمىردىن لەھەلبۇۋىنى ئالىمەن دەپ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ ـ ئوينىۋېلىپ ئەمدى ئالمايمەن دېگەچكە، لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا قارىماي يۈرىدۇ».

«قەمىردىن ئۇنى ئالىمەن دەپ خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، ئەمدى چوپچوڭلا قىزى بار خوتۇنىنى ئالاتتىمۇ، دەپ يېنىۋاپتۇ».

بەزىلەر قانداق مەقسەتلەر بىلەندۇر، بۇ گەپلەرنى ئېقىتماي ـ تېمىتماي لەھەلبۇۋىگە يەتكۈزۈپ قويىدى. لەھەلبۇۋى ئابدۇسالامدىن خورلانغان چېغىدىمۇ مۇنداق ئازابلانمىغانىدى.

ئايلار، يىللار ئۆتتى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلىنىپ، ناھىيىدىكى پۈتۈن ئوقۇتقۇچىلار بىر يەرگە جەم قىلىندى

ۋە بىر - بىرىنىڭ خاتالىق، كەمچىللىكلىرىنى پاش قىلىشقا ئۈيۈشتۇرۇلدى. پاش قىلىنغان مەسىلىنىڭ توقسان بەش پىر-سەنتى يالغان بولۇپ، بەش پىرسەنتى راست بولسا، ئۇنى قوبۇل قىلىش، «سۆزلىگۈچىدە ئەيىب يوق، ئاڭلىغۇچى ئىبرەت ئال-سۇن» دېگەنلەر پرىنسىپ قىلىندى. قەمبەردىن: «مانا ئەمدى پۇرسەت كەلدى» دەپ خۇش بولۇپ، ئويلىغىنىدەك لەھەلبۇۋىدىن ئۆچ ئېلىپ پۇخانىدىن چىقماقچى بولدى.

— مەن باينىڭ قىزى، ئوقۇتقۇچى دېگەن شەرەپلىك نامغا ئورۇنسىز ئېرىشكەن بولسام، لەھەلنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلىمەن، — دەپ چالۋاقاپ سەھنىگە چىقتى قەمبەردىن، — بىرىنچى، ئۇ پومېشچىكلارنىڭ پۇشتىغا يان باسقان. بەكرى شاڭ-يۇنىڭ نەۋرىسىگە ئۆتۈك ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويغان؛ ئىككىنچى، بۇ ئەسلىدىنلا بۇزۇق خوتۇن، بىزنىڭ يېزا باشلىقى بىلەن ئويناي-دۇ، مەن نەچچە قېتىم يېزا باشلىقىنىڭ ئۇنىڭ ئۆيىگە كېچىدە كىرىپ كېتىپ، سەھەردە چىققانلىقىنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-گەنمەن، يەنە شەھەردىن چىققان ياشلار بىلەنمۇ ئويناي دۇ، بۇنىمۇ كۆرگەنمەن؛ ئۈچىنچى، مەن ئايالىمنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، ماڭا «مېنى ئېلىڭ» دەپ يالۋۇرۇپ كەينىمگە كىرىۋالغان، مۇن-داق رەسۋا خوتۇننى ئالغىلى مېنىڭ بېشىمنى ھەرە چېقىۋالمى-غان، رەت قىلسام، ئۆزىچە ماڭا قارىماي، باشقىلارغا تېخى: «مېنىڭ كەينىمگە كىرىۋالدى» دەپ تۆھمەت قىپتۇ. يولداشلار، ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنىمىزغا كۆز بوياپ كىرىۋالغان بۇ تۆھمەتخور، بۇزۇقنى ئارىمىزدىن سىقىپ چىقىرايلى!

كۆپچىلىك چۇرقىرىشىپ: «جاۋاب بەر!» دېيىشىپ، لە-ھەلبۇۋىنى سەھنىگە چىقىرىپ قويدى. لەھەلبۇۋى كۆپچىلىكنىڭ تەلىپى بويىچە بايىقى ئىشلارغا جاۋاب بېرىپ، بەكرى شاڭيۇنىڭ نەۋرىسى توققۇز ياشلىق بالىنىڭ بىر قار ياغقان چاغدا يالاڭ ئاياغ مەكتەپكە كەلگەنلىكىنى، ئاغرىققا چېقىلىپ قالمىسۇن دەپ، كە-

چىڭ بالىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنىڭغا بىر چۆخەي ئېلىپ كىيگۈزۈپ قويغانلىقىنى؛ يېزا باشلىقىنىڭ بىر قېتىم ئۆيىگە كۈندۈزىدە كىرگەنلىكىنى، ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ ياخشى ئەمەسلىكىنى سېزىپ، «ئەمدى ئۆيۈمگە كىرمەڭ!» دەپ چىقىرىۋەتكەنلىكىنى؛ شەھەردىن ئۆزىنىڭ ئون تۆت ياشلىق بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئىككى - ئۈچ قېتىم چىققانلىقىنى؛ قەمىردىنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ئېيتقان گەپلىرىنىڭ پۈتۈنلەي يالغان ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ كېلىپ، سۆزىنىڭ ئاخىرىنى: «يۈزسىز ئادەملەر سىڭىنىڭ ۋە باشقىلارنىڭ تۇرماق، ئۆزىنىڭمۇ ئەقلىگە سىغمايدىغان تۆھمەتلەرنى ياساپ چىقالايدۇ» دەپ تۈگەتتى. لېكىن قەمىردىن كۆپسۈپ، بۇرۇنقى دېگەنلىرىنى سەمىرتىپ يەنە دەپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ جاھىللىقىغا قارشى كۆپچىلىكنى ئۇنىڭ بىلەن رەھىم قىلماي كۈرەش قىلىشقا چاقىردى. بىر قانچە كىشى ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ ۋارقىراشتى.

— قەمىردىنىڭ تۆھمەتلىرى ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى ۋە بىچارىلىكىنى كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ، — دېدى لەھەلبۇۋى ئۆزىمۇ بايقاپ يەتمىگەن تەمكىنلىكى بىلەن، — بىر دانا: «تۆھمەتنى سۆكمەن، دەپ ئاۋارە بولما، قانچە ئاۋارە بولساڭ، شۇنچە ئەدەيدۇ. ياخشىسى، گەپ ياندۇرماي جىم تۇر، شۇنداق قىلساڭ، ئۇ ئۆزلۈكىدىن سېسىپ تۈگەيدۇ» دېگەنىكەن، بىراق ئۇ تۇخۇمدىن تۈك ئۈندۈرۈپ، ئارام بەرمەي، جېنىمغا تېگىۋاتىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مۇنۇ گەپنىلا قىلىپ قوياي: ئادەملەر بىرىنى يامان كۆرگەنلىكى ئۈچۈنلا ئەمەس، ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، مەقسىتىگە يېتەلمىگەنلىكى ئۈچۈنمۇ تۆھمەتخور بولۇپ قالىدۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن لەھەلبۇۋى قەمىردىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋالغانلىقىنى، ئۈچ پارچە خەت يازغانلىقىنى، «مەن سىزنى دەپ خوتۇنۇمنى قويۇۋېتەي» دەپ نەچچە قېتىم يالۋۇرغانلىقىنى، كېچىدە ئۆيىگە بېسىپ كىرىپ، كاچات يەپ، ئالاقزادە بولۇپ چىقىپ كەتكەنلىكىنى تولۇق سۆزلەپ چىقتى.

لېكىن لەھەلبۇۋى بىلەن «مۇنەۋۋەر» ئوقۇتقۇچىلىقىنى تالاشقان بىر مۇئەللىمە ئورنىدىن تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

— خوش، لەھەل، سىنىڭ گېپىڭنى راستمۇ دەيلى، بۇنىڭغا ئادەم، ماددىي پاكىتىڭ بارمۇ؟ قەمىردىن راستىنلا ساڭا خەت يازغان بولسا، ئۇ خەتلىرى قېنى؟ بىز سىنىڭ قۇرۇق گېپىڭگە ئىشەنمەيمىز.

— كىشى ياخشى كۆرگەن ئەتىۋارلىق نەرسىسىنى ساقلاپ قويۇشى مۇمكىن، — دېدى لەھەلبۇۋى ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇرۇپ، — ئەمما يامان كۆرگەن، سەسكەنگەن نەرسىسىنى ھېچقاچان ساقلاپ قويمايدۇ. مەن ئۇ يىرگىنچلىك خەتلەر شۇ چاغدىلا كۆيدۇرۇۋەتكەن!

تۆۋەندە خۇددى بىرى ئالدىن ئۆگىتىپ قويغاندەك ۋارقىراش - جارقىراش، بۇيرۇقلار كۆتۈرۈلۈپ كەتتى:

— يالغان ئېيتتى!

— كۆزىمىزنى بوياۋاتىدۇ!

— كۆزۈڭنى ئالايتما!

— بېشىڭنى ئەگ، قولۇڭنى شىلتىما...!

ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆتۈپ كەتكىنىگە ھازىر بەش - ئالتە يىل بولدى. ئۇ چاغلاردا قەدىرىيە ئون - ئون بىر ياشلىق قىز بولۇپ، بۇ ئىشلاردىن پۈتۈنلەي خەۋەرسىز ئىدى.

ئاشۇ كۆڭۈلگە قاتتىق تەگكەن ئىشلار ئۆتۈپ، ئۈچ يىلدىن كېيىن لەھەلبۇۋىنىڭ نامى ئەسلىگە كېلىپ، تازىلىق ئىشچىلىقىدىن ئوقۇتقۇچىلىقىغا ياندى. قەمىردىن ئۇنىڭ بىلەن بىر يەردە ئىشلەشتىن، ھەر كۈنى كۆرۈشۈپ تۇرۇشتىن، ياساپ چىققان تۆھمەتلىرىدىن خىجىل بولدىمۇ ياكى ئوقۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش تەكىتلىنىۋاتقانلىقىدىن چېنىپ قالىمەن دېدىمۇ، ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاپ، يەنە دېھقانچىلىقنى قىلدى.

زاماندىن، — شۇنچە ئىشلارنى، تۆھمەتلەرنى تېرىۋەتكەن،

لەھەلبۇۋنى ئۆلسمۇ ئەستىن چىقمايدىغان نومۇسقا قويغان ۋە ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئەبەدىي ساقايماس يارىلارنى پەيدا قىلغان ئاشۇ قەمىردىنىنىڭ ئىنىسى. ئەگەر لەھەلبۇۋنىڭ قىزى قەدىرىيە ئاشۇ زاماندىن بىلەن يۈرۈپ قالسا، «ئۇنىڭغا ياتلىق بولىمەن!» دەپ تۇرۇۋالسا، لەھەلبۇۋى قەمىردىن بىلەن قانداقمۇ تۇغقان ـ قۇدا بولالايدۇ؛ شۇنداق بولۇشى مۇمكىنمۇ زادى؟!... لەھەلبۇۋنىڭ قىزىنى زاماندىندىن قاچۇرۇشى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قالمىغىيتتى دەپ ئەنسىرىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى.

## 7

گۈلزارىخانمۇ قىزى سەبىھەنى نېمىشقا نۇرزاتتىن قاچۇرىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قالمىغىيتتى دەپ ئەنسىرەيدۇ؟ ئەمدى بۇنىڭ سەۋەبىگە كېلەيلى:

گۈلزارىخان ئەمدىلا ئون ئالتىگە، سىڭلىسى گۈلشەدىخان ئون ئۈچ ياشقا كىرگەن چېغىدا، ئاتا ـ ئانىسىدىن بەكمۇ مەزگىلسىز ئايرىلىپ، يوغان هويلىدا يالغۇز قالدى. ئۇلارنىڭ ئائىلىسى ئەسلىدە كىچىككىنە يېرىدىگە ئاشلىق تېرىدىش، باغنىڭ مېۋە ـ چېۋىسىنى سېتىش بىلەن كۈنىنى يامان ئەمەس قامداپ كېتىپ بارغان ئائىلە ئىدى. بۇ كەچ كۈز مەزگىلى بولۇپ، ئىككى قىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى ئۈچۈن ئامبىرىدا بىر تونىغا يېقىن ئالمىسى بار ئىدى. ئۇلار يېتىم قالغىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تۇرمۇشىنى قەدىر ـ ئەھۋال ئۆتكۈزدى. قىش ئۆتۈپ باھارنىڭ ئاخىرقى مەزگىلگە كەلگەندە، يېتىملىكى بىلەن يالغۇزلۇق بىلىندى. دېھقانچىلىقنى شۇ مەزگىلگىچە قىلالمىدى. قولىدىكى پۇللىرىمۇ تۈگىدى. باغنىڭ ئېرىقلىرىنى چېپىش، تام شورلىرىنى ئېتىش، شاخ پۇتاش، قۇرۇغان شاخلارنى چىقىرىۋېتىش، سۇ تۇتۇش ئىشلىرىدا راسا قىينالدى. ئىككى قىز نېمە

قىلىشىنى بىلمەي، گاڭگىراپ، بۇ ئائىلىگە بىر ئەرنىڭ كېرەك-
لىكىنى قاتتىق ھېس قىلدى.

«يېتىمنىڭ ئاتىسى يەتتە» دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن. مە-
ھەللىدە ئۇلارغا كۆڭۈل بۆلىدىغان، ئىچ ئاغرىتىدىغان ۋە ئۇلار-
نىڭ غېمىنى قىلىدىغانلار چىقىپ قالدى. ئاتا كۆرگەن، ئانا
كۆرگەن بىرنەچچە ئاقساقاللار، قولۇم - قوشنىلار بىرلىشىپ
گۈلزارىخاننى مۇشۇ مەھەللىدىكى يېتىم ئوغۇل سەيدىنگە چېتىپ
قويماقچى بولۇشتى. گۈلزارىخاننىڭ سەيدىنگە كۆڭلى بولمىسى-
مۇ، پۈتۈنسۈرۈك چوڭ ھويلىدا يەر دەسسەپ تۇرغان بىر ئەرنىڭ
بولمىغانلىقى، ئائىلە ئىگىلىكىنىڭ باشقۇرۇشسىز قېلىۋاتقانلىقى
ئۈچۈن، ئانچە تارتىشىپ كەتمەيلا ئۇنىڭغا ماقۇل دېدى. شۇ يىلى
كۈزلۈكى ئۇلارنىڭ بىر كېچىدىلا تويى بولدى. سەيدىن بالا قۇل
بولۇپ ئۆيگە كىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ چۆلدەرەپ قالغان بۇ
ئائىلە جانلىنىشقا باشلىدى.

بىراق گۈلزارىخاننىڭ سەيدىنگە كۆڭلى يوق ئىدى. ئۇنى
ئەر قاتارىدا كۆرمەيتتى، ئۇ ئىشقا - بۇ ئىشقا بۇيرۇپ، باشقۇ-
رۇپ تۇراتتى. سەيدىنمۇ ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا بويسۇناتتى، دېگى-
نىنى ياۋاشلىق بىلەن ئىككىلەنمەي قىلاتتى، باش كۆتۈرمەي
ئىشلەيتتى. ئۇ ھېلىقى كىچىككىنە يەرگە كۆزگى بۇغداي تېرىۋې-
تىپ، باغنىڭ ئىشىنى قولىغا ئالدى، باغنىڭ شورىلىرىنى ئۆزى
لاي ئېتىپ، ئۆزى ئەتتى. باغنىڭ ئەتراپىدىكى، قورۇدىكى قو-
راي، ئوت - چۆپلەرنى ئورۇپ باستى، ئالمىلىرىنى قولۇم -
قوشنىلارنىڭ ئۆكۈز ھارۋىلىرىنى سوراپ، بەزىدە ئىككى داڭكاڭ-
غا قاچىلاپ، ئۆزى بازارغا ئەكىرىپ ساتاتتى، پۇلىنى سانىمايلا
گۈلزارىخاننىڭ قولىغا تۇتقۇزاتتى. «تووۋا، — دەپ پات - پات
ئويلاپ قالاتتى گۈلزارىخان، — نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق دەيدى-
غان، قېنى ئىسسىقلىقى؟ ئەجەب مېھرىم چۈشمەيدا! ... مېنىڭدە
مۇھەببەت سېزىمى يوقمۇ - يە؟»

كۆنلەر شۇ تەرىقىدە ئۆتۈشكە باشلىدى. سەيدىن گۈلزارىخان-
نىڭ دادىسىغا ئوخشاش ئامباردىكى ئالمىلارنى باققاللارغا
سېۋەت - سېۋەتلەپ ئۆتكۈزمەي، ئۆزى بازارغا ئەكىرىپ ساتىد-
غان بولدى. شۇنداق قىلىپ، ئۇلار موزايلىق سېيىر سېتىۋال-
دى. بىرنەچچە قوي باقتى. ئۇ گۈلزارىخاننىڭ كۆڭلىنى ئاغرى-
تىدىغان ئىش قىلىش بۇياقتا تۇرسۇن، ئۇنىڭ سىزغان سىزىقى-
دىن چىقمايتتى.

— گۈلزارىخان، — دېدى سەيدىن شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە قورۇنۇپ تۇرۇپ، — مەھەللىمىزدىكى ياش باللار مەشرەپ باش-
لاپتۇ. مەنمۇ شۇلارغا قوشۇلايمىكىن دەۋاتىمەن، قانداق دەيسىز؟

— قاتناشماڭ، — دېدى گۈلزارىخان قاپىقىنى سېلىپ، — مەشرەپ دېگەن بىكار تەلەپلەر ئوينايدىغان نەرسە.

يەنە بىر كۈنى:

— ئاغىنەم ئەشرەپ ئۆيلىنىدىكەن، مەن ئولتۇرغۇزۇپ بې-
رەيمىكىن دەيمەن، — دېۋىدى، گۈلزارىخان:

— سىزمۇ ئويلاپ ئىش قىلمايدىكەنسىز، باشقا ئاغىنىلىرىمۇ جىققۇ، شۇلار نېمىشقا ئولتۇرغۇزۇپ بەرمەيدىكەن، — دېدى.

— ئۆزى مېنى دەپ قالدى.

— سىزنى ھېچكىم ئولتۇرغۇزمىغانغۇ، نېمە كېلىپتۇ سىز-
گە ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، يە قەرزىڭىز بولمىسا...

ئارىدىن بىر يىل ئۆتتى. سەيدىن ئۇنىڭغا بىرەر قېتىممۇ قاپاق كۆتۈرۈپ قارىغىنى يوق. ئۇنىڭ قولىدەك ئىشلەپ، ھۆر-
مەتسىز ئۆتۈۋاتقىنىغا بەزىدە گۈلزارىخاننىڭ سىڭلىسى گۈلشەد-
خاننىڭ ئىچى ئاغرىپ قالاتتى. لېكىن بۇ ھەقتە ھەدىسىگە چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەيتتى. ئىچىدە: «ھەدەم نېمىشقا شۇنداق قىلىدىغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالاتتى.

كۆڭلى يوق ئادەمگە كۆڭلى چۈشۈپ قالىدىغان ئىشلارمۇ بولۇپ قالىدۇ. بىر يىلدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرىقى سەيدىننىڭ

ئىشچان ـ تىرىشچانلىقىغا، ئاق كۆڭۈل، سەمىمىيلىكىگە، سىز-
غان سىزىقىدىن چىقمايدىغان ئىتائەتمەن، ياۋاشلىقىغا گۈلزارد-
خاندا بىر خىل ئىچ ئاغرىتىش ھېسى قوزغىلىپ قالدى ۋە ئىچ
ئاغرىتىش بارا ـ بارا مۇھەببەت قوزغاشقا باشلىدى. «ھەر ئادەم
ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكىنىنى سۆزلەيدىغان ئوخشايدۇ؟ ‹ئىچ ئاغ-
رىتىشتىن مۇھەببەت پەيدا بولمايدۇ›، دېگەن گەپنى ئاڭلى-
ۋىدىم، — دەپ ئويلىدى ئۇ بىر كۈنى، — ياق، ئۇنداق ئەمەس
ئىكەن، ئىچ ئاغرىتىشتىنمۇ مۇھەببەت پەيدا بولۇپ قالىدىكەن.
سەيدىنىگە كۆڭلۈم بولمىسىمۇ تەگكەنىدىم، مانا ئارىدىن بىر يىل
ئۆتكەندە مۇھەببىتىم قوزغىلىپ قالدى. كىشىنىڭ مەيلى قوزغى-
لىپ قالسا، ئۇنىڭغا نىسبەتەن ھۆرمەتمۇ پەيدا بولىدىكەن. بۇ-
رۇنلاردا ئۇ ئۆيدە بولمىسىمۇ، سىڭلىم ئىككىمىز تاماق
ئېتىپ يەۋېرەتتۇق ـ دە، ئاشقان تاماقلارنى ئېلىپ قوياتتۇق.
ھازىر ئۇ بولمىسا تەخىر قىلىپ ساقلاپ تۇرىدىغان بولدۇق.
بەزىدە شەھەردىن يېرىم كېچىلەردە چىقسا، ئېرىنمەي قوپۇپ
تاماق ئېتىپ بېرىدىغان، ئۇنىڭغا كۆيۈنگۈم كېلىپ تۇرىدىغان
بولۇپ قالدىم. ئۇنى خۇش قىلىش، كۆڭلىنى ئېچىش مۇقەددەس
بۇرچۇمدەك تۇيۇلىدىغان بولدى. قاناتسىز قۇش ئۇچالمىغىنى-
دەك، ئەرسىز ئايال ھېچ ئىشنى بىر باشقا ئاچىقالمايدىكەن،
ئائىلىمىز، مۇشۇ باغلىرىمىز تاس قالغان ۋەيران بولۇپ كەتكى-
لى، سەيدىن كېلىپ ئائىلە ئىگىلىكىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈردى.
يولغا قويدى، تۇرمۇشىمىز بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىلىنىپ كەتتى.
بىچارە سەيدىنىگە قاپاق ئاچماي ئۆتكەن كۈنلىرىمگە ئەمدى ئۆكۈنى-
مەن».

گۈلزارىخان تۆت يىل سالتاڭ يۈرۈپ، بەشىنچى يىلى بىر
قىز تۇغدى. قىزنىڭ ئىسمىنى سەيدىنىڭ شەھەردىكى بىر نەۋرە
ھەدىسى قويۇپ بەردى. بۇ قىز ھازىرقى سەبىھە ئىدى. سەبىھە-
نىڭ دۇنياغا كۆز ئېچىشى ئائىلىگە خۇشاللىق، ئاۋاتلىق ئەكەل-

دى. مانا شۇنىڭدىن كېيىن، گۈلزارىخاننىڭ سەيدىنگە بولغان
مېھرى تېخىمۇ چوڭقۇر قوزغىلىپ، ئۆزىنى بەختلىك ھېس قى-
لىشقا باشلىدى. ئەمدى ئۇنىڭ: «سىڭلىسى گۈلشەدىخاننى ياخ-
شىراق بىر يەرگە ياتلىق قىلىۋالسام!» دەيدىغان بىرلا ئارمىنى
قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ تويىنى بىر كېچىدىلا ئاددىي ئۆتكۈزگەن.
ئەمدى سىڭلىسىنىڭ تويىنى يامان ئەمەس توي بولدى، دېگۈدەك
ئۆتكۈزۈشنى ئويلايدىغان بولدى. بىراق «ياۋاشنىڭ مۈڭگۈزى
ئىچىدە» دېگەنلەر تېپىپ دەپتىكەن، شۇنداق ياۋاش، نومۇسچان،
كەم سۆز گۈلشەدىخان ئويلىمىغان يەردىن بىر كېچىدىلا يوقىلىپ
كەتتى. ئۈچ كۈندىن كېيىن مەلۇم بولۇشىچە، گۈلشەدىخان ئۆ-
زىدىنمۇ چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن قېچىپ قوشنا يېزىغا بېرى-
ۋاپتۇ. «بوپتۇ، — دېدى گۈلزارىخان ئانچە خاپىمۇ بولۇپ كەت-
مەي، — قېچىپ كېتىش گۇناھمىدى، قېچىپ تەگكەنلەر كۆر-
مىڭ، تويىنى ياخشىراق ئۆتكۈزۈپ بەرسىلا بولدى».

گۈلزارىخان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، «بۈگۈن كىشى كىرگۈزەر
ئەتە كىشى كىرگۈزەر» دەپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە گۈلشەدى-
خان ھېچ ئويلىمىغان يەردىن — قانداق تۇيۇقسىز كەتكەن بولسا،
شۇنداق تۇيۇقسىز قايتىپ كەلدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇن نەچچە
كۈن ئۇن نەچچە يىلدەك بىلىنىپ، ئېغىر خورلۇقتا جېنى ئازلا
قاپتۇ.

— جېنىم ھەدە، — دېدى گۈلشەدىخان، — كۆڭۈلنىڭ كەي-
نىگە كىرىپ، كۆرمىگەننى كۆردۈم. ئاتا - ئانىسى شۇنداق
ئەسكى خەق ئىكەن، ئادەم ئەمەس ئىكەن، نەدىن كەلگەن بول-
ساڭ، شۇ يەرگە كەت، بىز چىللاپ ئەكەلمىگەن، سەن ئىتمىدىڭ
باغلاقتىن يېشىنىپ قېچىپ كېلىدىغان، دەپ خارلاپ كەتتى،
ئىختىيارىچە بىر چىشلەم نانمۇ بەرمىدى. ئەتىسىلا يېنىپ كېلەي
دېۋىدىم، سېنىڭدىن قورقتۇم، ئاكامدىن ئىزا تارتتىم. لېكىن
يېنىپ كەلمەي بولمىدى، خورلۇق، دەشنەم جان - جېنىمدىن
ئۆتۈپ كەتتى، جېنىم ھەدە...

— سېنى ئېلىپ قاچقان ئادەمچۇ؟… ئۇ ھېچنېمە دېمىدىمۇ؟ — دېدى گۇلزارىخان تاتىرىپ.

— ۋاي نەدىكىنى، «چىرايلىق ئادەم ئەقىلسىز بولىدۇ» دېگەن راست ئىكەن، جېنىم ھەدە، ئاپىسى شۇنچە تىللاپ، خار-لاپ كېتىۋاتسا، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، گۆشىيىپلا تۇرىدۇ.

— ھالىغا بېقىپ ئېلىپ قاچسا بولمامدۇ!

— ئۆزۈمنى بۇلغىدىم، يۈزۈم تۆكۈلدى… ئاكامنىڭ ئالدىدا بېشىمنى قانداقمۇ كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن ئەمدى.

گۇلشەدىخاننىڭ پىلدىرلاپ قالغان كۆزلىرىدىن قويۇلۇۋاتقان ئاچچىق - ئاچچىق تامچىلار توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بولدى يىغلىما… ئادەم باشقا كەلگەننى تارتماي چارە يوق… سەيدىن ئاكاڭغا ئىككى - ئۈچ كۈن كۆرۈنمەي يۈرسەڭ، نومۇسۇڭ بېسىلىپ قالىدۇ.

گۇلزارىخان گۇلشەدىخانغا تاپا - تەنە قىلمىدى، چىرايىنى ئۆزگەرتىپ ئالىيىپمۇ قويمىدى، شۇ تۇرقىدا سىڭلىسىنىڭ ئۆك-سۈگەن، ئازابلىنىۋاتقان دىلى تەسەللىگە، مېھرىبانلىققا موھتاج ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى - دە، چىرايلىق گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشتى. بىراق، گۇلشەدىخاننىڭ قېچىپ كېتىشى ۋە ئېپپەت - نومۇسىنى تۆكۈپ قايتىپ كېلىشى بۇ ئائىلىنىڭ غۇرۇرىغا ئېچىنىشلىق نۇقسان يەتكۈزۈپ، ئېيتقۇسىز ئېغىر پۇشايمان كەلتۈردى.

شۇنداق قىلىپ، تۇرمۇش يولىدا ئويلىماي بېسىلغان بىرىن-چى قەدەم گۇلشەدىخاننى بەختسىز قىلىپ قويدى.

※ ※

بەختسىزلىك سىڭلىسى بىلەنلا توگەپ كەتمىدى، گۇلزارى-خاننىڭ ئۆزىگىمۇ كەلدى. سەۋەبىم ئەمدىلا ئىككى ياشقا كىرگەن چاغدا، سەيدىن قارا كېزىك بىلەن ئاغرىپ، ئانچە ئۇزۇن ياتماي،

تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتتى. سەيدىنىنىڭ ئۆلۈمى گۈلزارىخانغا شۇنچىلىك ئېغىر كەلدىكى، ئۇ ئىككى كۈنگىچە ھوشىنى بىلمەي ياتتى. سەيدىنىنىڭ ئۆلۈمى پۈتۈن يۇرتنىمۇ قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۇلار سەيدىنىنىڭ تېخى ياشلىقىغا، بىر ياش ئائىلىنىڭ باشقۇرغۇچىسىز قالغانلىقىغا ئېچىنىپ قايغۇردى. بۇ نېمە ئۆلۈم - رەھىمسىزلىك، سەكسەن - توقسان ياشقا كىرگەنلەرمۇ تېخى ياشاۋاتىدىغۇ، ئەزرائىلنىڭ كۆزى كور بولۇپ قاپتۇمۇ؟... ئەگەر ئەزرائىل ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرگەنلەرنىڭ جېنىنى ئەكەتكەن بولسا، ئۇلار مۇنچىلىك قايغۇرۇپ كەتمەس ئىدى. قايغۇ، دەرد - ئەلەم، ھەسرەت - نادامەت يېتىم - يېسىرلارغىلا ھەمراھمىدۇ؟ «يېتىمنىڭ ئاغزى ئاشقا تەگسە، بۇرنى قاناپتۇ» دېگەندەكلا بىر ئىش بولدىغۇ... ئاتا - ئانىسىدىن مەزگىلسىز ئايرىلىپ، قارا يېتىم بولۇپ قالغاندا، باغلىق يوغان ھويلا ۋەيران بولۇپ كېتىش گىردابىغا يەتكەندە، سەيدىنىنىڭ بۇ قورۇغا بالا قۇل بولۇپ كىرىشى، ئائىلە ئىگىلىكىنى قولغا ئېلىشى، ئۇلارنى گويا خىزىرغا يولۇقتۇرغاندەكلا بىر ئىش بولغان. تۇرمۇشى بۇرۇنقىدىنمۇ ياخشىلىنىپ كەتكەن. ئۇلارغا ئەمدى كىم بىرنى ئىككى، يىراقنى يېقىن، قىيىننى ئاسان قىلىپ بېرىدۇ؟ ئەرسىز ئائىلە — قاناتسىز قۇش، باشپاناھسىز قېلىش — بوراندا قالغان قامغاقنىڭ ئۆزى ئەمەسمۇ، ئەمدى قانداق قىلغۇلۇق، تۇرمۇشنى قانداق ئۆتكۈزگۈلۈك؟... باغنىڭ مېۋە - چېۋىسى بار دېگەندىمۇ، ئۇنى جوڭقۇرۇپ كەتكىلى بولامدۇ، يېتىم - ئاجىزلارغا مۇشۇ رەھىمسىز تەقدىرنى كىم راۋا كۆرۈۋاتقاندۇ؟

سەيدىن ئالەمدىن ئۆتكەن كۈندىن تارتىپ، گۈلزارىخاننى قايغۇ — ھەسرەت ئورىۋالدى - دە، ئۇنىڭدىن بىردەممۇ نېرى بولالمىدى. كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ قايغۇسى كۆپىيىپ - كۆچىيىپ باراتتى ۋە ئۇ قورقۇنچقا ئايلىناتتى. قايغۇ - باشقا ھەممە تۇيغۇلارنى بېسىپ كېتىدۇ. چۈنكى ئۇ ئەستىن چىقمايدى-

غان، پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى ئىگىلىۋالىدىغان تۇيغۇ. گۈلزارىخان ئۆز مەھەللىسىدىلا ئۆزىدىنمۇ ئېغىر ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مۇپ-تىلا بولۇپ قالغانلارنى ئويلاپ، ئۆزىگە بىرئاز تەسەللى تاپاتتى. بىراق ئەمدىكى تىرىكچىلىكى ئۇنىڭ زور قايغۇسىغا ئايلانغانىدى.

گۈلزارىخاننىڭ ئېچىنىشلىق ئەھۋال ئاستىدا قالغانلىقىنى ھېس قىلغان، چۈشەنگەن سەيدىنىنىڭ بىر نەۋرە ھەدىسى ئۇنى شەھەرگە ئەكىرىپ كەتتى. ئۇ شەھەردە تىككۈچىلىك قىلىدىغان ئايال ئىدى. ئۇ بۇ ھۈنىرىنى گۈلزارىخانغا ئۆگەتتى. ئىككى ئاي بولدى دېگەندە، گۈلزارىخان ئادەتتىكى كىيىم - كېچەكلەرنى پىچىپ تىكەلەيدىغان ھالغا كەلدى - دە، ئۆز ئۆيىگە قايتىپ چىقتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يېزىدىكى بىردىنبىر تىككۈچى ئايال بولۇپ قالدى، تىرىكچىلىكىدىن غەم يېمەيدىغان بولدى.

تۇرمۇش قەدىر ئەھۋال كېتىپ بارغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئۇلارنىڭ ئۆيىگە ھېچ ئويلىمىغان يەردىن ئەلچىلەر كىرىپ كەل-دى. ئۇلار: «ئەلچىگە ئۆلۈم يوق» دەپ گەپ باشلىشىغا، گۈلزا-رىخان: «ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن، مەن ھېچكىمگە ئەرگە تېگىمەن دېمىدىمغۇ» دەپ ئويلاپ چۆچۈپ كەتتى. لېكىن ئەلچىلەرنى غوجامبەردى ئاتلىق كىشى گۈلزارىخانغا ئەمەس، ئۇ-نىڭ سىڭلىسى گۈلشەدىخانغا كىرگۈزگەنىدى. شۇنىڭ بىلەن گۈلزارىخاننىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى.

غوجامبەردى مۇشۇ يېزىلىق قول - ئىلكىدە بار دېھقان بولۇپ، ئايالى ئۆلۈپ كېتىپ، بىرقانچە يىلدىن بېرى بويتاق يۈرۈۋاتاتتى. يېشى ئوتتۇز يەتتە - ئوتتۇز سەككىزلەرگە بېرىپ قالغان، مەھەللىدە تۆتىنىڭ قاتارىدىكى كىشى ئىدى.

مەقسەت ئايان بولغاندىن كېيىن، گۈلزارىخان ئەلچىلەرنى «ئويلىشىپ بىرنېمە دەيلى» دەپ قايتۇرۇۋەتتى. ئۇ ئۆز كۆڭلىدە بۇ لايىقنى توغرا تاپقانىدى. ياخشى يېرى، ئۇنىڭ بۇرۇنقى ئايالى-دىن قالغان بالىسى تېخى كىچىك ئىدى.

— قانداق دەيسەن؟ — دېدى ھەدىسى يەردىن كۆزىنى ئالماي، ئۈن - تىن چىقارماي ئولتۇرغان سىڭلىسىغا قاراپ، — ئۆي تۇتىدىغان ئادەم سەن، ئۆزۈڭ ئويلاپ بىرنېمە دە.

— يېشى چوڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى گۈلشەدىخان ئۇزاق جىملىقتىن كېيىن بېشىنىمۇ كۆتۈرمەي.

— چوڭلۇقىغۇ چوڭ، بىراق چوڭراق بولغىنىمۇ ياخشى، ئالا كۆڭۈللۈك، ۋاپاسىزلىق قىلمايدۇ.

— نېمە دېيىشنى بىلمەيۋاتىمەن، ھەدە؟

— كۆزۈڭ قورقۇۋاتىدۇ - ھە؟… ياش ئۆمرۈڭ مۇشۇنداق ئۆتۈپ كېتەمدۇ؟ ياش يىگىتنىمۇ كۆردۈڭ، ئوبدانراق ئويلاپ باق، بالىسى تېخى كىچىك ئىكەن، قېينانا - قېيناتا دېگەنلەرنىڭ دەردىنى تارتمايسەن، ھۆرمەت كۆرۈپ ئۆتەمسەنكىن، دەيمىنا…

گۈلشەدىخان ئىككىلىنىپ بولسىمۇ ماقۇل جاۋابىنى بەردى، ئۇ قوغلانغان ئۆيدىن — ئېلىپ قاچقان يىگىتىدىن خەۋەر كېلەرمىكىن، دەپ خۇپىيانە ئۈمىدمۇ كۈتكەن، بىراق ئۈمىدى يۈز ئاچمىغانىدى. شۇڭا ئىككى ھەپتىلىك جىددىي تەييارلىقتىن كېيىن ئۇنىڭ تويى بولدى. گۈلزارىخان چوڭ قورۇدا ماشىنىسىنى تاراقلىتىپ، ئۈچ ياشلىق قىزى سەبىھە بىلەن يالغۇز قالدى.

※ ※

ئىنسان ئۈچۈن بەكمۇ قىممەتلىك نەرسە — ھايات. لېكىن ئاشۇ قىممەتلىك نەرسىگە جۇدالىق، ئازاب، ھەسرەت، غېرىب - مىسكىنلىك ۋە يەنە تۈرلۈك ئېغىر قىسمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ئىنسان بىلمەيدۇ، بىلگەن - چۈشەنگەن چېغىدا يۈرەكسىزلىنىپ، ئەپسۇسلىنىپ ياشايدۇ. گۈلزارىخان ئۆز ئۆمرىگە شۇنداق قىسمەتلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى، ئۇنىڭ ئاستا - ئاستا ئاشكارىلانغانلىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئەپ-

سۈسلىنىپ، مەيۈسلىنىپ ياشىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ مەيۈسلۈكىدە ئەندىشە، قورقۇنچىمۇ بار ئىدى، يېقىندىن بېرى «كۆتۈرەلمە-سەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، گۈلشەدىخانىنىڭ چىرايىدا غەم-كىنلىك، پەرىشانلىق ئالامەتلىرى كۆرۈلۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا نېمە بولغاندۇ؟ تويدىن كېيىنكى بىرىنچى ھەپتىدە كەلگەن چېغىدا ئۇنداق ئالامەت كۆرۈلگەن ئەمەس، ئىككىنچى، ئۈچىنچى قېتىم-لىق كەلگەنلىرىدە شۇنداق ئالامەت كۆرۈلدى. گۈلزارىخانىنىڭ قايغۇلۇق كۆنلىرى، داۋاسىز ھەسرەتلىرىگە يەنە بىر ئەندىشە قوشۇلۇۋاتاتتى.

ئۇ تىكىۋاتقان ئىشىنى توختىتىپ، چوڭقۇر خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى. ئۆمرىگە يوشۇرۇنغان ئىشلارنىڭ ئازابى ئۇنى ھەر كۈنى قىينايتتى، ئىشىدىن ئىختىيارسىز توختىتىپ قوياتتى. پۇشايمان، ئۆكۈنۈشلەرگە سالاتتى ۋە كۆز چاناقلىرىغا ئاچ-چىق - ئاچچىق ياش تامچىلىرىنى تىزاتتى. مۇنداق چاغلاردا ئۇ سىڭلىسىغا ئېيتقان سۆزلەرنى ئۆزىگىمۇ دەپ تەسەللى تاپاتتى: ئادەم باشقا كەلگەننى تارتماي چارە يوق.

ھويلىدىن ئاياغ تىۋىشى ئاڭلىنىپ، ئۇنىڭ ئازابلىق خىيال-لىرى بۆلۈندى، ھايال بولماي ئۆيگە گۈلشەدىخان كىرىپ كەلدى. سىڭلىسىنىڭ چىرايىدا قاننىڭ دىدارى قالمىغان، قوللىرى تىت-رەيتتى.

— نېمە بولدى، — گۈلزارىخان ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئالدىغا كەلدى، — چىرايلىرىڭ ئۆمسەلىغۇ؟

— جېنىم ھەدە...، — گۈلشەدىخانىنىڭ كۆزلىرىنى ياش ئەگىدى، — ئەمدى ئېيتمىسام بولمىدى، ئۇ كۈنچى ئادەم ئىد-كەن. بىر ھەپتە ياخشى ئۆتتۇق، شۇنىڭدىن كېيىن كۈنلەپ ھېچ ھالىمنى قويمىدى.

— مۇنداق دە... ئۆتكەنكى كەلگەنلىرىڭدە چىرايىڭغا قاراپ، ھەي، بىر كۆڭۈلسىزلىك بارمىكىن، دەپ ئويلىۋىدىم...

— كۆزىنى ئالايتىپ ئالدىمغا كەلسە، قورقۇپ جېنىم چىقىدۇ، ئۆزىمۇ سۇرلۇك ئادەم ئىكەن.

— كىمدىن كۈنلەيدۇ؟

— كىم بولاتتى دەيسەن، كىمدىن كۈنلىشىنى ئۆزىمۇ بىلمەيدۇ. ھويلىغا قاراپ ئۆتكەنلەردىنمۇ، كېچىسى ناخشا ئېيتىپ ئۆتكەن ياش باللاردىنمۇ، نېمىسىنى دەي، ئەيتاۋۇر كۈنلىمەيدىغان ئادىمى يوق، شۇنداق بىزار قىلدى مېنى...

گۈلزارىخان غوجامبەردىنى پىششىق، تاشتىن ياغ چىقىرىدىغان ئادەم دەپ ئاڭلاپ: «پىششىق بولسا نېمە بوپتۇ، ئۆز ئىشىغا پۇختا، چىڭ ئادەمدۇ، بىرنى ئىككى قىلىمەن دەيدىغاندۇ» دەپ ئويلىغان. مانا ئەمدى ئۇنىڭ كۈنچىلىكى مەلۇم بولۇۋاتىدۇ. بىراق كۈنچى ئادەملەر بىلەن بىللە ياشاۋاتقان ئاياللارمۇ بارغۇ... گۈلشەدىخان ئەركىن ئۆسكەن، شۇڭا ئېغىر بىلىنگەندۇ.

— غوجامبەردى سېنىڭدىن ئون بەش - ئون ئالتە ياش چوڭ ئادەم، ئۆز دېمەتلىكى بولسا ئۇنداق قىلمايتتى، سەن ئۇنىڭدىن بەك ياش بولغاچقا، خاتىرجەم بولالماي، باشقىلاردىن قىزغىنىپ كۈنلەۋاتىدىغاندۇ، سېنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتكەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، بەك ياخشى كۆرۈپ كەتسىمۇ كۈنلەيدۇ، سەندىن ھېچ ئىش چىقمىغاندىن كېيىن تۈزىلىپ كېتىدۇ، — دېدى ھەدىسى.

— ئۇنىڭدىن شۇنداق تويدۇم، ھەدە.

— ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ مىجەز - خۇلقىنى بىلگۈچە شۇنداق ئىشلار بولىدۇ، سىڭلىم، تەخىر قىل، چىدا، شۇنداق مىجەزلەرنى يەڭمىگۈچە ئۆيۈك ئۆي بولمايدۇ، ئاخىر ساڭا ئىشىنىپ قالىدۇ. «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن ھالۋا پۈتىدۇ» ئەمەسمۇ. ئۆيۈڭگە كەتكىنىڭ ياخشى، سىڭلىم، سەنمۇ ھال ئېيتىپ كەلمىگەن بول، مەنمۇ ئاڭلىمىغان بولاي.

— نەگە باردىڭ دېسە، نېمە دەيمەن؟

— ھەدەمنى يوقلاپ كەلدىم، دە.

— «يولدا كىمگە قارىدىڭ، كىم بىلەن گەپلەشتىڭ؟» دەپ سوراقتا تارتىپ كېتەرمىكىن، ھەدە؟ تېخى قايسى ئېزىتقۇنىڭ ئۆيىگە، بېغىغا كىردىڭ، دېيىشتىنمۇ يانمايدۇ.

— بۇ يەرگە كەلگىنىڭ يالغانمىدى؟ ئىشەنمىسە، مېنى چاقىر، بەك ئەدەپ كەتسە، ئۆزۈم سۆزلىشىمەن.

گۈلشەدىخان ئۆيىگە بوينى باغلانغاندەك كەتتى.

گۈلزارىخان سىڭلىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتمەسلىكىنى ئويلايتتى: «كۈنچىلىك ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدا كۆرۈلۈپ تۇرىدىغان ئادەتتىكى نۇقسان، ئۇ تۈزىلىپ كېتىدۇ» دەپ قارايتتى. بىراق بېشىغا كەلمىگەن ئادەم ئۇنىڭ دەردىنى تازا چۈشىنىپ كەتمەيدۇ ـ دە، سىڭلىسىنىڭ تارتىۋاتقان كۈنلىرى، كۆرۈۋاتقان ئازابلىرى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ ئىدى. گۈلشەدىخانىنىڭ پەرەز قىلغىنىدەك، ئۇ ھەدىسىنىڭ ئۆيىدىن يېنىپ بارغاندىن كېيىن، ھېلىقى سوئال ـ سوراقلارغا قالدى، ئىككى كاچاتمۇ يېدى. ئۇ ھەسرەت ـ نادامەتلىرىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، بىر ھەپتىدىن كېيىن، ھەدىسىنىڭ ئۆيىگە ئىككىنچى قېتىم يېنىپ كەلدى.

ھەدىسى بۇ قېتىم قاتتىق خاپا بولۇپ، ئازابلانغان بولسىمۇ، تاشنى ئېرىتىۋەتكۈدەك ياخشى سۆزلەرنى قىلىپ، نەسىھەت بىلەن سىڭلىسىنى ئۆز ئۆيىگە يەنە كەتكۈزۈۋەتتى. ئارىدىن ئىككى كۈن ئۆتۈپ، سىڭلىسى يەنە قايتىپ كەلدى. بۇ قېتىم ئۇ ئۆيىگە ئۆپكىدەپ يامغۇردەك تۆكۈلۈپلا كىردى:

— ئەمدى كەتمەيمەن، ئۆلتۈرۈۋەتسىمۇ كەتمەيمەن... ئەمدى كەت دېسەڭ، ئۆزۈمنى دەرياغا تاشلايمەن!

ئۇنىڭ يۈزىدىكى كۆكلەردىن باشقا يەنە بەدەنلىرىگىمۇ كۆك چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ كۆڭلىكىنى قايرىپ، تاياق زەربىسىدىن چۈشكەن كۆكلەرنىڭ ھەممىسىنى كۆرسەتتى، ئۇ توي قىلغان بىر ئايدىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى قورايدەك قۇرۇپ، مەڭزىلىرى ئىچىگە كىرىپ، كۆزلىرى پىلدىرلاپلا قالغانىدى. كۆڭلىكىنىڭ

ياقىسى، ئالدى يېرتىلىپ - تىتىلىپ كەتكەنىدى.

گۈلزارىخان ئۇنىڭ ئازابلىرىنى ئاڭلاپ تۇرۇپمۇ ئالدىنقى ئىككى قېتىمدا ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، بۇ قېتىم تۇتۇۋالالماي تولغىنىپ يىغلىۋەتتى. يۈز - كۆزلىرىگە، پۈتۈن تۇرقىغا غەزەپ ئوقچۇپ چىقتى.

— ئۇ شۇنچە ئۇرۇپ - تېپىپ چەيلىۋەتكۈدەك، سەن نېمە قىلىۋىدىڭ شۇنچە - ھە!...

— مەن نېمە قىلالايتتىم، جېنىم ھەدە، مېنى كۈنلىمىگەن ئىت - ئېشەكلا قالدى، ئىنىمدەك باللارمۇ، دادامدەك ئادەملەرمۇ قالمىدى، — گۈلشەدىخان ئۆپكىدەپ سۆزلىيەلمەي قالدى.

«كۈنلەش قاتتىق ياخشى كۆرگەنلىكتىن تۇغۇلىدۇ» دېيىش ئەخمەقلەرنىڭ گېپى. كۈنلەشنىڭ مۇھىم ئالامىتى — ئەمەلىيەتتىن يىراق بولغان گۇماننى راست دەپ بىلىش، راست قىلىپ سۆزلەش. ئۇ پۈتۈنلەي ئىللەتسىز ئادەمگە تۆھمەت قىلالايدۇ، ھاقارەت ياغدۇرالايدۇ.

— ئۇنىڭ دەلىلى بارمىكىن زادى؟

— بىزنىڭ ئىشىك ئالدى دەرەخلىك بولغاچقا، ئىنىمدىنمۇ كىچىك باللار كېلىپ «دامكا»، «توققۇز قاتار» ئوينىسا، «ئۇلار سېنى دەپ كېلىدۇ، سەن خۇلق كۆرسەتمىسەڭ كېلەتتىمۇ» دەيدۇ. بەدىردىنكام دېگەن ئۆزىدىن ئون بەش - يىگىرمە ياش چوڭ ئادەمغۇ، بىلەي سوراپ كىرىپتىكەن: «ئەجەب مەن يوق چاغدا كىرىپ قاپتا، سەن مېنىڭ يوق ۋاقتىمنى ئېيتىپ بەرگەچكە كىرگەن، ئېيتە، نېمە ئىش قىلىشتىڭ» دەيدۇ؛ ياش باللار ئاخشىمى كوچىدىن ناخشا ئېيتىپ ئۆتسە، «ساڭا ئېيتىۋاتىدۇ، سەن ناخشىنى ئاڭلاپ، مەن يوق چاغلاردا ئالدىغا چىققانلىقىڭ ئۈچۈن، يەنە چاقىرىۋاتىدۇ» دەيدۇ؛ بىرى ئىشىك ئالدىدىن يۆتىلىپ ياكى ئايىغىنى چىڭراق دەسسەپ ئۆتۈپ كەتسە، بۇ نېمە شەرەت، قانداق بەلگە دەپ قىستايدۇ؛ ئۆيدە تاۋىم يوق بولۇپ

چىرايىم ئېچىلماي قالسا، «ئوينىشىڭنى كۆرەلمىدىڭمۇ؟» دەيدۇ؛ ئېچىلىپ يۈرسەم، «كىم بىلەن ئوينىدىڭ» دەيدۇ. توۋا، ھەدە، مەندىن يوشۇرۇنچە كېچىسى ئىشىككە چاق يىپ تارتىپ قويىدىكەن، بىر قېتىم تۈندە ھاجەتكە چىققانىدىم، يىپ ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ. ئەتىگەندىلا: «كېچىدە نەگە باردىڭ!» دەپ دۈمبالاپ كەتتى. ھاجەتكە چىقتىم دېسەم، ئىشىنەر ئەمەس، «كىم بىلەن ئويناپ كىردىڭ» دەپ ئۇرۇپ ـ دەسسەپ كەتتى. مانا ئۇنىڭ دەلىللىرى. تېخى ھەممە ئىشلىرىنى دېگىنىم يوق، مۇنداق ئادەم بىلەن قانداق ئۆي تۇتىمەن؟ ئۇنىڭدىن ئۆلگىنىم ياخشى ئەمەسمۇ!

— ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ بۇ ھالغا يەتكىنىنى بىلمەپتىمەن، ھېلىمۇ مۇشۇ دەردلەرنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپسەن، — دېدى جالاقلاپ تىترەپ، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چېچىلغان گۈلزارىخان، — ئۆي تۇتىمەن، دەپ گۆرنىڭ ئازابىنى كۆرۈۋېتىپسەن ـ دە···· بولدى، مۇنداق تۇرمۇشنىڭ گۆرىگە ئوت قويۇۋەت؛ ئۇ ھازىر ئېتىزدىدۇ، بېرىپ كىيىم ـ كېچەكلىرىڭنى ئەكېلىۋال، ئۆزۈم سۆزلىشىپ سېنى ئاجرىتىۋالىمەن. سادىر سوققان جان بولسىمۇ چىدىماس بۇنىڭغا!

گۈلشەدىخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، گۈلزارىخان ئۆيدە ئولتۇرالماي قالدى. ئاشۇ ئىشلارنى — سىڭلىسىنىڭ كۆرۈۋاتقان خورلۇقلىرىنى ئويلىغانسېرى غەزەپلىرى تېخىمۇ ئۆرلەپ، چىرايىغا ئوقچۇپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيدە ئولتۇرالماي ھويلىغا چىقاتتى، ئۆيگە كىرەتتى. كوچىغا چىقىپ، سىڭلىسىنىڭ يولىغا قارايتتى. ئۇنىڭ پۈتۈن ئەس ـ يادىنى گۈلشەدىخاننىڭ تارتقان ئازابلىرى، كۆرگەن خورلۇقلىرى ئىگىلىۋالغانىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇ ئەنسىزلىككە چۆشمەكتە ئىدى. ئۇ تاقەتسىزلىنىپ سىڭلىسىنى بىر سائەتتەك كۈتتى، لېكىن ئۇنىڭدىن دېرەك بولمىدى، ئۇ بارا ـ بارا ئالاقزادە بولۇشقا باشلىدى. ھەر خىل قورقۇنچلۇق ئويلارغىمۇ بېرىلدى. تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرى پى-

چىرلىدى، ئۆيدە بار ۋاقتىدا بېرىپ قالدىمۇ - يە؟ كىيىم - كېچەكلىرىنى ئېلىپ ماڭغاندا تۆپىلەپ كېلىپ قالدىمۇ - يە؟ ھېچ يەرگە بارمايسەن دەپ ماڭغۇزمايۋاتامدۇ - يە؟… دۇمبالاۋاتقان بولمىسۇن يەنە!

گۈلزارىخان ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتتى - دە، خۇددى يۇگۇرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ بىردەمنىڭ ئىچىدىلا ئۇلارنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۆيى توغرا چىققانىدى. قورۇغا ئەرلەر، ئاياللار، بالىلار يىغىلىپ كەتكەن بولۇپ، غوجامبەردى ئۆيىگە كېتىمەن، دەپ بوپىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭغان گۈلشەدىخاننى تۇتۇۋېلىپ ھەدەپ ئۇرۇۋاتاتتى، بىرنەچچەيلەن ئۇنى ئاجرىتىۋاتاتتى.

— ھوي، نېمانچىلا دۇمبالايسىز؟ — دېدى ئېتىلىپ كەلگەن گۈلزارىخان، — ھېلىمۇ جېنى ئارانلا قاپتۇ بۇنىڭ.

— سېنىڭ ئارىلىشىدىغان ھەققىڭ يوق، — دېدى غوجامبەردى ئۇنى «سەنلەپ»، — ئۇرسام ئۆز خوتۇنۇمنى ئۇردۇم.

— سېنىڭ خوتۇنۇڭ بولسا، — دېدى گۈلزارىخانمۇ «سەنلەپ»، — مېنىڭ سىڭلىم، قۇلۇڭ ئەمەس ئۇ، ئىگىسى بار، ئۇستىخان ئىگىسى مەن.

— يوقال قانجۇق! ئۇرامدىم، تىللامدىم ئۆز ئىختىيارىم، مېنىڭدىن بىسوراق نەگە كېتەلەيدىكەن…

— مۇنداق ئۇرساڭ، تىللىساڭ، ئىتتىنىمۇ، ئېشەكتىنىمۇ كۆنلىسەڭ، ئىتمۇ تۇرماس بۇ ئۆيدە!

— ئوغۇل بالىچىلىقى بار، بېلى چىڭ ئادەم كۆنلىيەلەيدۇ، سېنىڭ ئېرىڭدەك يۇمشاق باش ئەمەسمەن!

— ئېرىمنى گۆرىدە تىنىچ ياتقۇز ئۇنى چىشلەپ تارتماي، ئۇ يۇمشاق باش بولغۇدەك نېمە ئىش قىپتىمەن، ئېيتە، — بۇ ئاھانەتكە چىدىمىغان گۈلزارىخان ئېتىلىپ بېرىپ ئۇنىڭ ياقىسىدىن ئالدى، ئەتراپتا تۇرغانلار ئۇلارنى ئاجرىتاتتى ۋە ئۆزلىرىنى بېسىۋېلىشقا دالالەت قىلاتتى. ئەرلەر غوجامبەردىنى، ئاياللار

گۈلزارىخاننى تارتاتتى.

— خالايىقلار! — دېدى گۈلزارىخان ۋارقىراپ، — كېچىسى ئىشىككە يىپ تارتىپ قويىدىغان، ئىشىكىدىن ئۆتكەنلەر يۆتەلسىمۇ، قەدىمىنى قاتتىقراق ئالسىمۇ گۇمان قىلىدىغان، ئەنە ئاۋۇ بەدىر دىنكامدەك ئاقساقاللاردىنمۇ، مانا ماۋۇ كامالىدىندەك ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمىگەن بالىلاردىنمۇ خوتۇننى كۆنلەيدىغان كۆنلەمچىنى كۆرگەنمىدىڭلار!

كىشىلەر ياقىلىرىنى تۇتۇشۇپ بىر - بىرىگە قاراشتى.

— باشقا يەردە يۆتەلمەي، بىزنىڭ ئىشىككە كەلگەندە يۆتەلسە، باشقا يەردە ئاستا مېڭىپ، بىزنىڭ ئىشىككە كەلگەندە پۇتلىرىنى ئۇرۇپ ماڭسا، ئەلۋەتتە چاتىقى بار - دە، — دېدى غوجامبەردى بۇرۇتلىرىنى تىترىتىپ.

— بۇ كوچا — خاننىڭ كوچىسى، كىشىلەر يۆتىلەمدۇ، ئاياغلىرىنى قاتتىق ئېلىپ ماڭامدۇ، ئۆزىنىڭ ئىشى. بولمىسا سەن مەيەدە يۆتىلىپ ماڭ، مەيەدە يۆتەلمەي ماڭ، دەپ بەلگىلەپ بەر، — كۆچلۈك غەزەپ ھەرقانداق كەم سۆز، يۇرەكسىز، قورقۇنچاق ئادەمگىمۇ زەھەرلىك - مەسخىرىلىك تىل، جايىدا ئېيتىلغان سۆز بېرىدۇ، — خوتۇن ئالىمەن دېگۈچە، ئېشەك ئالساڭمۇ بوپتىكەن، — دېدى گۈلزارىخان قولىنى شىلتىپ تۇرۇپ، — قوتانغا ئەكىرىپ باغلاپ قويساڭ، ھېچ يەرگە بارمايدۇ، كىشىلەرنىڭ كۆزىگىمۇ كۆرۈنمەيدۇ، كۆڭلۈڭمۇ ئەمىن تاپىدۇ.

كىشىلەر بىردىنلا پاراقلاپ كۈلۈپ كېتىشتى. غوجامبەردى چىچاڭشىپ - تېپىرلاپ گۈلزارىخاننى ئۇرغىلى يۈگۈردى، كىشىلەر ئۇنى تۇتۇۋالدى.

— يوقال قانجۇق، — دېدى كۆزلىرى دەھشەتلىك يانغان غوجامبەردى، — سەنمۇ بۇزۇق، سىڭلىڭمۇ بۇزۇق، بۇزۇق بولمىسا، كىشىلەر نېمىشقا ئەگىپ كېتەلمەيدۇ بۇ يەردىن!

— ھاي - ھاي، غوجامبەردى، — دېيىشتى تەرەپ - تەرەپتىن ئاقساقاللار، — ھايا قېنى، ھايا...

— بىز كىچىك بالا ئەمەس ئاغزىغا كەلگەننى دەۋېرىدىغان.
— نومۇسنى قايرىپ قويسا بولمايدۇ.
ئادەم بىرى بىلەن ئۇرۇشۇپ، دېيىشىپ قالغاندا، تەبىئىيكى دۇنيادىكى بارلىق ياخشى سۆزلەر ئۇنتۇلۇپ، كىشىنى قىيناپ ـ ئازابلايدىغان ئەڭ ئەسكى، رەسۋا، رەزىل سۆزلەر ئېغىزغا چىقىدۇ. ئىككى تەرەپ بىر ـ بىرىنىڭ يېغىرىنى ئاچىدۇ، بىر ـ بىرىنىڭ جېنىغا تېگىدۇ، ھەتتا كىشىدە يوق رەسۋا سۆپەتلەر، ئىللەتلەر قىزىغان ئېغىزدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتىدۇ. كېيىن ئىگە بولالمىغۇدەك ئاھانەتلەرمۇ دېيىلىپ كېتىدۇ، گويا بىر ـ بىرىنى يەۋېتىدىغاندەك قىياپەتكە كىرىپ تالىشىۋاتقان ئىتلارغا ئوخشاپ قالىدۇ. ئۆزلىرىنىڭ شۇنداق ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى سەزمەي قالىدۇ.
گۇلزارىخان گەپ قىلىشقا تەمشىلىپ، ئېغىزىنى ئۆمەللىۋىدى، ئاقساقاللار ئۇنى ياندۇرۇشقا تىرىشتى:
— بولدى، قويۇڭ، ئاچچىق ھەسرەتتە ئېيتىلغان گەپ ـ سۆزلەرنى ئېتىبارغا ئېلىپ كەتمەڭ.
— ئۇرۇشۇپ قالغاندا، چىرايلىق سۆز ئېيتىلامدۇ...
— بىز سىلەرنىڭ قانداقلىقىڭلارنى بىلىمىز.
ئارىغا چۈشكەن مەھەللە ئاقساقاللىرى جېدەلنى بېسىپ قويدى. گۇلزارىخان سىڭلىسىنى ئېلىپ ئۆيىگە كەتتى. قاتتىق كۈنچىلىك ئائىلىنى ۋەيران قىلمىغۇچە توختىمايدۇ. ئائىلە بۇزۇلغاندىن كېيىن غوجامبەردىمۇ، گۇلشەدىخانمۇ ئارام ئېلىپ قالدى.
نۇرزات مانا مۇشۇ غوجامبەردىنىڭ ئوغلى، شۇ چاغدا ئۇ تۆت ياشلىق بالا ئىدى. ئارىدىن ئون نەچچە يىل ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۇ كۆڭۈلسىزلىك، رەسۋالىقلار گۇلزارىخاننىڭ ئېسىدە ھازىر بولغاندەك تۇرۇپتۇ. گۇلزارىخان قىزى سەبىھەنى نۇرزات بىلەن يۈرۈپ قالمىغىيتتى، دەپ ئەنسىرىشىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى.

# 8

خۇشال بولۇش كىشىدە ھەسرەتمۇ قوزغاپ قويىدۇ. لەھەلـ
بۇۋى قىزى قەدىرىيە بىلەن ئۇنىڭ دوستى سەبىھەنىڭ دوستلىرىـ
مىزنى يوقلاپ كېلەيلى، دەپ ئۆيدىن يېنىڭ قەدەملەر بىلەن
چىقىپ كېتىشىگە خۇشال بولۇپ، ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ قالـ
دى. ئىككى قىز يازلىق تەتىلنى باشلىغانىدى. ئىككىسى خۇشـ
خۇي، خاتىرجەم، غەمسىز، شاد ئىدى. ئۇلار چىقىپ كېتىپ،
ئانچە ئۆتمەيلا، لەھەلبۇۋىنىڭ چىرايىنى نېمىشقىدۇر قايغۇ ـ
ھەسرەت ئۇچقۇنلىرى قاپلىدى. ئۇ ھالسىراپ كەتكەن ئادەمدەك
تاپىنىدا ئولتۇرۇپ قالدى. لەھەـلبۇۋى نېمىشـقا قايـغۇلـۇق
ھېس ـ تۇيغۇلار بىردىنلا قوزغىلىپ قالدى؟ شۇ تۇرقىدا يېزىدىـ
كى ھەممە ئوغۇل ـ قىزلار مۇشۇ ئىككىسىدەك غەمسىز، خاتىرـ
جەم، شادمۇ؟ مۇشتەك تۇرۇپ بىر ئائىلىنىڭ غېمى، ئېغىر چىدـ
لىقى ئۇستىگە چۈشكەنلەر، ئاغزىدىن ئانا سۈتى كەتمەي تۇرۇپ،
ئوقۇشتىن توختاشقا مەجبۇر بولغانلار، كىتاب، دەپتەر، قېرىنـ
داش ئېلىشقا قۇدرىتى يەتمەي ئوقۇشقا كىرەلمىگەنلەر، ئۇچىسىدـ
نى تۇزۇكرەك ياپالماي يۈرگەن باللار ئازمۇ؟!...

لەھەلبۇۋىنىڭ خىيالىغا مۇشۇ ئىشلار كېلىۋېلىپ، ئۇنى
چوڭقۇر ئازابقا سېلىپ قويغانىدى. پەقەت مۇشۇنداق ئىشلار تۇـ
پەيلىدىنلا ئۇنىڭ ئۇزاتقان ئايلىرى، يىللىرى ئازمۇ ئەمەس.
يۈرىكىگە چۈشكەن جاراھەت كۆنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ساقىياي
دېگەندە، يەنە بىر جاراھەت چۈشەتتى. كۆڭۈللۈك ھاياتقىمۇ كۆـ
ڭۈلسىزلىك، ئاھۇ ـ پىغان، ھەسرەت ـ نادامەت يوشۇرۇنغان
بولىدۇ ۋە ئۇ بىر كۈنى ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ، شۇنداق بولىدىغاـ
لىقىنى، بولغانلىقىنى ئۇ ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. خۇشاللىقـ
نىڭ ئەستىن تېز چىقىپ كېتىدىغانلىقىنى، قايغۇ ـ ھەسرەتنىڭ

ئەستىن ئۇزاقتىچە چىقمايدىغانلىقىنى بايقىغان.

قەدىرىيەنىڭ خاتىرجەملىكى، غەمسىزلىكى، شادلىقىغا قاراپ، لەھەلبۆۋى خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئەمما بىردىنلا قايغۇلۇق ھېس - تۇيغۇلارغا چۆكۈپ قېلىشقا يەنە مۇنۇ ئىش سەۋەب بولدى: قايسى كۈنى مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنى تەتىلگە قويۇپ بېرىش ئالدىدا ئەلاچى ئوقۇغۇچىلارنى تەقدىرلەش - مۇكاپاتلاش يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن. ئەلا ئوقۇغۇچىلار قاتارىدا لەھەلبۆۋىنىڭ سىنىپىدا ئوقۇيدىغان سەۋرىدىن ئاتلىق ئوقۇغۇچىمۇ بار ئىدى. ئۇ سىنىپ بويىچىلا ئەمەس، مەكتەپ بويىچىمۇ ئالدىنقى قاتاردىكى ئوقۇغۇچى بولۇپ، مەكتەپكە كىرگەندىن تارتىپ ھازىرغىچە ئىزچىل مۇكاپاتلىنىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ كۈنى چۈشتىن كېيىن، لەھەلبۆۋىنىڭ ئۆيىگە ئاشۇ ئوقۇغۇچى بىلەن ئۇنىڭ دادىسى كىرىپ كەلدى. بىراق مۇكاپاتلانغان ئوقۇغۇچىنىڭ چىرايىدىن نېمىشقىدۇر مەيۇسلۇك، ئۈمىدسىزلىك ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. بۇ روھىي ھالەت لەھەلبۆۋىنى ھەيران قالدۇردى. نەچچە يۈزلىگەن ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، ئاتا - ئانىلار ئالدىدا تەقدىرلەنگەن بالىنىڭ، شۇنداق بالىغا ئاتا بولغان ئادەمنىڭ چىرايىدىن شادلىق، غۇرۇر ئەكس ئېتىپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ، بۇ نېمىدىن دالالەت بېرىدۇ؟

— بولدى، لەھەلبۆۋى، چاي قىلماڭ، — دېدى سەۋرىدىننىڭ دادىسى تاپسىدىلا ئولتۇرۇپ، — بالامنى ياخشى ئوقۇتتىڭىز، ئەجر قىلىپ ئەقىل كۆزىنى ئېچىۋاتاتتىڭىز، بىراق سىڭلىم، بالىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدۇم، سىزگە دەپ قويغىلى، رەھمەت ئېيتقىلى كەلدىم.

— بۇ نېمىدېگەنلىرى؟! — لەھەلبۆۋى تېخىمۇ ھەيران بولۇپ، ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلدى.

— ھەيران بولۇۋاتىسىز… راست، ھەيران بولغۇدەك ئىش، — دېدى ئۇ تىترەڭگۈ ئاۋازدا، — نېمىسىنى ئېيتاي، يالغۇزلۇق

تارتىپ قالدىم. ھازىر باللارنىڭ چوڭى مۇشۇ قالدى، ماڭا قاراشمىسا بولمايدىغان يېرىگە كەلدى.

لەھەلبۇۋى ياخشى بىلىدۇ: بۇلارنىڭ ئائىلىسى ئۇششاق بالىلىق ئائىلە، ئىككى قىزى ياتلىق بولۇپ كەتكەن، سەۋىردىن ھازىر ئۆيدىكى باللىرىنىڭ چوڭى بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن تۆت ئىنى - سىڭىللىرى بار. ئانىسى ئاغرىقچان، باللارنىڭ ئاش - تامىقى، كىر - قاتلىرىغا ئارانلا ئۇلگۇرىدۇ، شۇنچە ئادەم بىر ئەمگەك كۈچىگە قاراشلىق، لەھەلبۇۋى شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ ئوغلىنى مەكتەپتىن چىقىرىۋېلىش قارارىغا كەلگەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— سەۋىردىن ياخشى ئوقۇغان، شەھەرگە كىرىپ ئوقۇسىمۇ، باللارنىڭ ئالدى بولۇشقا كۆزۈم يېتىدۇ، — لەھەلبۇۋى ئۇنىڭدا ئىشەنچ پەيدا قىلماقچى بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن ئاۋازىدىن مەيۈسلۈكى بىلىنىپ تۇراتتى، — يەنە بىر يىل غەيرەت قىلسىلا يەتتىنچى سىنىپنى تۈگىتىدۇ. شەھەردە ئوقۇسا مەنمۇ بىللە كىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ، تەمىناتلىق ئوقۇغۇچىلار قاتارىغا كىرگۈزۈپ قويۇش ئويۇم بار.

— يوقسۇزلۇق يامان ئىكەن، سىڭلىم، ئۈمىد - ئارزۇ، ياخشى نىيەتلىرىمىزگە باقمايدىكەن، ھامان ئۇنىڭ ئالدىنى توردۇۋالىدىكەن. ئىجتىھاتىغا قاراپ مېنىڭمۇ ئۇنى ئاخىرىغىچە ئوقۇتقۇم بار ئىدى، قانداق قىلىمەن، دەپتەر - قېرىنداشلىرىغىمۇ چامىم كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— دەپتەر - قېرىنداشلىرىنىڭ كارى چاغلىق، — دېدى لەھەلبۇۋى، — ئۇنىڭغا مەن ئىگە، سىلى يەنە بىر يىل چىدىسىلا!

— ھېلىمۇ سىز، لەھەلبۇۋى مۇئەللىم، ئوغلۇمنىڭ دەپتەر - قېرىنداشلىرى تۇرماق، كىيىم - كېچەكلىرىگىمۇ قولىڭىزنى سۇنۇپ كەلدىڭىز، ئاڭلىساق، نۇرغۇن يېتىم باللارغا،

قول ئىلكىدە يوق ئائىلىلەرنىڭ بالىلىرىغا قارىشىپ كېلىپسىز،
ئىلاجىمىز يوق، سىڭلىم، بىزنىڭ دەيدىغىنىمىز قۇرۇق رەھ-
مەت، كوپىراتسىيە ۋاقتىدا خېلى ياخشىدۇق، ھازىر ئۇنداق
دېسەك خاتا بولىدىكەن... توۋا، ئادەم ئۆزىدە يوق نەرسىنى بار
دېيىشى، يامان نەرسىنى ياخشى دەپ كۆپتۈرۈشى كېرەك ئىكەن.
لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىماسقا سېلىپ سەۋىردىن-
گە قارىدى. سەۋىردىن بېشىنى تۆۋەن سېلىپ تىرنىقىنى تاتىلاپ
تۇراتتى. چىرايى بىردە تاتىرىپ، بىردە قىزىرىپ يىغلىۋېتىدىغان-
دەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئوقۇشتىن ئۈمىدى ئۈزۈلگەن
بالىنىڭ ئاشۇ ھالى ئوقۇتقۇچىسىدا چوڭقۇر ئېچىنىش قوزغاپ
قويدى، پېشانىسىگە چۈشكەن بىرنەچچە تال قورۇق چوڭقۇرلاش-
قاندەك بولدى. ئۇ ئۇزۇن كىرپىكلىرىنى ئەلەم بىلەن پىلدىرلى-
تىپ:
— ئولتۇر بالام، — دېدى سەۋىردىنگە قاراپ ئىچ - ئىچىدىن
ئۆرتىنىپ، چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.
سەۋىردىننىڭ دادىسى گېپىنى داۋاملاشتۇردى:
— يالغۇزمەن، مۇئەللىم، كىيىم - كېچەكنى قويۇپ تۇراي-
لى، يەۋاتقان ئادەم يەتتە، ئىشلەۋاتقان ئادەم بىر. جىقراق ئىش
كۈنى ئۆتكۈزەلمەيمەن، تاپىنىمدىن تارتىپ، چېچىمغىچە قەرز-
دارمەن، ئاڭلىسام، ئېتىز - ئېرىق ئىشلىرى يىغىشتۇرۇلۇپ
بولغاندىن كېيىن، ناھىيىدىن، گۇڭشېدىن كادىرلار كېلىپ قەرز
يىغقۇدەك. نېمىنى يىغىدۇ، ئۆيلىرىمىز چاشقان يامانلاپ كەتكۈ-
دەك تۇرسا، بار - يوقىنى سېتىپ تۆلىگۈدەكمىز، ساتقۇدەك نېمە
بار دەيسىز... شۇنىڭ ئۈچۈن سەۋىردىننى ئوقۇشتىن چىقىرىۋې-
لىشقا مەجبۇر بولدۇم، سىڭلىم، ئىككى ئادەم ئىشلىسەك ئىش
كۈنىنى كۆپرەك ئۆتكۈزەرمىز، دەيمەن. ئەسكى ھارۋام بار،
ئۇنى تۈزەشتۈرسەم، قېيناتىلارنىڭ ئېشىكىنى سوراپ ئەكېلىپ،
سەۋىردىننى خاڭغا ماڭغۇزسام، قىشچە كۆمۈرچىلىك قىلسا،

كىچىككىنە ياردىمى بولار، دېگەن ئويدىمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازى خۇددى ھېلىلا يىغلىۋېتىدىغاندەك ھالغا كېلىپ قالغان كىچىك بالىنىڭ ئاۋازىدەك تىترەپ چىقاتتى. ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن كۆزلىرىنى ياش ئەگىگەنىدى. سەۋىردىن ۋىجىك - ئورۇق گەۋدىسىنى پۈكۈپ، قورۇنۇپ، بېشىنى يەردىن ئالماي ئولتۇراتتى، ئۇ ئۆيدىن تېزرەك چىقىپ كېتىشنى، مۇئەللىمىنىڭ كۆزىدىن چاپسانراق يىتىشنى ئويلايتتى. كىچىككىنە بالا، تىنماي ئىشلەۋاتقان ئاتا ۋە ئۇلارنىڭ ئائىلىسى نېمىشقا شۇ كۈنگە، ئېغىر قىسمەتكە قالىدۇ؟ ئۇلارنىڭ بېشىنى كىم سىلايدۇ؟... لەھەلبۇۋى تەقدىرنىڭ رەھىمسىزلىكىنى يەنە بىر قېتىم ھېس قىلىپ، كىچىككىنە بالىنىڭ بېشىغا كېلىۋاتقان قىسمەتكە تولغىنىپ ھەسرەتلەنمەكتە، ئۇلارنىڭ مۇشۇ قىسمەتكە قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى ئازابلىنىپ ئويلانماقتا ھەم ئۆزى قانائەت قىلغۇدەك جاۋابقا ئىگە بولالماي قىينالماقتا. قېنى، شۇ سوئالغا كىشى قانائەت قىلغۇدەك جاۋاب بېرىدىغان ئادەم بارمۇ؟

— سەۋىردىن ئەمدى ئون تۆت ياشقا كىردىغۇ دەيمەن؟ — دېدى لەھەلبۇۋى مىسكىن ئاۋازدا.

— شۇنداق، ئون تۆتكە كىرىپ بىر ئاي ئاشتى.

— كىچىككىنە بالا ئېغىر ئىشتا ئېزىلىپ كېتەرمىكىن...، — لەھەلبۇۋىنىڭ كۆزلىرىنىمۇ ياش ئەگىدى.

— مېنىڭمۇ ئون ئۈچ يېشىمدا پۈتۈنسۇرۇك بىر ئۆي بېشىمغا قالغان، تېخى مەن ھەغداغۇ...

— ھەر ھالدا ئاتا - ئانىسى ئالدىدا، مەنمۇ قاراشسام، ھېچبولمىسا تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىۋالسا دەيمىنا...

— كۆيۈنگىنىڭىزگە رەھمەت، سىز بالامغا ھەرقانچە قاراشسىڭىزمۇ، ئۆيىمىزنىڭ ئېغىرچىلىقىدىن قۇتۇلالمايمىز سىڭلىم، ئەمدى بۇنى ئېغىر ئىشلارغا سالماي ئىلاجىمىز يوق ... ئېغىرچىلىق، يوقسۇزلۇق ئاتا - بوۋىمىزدىن بىزگە مىراس قې-

لىۋىدى، ئەمدى بالىلىرىمىزغىمۇ قېلىۋاتىدۇ. ئەلمىساقتىن تار-
تىپ دېھقانىنىڭ كۈنى مۇشۇ، بۇ ئىشلار قاچان ئوڭشىلىدى-
كىنتاڭ... رەھمەت سىزگە، مۇئەللىم، بالامنىڭ ئاغزىغا ئىلىم
سالدىڭىز، كۆزىنى ئاچتىڭىز، ياخشى - ياماننى پەرق ئەتكۈدەك
قىلىپ قويدىڭىز، بىزدىن يانمىسا، خۇدايىمدىن يانار، خوش.
ئۇ بۇ سۆزنى دېمى بوغۇلۇپ، ناھايىتى تەسلىكتە دېدى -
دە، يىغلىۋەتتى ۋە بالىسىنى يېتىلەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
لەھەلبۇۋى تاپىسىدا ئولتۇرۇپلا قالدى، ئۇلارنى ئۇزىتىپ
قويۇش خىيالىغىمۇ كەلمىدى. ئۇنىڭغا يىغا ياماشقىلى تۇردى.
ئۇنىڭ ئۇزۇن، يالتىراق كىرپىكلىرى ئەلەم بىلەن پىلدىرلايت-
تى، ئاپئاق، سىلىق يۈزى تاتارغانىدى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن
مەھەللىدىكى پۈتۈن دېھقانلار بىر - بىرلەپ ئۆتۈشكە
باشلىدى - دە، قېنىق ھال رەڭ، لېكىن ھازىر تاتىرىپ كەتكەن
لەۋلىرى ئاستا پىچىرلىدى: مۇشۇ ئادەملەر — ئۆمۈر بويى قارا
يەرگە ماڭلىيىدىن ھالال تەر تۆكۈپ، ئىنسانلار قورسىقىنى توي-
غۇزۇۋاتقان ئادەملەر — كۈندە پولۇ، مانتا يېيىشنى، ئېسىل
كىيىملەرنى كېيىشنى ئويلىمايدىغۇ، قورسىقىنىڭ توق، كىيد-
مىنىڭ پۈتۈن بولۇشىنىلا ئويلايدۇ، ئۇلارنىڭ ئوي - ئارمىنى
شۇنچىلىكلا، لېكىن شۇنىڭغىمۇ ئىگە بولالمىسا، شۇنچە ئىش-
لەپ، يەنە قەرزدار بولۇپ قالسا، ئۇۋال ئەمەسمۇ... ئۇلار دۇنياغا
يوقسۇزلۇقنىڭ، غەم - ئەندىشىنىڭ دەردىنى تارتىشقىلا كەلگەن-
مۇ؟ نەچچە يۈزلىگەن، كۆرمىڭلىغان دېھقانلارنىڭ كۈنى ئاشۇن-
داق ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ غېمىنى قىلىۋاتقان ئادەم بارمىدۇ؟
... بىزغۇ ھەر ھالدا ياخشى، گۇڭشېنىڭ سېكرېتارىمۇ، باشلىقد-
مۇ، تېخى مائاش ئالمايدىغان ئەترەتلەر باشلىقىمۇ، تېخى بوغال-
تىر - كاسسىرلارمۇ ياخشى، بىر كۈندە بىر ۋاخ تاماق يېيەلەي-
دۇ، بالىلىرى غەمسىز ئوقۇيالايدۇ، مۇنۇ تىنىم تاپماي ئىشلەۋات-
قان دېھقانچۇ؟ ھەپتە - ئون كۈندە بىرەر ۋاخ تاماق يېسە يەيدۇ،

بولمىسا قۇرۇق چاي، زاغىر غاجىلاپ كۈن ئۆتكۈزىدۇ، بالىلد-
رى ئوقۇشتىن قېلىشقا مەجبۇر بولىدۇ، بۇ نېمىدېگەن ئېغىر
تۇرمۇش... مۇنۇ دېھقانىنىڭ هازىر ئېيتقىنى توغرا ئەمەسمۇ، يوق
نەرسىنى بار دەپ سۆزلەۋاتىمىز، ۋارقىراپ - چىڭقىلىپ كۆپتۇ-
رۇۋاتىمىز. يۇقىرىدىن بىرەرى كەلسە، بوران ئۇچۇپ تۇرغان
دېھقانىنىڭ ئۆيىنى قىپقىزىل چوغدەك قىلىپ ياسىۋېتىمىز،
«كەمبەغەل دېھقانلار گۈللىنىشلاشقاندىن كېيىن، ئۇنداق
بېيىدى - مۇنداق بېيىدى،» دېگەن گەپلەرنى گېزىتتىن ئوقۇي-
مىز، رادىئودىن ئاڭلايمىز. مۇشۇنداق يالغانچىلىق، ئالدامچىد-
لىقلار قاچان تۈگەر؟ ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالدايدىغان
ئىش قاچان ئاخىرلىشار؟ قاچانمۇ بۇ ئىشلار يالغان دەپ ئۈنلۈك
ۋارقىرارمىز، ھەق گەپنى دەرمىز...
لەھەلبۇۋى كۆكسىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر تىندى - دە، توخ-
تاپ قالدى. ئۇنىڭ دەيدىغان گەپلىرى ئىچىدىن فونتاندەك ئېتىد-
لىپ چىقماقتا ئىدى. ئۇ دەرس ۋاقتىدىمۇ قايناپ قالاتتىيۇ،
دەرھال ئۆزىنى بېسىۋېلىپ، «پات يېقىندا تۇرمۇشىمىز قالتىس
ياخشىلىنىپ كېتىدۇ» دەپ ئۆزىنىمۇ، ئوقۇغۇچىلىرىنىمۇ ئالداي-
دىغان ئادەتكە ئايلىنىپ قالغان سۆزلەرنى قىلىپ دەرسىنى ئا-
خىرلاشتۇراتتى. ئۇ دېگەنلىرىگە بوگۈن ئۆكۈنەتتى، ئەتىسى يەنە
شۇ گەپلەرنى دەيتتى. ئادەم شۇنداق كۈنلەرگىمۇ قالىدىكەن -
ھە!...
لەھەلبۇۋى ئازابلىق خىياللارغا چۆكۈپ قېلىپ، قوشنا مو-
مايىنىڭ كىرىپ كەلگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.
— ۋاي - ۋۇي، قەۋەتلا تەگسىز خىياللارغا چۆكۈپ كېتىپ-
سىزغۇ، خىياللىرىڭىز ئاچچىقمۇ، تاتلىقمۇ؟
— كەلسىلە، ئايىسخان ھەدە، — چۆچۈپ ئۆزىگە كەلگەن
لەھەلبۇۋى مومايغا كۆرپە سالدى، — يۇقىرى ئۆتسىلە!
— تاتلىق خىياللارمىكىن دېسەم، قاپاقلىرىڭىز بارالڭ ئالغۇ-

دەك چۇشۇپ كېتىپتۇ، — دېدى موماي.

ئايىسخان موماي لەھەلبۇۋىنىڭ ئۈزۈن يىللىق قوشنىسى، دىلكەش، مۇڭداشقاق موماي، ئىككىسى بىر - بىرىدىن گەپ ئايىمايدۇ. موماي ئوغۇللىرىدىن، كېلىنلىرىدىن دىلى رەنجىسە-مۇ لەھەلبۇۋىگە ئېيتىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن تەسەللى تېپىپ چىقىپ كېتىدۇ. لەھەلبۇۋىمۇ ھەسرەتلىرى قوزغالسا ياكى كۆڭلىگە كەل-گۈدەك ئىشلار يۈز بەرسە، مومايغا تۆكۈپ، ئىچى - قارنىنى بوشىتىدۇ. بولۇپمۇ ئايىسخان مومايىنىڭ مەسلىھەتلىرى لەھەلبۇ-ۋىنىڭ تۇرمۇش يولىغا قەدەم بېسىشىغا نۇرغۇن ياردەملەرنى بەر-گەن. شۇڭا لەھەلبۇۋى ئۇنى ئۆز ئانىسىدەك كۆرىدۇ ۋە ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىدۇ.

— نەدىكى تاتلىق خىياللار دەيدىلا، بەزىبىر ئوقۇغۇچىلىرى-مىزنىڭ كىچىككىنە تۇرۇپ بېشىغا كېلىۋاتقان كۈنلىرى يۈرى-كىمنى زېدە قىلىپ بولىدىغان بولدى. ئۆزۈمنىڭ دەردلىرىمۇ ئازدەك، — دېدى لەھەلبۇۋى يەنە بىر چوڭقۇر تىنىپ.

— «كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەن مۇشۇ، يەنە شۇ يېتىم باللارنىڭ ئاھۇ - زارىدۇ، تايىنلىق؟

لەھەلبۇۋى ئوقۇغۇچىسى سەۋىردىنىنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن-نى، دادىسىنىڭ ئۇنى باشلاپ كېلىپ دېگەن ھەسرەتلىك گەپلىرى-نى، ئوغلىنى ئوقۇتۇشقا ئامالسىز قالغانلىقىنى، مۇشتەتەك بالى-نى ئېغىر ئىشلارغا سېلىشقا مەجبۇر بولۇۋاتقانلىقىنى سۆزلەپ كېلىپ، ئۇ بالىنىڭ ئىنتايىن ئۆتكۈر، ئەقىللىقلىقىنى، مۇشۇن-داقلا ماڭسا، ئالىي مەكتەپلەرگە كىرىپ ئوقۇپ، كەلگۈسىدە خېلى - خېلى ئىشلارنى قىلالايدىغان يارامىلىق، ئىجتىھاتلىق كاتتا ئالىم بولۇپ يېتىشىپ چىقىشىغا كۆزى يېتىدىغانلىقىنى ھەسرەتلىنىپ سۆزلەپ چىقتى.

— ھەي بىچارىلەر، — دېدى ئايىسخان موماي ئۇھ تارتىپ، — قانداق قىلىدۇ، شۇنداق قىلماي.

— تېخى بىچارە دېھقان پېشانىسىگە پۈتۈلگەننى تارتماي چارە يوق ئىكەن، دەيدا...

— بالا ـ قازا، پېشكەللىك، پۈتلىكاشاڭ كەمبەغەللەرگە، يېتىم ـ يېسىرلارغا كېلىدۇ، — دېدى موماي دانىمۇ دانە سۆز- لەپ، — تېخى بۇ دۇنيادا جاپا تارتقانلار ئۇ دۇنياغا بارغاندا راھەت كۆرىدۇ، دېگەن گەپلىرىدىن ئايلىنىپ كېتەي، بۇ دۇنيادا راھەت كۆرسە، ئۇ دۇنياغا بارغاندا بىكاردىن ـ بىكارلا راھەت كۆرگە- نىڭ ئۇچۇن دەپ جازالامدۇ؟... بىرىگە ئۇ دۇنيالىقنى، بىرىگە بۇ دۇنيالىقنى بەرگۈچە تەڭ بەرسە بولمامدۇ؟... جىقلا سۆزلەپ كەتتىمغۇ سۆزلەپ قالغان ئادەمدەك. قەدىرىيە كۆرۈنمەيدىغۇ، بىر يەرگە كەتتىمۇ ـ يە؟

— ھەئە، سەبىھە كېلىپتىكەن، دوستلىرىمىزنىڭكىگە بارد- مىز، دەپ بايىراقتا ئىككىسى چىقىپ كەتكەن.

— ھازىر قىزلار، بولۇپمۇ ئوقۇغانلىرى ئەجەب ئەركىن ـ ھە، قىزىڭىزنىڭ لايىقى بارمۇ؟

— تېخى ئوقۇۋاتسا...

— ھەي، ئەخمەق خوتۇن، — ئايىسخان موماي كۈلدى، — ئوقۇۋاتقانلار تېخى بۇرۇنراق تاپىدىكەن، ئېسىڭىزدىن چىقتىمۇ، ھېلىقى روزىگۈلنىڭ قىزى شەھەردە ئوقۇپ يۈرۈپ، تەتىلدە شەھەرلىك باللار چىقسا، ساۋاقداشلىرىم ئويناپ چىقىپتۇ دەپتى- كەن. كېيىن شۇلارنىڭ بىرىگە روزىگۈل مەن يالغۇز، شەھەرگە بەرمەيمەن دېسىمۇ، قېچىپ تەگدىغۇ، روزىگۈل قاقشاپ ـ تېپىر- لاپلا قالدى ئەمەسمۇ.

— ۋاي تاڭەي، مەنغۇ ھېچنېمە ئۇقمىدىم، ئۆزىدىنمۇ ئۇنـ- داق ئالامەتلەرنى سەزمىدىم. ئۆزىغۇ ئوقۇشنى تۈگەتسەم يېزىغا قايتىپ چىقىمەن، يېزىلىقلىرىمنى ئوقۇتىمەن، دەپ يۈرىدۇ.

— ئۇنداق بولسا، شەھەرگە باغلىنىپ قالغان يېرى يوق ئوخشايدۇ، يەنە بىر يىلنى ساق ـ سالامەت تۈگىتىۋالسا، قىزد-

ڭىزنىڭ يېنىڭىزدا بولغىنى ياخشى، شۇنداق ئەمەسمۇ، بۇ دۇنيا-لىقتا قىزىڭىزدىن باشقا نېمىڭىز بار.

— راست دەيدىلا، قىزىمدىن باشقا نېمەم بارتتى، كۆڭۈل-نىڭ كەينىگە كىرىپ تارتقان تارتقۇلۇقلىرىم ئازمۇ.

— دادىڭىز پەيلىدىن ياندىغاندەكمۇ؟ — ئايىسخان موماي لەھەلبۇۋىگە مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلدى.

— نەدىكىنى دەيدىلا، قەدىرىيە بىر بېرىپتۇ، گەپ قىلماپ-تۇ، ئىككى بېرىپتۇ، گەپ قىلماپتۇ، «بوۋام يۇمشاپ قاپتۇ-دە!» دەپ ئۈچىنچى قېتىم بېرىپتىكەن، مۇنۇ قانجۇقنىڭ كۈچۈ-كى كۆزۈمگە كۆرۈنمىسۇن دەپتۇ.

— يائاللا خۇدايىم، — دېدى ئايىسخان موماي ياقىسىنى تۇتۇپ، — ئۆز پۇشتىدىن تامغان بالىسىنى، ئۆز نەۋرىسىنى شۇنداق دېيىشكە قانداقىمۇ تىلى بارغاندۇ… قەدىرىيەدە نېمە گۇناھ…

قەدىناس ئىككى قوشنا جىمىپ، قايغۇغا چۆكۈپ قالدى. چوڭقۇر قايغۇغا چۆككەن ئادەم جىمىپ قالىدۇ، تىلىغا سۆز كەلمەيدۇ، بۇ ھەقتە ئۇلار كۆپ سۆزلەشكەن، مۇڭداشقان، ھەتتا ئاچچىق-ئاچچىق ياشلارنى تۆكۈشكەن، ھەممە ئىشنى چۈشىنىپ تۇرغاندا، ئۇ ھەقتە سۆزلىشىش ئورۇنسىز-دە، شۇنداق ئى-كەن، يەنە نېمە دەيدۇ! بۇ ھەقتە گەپ ئېچىلىپ قالسىلا، لەھەل-بۇۋىنى دەرد-ئەلەم، قايغۇ چىرمىۋالىدۇ. يېزىغا چىققان ئون توققۇز يىلدىن بېرى ئۇ دادىسىنى ئاران ئىككى قېتىملا كۆردى. كۆرگەندىمۇ، شەھەردىكى تازا ئاۋات بازار توغراكۆۋرۈك ھەم تاشلەپكىدە مىغىلدىغان ئادەملەر ئىچىدە، يىراقتىن يوشۇرۇنچە كۆردى. گەۋدىسىنى كېرىپ ماڭىدىغان دادىسى سەل مۈكچىيىپ قاپتۇ. ئاشۇ ئانا مېھرىدىن ئۇ ئەبەدىلئەبەد مەھرۇم ئىدى. ئون توققۇز يىلدىن بېرى ئۇ ئاپىسى بىلەنمۇ ئاران تۆت-بەش قېتىملا كۆرۈشتى، كۆرۈشكەندىمۇ دادىسىدىن يوشۇرۇنچە كۆرۈشتى، ئا-

پىسىنىڭ يېزىغا چىقىپ قىزى بىلەن كۆرۈشكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ قالغان دادا تاس قالدى ئۇزۇن يىللىق ئائىلىسىنى بۇزۇۋەتكىلى، ئىنىسى يېزىغا بىرنەچچە قېتىم چىققان، نېمە ئىش بولدى، ئۇنىڭمۇ ئايىغى ئۈزۈلۈپ قالدى. ئايسىخان مومايىنىڭ «بۇ دۇنيالىقتا قىزىڭدىن باشقا نېمىڭىز بار» دېگىنى توغرا. لەھەلبۇۋى ئاتىسى تۇرۇپ ئاتىسىز، ئانىسى تۇرۇپ ئانىسىز، تۇغقىنى تۇرۇپ تۇغقانسىز ئۆتۈۋاتىدۇ، ئىگە - چاقىسىز ياشاۋاتىدۇ، دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قايغۇ - ھەسرەت، دەرد - ئەلەم بارمۇ! ؟... بۇ سوئالغا بىز ھازىرچە لەھەلبۇۋىنىڭ ھېلىلا ئايسىخان مومايغا ئېيتقان مۇنۇ سۆزى بىلەن جاۋاب بېرىپ تۇرايلى: «كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىپ تارتقان تارتقۇلۇقلىرىم ئاز ئەمەس».

بۇ ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى جايىغا كەلتۈرۈپ بايان قىلىپ بېرىمىز، شۇ چاغدا كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىگە چىگىلىپ قالغان سوئاللىرى تولۇق يېشىلىپ كېتىدۇ.

ئايسىخان موماي بىلەن لەھەلبۇۋى سۆزسىز ئولتۇرغاندا، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە كىرىپ كەلدى. ئۇلار خۇشال ئىدى. كۈنىنىڭ قىزىق تەپتىدىن ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولغان، قىزىرىپ كەتكەن يۈزلىرىدە شادلىق، غۇرۇر ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

قەدىرىيە ئاپىسى بىلەن ئايسىخان مومايغا بىرلا قاراپ:

— نېمانچە سۇلتىيىپ كەتتىڭلار؟ — دېدى.

— خۇددى ئۇتتۇرۇۋەتكەن ئادەمدەك دېگىنە، — دېدى سەبىھەمۇ شۇنىڭغا ئۇلاپلا كۈلۈپ.

— ئادەمنىڭ بىردە ئۇتتۇرۇۋەتكەندەك ھالغا چۈشۈپ قالىدىغان، بىردە ئۇتۇۋالغاندەك ھالغا كېلىپ قالىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدۇ، كونا گەپلەرگە چۈشۈپ قالدۇق، — دېدى ئايسىخان موماي، — ھە، ئوقۇشلىرىڭلار تەس ئوخشىمامدۇ، سەل جۇدەپ

قالغاندەك قىلىسىلەر؟

— تەس بولماي، — قەدىرىيە ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى يەلپۈپ جاۋاب بەردى، — ئۈچ يىللىق ئوقۇش دېگەن خۇددى تىك داۋانغا ئوخشايدىكەن، تېخى چوققىسىغا چىققىنىمىز يوق، يەنە بىر يىل تىرىشىپ - تىرماشساق چىقىپ كېتىمىز.

— قەدىرىيــە ئېيتــقان چوققىــغا چىقــىۋالساق چۈشــمەك ئاسان، — دېدى سەبىھە كۈلۈپ، — تۆۋەنگە غىرىلداپ چۈشۈپ كېتىمىز - دە، توپتوغرا مەشەگىلا كېلىمىز.

ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. شۇ كۈلكە بىلەن ئايىسخان مومايىنىڭمۇ، لەھەلبۈۋىنىڭمۇ قايغۇلىرى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى.

# 9

يىراقتىن جاراڭلاپ كېلىۋاتقان قوڭغۇراقلىق خادىك ھارۋا بىر دەمدىلا لەھەلبۈۋىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. لە-ھەلبۈۋى ئۆيىدە يالغۇز ئىدى. ئۇ ئىتتىك كېلىپ دېرىزىدىن قارىدى. قىپقىزىل گىلەم، يېكەنداز سېلىنغان، يۆلەنچۈكلۈك خادىكتىن بىرى، ئېگىز بويلۇق، بۇغداي ئۆڭلۈك، قېشىنىڭ ئانچە تايىنى بولمىسىمۇ، ئۆزى قاملاشقان؛ يەنە بىرى، ئوتتۇرا بويلۇق، ئورۇقمۇ ئەمەس، سېمىزمۇ ئەمەس، ئەمما چاققانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان، قاش - كۆزلىرى قارا ئىككى يىگىت چۈ-شۈپ ئۇياق - بۇياققا قاراۋاتاتتــى. ھــەر ئىككىســى يىگــىرمە ئۈچ - يىگىرمە تۆت ياشلارغا كىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. لەھەل-بۈۋى ئويلاندى: «بۇلار كىمدۇر؟ بىرىنى ئىزدەپ كەلگەنلەرمى-دۇر ياكى بىرىنىڭ چاقىرىپ قويغان مېھمانلىرى بولسا، تېنەپ مەشەگە كېلىپ قالغانمىدۇ؟ چىرايلىق ياسىنىۋاپتۇ، تۇرقىدىن شەھەر بالىلىرىدەك قىلىدۇ، ئەجەب بىزنىڭ ئىشىكتە توختىدا... »

لەھەلبۈۋى ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كوچىغا چىقتى. ئىككىلىسى سالام قىلىپ:

— قەدىرىيەنىڭ ئۆيى مۇشۇمۇ؟ بىر بالىدىن سورىساق مۇشۇ قورۇنى كۆرسەتتى، — دېدى.

— مۇشۇ، مۇشۇ، ئۆيگە كىرىڭلار.

لەھەلبۈۋى ئۆزىمۇ چۈشەنمىگەن ھالدا يۈرىكىنىڭ قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. ئىككىسى ئاۋۋال بىر - بىرىگە، كېيىن لەھەلبۈۋىگە ئات - ھارۋىنى قەيەرگە قويارمىز دېگەندەك قىلىپ قارىدى. لەھەلبۈۋى ئىككىسىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ئالايىتەن مەشەگە چىققانلىقىنى پەملىدى. شۇڭا:

— دەرۋازىمىز كىچىك، ئاتنى ئاۋۇ دەرەخكە باغلاڭلار، ھارۋىدىكى نەرسىلەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ قويايلى، — دېدى.

ئىككىسى قورۇغا كىردى. بۇ پېشايۋانلىق ئىككى ئېغىز ئۆيى، بىر تۈپ ئامۇت، ئىككى تۈپ قېرى ئالمىسى بار، قۇتىدەك كىچىك، چاققان قورۇ ئىدى. دەرۋازىدىن تارتىپ ئۆيگە كىرگۈچە بولغان يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە قىسما - قىسما گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن گۈللۈك بولۇپ، خۇش پۇراق چېچىپ تۇراتتى. قورۇ ئىچى پاكىز، ئىللىق ئىدى.

— بىز قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنى يوقلاپ چىقتۇق، — دېدى ئېگىز بويلۇقى، — قەدىرىيە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— بار، مۇشۇ مەھەللىدە، ھېلى سەبىھە ئىككىسى چىقىپ كەتكەن، دوستلىرىنىڭكىدە ئېھتىمالىم.

— يىراقتا ئەمەستۇ؟

— ياق، ئادەم ئەۋەتەي، ھېلى كېلىدۇ.

لەھەلبۈۋى تېخىچە بۇلارنىڭ كىملىكىنى ئۇقالماي بۇرۇقتۇرما ئىدى. شەھەرلىك ساۋاقداشلىرىمىكىن دەي دېسە، ياشلىرى چوڭدەك قىلاتتى، ئوقۇتقۇچىلىرىمىكىن دەي دېسە، ئوقۇغۇ-

چىلىرنى ئالايىتەن شەھەردىن يوقلاپ چىقىدىغان ئوقۇتقۇچى نەدە بار؟ خېلى يېقىنلىرى بولمىسا بۇ يەرلەرگە مۇنداق ئىزدەپمۇ چىقماس، دەپ ئويلايتتى. ئالدىرىمايدىغاندەك قىلىدۇ، زادى بۇ- لار كىملەردۇ؟ لەھەلبۇۋى ئۇلارنىڭ سەبىھەنىمۇ يوقلاپ چىقتۇق دېگىنىگە قاراپ، بىر تۇرۇپ تېپىشىۋالغان ئادەملەرمىدۇ، دەپ ئەنسىزلەنسە، بىر تۇرۇپ سۇركىلىپ يۈرگەن نېمىلەرمىدۇ، دەپ ئەندىشە قىلاتتى. بىردەمنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ ئويلىمىغان ئويى قالمىدى.

لەھەلبۇۋى بىر بالىنى قەدىرىيەلەرنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋە- تىۋېتىپ، ئوچاققا ئوت قالاپ ئولتۇرۇپ مۇنۇلارنى ئويلىدى: «نېمانچىلا ئويلاپ كېتىمەن، — دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — قەدىرىيەلەر كەلسە كىملىكى ئايان بولار، مەيلى كىم بولسىمۇ، مەن تونۇمىساممۇ، ئۆيگە كەلگەنىكەن، بىر چىنە چاي ئىچىشى كېرەك - دە! قالايمىقان خىياللارنى قىلغۇەرگۈچە چاينى چاپسان- راق قاينىتاي.»

ئۇيغۇرلار شۇنداق خەق: ئۆيىگە سالام قىلىپ كىرگەن ئا- دەمنىڭ ئالدىغا (گەرچە ئۇنى تونۇمىسىمۇ) داستىخان سالىدۇ، مېھمان قىلىدۇ. ئۆيىدىن قۇرۇق — بىر چىنە چايسىز چىقىرىۋې- تىشنى ئەيىب سانايدۇ. يېزىلاردا تېخىمۇ شۇنداق قىلىدۇ. لە- ھەلبۇۋى چېيىنى بىردەمدىلا قايناتتى - دە، بۇ ناتونۇش ئىككى يىگىتنىڭ ئالدىغا شىرە قويۇپ، داستىخان سالدى. تاتلىق - تۈرۈملەرنى، مەززىلىك يوغان ئاق نانلارنى، يۈزىگە سۈت سېپىپ- لىپ، قىزىرىپ پىشقان توقاچلارنى قويدى. ئۇ ئاۋۋال مېھمانلار- غا سىنچاي دەملىدى، بىر - ئىككى پىيالە ئىچكەندىن كېيىن، ئەتكەنچايغا تۇتۇش قىلدى.

لەھەلبۇۋى چايخانىدا ئەتكەنچاي ئېتىۋاتقان، ئىككى يىگىت خاتىرجەم سىنچاي ئىچىۋاتقان چاغدا قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۆيگە ئالدىراش كىرىپ كەلدى، ئىككىسىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ

قالدى. ئۇلار بۇ ئىككى ئوقۇتقۇچىسىنى ئۆزلىرىنى ئىزدەپ چى-
قىدۇ دەپ قىلچە ئويلىمىغان، تالادىكى خادىك هارۋىنى كۆرۈپ،
«بەلكى شەهەرلىك ساۋاقداشلىرىمىز ئولاش - چولاش چىققان
ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىغانىدى.

— ۋىيەي···، — دېيىشتى ئىككى قىز تەڭلا، — بىز
سىلەرنىڭ چىقىشىڭلارنى زادىلا ئويلىماپتىمىز···

— كىم دەپ ئويلىۋېدىڭلار؟

— باللارمىكىن دەپتىمىز.

— سىلەرنى ساۋاقداشلىرىڭلار ئىزدىسە بولىدىكەنۇ، بىز
ئىزدىسەك بولمامدىكەن، بىزنى قارشى ئالمايدىكەنسىلەر - دە؟

— ياق - ياق، ئەلۋەتتە قارشى ئالىمىز.

— ئەمىسە، نېمە دېگىنىڭلار ئۇ؟

— كۆڭۈلگە كەلگەن گەپنى دەۋېتىش كېرەك. ئادەم تولا
ئېهتىياتچان بولۇپ كەتسە، تىترىگەك، گېپىنى ئوڭلاپ قىلالماي-
دىغان بولۇپ قالىدۇ، — دېدى قەدىرىيە ئوچۇق كۆڭۈللۈك
بىلەن كۈلۈپ تۇرۇپ، — چىققىنىڭلاردىن شۇنداق خۇشال بىز،
سىلەر بىزنىڭ قەدىرلىك مېهمىنىمىز، ئەپەندىم، قانداق دېدىم،
سەبىهە، گەپ قىلمايسەنغۇ؟

— توغرا دېدىڭ، سىلەرنى كۆرۈپ، ئۆزىمىزنى ئۆسۈۋاتـ-
قاندەك هېس قىلىۋاتىمىز، بېشىمىز تورۇسقا تاقىشىپ
قالىدىغىيتتى···

بۇ گەپ هەممىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

قەدىرىيە چايخانىغا چىقتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن كۈلكە، شاد-
لىق يېغىپ تۇراتتى. قىزنىڭ شۇ هالىتىگە قاراپ لەهەلبۇۋى
بايىقى ئويلىغان هەر خىل ئويلىرىنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ توغرا
چىققانلىقىنى هېس قىلغاندەك بولۇپ:

— كىملەر ئۇ، قەۋەتلا كۈلۈشۈپ - ئېچىلىپ كەت-
تىڭلارغۇ؟ — دەپ سورىدى قىزنىڭ هېسسىياتىغىچە زەن سې-

لىپ.
— ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، بىز تەتىلگە ماڭغاندا چىقىمىز دې-
گەن، بىز مۇنداقلا دەپ قويغان گەپتۇ دېسەك، چىقىپتۇ.
قىزنىڭ كۆزلىرىدىن ئانا گۇمان قىلغۇدەك بىرەر ئالامەت
سەزمىدى.
— ئاپا، — دېدى قەدىرىيە، — بۇلار شۇنداق مەمەدان،
تەكەببۇر مۇئەللىمـلەر، بولۇپمۇ ئېـگىز بويلۇقـى شۇنـداق.
يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەرنى ئاغزى - بۇرنىدىن ئاشۇرۇۋې-
تەيلى، سەھرالىقلارنىڭ قانچىلىك مېھماندوست، مەرد بولىدى-
غانلىقىنى بىر كۆرۈپ قويسۇن.
— بولدى، ئۇنچىلىك دەپ كەتمە، مۇئەللىمىلىرىڭلار بول-
غاندىكىن، بىزمۇ ياخشىراق كۈتۈشىمىز كېرەك. سەن ئۇنىڭدىن
خاتىرجەم بول، مەن هازىرلا ھەممىسىنى دېگىنىڭدىن ئاشۇرۇپ
تەل قىلىپ بېرىمەن، چايلارنى ئەكىر.
قەدىرىيە ئاپقۇرلاغا لىپمۇلىق قۇيۇلغان چايلارنى پەتنۇسقا
سېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا ئەكىردى. چىنىنىڭ يۈزى كۆرۈن-
مىگۈدەك دەرىجىدە قايماق بولۇپ، ئۇنىڭدىن كۆتۈرۈلگەن مەززى-
لىك پۇراق دىماغلارغا ئۇرۇلۇپ، ئېغىزلارغا سېرىقسۇ كەلتۈر-
دى. سەبىھە ناننى سىركاي چىنىگە ئۇششاق ئۇشتۇپ سېلىپ،
ئۇلارنىڭ چىنىسىگە ئاۋايلاپ تۆتتى.
— بولدى - بولدى، بەك جىق سېلىۋەتتىڭىز، قانداق يەپ
تۈگىتىمىز...
— بولدى - بولدى، دېمەيدۇ، ئەپەندىم، — دېدى سەبىھە
چاقچاق ئارىلاش، — ھەشقاللا، دەيدۇ.
— سىلەرنى ئۇستاز تۇتساق بولغۇدەك، بىز مۇنداق تەكەل-
لۇپ سۆزلىرىنى بىلمەيمىز، — دېدى ئېگىز بويلۇق مۇئەللىم
شۆھرەت.
— بۇ تەكەللۇپ سۆزى ئەمەس، ساھىبخانىنىڭ مېھماندوست-

لۇقى، مېھماننى ھۆرمەتلىگەنلىكىگە قايتۇرۇلغان مۇۋاپىق جا-
ۋاب.

ئۇلار چايدىن بىر - ئىككى يۇتۇم سۇمۇرۇپ تۇرۇشىغا ئاچچىق - چۇچۇك قورۇلغان قورۇما كىردى. تۆتى بىر - بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرۇپ پاراڭ بىلەن چاي ئىچىشتى. ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى مەكتەپتە بولۇنغان قىزىق - قىزىق ئىشلار، ئوقۇتقۇچىلارنىڭ مىجەز - خۇي، خاراكتېر ئالاھىدىلىكلىرى، دەرس ئۆتۇش - سۆزلەش ئۇسۇللىرى، بەزىبىر ئوقۇغۇچىلارنىڭ قىزىقارلىق ھەرىكەت - قىلىقلىرى، چۈشتىن كېيىنكى ھەر خىل پائالىيەتلەر، مەكتەپكە بېرىلىدىغان تەلەپ - ئۈمىدلەر، ئەدەبىيات، تەنتەربىيە، سەنئەت، فوتوئاپپارات كۇرۇژۇكلىرىنىڭ ئىشلىرى، كېچىسى پوستتا تۇرغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىر - بىرىنى قورقۇتقان كۈلكىلىك ئىش - قىلىقلىرى ھەققىدە بولۇنماقتا ئىدى. ئۇلار شۇنداق پاراڭلار بىلەن چايلىرىنى ئىچىپ بولغانلىقلىرىنى تۇيماي قېلىشتى.

— ھازىر تەتۇر ئىشلار كۆپ، — دېدى شۆھرەت باشقا مەزمۇنغا ئۆتۈپ، — ئەسلىدە ئوقۇغۇچىسى ئوقۇتقۇچىسىنى يوقلايدىغان، ھازىر ئوقۇتقۇچىسى ئوقۇغۇچىسىنى يوقلايدىغان بولدى.

— راست دېدىڭىز، ئەپەندىم، — دېدى قەدىرىيە كۈلۈمسىرەپ، — ئەسلىدە بىز سىلەرنى يوقلىشىمىز، ئەھۋال سورىشىمىز كېرەك ئىدى. بىراق بىزمۇ راست گەپنى قىلايلى، ئۆيۈڭلارغا بېرىشتىن ئىزا تارتىمىز.

— شۇمۇ گەپمۇ، بىز ئىزا تارتماي ئەجەب كېلىدىكەنمىزغۇ، شۇنىڭغىمۇ ئىزا كېتەمدۇ؟

— سىزگە كەتمىگەن بىلەن بىزگە كېتىدۇ، سىلەر دېگەن ئوقۇتقۇچى، بىز ئەمدىلا تىلى چىقىۋاتقان ئوقۇغۇچى.

— بىز سىلەرنى يوقلاپ بارساق، ئاپىلىرىڭلار نەدىن كەلگەن

ئالۋاستىلاردۇ بۇ، دەپ سوْر ـ توقاي قىلىشۋېتەر، — دېدى سەبىھە قاقاقلاپ كۈلۈپ.

— سىلەر بارساڭلار ئاپىلىرىمىز ئوغۇللىرىمىزنى ئىزدەپ كېلىدىغان قىزلارمۇ بار ئىكەن، دەپ خۇشاللىقىدا بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرىدۇ، دەڭە.

— قېنى داستىخانغا دۇئا قىلىشۋېتەمسىلەر، — دەپ قەدىرىيە چىنە ـ قاچىلارنى يىغىشتۇرغانىدى، شۆھرەت:

— ماختىغان دەريا بويلىرى، توقايلىقلىرىڭلارغا ئاپىرارسىـ لەر، يە دەرياغا ئاپىرىپ سۇغارماي كېلىپتۇ، دېگەندەك يولغا سېلىشۋېتەمسىلەر؟

— ئالدىرىماڭ، ئەپەندىم، سىلەرگە راسلىغان نەرسىلىرىدـ مىز تېخى بار، — دېدى قەدىرىيە ۋە بىردىنلا ئويلىنىپ قالدى. ئۇلارنىڭ دەريا بويلىرى، توقايلىقلارغا چۇشۇش نىيىتىنىڭ بارلىـ قىنى بىلىپ، سىرتقا چىقتى ـ دە، قوشنا ئايالنىڭ كىچىك ئوغلىنى چاقىرىپ، زامانىدىن بىلەن نۇرزاتنى تېپىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

سەككىزىنچى ئاي يېزىدا ئاشلىق، كۆكباش، مېۋە ـ چېۋىـ لەرنىڭ، قوغۇن ـ تاۋۇزلارنىڭ ۋايىغا يېتىپ پىشقان، دېھقانلار تىلى بىلەن ئېيتقاندا، «تالقان تۆكتى» ۋاقتى، ئىنسانلارنىڭ قولى تەگمىگەن تۈرلۈك ـ تۈمەن مېۋىلەرنىڭمۇ مەي باغلىغان مەزگىلى. قاچا ـ قۇچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، شىرە ئۈستى تەخسە ـ تەخسە ئالما، ئامۇت، شاپتۇل، ئالگىرات، شاپ ئۈزۈملەر، تىلىنىپ تاۋاقلارغا تىزىلغان قوزىۋاي تاۋۇز، كۆكچى قوغۇنلار بىلەن تولدى. سېخىي داستىخان ئۆز كارامىتىـ نى كۆرسەتمەكتە ئىدى. داستىخان ئۈستىدىكى ئاشۇ نېمەتلەر ھەممىسىنىڭ قورسىقى تويۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئېغىزلىرىغا يەنە سېرىقسۇ كەلتۈردى. ئارىدىن ئانچە ئۆتمەي، قەدىرىيە ھورى پۇرقىراپ كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بىر تاۋاق كۆكباش كۆتۈرۈپ كىرـ

دى. بەختىيار مۇئەللىم:

— پاھۇي، قەدىرىيە، شىرە ئۈستىنى تولدۇرۇۋەتتىڭىزغۇ، نەگە يەيمىز شۇنچە نەرسىلەرنى؟ — دېگەنىدى، قەدىرىيەنىڭ ئورنىغا سەبىھە جاۋاب بەردى:

— ھەر تائامنىڭ قورسىقى باشقا، ئۆز يولىغا كېتىۋېرىدۇ، قورقماڭلار، سەھرانىڭ ھاۋاسى بىردەمدىلا سىڭدۈرۈۋېتىدۇ.

شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئوقۇتقۇچى، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۇلارنىڭ ئوقۇغۇچىسى. ئوقۇغۇچى ئوقۇتقۇچىنىڭ دەرسىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ ئاڭلايدۇ، بۇيرۇقىنى دەرھال ئىجرا قىلىدۇ، ئولتۇر دېسە ئولتۇرىدۇ، قوپ دېسە قوپىدۇ. بىلىم ئېلىش جەريانىدا ئۇلارغا ئېھتىياجى چۈشۈپ تۇرىدۇ. لې-كىن نازۇك بىر مەسىلىدە ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلامدۇ؟ دېگىنىنى قىلامدۇ؟ بۇنىڭغا بىرنېمە دېيىش قىيىن. بۇ ئاڭلا، ئوقۇ، سۆزلە، ئولتۇر، قوپ دېگەنلەرگە ئوخشاشمايدىغان، كىشىنى ئويلاندۇرىدىغان، تەرلىتىدىغان، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچى مۇنا-سىۋىتىدىن ئۆزگىچە بىر ئىش. كۆڭۈلگە پۈكۈلگەن نىيەت - مەقسەت ئادەمنى ھەر كويلارغا سالىدۇ، ئۇزاق يوللارنى باستۇرى-دۇ. ئۇلار كۆڭۈلگە پۈتۈلگەن بىر نازۇك مەقسەت - مۇددىئانىڭ يول باشلىشى بىلەن بۇ يەرگە چىقتى. ئەمدى توقايغا چۈشسە، خىلۋەت جايلارنى ئارىلاش، سەيلە قىلىش جەريانىدا ئاشۇ نازۇك مەسىلىدىن سۆز ئاچسا - ھە... ئۇلار تېخى بۇ يەرگە چىقماي تۇرۇپلا، ئۇنى ئويلىشىپ قويغان. شۇ پەيت كەلدى، «ئۇلارنى ئۆيىدە، مەھەللىسىدە يوقمىكىن؟» دېگەن ئەندىشىلەرمۇ تۇگى-دى. ھازىر توقايغا چۈشىدۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق مۇۋاپىق جاي بولمايدۇ. ئىككى جۈپ ئادەم ئىككى ياققا كەتسە، بۇ يەردە قۇشلا-ردىن باشقا كىم بار، ھەرقانچە نازۇك، نەپىس گەپنىمۇ دېگىلى بولىدۇ، تېخى پىچىرلىماي، ۋارقىراپ ئېيتقىلىمۇ بولىدۇ. ئىشلار كۆڭۈلدىكىدەك بولۇۋاتىدۇ. «ئاخىر خەيرلىك بولغاي»

دەپ ئويلىدى شۆھرەت ئەپەندى.

قەدىرىيە شۆھرەتنىڭ قىلىۋاتقان مۇئامىلىلىرىنىڭ مەقسىتىدىن ئوقۇتقۇچى بىلەن ئوقۇغۇچىلىق مۇناسىۋىتىدىن ھالقىپ كەتكەن، باشقا ياققا بۇرۇلۇۋاتقان تەرەپلەرنى غىل - پال سېزىپ يۈرگەن بولسىمۇ، بۈگۈن ئۇلارنىڭ بۇ يەرگە چىقىشى شۇ خىل مۇناسىۋەتنىڭ داۋامى ئىكەنلىكىنى بىلىۋاتسىمۇ، لېكىن ئۆز ئوقۇتقۇچىلىرىنى كۈتۈش، مېھمان قىلىش، ھۆرمەت - ئىززىتىنى قىلىشنى ئويلايتتى. سەبىھەچۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئويلاردا بولۇۋاتقانلىقى، نېمىنى سەزگەنلىكى ھازىرچە بىزگە قاراڭغۇ.

ئىككى قىزنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى، ئوچۇق - يورۇق، خۇشخۇي كەيپىياتى، سەممىي، تۈز سۆزلىرى ئىككى ياش ئوقۇتقۇچىنى ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق رازى قىلىۋاتقان پەيتتە، ئۆيگە زاماندىن بىلەن نۇرزاتنىڭ كىرىپ كېلىشى شۆھرەت بىلەن بەختىيارغا نىسبەتەن قىلچىمۇ ئويلاپ باقمىغان، كۈتۈلمىگەن بىر ئىش بولدى - دە، ئىككىسىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى. ئۇلار يېزىلىق بۇ ئىككى يىگىتنى كۆرۈپلا تونۇغانىدى. قىزلار ئورنىدىن تۇرۇپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئەمما شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئورنىدىن قوزغىلىپمۇ قويماي قولىنى ئۇزاتتى. ئىككىسىنىڭ بۇ قىلىقى (سەبىھە دىققەت قىلمىغان بىلەن) قەدىرىيەنىڭ كۆڭلىگە كەلدى. ئىككى ئوقۇتقۇچىنىڭ يۈز - كۆزلىرىدە، ھەرىكەتلىرىدە ئىپادىلىنىپ تۇرغان ئىللىق تەبەسسۇم، خۇشخۇيلۇق نەلەرگىدۇر غايىب بولدى. ئۇلار ئىككى دېھقان يىگىتكە يەر تېگىدىن قاراپ قويىدى ۋە دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. زاماندىننىڭ قوي كۆزلىرى بۇ روھىي ھالەتلەرنى بايقاپ، ئىككىسىنىڭ بۇ داستىخاندا پەيدا بولۇشى ئۇلارغا ياقمىغانلىقىنى بىلدى.

— ئەپەندىم، بۇلارنى تونۇغانسىلەر، — دېدى قەدىرىيە قايرىلما كىرپىكلىرىنى قېقىپ ئاۋۋالقىدەكلا خۇشخۇيلۇق بىلەن، — بىزنىڭ يېزىلىق ئەڭ يېقىن دوستلىرىمىز، بۇ ياق

زاماندىن، ئۇ ياق نۇرزات.

— قەيەردىدۇ بىر يەردە كۆرگەندەك قىلىمەن، — دېدى شۆھرەت پەس ئاۋاز بىلەن.

— مەن سىزنى، ئەپەندىم، ئېنىق تونۇدۇم، — دېدى زاماندىن ئىككى قولىنى شىرەگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ، — مەكتىپىڭلارنىڭ ئالدىدا ئۇچرىشىپ قالغان ئەمەسمىدۇق؟ بىز ھېلىقى ھاۋا يەپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ يۈرگەن سەھرالىقلار، — زاماندىن شۇ چاغدا شۆھرەتنىڭ ئۆزلىرىگە دېگەن ئاشۇ گېپىنى ئەسلىتىپ كۈلۈپ قويدى.

شۇنىڭدىن كېيىن گەپلەرمۇ قولاشمىدى، ئولتۇرۇشنىڭ كەيپى ئۇچۇپ، جىمجىتلىق باشلاندى.

※ ※

لەھەلبۇۋى گۆشنان قىلىۋاتاتتى. سەبىھەنىڭ ئارىلىقتا ئۆيگە بىر بېرىپ - كېلىشى بىلەن ئاپىسى مېھمانلارغا ئاتاپ كاۋا مانتىسى ئېتىۋاتاتتى. لېكىن ئۇلار: «قايتقاندا يەيلى، يېگۈدەك يېرىمىز قالمىدى» دەپ تۇرۇۋالدى. قايسى ئۆيدىكىنى يەيدۇ؟ سەبىھەنىڭ ئۆيىگە بارمىسا بولامدۇ؟ بىردەملىك تالاش - تارتىشتىن كېيىن، ھەر ئىككى ئۆيدىكى تاماقنى ئېغىز تېگىدىغان بولۇپ كېلىشتى - دە، توقايلىقتا چۈشمەكچى بولۇپ، ئۆيدىن چىقىشتى. كۈننىڭ قىزىق تەپتى ھويلىدىكى گۈللەرنى سولاشتۇرۇپ - سالپايتىپ قويغانىدى.

— ھارۋىدا بارامدۇق؟ — سورىدى بەختىيار.

— ياق، ئانچە يىراق ئەمەس، بىردەمدىلا بارىمىز، — دېدى قەدىرىيە ھارۋىلىق بېرىشتىن ئاتايىن قېچىپ.

— ھارۋىدا تولا ئولتۇرۇپ، بەللىرىڭلارمۇ ئاغرىپ كەتكەندۇ، ئەپەندىم، — دېدى سەبىھە كەينىدە كېلىۋاتقان بەختىيارغا

قايرىلىپ قاراپ، — بىز ماڭغان يوللارنىڭ بىرەر قىسمىنى بولسىمۇ پىيادە بېسىپ بېقىڭلار، قانداقكىن؟

— راست خېلى ئۇزۇن يول ئىكەن، ھارۋىدا ئولتۇرۇپ چىققۇچە زېرىكىپ كەتتۇق، شۇنچە ئارىلىقنى پىيادە بېسىپ، ئۆيۈڭلارغا كېلىپ تۇرغىنىڭلارغا ھەيرانمىز.

— بىزنىڭ ئون بىرىنچى نومۇرلۇق ماشىنىمىز بېنزىن دېمەيدۇ، يول تاللىمايدۇ، توپا توزۇتمايدۇ، يامغۇر - يېشىن، بوران - چاپقۇنغىمۇ قارىمايدۇ. سىلەرنىڭ خادىك ھارۋاڭلاردەك كاتاڭلارغا كەلسە، توختاپمۇ قالمايدۇ، مېڭىۋېرىدۇ.

سەبىھەنىڭ چاڭىلداق ئۈنى، گەپچىللىكى، شوخلۇقى، يې-نىك ھەرىكەت - قىلىقلىرى ھەممىنى كۈلدۈرۈپ، ھۇزۇرلاندۇ-رۇپ تۇراتتى.

كۈن قايرىلغان بولسىمۇ، ھاۋا يەنىلا ئوتتەك قىزىق ئىدى. ئاۋغۇست ئاپتىپى يازنىڭ ئاخىرقى نېمەتلىرىنى كۆچلەندۈرۈپ، تەملىك قىلىپ يېتىلدۈرمەكتە ئىدى. «ۋىل - ۋىل» قىلىپ تۇرغان كۈننىڭ تەپتى يۈزلەرگە ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. قۇشلار ساي-لىق يەرلەرگە مۆكۈنگەنىدى. يولۇچىلاردىن ئۆركۈپ دەرەخ ئۈ-چىغا قونۇۋالغان قاغا ھەلقۇمىنى لىپىلدىتىپ ھاسىرىماقتا ئىدى. باشقىلار مۇنداق ئىسسىقتىن زارلانغىنى بىلەن دېھقانلار يايرايدۇ. مۇشۇ مەزگىلدىكى كۈنلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ قىزىق بولۇشىنى تىلەيدۇ. ھازىرقى كۈنلەر ئاجايىپ خاسىيەتلىك — كۈندۈزى ئىسسىق، كېچىسى سالقىن بولۇشى بىلەن مېۋە - چېۋىلەرگە شېرىنلىك ئاتا قىلىدىغان كۈنلەر.

شۆھرەت ئالدىدا كېتىۋاتقان قەدىرىيەگە يانداپ كېلىپ، بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ شىۋىرلاپ مۇنداق دېدى:

— مۇنۇ ئىككىسىنى نېمىگە ئەگەشتۈرۈۋالدىڭلار، ئازادە ئوينايمىز، دەپ ئويلىۋېدۇق؟

شۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەدىرىيەنىڭ ئاچچىقى كەلدى. ئېھتىما-

لىم، بىلىنەر ـ بىلىنمەس سەپكۈنى بار ئاق سېرىق يۈزى، قارلىغاچ قانىتىدەك قېشى، ئويچان كۆزلىرى جىددىي تۈس ئالـ-دى:

— ئىككىڭلارنى قوغدىسۇن، دەپ...

— بىزنى؟

— ھەئە، سىلەرنى.

— قالتىس گەپقۇ بۇ؟

— يېزا باللىرىنى بوش چاغلىماڭ، قىزلىرىمىزنى نەگە ئاپىرىشىسەن، دەپ ئالدىڭىزنى توسۇسا قانداق قىلىسىز؟

— ھەددى ئەمەس.

— ھەددى ئەمەس دەپ بېقىڭا، بىردەمدە ئاغزى ـ بۇرنىڭىز-نى ماكچايتىۋېتىدۇ.

— نېمە سەۋەبتىن؟

— سەۋەبى ئاددىي، بىزنى كۆزگە ئىلمىدىڭ، ئاياغ ئاستى قىلدىڭ دەيدۇ.

— بۇ ئۆتۈپ كەتكەن نادانلىق، جاھالەت، — شۆھرەتنىڭ كۆزلىرى غەزەپلىك ياندى.

— بىراق ئۇلار بۇ بىزنىڭ غۇرۇرىمىز، بۇرچىمىز، دەپ قارايدۇ.

— شۇنداقمۇ قىلىدۇ دەيلى، سىلەر قاراپ تۇرامسىلەر؟

— بىز ئامالسىز قالىمىز، چۈنكى بىز مۇشۇ مەھەللىدە مۇشۇلار بىلەن ياشايمىز ـ دە، ئەگەر بىزنىڭ ئالدىمىزنى باشقا يەرنىڭ باللىرى توسۇۋالسۇنچۇ، ئۇلار شەھەر باللىرىدەك قېچىپ كەتمەيدۇ، بىز ئۇچۇن جېنىنى تىكىپ ئېلىشىدۇ.

قەدىرىيە شۇ سۆزلىرى بىلەن بۇلتۇر كۈزدە ئۆزىنىڭ بىر نەچچە قىز بىلەن بازارغا چىققاندا، ئىككى ـ ئۈچ لۈكچەكنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئالدىنى توسۇۋالغانلىقىنى، شۇ چاغدا مۇشۇ شۆھرەت مۇئەللىمنىڭ شۇ ئىشنى كۆرمەسكە سېلىپ ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى

ئەسلىتىپ قويدى.

شۆھرەت ئۈنچىقمىدى.

ئۇلار ئېگىز يارنىڭ ئۈستىگە كەلدى ـ دە، تۆۋەنگە نەزەر تاشلىدى. ئاراللارغا بۆلۈنگەن ھەيۋەتلىك دەريا تولغىنىپ، دولقۇنلاپ ئاقماقتا ئىدى. توقايلىقلار خۇددى ئوت ـ چۆپ بېسىلغان تۇتاش ئۆگزىلەردەك ياكى قويۇق ئوت ـ چۆپ دۆۋىلىرىدەك كۆرۈنەتتى. بېلىقئالغۇچلار مەيدىسىنى دەممۇدەم سۇغا ئۇرۇۋاتقاندەك شۇڭغۇپ ـ ئۆرلەپ ئۇچۇپ يۈرەتتى. دەريا تەرەپتىن ئۇرۇۋاتقان سالقىن شامال ھارغىنلىقنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇلارنى بىردەمدىلا سەگىتىپ قويدى.

— قېنى، دەريا بويىغا چۈشەيلى، — دېدى زامانىدىن ۋە ئۆزى پەسكە چۈشىدىغان يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئۇچقاندەك يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار كىچىككە چۈشۈشتى. كىچىكنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرى سۇ تارتىلىپ قالغاندا تىزغىچە، كۆپەيگەندە چوڭ يانپاشقىچە كېلەتتى. بۈگۈن سۇ ئۆرلەپ قالغاچقا، ئىككى قىزنىڭ قولىنى زامانىدىن بىلەن نۇرزات تۇتۇپ ئۇ قاتقا ئۆتتى. ئەگەر شۆھرەت بىلەن بەختىيار بولمىغان بولسا، ھاپاش بولۇپ ئۆتكەن بولار ئىدى. شۆھرەت بىلەن بەختىيارمۇ: «مۇنۇ ئىككىسى بولمىغان بولسا، قىزلارنى بىز ئۆتكۈزگەن بولار ئىدۇق» دەپ ئويلىدى.

توقايلىقنىڭ بەزى يەرلىرى ئوت ـ چۆپلۈك، چىملىق، بەزى يەرلىرى قۇملۇق، شېغىللىق بولۇپ، تەرەپ ـ تەرەپكە كەتكەن يوللارمۇ كۆپ ئىدى. ئۇلار تاللىق ئاستىدا — چىملىق يەردە ئولتۇرۇپ دەم ئالدى، تەپچىرەپ چىققان تەرلىرىنى قۇرۇتتى. بۇ دەريانىڭ لېۋى شامال ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان يەر ئىدى. قۇشلار ۋىچىرلىشىپ تۇراتتى. قىزىق، دەريانىڭ ئۇ يېقىدا — مەھەللىدە قۇشلار سايىلىق يەرلەرگە مۆكۈنگەن، بۇ يەردە بىمالال سايرىشىپ، ئەركىن ئۇچۇشۇپ يۈرەتتى.

— مانا بىزنىڭ توقايلىقلار، — دېدى سەبىھە قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، ماختىنىپ، — كۆرۈڭلار، ئارىلاڭلار، قىيغىتىڭلار، مەكتەپكە بارغاندا، ئىككىڭلاردىن «ساياھەت خاتىرىسى» ناملىق ماقالىلىرىڭلارنى يىغىۋېلىپ، قەدىرىيە ئىككىمىز تەكشۈرۈپ نومۇر قويىمىز. بۇ يەرنى كۆرگىنىڭلارنىڭ ھەققى شۇ بولىدۇ.

— ئەمىسە بىزگە ئايرىم - ئايرىم كۆرسىتىڭلار، ھېسسىياتىمىز قانچىلىك قوزغىلىدىكىن؟ — دېدى شۆھرەت.

— زاماندىن، نۇرزاتلار، — دېدى قەدىرىيە، — مۇشۇ توقايلىقنىڭ بالىلىرى، قېنى يول باشلاڭلار، ئارىلايلى.

— ياق، يول باشلىغۇچىسىز ئۆزىمىز خالىغانچە ئارىلايلى.

— خالىغىنىڭلارچە بولسۇن.

توقايلىق ئىچى يۇلغۇن، جىغان، زىرىق، تال، قاغا جىگدىسى دەرەخلىرى بىلەن بۇككىدە بولۇپ كەتكەنىدى، دەريا شاۋقۇنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئاۋغۇست ئېيى قاغا جىگدىسى، زىرىقلارنىڭمۇ پىشىپ كەتكەن مەزگىلى ئىدى. قۇشلار شاختىن - شاخقا سەكرىشىپ - ئويىنىشىپ ۋىچىرلىشاتتى.

— بۇ يەر قۇشلار ماكانى ئىكەن - دە، — بەختىيار شۇنداق دېۋىدى، سەبىھە ئۇنى تولۇقلاپ مۇنداق دېدى:

— شۇنداق، بۇ يەر نەغمە - ناۋالىق، غۇر - غۇر شامالىلىق، ساپ ھاۋالىق، مېۋىزارلىق يەر، — سەبىھە بىر ئوچۇم قاغا جىگدىسى ئۈزۈۋالغانىدى، ئۇنى يېنىدا كېتىۋاتقان بەختىيارغا ئۇزاتتى:

— ماۋۇنى يەپ بېقىڭا؟

بەختىيار بىر تال ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— بەتتەم ئىكەنغۇ...

— بۇ بىزنىڭ ئەمەس، قۇشلارنىڭ مېۋىسى، بولۇپمۇ قارىغۇجىلارنىڭ ئەڭ ياخشى ئوزۇقى.

— قۇشلارنىڭ ئوزۇقىنى ماڭا تەڭلەپسىز ـ دە، ئاغزىمدا قالغۇدەك تاتلىق نەرسىلىرىڭىزمۇ باردۇر؟
— بار.
— قاچان بېرىسىز؟
— ئۆيگە بارغاندا.
— ئۆيگە بارغاندا؟
— ھەئە، ئاپام تەييارلاۋاتىدۇ.
— تاماقنى دەۋېتىپسىز ـ دە، تاماقتىنمۇ تاتلىقراق گەپلىرىڭىز باردۇر؟
— مۇشۇ دېگەنلىرىم ئاچچىقمىكەن؟
— تېخى تاتلىقىنى ئاڭلىمىدىم، يا مېنىڭكىنى ئاڭلامسىز؟
سەبىھە قىزىرىپ كەتتى ـ دە، ئۇنىڭ سوئالىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، ھېچنېمىنى ئاڭلىمىغادەك نېرى كەتتى ۋە ۋارقىردى:
— قاراڭلار، ئاۋۇ كىچىك بالىلارنىڭ قورقماي دەريادا ئۈزۈپ يۈرگىنىنى قاراڭلار!...
شۆھرەت قەدىرىيەنى خالىيراق بىر يەرگە ئاپىرىپ، كۆڭلىدىكى نازۇك گەپلىرىنى دېيىشنىڭ كويىدا ئىدى. زاماندىن بىلەن نۇرزات بولاردىن خېلى نېرىدا سۇغا چۈمۈلۈۋاتاتتى. ئەگەر ئىككى قىزنىڭ كۆڭلىنى دېمىسە، بۇ يەرگىمۇ كەلمەس ئىدى، كەلگەنىكەن، ئاللىقاچان كەتكەن بولاتتى، بۇ ئىككى ياش مۇئەللىمنىڭ بولارغا چىرايىنى ئاچماسلىقى، تۈزۈك گەپ قىلماسلىقى، بولارنى خۇددى بۇ يەردە يوقتەك مۇئامىلە قىلىشلىرى بولارنىڭ كۆڭلىگە ئوبدانلا تەگكەنىدى.
قەدىرىيە بىر تۈپ زىرىقنىڭ تۈۋىدە ئولتۇرۇپ، ئۇنى تېرىشكە باشلىغانىدى. شاخلارغا ئۆششاق قىزىل مارجانلارنى ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك تۇرغان زىرىقلار ئادەمنىڭ زوقىنى قوزغاپ، ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى. شۆھرەتمۇ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ زىرىق تېرىشكە تۇتۇش قىلدى. قەدىرىيە ئۇنىڭ زىرىق تېرىۋاتقان قوللى-

رىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى بايقاپ قالدى ۋە ئۆياق - بۇياققا قاراپ، ئۈزلىرىدىن باشقا ھېچكىمنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئورنىدىن تۇرۇپ كەتمەكچى بولۇۋىدى، شۆھرەت تىترەڭگۈ ئاۋازدا گەپ باشلاپ قالدى:

— قاراڭ، سىزگە زىرىق تېرىپ بېرىمەن دەپ، قولۇمنى تىكەنگە سانجىۋالدىم.

— نىيىتىڭىز بۇزۇلغان ئوخشايدۇ.

— چاقچاققا سەبىھەدىنمۇ ئۇستا بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟...

— راست، زىرىقنىڭ تىكىنى ئۇنداق ئادەمنى ئاسانلا بايقىۋالىدۇ.

— نىيىتىم دۇرۇس ئىدى.

— ئۇنداق بولسا، ئېھتىياتچان بولۇڭ.

— بايىلا تولا ئېھتىياتچانلىق ئادەمنى تىترىگەك قىلىپ قويىدۇ، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

— گەپنىڭ نېمىگە قارىتىلغانلىقىغا قاراش كېرەك. ئىشلىتىلگەن سۆزنىڭ دائىرىسى، نىشانى، مەنىۋى دەللىلىكى بولىدۇ، ئۇنداق بولمىسا مەقسەتتىكى ئېنىقلىق بۇزۇلۇپ، تىل ئالاقە قورالىلىقىدىن قالىدۇ، ئەپەندىم، تىلشۇناسلىق، لوگىكا، پسىخولوگىيىدىن ساۋاتلار بىزگە شۇنداق دەپ ئۆگىتىۋاتىدۇ.

— ئالىم بولۇپ قاپسىز...

— مەسخىرە قىلماڭ، ئەمما ئالىم بولۇشقا تىرىشىمەن.

قەدىرىيە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى. شۆھرەت قولىدىكى زىرىقلارنى چېچىۋەتتى. سەبىھە بىلەن بەختىيارمۇ، زامانىدىن، نۇرزاتلارمۇ پەيدا بولدى. كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالغانىدى.

ئۇلار قايتىشتى. ئارىدىن ئۆتكەن چاغدا قەدىرىيە شۆھرەتنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

زامانىدىن بىلەن نۇرزات ئۆيلىرىگە قايتىمىز دەپ تۇرۇۋالغاندا ئىككى قىز قەتئىي ئۇنىمىدى. ئۇلار ئاۋۋال لەھەلبۇۋىنىڭ گۆشنېنىغا ئېغىز تېگىپ، ئاندىن سەبىھەنىڭ ئۆيىدە مېھمان

بولدى. سەبىھەنىڭ مېھماندوستلۇقىمۇ قەدىرىيەنىڭ مېھماندوست-لۇقىدىن قېلىشمىدى. سەبىھەنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخان پايپېتەك بولۇپ خىزمەت قىلدى.

شۆھرەت بىلەن بەختىيار كۆن ئولتۇراي دېگەندە قايتىشتى. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۇلارغا رەھمەت ئېيتتى:

— خوش، بىزنى يوقلاپ چىققىنىڭلارغا بەكلا خۇشال بول-دۇق.

— ياخشى كۈتەلمىدۇق، رەنجىمەڭلار...

خادىك هارۋا جاراڭلاپ يۈرۈپ كەتكەندىن كېيىن، زاماندىن مۇنداق دېدى:

— كەينىدىن كۆل سورۇۋېتىدىغان نېمىلەر ئىكەن، دۇنيادا ئۆزىچە ئادەم يوقتەك... نېمىدېگەن مەنمەنچى، هاكاۋۇر...

نۇرزاتمۇ گەپ قىستۇردى:

— سايىسىگە قاراپ قالغان نېمىلەردەك قىلىدۇ.

— هەرقانچە ياخشى ئادەمنىڭمۇ بىرەر يېتىشسىزلىكى بول-دۇ، — دېدى قەدىرىيە، — ئۇنچىلا دەپ كەتمەڭلار، ئۇلار بىزنىڭ ئىقتىدارلىق ئوقۇتقۇچىلىرىمىز.

— ئۆزىنى قالتىس چاغلىۋالغان - دە، ئۆز - ئۆزىگە مەستلىكى كەلگەن ئادەم ئاخىر بېرىپ كېرەكسىز ئادەمگە ئايلى-نىپ قالىدۇ.

قوڭغۇراق ئاۋازى يىراقلاپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇلارنى ئۇ-زىتىپ قالغانلارنىڭ گەپلىرىمۇ بېسىقىپ قالدى.

## 10

لەھەلبۇۋى قايسى كۈنى ئايسىخان موماي بىلەن پاراڭلاشقان-دىن كېيىن، يالغۇز قىزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشى، تەقدىرىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئاتا - ئانىنىڭ كۆيۈنىدىغان نەر-سىلىرىنىڭ ئىچىدە ئەڭ كۆيۈنىدىغىنى بالا. بالىغا كۆيۈنۈش،

ئۇنىڭ تەقدىرىنى ئويلاش، بەختلىك بولۇشىنى ئىستەش —
ئاتا ـ ئانىنىڭ تەبىئىي، تۇغما ھېسسىياتى. لەھەلبۇۋى ئوقۇت-
قۇچى. بالىنىڭ ئۆسۈش، تەربىيىلىنىش، ئادەم بولۇشىدا
ئاتا ـ ئانىنىڭ جاۋابكارلىقى ئۈستۈن بولۇپلا قالماي، كەلگۈ-
سى تۇرمۇش — ھاياتنىڭ قانداق بولۇشىمۇ جاۋابكارلىقى كۈچ-
لۈك بولىدىغانلىقىنى ئۇ ياخشى بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ. شۇڭا ئۇ-
نىڭغا ئۆمۈرلۈك جۈپ بولىدىغان ئادەمنى، ئۇنىڭ قانداق ئادەملى-
كىنى ئويلاش كېرەك.

هازىر تەتىل ۋاقتى. لەھەلبۇۋى يوتقان ـ كۆرپىلەرنى سۆ-
كۈپ، يۇيۇپ، قايتىدىن تىكىۋاتاتتى. ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن
سەبىھە كېلىپ، قەدىرىيە ئىككىسى چىقىپ كەتكەن. ھەر كۈنى
دېگۈدەك شۇنداق، سەبىھە ئىككىسى چىقىپ كېتىدۇ، «دوستلى-
رىمىزنىڭكىگە بارىمىز» دەيدۇ. بەزى كۈنلىرى ئۆيگە قىزلار
تولۇپ كېتىدۇ. تېخى ئوغۇللارمۇ كېلىدۇ. ئۇلار تەتىلنى
ئويناپ ـ كۈلۈپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ. مەيلى ئوينىسۇن، كۈلسۇن،
ئوقۇش ـ ئۆگىنىش ئۇلارنى چارچاتتى، مېڭىسى دەم ئالسۇن.
ئوقۇشنىڭ تۈگىشىگە بىر يىل قالدى. مەكتەپكە ياخشى دەم
ئېلىپ، مېڭىسىنى سەگىتىپ كىرسۇن.

لەھەلبۇۋى يوتقاننى شىرىپ بولۇپ، تۆت قاتلاپ تىزىغا
قويدى ـ دە، ئۇنىڭغا جەينىكىنى تىرەپ، ئېڭىكىنى ئالقىنىغا
قويۇپ، ھەر كۈنى قىزى توغرىسىدا سۈرىدىغان خىياللارغا چۆ-
كۈپ قالدى: «ئۇنىڭ يۈرۈۋاتقان ئادىمى بارمىدۇ، — دەپ ئوي-
لاشقا باشلىدى ئۇ، — ئالدىمدا بولسىغۇ، بار ـ يوقلۇقىنى
بىلىپ بولار ئىدىم. ھەپتىدە بىر، ناگان ـ ناگاندا ئىككى ھەپتىدە
بىر چىقىدۇ، كۆپ ۋاقتى شەھەردە، مەكتەپتە ئۆتۈۋاتىدۇ، نېمە
ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ، قانداق كوچىلارغا كىرىۋاتىدۇ، كىم بىلى-
دۇ… ئۇلارنىڭ مەكتىپى — ئوتتۇرا تېخنىكوم، بىر كەسپىي
مەكتەپ بولغانلىقى ئۈچۈن، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ مۇھەببەتلىشىشى-

نى تورىماس بەلكىم... ئەگەر هازىرغىچە بىرىنى تېپىپ بولغان بولسىچۇ؟ مەيلى، بىر قىزدا مۇھەببەت ھېسى ئويغانغانىكەن، ئۇنى بېسىپ قويغىلى ھەرگىز بولمايدۇ. چۈنكى مۇھەببەت ئىنتا-يىن قۇدرەتلىك تۇيغۇ، ئۇنى توسۇپ قالىمەن دېيىش قۇرۇق ئاۋارىگەرچىلىك. مەندە مۇھەببەت تۇيغۇسى قوزغالغاندا، توّت تامىمۇ، جاھىل دادامىمۇ مېنى توسۇپ قالالمىغانغۇ... مۇھىمى، تاپقان ئادىمىنىڭ قانداق ئادەملىكىدە. ۋاپادار، سەمىمىي، ئەقىل - ئىدراكلىق ئادەممۇ ياكى ئۇنىڭ تەتۈرسىمۇ؟... ئون يەتتىدىن ئەمدىلا ئېشىۋاتقان قىز شۇ تەرەپلىرىنى ئويلىيالامدۇ، يوق؟... ئەگەر شەھەرلىك بالىلاردىن بىرەرىنى تاپقان بولسىچۇ؟ نەۋاقتا «شەھەرلىك ساۋاقداشلىرىم» دەپ بىرمۇنچە ئوغۇل - قىزلارنى باشلاپ چىقتى. بىر كۈن مېھمان قىلدۇق، قىزىم «ئالدىغا قويغان نەرسىلىرىمىز ياخشى بولسۇن» دەپ پايپېتەك بولۇپ، قەۋەتلا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتتى، شۇلارنىڭ ئىچىدە بارمۇ - يە؟ شۇلارنىڭ ئىچىدىن ئاق يۈزلۈك، چىرايلىق بىرى ماڭا زادىلا قارىيالماي، مېنى كۆرسىلا قىزىرىپ كېتىۋىدى، بەلكى شۇمىكىن؟... ئەگەر شۇ بولسا، ئوقۇشمۇ توگەپ بىر مەزگىل يۈرەر، ئاندىن توي قىلار، شەھەردە چوڭ بولغان بالا ھەرگىز يېزىغا چىقماس. شەھەردىن ئۆي تۇتسا يالغۇزلۇقۇمدا قانداق قىلارمەن، مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۆلەك نېمەم بار، تېخى شۇنداق ئىشمۇ بولارمۇ؟...»

لەھەلبۈۋنىڭ ئويچان كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ، ئاپ-ئاق، سىلىق يۈزىنى ئەندىشىلىك ئۇچقۇنلار قاپلىدى. يالتىراق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئەلەمدە سالپىيىپ، قېقىلماي تۇراتتى. ئۇ خىيالغا شۇنچىلىك بېرىلىپ كەتكەنكى، چىرايلىق بۇرنىنىڭ ئۇ-چىغا چىقىن قونۇۋالغانلىقىنى تۇيمايتتى. ئۇنىڭ خىياللىرىنىڭ ئىچىگە بىردىنلا ئاتا - ئانىسى، ئاتا - ئانىسىز ياشاۋاتقانلىقىغا ئۆكۈنۈش، ئېچىنىشلار قوشۇلۇۋالدى. ئادەملەر ئۆز كەلگۈسى-

نىڭ قانداق بولۇشىنى بىلمەيدۇ، ئەگەر بىلگىنىدە ئازاب، ئەلەم سەھراسىدا تېنەپ يۈرمەس ئىدى… ئۇ ئۆزىنى قويۇپ تۇرۇپ، يەنە يالغۇزى، يۈرەك پارىسى توغرۇلۇق خىيالغا كەتتى: «مەن ئۆيلىغان بالا بىلەن يۈرگەن بولسا، مانا تەتىل قىلىپ ئۆيگە چىققىلى بىر ئايدىن ئاشتى، يا بۇ شەھەرگە، يا ئۇ يېزىغا چىقمىدى. بولمىسا بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ شەھەرگە كىرەر ئىدى، شەھەرلىك دوستلىرىمۇ كۆپقۇ، ئۇمۇ بىرەر نەرسىنى باھانە قىلىپ چىقار ئىدى، بۇ يەردە سەبىھەمۇ بارغۇ. شۇنچە كەڭ ئىمكانىيەتلەر تۇرسا، ھازىرقى ياشلار ئۇنىڭدىن پايدىلانماي قالاتتىمۇ… مەن كۆرۈشۈش تەس بولغان ئاشۇ چاغلاردا دادامنى، ئاپامنى ئۇخلىتىپ قويۇپ كوچىغا تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپ، ئابدۇسالام بىلەن كۆرۈشەتتىمغۇ. رۇقىيەمخان قىز ۋاقتىدا ئۆزى يېزىدا تۇرۇپ، قاتناش دېگەنلەر شۇنچە قىس بولسىمۇ، نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى يەنسخەيگە بېرىپ سۆيگەن يىگىتى بىلەن كۆرۈشۈپ كېلىپتىكەنغۇ. كىشىنى شۇنچىلىك سەدپارىلىققا سېلىۋاتقان، قورقۇمسىزلىققا يېتەكلەۋاتقان مۇھەببەت قۇدرىتى ئەمەسمۇ؟… ئەگەر شۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋاتقان بولسا، بۇ چاغقىچە نەچچە كۆرۈشكەن بولاتتى. شۇنىڭغا قارىغاندا، بۇنىڭ ئۇ بالا بىلەن يۈرمىگەنلىكى ئېنىق».

لەھەلبۇۋى تېگىرقاپ بىردەم تۇرغاندىن كېيىن خىيالىنى باشقا بىرىگە يۆتكىدى: «مۇنۇ زاماندىن، نۇرزات دېگەن بالىلار بىلەن بەكمۇ يېقىن، ئىككىسى شەھەردىن چىقتىمۇ، ئۇلار پەيدا بولىدۇ، پەيدا بولمىسا ئىزدەپ بارىدۇ، كېچە ـ كېچىلەپ ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇقتا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ. گۈلزارىخانمۇ شۇنداق دەيدۇ. نازا زەن قويۇپ باقسام، بىزنىڭ قەدىرىيە نۇرزاتقا قارىغاندا زاماندىنغا قەۋەتلا يېقىنچىلىق قىلىدۇ، ئۇنىڭغا ئالايىتەنلا ئېچىلىپ كېتىدۇ. ئۆتكەنكى يەكشەنبىلەرنىڭ بىرىدە، ئۆيگە نۇرزات بىلەن سەبىھە كېلىپ، زاماندىن كەلمىگەندى، يولىغا

قاراپ تالاغا نەچچە چىقتى، كۆڭلى ئارام تاپمىدى، ئۇ كەلمىگۈچە
تاماقنى ئەكىرمىدى. بۇندا ئىشلار تالاي بولغان، ئىمانىمىنى
قاچۇرۇپ شۇنىڭ بىلەن يۇرۇپ قالمىغىيتتى تېخى…
يۇرۇۋاتامدۇ ــ يە؟»
لەھەلبۇۋى ئۆزىنىڭ خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ كەتتى. شۇ
چاغقىچە ئۇ ئالىقىنى بىلەن ئېڭىكىنى تىرەپ ئولتۇراتتى، قولى-
نىڭ چۇشۇپ كەتكىنىنىمۇ تۇيمىدى، پەقەت باشمالتىقىغا يىڭنە
سانجىلغاندىلا بىلدى. «ياق، ئۇنىڭ بىلەن يۇرمەس، ئۇنى ئۆزىگە
تەڭ قىلماس، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن يۇرىدىغان ۋە ئۇنىڭغا تېگىدى-
غان ئىش بولسا، مەن يۇزۇمنى قانداق كۆتۇرۇپ يۇرىمەن!…
شۇنداقمۇ دەيمەن، ئوتتۇرىدا بولغان ئىشلارنى ئۇ بىلمەيدۇ ــ دە،
مۇھەببەت دېگەنگە بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، ئېيتىشلارغا قارىغاندا،
مەجنۇن ناھايىتى سەت يىگىتمىش، بەزىلەر: ‹مۇشۇ سەت يىگىت-
نىڭ نېمىسىنى ياخشى كۆرگەنسەن›، دېسە، لەيلى: ‹ئۇنىڭغا
مېنىڭ كۆزۇم بىلەن قارىساڭ بىلىسەن›، دەپتىكەن. مەنمۇ شە-
ھەردە ئۆسكەن، شۇ زامانلاردا خېلى ياخشى ئوقۇغان قىز تۇرۇپ،
سەھرالىق، چالا ساۋات يىگىتنى ياخشى كۆرۇپ قالغانىغۇ، مۇھەب-
بەتتە كۆز بولامدۇ… ئەمما ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىمگە پۇشاي-
مان قىلمايمەن، مۇھەببىتىمنىڭ خەيرلىك بولمىغىنىغا ئۆكۇنى-
مەن، ئەگەر قەدىرىيە ئۇنىڭ بىلەن يۇرۇپ قالىدىغان ئىش بولسا
يول قويمايمەن، ھەرگىز يول قويمايمەن. ئوتتۇرىدا بولغان ئىش-
لارنى دەپ ئۇنى كىرگەن كوچىسىدىن ياندۇرۇپ چىقىمەن، چو-
قۇم شۇنداق قىلىمەن! لېكىن يېقىن ئۆتۇشىگە، دوستلۇقىغا
ئارىلاشمايمەن، دوستلۇقى دوستلۇق بولۇۋەرسۇن».
يۇزلىرىدە ئەلەم، بۇرۇقتۇرمىلىق، ئارىسالدىلىق ئەكس ئې-
تىپ تۇرغان لەھەلبۇۋىنىڭ خىياللىرى يەنە يۆتكەلدى: «مۇنۇ
مۇئەللىملىرى قانداق چىقىپ قالدى؟ ئوقۇتقۇچىسىنىڭ ئوقۇغۇ-
چىسىنى يوقلىشى، شەھەردىن يېزىغا پەقەت يوقلاش ئۇچۇنلا چى-

قىشى ناتايىن. ئۇلارنى مەشەگە ئاچىققان بىر كۈچ بار. ئۇ قانداق كۈچ؟… ئۇلار نازۇك بىر ئىش — مەلۇم مەقسەت - مۇددىئا بىلەن چىققانمىدۇ ياكى مەقسەت - مۇددىئاسىغا يەتكەندىن كېيىن خۇشاللىقىدا قىن - قىنىغا پاتماي، ئۆزىنى بېسىۋالالماي چىققانمىدۇ؟ ئىككىسى چىقىپتۇ، ئىككى ئۆيگە باردى. ئىككى قىز ئىككىسىنىڭ بېشىنى باغلىۋالغانمىدۇ؟ قايسىسى قايسىسىنىڭدۇ؟… ياكى ئۇنداق ئىش مەۋجۇت بولماي ئىككىسى ئىككىسىنى قوغلاپ چىققانمىدۇ، ئاتايىن سۈركىلىپ يۈرەمدىغاندۇ؟» لەھەلبۇۋى خېلىغىچە كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ قاتتىق ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق خۇلاسىگە كەلدى: «دۇرۇس، قوغلاپ چىققاندەك قىلىدۇ. بولمىسا قەدىرىيە قازان بېشىغا چىقىپ ماڭا: ‹ئاپا، بۇلار ناھايىتى مەمەدان ھاكاۋۇر مۇئەللىملەر، يەيدىغان - ئىچىدىغاننى ئېغىز - بۇرنىدىن ئاشۇرۇۋېتەيلى›، دېمەس ئىدى، تېخى قەدىرىيە ئادەم ئەۋەتىپ، زامانىدىن بىلەن نۇرزاتنى تاپقۇزۇپ كەلدى، ئەگەر يۇرۇۋاتقانلىرى ياكى كۆڭلىدىكى ئادەملىرى بولسا، ئۇلارنى چاقىرتىپ كېلەتتىمۇ، ئەركىن، ئوڭچە ئولتۇرۇشنى ئىستەر ئىدى، ئۇلارنىڭ گۇماندىنى قوزغاپ قويىماس ئىدى».

لەھەلبۇۋىنى قىنىاۋاتقىنى قىزىنىڭ سۆيگىنىنىڭ بار - يوقلۇقى. بار بولسا، ئۇ كىم؟ راستىنى ئېيتقاندا، ئۇ ھازىرغىچە قىزىدا ئۇنداق ئالامەتلەرنى سەزمىدى. «ھەر ھالدا ئىككى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ بۇلارنى ئىزدەپ چىقىشىدا بىر گەپ بار» دەپ ئويلىدى.

لەھەلبۇۋى ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، شىرىلغان يوتقاننى ئېلىپ ھويلىغا چىقتى. چۈش بولاي دەپ قاپتۇ، ۋاقتىنىڭ شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تويماپتۇ، ئۇ پېشايۋان تۈۋرۈكىدىن - يازلىق چايخانا تۈۋرۈكىگە تارتىلغان ئارغامچىغا يوتقاننى ئارتىپ، كۆنگە سېلىپ قويدى - دە، چايخانىغا كىرىپ،

چۈشلۈك تاماقتا ئېرىنچەكلىك بىلەن تۇتۇش قىلدى. قەدىرىيە ئېخىچە يوق، نەلەردە يۈرىدىغاندۇ؟ تاماقتا كېلەرمۇ ـ كەلمەسمۇ، تاماقتا ئۆلگۈرۈپ كەلسە، ئانا ـ بالا ئىككىسى دەرقەمتە ئولتۇ. رۇپ تاماق يېيىشسە ياخشى بولماسمىدى؟ ئۇنى ئانا ئويلىغان بىلەن بالا ئويلامدۇ...

لەھەلبۇۋى بىر تەخسە لەڭمەننى زورلاپ ئىشتىھاسىزلىق بىلەن يەپ، قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، يۇيۇش خۇشياقماي ئولتۇرغاندا، قەدىرىيە قانداقتۇر بىر ناخشىغا دىمىغىدا غىڭشىپ كىرىپ كەلدى.

— نەگە كەتتىڭ، قىزىم، تاماققىمۇ ۋاقتىدا كەلمەي؟ — دېدى ئۇ قىزىنىڭ كۆندىن ـ كۈنگە يېتىلىۋاتقان بەستىگە، رەڭ تۇزەۋاتقان چىرايىغا زوقلىنىپ قاراپ.

قىزى ئەركىلەپ جاۋاب بەردى:

— ئويناپ، ئاپا.

— ئويلاپ ئوينا، قىزىم.

— قىزىڭنىڭ ئەقلى بار.

— ئاش سېلىپ بېرەيمۇ؟

— سەنمۇ لەڭمەن ئېتىپتىكەنسەن ـ دە، بىزمۇ گۈلپەرىز. لەرنىڭ ئۆيىدە لەڭمەن يېدۇق.

— كۆن ئەجەب قىزىپ كەتتا، كىچىككىنە ئۇخلايلىمىكىن.

— ئەمىسە، قاچىلارنى يۇيۇۋېتەي.

— شۇنداق قىلغىنا، تۆرەم، بۈگۈن ئىش خۇشياقمايلا قاپ. تۇغۇ.

قەدىرىيە يەڭلىرىنى تۈرۈپ، قاچا ـ قۇچا، قازان ـ قومۇچ. لارنى غۇچۇرلىتىپ بىردەمدىلا يۇيۇۋەتتى ـ دە، قازان باشلىرىنى سۈۋاپ، يۇيۇلغان قاچىلارنىڭ ئۈستىگە داكا يېپىپ قويۇ. دى. ئانا ـ بالا ئىككىسى بىردەم ئۇخلاپ ئارام ئالماقچى بولۇپ، ساراي ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

كۆن ھەقىقەتەن قىزىپ، بۇ ھويلا تۇرماق، باشقا ھويلىلار. مۇ، كوچا ـ كويلارمۇ جىمجىتلىققا چۆكۈپ كەتكەندى. ياسىداق ساراي ئۆيدە ئانا ـ بالا ئىككىسى قولتۇقىغا تەكىيە قىستۇرۇپ يانپاشلاپ ياتتى. لەھەلبۇۋى قىزىدىن ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىشقا باشلىدى:

— قىزىم، ھېلىقى مۇئەللىملىرىڭلار نېمىگە چىقىپتۇ؟

— سەھرالارنى كۆرۈپ، ئوينىغىلى چىققان ئوخشايدۇ، ئۆزلىرىغۇ سىلەرنى يوقلاپ چىقتۇق دەيدۇ.

— قەيەرلىك باللار ئۇ؟

— شەھەرلىك.

— سىلەرگە مۇئەللىم بولغۇدەك قەيەرلەردە ئوقۇغانىكەن؟

— ئۈرۈمچىدە، ئۇنىۋېرسىتېت تۈگىتىپ كەلگەنلەر.

— ياشلا تۇرىدۇ، سىلەر بىلەن تەڭدەكلىغۇ؟

— نېمە دەيدىغانسەن، ئاپا، بىزدىن ئالتە ـ يەتتە ياش چوڭ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، ئۇنىۋېرسىتېتتا بەش يىل ئوقۇغان تۇرسا.

— ئەمىسە، ئۆيلىنىپ بولغانلار ئىكەن ـ دە؟

— ياق، تېخى ئۆيلەنمىگەن.

— شۇنداقمۇ؟

— بۇلتۇر تەتىلنى تۈگىتىپ مەكتەپكە كىرسەك، يېڭىدىن تەقسىم قىلىنىپ كېلىپتىكەن.

— ئەدەپلىك باللاردەك قىلىدۇ، مېنى كۆرۈپ قوللىرىنى كۆكسىگە ئېلىپ سالام قىلىشىپ كەتتى.

قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ نېمىشقا مۇنداق سوئاللارنى سوراپ كې-تىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبىنى بىر ئاز چۈشەندى ئېھتىمالىم، ئۇلار توغرۇلۇق كۆزقاراشلىرىنى يوشۇرماي، ئوچۇق ئېيتىپ، ئاپى-سىنىڭ ئاتايىن بېرىۋاتقان سوئاللىرىنى يېشىۋەتمەكچى بولدى:

— ئۇلارنىڭ خېلى بىلىمى بار، ئاپا، شۇ تەرەپتىن ھۆرمەت-

كە لايىق. ئەمما ئۈرۈمچىدە خېلى ئىشلارنى كۆرگەندەك،
ئەگرى - بۈگرى كوچىلاردا يۈرگەندەك قىلىدۇ. شاللاقراق ئىد-
كەن، ئوقۇتقۇچىغا لايىق بولمىغان كەلسە - كەلمەس گەپلەرنىمۇ
قىلىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەنمەنچى، تەكەببۇر ئىكەن، شۇڭا
ئوقۇغۇچىلار ئانچە ھۆرمەت قىلىپمۇ كەتمەيدۇ. ئىللەتلىك ئادەم-
لەر ھەرقانچە بىلىملىك بولسىمۇ، كىشىلەر ئانچە ھىمايە قىلماي-
دىكەن، نەزەرگىمۇ ئىلمايدىكەن.

— ھە، مۇنداق دە.

قىزىنىڭ چىرايىدىكى بىر خىل روھىي ھالەت، سەمىمىي گەپلەر لەھەلبۇۋىنىڭ گۇمانلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى. ئۇزۇن يىل ئوقۇتقۇچى بولغان ئادەم شۇنى ھېس قىلالايدۇكى، ئەگەر قىزى ئۇنىڭ بىلەن يوشۇرۇنچە يۈرۈۋالغان ياكى يۈرۈش ئارزۇسىدا بولسا، ئانىسىنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەرگەندە، ئۇنىڭ چىرايىدا قىزىرىش، تاتىرىش، گەپلىرى قولاشماسلىق، كۆزىنى قاچۇرۇش ئالامەتلىرى، ھېس - تۇيغۇلىرى جەزمەن كۆرۈلگەن بولار ئىدى. تېخى ئۇلارنىڭ ئەيىبلىرىنى سۆكۈۋاتقىنىچۇ...

※ ※

سەبىھەنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخانىنىڭ بىر ئىشقا ئىچى پۇشات-
تى. قىزى ئىلى دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇۋاتقاندىن بېرى،
ئەمدى ئۇ ئوقۇمۇشلۇق، نەزىرى ئۈستۈن، خېلى - خېلى يىگىت-
لەرنى ياراتمايدىغان قىز بولدى، «ئۆزىگە ئۆزىدەك، ھەتتا ئۆزى-
دىن يۇقىرى بىلىملىك جۈپ تاپىدۇ» دەپ ئويلايتتى. لېكىن
ئادەمنىڭ كۆڭلىدىكىدەك ئىشلارنىڭ بولمىقى تەس ئىكەن. ئاز-
راقلا ئوقۇپ دېھقان بولۇپ كەتكەن مۇنۇ زاماندىن، نۇرزات
دېگەنلەر بىلەن نېمانچە يېقىنىدۇ؟ شەھەردىن چىقىپلا شۇلارنى
تاپىدۇ، تاپمىغۇچە ئارام ئالمايدۇ. بىر يەردە ئۆسكەن، بىللە

ئوقۇغان بىلەن ھازىر ئۆلارنىڭ يوللىرى باشقا ـ باشقا بولۇپ كەتتى ئەمەسمۇ؛ ئەمدى ئۆز يولىنى تېپىشى، ئۆزىنى بىلىشى كېرەك ئىدىغۇ... شۇلار بىلەن يۈرسە، ئاپاق ـ چاپاق بولسا، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈز ـ ئابرۇيى بولامدۇ، شەھەرگە كىرىپ ئوقۇغىنىغا بەزىلەرنىڭ مەستلىكى، بەزىلەرنىڭ ئۆچلۈكى كەلگەن ئەمەسمىدى، ئۆچلۈكى كەلگەنلەرنىڭ گۇلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتمەمدۇ، مەستلىكى كەلگەنلەر «توۋا!» دەپ ياقىسىنى تۇتمامدۇ... ئاتىسىدىن يېتىم قالغاندىن كېيىن، ھېلىمۇ ياخشى ماشىنىچىلىقنى ئۆگىنىپ قويۇپتىكەنمەن، كىچىنى كۈندۈزگە ئۇلاپ يېپنى يىگىنىنىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتكۈزۈپ، مۈكچىيىپ ئىشلەپ، مىڭ بىر جاپالار بىلەن باقتىم، چوڭ قىلدىم، دادىسى ھەقدارلاردىنمۇ ياخشىراق ئوقۇتۇۋاتىمەن. ئۆزىگە لايىق، ۋاي دېگۈدەك بىرىنى تاپسا، كىشىلەرنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋەتكۈدەك توپلارنى قىلسام، مېنىڭمۇ ھاردۇقۇم چىقمامدۇ!

گۇلزارىخان تىكىۋاتقان ئىشنى ئىختىيارسىز توختىتىپ، ئەنە شۇنداق ئازابلىق خىياللارغا چۆكۈپ قالدى. ئۇ ئېگىزمۇ ئەمەس، پاكارمۇ ئەمەس، ئاق يۈزلۈك ئايال. ئۇنىڭ چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ تۇرغىنى يۇقىرىقى لېۋىنىڭ قىسقىلىقىدىن ئاتىنىڭكىدەك يوغان چىشلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ تۇرۇشى. بىراق كۆزلىرىنىڭ ئويناپ تۇرۇشى، يېزا توقاچلىرىغا سالغان سىياداندەك ئوڭ مەڭزىدىكى تېرىقچىلىك ئىككى تال خالى ئۇنى يېقىملىق كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ياش ۋاقتىدا كەينىگە چۈشكەن يىگىتلەرنىڭ بەزىسى ئۇنىڭ كۆزىگە كۆيدۇم دېسە، بەزىسى خېلىغا كۆيدۇم دەيتتى، شۇ تۇرقىدا ئويناق كۆزلىرىمۇ، يېقىملىق كۆرۈنىدىغان خاللىرىمۇ خۇنۇك تۇسكە كىرىپ، ئاق يۈزىنى غەم ئۇچقۇنلىرى قاپلاپ، ئۇنىڭ ئازابلىنىۋاتقانلىقىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. ئۇ قولىنىڭ ئىشتىن توختاپ قالغانلىقىنىمۇ تۇيماس ئىدى. خىيالىغا زاماندىن، نۇرزات، بولۇپمۇ نۇرزات كەلسىلا جۇدۇنى تۇتۇپ

قالاتتى. «قىزىم ئاشۇنىڭ بىلەن چىقىشىپ قالارمۇ؟» دەپ ئەن-
سىرەيتتى. غوجامبەردى بىلەن بولۇنغان كۆڭۈلسىزلىكلەر، ئۇن-
تۇلغۇسىز ئاھانەتلەر قايتا قوزغىلىپ، يۈرىكى يىڭنە سانجىلىۋات-
قاندەك ئاغرىپ، بەدەنلىرى تىكەنلىشىپ كېتەتتى. شۇ چاغدا
گۈلزارىخان: «غوجامبەردى ۋە ئۇنىڭ ئوغلى تۇرماق، ئۇ-
رۇق - ئەۋلادى، يەتمىش پۇشتىغا قاراپمۇ قويماسمەن» دەپ
ئويلىغان. بىراق ئوغلى بىلەن ئۆز قىزى بىللە ئوقۇدى،
بىر - بىرى بىلەن تېخى يېقىن ئۆتۈۋاتىدۇ. قىزىنىڭ قانداق
ئىشى بولسا، يۈگۈرۈپ يۈرۈپ قىلىدۇ، ۋاي دەپ تۇرىدۇ. قىزد-
مۇ شۇنداق. بۇنىڭغا ئىلاج يوق ئىكەن. لېكىن بۇ مۇناسىۋەتلەر
مەشەدىرەك تۇرۇپ تۇرغىنى ياخشى، ئۇنىڭدىن ھالقىپ، ئىچكى-
رىلەپ كېتىشكە ھەرگىز يول قويغىلى بولمايدۇ.
قانداقلا بولسۇن، قىزىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋد-
تىدىن گۈلزارىخانىنىڭ كۆڭلىگە بىر ئەندىشىلىك تۈگۈن چۈشۈپ
قالدى.
گۈلزارىخانىنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن ئەندىشىلىك تۈگۈن ئۇ-
نىڭغا ئارام بەرمەي تۇرغاندا، قىزىنىڭ ئىككى ئوقۇتقۇچىسى
چىقىپ قالدى: «سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ
خۇشال بولۇپ، — ئۇلارنىڭ چىقىشىدا چوقۇم بىر سەۋەب بار.
كۆڭلىگە پۈككەن بىرەر مەقسەت - مۇددىئاسى بولمىسا، ئۆزىچىلا
چىقىپ قالمايدۇ. ئىككىسى چوقۇم سەبىھە بىلەن قەدىرىيەنى دەپ
چىققان. قايسىسى قايسىسىنى دەپ چىققاندۇ؟ ... ئىككىلىسى
دارىلمۇئەللىمىنىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى ئىكەن، قاملاشقان باللار
ئىكەن. قايسىسى بولسىمۇ ئوخشاش ئەمەسمۇ، قەيەرلىك باللار-
دۇ؟ ... قەيەرلىك بولسىمۇ، خىزمەت قىلىۋاتقان ئورنى شەھەر
بولغاندىكىن، بۇ تەرەپلىرىنى ئويلاشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق
ھېلىقى زاماندىن بىلەن نۇرزات نېمىشقا ئەگىشىۋالغاندۇ؟ ...
شۇ، قىزلارنى قىزغىنىپ كەينىگە كىرىۋالغان - دە، ئىككىسى

نېمىدېگەن كېلىشكەن، كىيىم - كېچەكلىرى پاكىز، رەتلىك، ئەدەپلىك باللار ئىكەن. ئۇلارنىڭ ئالدىدا مۇنۇ زامانىدىن، نۇرزات دېگەنلەر موما ياغاچقا كىيىم كىيگۈزۈپ قويغان ئادەمدەك، خۇددى ئەرۋاھلاردەك بولۇپ قاپتۇ. تارتقان جاپالىرىمنىڭ ئەجرىنى كۆرىدىغان ئوخشايمەن. شۇنىڭدىن - شۇنىڭغا چىققانىكەن، ئەلۋەتتە مۇشۇلارنى دەپ چىقتى. بۇلارنىڭ مەيلى بولمىسا، مەيلى بارلىقىنى سەزمىسە چىقامدۇ، ‹شامال چىقمىسا، دەرەخ لىڭشىمايدۇ - دە!›. ئىشقىلىپ، ئىككىسىنىڭ بىرى سەبىھەنى دەپ چىقتى. خۇدايىم شۇنداق بولۇپ قالسا ئىكەن. ئوقۇشىنى تۈگەتسە، شەھەرگە ئورۇنلاشسا، چىرايلىق تويلارنى قىلساق. شەھەردىن ئۆي تۇتسا... مەن يالغۇز جېنىم بىلەن نېمە قىلىمەن بۇ يەرلەردە. مەنمۇ كىرىپ كەتسەم، مۇشۇ سەھرايىقىيامەتتىن قۇتۇلسام... خۇدا تىلىگەنگە بەرسە ماڭا بىرەر، قىلغان ئەجرىم ئازمۇ...»

شېرىن خىياللار گۈلزارىخاننىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈپ قويدى. «ئادەم بىر تال بۇغداي بىلەن سەمرىيدۇ» دېگەندەك ئۈمىد - تىلەكلىرى ئاق يۈزىگە شادلىق ئۇچقۇنلىرىنى يايدى. ھېلىلا خۇنۇكلەشكەن كۆزلىرى قايتىدىن جانلىنىشقا باشلىدى. قولىدىكى تىكىۋاتقان ئىشىنى نېرىراق سۈرۈپ قويدى. بىراق ئۇلارنىڭ چىقىش مەقسىتىنى ئېنىق بىلىش كېرەك ئىدى: «شۇنى بىلىشىم كېرەك ئىدى، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — سەبىھە كەلسە، سوراپ باقسام بولاتتى، خويمۇ ئۆيدە ئولتۇرمايدىغان بولۇپ كەتتى، ھەدېسىلا ئۇ دوستۇم - بۇ دوستۇم، دەپ كېتىپ بارغان. قىزلارنىڭ دوستى بولامدۇ، ئۇنداق ياخشى دوستۇم، مۇنداق ياخشى دوستۇم دېيىشىپ، بىر - بىرىنىڭ تۆشۈكىگە سامان تىقىدۇ... بىراق نېمىدەپ سورايمەن؟ ئۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچساڭ: ‹سەن ئارىلاشما، بىز سىلەردەك تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىزلار ئەمەس، تۇرمۇش يولىمىزنى ئۆزىمىز تاپالاي-

مىز ، دەپ ئادەمنىڭ ئېغىزىنى ئاچۇرمايدۇ. ئەجەبمۇ تەتۈر زامان-لارغۇ بۇ، بىز قىز ۋاقتىمىزدا تېگىدىغان ئادىمىمىزنى ئاۋۋال ئاتا ـ ئانىلىرىمىز ئۇقىدىغان، ئاندىن بىز. هازىر باللار ئاۋۋال ئۆزلىرى ئۇقىدۇ، ئۆزلىرى تاپىدۇ. خالىسا بىزگە دەيدۇ، خالى-مىسا بىزگە دېمەيدۇ. ئىش چىڭىغا چىققاندا بىراقلا ئۇقىمىز. توختا، گەپكە سېلىپ ئۇقۇپ باقاي، نېمىشقا ئۇققىلى بولمايدى-كەن، هازىر تايىنلىق، قەدىرىيە بىلەن ئاشۇ ئىككىسىنىڭ گېپىد-نى قىلىۋاتقاندۇ، بويىغا يەتكەن قىزلار كىم ئۆزلىرىگە قاراپ كۈلدى، كىم قانداق گەپ قىلدى، شۇنىڭلا گېپىنى قىلىدۇ. ئۇلار چىققاندىن بېرى چىرايلىرىمۇ ئالايىتەنلا ئېچىلىپ قالدى. هازىر كېلەر، گەپ ئالاي.»

ئۇ هويلىغا چىقتى. چىقىپلا كۈننىڭ ئىنتايىن قىزىپ كەت-كەنلىكىنى بىلدى. قورسىقى ئاچمىغىنى بىلەن چۈش ئۆتۈپ، پېشىن بولۇپ قاپتۇ. تاماق ئېتىش خۇشىياقمىدى. «ۋاقىتمۇ بىر يەرگە بېرىپ قاپتۇ. سەبىھە تېخىچە يوق، تاماقنى كەچتە ئېتەر-مىز» دەپ ئويلىدى ـ دە، چەينەككە چايداندىن قايناق سۇ قۇيۇپ چاي دەملىدى. ئۇ ئىش بىلەن بولۇپ كېتىپ كۆپ ۋاقىتلاردا مۇشۇنداق ئوزۇقلىناتتى. «شەھەردە بىر باي بار ئىكەن، باي بولغانسېرى قورسىقىغا يېيىشكىمۇ ئىچى ئاغرىپ، ئاشپۇزۇلغا كىرىپ بىر تەخسە لەڭمەنمۇ يېمەي، قۇرۇق نان بىلەن چاي ئىچىدىكەن دەپ ئاڭلىۋىدىم، مەنمۇ شۇنداق بولۇپ قالدىممۇ نې-مە، كىشى ئىش بىلەن بولۇپ كەتسە ياكى خىيالغا بېرىلىپ قالسا، قورساقنىمۇ ئۇنتۇپ قالىدىغان ئوخشايدۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئۇ چېيىنى تېزلا ئىچىپ بولۇپ، چالا قالغان ئىشىنى قى-لىش ئۈچۈن ئاياغ ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. بىراق قولى ئىشقا بارمىدى. شۇ چاغدا سەبىھە كىرىپ كەلدى. ئۇ خۇشال ئىدى، قارىقۇمچاق يۈزىمۇ، قاپقارا كۆزلىرىمۇ كۈلۈپ

تۇراتتى.

— ئۇلتۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، ئاپا، قولۇڭ ئىشقا بارمايلا قاپتۇ، خۇشاللىقتىنمۇ، خاپىلىقتىنمۇ؟

— ئەلۋەتتە خۇشاللىقتىن.

— شۇنداقمۇ، ياخشىغۇ.

— نېمىگە خاپا بولاتتىم.

— ئەمىسە، نېمىگە خۇشال بولۇۋاتىسەن؟

— مۇئەللىملىرىڭنىڭ سېنى ئىزدەپ چىققىنىغا.

سەبىھە قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمدى خۇشال بولۇۋاتامسەن؟ مېنىلا ئەمەس، قەدىرىيە-نىمۇ يوقلاپ چىقتى، ئاپا.

— ئىككىسى ئىككىڭلارنى دەپ چىقتى - دە.

— بۇنىڭ سەن خۇشال بولۇپ كەتكۈدەك نېمىسى بار؟

— مۇئەللىملىرى ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىزدەپ چىقسا خۇشال بولمامدۇ، ھەممىسىنى ئىزدىمەيدۇ، ياخشى كۆرگەن ئوقۇغۇچى-لىرىنى ئىزدەيدۇ - دە.

— ئىزدەپ دېگۈچە، يوقلاپ دېگىنە؟

— ئوخشاش، ئىزدىسىمۇ، يوقلىسىمۇ كۆڭلى تارتىپ چىق-تى - دە.

سەبىھە ئاپىسىنىڭ گەپلىرىدە باشقىچە مەنە بارلىقىنى پەم-لەپ: «قورۇق خىياللار بىلەن ئۆزىنى ئاۋارە قىلىپ يۈرۈۋەرمە-سۇن، كۆڭلىنى تىنچىتىپ قويسام بولغۇدەك» دەپ ئىچىدە ئوي-لىغاندى، ئاڭغىچە ئاپىسىنىڭ مۇنۇ سوئالى ئۇنىڭ گۇمانلىرىنى دەلىللەپ قويدى:

— ئەسلىي ئۆزلىرى قەيەرلىك، سىلەرگە مۇئەللىم بولغۇ-دەك بولغاندىكىن، ئۆيلەنگەندۇ تايىنلىق؟

— ھەي، جېنىم ئاپا، گەپلەرنى ئەگىتىپ ئاۋارە بولۇپمۇ كەتتىڭ، — دېدى سەبىھە كۈلۈپ تۇرۇپ، — ئېيتىپ بېرەي: ئۆزلىرى شەھەرلىك، ئۈرۈمچىدە ئوقۇپ ئالىي مەكتەپنى تۈگە-تىپ كەلگەن، ئۆيلەنمىگەن، بويتاق، كۆزۈڭگە ئەدەپلىكتەك

كۆرۈنگىنى، مېھرى ئىسسىقتەك بىلىنگىنى بىلەن تازا ئويۇنچى بالىلار ئىكەن، ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئوقۇغان قىز ساۋاقداشلىرىدىن ئۇقتۇق. كۆڭلۈڭ ئەمىن تاپتىمۇ ئەمدى؟ سوراۋەرمە.

— دۈشمەنسىز ئادەم بولمايدۇ، «قول يەتمىگەن شاپتۇل ئاچچىق» دېگەندەك، قولى يەتمىگەنلەر تاپقان گەپمۇ ئۇ.

— بىز ئاڭلىغان، ئۇققان گەپلەر شۇ، بەلكى ھازىر ئۇنداق ئەمەستۇ، بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ. بىز ئوقۇغۇچىسى، ئۇلار ئوقۇتقۇچىلىرىمىز، بىلىم بەرگۈچىلىرىمىز. بىز بىلىم ئالساقلا بولدى. شۇڭا «ۋاي مۇئەللىم» دەپ ھۆرمىتىنى قىلىمىز. بىز ئۇلارغا (باشقىلارغىمۇ) يېزىمىزنى، دەريا بويلىرى، توقايلىقلارنى ماختىغان. «چىقىمىز، توقايلىقلىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار» دېگەن، چىقىپتۇ، كۆرسەتتۇق، ئاغزى - بۇرنىدىن ئاشقۇدەك مېھمان قىلدۇق، ئويناتتۇق.

— سىلەرنى ئادەم ئېتىپ، قەدىر سىناپ، ئوقۇغۇچى دېمەي چىققىنىغا خۇشال بولدۇم.

— قەدىرىيە ئىككىمىزمۇ خۇشال بولدۇق، ۋەدىسىدە تۇرۇپتۇ، گەپ تۈگىدى، ئاپا، ئەمدى سەنمۇ ئىشىڭنى قىل، مەنمۇ كىتابىمنى ئوقۇي.

گۈلزارىخان قىزىدىن مۇنداق گەپلەرنى كۈتمىگەن، كۈتمىگەن گەپلەر ئېيتىلغان بولسىمۇ، لېكىن ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم ئۇنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنگىنىچە قېلىۋەردى. چۈنكى ئۇنىڭ بايىقى شېرىن خىيال، ئۈمىدلىرى يۈرىكىگە ئورناپ قالغانىدى.

## 11

قەدىرىيە «غۇنچەم» درامىسىنى ئاخشام يېرىم كېچىگىچە ئوقۇپ تۈگەتتى - دە، تاڭغىچە ئۇخلىيالماي، ئۆز - ئۆزىدىن ئۆكسۈپ ئازابلىنىپ چىقتى. ئەتىگەنلىكى ئورنىدىن تۇرغاندا، كۆزلىرى قىزىرىپ، چىرايى ئۇزۇلگەن گۈلدەك سولغۇنلىشىپ

قالغانىدى.

— ئاخشام ساڭا: «ئوقۇما، ئۆزۈڭنى ئازابلاپ نېمە قىلى-سەن» دېمىگەنمىدىم، — دېدى ئاپىسى چايغا ئولتۇرغان قىزىنىڭ چىرايىغا بىرلا قاراپ.

— ئازابلىنىمەن دەپ كىتاب ئوقۇمىسام بولامدۇ؟

— ئوقۇدۇڭ، كېچىچە ئۇخلىماي چىقتىڭ، ئوقۇيمەن دې-سەڭ، ئۆيدە باشقا كىتابلار كۆپتىغۇ؟

— ئۇنى ئوقۇمىسام بولمايتتى، ئاپا، مۇئەللىم تەتىلدە ئوقۇيدىغان كىتابلارنى تەقسىملەپ بەرگەن، «ئوقۇپ چىقىپ تە-سىرات ماقالىسى يېزىپ كېلىڭلار» دەپ تاپىلىغان.

— سەبىھەگىچۇ؟

— ئۇنىڭغا «ماغدۇر كەتكەندە» بېرىلگەن.

— ھە، ئۇمۇ سەندەك يىغلاپ چىقىدىكەن.

قەدىرىيە ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئەتكەنچاي ئىچىۋاتاتتى. دى-لى ھېلىمۇ ئۆكسۈپ تۇراتتى. كۆز ئالدىدا بىردەم نۇرۇم بىلەن غۇنچەمنىڭ چېقىشىپ ئويناشقىنى، ئۇسسۇل ئويناپ، دۇتار چې-لىشقىنى كەلسە، بىردەم نۇرۇمنىڭ ناھەقتىن - ناھەق باغلاپ ئېسىلغىنى، غۇنچەمنىڭ ئۆلۈم ھالىتىدە «نۇرۇم - نۇرۇم» دەپ قولىنى سوزغىنى كېلەتتى. ئۇلار نېمە گۇناھى ئۇچۇن شۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قالىدۇ؟

ياش قىزنىڭ ئازابى مۇشۇ ئىدى.

— ئاپا، ئادەملەر نېمىشقا ياشايدۇ، ھاياتنىڭ قىممىتى نې-مىدە؟ — قىزى ئىختىيارسىز سوئال سوراپ قالدى.

لەھەلبۇۋى قىزىنىڭ نېمىشقا شۇنداق دەۋاتقانلىقىنى، شۇن-داق دېيىشكە نېمە سەۋەب بولۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندى.

— ئادەم ئۇچۇن ئەڭ قىممەتلىك نەرسە ھايات، — دېدى لەھەلبۇۋى تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن ھەربىر ئادەمنىڭ ھاياتى ئوخشاشمىغان تەقدىرگە دۇچ كېلىدۇ. بىرلىرى ياخشىلىق قى-

لىپ، ياخشىلىق كۆرىدۇ؛ بىرلىرى يامان ئىش قىلىپ يامانلىق كۆرىدۇ. مۇشۇنداقلا بولسا، ھېچكىم تەقدىردىن زارلانمايدۇ. لېكىن قىزىم، يەنە بىرلىرى يامان ئىش قىلمايدۇ، ئەمما يامان-لىق كۆرىدۇ، ئازاب چېكىدۇ؛ بىرلىرى ئەسكى ئىش قىلىدۇ، ئەمما يايراپ ئۆتىدۇ، راھەت كۆرىدۇ. ياخشى ئىش قىلغان ئادەم ياخشىلىقنى، يامان ئىش قىلغان ئادەم يامانلىقنى كۆرسە، سەنمۇ مۇنداق يىغلىماس، ئازابلانماس ئىدىڭ، كىشىلەرنىڭ تەقدىرىگە سوئالمۇ تۇغۇلمىغان بولاتتى. ھاياتتا ئەسكىلىك، رەزىللىك، ئىپلاسلىق ماڭدامدا بىر ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇرۇنغۇ بۇرۇن، ھا-زىرمۇ تولا. ئەمما مۇشۇنداق ھالەتتىمۇ ياشاشنى ئارزۇلايمىز. بۇ تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان تۇيغۇ، خىسلەت. كىشىلەر يامان-لىق، ئەسكىلىك، ئىپلاسلىق بىلەن ئېلىشىدۇ. بۇمۇ تەبىئەت بىزگە ئاتا قىلغان تۇيغۇ، خىسلەت. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن ھايات ھامان قىممەتلىك تۇيۇلىدۇ. ھاياتنىڭ قىممىتى مانا شۇ، قىزىم.

قەدىرىيە تېڭىرقاپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ ئۆزى كەچۈرۈۋات-قان ھاياتنىڭ تېخى ئۆزىگە ئاپىسى دېگەندەك چۈشەنچىلەرنى بەر-مىگەنلىكىنى ھېس قىلدى. ئۆمۈر يولى — ئۇزۇن مۇساپە. بۇ يولغا ئۇ ئاڭلىق رەۋىشتە ئەمدىلا قەدەم بېسىۋاتىدۇ. بۇ يولدا نېمىلەرنى كۆرىدۇ، قانداق كوچىلارغا كىرىپ قالىدۇ، قانداق تەقدىرگە مۇپتىلا بولىدۇ، ئالقىشقا ئىگە بولامدۇ؟ بۇنى تېخى بىلمەيتتى. ئەمما ئۇ تىرىشىپ ياخشى ياشايمەن دېگەننىلا ئويلايتتى.

قەدىرىيە سۇلتىيىپ ئولتۇرغاندا سەبىھە كەلدى، ئۇ ئىتتىك ماڭدىمۇ، ھاسىراپ كەتكەنىدى.

— نېمانچىلا مەيۈسلىنىپ ئولتۇرىدىلا، قەدىرىيەخان؟

قەدىرىيە جاۋاب بەرمىدى. ئاپىسى:

— ئاخشام كېچىچە ھېلىقى «غۇنچەم» درامىسىنى ئوقۇپ

چىققان، بۇگۇن سۇلتىيىپلا قوپۇپتۇ، — دېدى.
- مەنمۇ «ماغدۇر كەتكەندە»نى ئوقۇۋېدىم، يۈرەك - باغرىم ئېزىلىپلا كەتتى، نېمانچە ئېچىنىشلىق تۇرمۇشلار ئۇ...
— ئاپتور ئاشۇ ئېچىنىشلىق تۇرمۇشنىڭ شاھىتى - دە، شۇڭا ئۇنىڭ قەلىمىدىن تامغان سۆزلەر كىشىگە قاتتىق تەسىر قىلىدۇ، قەدىرىيەدەك كىچىچە يىغلاپ چىقىدۇ. ھېلىمۇ سىلەرگە بۇ ئەسەرلەرنى تاپشۇرۇۋقا بېرىپتۇ؟
— دەرسلىكتىن چىقىرىۋېتىپتىكەن، مۇئەللىمىمىز پايدىلانساڭلار بولىدۇ، دېدى.
— ماڭىسىلا، قەدىرىيەخان، ئازابلىنىۋەرسەك ئۆمرىمىز قىسقىرايدۇ. بارىمىز دېگەن يەرگە بېرىپ كېلەيلى.
— ئۆيدىمۇ تۇزۇك ئولتۇرمايدىغان بولدۇڭلار.
— تەتىل بولغاندىكىن، ئويناپ كۆلۈۋالايلى، ئوقۇشقا كىرىشىپ كەتسەك، ئويۇن - كۈلكە نەدە.
— نەگە بارىسىلەر؟
— ياماتۇغا.
— ۋاييەي، شۇنچە يەرگە بېرىپ نېمە كەپتۇ، بىرەر دوستۇڭلار چاقىرغانمۇ - يە؟
— ھەئە.
— ئارىلىقلار ئۇزۇك تۇرسا؟
— قورقماڭ، لەھەلبۇۋى ھەدە، بىز جىق.
ئىككىسى ئۆيدىن تەڭ چىقتى.
— يالاڭ چاپانلىرىڭلارنى ئېلىۋالمىسىلەر، «قىش ئوزۇۋقۇڭنى، ياز يېپىنچاڭنى» دېگەن گەپ بار، — دېدى لەھەلبۇۋى.
— بولدى، ھاۋا ئوچۇققۇ، ئۇنى يۈك قىلىپ نېمە قىلىمىز؟
لېكىن ئىككى قىزدا ئوقۇغان ئەسەرلىرىنىڭ قالدۇرغان تەسىرى يېتىمىگەندى.
ئىككىسىنى كوچىنىڭ بېشىدا زاماندىن بىلەن نۇرزات ساق-

لاپ تۇراتتى. زاماندىنىڭ بوغداي ئۆڭ يۈزىدە، قوي كۆزلىرىدە نېمىشقىدۇر مەيۈسلۈك ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قەدىرىيە بىرلا قاراپ ئۇنى سەزدى - دە، «نېمە بولغاندۇ، بىرەر كۆڭۈلسىزلىك يۈز بەرگەنمىدۇ؟» دەپ ئويلاپ قالدى.

ئۇلار ۋېلسىپىتكە مىنگىشىپ يۈرۈپ كەتتى. يول ئوڭغۇل - دوڭغۇل، ئېگىز - پەس ئىدى. بىردەم ئىلى دەرياسىغا يېقىنلاپ ماڭسا، بىردەم يىراقلاپ كېتەتتى. تۆۋەنگە ئۇچقاندەك چاپسا، ئېگىزگە ھېرىپ قالاتتى، بەزىدە ئۆرلىيەلمەي، ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ، ئۇنى يېتىلەپ مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. بىر خىل سۈرئەتتە يۈرەلمەسلىك ئىككى ۋېلسىپىت ئارىلىقىنى خېلىلا ئۇزۇپ قويدى. يول توپىلىق بولغاچقا، ئۇلارنىڭ پۇتلىرى توپىغا كۆمۈلۈپ كەتتى.

زاماندىن ئۈن - تىنسىز كېتىپ باراتتى. قەدىرىيەنىڭ بۇنىڭغا ئىچى پۇشتى ئېھتىمالىم:

— بەزىلەر تۇتۇلۇپلا كېتىپتۇغۇ، خۇددى ئابرالنىڭ ئۈستىدىكى بۇلۇتتەك، — دېدى گەپ ئېچىپ.

— كىمنى دەۋاتىسىز؟

— كىمنى بولاتتى، سىزنى.

— مېنىما. نەدە تۇتۇلىمەن، ئادەتتىكىدەكقۇ مەن.

— ئادەتتە سىز شۇنداقما، ھەرقانداق ئادەمگە گەپ بەرمەيتتىڭىز، قاپاقلىرىڭىز يەر سۈپۈرۈپلا قاپتۇ.

ئىككىسى ۋېلسىپىتتىن چۈشۈپ بىردەم ئاستا مېڭىشتى. ئاندىن يولنىڭ چېتىدىكى سۆگەتنىڭ سايىسىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۇ ئىككى مەھەللە ئارىسىدىكى ئۆزۈك يەر ئىدى. نۇرزات بىلەن سەبىھە ئۇلارنىڭ ئالدىدا ئۆزاپ كەتكەنىدى.

— سىزمۇ تۇتۇلۇپ كېتىپسىزغۇ، — دېدى زاماندىن بۇياققا قايرىلىپ، — ئاغزىڭىزغا قۇلۇپ سېلىۋالغاندەك كەلدىڭىز، مەن سىزنى زادى مەيۈس ھالدا كۆرمىگەن.

— مېنىڭ مەيۇسلۇكۇمنىڭ سەۋەبىنى ئۇققۇڭىز بارمۇ؟
— ئۇقۇپ باقساق بولار؟
— سىز زۇنۇن قادىرنىڭ «غۇنچەم» درامىسىنى ئوقۇغانمۇ؟
— ياق، ئوقۇمىغان، ئەمما كىچىك ۋاقتىمدا سەھنىدە كۆر-
گەن، هازىر ئېسىمدە قالماپتۇ.
— ئەمىسە شۇنى ئوقۇپ بېقىڭ، مېنىڭ نېمىشقا مەيۇسلىد-
نىپ قالغانلىقىمنى شۇ چاغدا چۈشىنىسىز، بىزگە تاپشۇرۇققا
بېرىلگەن، تەسىرات ماقالىسى يېزىشقا ئوقۇغانىدىم.
— تاپشۇرۇقنى ئاۋۇ كونى چىققان مۇئەللىملىرىڭلار بەر-
گەنما؟ قالتىس بېرىلىپ ئوقۇيدىكەنسىز - دە؟
— تاپشۇرۇقنى كىم بەرسىمۇ ئىشلەش كېرەك، ئوقۇغاند-
كىن كۆڭۈل قويۇپ ئوقۇش كېرەك، ماقالىنىمۇ يېزىش كېرەك.
ئۇنىڭسىزمۇ ئادەمنى شۇنداق جەلپ قىلىۋالىدىغان ئەسەر ئىكەن
ئۇ.
— ئۇ ئىككى مۇئەللىملىرىڭلار بىلەن قالتىس يېقىن ئۆتى-
دىغان ئوخشايسىلەر - دە؟
— ياق، ئادەتتىكىدەك.
— ئادەتتىكىدەك بولساڭلار سىلەرنى بۇ يەرلەرگە ئىزدەپ
چىقماس ئىدى، يوشۇرۇۋاتقىنىڭىز بىلەن تاينىلىق تۇرسا...
قەدىرىيە زاماندىنىڭ قاپىقىنىڭ چۈشۈپ كەتكەنلىكى،
ئۇن - تىنسىز بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشەندى:
«هە، ئۇلاردىن بىزنى قىزغىنىپتۇ - دە، شۇڭا زاماندىندا
شۇنداق هېسسىيات قوزغالغانىكەن - دە....» دەپ ئويلاپ ئۇنىڭغا
يوشۇرۇنچە تىكىلىپ قارىدى. قەدىرىيەنىڭ قېنىق هال رەڭ
لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلىنىشكە باشلىدى. زاماندىنىڭ كۆز-
لىرى يېرىم - يارتا كۆرۈنۈپ تۇرغان دەرياغا تىكىلگەنىدى،
چىرايى يەنىلا تۇتۇق ئىدى. ئۇ بۇغداي ئۆڭ مەڭزىدە بىر تال
چۇمۇلىنىڭ يۇقىرىلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى تۇيماي ئولتۇراتتى. قە-

دىرىيە ئۇنى قولى بىلەن سىيرىپ چۇشۇرۇۋەتتى. زاماندىن چۆ-
چۇپ كېتىۋىدى، قەدىرىيە كۇلۇپ كەتتى.

— ئورۇس چۇمۇلىسى تازا چېقىۋالسىمۇ بوپتىكەن، چىرا-
يىڭىز ئېچىلاتتى، بىكار چۇشۇرۇۋېتىپتىمەن.

— مەندە ئۆچىڭىز بارمىدى؟

— سىز بىر ئىشنى تازا چوڭقۇر ئويلىمىدىڭىز.

— نېمە ئىشنى؟

— سىز ئويلىغاندەك باشقىچە مۇناسىۋىتىمىز ياكى باشقىچە
ئوي - خىيالىمىز بولسا، ئۇلار چىققاندا، نۇرزات ئىككىڭلارنى
ئادەم ئەۋەتىپ چاقىرتىپ كېلەتتىممۇ، قېنى، ئېيتىپ بېقىڭا؟

زاماندىن ئۇنچىقمىدى. ئۇ پۇتىنىڭ ئۇچى بىلەن يەرنى
سىجاپ ئولتۇراتتى، قولى بىلەن كوكاتلارنى يۇلۇۋاتاتتى. بۇ هال
ئۇنىڭ ئوڭايسىزلىنىۋاتقانلىقىنى چۇشەندۇرەتتى.

— يۇرۇڭ، ماڭايلى، ئارقىدا قالدۇق، — دېدى قەدىرىيە
ئورنىدىن تۇرۇپ، — هاۋا بۇزۇلۇۋاتىدۇ.

ئىككىسى ۋېلىسىپتىگە مىنگىشىپ ماڭدى.

بۇ چاغدا سەبىھە بىلەن نۇرزاتمۇ دەم ئېلىشقانىدى. بىراق
ئۇلار يول چېتىدە ئەمەس، يولدىن پەقەت ئاتمىش - يەتمىش
مېتىر نېرىدىكى دەريانىڭ لېۋىدە ئولتۇراتتى. دەريا لۆمشىپ،
تىنچ ئاقماقتا ئىدى. بۇككىدە توقايلىق ئالدىدىلا تۇراتتى. ئۇلار-
نىڭ ئولتۇرغان يېرىمۇ قارىياغاچلىق، تاللىق يەر بولۇپ، ئېگىل-
گەن دەرەخ شاخلىرى سۇغا چىلىشىپ، سۇ ئۇنى غىدىقلاپ ئاقات-
تى. قۇشلارنىڭ ۋىچىرلىشىۋاتقانلىقى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلارنىڭ ئالدىدىن سال ئۆتتى. سالنىڭ ئۇستىدە ئىككى
كىشى تۇراتتى، بىرى پالاق ئۇرۇپ سالنى باشقۇرۇپ كېتىپ
باراتتى. سالنىڭ بىرلەپ، ئىككىلەپ ئۆتۇپ تۇرۇشى ئۇلار دائىم
كۆرۇپ تۇرىدىغان ئەهۋال بولغاچقا، ئۇنىڭغا قىزىقىپمۇ كەتمەيت-
تى. ئەمما دەريا ياقىسىنىڭ گۇزەللىكى سەبىھەنىڭ هېسسىياتىنى

قوزغاپ قويدى. ئۇ قولىدىكى ئۇزۇن تاياق بىلەن سۇنى ھەدەپ
ئۇرۇشقا باشلىدى، سۇنىڭ ئۆزلىرىگە چاچراۋاتقانلىقى بىلەن كا-
رىمۇ بولمىدى. ئۇ قانداقتۇر بىر ناخشىغا دىمىغىدا غىڭشىپ،
نۇرزاتقا مۇرىسى بىلەن يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. نۇرزات ئۆزىنى
قاچۇرۇشقا ئامالسىز قالدى. ئارىدىن قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتى-
كىن، ئاۋۋال سەبىھەدە، كېيىن نۇرزاتتا بىر خىل يېقىملىق
سېزىم قوزغالدى. نۇرزات خىجىل بولۇپ، گەۋدىسىنىڭ مىدىر-
لاپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىڭقىلىپ ئولتۇردى. سەبىھە مۇرىسىنى
ئالىدىغاندەك ئەمەس.

— دەرياغا چۈشۈپ كەتسەم…

— ئاغزىڭىزنى ئۇششۇتمەڭ.

— قانداق قىلىسىز؟

— تارتىپ ئاچىقىمەن.

— ئاچىقالامسىز؟

— ئاچىقماي، دەريادا ئۈزۈپ چوڭ بولغان تۇرساق.

— چىڭگىدە يېپىشىۋالسام قانداق قىلىسىز؟

نۇرزات ئۈنچىقمىدى.

— ماڭا كۆچىڭىز يېتەمدۇ؟ — دېدى سەبىھە ئۇنىڭغا قايرى-
لىپ قاراپ. نۇرزاتنىڭ ئاپئاق، قىزلارنىڭكىدەك سىلىق يۈزىدە
تارتىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، قاپقارا قاشلىرى، ئەمدىلا
خەت تارتقان بۇرۇتلىرى بۇ شاماللىق، سالقىن يەردىمۇ تەرلەپ
كەتكەنىدى. سەبىھەنىڭ تىكىلىپ تۇرۇشى ئۇنىڭدىن جاۋاب كۈ-
تەتتى. نېپىز لەۋلىرى تەستە مىدىرلىدى:

— سىزدەك ئىككىسىگە يېتىدۇ.

— قېنى كۆرەرمىز…

— يۈرۈڭ، ماڭايلى، — دېدى نۇرزات ئورنىدىن
تۇرۇپ، — ئۇلار ئۆتۈپ كەتتىمىكىن.

ئۇلار شاخلىق تامدىن ئۆتكەندە توختاشقا، قارىياغاچ ئاستىغا

كىرىۋېلىشقا مەجبۇر بولدى. شامال ئارىلاش ئۆرۈپ كەلگەن شىددەتلىك يامغۇر چېلەكلەپ قۇيۇلغاندەك يېغىپ كەتكەندى. قارىياغاچ ئاستىغا يېتىپ كەلگۈچە، كىيىم - كېچەكلىرى چۆپ - چۆپ بولۇپ، بەدەنلىرىگە چاپلىشىپ كەتتى. ئۇلار بەشىنچى ئايدا شەھەرگە كىرىپ كېتىپ بېرىپ، مۇشۇنداق يامغۇردا قالغان. قەدىرىيە ئىككىسى كۆكسىلىرىنىڭ «مانا مەن» دەپ چىقىپ قېلىشىدىن قاتتىق قورۇنغان. لېكىن بۇ قېتىم ئانچە قورۇنۇپ كەتمىدى. كىشىنى ئوڭايسىزلىققا سالىدىغان ئىش تەكرارلىنىۋەرسە، ئوڭايسىزلانمايدىغان بولۇپمۇ قالىدۇ - دە.

تېز كەلگەن يامغۇر تېز توختاپ قالدى. ئۇلار يەرنىڭ بىر ئاز ئەكچىشىنى كۈتۈپ ماڭماي تۇرۇشتى. ياخشىسى، شامال چىقىۋاتاتتى، چاڭ - توزانلارمۇ بېسىلىپ قالغانىدى.

— چوڭلارنىڭ گېپىنى ئاڭلاش كېرەككەن، — دېدى سەبىھە كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى يەلپۈپ، — قەدىرىيەنىڭ ئاپىسى يالاڭ چاپىنىڭلارنى ئېلىۋېلىڭلار دېسە، ئۇنىماپتۇق، «ياز يېپىنچا، قىش ئوزۇق» دېگىنى توغرا ئىكەن.

— يالاڭ چاپان تۇرماق، پاختىلىق چاپان بولسىمۇ ئۆتۈپ كېتەتتى بۇ يامغۇر، — دېدى نۇرزات.

— ئۆتۈپ كەتكەن بىلەن…، — سەبىھە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي تۇرۇپ قالدى. نۇرزات ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشىنىپ يەرگە قارىۋالدى ۋە بىر ئازدىن كېيىن مۇنداق دېدى:

— خۇدايىم بىزنىڭ بىللە سەپەرگە چىقىشىمىزنى خوپ كۆرمەي قاچانلا ماڭساق يامغۇر ياغدۇرۇۋاتامدۇ نېمە؟

سەبىھە دەرھال جاۋاب بەردى:

— خوپ كۆرگەچكە ياغدۇرۇۋاتىدۇ دەڭا، ھەرقانداق چاغدا بىللە بولۇشسۇن، دەپ…

※ ※

ئۇلار ياماتۇغا چۈشتە يېتىپ باردى. ياماتۇ — ئىلى دەرياسى بىلەن قاش دەرياسىنىڭ قوشۇلغان، ئاراللارغا بۆلۈنۈپ ئېقىپ كېلىۋاتقان ئىككى دەريانىڭ بىرىكىپ، قىسىلىپ ئاقىدىغان يېرى. كېمە نەق مەشەگە سېلىنغان. توققۇزتارا، تېكەس، موڭغۇلكۈرە ناھىيىلىرىنىڭ قاتنىشى مۇشۇ كېمە ئارقىلىق بولىدۇ. كېمە بويى كىچىك بازار بولۇپ، ئۇششاق تىجارەتچىلەر، ئاشخانىلىرى بىلەن خېلى ئاۋات جاي.

بۈگۈن يەكشەنبە بولمىسىمۇ، كېمە بويىدا ئادەم كۆپ ئىدى. ئۇ قاتقا ئۆتۈش ئۈچۈن چوڭ ـ كىچىك ماشىنىلار، ئات، ئۆكۈز، ئېشەك ھارۋىلىرى نۆۋەت ساقلىشىپ تۇرۇشاتتى. كېمە يېتىپ كېلىش بىلەن قالايمىقانچىلىق باشلىناتتى ـ دە، نۆۋەتنى قايرىپ قويۇپ، كېمىگە كىم چاققان بولسا شۇ چىقىۋالاتتى. چىقالمىغانلار ئۇلارنى تىللاپ، مۇشتلىرىنى كۆرسىتىشەتتى، ۋاڭ ـ چۇڭ ئاۋازلار، ۋارقىراش ـ تىللاشلار، كېمىچىنىڭ: «نېمە ئالدىرىشىسەن، ئۆلۈشەمسەن، بىكارغا چىقىدىغاندەك قىلىشىسەنغۇ» دېگەن قاتتىق ئۈنلىرى ھاۋانى ياراتتى. بەزىدە مۇشتلىشىشلار چىقىپ كېتەتتى، بەزىلەر ھارۋىسىنى قىستاپ كېلىپ، باشقىلارنىڭ ئات ـ ھارۋىلىرىنىڭ دەرياغا چۈشۈپ كېتىشىگە سەۋەب بولاتتى. كېمە قوزغىلىش بىلەن ۋارقىراش ـ تىللاشلار، قامچا تەڭلەشلەر بېسىلىپ قالاتتى.

ئادەملەر ئۆزىنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ھامان ئۆز مەنپەئىتىدە ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئەنە قاراڭ: بىرلىرى يولسىزلىق قىلىۋاتقان، ئۆزىدە گۇناھ تۇرۇپمۇ مۇشت كۆتۈرۈۋاتقان؛ بىرلىرى ئەدەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتقان، ئەمما زىيان تارتىۋاتقان؛ كۈچلۈكلەر ئاجىزلارنى بوزەك قىلىۋاتقان، ئۇلار دەردىنى ئىچىگە يۇتۇۋاتقان؛ خالىس ئادەم چىقمايدۇ، كېمىچىنىڭ بۇ ئىشلار بىلەن كارى

يوق، پۇلىنى ئالسىلا بولىدى.

ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ قورسىقىنى تويغۇزۇپ، دەريا ياقىد-
سىدا ئولتۇرۇپ يوغان بىر تاۋۇزنى يەپ، كېمىگە چىقىپ ئۇ قاتقا
ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ قاتتىمۇ ئۆتكۆچىلەر كۆپ ئىدى. ئۇ قاتتىمۇ
بۇ قاتتىكى ئالامەتلەرنى كۆرگىلى بولاتتى. ئىككى قاتتىكى ئالا-
مەتلەرنى كۆرگەن ھەربىر ئادەم بۇ يەرگە تېخىچە كۆۋرۈك سېلىن-
مىغىنىغا ئەپسۇسلىناتتى. ئۇلار «ئاۋۋال ياماتۇ مەھەللىسىنى
ئارىلاپ، كۆرۈپ چىقايلى» دېيىشكەن، «كېيىن مەھەللىنى كۆ-
رۈپ نېمە قىلىمىز، ئېگىزرەك يەرگە چىقىپ ئەتراپنى تاماشا
قىلايلى» دېيىشتى ـ دە، ئالدىدىكى ئېدىرلىققا چىقىپ ئەتراپقا
كۆز تىكتى.

ئەنە شەرق تەرەپتىن ئىلى دەرياسى، شىمال تەرەپتىن قاش
دەرياسى يىلاندەك تولغىنىپ ئېقىپ كېلىۋاتىدۇ. ئابرال تېغى
ھەيۋەت بىلەن چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. قاش دەرياسىنىڭ ئۇ يېقىدا
قارىياغاچ مەھەللىسى، سامىيۇز، سېپىل، يېڭىئاۋات يېزىلىد-
ىرى، ئېرەنلىكلەر، بۇياقتا كالىچىتام، تاھىر يۇزى، چىغلىقما-
زار، يېڭىتام، شاخلىقتام يېزىلىرى، يىراقلىغانسېرى توپ ـ
توپ بوستانلىقتەك كۆرۈنىدىغان بۇ ئۇيغۇر يېزىلىرى كۆركەم
ۋادىنىڭ توق يېشىل گۈللىرىدەك جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. نېمىدې-
گەن يەر ـ سۇيى كەلگەن گۈزەل ۋادا بۇ ـ ھە، ئادەمنىڭ
غۇرۇرىنى ئاشۇرىدۇ، ئىپتىخارلىنىش تۇيغۇسى ئويغىتىدۇ، زوق
قوزغايدۇ. ئۇلاردا گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغالدى، يۈرەكلىد-
ىرى شادلىنىپ ئۇرۇشقا باشلىدى، كۆزلىرى سۆيۈنۈشتىن قاماش-
تى ۋە كۆزلىرىنى بۇ گۈزەللىكلەردىن ئالغۇسى كەلمىدى. قەدى-
رىيەنىڭ ئېسىگە شۇ ھامان چاپچالنىڭ بوزلۇقلىرى، ئەسىرلەر-
دىن بېرى تاشلىنىپ تۇرغان يەرلىرى كەلدى. ئۇ يېقىندا شىۋاق
بېسىپ بوزىرىپ تۇرغان ئۇ يەرلەرنى كۆرگەنىدى.

— سەبىھە، — دېدى ئۇ ھاياجاندىن يېنىپ كەتكەن كۆزلىرد-

نى سەكسەنبەل تەرەپكە تىكىپ، — بىزنى ئالتىنچى ئايدا يازلىق سەيلىگە ئاچىققىنى ئېسىڭىزدە بارمۇ؟

— بار، — مەكتەپ تەرەپتىن ئۇلارنى چاپچالنىڭ زىندان دەپ ئاتىلىدىغان تېغىغا ئاچىققانىدى.

— ھېلىقى بوزلۇقلارنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن.

— ھە، ھە، ماشىنىدا بىر سائەتتەك ماڭغان شىۋاقلىق، تىكەنلىك، چىغلىقلارنى دەيسەنغۇ؟

— ئاشۇ يەرلەرنى نېمىشقا مۇشۇنداق يېشىللىققا، ئاشلىق كانىغا ئايلاندۇرغىلى بولمايدۇ؟

— سۇ يوق - دە.

— قىزىق، ھە، يېنىدا ئۇلۇغ دەريا ئېقىۋاتىدۇ، شۇنچە يەرلەر سۇ يوق دەپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئەگەر چورۇق ھېكىم ھايات بولغان بولسا، سەكسەنبەلدىنمۇ خۇددى ئاقئۆستەڭدەك بىر ئۆستەڭ ئالغان بولار ئىدى...

قەدىرىيەنىڭ ئويچان كۆزلىرى ئالدىدىكى دەرياغا تىكىلگەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېچكىم ھېچنېمە دېمىدى. ئۇلار ئارزۇلارنىڭ رېئاللىققا ئايلانمايۋاتقانلىقىغا بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشقانىدى.

ئۇلار ئېدىرلىقتىن چۈشۈپ، كېمە بويىنى بىر سائەتتەك ئايلىنىپ، ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنگىشىپ قايتىشتى. يوللاردا ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈپ، يەنە مىنگىشىپ، دەريا ياقىلىرىغا بېرىپ، سايلىق يەرلەردە ئولتۇرۇشۇپ، پاراڭ، كۈلكىلەر بىلەن بۈگۈنكى بىر كۈننى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزدى - دە، مەھەللىگە كەچقۇرۇنلۇقى يېتىپ كېلىشتى.

بۈگۈن كېچە تۆتىلىسى ئۇخلىيالماي چىقتى. ئۇلارنىڭ ئۇخلىيالماي چىقىشىغا ئۆزلىرىدە ئىختىيارسىز قوزغالغان بىر - بىرىگە تەئەللۇق بولغان ھېس - تۇيغۇلار سەۋەب بولدى. بۇ قانداق ھېس - تۇيغۇلار؟

قەدىرىيەنىڭ بۆگۈنمۇ ئۆيقۇسى قاچتى. ئۇنىڭ ئوي ـ خى-
ياللىرىنىڭ مەركىزىدە زاماندىن تۇراتتى. ھېس ـ تۇيغۇلىرى-
نىڭ قوزغىلىپ كېتىشىگە، ئۇيقۇسىنىڭ قېچىشىغا، ياماتۇغا
كېتىپ بارغاندا، زاماندىنىنىڭ سورىغان سوئالى سەۋەب بولغان-
دى. «قىزىق ئىشلار، — دەپ ئويلاۋاتاتتى قەدىرىيە، —
ئاپاممۇ، زاماندىنمۇ، ئىككى ئوقۇتقۇچىمىزنىڭ قانداقلارچە چى-
قىپ قالغانلىقىدىن گەپ تېشىۋاتىدۇ، ئاسماقچىلاپ گەپ ئالماق-
چى بولىۋاتىدۇ، بىزنى شۇلار بىلەن يۈرىدۇ ياكى بىر ـ بىرلىرى-
گە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان، دېمەكچى، ئاپامغۇ سورايدۇ ھەم
سورىشى كېرەك. ئۆز قىزىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەت-
لىك بولغان ئىشلارنى ئەلۋەتتە ئۇقۇپ باققۇسى كېلىدۇ ـ دە.
زاماندىنچۇ؟ ‹ھېلىقى ئىككىسى بىلەن قالتىس يېقىن ئۆتىدىغان
ئوخشايسىلەر، ياق دېمەك، بولمىسا بۇ يەرلەرگە ئالايىتەن ئىز-
دەپ چىقامدۇ، يوشۇرماڭ› دەپ كەتتى. ئۇ نېمانچىلا سوراپ
كېتىدۇ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، بېشى ساڭگىلاپ، ئۇنىسىز بو-
لۇپ قالىدۇ؟… سەۋەبىگە ئۇنداق قىلماي، ماڭىلا شۇنداق قىلى-
دۇ؟ چۈشىنىشلىك، ئۇنىڭدىن مېنى قىزغىنىۋاتىدۇ، يۈرۈۋاتقان-
مىدۇ ياكى يۈرۈش نىيىتىدىمۇ، دەپ تېپىرلاۋاتىدۇ… بىر نازۇك
ئىشنى چۈشىنىۋاتىمەن: مېنى يارىتىپ قاپتۇ ـ دە، يارىتىپ
قالمىسا نېمىشقا شۇنداق سوئاللارنى سوراپ، چىرايى تۇتۇلدى،
مەيۈسلىنىش ئىپادىلەندى؟ چوقۇم شۇنداق، يارىتىپ قاپتۇ.»
قەدىرىيە شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇلار ئىلكىدە قىمىر قىلماي،
ئۇخلاۋاتقاندەك ياتتى. ئىككى سائەتلىك ئۇيقۇنى ھېسابقا ئالمىغان-
دا، تۈنۈگۈنمۇ ئۇ ئۇخلىماي چىققان. ئاپىسىنى: «قىزىم كۈندىلا
ئۇخلىماي تولغىنىپ چىقىۋاتىدۇ، ئۇ قانداق ئازابقا، ئىشق ـ
پىراققا گىرىپتار بولۇپ قالغاندۇ؟» دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دەپ
بۈگۈن ئۇخلاۋاتقاندەك تىنچ يېتىۋالغانىدى. «زاماندىن مېنى
يارىتىپ قالدى دەيلى، مەنچۇ؟ مەنمۇ ئۇنى يارىتىپ قالدىم-

مۇ؟ — قەدىرىيەنىڭ ئوي ـ خىياللىرى داۋاملىشىپ، سوئال تۇغۇلدى، — ياق، مەندە هازىر ئۇنداق هېس ـ تۇيغۇ قوزغالغىنى يوق. ئەمما زاماندىن شۇنداق ياخشى بالا، گەپ ـ سۆزلىرىمۇ، قىلىقلىرىمۇ، مىجەز ـ خاراكتېرىمۇ ماڭا ياقىدۇ. ئۇنى كۆرگۈم، پاراڭلاشقۇم كېلىپ تۇرىدۇ. دوستلار يىغىلىپ قالغان يەرلەردە ئۇ بولماي قالسا، ئۆزۈمنى بىرنېمەم كەملەپ قالغاندەك هېس قىلىمەن. ئۇ دېھقان بالىسى، ئاق كۆڭۈل، قۇۋلۇق ـ شۇملۇقنى بىلمەيدۇ، پۈتۈنلەي ئىشىنىشكە بولىدۇ. ئەگەر ماڭا مۇھەببىتىنى ئىزهار قىلىپ قالسا، نېمە دەيمەن؟… بىلمەيمەن، نېمە دېيىشىمنى بىلمەيمەن… مەنمۇ قىزىقلا ئىكەنمەن، نېمانچىلا ئىچكىرىلەپ ئويلاپ كېتىمەن؟ تېخى هازىر ئۇنداق ئىش يۈز بەرمىدىغۇ، نېمە ئىشلار بولىدۇ، قىزىدىپ قالامدىم، سوۋۇپ قالامدىم، هازىر بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ياخشىسى، ئالدىمغا قاراي، بىر مەزگىل يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقاي. بۇ هېس ـ تۇيغۇلار ماڭا ئارام بەرمەيدىغان بولدىغۇ… بوپتۇ ئەمەسمۇ، ئادەم هېس ـ تۇيغۇسىز ياشىيالامدۇ، هېس ـ تۇيغۇسىز ياشىغان ئادەمنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى بولسۇن، هېس ـ تۇيغۇلار، ئويلاشلار، ئۆز ـ ئۆزۈڭ بىلەن قىلىنىدىغان بەس ـ مۇنازىرە، كېڭىشىشلەر كىشىنىڭ مەنىۋى بايلىقى.»

«قەدىرىيەنىڭ ئوقۇتقۇچىسى بىلەن يۈرمىگىنىگە، يۈرۈش ئويىدىمۇ ئەمەسلىكىگە ئىشىنىپ قالدىم، — زاماندىنمۇ بۇ كېچە بىردەم ئۇياققا ئۆرۈلۈپ، بىردەم بۇياققا ئۆرۈلۈپ ئۇخلىيالمايۋاتاتتى، — راست، ئەگەر ئۇلار شۇ دەرىجىگە يېتىپ بارغان بولسا، ئۇلار چىققاندا، بىزنى چاقىرتمىغان بولار ئىدى. ئەركىن ـ ئازادە ئولتۇرۇشنى، بىللە بولۇشنى ئويلايتتى ـ دە. يولدا بەرگەن جاۋابى مېنى ئوسال قىلىپ قويدى. قاپىقىمنىڭ تۈرۈلۈپ، چىرايىمنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ سەزمەپتىمەن. شۇنىڭغا قارىغاندا قەدىرىيەنى ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن ـ دە،

بولمىسا ئۆلارنىڭ يۈرگەن - يۈرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ نېمە قىلاتتىم، ئۇنىڭ ماڭا نېمە ئالاقىسى بار، بىلدىم: ياخشى كۆرۈپ قاپتىمەن، بىراق بۇ ھېس - تۇيغۇلىرىمنى ئېغىزىمدىن چىقىرالامدىم - چىقىرالامدىم؟ بۇنى بىلمەيمەن. قەدىرىيە ئوقۇۋاتىدۇ، يەنە بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇتقۇچى بولىدۇ، ناھايىتى ياخشى ئوقۇۋاتىدۇ، دەيدۇ. ئوقۇشى تۈگىسە، شەھەرگە ئېلىپ قالامدۇ ياكى مەكتىپىگىمۇ ۋە ياكى ئىچكىرىلەرگە داۋاملىق ئوقۇشقا كېتەمدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيمەن. مەنچۇ؟ ئوقۇشسىز قالدىم، سېپى ئۆزىدىن دېھقان بولۇپ كەتتىم. مۇشۇ ئەھۋالىمدا ئۇ قىزغا مۇھەببەتتىن سۆز ئاچقىلى بولارمۇ؟... ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر سېپىل پەيدا بولۇپ قالدى، ئۇنىڭدىن ئارتىلىپ ئۆياققا چۈشكىلى بولارمۇ؟ ئۆزىغۇ مېنى ئۆزى بىلەن تەڭ كۆرىدۇ، ھۆرمەت قىلىدۇ، تەمەننا قويمايدۇ، مەن ئوقۇتقۇچىنىڭ قىزى، سەن دېھقاننىڭ بالىسى، سەن دېھقان، مەن ئوقۇمۇشلۇق قىز، دېگەندەك قىلىقلارنى قىلمايدۇ. نۇرزات ئىككىمىزگە ئۆلۈپ تۇرىدۇ، بەلكى مېنىڭ مۇھەببىتىمنىڭ قوزغىلىشى شۇنىڭدىندۇ...»

زاماندىن بىردەم ھاياجانلىنىپ، ئۈمىدلىنىپ، بىردەم ئەنسىزلىنىپ، روھسىزلىنىپ ئىككى خىل ئوي - خىيال ئىلكىدە تولغانماقتا ئىدى. ئۆياققا ئۆرۈلەتتى، بۇياققا ئۆرۈلەتتى، ئۆز - ئۆزىدىن يېنىپ - قىزىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇراتتى، يەنە ياتاتتى. قىسقىسى، بىر تۇگۇچكە كېلەلمەي ئاۋارە ئىدى. «ئېغىز ئېچىپ باقسام بولارمۇ - يە؟ — ئۇ يەنە خىيالغا كەتتى، — ‹ۋىييەي، بىز يېقىن دوست تۇرساق، دوستلۇقتىن تۇغۇلغان ھۆرمەت بىلەن ئۆتۈۋاتساق، شۇ سەۋەبتىن سىزنى ۋاي دەپ يۈرۈۋاتسام، بۇنى سىز قانداق چۈشىنىپ قالدىڭىز، ئادەمنىڭ خىيالىدا يوق گەپلەرنى قىلىپ؟› دېسە ئۆلمەمدىم... ئۇنىڭ ئۈستىگە يېقىندىن بېرى ئاپىسى ماڭا بىرقىسما قارايدىغان بولۇپ

قالدى. بۇ نېمىدىن دېرەك بېرەر؟... بىر مەزگىل قاراي، ئوبدانىراق بايقاي، ھېسسىياتلىرىغىچە زەن قوياي. بىرنېمە دېيىش - دېمەسلىكىم شۇ چاغدا بەلگىلىنەمدۇ، ئويلاپ ئىش قىلاي، سەتچىلىك بولمىسۇن يەنە...»

«ئۇ تارتىنچاق، سەرىمەسنى ياخشى كۆرۈپ قالدىمۇ نېمە؟ ئۇنىڭ بىلەن گەپلەشكۈم، ئۇنىڭغا يېقىنلاشقۇم، سۈركەلگۈم، ئويناشقۇم، قوللىرىنى تۇتقۇم، ئاپئاق مەڭزىلىرىنى چىمدىۋالغۇم كېلىپ تۇرىدۇ. دەريا بويىدا يانمۇيان ئولتۇرغاندا، ئىزا تارتمىغان بولسام، نېپىز لەۋلىرىگە سۆيۈپ - سۆيۈۋالغۇم بار ئىدى...، — سەبىھە تېخى ياتماي تۇرۇپلا، قوزغىلىپ كەتكەن ھېسسىياتلىرىنى باسالماي، نۇرزاتقا بولغان قارىشى - مەيلى توغرىسىدا شۇنداق ئوي - خىياللاردا بولدى. ياماتۇدىن كېتىۋاتقان چاغدا ۋېلىسىپىتنىڭ كەينىدە ئولتۇرغان سەبىھە ئۇنىڭغا: ‹بىردەمدىن كېيىن بىزنىڭ ئىشىك ئالدىدىكى ئورۇندۇققا كېلىڭ، گەپلىشىپ ئولتۇرىمىز› دېمەكچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇر، ئېغىزدىن چىقىرالمىدى. دېگەن بولسا، ئۇ كېلەتتى، قاراڭغۇدا ئادەم بىرئاز قېلىنلىشىپ، جۈرئەتلىك بولۇپ قالاتتى - دە، دېيەلمىگەن گەپلەرنى دېگىلى، قىلالمىغان ھەرىكەتلەرنى قىلغىلى بولاتتى، نېمىشقىدۇر، — دەپ ئويلىرىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ. ئاپىسى نېمىشقا ياتماي تېخىچە ئولتۇرىسەن، دېگەندىن كېيىن يېتىپ، — ئۇنىڭ ئاپئاق، سىلىق يۈزى، قاپقارا قاشلىرى، نېپىز لەۋلىرى مېنى ئۆزىگە مەپتۇن قىلىپ تۇرىدۇ. گەپ ھازىر ئۇنىڭدا. ئۇنىڭدا مەندە قوزغالغان ھېس - تۇيغۇلار قوزغالدىمۇ، يوق؟ مانا شۇنى بىلىشىم كېرەك. قوزغالغان بولسىچۇ ياكى ئالدىمىزدىكى كۈنلەر ئىچىدە قوزغىلىپ قالسىچۇ؟ بىلىمەن، ئۇ تارتىنچاق، ياۋاش، ھېسسىياتىنى يوشۇرۇپ يۈرۈۋېرىدۇ. ئەگەر قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلسامىلا، ئۆزۈم دەيمەن، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىش ئوغۇللارغىلا ئاتا قىلىنغان ئىشمىدى... نۇرزات

ئوماق، ئاق كۆڭۈل بالا، ماڭا مەڭگۈ ۋاپادار، سادىق بولىدۇ، گېپىمنى ئاڭلايدۇ. ئالا كۆڭۈل، شاختىن ـ شاخقا قونىدىغانلار-دىن ئەمەس. بەختىيارغا ئىشەنمەيمەن، ئىش كۆرگەن ئادەمدە بىرنگە مېھىر بولمايدۇ.»

سەبىھەدە قوزغالغان ھاياجان، ھېس ـ تۇيغۇلار بەدەنلىرىنى ئوتتەك قىزىتىۋەتتى. يوتقاننى تېپىپ ئېچىۋېتىپ، تولغىنىپ ياتقان قىز ئۆزىنىڭ قايسى چاغلاردا ئۇخلاپ قالغىنىنى تۇيمىدى.

سەبىھە نۇرزاتنى «ماڭا نىسبەتەن قانداق تۇيغۇدىدۇ، مۇھەب-بەت ھېسى ئويغانغانمىدۇ، ئەگەر ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلسام-لا، گەپنى ئۆزۈم ئاچىمەن» دەپ ئويلاۋاتقان چاغدا، نۇرزات: «سەبىھەنىڭ ماڭا مەيلى بارمىكىنە، ئەجەب يېقىنچىلىق قىلىپ ئادەمنى ئىزا تارتقۇزىدىغان قىلىقلارنى قىلىپ كەتتا» دەپ ئويلى-نىپ ياتاتتى. ئۇمۇ ئۇيقۇسىنى قاچۇرۇۋەتكەن ھاياجانلىق ھېس-سىياتلار ئىلكىدە قالغانىدى: «ھەي، ئۇلار ھازىر قالتىس ئوقۇ-مۇشلۇق ئادەملەرگە ئايلىنىپ كەتتى، — دەپ خىياللىرىنى دا-ۋاملاشتۇراتتى ئۇ، — بىزدەكلەرنى يارىتامدۇ، ئۆزىدەك كۆرەر-مۇ؟... ھېلىقى مۇئەللىملىرى بىكارغا چىقمىغاندۇ، بۇلار ئۇلارغا شەپە بەرمىسە، ئىزدەپ چىقىشقا قانداق پېتىنار، ئەسلى مۇئەل-لىملىرىنى بۇلار ئىزدىسە بولاتتى... بىراق، بايا دەريا بويىدا ئەجەب ماڭا يۆلىنىۋالدى ـ ھە، تېخى ماڭا كۆچىگىز يېتەمدۇ، يېپىشىۋالسام قانداق قىلىسىز دەيدۇ. يېپىشىۋالسىڭىز، مۇنداق قىلىمەن، دەپ قۇچاقلىۋالسام، مەيلى دەيدىغاندەك قىلىدۇ. يې-نىمدىن قوپقۇسى يوق، تېخى بىر يەرلىرىمنى تۇتۇشقا تەمشىلى-ۋاتقاندەك قىلىدۇ، نومۇس قىلىپ ئورنۇمدىن تۇرۇپ كەتمىسەم تۇرمايتتى. ئەجەب قىپتىمەن، ئولتۇرۇۋەرسەم بوپتىكەن. ھېچ چۈشىنەلمىدىم، مېنى ياخشى كۆرۈپ قىلىپ شۇنداق قىلىۋاتامدۇ ياكى تۈز كۆڭۈللۈكىمۇ؟... يېقىن ئادەملەرنىڭ دوستلۇق ھېس-سىياتى بىلەن مۇھەببەت ھېسسىياتىنى ئايرىۋالماقمۇ تەس ئى-

كەن.»

مانا بۇ كىچىكىدىن تارتىپ بىللە ئۆسكەن، يېقىن ئۆتۈشكەن تۆت دوست شۇ مەزگىلگە، شۇ يېشىغا كەلگەندە، ئۆزلىرىدە قوزغالغان ئىشق ھېسلىرىنى جەزملەشتۈرەلمەي، بىر قارارغا كېلەلمەي، چوڭقۇر ئوي - خىياللىق، ئازابلىق بىر روھىي دۇنياغا كىرىپ قالدى. بۇ ئازابلىق ئوي - خىياللاردىن ئۇلار قانداق تەقدىر - قىسمەتكە قالىدۇ، بۇنى ئالدىمىزدا كۆرىمىز.

## 12

ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىگە، ئوقۇش باشلانغىنىغا بىر ئايدىن ئاشتى. ئىككى ئاي چامىسى ئىگىسى تاشلاپ كەتكەن كەپىدەك چۆلدەرەپ قالغان مەكتەپ قايتا جانلاندى. شۆھرەت بىلەن بەختىيار يېزىغا چىقىپ، قەدىرىيە، سەبىھەلەر بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۆزلىرى ئويلىغاندەك نەتىجىگە ئىگە بولالمىغان بولسىمۇ، لېكىن ئۈمىدىدىن كەچكىنى يوق. ئۇلار مەكتەپكە پەيدا بولۇشىغىلا، ئۇلارغا ئېرىشىش تەقەززالىقى كۆچەيدى، ئۈمىدى تېخىمۇ ئاشتى. بىراق، كەينىگە كىرىۋالمىدى، ئۆزلىرىنى تۇتۇپ يۈرۈشتى.

— مېنىڭچە ئاداش، ئۇلار بىزگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ، — دەپ سۆز باشلىدى خېلى جىملىقتىن كېيىن شۆھرەت، — ئۇرۇمچىدىكى ئويۇن - تاماشىلىرىمىزدىن خەۋەر تېپىپ قالغان بولۇشى كېرەك.

— خېلى - خېلى قىزلارنى ئىندەككە كەلتۈرۈۋىدۇق، نېمە بولۇپ كېتىپ بارىدۇ - ھە، بۇلار ئەجەب تەسكە چۈشۈۋاتىدۇ، — دېدى بەختىيار تاماكىسىنى قاتتىق - قاتتىق شوراپ.

ئىككىسىنىڭ ياتاقتا ئولتۇرۇپ بۇ توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشكىنىگە بىر سائەتتىن ئاشقانىدى.

— قىزلار كۆپرەك بىر يۇرگەن ئادىمى بىلەن ئاقىۋەتلىك بولۇپ كېتىشىنى ئويلايدۇ، شۇڭا يۇرمەكچى بولغان ئادىمىنىڭ ئۆزىگە سەمىمىي ـ سادىق بولۇش ـ بولماسلىقىنى ئويلاپ قاتتىق سورۇشتۇرىدۇ.

— بۇ قىزلار ئەمدى بىزنىڭ ئويناپ تاشلىۋېتىش نىيىتىمىزنىڭ يوقلۇقىنى ئۇقمايۋاتىدۇ ـ دە.

— ئۇقسا، جان دەيتتى، بۇ سەھرالىقلارنىڭ خېلى ھالى بار ئىكەن.

— ئىككىسى ھەقىقەتەن ياخشى قىزلار ئىكەن، ئاداش، بىز ئوقۇتقۇچى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ كەلگەن، چىراي ـ شەكلىمىزمۇ يامان ئەمەس، شۇنداق تۇرۇقلۇق، بېرىلمەيۋاتقىنىنى قارا...

— ئويناش، كۆڭۈل ئېچىش نىيىتى يوق ـ دە.

— شۇڭا تالىدۇق ـ دە.

— بولمىسا، ئۆزىنى ئېتىۋېتىدىغان شەھەرلىك نى ـ نى قىزلار بار، بىراق، ئۇلاردا ئىشەنچ يوق.

شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا بارغان چېغىدا بىرىنچى يىلىنى تىنچ، ئاددىي ئۆتكۈزگەن. بۇ ھەرقايسى جايلاردىن ئۇرۇمچىگە ئوقۇشقا كەلگەن بالىلارنىڭ بىرىنچى يىلىدا بېسىپ ئۆتىدىغان يولى. ئۇلار ئىككىنچى يىلىدىن باشلاپ، ئۆيىگە ھەدەپ خەت يېزىپ، پۇل ئالدۇرۇپ ياسىنىشقا باشلايدۇ ـ دە، سايىسىگە قارايدىغان بولۇپ قالىدۇ. ئىككىسى شۇنداق كېلىشكەن: ۋاپادار، سادىق، ئەخلاقلىق، ھېچكىم بىلەن يۇرمىگەن قىزلاردىن تېپىش، شۇنىڭ بىلەن يۇرۇش، ئەڭ ئاخىرىدا شۇنى ئېلىش. شۇنىڭغىچە ئۇ قىز ـ بۇ قىزلار بىلەن ئويناش ـ ئوينىۋېلىش. كىشىگە بىرلا قېتىم كېلىدىغان ياشلىقنى قانغۇچە ئويناپ رازى قىلىش. ئوينىغاندىمۇ، كېيىن ئارمان قىلمايدىغان دەرىجىدە ئويناش. ئىككىسى كېيىنكى كۈنلىرىنى ئۆزلىرى ئوي-

لاشقاندەك ئۆتكۈزگەن. بىراق، ئۇلارنىڭ كىرگەن كوچىلىرى، باسقان ئىزلىرى كۆڭلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن مەلۇم بولۇپ قالغان. ئۇ يەردىن - بۇ يەردىن، ئۇ مەكتەپتىن - بۇ مەكتەپتىن يۇرگەن قىزلىرى ھەر خىل سورۇن، توي - تۆكۈن، كۆڭۈل ئېچىش كېچىلىرىدە دوقۇرۇشۇپ قېلىپ، خۇپىيانە ئويناشلارنىڭ سىرى ئېچىلىپ قالغان. ئەسلىي يۇرۇۋاتقان، ئاخىرىدا ئالماقچى بولغان قىزلىرىمۇ بۇ ئىشلاردىن خەۋەر تېپىپ، كۆرۈنگەن گۈلگە قونۇپ يۇرگەن بۇ كېپىنەكلەرنى ئۆز ماڭلىيىغا قونۇشتىن مەھرۇم قىلغان. ئويناپ يۇرگەن قىزلىرىمۇ ئۇلاردىن يۈز ئۆرۈپ كەتكەن. مانا بۇ ئىشلار يېيىلىپ كېتىپ، ھېچقانداق قىز ئىككىسىگە دارىمايدىغان بولغان. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى ئوقۇشنى توگىتىپ ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىشكەن.

ئۇلار ئۆز يۇرتى — غۇلجىغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئىلى دارىلمۇئەللىمىنگە تەقسىم قىلىنىدى. ھازىر ئۇلار ھەقىقەتەنمۇ بۇرۇنقى يولىدىن ئۇزۇل - كېسىل قايتقان. ئۆزلىرىنىڭمۇ ئۆيلىنىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىشىپ، مۇۋاپىق قىز تاپماقچى، تاپقاندىمۇ ھېچكىم بىلەن يۇرمىگەن قىز تاپماقچى. شۇنداق قىزلاردىن تاپقان ھامان، ئۇنىڭغا ئۆيلىنىپ، خاتىرجەم تۇرمۇش كەچۈرمەكچى بولۇشقانىدى. ئىككىسى شۇ نىيەتكە ئاساسەن شەھەردىكى، مەكتەپتىكى شۇنچە قىزلارنىڭ ئىچىدىن سەھرالىق، تېخى ئىش كۆرمىگەن دەپ قاراپ، ئۆزلىرىدىن ئالتە - يەتتە ياش كىچىك بولغان قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنى مۇۋاپىق كۆرگەنىدى. بىراق، بۇ قىزلار تۇتۇق بەرمەيۋاتىدۇ. شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئۆزلىرىنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قالغىنىغا ئۆزلىرىمۇ ھەيران ئىدى ۋە تىت - تىت بولماقتا ئىدى. ئۇلار ھېلىقى ئىككى سەھرالىق دېھقان يىگىتنى ياراتمايدۇ، دەپ قاراپتتى. يە ئۇلارنىڭ مەكتەپتە باشقا بىرلىرى بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقى سېزىلگىنى يوق، كىچىكلىك قىلىۋاتامدىكىن دېسە، ئىككى-

سىنىڭ بىلمەيدىغىنى يوق، گەپكە كەلگەندە ھەرقانداق ئادەمنى توسۇپ قويىدۇ. بىكار بولسىلا قولىدىن كىتاب — رومان چۈشمەيدۇ. ئۇلارنى قولغا كەلتۈرۈشنىڭ قانداق چارىسى باردۇ - ھە؟...

— ئاداش، — دېدى بەختىيار يەنە يېڭىدىن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ، — قەدىرىيە ئەقىللىق، تەمكىنى بار قىزدەك قىلىدۇ، سەن قالتىس ئېسىل قىزنى تاللاپسەن جۇمۇ؟

شۆھرەت يالت قىلىپ ئۇنىڭغا قارىدى:

— سېنىڭ تاللىغىنىڭچۇ؟

— سەبىھە سەل ئەقىلسىزدەك قىلىدۇ. بىراق، مەيلىمنى تارتىۋاتقىنى شوخلۇقى، خۇش خۇيلۇقى...

— يەنىچۇ؟

— كۇلۇپ تۇرىدىغان كۆزلىرى.

— يەنىچۇ؟

— زىلۋا بويى.

— يەنىچۇ؟

— قارىقۇمچاقلىقى.

— قارىقۇمچاقلىقىمۇ ئادەمنىڭ مەيلىنى قوزغامدۇ، ساراڭ؟

— «قارا ئادەمنىڭ مېھرى ئىسسىق بولىدۇ» دېگەننى ئاڭلىمىغانمىدىڭ؟ ئۇنىڭغا يەنە ئوتى كۇچلۇك دېگەننى قوشۇپ قويسا بولغۇدەك.

— ئەقىلسىزرەك ھېس قىلغىنىڭ توغرا ئەمەس.

— تولا گەپ قىلغان بىلەن ئورۇنسىز ئەمەس، گېپى ئوچۇق، جەلپ قىلىدۇ، جايىدا ئېيتىلىدۇ. سەن قانداقراق بايقىدىڭ، دېمەيسەنغۇ مېنى؟

— ھە، ھە، قېنى دېگىنە؟

— مەن قەدىرىيەدىن سەل - پەل ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتىمەن، تولا ئەقىللىق بولۇپ كەتسە، جانغا جاپا دېگىنە، ھەدېسىلا بىلەرمەنلىك قىلىپ، ساقىلىمغا ئېسىلىپ، جېنىمغا تېگەمدىكىن،

دەپ ئويلاۋاتىمەن.

— مېنىڭچە، ئاداش، گەپ - سۆزدە، پىكىر قىلىشتا، ئەقىل جەھەتتە قىزلار ئوغۇللاردىن تۆۋەنرەك بولغىنى تۇزۇك.

— شۇنداق دەپقۇ ئويلاۋاتىمەن، بىراق، راستىنى ئېيتساممۇ، مەيلىمنى ئاللىقاچان تارتىپ بولدى.

ئۇلار قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنى ياتاقتا ئايرىم - ئايرىم ئەكىرىپ سۆزلىشىشنى ئويلاشقان بولسىمۇ، لېكىن ئايرىم كىرىشكە بەربىر ئۇنىمايدۇ، دەپ پەرەز قىلىشتى. چۈنكى مۇنداق تەكلىپلەر بىرىنەچچە قېتىم بېرىلگەن. ئۇلار تۇرلۇك باھانە - سەۋەبلەرنى تېپىپ ئۇنىمىغان ياكى باشقا قىزلار بىلەن بىللە كىرگەن. مۇنداق كىرگەننىڭ نېمە پايدىسى. قىزىق - ھە، باشقا قىزلار ئۆزىنى پەرۋانىدەك ئۇرۇپ تۇرىدۇ، بۇ ئىككىسى بولسا، كېيىكتەك ئۈركۈپ قېچىپ تۇرىدۇ.

ئاخىر شۆھرەت بىلەن بەختىيار قانداق قىلىپ بولمىسۇن، ئايرىم سۆزلىشىشنىڭ پەيتىنى يارىتىشقا كېلىشتى. شۆھرەت مۇنداق دېدى:

— ھازىر ئاساسلىقى بىزگە ئىشەنمەيۋاتىدۇ. ئايرىم سۆزلىشىشنىڭ پەيتىنىمۇ يارىتارمىز، شۇ چاغدا راست گەپنى قىلىشىمىز، ئۆتكەن ئىشلاردىن نۇرغۇن ساۋاقلارغا ئىگە بولغانلىقىمىزنى ئېيتىپ، ئۇلارنىڭ ھېسسىياتىنى، ئىشەنچىسىنى قوزغىشىمىز كېرەك. بىزگە نىسبەتەن ئىشەنچ قوزغالسىلا، ماقۇل دېگىنى شۇ. قىز بالا ئەمەسمۇ، ھېسسىياتلىق گەپلەرگە ئاسان ئىشىنىدۇ.

## 13

مەكتەپ ئوقۇغۇچىلارنى خەنبىڭ يېزىسىغا قوناق ئۈزۈشكە ئاچىققانىدى. ئوقۇغۇچىلار ۋەزىپىنى بۇگۈنلا تۈگىتىۋېتىش ئۈچۈن كەچ سائەت يەتتىگىچە ئىشلىدى. كەچكى تەكرار بولمايدى-

غانلىقى ئۇقتۇرۇلدى. ئوقۇغۇچىلار مەكتەپكە كېلىپ تاماق يە-ۋاتقان چېغىدا بۇگۈن خەلق كىنوخانىسىدا «پۇشايمان» ناملىق دراما ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا خەۋەر تارقالدى. بىر قىسىم ئوقۇغۇچىلار تامىقىنى چالا - بۇلا يەپلا كولۇبقا چاپتى. شۇلارنىڭ ئىچىدە قەدرىيە بىلەن سەبىھەمۇ بار ئىدى.

كولۇبنىڭ ئالدىدا ئادەملەر مىغىلدايتتى، بېلەت ئاللىقاچان تۈگەپ ئەللىك - ئاتمىش تىيىنلىق بېلەت ئۇششاق بالىلارنىڭ قولىدا تۆت - بەش سومغا چىقىپ كەتكەنىدى. ئويۇنغا كەلگەن ئوقۇغۇچىلار قىممەت باھالىق بېلەتنى ئالالماي يا مەكتەپكە قايتىپ كەتكۈسى كەلمەي، ئۇياق - بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى. شۆھ-رەت بىلەن بەختىيار پۇلنىڭ كۆزىگە قارىماي، تۆت بېلەت ئالدى - دە، قەدرىيە بىلەن سەبىھەنى باشلاپ كولۇب ئىچىگە كىرىپ كەتتى.

ئۇلار كىرگەندە دراما باشلىنىپ كەتكەنىدى. دراما ئوينىلى-ۋاتقاندا، قىزلار ئىككىسىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئولتۇرغان ئوقۇت-قۇچىلىرىنى بىرقىسما قىلىقلارنى قىلىپ كېتەرمۇ، ھېلىقى چاغدا توقايلىقتا دېگەندەك ياپتا، ئەگىتمە گەپلەرنى دەرمۇ ياكى ئوچۇقتىن - ئوچۇق ئىشق - مۇھەببەتتىن سۆز ئېچىپ قالارمۇ دەپ ئەنسىرەپ، قورۇنۇپ ئولتۇردى. ياق، ئۇلار ئۇنداق گەپلەر-نىمۇ قىلمىدى، ئۆزىنى تۇتقان، تەمكىن، ئوقۇتقۇچىغا لايىق سالاپەت بىلەن ئولتۇردى. ئېپادىلىنىۋاتقان ئەدەپ - ئەخلاق قىزلارنىڭ ئەندىشىلىرىنى كۆتۈرۈۋەتتى - دە، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئەركىن - بەھۇزۇر سەزدى. ئارىدا دەم ئېلىش قىلىنغاندا، شۆھرەت بىلەن بەختىيار ئىككى قىزنى زالغا چىقىپ ئۇسسۇزلۇق ئىچىشكە تەكلىپ قىلىشۇدى، ئىككىسى بىردەك ئۇنىمىدى. ئۇلارمۇ زورلاپ كەتمىدى. قەدرىيە بىلەن سەبىھە ئويۇندىن باشتىن - ئاياغ ئەندىشىسىز، كۆڭۈللۈك كۆردى. بۇگۈنكى ئەم-گەك ھاردۇقىمۇ چىقتى.

دراما ئاخىرلاشتى، ئۇلار قايتىشتى. بىراق ئادەمنىڭ كۆپ-
لىكى، قالايمىقانچىلىقىدا بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ قېلىشتى.
شۆھرەت قەدىرىيە بىلەن ئىتتىك مېڭىپ بىر ئىشىكتىن، بەختى-
يار سەبىھەنى باشلاپ يەنە بىر ئىشىكتىن چىقىپ كەتتى. مىغىل-
دىغان ئادەملەر ئارىسىدا قىستاڭدىن ئېتىلىپ چىققان سۇدەك
چىققان بەختىيار بىلەن سەبىھە ئۇياق - بۇياققا قاراپ، قەدىرىيە-
لەرنى ساقلاپ كۇلۇب ئالدىدا تۇرۇپ قېلىشتى. شۆھرەتمۇ، قەدى-
رىيەمۇ كۆرۈنمەيتتى. قانداق بولغىنى، ئۇلار نەگە كەتكەندۇ؟
چىققان بولسا تۇرۇپ تۇرۇشى كېرەك ئىدىغۇ...
— بىر ئاز ساقلايلى، — دېدى بەختىيار بويىنىنى سوزۇپ
تۆت ئەتراپقا قاراپ، — كەينىمىزدە قالدىمىكىن...
— ئالدىمىزدا چىقىپ كەتكەن بولسىچۇ؟
شۆھرەت بىلەن قەدىرىيە ئالدىدا چىققان، لېكىن شۆھرەت
سەبىھەلەرنى ئالدىمىزدا چىقىپ كېتىپ بارغاندەك قىلغان، دەپ
قەدىرىيەنى باشلاپ كەتكەنىدى. بەختىيار بىلەن سەبىھە كۇلۇب
ئالدىدا بىرئاز ساقلاپ تۇردى. ئادەملەر شالاڭلاپ، كۇلۇب ئىچى-
دىن چىقىۋاتقانلار تۈگىگەندىلا ئاندىن ئۇلارمۇ ئۈمىدىنى ئۈزۈپ،
يا يولدا، يا مەكتەپ ئالدىدا ئۇچرىشارمىز دېيىشىپ ماڭدى.
بۈگۈن ئوينالغان درامىدا بىر ئائىلىنىڭ تۇرمۇشى سۈرەت-
لەنگەن بولۇپ، ئاق كۆڭۈل، سەممىي ئايالغا ۋاپاسىزلىق قى-
لىغان ئەرنىڭ ئۈچمە كۆڭۈللۈكى، كۆڭۈل ئوۋلاشلىرى، ئاخى-
رىدا ئۇنىڭ پۇشايمانغا قالغانلىقىنى ئارتىسلار يۇقىرى ماھارەت
بىلەن شۇنچىلىك تەبىئىي ئويناپ چىققانىدى.
— مۇنداقمۇ ۋاپاسىز ئەرلەر بولىدىكەن - ھە، — دېدى
شۆھرەت گەپ باشلاپ، — شۇنداق ئاق كۆڭۈل، پەزىلەتلىك
ئايالغا ئەسكىلىك قىلىۋىدى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىمدىن
غەزەپ - نەپرەتلىرىم قوزغىلىپ كەتتى.
— ئەسكىلىك قىلغىنىغا كېيىن پۇشايمان يېدى، ئايالنىڭ

ئالدىغا كەچۈرۈم سوراپ كەلدىغۇ...

— شۇنداق ئەرلەرنى چاينىۋەتسە...

تۇيغۇن قىز قەدرىيە ئۇنىڭ ۋاپاسىز، ئەسكى ئەرلەرنى يامانلاپ كېتىشلىرىدىن مەلۇم مەنىلەرنى چۈشەندى ـ دە، مۇنداق دېدى:

— ئۇنداق ۋاپاسىزلىق، ئەسكىلىك قىلىش ئەرلەردىلا ئە- مەس، ئاياللاردىمۇ چىقىدۇ، جەمئىيەتتە ۋاپاسىز ئاياللار ئازمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق.

— ئەسكىلىك قىلىش، ئۇجمە كۆڭۈللۈك، باشقىلارنىڭ ئىستىقبالى، تەقدىرى بىلەن ئوينىششى، ئۆزىنى بىلمىگەنلەرنى ھالاكەتكە، ئەڭ بولمىغاندا روھىي چۈشكۈنلۈككە ئېلىپ بارىدۇ؛ ئۆزىنى بىلگەنلەرنى پۇشايمان ـ ئۆكۈنۈشكە ئەكېلىدۇ. ئۆكۈ- نۈش، پۇشايمانغا قالغانىكەن، ئۇنداق ئادەمدىن ئۈمىد كۈتۈشكىمۇ بولىدۇ.

قەدرىيەنىڭ خۇددى بۇرۇن يادلىۋالغاندەك تەمتىرىمەي ئېيتقان سۆزلىرى شۆھرەتنىڭ ئۆزى توغرىسىدا گەپ ئېچىشىغا يول ئاچتى. ئۇ بۇرۇنقى ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ قەدرىيەنىڭ ئىشەنچىسىنى قولغا كەلتۈرمەكچىدى:

— بۈگۈن ھەممە گەپنى ئېيتىش قارارىغا كەلدىم. سىلەر بىزنىڭ ئۈرۈمچىدىكى ئىشلىرىمىزدىن خەۋەر تاپقانسىلەر؟

— قايسى ئىشىڭلارنى دەۋاتىسىز، ھېچ چۈشەنمىدىم.

— ياق، خەۋەر تاپتىڭلار.

— «بىزنىڭ» دېگىنىڭىزنىمۇ، «ئىشلىرىمىز» دېگىنىڭىز- نىمۇ زادىلا چۈشەنمىدىم، نېمە دېگىنىڭىز ئۇ؟

— بەختىيار ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسى، قىزلار بىلەن يۈرۈش مەسىلىسىدە ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكلىرىمىزنى دەۋا- تىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، — قەدرىيە ئاتايىن بىلمىگەن، ئاڭلى-

مىغان بولۇۋالغانىدى، — شۇنداق ئىشىڭلار بارمىدى؟
— سىزنىڭ ئالدىڭىزدا ئۆزۈمنى تەكشۈرمەكچىمەن.
— مېنىڭ ئالدىمدا؟… مېنىڭ ئالدىمدا ئۆزىڭىزنى تەكشۈر-سىڭىز مۇۋاپىق بولماس، ئەپەندىم.
شۆھرەت قەدىرىيەنىڭ سۆزىنى ئاڭلىماسقا سالدى، ئۆزىنىڭ دېمەكچى بولغان سۆزىنى دەۋېلىش قارارىغا كەلدى:
— ئادەم ياشلىقىدا ئۆزىنى بىلەلمەي قالىدىكەن، ئۇرۇمچىگە بارغان ئادەم ئۇ يەردىكى ئاڭلىقلىق، ئەركىنلىكنى كۆرۈپ، يوگەنسىز ئاتقا ئوخشىشىپ قالىدىكەن. خۇددى شاش ئات ئۇدۇل كەلگەن يەرگە چاپقاندەك، ئەسكى كوچىلارغىمۇ كىردۇق، قىڭ-غىرمۇ دەسسىدۇق، ئاخىر بۇرنىمىزغا يەپ، ئاچچىق ساۋاققا ئىگە بولدۇق. ئازابلاندۇق، ئۆكۈنۈش - پۇشايمانغا قالدۇق. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىمىزنى ساپ، سەمىمىيلىك بىلەن تو-نۇشقان قىزىمىزنى ھۆرمەت قىلىش، كۆيۈنۈش ۋە ئۇنىڭغا ۋاپادار بولۇپ ئۆتكۈزۈش قارارىغا كەلدۇق. بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشى گۇناھ ئەمەس، ئەلۋەتتە. يۈرۈ-كىمدىكى گەپنى ئېيتاي: مەن سىزنى مۇۋاپىق كۆردۇم. بايقاۋات-قانسىز، بۇ گەپنى دېيىش ماڭا ئاسانغا چۈشمىدى.
— نېمە دەۋاتىسىز، مۇئەللىم، سىز ئوقۇتقۇچى، مەن ئوقۇغۇچى، — قەدىرىيە تىترەپ كەتتى، — ئىككىمىزنىڭ ئوت-تۇرىسىدا ئېگىز تام بار، بۇنى ئېسىمىزدىن چىقارماسلىقىمىز كېرەك، مۇئەللىم!
— ئەگەر تام بار، دەپ تۇرۇۋالسىڭىز، تام پەيدا بولىدۇ، تام يوق دېسىڭىز، يوق بولىدۇ، مېنىڭچە، بۇ شۇنداق ئىش.
قەدىرىيە ئۇنى رەنجىتمەيدىغان مۇۋاپىق جاۋاب بېرىش ئۇ-چۇن ئېغىر خىيالدا قالدى. ئىككىسى يانمۇيان يېقىن كېتىپ باراتتى، قېلىن دەرەخلىك كوچا قاراڭغۇ ئىدى. كوچىدا ئۇياق - بۇياققا ئۆتكۈچىلەرمۇ يوق، پەقەت دەل - دەرەخلەر

ئارىلىرىدا جۈپ - جۈپى بىلەن تۈرۈپ پىچىرلىشىۋاتقان قىز - يىگىتلەر ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالاتتى. قەدىرىيە خىيالدا، شۆھ-رەت ئۇنىڭغا تەشنا، كۆڭۈلدىكىدەك جاۋابنىڭ تەقەززالىقىدا ئىدى. يۈرىكىنىڭ دۈپۈلدەپ ئۇرۇشىنى ئۆزى ئېنىق سېزىۋاتاتتى.
ئۇ قولىنى قەدىرىيەنىڭ بىلىكىگە ئۆتكۈزدى. قەدىرىيە چوڭقۇر خىيالدا ئىدى. شۆھرەت قولىنى ئۇ يەردىن چىقىرىپ، ئۇنىڭ بېلىنى ئاستا تۇتتى. قەدىرىيە ئۆز بېلىنى بوشقىنا تۇتقان قولنى چۇشۇرۇۋەتتى ۋە بىر ئاز ئاچچىقى كەلدى:
— ئۇنداق قىلماڭ، مۇئەللىم، سىز مېنىڭ ساۋاقدىشىم ياكى مەن سۆيەتلىك بىرەر بالا ئەمەس، ئوقۇتقۇچى ھۆرمىتىدە تۇرۇۋاتقان ئادەمسىز...
— جاۋاب بەرمىگىنىڭىز پىكرىمگە قوشۇلغىنىڭىزمىكىن، دەۋاتىمەن.
— ئەمىسە، جاۋابىم شۇ: مېنىڭ تېخى بىر يىللىق ئوقۇشۇم بار، ئوقۇشنى تۈگەتسەم، بىر - ئىككى يىل خىزمەت قىلسام، ئۇنىڭدىن كېيىن، بۇنداق ئىشلارنى ئويلىشىم مۇمكىن.
— بۇ سىزنىڭ ئوقۇشىڭىزغا، بىر - ئىككى يىللىق خىزمە-تىڭىزگە دەخلى قىلىدىغان ئىش ئەمەسقۇ؟
— مېنىڭ قارارىم شۇ.
— ۋاي - ۋۇي... شۇنىڭغىچە ساقلاپ، جاۋاب ئالغۇچە قېرىپ كېتىدىكەنمەن - دە....
شۆھرەت ئۆزىمۇ، قەدىرىيەمۇ كۈلۈپ كەتتى.
شۆھرەت تېخى كۈلكىسى بېسىلمىغان قەدىرىيەنى تۇيۇقسىز-لا قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتقانىدى، بىردىنلا قەھر - غەزىپى ئۆرلى-گەن قىز ئۇنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ كەتتى:
— ئۇياتسىز!... سىز ئادەممۇ، ھايۋانمۇ؟... ئوقۇتقۇچىم دەپ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتسام، ئوقۇتقۇچىمىش تېخى...
ئۇ شۇنداق دېدى - دە، جالاقلاپ تىترەپ تېز - تېز مېڭىشقا

باشلىدى. شۆ رەت ئۇنىڭ كەينىدىن ئۈن چىقارماي شىپقاپ كېلىۋاتاتتى. قەدىرىيە يۈگۈردى ۋە شۇ يۈگۈرگىنىچە بىردەمدىلا ئېلېكتر نۇرلىرى يورۇتقان چوڭ كوچىغا چىقىپ كەتتى.

※ ※

سەبىھەمۇ، شۆھرەت بىلەن بەختىيارنىڭ مەسلىھەتلىشىپ، ئويۇن تۈگىگەندە ئىككى قىزنى كۇلۇبتىن ئايرىم - ئايرىم ئاچىقىپ كەتمەكچى بولۇشقانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىككىسى بىللە ماڭدى. ئۇلار ماڭغانسېرى ئادەملەر شالاڭلاپ، ئاخىر كوچىدا ئىككىسىلا قالدى. بەختىيارمۇ شۆھرەت بىلەن مەسلىھەت قىلىۋالغاندەك يول بويى ھېلى كۆرۈپ چىققان درامىدىكى ئەر پېرسوناژنى يامانلاپ ماڭدى. سەبىھەمۇ قوشۇلۇپ ئۇنىڭدىن ئاشۇرۇپ ئەيىبلىدى.

بەختىيار ئۆزى توغرىسىدا، ئۈرۈمچىدە ئۆتكۈزگەن ئىشلىرى توغرىسىدا شۆھرەت قەدىرىيەگە نېمىدېگەن بولسا ئۇمۇ سەبىھەگە شۇنى دەپ چىقتى. سەبىھە ئۇنىڭ ئۆتكەن كۈنلىرىدىن ئۆكۈنىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ سۆزلىگەنلىكىنىڭ مەقسىتىنى چۈشەندى، ئۇنىڭسىزمۇ ئېنىق چۈشىنەتتى. شۇڭا ئۇ ئۇنىڭ تەكلىپىنى سىلىق گەپلەر بىلەن ياكى ياپتا گەپلەر بىلەن رەت قىلىشنى ئويلاپ ئولتۇرمايلا، توغرىدىن توغرا قېقىۋەتتى.

— قويۇڭا، مۇئەللىم. ئويلىماي ئىش قىلىدىغان كىچىك باللاردەك گەپ قىلماي، سىز كىم، مەن كىم؟

— سىز — سەبىھە، مەن — بەختىيار.

— سىز ئوقۇتقۇچى، مەن — ئوقۇغۇچى. ئوقۇتقۇچىسىمۇ ئوقۇغۇچىسىغا شۇنداق گەپلەرنى قىلامدۇ!

— شۇنداق گەپلەرنى قىلماسلىقىقا مۇمكىن بولمايۋاتسا، قانداق قىلىمەن؟

— پەيلىگىزدىن يېنىك، تېخى مەن شۇنداق يولغا ماڭسام، سىزنىڭ «هاي» دەيدىغان يولىڭىز بار ئەمەسمۇ، مۇئەللىم!
— ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلىقنى قايرىپ قويۇپ، جاۋاب بەرسىڭىز بولۇۋېرىدۇ، بۇ بىر گۇناھلىق ئىشمىدى؟
— گۇناھلىق ئىش، ئوقۇتقۇچىلىق سالاھىيىتىڭىزگە توغرا كەلمەيدىغان چوڭ گۇناھ.
سەبىھە ئۆنىڭدىن قېچىپ نېرىراق ماڭدى. ئەمما ئۆنىڭ چەبدەس ھەرىكەتلىرى، كۆلۈپ گەپ قىلىشلىرىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى. «پەيلىگىزدىن يېنىك»، «گۇناھلىق ئىش قىلـ- ماڭ» دەۋاتسىمۇ، ئاۋازىدىن غەزەپ، قەتئىيلىك بىلىنمەي، سىدـ- لىقلىق، ئويناپ گەپ قىلىۋاتقاندەك، چېقىشىۋاتقاندەك بىر خىل ئىپادە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بەختىيار ئۆنىڭغا يانداپ، يېقىنلاپ كەلدى، يۈرىكىنىڭ قاتتىق ئۇرۇۋاتقانلىقىنى، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزدى، «قانداق قىلاي؟ — دەپ ئويلىدى ئۇ قاتتىق ھاياجاندا، — جۈرئەت قىلسام قانداق ئاقىۋەت چىقار؟...» ئۇ سەبىھەنىڭ قولىنى تۇتتى. ھېس - ھاياجانلىرىنى باسالماي قالدى - دە، خۇددى بىرىنىڭ قولىقىغا گەپ قىلىۋاتقان ئادەمدەك ئېگىشىپ، چۈشىنىكسىز بىرنېمىلەرنى پىچىرلاپ، لېـ- ۋىنى ئۆنىڭ لېۋىگە يېقىن ئاپىرىپ بىر جۈرئەت قىلىۋىدى، سەبىھە يۈزىنى ئېتتىك قاچۇرۇپ، ئۇياققا بۇرۇۋەتتى. بەختىيار ئۆنىڭ قولىقىنىڭ تۈۋىنى يېرىم - يارتا سۆيۈپ قالدى. سەبىھە ئۆنىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ بىرنى سالماقچى بولۇپ قولىنى كۆتۈرۈپ، نېمىشقىدۇر توختاپ قالدى.
— خەير بوپتۇ، ئوقۇتقۇچىمىز، كەچۈرۈۋېتەي، لېكىن بىلىپ قويۇڭ، ھەر نەرسىنىڭ چېكى بار...
— مۇھەببەت ئىزهار قىلىش خاتالىق ئەمەسقۇ؟
— ئەلۋەتتە خاتالىق ئەمەس، بىراق، مەن نېمە دەۋاتىمەن، سىز نېمە قىلىۋاتىسىز؟... مەن سىزگە ئىشەنمەيتتىم، لېكىن

بىللە ماڭماي بولمىدى. ئوقۇتقۇچىغۇ، دەپ ئىشىنىپ قالغىنىمغا ئۆزۈمنىمۇ ئەيىبلىشىم كېرەك.

— نېمانچە ئەزۋەيلەپ كېتىسىز...

— ئوتتۇرىدىكى پەردىنى كۆتۈرۈۋەتتىڭىز، ئەمدى ئوچۇق دەۋېرەي: «بىر سۆيۈۋالسام، ئېرىپ كېتىدۇ» دەپ ئويلىغانمىدىڭىز؟ سىز ئاسان ئېرىپ كېتىدىغانلارغا ئۇچراپ دەندەپ قاپتىكەنسىز - دە....

بەختىيار بىرئاز ئوسال ھالغا چۈشۈپ، گەپتىن قالدى ۋە بېشىنى سىلىپ ماڭدى. ئۇ بىرنەچچە كۈن بۇرۇن شۆھرەتكە: «بولدى قىلساق بولارمىكىن، ئاداش، ئۇلار بىزگە بېرىلىدىغاندەك ئەمەس» دېگەندە، شۆھرەت: «ياق، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق بولدى قىلامدۇق، قىزلار شۇنداق بولىدۇ. بەزىسى ئاسان قولغا كېلىدۇ، بەزىسى تەستە، بۇلارغا كۆڭلىمىز راستىتىنلا چۈشتى، كۈتەيلى» دېگەندى. مانا، ئۇ ئۆزىنىڭ دېگىنىدەك بولغانلىقىنى ھېس قىلدى، بىلدى، ئۇ قانداق قىلىش كېرەك، دەپ ئويلاپ، كەچۈرۈم سورىماقچى بولۇپ، ئېغىزىنى گەپكە ئۆمەللىۋىدى، سەبىھەنىڭ ئاخىرقى گېپى ئېيتىلدى:

— لېكىن ئېرىمەيدىغانلىرىڭىزمۇ بارلىقىنى بىلىپ قويۇڭ، شۇنداق، ئەمدى كەينىمگە كىرىۋالماڭ، يولىڭىزنى تېپىپ مېڭىڭ، ئەسكىلىك قىلمىغان بولسىڭىز، بۇ گەپلەرنىمۇ دېمەيتتىم، كەچۈرۈڭ.

سەبىھە قىزلار ياتاق بىناسىنىڭ ئالدىدا قەدىرىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى. قەدىرىيە كېلىپلا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ياتاق ئىچىگە قاراپ، سەبىھەنىڭ يوقلۇقىدىن، ئۇنىڭ تېخى يېتىپ كەلمىگەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىدىن كېيىن قالغانلىقىنى قىياس قىلدى ۋە ئۇنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، ياتاققا بىللە كىرىشنى ئويلاپ، سىرتتا ساقلاپ تۇرغانىدى.

ئىككىسى بىر - بىرىنى كۆرۈپلا كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە دەرھال

دېرىزىلەرگە كۆزى چۈشۈپ، بىر - بىرىنىڭ ئېغىزلىرىنى ئېتىۋېلىشتى. ئۇلارنىڭ كۈلكىلىرى بىر - بىرىنىڭ بېشىغا كەلگەن ئىشلارنى كۆرمەي تۇرۇپلا پەرەز قىلىپ بىلىۋالغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.

— تەييار بېلەتكە تويغانسەن، قەدرى، — دېدى سەبىھە ئاغزىنى تۇتۇپ پىخىلداپ كۈلۈپ.

— بايا ئىككىسى كېلىشىپ، پىلانلاپ قىلغان ئىشلار ئىكەن ئۇ، — دېدى قەدىرىيە، — ساڭىمۇ ئېسىلدىمۇ؟

— ئېسىلماي قالامدۇ، كاچىتىغا تازا كېلىشتۇرۇپ بىرنى سالاي دېۋىدىم، ئەتىلا دەرسكە كىرىدۇ، بىچارە قارىيالماي، كېكەچلەپ دەرسلىرىنى ئۆتەلمەي قالمىسۇن دېدىم.

— مەن گەپ بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتتىم، كەينىمدە توختاڭ - توختاڭ، دەپ قالغان، هوشىدىن كەتمىگەندۇ، بايىقۇش.

— مېنىمۇ بوش قويدى دەمسەن، بىراق قۇلىقىمنىڭ تۈۋىگە سۆيۈۋالغاندەك قىلدى، بوپتۇ...

— ئىككى ئېغىز چىرايلىق گەپ قىلىپ قويۇپ بىزنىمۇ قورچاق قىلماقچى، ئۆزلىرىچە.

— يۇرە كىرىپ كېتەيلى، قىزلار ئورۇنلىرىنى سېلىشىۋاتىدۇ.

ئىككىسى ياتاققا تەڭلا كىردى. قىزلار ئورۇننىڭ ئىچىگە كىرىۋالغان بولۇپ، باشلىرىنى چىقىرىشىپ ياتاتتى. ھەممىسىنىڭ قاپاقلىرى چۈشۈپ كەتكەنىدى. بۇلارمۇ ئورۇنلىرىنى سېلىشقا باشلىدى. ئاڭغىچە چىراغ بىر ئۆچۈپ ياندى. بۇ: تېزرەك يېتىۋېلىڭلار، يەنە ئون مىنۇتتىن كېيىن چىراغ پۈتۈنلەي ئۆچىدۇ، دېگەندىن بېشارەت ئىدى. بۇلۇڭدىكى قىز بېشىنى كۆتۈرۈپ:

— سەبىھە؟ — دېدى.

— خوش، تەقسىر، — سەبىھە ھېچ ئىش بولمىغاندەك بەختىخانغا بۇرۇلۇپ كۇلۇمسىرەپ قارىدى.
— ئويۇننى كۆرۈپ كەلدىڭلارمۇ، ياخشىمىكەن؟
— ھەئە ياخشىكەن، سۆزلەپ بېرەيمۇ؟
— شۆھرەت مۇئەللىم بىلەن بەختىيار مۇئەللىمنىڭ بېلەت ئالالماي تۇرغان شۇنچە قىزلار ئىچىدىن سىلەرگە ئىچى ئاغرىپتۇ - دە...
— قانداق؟
— سىلەرگە شۇنچە قىممەتلىشىپ كەتكەن بېلەتلەرنى ئېلىپ بېرىپ، ئەكىرىپ كەتتى دەيمىنا.
— ئۆز مۇئەللىملىرىمىز بىللە كىرەيلى، دەپ بېلەت ئەكېلىپتۇ، كىردۇق، قانداق بوپتۇ؟ — ئۇ شۇنداق خاتىرجەم ھالدا جاۋاب بەرگەچ يېشىنىۋاتاتتى.
— سىلەرگە كۆزى چۈشۈپتۇ - دە...
— بىر يەرلىرىڭ چىملا قىلىپ قاپتۇ - دە؟
— مۇنداقلا دەۋاتقىنىم.
— كۆزى چۈشكەن بولسا چۈشكەندۇ، ئەمما بىز كۆزۈڭلار بىزگە چۈشسۇن، دەپ ئۆگىتىپ قويمىدۇق، دوستەك.
— بۇلار ئوقۇشىنى تۈگەتكۈچە، بوينىنى باغلاپ قويايلى، دەۋاتىدۇ - دە، ئىككى ئاچ كۆز.
— بەلكىم.
سەبىھەنىڭ جاۋابلىرى قەدىرىيەگە شۇنچىلىك ياقتىكى، خۇشاللىقىدىن تاس قالدى كۇلۇۋەتكىلى. ئەمما باشقىلارنىڭ بىر يەرلىرىنى ئۆتكۈر تىرناق تاتىلاۋاتقاندەك بولدى. ئۇلار، سەبىھە بىلەن قەدىرىيەگە بېلەت ئېلىپ بەرگەن ئىككى ئوقۇتقۇچىسىنى بۇ سەھرالىقلارغا نېمانچە قىلىپ كېتىدۇ، دەپ ئازابلىنىۋاتامدۇ ياكى بۈگۈن ئوينالغان درامىنى كۆرەلمىگىنىگە ئىچى ئاداۋاتامدۇ، بۇ تەرىپى بىزگە قاراڭغۇ، ئىشقىلىپ، ئىككى ساۋاقدىشىغا ئۆچلۈكى يانغاندى. چىراغ ئۆچۈش بىلەن گەپلەرمۇ بېسىقىپ

قالدى.
نەق مۇشۇ پەيتتە، ئۆز ياتىقىدا، ئىككى ياش ئوقۇتقۇچى
خېلى ۋاقىتلاردىن بېرى سوزۇپ كېلىۋاتقان شېرىن ئوي - خى-
ياللىرىنىڭ بەربات بولغانلىقىدىن ئارامسىزلىنىپ، ئۈزۈلدۈر-
مەي پۇرقىرىتىپ تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. ئۇلارنىڭ كۆزلىرى-
دە ئۈمىدسىز، ئاجىز ئۇچقۇنلار پىلدىرلايتتى. يۈزلىرىدىن مە-
يۈسلۈك چىقىپ تۇراتتى، ئۆز مەقسەتلىرىگە يېتەلمەي، پۈچىلى-
نىۋاتقان ئادەملەردە بولىدىغان ھەممە ئالامەتلەر پۈتۈن تۇرقىدىن
ئىپادىلىنىپ تۇراتتى.
ئۇلار ھېچقاچان مۇنداق ئازابقا قالمىغان، قىلىمەن دېگىنى-
نى قىلغان، ئېتىمەن دېگىنىنى ئەتكەن، قول سوزغان شېخىدىن
بىر تال مېۋە ئالماي قويمىغان. لېكىن ئۇلاردىن ئاچچىق ساۋاق
ئالغاچقا، ئەمدى ئۆزلىرىگە ئۈمۈرلۈك بولۇش، ۋاپادار بولۇش
ئارزۇسىدا مۇۋاپىق جورا تاللىغاندا، ئۈمىدسىز قېلىۋاتىدۇ. گويا
ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تاللىغان ئادەملىرىدىن دەشنەم - ئاھانەت-
لەرنى ئاڭلاۋاتىدۇ. ئۇلار مۇنداق بولار، دەپ ئويلىمىغان،
نىيەت - ئارمانلىرىمىزنى تەسلىكتە بولسىمۇ، ئەمەلگە ئاشۇرالاي-
مىز، دەپ قارىغان ئەمەسمىدى… تۈپتۈز، راۋان كېتىۋاتقان
تۇرمۇشنىڭ مۇنداقمۇ ئوي - چوڭقۇرى، پۈتلىكاشىڭى، زەربىسى
بولىدىكەن - ھە!
بەختىيار:
— بولدى، ھەرقانچە ساپ، پاك بولسىمۇ، ئۇنى تاللىغانلى-
قىمدىن كەچتىم، — دېگەنىدى، شۆھرەت:
— ياق، مەن كەچمەيمەن، كېچەلمەيمەن. ئوغۇل بالا ئىرا-
دىسىدىن يانمىسىلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ! — دېدى.
ئېغىر جىمىلىقتىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئاخىرقى سۆزلى-
رى شۇ بولدى.

# ئىككىنچى قىسىم

## 14

لەھەلبۇۋى قىزى قەدىرىيەنىڭ كەلگۈسى تەقدىرى ھەققىدە ئويلاۋېتىپ، ئۆزىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇپمۇ، ئاتا ـ ئانىسىز ياشاۋاتقىنىغا ئۆكۈنگەنىدى. بۇنىڭدىن كىتابخانلارنىڭ كۆڭلىدە «بۇ قانداق قىسمەتتۇر؟» دېگەن سوئال تۇغۇلغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمدى بىز شۇ سوئالنى يېشىشكە ۋە ئۇنىڭ دەسلەپكى ھاياتى — سەرگۈزەشتىلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتەيلى:

لەھەلبۇۋى ئەسلىي شەھەرلىك بولۇپ، شاكىرباي ئىسىملىك، «ئاچچىق» لەقەملىك ئادەمنىڭ قىزى. ئۇ ئوتتۇرا دەرىجىلىك تىجارەتچى بولسىمۇ، جامائەت ئىچىدە تۆتىنىڭ ئالدى بولسا، تۆتىنىڭ كەينى ھېسابلىنىدىغان، ھەمىشە قاپىقىنى سىلىپ يۈرىدىغان سالاپەتلىك ئادەم. «ئاچچىق» لەقەم ئۇنىڭ ئاچچىقىنىڭ يامانلىقى، مىجەزىنىڭ تەرسالىقىغا قاراپ قويۇلغان. ئائىلىدە ئۇنىڭلا دېگىنى ھېساب. خوتۇنى ئۇنىڭدىن بىسوراق ھېچقانداق ئىشنى قىلالمايدىغان، ئالدىدا تىترەپ تۇرىدىغان، قورقۇنچاق، يۈرەكئالدى بولۇپ قالغان ئايال. لەھەلبۇۋى ئالتىنچى سىنىپنى تۈگىتىپ، ئىلى مىللەتلەر گىمنازىيىسىگە كىرىدىغان چاغدا، دادىسىنىڭ بىرلا بۇيرۇقى — «ئوقۇشنى توختات!» دېيىشى بىلەن ئوقۇشقا بولغان شۇنچە تەلپۈنۈشىنى ئىلاجسىز بېسىپ ئوقۇشتىن قالغان. شۇنىڭدىن كېيىن لەھەلبۇۋىگە تەرەپ ـ تەرەپتىن لايىقلار چىقىپ، ئەلچىلەر كىرىشكە باشلىغان. لېكىن

لايىقلارنىڭ ھېچقايسىسى شاكىربايىنىڭ ئۇنىڭدىن ئۇنداق ئېۋەن
تېپىشى، بۇنىڭدىن بۇنداق ئېۋەن تېپىشى بىلەن يارىمىغان. شا-
كىرباي ئېۋەننى ئۆزىگە كۇيئوغۇل بولغۇچىدىن ئەمەس، قۇدا
بولغۇچىلاردىن تاپاتتى. بىر قېتىم مۇنداق بىر ئىش بولغان:
ئۇ قىزىنى بىرىگە بەرمەكچى بولۇپ چاي ئىچكۇزۇلۇپ بولغاندا،
قۇدا بولغۇچىنىڭ كوچىدا مەست - دەلدەڭشىپ كېتىپ بارغانلى-
قىنى كۆرۇپ قېلىپ، ئىچكۇزۇلۇپ بولغان چاينى ياندۇرۇۋەت-
كەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى قاققان كىشىلەر
شاكىربايىنىڭ ئۆلچىمىگە توشماي، بولۇشقا تېگىشلىك قانچە -
قانچە تويلار يېنىپ كېتىپ، مانا ھازىر لەھەلبۇۋى يىگىرمە
ياشلارغا كىرىپ قالغانىدى. ئۇ دوستلىرى چاقىرغان توي، چاي-
لارغا بېرىشتىن باشقا ۋاقىتلاردا سىرتلارغا چىقالمايتتى. توي،
چايلارغا بارغاندىمۇ، قاراڭغۇ چۈشۈشتىن بۇرۇن ئۆيدە ھازىر
بولۇشى شەرت ئىدى.
شاكىرباي قىزىنى شۇنداق قاتتىق باشقۇرغىنى بىلەن ئۇنىڭ
مەيلىنى، مۇھەببەت ئىزدەپ يىگىتلەرگە تەلپۈنۈشىنى باشقۇرال-
مايتتى. بىر ئاي بۇرۇن لەھەلبۇۋى توغرا كۆۋرۇكتە، ئۆزى
قارىقۇمچاق، كۆزلىرى ئويناپ، قويۇق كىرپىكلىرى قايرىلىپ
تۇرىدىغان بىر يىگىتنى كۆرۇپ قالغان ۋە ئۇنىڭغا بېرىلىپ،
قىزىقسىنىپ قاراپ كەتكەنىدى. ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، شۇ كۇنى
يېرىم كېچىگىچە ئۇنى ئويلاپ ياتتى. ئۇنىڭ قانداق قىلىپ خىيا-
لىغا كىرىۋالغىنىغا ئۆزىمۇ ھەيران بولدى. ئىككىنچى قېتىم
ئۇنى يەنە شۇ يەردە ئۇچرىتىپ قالدى. مۇھەببەتنىڭ بىرىنچى
تىلى كۆز. كۆز — يۈرەكنىڭ مەيلىنى، ئارمان - ئارزۇسىنى
ئۈنسىز ئىزھار قىلالايدۇ. ئۇ يېقىنلاپ كېلىپ، ئۆزىگە تەلمۈ-
رۇپ قاراپ تۇرغان يىگىتكە لەپ - لەپ قىلىپ بىرنەچچە قېتىم
قارىدى - دە، كۆزلىرى بىلەن ئۆز مەيلىنى بىلدۈرۈپ ئۆتۈپ
كەتتى ۋە بەش - ئون قەدەم ماڭا - ماڭمايلا كەينىگە يەنە ئىككى،

ئۈچ قېتىم قايرىلىپ قارىدى. شۇ كۈندىن باشلاپ، ئويناق قارا كۆزلىرى بىلەن تەلمۈرۈپ، ئۆزىنى يەۋەتكۈدەك قىياپەتتە قاراپ قالغان يىگىت ئۇنىڭ خىيالىدىن بىردەممۇ نېرى بولمىدى. ئەگەر دادىسىدىن قورقمىسا، بۇ چاغقىچە شۇ يەرگە نەچچە بارغان بولار ئىدى. «مەن نېمە بولۇۋاتىدىغاندىمەن، — دەيتتى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە، — بىر كۆرۈپلا ئىشقىم چۈشۈپ، مەيلىم قوزغىلىپ قالدا ... ئۇ كىمدۇ، كىمنىڭ بالىسىدۇ؟ ... شۇ تۇرقىدا مېنىمۇ ئويلا- ۋاتامدىغاندۇ؟ ئەنە، كۆرۈپ تۇرۇپتىمەن: ئويناق كۆزلىرى، قايرىلما كىرپىكلىرى، ماڭا تەلمۈرۈپ قاراشلىرى... يەنە قانداق ئۈچراشقىلى، سۆزلەشكىلى بولار؟ توۋا، ئادەم مۇنداقمۇ ھېسسى- ياتلارغا چۆمۈلۈپ قالىدىكەن - ھە... ياخشى كۆرۈپ قېلىش، مۇھەببەت دېگەن شۇمىكىنە، تەلمۈرۈپ قاراپلا تۇرغىچە، گەپ قىلىسچۇ كاشكى، مەنمۇ گەپ قىلغان، تونۇشقان بولار ئىدۇق - دە. ئۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئەقلى قاچىدىكەن، ھودۇقۇپ تەمترەپ قالىدىكەن، ئەيمەنگەندۇ... كىشىلەر: ‹ ئا- دەم ئارزۇ قىلغان، ئىنتىلگەن نەرسىسىگە ئىگە بولالايدۇ › دېيە- شىدۇ، مەن ئارزۇ قىلغان، ئىنتىلگەن نەرسىگە ئىگە بولالماس- مەنمۇ؟ »

ئاپىسى قىزىدىكى ئۆزگىرىشكە — خىيالچان بولۇپ قالغىنى- غا دىققەت قىلىپ قالدى:

— نېمە بولدۇڭ، قىزىم، ئولتۇرغان يەردە ئولتۇرۇپلا، تۇرغان يەردە تۇرۇپلا قالىدىغان بولۇپ قالدىڭغۇ؟

لەھەلبۇۋى دەسلەپ ئاپىسىنىڭ گېپىگە نېمىدەپ جاۋاب بې- رىشنى بىلەلمەي قالدى، كېيىن ئەقىل تاپتى:

— تۇرۇپ مېھرىگۈلنى ئويلاپ قالىمەن، ئاپا، ئۆزى ئۇنىمى- سىمۇ ئاتا - ئانىسى توينى زورلاپ قىلدى، ھازىر قانداق بولۇپ قالغاندۇ، بىچارە...

— «نىكاھنىڭ مېھرى ئىسسىق» دېگەن گەپ بار، بالام.

هازىر ياخشى بولۇپ قالغاندۇ.

ئۈچىنچى قېتىم ئۇلار يەنە شۇ يەردە — توغرا كۆۋرۈكنىڭ دوقمۇشىدا ئۇچراشتى. لەھەلبۇۋى چايدىن قايتىپ ئەسلىي يولى باشقا بولسىمۇ، ئاتايىن شۇنداق ماڭغانىدى. لەھەلبۇۋى يېقىنلاپ كېلىشىگە، كۆزلىرى ئويناپ تۇرىدىغان يىگىت ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىن بىرلا سەكرەپ بۇ تەرىپىگە ئۆتتى. قىز ئۇنىڭ ئالدىدا ئىختىيارسىز توختاپ قالدى. ھەر ئىككىسىدە يانغان سۆيگۈ ھەر ئىككىسىنىڭ تىلىغا سۆز بەردى. ئۇلار تونۇشتى، بىر - بىرىنىڭ كىملىكىنى، كىملەرنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنلىكىنى بىلىشتى. يىگىتنىڭ ئېتى ئابدۇسالام ئىدى، ئابدۇسالام ئۆزىنىڭ تۇرسۇن ئاتلىق سودىگەرنىڭ بالىسى ئىكەنلىكىنى، دادىسىنىڭ سودىسىغا قارىشىپ بېرىۋاتقانلىقىنى، يېزىدىمۇ قورۇ - جاي، يەر سۇيىنىڭ بارلىقىنى ئېيتتى.

لەھەلبۇۋى بىر نەرسىدىن ئەنسىرەۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا ئىتتىك - ئىتتىك قارايتتى.

— بىز بىر يەردە ئۇچرىشايلى، — دېدى ئابدۇسالام، — ھازىر ئالدىرايدىغاندەك قىلىسىز، سىز دەڭ، مەن شۇ يەرگە باراي.

— بىزنىڭ ئۇچراشمىقىمىز قىيىن، مەن ئۆيدىن چىقالمايـ مەن، دادام بەك تەرسا، ئاچچىقى يامان ئادەم، — دېدى لەھەلبۇـ ۋى. ئۇ شۇنداق دېسىمۇ، ئابدۇسالامغا تەلپۈنۈپ - ئىنتىلىپ تۇراتتى.

— ئەمىسە، قانداق ئۇچرىشىمىز؟

— مەن ئۆيدىن چىقىشنىڭ يولىنى تاپسام‍لا مەشەگە كېلىدـ مەن.

— ۋاقىت ئېنىق بولمىسا، ئۇچرىشالماي قېلىشىمىز مۇمـ كىن، كۈندۈزى ئېھتىيات قىلىسىڭىز، كېچىدە چىقىڭ!

— كېچىدە تېخىمۇ چىقالمايمەن.

— دادىڭىز ئۇخلاپ قالغاندىچۇ؟
— ئۇخلاپ قالغاندا... — لەھەلبۇۋى ئويلىنىپ قالدى.
بۇ چارە بولىدىغاندەك قىلاتتى، — ئۇ چاغدا سىز قەيەردە بولىدىسىز؟
— سىلەرنىڭ كوچىدا.
— ئۆيىمىزنى بىلەمسىڭىز؟...
— ھازىر سىز قايتقاندا كەينىڭىزدىن يىراقلاپ مېڭىپ، ئۆيۈڭلارنى كۆرۈۋالسام، بولدى ئەمەسمۇ؟
— ماقۇل ئەمىسە.
— قاچان؟
— ئەتە.
مۇنداق چاغدا ئەتىنىڭ كەلمىكى تەس، بىر ئەتە بىر ھەپتىدەك ئۇزىراپ كېتىدۇ. لەھەلبۇۋى ئەتىنى كۈتۈپ، ئەتىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدى. يېرىم كېچىدىن ئۆتكەندە ئۇخلاپ قالغان بولسىمۇ، ئەتىسى سەھەردە ئويغىنىپ كەتتى، ئەتە بۈگۈنگە ئالماشقانىدى. بۈگۈنكى كۈندۈزنىڭمۇ توشمىقى تەس ئىكەن، چۈشتىن ئۆتكەندىن باشلاپ، ئۇ قورقۇشقا باشلىدى. كەچمۇ كىرەر، دادىلىرىمۇ ئۇخلاپ قالار، ئۆيدىن سوغۇرۇلۇپ چىققىلى، تامدىن قانداق ئارتىلىپ چۈشكىلى بولار؟... ئۇنداق بىلەنغۇ كۆرۈشەر، ئۆيگە يېنىپ كىرىشى كېرەك - دە، ئەگەر دادىلىرى تۇيۇپ قالسا، ئۇنداق ئۆلگىنى شۇ ئەمەسمۇ...
ئۇ كەچ كىرگەنسېرى تىترەشكە، ئالاقزادىلىككە چۈشۈشكە باشلىدى.
خەيرىيەت، كەچمۇ كىردى، قاراڭغۇ چۈشتى، ئۆيدىكىلىرى يېتىشتى. لەھەلبۇۋىنىڭ يۈرەك ئۇرۇشى بارغانسېرى ئىتتىكلەپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ خانىسىدىن چىقىپ، پۇتىنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ دادىسى بىلەن ئاپىسى ياتىدىغان ئۆينىڭ ئىشىكىگە قۇلىقىنى

ياقتى. ئۆي ئىچىدىن ئۇلارنىڭ گۇدۇڭلىشىپ پاراڭ قىلىشىۋاتقانلى-
قى ئاڭلاندى. «شۇ چاغقىچە ئۇخلىماپتۇ ـ دە» دەپ كەينىگە
ياندى ئۇ. لەھەلبۇۋىگە ئۆتۈپ كەتكەن ۋاقىت ئۇزۇن بىلىنگىنى
بىلەن ئۇلارنىڭ ياتقىنىغا تېخى يېرىم سائەتمۇ بولمىغانىدى. ئۇ
خانىسىغا يېتىپ كىرىپ، يەنە ئۇزۇنغىچە ئۇغرى تىنىقتا ياتتى.
ئىككىنچى قېتىم چىقىپ ئۇلارنىڭ ئىشىكىنى تىڭشىغاندا، ئۆي-
دىن دادىسىنىڭ خورەك ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۇ «شۇكۇر» دەپ
يېنىك تىندى. شۇنداقتىمۇ، قورۇدا بىردەم تۇرغاندىن كېيىن،
شەپىسىز مېڭىپ تونۇر بېشىغا چىقتى. تونۇر بېشىدىن كوچا
كۆرۈنەتتى. ئۇ ئابدۇسالامنىڭ كوچىدا، ئۆزى تۇرغان يەردىن
تۆت ـ بەش مېتىر نېرىدا تۇرغانلىقىنى كۆردى ـ دە، تامدىن
ئۇياققا ئارتىلدى، ئابدۇسالام ئۇنى قۇچاقلاپ تۇتۇپ ئالدىغا چۈ-
شۈرۈۋالدى ۋە شۇ قۇچاقلىغىنىچە ئۇزاققىچە قويۇپ بەرمىدى.
مۇھەببەت تەشنالىقى ھەم ئۇنىڭ لەززىتى لەھەلبۇۋىنى بوشاشتۇ-
رۇۋەتتى. ئۇلار سەل نېرىراق بېرىپ يېرىم سائەتچە پاراڭلىشىپ
تۇردى. ئۇ ئۆز ـ ئۆزىدىن سۆيۈنۈپ، ئىنتايىن يېقىملىق،
باشقىچە بىر گۈزەل دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك بولدى. ئۇزۇندىن
بېرى يۈرەك قاتلىرىدا كۆمۈلۈپ ياتقان مۇھەببەتنىڭ ئۇرغۇپ
چىققانلىقىنى ھەم ئۇنىڭ شېرىن ھۇزۇرىنى سۇرۇۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلدى. يايراپ كەتكەن بەدەن ـ بەدەنلىرىدە سۆيگۈ شادلىقى
قوزغىلىپ كەتكەنىدى.

ئۇلار تەستە ئايرىلىشتى ـ دە، ئابدۇسالام ئۇنى بايىقى يەر-
دىن يۆلەپ چىقىرىپ قويدى. قىز خانىسىغا تىنچ ـ ئامان كىر-
گەندىلا يەنە بىر قېتىم ئۆز ـ ئۆزىگە «شۇكۇر» دەپ كۆرۈشۈش-
نىڭ ئوڭۇشلۇق ئۆتكەنلىكىدىن سۆيۈندى.

ئەتىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىققان شاكىرباي كۆزلى-
رىنى چەكچەيتىپ، خوتۇنىغا:

— تامنىڭ مۇنۇ يېرى سۇرۇلۇپ قاپتۇ، — دېۋىدى،

خوتۇنى:

— قورۇغا ئىت چۈشكەن ئوخشايدۇ، كېچىدە دۈكۈرلىگەندەك ئاۋاز كېلىۋىدى، — دېدى.

لەھەلبۇۋى ئابدۇسالام بىلەن خۇپىيانە ھالدا ئۈچ قېتىم ئۇچراشقاندىن كېيىن، شاكىربايىنىڭ ئۆيىگە ئەلچى كىردى. شاكىرباي ئۆزىگە قۇدا بولغۇچىنىڭ كىملىكىنى ئۇقۇپلا ئەرۋاھى ئۇچتى ۋە ئوچۇق قىلىپ: «بىلىپ قويۇڭلار، مېنىڭ تۇرسۇن باققالنىڭ ئوغلىغا بېرىدىغان قىزىم يوق!» دەپ ئۆزى ئەلچىلەردىن بۇرۇن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. بۇ ئىش ئەلچىلەرگە ناھايىتى ھار كەلدى.

تۇرسۇن باققال ئەسلىي سەھرالىق ئادەم. ئۇ يەردە قورۇ - جايى، يەر - سۇيى بار. يەتتە - سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا شەھەرگە كىرىپ باققاللىق قىلغان. تۆت كوچا دوقمۇشىدا تاۋۇز تىلىپ ساتقان. بىرقانچە يىل چىدام بىلەن تىرىشىپ ئوقەت قىلىپ، ئاۋارىچىلىكلەردىن قاچماي، ئەسكى كالاچىنىڭ سوڭىنى دەسسەپ، پالاقلاپ يۈرۈپ، يول تېپىپ، پۇللۇق بولۇپ قالغان. ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا پۇللۇق ماللار سېلىنغان دۇكان ئاچقان. ئۇنىڭ بايلىقى شاكىربايدىن قېلىشمىسىمۇ، كەسپى ئۆزگىرىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق «تۇرسۇن باققال» ، «تۇرسۇن پايپاس» نامىدا قېلىۋەرگەن.

ئەلچىلەرگە دادىسىنىڭ ئادەمگەرچىلىكتىن چىقىپ بەرگەن جاۋابى مەلۇم بولغاندىن كېيىن، لەھەلبۇۋى ئېغىر ئەلەمدە، چوڭقۇر ئازابتا قالدى. ئۇ سۆيگۈ ئازابىغا بەرداشلىق بېرىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۆزىنىڭ خالىغان تۇرمۇشىغا، گۈزەل بەختىگە ئىنتىزار بولغان، لېكىن ئۇنىڭغا ئېرىشەلمەيۋاتقان ئادەم قاتتىق ئازاب، ئېغىر بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىدە قالىدۇ. لەھەلبۇۋىگە ئۆز ئۆيى يىرگىنىچلىك تۇيۇلۇشقا باشلىدى، ئۇنىڭ ھەممە نەرسىدىن كۆڭلى

قالغانىدى. دادىسىغا كۆرۈنمەيتتى، كۆزى يىغىدىن قورۇمايتتى.
نېمە قىلىشنى بىلمەي، قەپەستىكى قۇشتەك ئىچىنىشلىق تېپىر-
لايتتى. كۈنلىرى ھەسرەتلىك، ئەلەم بىلەن ئۆتمەكتە ئىدى.

ئۇلار ئوچرىشىپ، ئاخىر قاچماقچى بولۇشتى، ئۆمۈرلۈك
بولۇشقا بۇنىڭدىن باشقا يول يوق ئىدى، قېچىش باشقىلار باسمى-
غان يولمىدى، تالاي - تالاي قىز - يىگىتلەر مۇشۇ يول بىلەن
ئۆز بەختىگە ئېرىشكەن ئەمەسمۇ؟

بۈگۈن كېچە لەھەلبۇۋىنىڭ قاچىدىغان كۈنى. كۈندۈزى
دادىسى بازارغا كېتىدۇ. ئۇ ئاپىسىنىڭ كۆزىدىن بىردەملا نېرى
بولسا، قېچىش تەييارلىقىنى قىلاتتى. خۇدادىن ئاخىرقى قېتىم
مۇشۇ ئۆز ھويلىسىدىن ساق - سالامەت چىقىپ كېتىشىنى
تىلەيتتى. ئۇ تىۋىشلارغا قۇلاق سېلىپ قۇشتەك سەگەك ياتتى.
ئەكېتىدىغان بوپىسىنى چىگىپ تەقلەپ قويدى. يېرىم كېچە بولۇ-
شىنى، ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۇخلاپ قېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈت-
مەكتە ئىدى.

مانا كۈتكەن ۋاقىت كەلدى. ئۇ يېرىم كېچە مەھەللىدە يوغان
بوپىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقتى. ھويلىغا چى-
قىپلا پۇشايمان يېدى: ئاق ئايدىڭ كېچە ئىدى، ئاي نۇرى قورۇ
ئىچىنى يورۇتۇۋەتكەنىدى. «نېمىشقا بۈگۈننى تاللىغاندىمىز، —
دەپ ئويلىدى ئۇ بىرقىسما بولۇپ ئەنسىزلىك ئىچىدە، —
خۇدايىمنىڭ سىياھەدەك قاراڭغۇ كېچىلىرىمۇ بار ئىدىغۇ، بىزنى
ئۆز قوينىغا بىمالال يوشۇرۇپ كېتەلەيدىغان ئايسىز كېچىلىرى
كۆپتىغۇ... ئادەمنىڭ كاللىسىغا بىر ئوي كىرىۋالسا، ئۇنىڭ
ۋەسۋەسىسىدە تەمكىنرەك بولۇش، ئەتراپلىقراق ئويلاشلار كۆتۈ-
رۈلۈپ كېتىدىكەن - دە...» لەھەلبۇۋى پۇتلىرى دىرىلدەپ تىت-
رەپ، يۈرىكى ئاغزىغا تىقىلغاندەك ھاسىراپ كەتتى. ئۇ تونۇرنىڭ
كوچا تېمىغا يۆلەپ سېلىنغىنىغا مىڭ قەتلى شۈكۈر قىلىپ،
تونۇر بېشىغا چىقتى ۋە يوغان بوپىسىنى كوچىدا ئۇنىڭغا قاراپ

تۇرغان ئابدۇسالامغا سۇنۇپ بېرىپ، ئۆزى تامدىن ئارتىلىپ
چۈشتى. چوڭ كوچىغا خادىك هارۋا توختىتىپ قويۇلغانىدى.
ئىككىسى هارۋىغا چىقتى ـ دە، تېز يۈرۈپ كەتتى، شۇ چاغدىلا
لەھەلبۈۋىنىڭ پۈتۈن ئەزايى بەدىنىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ئەندى-
شىلىك، قورقۇنچلۇق ھېس ـ تۇيغۇلار بېسىلىپ قالدى. ئۇ
ئاستا ئاسمانغا قارىدى، ئاي ئۇلارغا كۈلۈپ قاراپ تۇراتتى.
«كۆكتە ئەركىن سەيلە قىلىپ يۈرگەن تولۇن ئاي، — دېدى ئۇ
شىۋىرلاپ، — خۇدايىمغا گېپىمنى — يۈرەك سۆزۈمنى يەتكۈ-
زۈپ قوي: مەن ھاۋايى ـ ھەۋەس، زىنا قىلىش ئۈچۈن قاچقىنىم
يوق. كۆڭۈل مەيلى، ئىختىيارلىقىمدىن خالىغان ئادىمىم بىلەن
كۆڭۈللۈك ئۆتۈش، مەڭگۈ بەختىيار ياشاش، كەلگۈسى بەختىم
ئۈچۈن قاچتىم، مۇشۇنداق نىيەت بىلەن قېچىشىمۇ گۇناھمۇ؟
ياق، ئىشەنمەيمەن، خۇدايىم ئۆز بەختى، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشى
ئۈچۈن قاچقانلارنى كەچۈرۈۋېتىدۇ».
لەھەلبۈۋى دادىسىنىڭ ئالدىدا تىترەپ تۇرىدىغان ئاپىسىنى
ئويلاپ كېتىپ باراتتى: «بىچارە ئاپام، دادامغا قاپاق كۆتۈرۈپ
قارىيالمايدىغان ئاپام ئەمدى بالاغا قالىدىغان بولدى.»
ئۇلار كېلىشكىنى بويىچە ئاتنى ئىلدامىلىتىپ، ئابدۇسالام-
لارنىڭ يېزىدىكى ئۆيىگە ماڭغانىدى.
لەھەلبۈۋىنىڭ قاچقانلىقى مەلۇم بولغاندا، شاكىرباينىڭ چى-
رايى ئۆڭمىدى، قىزارمىدى ياكى بېشى ساڭگىلاپمۇ كەتمىدى.
ئۇ چاچلىرىنى يۇلۇپ يىغلاۋاتقان خوتۇنىغا قاراپ مۇنداق دېدى:
— ھەممە ئىش سەندىن باشلىق··· بولدى، ئەمدى ئۇنى
ئىزدەشنىڭ ھاجىتى يوق، ئۇ ئۆزىنى بۇلغاپ بولدى. يايلاقتا
سېيىرنى چىقىرىۋەتسەڭ، قورسقىنى پومپايتىپ كەلسە، خۇش
بولىسەن، قىزىڭ شۇنداق كەلسە، خۇش بولامسەن؟
ئانا چىدىماي، ئېرىگە يالۋۇرۇپ، ئۇنى تېپىپ كېلىشنىڭ
يولىنى قىلىشنى ئېيتىۋىدى، ئۇ:

— ئەمدى قىزىڭ يوق، ئۇنى بالىلىقتىن، ئۆيىنىڭ دەپتىرىدىن ئۆچۈرۈۋەتتۇق، ئۇ ئۆلدى، گۆرىگە كىرىپ كەتتى. تۆت ئادەمنى چاقىرىپ نەزىر قىلىۋەتسەكلا بولدى، — دېدى.

ئاتىنىڭ بۇ قارارىغا ھېچكىم قارشى چىقالمىدى.

ئەتىسى ئۇ جامائەتكە «مەرھۇم قىزىم لەھەلبۇۋىنىڭ خالىس نەزىرىگە تەكلىپ» دەپ باغاق تارقىتىۋەتتى. نەزىرگە كەلگۈچىلەرنىڭ بەزىلىرى «تووۋا» دەپ ياقىسىنى تۇتتى، بەزىسى ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالدى. ئۆيدە، ھويلىدا يىغلىغۇچى يا يىغا ئاۋازى يوق ئىدى. بىرى:

— تەقسىر، قىزلىرىنىڭ ۋاپات بولغىنىنى زادى ئاڭلىماپتىمىز، قاچان، نېمە بولۇپ تۈگىدى؟ — دەپ سورىغاندا، ئۇ:

— تۇيۇقسىز، ئوي - خىيالدىن سىرت ئۆلۈم شۇنداق بولدۇ، ئۆزىمىزمۇ تۇيماي قالدۇق، — دېدى.

كىشىلەر ئۇنىڭ مىجەزىنى بىلگەچكە، ئارتۇقچە گەپ قىلمىدى.

ئابدۇسالامنىڭ دادىسى تۇرسۇن باققال شاكىربايىنىڭ ئەلچىلەرگە بەرگەن قوپال، تەكەببۇرانە جاۋابىدىن قاتتىق خاپا بولۇپ، ئوغلىنىڭ ئۇنىڭ قىزىنى ئېلىپ قاچقىنىغا خوشال بولغان بولسىمۇ، بىراق ئاتىلىق، ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن شاكىربايىنىڭ ئالدىغا ئادەم كىرگۈزۈپ كەچۈرۈم سوراپ قويماقچى بولغان. لېكىن ئۆلمىگەن قىزىنى ئۆلدى قىلىپ نەزىر ئۆتكۈزۈشى ئۇنىڭ يولىنى توراپ قويدى.

## 15

شەھەردە ئۆسكەن قىز مانا شۇنىڭ بىلەن يېزىغا چىقىپ قالدى. دەسلەپتە لەھەلبۇۋىمۇ، ئابدۇسالاممۇ «بىزنى قوغلاپ كەينىمىزدىن ئادەم چىقىپ قالارمۇ؟» دەپ قاتتىق ئەنسىرىگەن.

لېكىن نەزىر قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ خاتىرجەملىنىپ قالدى. ئۇلار يېزىغا سۈبھى كۆتۈرۈلگەندە چىققانىدى. شۇ كۈنى يېزا مەسچىتىنىڭ ئىمامى ئىككىسىنىڭ نىكاھىنى ئوقۇپ قويدى. بۇ قورۇ ئۈچ ئېغىزلىق ئۆيى، ئامبار، قوتانلىرى بار چوڭ قورۇ بولۇپ، ئەتىياز كىرىش بىلەن تاشلىنىپ قالغاچقا، قورۇنى ئوت-چۆپ، قوراي بېسىپ، ئۆيلەرنى توپا-چاڭ، تور باغلاپ، خارابىلىك تۇسىگە كىرىپ قالغانىدى.

— قېنى، ئابدۇسالام، قورۇ-ئۆيلەرنى تۈزەشتۈرۈپ، ئادەم بار سىياقىغا كەلتۈرەيلى، — دېدى لەھەلبۇۋى.

ئابدۇسالام ئوت-چۆپ، قورايلارنى ئورىدى، لاي ئېتىپ، شورىلارنى ئەتتى. ھاڭغىرقاي ئوچۇق تۇرغان ھاجەتخانىنى شاخ-شۇمبىلار بىلەن توردى. قورۇدا چېچىلىپ ياتقان ئوتۇن-ياغاچ، شاخلارنى قوتاننىڭ بىر چېتىگە رەتلەپ تىزدى. لەھەلبۇۋى ئۆيلەرنى سىرىپ-سۈپۈرۈپ، سۇۋاقلىرى چۈشۈپ كەتكەن بۇلۇڭ-پۇچقاقلارنى، يازلىق چايخانا، قازان باشلىرىنى سۇۋاپ چىقتى. ئۆيلەرنىڭ ئىچى-تېشىنى ئاقارتتى. شەھەردىن ئاچىققان ئىشىك-دېرىزە پەردىلىرىنى تارتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆيلەرمۇ، قورۇمۇ ئىللىق، تازا ھاۋالىق، چىنىدەك پاكىز تۇسكە كىرىپ، كىشى زوقلانغۇدەك قىياپەت-مەنزىرە جىلۋىلەندى.

شەھەردىن ئابدۇسالامنىڭ ئاتا-ئانىسى چىقىپ، يۇرتقا توي چېيى بەردى. دادىسى جامائەتكە ئابدۇسالامنىڭ ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئىزىنى بېسىپ، مۇشۇ قەدىمىي قورۇسىدا تۇرىدىغانلىقىنى ئېيتتى-دە، ئەتىسى بۇ يېڭى ئائىلىنىڭ يېمەك-ئىچمىكىنى غەملەپ بېرىپ كىرىپ كەتتى. لەھەلبۇۋىنىڭ مۇستەقىل ئائىلە تۇرمۇشىغا قەدەم بېسىشى شۇنىڭ بىلەن باشلاندى.

لېكىن كىشىلەر ئابدۇسالامغا ئەگىشىپ، شۇنچە چىرايلىق شەھەرلىك قىزنىڭ بۇ يەرلەرگە چىقىپ قالغىنىغا ھەيران ئىدى:

— ئەجەب پاكىز بالا ئىكەنا، بۇ نايناق بىلەن قانداق قىلىپ

قېچىپ قالغاندۇ...

— كۆزى ئېتتىك ئەمەسمۇ بۇنىڭ...

— كۆزى بىلەن يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتتى ـ دە.

— بىكار تەلەپكە زايە كېتىپتۇ بۇ قىز...

— بىكار تەلەپلىكىنى نەدىن بىلسۇن، بايۇەچچە دەپ قالدى ـ دە.

— تېخى ئۇسسۇللىرىنى كۆرمىدى ـ دە...

— كۆرسە هۇ قىلىۋېتەر.

— هەي، بۇلارنىڭ ئاقىۋىتى قانداق بولاركىن...

مەهەللىدە بۇ هەقتىكى گەپلەر — ئۆي ـ ئۆيلەردە، كوچا ـ كوچىلاردا، ئەزىر ـ چىراغ، توي ـ تۆكۈنلەردە بىر ئايغىچە بېسىلمىدى. بەزىلەر ئابدۇسالامنىڭ ئامىتىگە هەيران بولدى، بەزىلەر هەسەت قىلدى، يەنە بەزىلەر لەهەلبۇۋىگە ئېچىندى.

كىشىلەر ئۇنى نېمىشقا «ناينىاق»، «بىكار تەلەپ» دەيدۇ؟ بۇ ئۇنىڭ لەقىمى بولۇپ، بۇ يەردىكىلەر ئۇنى «ئابدۇسالام نايناق»، «ئابدۇسالام بىكار تەلەپ» دەپ ئاتىشىدۇ. ئابدۇسالامغا بۇ لەقەملەرنىڭ قويۇلۇپ قېلىش سەۋەبى بار. «لەقەمنى خىزىر قويىدۇ» دېگەن گەپ راست. ئابدۇسالام ئۇسسۇلغا ئۇستا، بىراق كىشىلەر ئۇنىڭ ئۇسسۇلىدىن يىرگىنىدۇ. ئۇيغۇرلار ئىچىدە مەيلى چوڭ، مەيلى كىچىك بولسۇن، مەيلى ئەر، مەيلى ئايال بولسۇن، ئۇسسۇل بىلمەيدىغىنى ـ ئوينىمايدىغىنى يوق. ئەمما ئەر ـ ئاياللار ئۇسسۇللىرىنىڭ پەرقى بار. ئايالچە ـ ئەرەنچە ئۇسسۇللار ئۆز لايىقىدا، ئۆز قېلىپىدا، ئۆزىگە خاس هەرىكىتى، رىتىمىدا بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنىڭدىن زوقلىنىدۇ، هۇزۇرلىنىدۇ. لېكىن بۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە هۇزۇرلىنىش يىرگىنچكە ئايلىنىدۇ.

ئابدۇسالامنىڭ ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلارغا كىرىپ

قالغان مەزگىلى بولسا كېرەك، مەھەللىدە بىر توي بولۇپ قال-
دى. قىز كۆچۈرۈشكە بارغاندا، قىزنىڭ ھويلىسىدا نەغمە - ناۋا
باشلىنىپ، يىگىتلەر ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئابدۇسالام يەنە بىر
يىگىت بىلەن بېقىشىپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ، كۆزلىرىنى ئې-
تىپ، بېلىنى تولغاپ، مەيدە ۋە مۈرىلىرىنى نازغىتىپ، دەممۇ
دەم تىلىنى چىقىرىپ، شوخ قىزلارمۇ قىلىشقا قورۇنىدىغان
قىلىقلارنى چىقىرىپ، ئايناقلاپ ئويناپ كېتىۋىدى، ئەتراپتا چا-
ۋاك چېلىشىپ تۇرغان ئادەملەرنىڭ غىدىقى كېلىپ، ئۇنىڭدىن
يىرگىنىپ كەتتى ۋە ئىچىدە لەنەت ئوقۇدى. شۇ يەردىلا ئۇنىڭغا
«ئايناق» دېگەن لەقەم قويۇلۇپ قالدى.

ئەمدى ئۇنىڭغا «بىكار تەلەپ» دېگەن لەقەمنىڭ قويۇلۇپ
قېلىشى مۇنداق: ئابدۇسالام تۆت يىللىق يېزا باشلانغۇچ مەكتە-
پىنى ئالتە يىلدا ئاران تۈگىتىپ، ئۇنىڭدىن كېيىن ئوقۇمىغان.
ئون بەش - ئون ئالتە يېشىدىن باشلاپ، كۆك بېدە ۋاقتىدىن
تارتىپ، بۇغداي پىشقۇچە چۈكچۈك ھەم قۇرغۇي بىلەن بۆدۈنە
ئويناشنىڭ مەستانىسى، كەچ كۈزدىن تارتىپ - قىشقىچە قارچىغا
بىلەن توشقان، قىرغاۋۇل تۇتۇشنىڭ شەيداسى، چوماق بىلەن
تۈلكە ئوۋلاشنىڭ پەرۋانىسى بولۇپ كەلگەن. تۇخۇم چېكىشتۇ-
رۇش، خوراز سوقۇشتۇرۇش، كەكلىك ئۇرۇشتۇرۇشلارنىڭ
ھېچقايسىسىدىن قالمىغان، دادىسىنىڭ دېھقانچىلىقىغا يېقىن يو-
لىمىغان. ئېتىز - ئېرىق ئىشىنىڭ تازا ئالدىراش مەزگىللىرىدى-
مۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرقانچىسى بىلەن كوچىلاردا، باغلاردا،
دەريا ياقىسى — توقايلىقلاردا ئويناپ لەلەڭلەپ يۈرگەچكە كىشى-
لەر «بىكار تەلەپ» دەپ لەقەم قويۇپ قويغان. بۇ ئۇنىڭغا سىڭى-
شىپ كەتكەچكە، «ئابدۇسالام ئايناق»، «ئابدۇسالام بىكار تە-
لەپ» دەپ ھازىرغىچە — 1944 - يىلى 5 - ئايغىچە ئاتىلىپ
كېلىۋاتىدۇ. ھازىر ئۇ يىگىرمە تۆت ياشقا كىردى، ئۆيلەندى.
ئەمدى ئۇ كوچىدىن يېنىپ چىقامدۇ ياكى شۇ كوچىنىڭ داۋاملىق

ئىشتىراكچىسى بولۇپ قالامدۇ، بۇنىڭغا ئالدىنئالا بىرنېمە دېگىلى بولمايدۇ. ئابدۇسالامنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەمەلىيىتى قانداق بولسا، بىزمۇ كىتابخانلارغا شۇنى ئەينەن يېزىپ تەقدىم قىلىمىز، ئەلۋەتتە.

سۆيگۇ شۇنداق قۇدرەتلىك كۈچكى، زالىملىق ئىسكەنجىسى، قاتتىق مۇئامىلە، ئۇيات - سەت دېگەن ۋەھىمە ھەم خەۋپ - خەتەرنى، ئەنسىزلىك، قورقۇشنى ھەتتا ئۆلۈم دەھشىتىنىمۇ يېڭەلەيدۇ. لەھەلبۇۋى كەڭرى ھويلا، ئوڭچە ئۆيلەرگە چۇشۇپ، قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك ئەركىن بولۇپ قالدى. ئۇ ھەممە توسالغۇ، ئەنئەنىۋى قاراشلارنى يېڭىپ مۇرادىغا يەتكەنىدى. ئادەمدە ئىرادە، جۈرئەت، غەيرەت بولسىلا، سۆيگەن تۇرمۇشقا يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزگەنىدى. ئۇ ئابدۇسالامنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىن باشلاپ، ھاياتىنى مەنىلىك، لەززەتلىك ئۆتكۈزۈۋاتقاندەك سېزىپ، بۇگۈنكى مەزگىلگە يەتمەي تۇرۇپلا، ئۆزىنى بەختلىك ھېسابلاپ بولغان. دادىسىنىڭ زالىملىقى ۋە قاتتىق مۇئامىلىسىدىن تۇرغۇن دەرد - جاپا، روھىي ئازابلارنى تارتقان بولسىمۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمىدى. چۈنكى ئابدۇسالامنىڭ ئۆزىگە باققان ئويناق كۆزلىرىدىن ياشاش ھەم مۇھەببەت زوقىنى تاپقاندى. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ مۇھەببەت - سۆيگۇ ئادەمدىكى ئەڭ ئېسىل، ئەڭ شېرىن، ئەڭ پارلاق تۇيغۇ ئىكەنلىكىنى سەزگەن. ھەتتا ئۇ: «مۇشۇ تۇيغۇ مېنىڭدە نېمىشقا بۇرۇنراق پەيدا بولمىغاندۇ» دەپ ئۆكۈنگەن ۋە تەبىئەتنىڭ ئادەمدە شۇنداق تۇيغۇلارنى يارىتىقىنىغا مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇپ كەتكەن. «ئادەمدە مۇھەببەت تۇيغۇسى بولمىسا، ياشاشمۇ مەنىسىز بولاتتىكەن - دە!» دەپ ئويلىغان.

مانا ئۈچ - تۆت ئاي ئۆتتى، لەھەلبۇۋىنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك ئۆتۈۋاتىدۇ. ھازىرغىچە دىل ئازارى، كۆڭۈل رەنجىشى تارتقىنى يوق، ئابدۇسالامنىڭ يىراق - يېقىنغا ئۆينى تاشلاپ

چىقىپ كەتكىنىمۇ يوق. بۇ ئارىلىقتا بىرنەچچە قېتىم بۆدۈنە تۇتۇپ كېلىپ لەھەلبۇۋىگە كاۋاپ قىلىپ بەردى. يەنە بىرنەچچە قېتىم شەھەرگە چۈشۈپ، ئاتا ـ ئانىسىنى يوقلاپ كۆرۈپ، لەھەلبۇۋىنى يالغۇز دەپ قونماي يېنىپ چىقتى، ئۆينى پىرقىراپلا يۈردى. بۇ ئەھۋاللارنى كۆرگەن مەھەللىدىكىلەر: «شەھەرلىك قىز چىڭ ئىكەن. ئۇنى جۆندەپ، يولغا سېلىپ كېتىپ بارىدۇ» دېيىشتى.

ئەمما لەھەلبۇۋى كېيىنكى كۈنلەردە ئۆز ئۆيىدىكىلىرىنى كۆرگۈسى كەلدى، بولۇپمۇ ئاپىسىغا چىدىماي قالدى.

بىر كۈنى ئۇ ئابدۇسالامغا:

— ئاپامنى شۇنداق كۆرگۈم كەلدى، ئابدۇسالام، بىر كۆ-رۈپ چىقسام دەيمەن، قانداق دەيسىز؟— دېدى.

— ئەلۋەتتە كۆرگۈڭ كېلىدۇ، مەن ئەكىرىپ چىقاي، بى-راق قانداق كۆرۈشكىلى بولار؟

— ئۆزبېك مەھەللىدە بىر دوستۇم بار، بېرىپ شۇنىڭغا ئېيتسام، ئۇ ئاپامنى باشلاپ چىقسا، كوچىدا كۆرۈشسەك...

— ئەمىسە، بىر كۈنى سېنى ئەكىرەي.

ئابدۇسالام بىلەن لەھەلبۇۋى ئىرگىلۇ هارۋىدا شەھەرگە كىردى. ئابدۇسالام خەنزۇ بازىرىدىكى دەڭدە قالدى. لەھەلبۇۋى يۈرىكەنچىسىنى تارتىپ دوستىنىڭ ئۆيىگە ماڭدى. ئۇ دوستى بىلەن بىر سائەتتىن ئارتۇق پاراڭلىشىپ ئۆيدىن چىقتى. ئۇ دوستىنىڭ مەسلىھەتى بىلەن يۈرەكەنچىسىنى قالدۇرۇپ قويغاندى.

تۆت كوچا بازىرىغا كەلگەندە، لەھەلبۇۋى كىشىلەر ئارىسى-دىن دادىسىنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋايىەي، دادام... قانداق قىلارمەن... — لەھەلبۇۋىنىڭ يۈرىكى بىردىنلا قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى. شاكىرباي بىر دۇكاندىن چىقىپ، كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتتى. هېلىمۇ ياخشى ئۇ بېشى-

نى سېلىپ ماڭاتتى، بولمىسا يېقىن ئارىلىقتا چوقۇم كۆرۈپ قالار ئىدى.

— بىچارە دادام مەيۈسلىنىپ قاپتۇ، — دېدى لەھەلبۇۋى سۆگەتنىڭ دالدىسىدا ئۇنىڭغا كۆز ئۈزمەي قاراپ.

— داداڭ قاچانلا بولسا، قاپىقىنى سېلىپ يۈرىدىغۇ، ساڭا مەيۈسلىنىپ قالغاندەك كۆرۈندى ـ دە، دادا دېگەن قىز بالىغا ئامراق بولىدۇ، دەيدىكەن، قېنى ئامراقلىقى...

لەھەلبۇۋى شۈك بولۇپ قالدى.

لەھەلبۇۋى دوستىنىڭ دوستانىلىككە يېتىشىدىن ئايپىسى بىر-لەن بىر خىلۋەت كوچىدا قۇچاقلىشىپ، ئۆزلىرىنى باسالماي يىغلىشىپ كۆرۈشتى. ئانا بۇ كۈتۈلمىگەن ئۇچرىشىشتىن تاس قالدى ئۆزىنى يوقىتىپ قويغىلى. ئۇ قىزىنى قويۇۋەتكۈسى كەل-مەي، ئۇنىڭ ئىككى بىلىكىنى تۇتۇپ تۇراتتى. قىزى ئايپىسىنىڭ كۆز ياشلىرى ھۆل قىلىۋەتكەن مەڭزىلىرىنى سىلىدى.

— جېنىم بالام، ئانام بالام، كۆزلىرىمدىن ئۇچۇپلا كەتتىڭ-غۇ، كاشكى يېقىنراق يەردە بولساڭمىچۇ... — تۆكۈلۈپ تۇرغان ئانىنىڭ ئېغىزىدىن ھەربىر سۆز چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن، ئېچى-نىش بىلەن ئېيتىلماقتا ئىدى.

— قانداقراق بالام ئەھۋالىڭ، تۇرمۇشۇڭ خاتىرجەممۇ؟...

— مەن شۇنداق ياخشى، ئاپا، سېنى قانداق بولۇپ كەتكەن-دۇ، دەپ سېنىڭدىن ئەنسىرەپ يۈردۈم.

— داداڭنىڭ مىجەزىنى بىلىسەنغۇ، ئىككىڭنىڭ تىلى بىر دەپ دېمىگىنى قالمىدى... ھازىر ياخشى، بېسىلىپ قالدى، بۇ-رۇنقىدەكلا قاپىقىنى سېلىپ يۈرىدۇ.

— ئۇكىلىرىم قانداق؟

— ئۇلارمۇ ياخشى، داداڭ يوق يەردە سېنىڭلا گېپىڭنى قىلىدۇ.

ئانا قىزىنى كۆرۈپ ھەقىقەتەنمۇ خاتىرجەملىنىپ قالدى،

ئۇنىڭ كۈنى قانداقتۇ، دەپ كۆپ ئەنسىرىگەن، ئىككى ئۆرۈلۈپ تېقىمىغا چۈشكەن چاچلىرى ھېلىمۇ يالتىراق، ئاپئاق يۈزىدىن، قىپقىزىل مەڭزىلىرىدىن، چىرايلىق كۆزلىرىدىن، ئۇزۇن كىرپىكلىرىدىن بەختىيار ئۇچقۇنلارنىڭ چاقناپ تۇرۇشى ئۇنىڭ تۇرمۇشىنىڭ كۆڭۈللۈك، غەمسىز ئىكەنلىكىنى ئايان قىلىپ تۇراتتى. ئانىنىڭ قىزىنىڭ ۋايىغا يەتكەن ھۆسنىگە مەستلىكى كېلىپ، كۆڭلىدىن: «سەھراغا زايە كەتتى ـ دە!» دېگەن ئوي «لىپ» قىلىپ ئۆتۈپ كەتتى.

— بولدى بالام، ئەمدى ماڭ، داداڭ كۆرۈپ قالسا يا بىرى كۆرۈشكەنلىكىمىزنى دەپ قويسا، مېنىڭ ئۆلگىنىم شۇ... تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، قاچقان لەھەللىمۇ، — دېدى ئۇ لەھەلبۇۋىنىڭ دوستىغا قاراپ، — ئەلنىڭ قىزلىرىمۇ قېچىپ تېگىۋاتىدىغۇ، يۈرەكنى يېرىپ چىققان بالىنى ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكىنىنى قاراڭا، بۇ نېمىدېگەن تاش يۈرەكلىك...

— ئۆلدىگە چىقىرىۋەتكەندىكىن، كۆرۈشكىنىڭلار بىلەن كارى بولماس، چوڭنا؟ — دېدى لەھەلبۇۋىنىڭ دوستى كۈلۈپ.

— يائاللا خۇدايىم، كۆرۈشكىنىمىزنى بىلىپ قالسا بۇرنۇمدىن بۇلاق قىلىدۇ، دەڭا... بۇ قانداق مىجەز، نېمىدېگەن تەكەببۇرلۇق، ئىنسانغا تەكەببۇرلۇق ھەرگىز ياراشمايدۇ، خۇدايىممۇ راۋا كۆرمەيدۇ. بولدى، بالام ماڭ، — دېدى ئۇ قىزىغا قاراپ، — سېنى كۆردۈم، بۈگۈن خاتىرجەم ئۇخلايدىغان بولدۇم، خوش.

— خوش ئاپا، ئۇكىلىرىمغا سالام ئېيت.

— ئۇكىلىرىڭغىمۇ تىنىمايمەن، خوش بالام، كۆرۈشكۈچە ئامان بول.

شۇ كۈنى ئابدۇسالام بىلەن لەھەلبۇۋى يېزىغا قايتىپ چىققتى. ئەتىسى ئەتىگەندە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ لەھەلبۇۋى ئابدۇسالامغا مۇنداق دېدى:

— ئاڭلىدىڭىزمۇ، ھېلىقى مىش - مىش گەپلەر راست ئىكەن.

— قايسى مىش - مىش گەپ؟

— نىلقىدا «ئالتە ئوغرى» پەيدا بوپتۇ دېگەن گەپچۇ.

— راست بولسا، راستتۇ.

— ئۇلار ھازىر كۆچىيىپ كېتىپتۇدەك، ئىنقىلاب ئېچىپتۇدەك. شەھەردىن ياشلار، گىمنازىيىنىڭ ئوقۇغۇچىلىرى، ئىچىدە قىزلارمۇ بار ئىكەن. شۇلارغا قوشۇلىمىز، دەپ كېتىپتۇدەك...

— نېمە ئىشلاردۇ بۇ؟

— ھۆكۈمەت ھازىر تازا ئەنسىزلىككە چۈشۈپتۇ، گۇمان قىلغان ئادەملەرنى تۇتۇۋېتىپتۇ. سىزگە بىر مەسلىھەت، بىزنىڭ تارتىشىدىغان نېمىمىز بار، شۇلارغا قوشۇلۇپ كەتمەمدۇق؟

— ساراڭ بولدۇڭمۇ! — ئابدۇسالام ئۇنىڭغا گۆلەيدى.

— قاتنىشىۋاتقانلار ساراڭ ئىكەن - دە.

— ئۇلار بىلەن ئىشىڭ بولمىسۇن، سىڭگەن نېنىڭنى يە، ئىككىنچى بۇ گەپنى ئېغىزىڭدىن چىقارما...، — ئابدۇسالام چىنىسىنى نېرىراق سۈرۈپ قويۇپ، غودۇڭشىشقا باشلىدى، — ئۆزى ئادەم تۇتۇۋېتىپتۇ، دەپ تۇرۇپ...

— مەن تېخى ماڭايلى، يۈگۈرەيلى، قوشۇلايلى، دېگىنىم يوققۇ، سىزگە سېلىۋاتقان مەسلىھەت بۇ.

— ئۆلگۈك كېلىپتۇ، قوشۇلغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆلىدۇ، نېمە كېلىپتۇ ئىنقىلاب قىلغۇدەك. بىر ئوبدان تىپتىنچ تۇرمۇشقا پاراكەندىچىلىك سېلىپ. ئەقلى دۇمبىسىگە چىقىپ قالغانلارغا قوشۇلامدۇق. گېپىنى بۇنىڭ...

لەھەلبۇۋى ئەمدى ئۇنىڭغا گەپ قىلىشتىن بىراقلا يالتايدى. «توۋا، — دەپ ئويلىدى ئۇ بىرقىسما بولۇپ، — بۇ مۇنداق ئادەم ئىكەن - دە، بولدى، ئۇلارغا قوشۇلۇپ نېمە قىلىمىز، دەپ تۇزلا گەپ قىلسا بولاتتىغۇ، ئۇلارنى نېمانچىلا تىللاپ كېتىد-

دۇ؟… مۇنۇ ساۋاتسىز دېھقانلار، ئۆمرى يېزىدا ئۆتتۈۋاتقان مۇنۇ ئۆي ئاياللىرى جېنىدا: خۇدايىم «ئالتە ئوغرى» دېگەنلەرگە نۇسرەت بەرسە دېيىشىۋاتسا، بۇنىڭدا ئاشۇلارچىلىك ئاڭ يوق ئىكەن ـ دە…»

لەھەلبۇۋىنىڭ ئابدۇسالامدىن كۆڭلى قالغان بىرىنچى ئىش مۇشۇ بولدى.

## 16

لەھەلبۇۋىنىڭ ئابدۇسالام بىلەن ئۆي تۇتتۇۋاتقىنىغا بىر يىل بولدى. كېيىنكى يېرىم يىل جەريانى ئۇنىڭ ئابدۇسالامدىن كۆپ قېتىم كۆڭلى قېلىش جەريانى بولدى. ئۇ قىش چۈشكەندىن تارتىپ قارچىغا بىلەن توشقان، قىرغاۋۇل، چوماق بىلەن تۈلكە ئوۋلاشقا بېرىلىپ كەتتى. بارا ـ بارا ئۆيدىن بىر چىقىپ كەتسە، ئىككى ـ ئۈچ كۈنگىچە كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. لەھەلبۇۋى يوـ غان قورۇدا يالغۇز قالاتتى، كېچىلىرى «تىرىق» قىلغان ئاۋاز چىقسىلا قورقۇپ ئۇخلىيالمايتتى. ئابدۇسالام: «نېمىدىن قورـ قىسەن، ئوغرى كىرىدىغان شەھەر ئەمەس بۇ يەر، ئىشىكنى ئىچىدىن ئىلىۋېلىپ، ئۇخلاۋەرمەمسەن» دەپ ئۇنىڭ بىلەن كاردـ ـمۇ بولمايتتى. ئېيتىلغان ياخشى گەپلەر، نەسىھەتلەر قۇلىقىغا كىرمەيتتى، قاتتىقراق گەپ قىلسا، ئالىياتتى، ئالايغانغا ئالايسا، جېدەل چىقاتتى، نېمە قىلغۇلۇق، دەردنى ئىچىگە سىلىپ يۈرـ مەكتىن باشقا چارە يوق ئىدى. ئاستا ـ ئاستا ئۇ يالغۇزلۇققىمۇ كۆنۈپ قالدى. لەھەلبۇۋى كېيىنكى چاغلاردا شۇنى ھېس قىلىپ قالدىكى، ئەگەر ئۇنىڭ بىلەن جېدەل قىلساڭ، ئاچچىق قىلىپ، تالاغا ماڭساڭ، ئۇ ئېسىلىۋالىدىغاندەك ئەمەس، پەرۋايى پەلەك ئولتۇرىدۇ. كۆڭۈل ئايايدىغان، كۆيۈنىدىغان ئىشلاردىن ئەسەرمۇ يوق.

شۇ يىلى قىش كىرىپ قار قېلىن چۈشۈپ كېتىدۇ. بىر كۈنى ئەتىگەنلىكى قار توختىغاندىن كېيىن، لەھەلبۇۋى كۆرەكنى ئېلىپ ھويلىغا چىقىدۇ ـ دە، قار تازىلاشقا باشلايدۇ. قار ئېتىلىپ ئاز قالغاندا، ئابدۇسالام ئۆيدىن چىقىدۇ ۋە غولچىنى كېرىپ، ئەسنەپ تۇرۇپ:

— قار قېلىن چۈشۈپ كېتىپتۇ ـ ھە، ئەمدى تۇلكىلەر ئۇزۇق ئىزدەپ يېقىنلا يەرلەرگە كېلىپ قالىدۇ، بۈگۈن تازا توشقان، قىرغاۋۇل ئوۋلايدىغان كۈن بوپتۇ، چېيىڭنى چاپسانراق قايناتقىنا، — دەيدۇ.

— ئەمىسە، قار ئاز قالدى، — دەيدۇ لەھەلبۇۋى، — سىز تازىلاپ تۇرۇڭ، مەن چاي قايناتاي.

— بولدى تاشلاپ قوي، كېيىن تازىلىۋاتساڭمۇ بولىدىغۇ، كەچكىچە كىم بىكار؟ سەن بىكار.

— ھە، سىزنىڭ مۇھىم ئىشلىرىڭىز بار ئەمەسمۇ...

— ئىشىم بولماي، دەۋاتقىنىنى... قېنى سەن بىر تال قىرغاۋۇل تۇتۇپ باققىنە، مەن كۆرەي؟

— مەن نېمە قىرغاۋۇل تۇتۇپ يۈرەي، قىرغاۋۇل تۇتۇش، تۈلكە ئوۋلاش دېگەن بىكار تەلەپلەرنىڭ ئىشى.

— نېمە دېدىڭ! — ئابدۇسالام ئۇنىڭ ئالدىغا ماڭدى. ئەلپازىدىن ئۇرىدىغاندەك قىلاتتى. لەھەلبۇۋى كۆرەكنى تاشلاپ ئۆيگە قاچتى. ئابدۇسالام كۆرەكنى ئېتىۋىدى، ئۇنىڭغا تەگمەي، تونۇڭ يەرگە چۈشۈپ، پارچە ـ پارچە بولۇپ سۇنۇپ كەتتى.

بىردەمدىن كېيىن ئۇ ھېچنېمە بولمىغان ئادەمدەك ئۆيدىن چىقتى ـ دە، قارچىغىنى قولىغا قوندۇرۇپ، چوماقنى ئېلىپ نەگىدۇر كەتتى.

شىرەگە جەينىكىنى تىرەپ، ئېڭىكىنى ئالقىنىغا قويغان لەھەلبۇۋى ئازابلىق خىيالدا قالغان، ئۇنىڭ چىرايىدا يىغلىۋېتىدىغاندەك ئېچىنىشلىق روھىي ھالەت پەيدا بولغانىدى:

«ئادەملەر نېمىشقا ياشايدىغاندۇ، نېمىنى ئارزۇ قىلىپ، نېمىنى كۈتىدىغاندۇ؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ چوڭقۇر تىنىپ، — مەن ئېسىمنى بىلگەندىن تارتىپ ئۆمرىدىن رازى بولغانلارنى، قانائەتلەنگۈدەك رازى بولغانلارنى، ئەمدى ئارمىنىم يوق، دەيدىغانلارنى ئۇچراتمىدىم... ئادەملەر ئارمان، تىلەك، ئىستەكلەر قاينىمىدا ياشايدىكەن، شۇ يولدا ياشاش مۇساپىسىنىڭ قىسقىراۋاتقىنىغا، جېنىنىڭ ئۈپراۋاتقىنىغا قارىماستىن تىپىرلايدىكەن، بىراق ئاشۇ ئارمان، ئىستەكلەرنىڭ يۈز ئاچقىنىنى كىم كۆرگەندۇ؟... ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق سايىسىنىمۇ كۆرمەيدۇ. مەن نېمىلەرنى ئويلىمىغان: ئابدۇسالام بىلەن بەختلىك ياشايمەن، دىلىم رەنجىمەيدۇ، ئازار يېمەيمەن، مەن ئۇنى، ئۇ مېنى ئىززەت - ھۆرمەت قىلىپ ئۆتىمىز، بىر - بىرىمىزنىڭ كۆڭلىنى ئاياپ ياشايمىز، دېگەن شېرىن خىيال، ئارمانلار دەرياسىدا ئۈزمىگەنمىدىم، قېنى ئۇ ئارمان؟ قېنى مەن ئارزۇلىغان تۇرمۇش؟... تەقدىر نېمىدېگەن رەھىمسىز - ھە!...»

مۇشۇ قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە لەھەلبۈۋى ئابدۇسالامغا قايغۇرغان ھالدا مۇنداق بىر تەكلىپنى بەرگەن:

— دېھقانچىلىق مەۋسۇمىغا ئاز قالدى، يەرنى ئورتاققا بەرمەيلى، دادىڭىزغا دەڭ، ئۆزىمىز تېرىيلى، ھازىرغىچە دادىڭىزنىڭ قولىغا قاراپ ياشاۋاتىمىز، كىشى نومۇس قىلىپ قالىدىكەن، تىرىكچىلىكىمىزنى بىزمۇ پېشانىمىزدىن تەر ئاققۇزۇپ ئۆتكۈزسەك ياخشى ئەمەسمۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاۋاتاتتىم، سەنمۇ كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلدىڭ، — دېگەن ئابدۇسالاممۇ، — دادامغا ئېيتىمەن، بۇ يىل يەرنى ئورتاقچىلارغا بەرمەيمىز، قار كەتسىلا، ئۆزۈم بوغداي چاچىمەن.

ئابدۇسالامنىڭ ئىرادىسىنى ئاڭلاپ لەھەلبۈۋى خاتىرجەملىنىپ قالغان، يەرمۇ ئورتاقچىلارغا بېرىلمىگەن. ئەمما ئابدۇسالام

«يەرنى بۆگۈن ھەيدەيمەن، ئەتە ھەيدەيمەن، سوقا تېپىپ قوي-
دۇم، ئۆگۈن ھەيدەيدۇ» دەپ يۈرۈپ، بۇغداي تېرىش ۋاقتىنى
ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن قوناق تېرىماقچى بولدى،
ئەتە - ئۆگۈن دەپ يۈرۈپ، ئۇنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى. لەھەل-
بۇۋىنىڭ ھەيدەكچىلىكىمۇ بىكار كەتتى. دېھقانچىلىق قىلىشقا
بەل باغلىغان ئابدۇسالام ئۇنىڭغىمۇ جۈرئەت قىلالماي، ئورتاقچى-
لارغا بەرمىگەن يەرنى ئاخىر ئاق تاشلىۋەتتى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ
دېھقانچىلىق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغانلىقىنى، ئۇنداق چىدام
بىساتىدىن تېپىلمايدىغانلىقىنى ئېنىق ھېس قىلدى.

«توۋا قىلدىم، شۇنچىلىكمۇ بوشاڭ، ھۇرۇن ئادەم بولىدى-
كەن - ھە، — دەپ ئويلاپ قالغانىدى ئۇ، — گېپىمنى ئىلىكىد-
مۇ ئالمايدۇ، مېنى ئاياش، ھۆرمەت قىلىش ئاللىقاچان تۈگىدى.
ئەر - ئاياللار بىر - بىرىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، بىر - بىرىنى
ھۆرمەت قىلمىسا، ئىككىسىدە بىرلىك - ئىناقلىق بولمىسا،
ئۇلار بىر - بىرىنى ھەرقانچە ياخشى كۆرۈشۈپ، ئۆي - ئوچاقلىق
بولۇشقان بولسىمۇ، ئۇنداق ئۆي ئۇزاققا بارماي توزۇپ كېتىشى
مۇمكىنغۇ... توۋا، نېمىلەرنى ئويلىۋىدىم، نېمە كۈنلەرگە قېلى-
ۋاتىدىغاندىمەن...»

لەھەلبۇۋى مۇشۇلارنى ئويلاپ تاپسىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدى.
ھازىر كۆك بېدە ۋاقتى بولۇپ، ئابدۇسالامنىڭ قىشچە چوماق
بىلەن تۈلكە، قارچىغا بىلەن توشقان، قىرغاۋۇل ئوۋلىشى ئەمدى
چۈكچۈك بىلەن بۆدۈنە تۇتۇشقا ئالماشقانىدى. ئۇ يېڭىراقتا چۈك-
چۈك، تورنى ئاچقىپ كەتكەنىدى. سېدىر دېگەن بويتاق ئاغىنى-
سى بىلەن بېدىلىكمۇ بېدىلىك يۈرۈپ قاراڭغۇ چۈشكۈچە ئاران
ئىككى بۆدۈنە تۇتتى: ئۇنى ئېلىپ سېدىرلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەن-
دە، ئۆزىدەك بىكار تەلەپلەر تۆت بولدى. ئۇلار ئىككى بۆدۈنىنى
كاۋاپ قىلىپ يەپ، ئىككى بوتۇلكا ھاراقنى ئىچىشتى -
دە، ئۆيدە ئوڭدا يېتىشىپ، ئالتاغىل ۋارقىرىشىپ ناخشا ئېيى-

تىشتى.
بىر چاغدا ئۇلار ناخشىدىن توختاپ ئولتۇرۇشتى. قورساقلىرى ئاچ بولسىمۇ، يەنە هاراق ئىچكۈسى بار ئىدى. بىراق، بۇ كېچىدە نەدىن هاراق تاپىدۇ؟ سېدىرنىڭ ئۆيىدە يېگۈدەك بىر پارچە قاتتىق نانمۇ يوق. ئۆي ئىچى ئاچچىق كۆك تاماكا هەم پىلدىرلاپ يېنىپ تۇرغان جىنچىراغنىڭ ئىسى بىلەن تولغان، هەممىسىنىڭ تاڭلايلىرى چاكىلداپ تۇرۇپتۇ. ئېغىر ياتقۇ مەزگىلى بولۇپ قالغان، مەهەللىدە جىمجىتلىق هۆكۈم سۈرەتتى.
— مۇنداق قىلايلى، — دېدى ئابدۇسالام، — ئۆيدە بىر بوتۇلكا هاراق بار، مەن بېرىپ ئەكېلەي، سېدىر، قادىر قاغىنىڭ توخۇلىرى سەرخىل، سەن شۇنىڭدىن ئىككىنى ئەكەل، توخۇ شورپىسى بىلەن هاراق ئىچەيلى، قانداق، سېدىر؟
— بولىدۇ.
— يۈرە ماڭايلى.
ئىككىسى ئۆيدىن تەڭ چىقتى ـ دە، ئىككى ياققا ماڭدى. ئابدۇسالام ئۆيىگە ئىتتىك كېلىپ ئىشىكنى قاقتى.
— كىم؟
— مەن، ئىشىكنى ئاچ.
لەهەلبۇۋى چىراغنى يېقىپ ئىشىكنى ئاچتى. ئابدۇسالامنىڭ ئاغزىدىن هاراق پۇراپ تۇراتتى.
— هېلىقى هاراق نەدە؟
— نېمە قىلىسىز بۇ كېچىدە؟
— ئىچىمىز.
— نەدە ئىچىسىلەر؟
— سېدىرنىڭ ئۆيىدە.
لەهەلبۇۋى سېدىرنىڭ ئۆيىدە هاراق ئىچىشنىڭ ئەتىلا بىر دەردۇبالاسى چىقىدىغانلىقىنى بىلەتتى.
— ئۇ بويتاقنىڭ ئۆيىدە يەيدىغان نەرسىمۇ يوقتۇ، مەشەدە

ئىچىڭلار، مەن قورۇما قورۇپ بېرەي.

— يوق گەپنى قىلمىغىنە ئويۇننىڭ كەيپىنى ئۇچۇرۇپ.

— هەي، ئابدۇسالام...

— تولا گەپ قىلما دەۋاتىمەن.

ئابدۇسالامنىڭ ئەلپازى يامان ئىدى، شۇ تۇرقىدا گەپ ئاڭ-لايدىغاندەك ئەمەس. لەھەلبۇۋى ئارتۇق گەپ قىلماي، هاراقنى ئاچىقىپ بەردى. ئۇ يۇگۇرگەندەك ئىتتىك مېڭىپ قورۇدىن چىقىپ كەتتى. سېدىرنىڭ ئۆيگە هاسىراپ كىرىپ كېلىپ:

— توخۇ قېنى؟ — دېدى ئۇياق - بۇياققا قاراپ.

— ئەكېلەلمىدىم...

— يالغان ئېيتما، بارمىدىم دېگىنە؟

— راست، بارمىدىم ئاداش، ئۆتكەندە تۇيۇپ قېلىپ، كۆ-سەي بىلەن راسا سېلىشۇدى، بەللىرىم هازىرغىچە ئاغرىيدۇ.

— قورقۇنچاق، ئۆلۈمتۈك...

ئابدۇسالام ئۆزى چىقتى. ئۇ قادىر ئاتلىق كىشىنىڭ ئىشى-كى ئالدىغا كېلىپ، ئۇياق - بۇياققا قاراپ قويۇپ، قورۇغا غورۇدىن ئارتىلىپ چۈشتى. كاتەكتە توخۇلىرى يوق ئىدى. ئاخىر ئۇ توخۇلارنىڭ هويلىدىكى قارىياغاچ شېخىدا ئىكەنلىكىگە كۆزى چۈشتى - دە، ئىككى توخۇ قونۇۋالغان پەسرەك شاخنى كۈچەپ ئەگدى. ئويلىمىغان يەردىن شاخ «قارا -س» قىلىپ سۇنۇپ كەتتى. قاقاقلاپ كەتكەن توخۇلار ئۇنىڭ ئالدىغىلا چۈش-كەندى هەم قاراڭغۇدا قاچالماي قالغانىدى. ئـۇ ئېڭىشىپ تـوخـۇلارنى تـۇتـۇشـقا دۈمبىسىگە «تاراس - تاراس» قىلىپ تاياق تېگىشكە باشلىدى.

يىقىلىپ چۈشكەن ئابدۇسالام توخۇلارنى تاشلىۋېتىپ، ئاۋ-ۋال ئۆمىلەپ، ئاندىن قوپۇپ قېچىپ، بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولدى.

قادىر قاغا ئۇنى تونۇپ قالغانىدى.

— خەپ، ئابدۇسالام! ... تۇرسۇنكامغا دېمەيدىغان بولسام سېنى... ، — دېدى ئۇ كەينىدىن ۋارقىراپ.

بىكار تەلەپلىك — ئەڭ ئېغىر ئىللەت. ئۇنداق ئادەمنىڭ روھىي ھالىتىدە ھەمىشە بىپەرۋالىق، ئىش خۇشياقماسلىق، چۈشكۈنلۈك ئەكس ئېتىپ تۇرىدۇ. ئۇنى راھەت دەپ بىلىدىغانلار ئەجىرسىز مېۋىگە قول سوزىدىغان، «تەييارغا ھەييار» ھارام تاماققا ھەم گەپ ئۆتمەيدىغان بىزەڭگە ئايلىنىپ كېتىدۇ.

ئادەملەرنىڭ، بولۇپمۇ دەردمەن ئادەملەرنىڭ ئۆز دەردىنى ھامان باشقىلارغا ئېيتقۇسى، ئىچىنى بوشاتقۇسى كېلىپ تۇرىدۇ. لېكىن كۆرگەنلا ئادەمگە ئېيتقىلى بولمايدۇ ـ دە. كۆرگەنلا ئادەملەرگە سىر ئېيتىپ، ئۇنىڭ ئازابىنى تارتقانلار ئاز ئەمەس. مۇھىمى، سىرىڭنى ساقلىيالايدىغان ئادەمگە ئېيتىشىڭ كېرەك. ئەگەر ساقلىيالمايدىغان ئادەمگە ئېيتساڭ، ئۆز سىرىڭنى ئۆزۈڭ يايغانغا باراۋەر. لەھەلبۇۋىنىڭ سىرىنى ئېيتىپ مۇڭدىشىدىغان ئادىمى ئايىسخان ئاتلىق چوڭ ياشلىق ئايال ئىدى.

— بېشىمنىڭ ئىچىمۇ ـ تېشىمۇ قاتتى. ئايىسخان چوڭنا، — دېدى لەھەلبۇۋى چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ بىر كۈنى، — خۇدايىمنىڭ قايسى نىجىس كۈنلىرى بۇنىڭغا ئۇچراپ قال-غاندىمەن...

— ئۇھ تارتماڭ قىزىم، ياش ئادەم ئۇھ تارتسا يامان بولى-دۇ، ئەسكىلىكلەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىڭ.

— قانداق ئۇنتۇپ كەتكىلى بولىدۇ، چوڭنا، يۈرەككە خۇد-دى تىكەندەك سانجىلىپ تۇرسا؟

— مۇنداق لاغايلاپ يۈرۈشتىن بىر كۈنى بولمىسا، بىر كۈنى زېرىكىپمۇ قالىدۇ.

— ھەي تاڭەي... بىر ئىشنى ئەمدى ئۇنتۇي دەپ تۇرسام، يەنە بىر ئىشى چىقىدۇ، يا يالغۇز بېشىمنى ئېلىپ شەھەرگە كىرىپ كېتەلمىسەم...

لەھەلبۇۋىنىڭ يىغلىۋېتىدىغاندەك ئاۋازى جىغىلداپ تىترى-
مەكتە، مەشەلەرگە چىقىپ ئازابلىنىۋاتقىنىغا قاتتىق ھەسرەتلەن-
مەكتە ۋە ئۆزىنىڭ ئېچىنىشلىق تەقدىرگە مەھكۇم بولۇپ قالغى-
نىغا قاتتىق ئۆكۈنمەكتە ئىدى.

ئايىسخان لەھەلبۇۋىنىڭ ئاپىسى بىلەن تەڭ دېمەتلىكتۇ،
لېكىن قىرىق سەككىزگە ئەمدىلا كىرگىنى بىلەن يۈزلىرىنى
قورۇق باسقان، مومايلاردەك كۆرۈنىدىغان بولغاچقا، لەھەلبۇۋى
ئۇنى «چوڭنا» دەپ ئاتايتتى. بۇ چاغلاردا بۇلارنىڭ ئۆيلىرى
بىر - بىرىگە ئانچىمۇ يېقىن ئەمەس ئىدى. لەھەلبۇۋى يېزىغا
چىققاندىن بېرى ئايىسخاننى دىلى تارتىپ، يارتىپ قالدى. ئاي-
سىخانمۇ ئۇنىڭغا قانات قېقىپ كۆيۈنۈپ تۇراتتى. لەھەلبۇۋى
ئۇنىڭدىن كىشىلەرنىڭ غەيۋىتىنى قىلىدىغان بىرەر ئېغىزمۇ گەپ
ئاڭلىمىغىنى ئۈچۈن، پات - پات كېلىپ ئىچىدە قاپلىشىپ
تۇرغان دەرد - ھەسرەت تۇمانلىرىنى تۆكۈپ، ئىچ - قارنىنى
بوشىتىپ كېتەتتى. ئۇ بىردىنبىر سىر ئېيتىدىغان، مۇڭدىشىدى-
غان ئادىمى ئىدى.

ئايىسخان ئۇنىڭ ھەسرەتلىرىنى ئاڭلاۋېتىپ: «ھەي، جېنىم
قىزىم، بۇ بىكار تەلەپ نايناقنى قانداقمۇ يارتىپ قالغانسىز،
بۇنىڭ قولىغا قانداق قىلىپ چۈشۈپ قالغانسىز، — دېمەكچىدى،
بىراق ئېچىشقان يەرگە تۇز سەپمەي» دەپ تىلىنىڭ ئۇچىغا ئالغان
سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. لېكىن لەھەلبۇۋىگە ئېچىنىپ
ئىچىدە ئازابلانماقتا ئىدى. ئابدۇسالامنىڭ خۇي - پەيلى توغرى-
سىدا ئايىسخان ئىككى ئېغىز گەپ قىلمايۋاتقىنى بىلەن، ئۇنىڭ
ئىچىدە غەزەپلىنىۋاتقانلىقىنى لەھەلبۇۋى سېزىپ ئولتۇراتتى.

— مۇشۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، بىز ئېچىنىشلىق كۈن-
لەرگە قالىمىز، ئۇ قىلچە نومۇسنى بىلمەيدۇ. ئاتا - ئانىسى
ئۇنىڭغا باقىۋەندىمۇ؟ — دېدى لەھەلبۇۋى چوڭقۇر تىنىپ. ھەر
بىر ئۇھ تارتىش ئۇنىڭ ئىچ - ئىچىدىن چوڭقۇر ھەسرەت بىلەن

چىقاتتى.

— ئاتا - ئانىسىغا دەپ باقمىدىڭىزمۇ، — دېدى ئايسىخان مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — دادىسى خېلى ئوڭلۇق، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان ئادەم ئىدىغۇ؟

— دېمەي قالىمەنمۇ، ئۆزىمۇ پات - پات كېلىپ تۇرىدۇ. ئاپىسى ئۈچ قىزنىڭ ئىچىدە بىر تال ئوغۇل، دەپ شۇنداق ئەركە ئۆگىتىپ قويغان، قاتتىق - قاتتىق گەپ قىلىپ، توغرا يول كۆرسىتىپ تۇرۇڭ قىزىم دەيدۇ. ئىچىدىن قايىنىمىسا بىكار ئە-كەن، ئاھانەت ئاڭلىسامىمۇ، گەپ قىلىپ تۇرىمەن. بەزىدە سىل-كىۋېتىدۇ، دېۋەيلەيدۇ، ئۇرغان يەرلىرىمۇ بار، قانداق قىلى-مەن، ئۆزۈم قىلغان ئىش، دەردىنى تارتماي نېمە ئىلاج، ئى-سىت، ئىسىت...

— ھېلىمۇ تۇرسۇنئاخۇن راسخوتىڭلارنى غەملەپ بېرىپ تۇرىدىكەن، ھەممە ئاتا - ئانا ئۇنداق بولمايدۇ، — دېدى ئايسى-خان، — چوڭ قىلدىم، قاتارغا قوشتۇم، ئۆيلەپ قويدۇم. ئەمدى ئۆز كۈنۈڭنى ئۆزۈڭ ئال، دەيدۇ. شۇنداق قىلسا، قانداق قىلغۇلۇق؟

— شۇنداق قىلسا، ئاچتىن ئۆلەتتۇققۇ دەيمەن.

— ئاتا - ئانىغا، تەييار نانغا ئۆگىنىۋالغان - دە، ئۆز بېشىغا قالسۇنچۇ، قانداق تېپىرلايدىكىن...

— ھەي تاڭەي، بۇنىڭدا نومۇس، ئىزا، ۋىجدان دېگەنلەردىن مىسقالچىلىكمۇ يوق، ئەگەر بولسا، ھازىرغىچە دادىسىغا قول سوزۇپ يۈرەمدۇ، شۇنچە يەرنى ئاق تاشلىۋېتەمدۇ؟

ئىككىسى شۇنداق گەپلەر بىلەن ئولتۇرغاندا، ئۆيگە قادىر قاغا كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئۆڭسۈلى يوق ئىدى.

— كېلىڭ، قادىرەم، يۇقىرى ئۆتۈڭ، — دېدى ئايسىخان ئورنىدىن تۇرۇپ. لەھەلبۇۋىمۇ ئورنىدىن تۇردى.

— بولدى، يۇقىرى ئۆتمەي، ئالدىرايمەن، — دېدى ئۇ

قاپىقىنىمۇ ئاچماي لەھەلبۇۋىگە قاراپ، — ئابدۇسالامغا گەپ قىـ
لامسىز ـ قىلمامسىز، بۇ نېمىدېگەن نومۇسسىزلىق، توخۇلىـ
رىمنى ئوغرىلاپ قويمىدىغۇ!
لەھەلبۇۋى تۇرغان ئورنىدا تۇرۇپلا قالدى، چىرايى تاتىرىپ
قاننىڭ دىدارى قالمىدى. ئاخشام ئابدۇسالامنىڭ سېدىرىنىڭ ئۆيىـ
دە ئىچمىز، دەپ هاراق سوراپ كىرگەندە، ئۇنىڭ ئەنسىرىشى،
ئۆيدە ئىچكىلار، قورۇما قورۇپ بېرەي دېيىشى هەرگىز سەۋەبـ
سىز ئەمەس ئىدى.
— خاپا بولمىسىلا قادىركا، مەن ئۇقماپتىمەن، قاتتىق گەپ
قىلاي، دادىسىغىمۇ ئېيتاي، ئۇيات بوپتۇ.
— ئۆتكەندە تۆت توخۇيۇمنى ئوغرىلاپ يەۋەتتى، بۇدا يەنە
كىرىپتۇ. ئەسلىدە مەن: «ئوغرىلاپ ئەكەلگەن توخۇلارغا ئەجەب
ئامراق ئىكەنسىزا» دەپ سىز بىلەن راسا سوقۇشاي دەپ مېڭىۋىـ
دىم، لېكىن بىرى: «ئۆيىگە ئاپارمايدۇ، سېدىر ماڭقىلارنىڭ
ئۆيىدە پىشۇرۇشۇپ يەيدۇ» دېدى. تۇرسۇنكامغا ئېيتاي دېۋىدىم،
«توختا، ئاۋۋال خوتۇنىغا دەي، توختىمىسا دادىسىغا دەي» دەپ
ئۆيىڭىزگە بارسام، قوشنائىلار: «مەشەگە كەتتىمىكىن» دېدى.
مەشەگە كەلدىم. گەپ قىلىڭ، قاتتىق گەپ قىلىڭ ئۇ هارام
تاماققا. بۇدا يەنە كىرىدىغان بولسا، دادىسىغىمۇ دەيمەن، شاڭيۇـ
غىمۇ ئېيتىپ، ئوغرىلىغان توخۇلىرىنى بويىنىغا ئېسىپ، كوچىدا
سازايى قىلدۇرىمەن!
قادىر قاغا چىقىپ كەتتى. لەھەلبۇۋى يەر يېرىلمىدى ـ
كىرمىدى، ئۆلمىدى ـ ئۇنىڭ بىرى بولدى. دېمى ئىچىگە چۈـ
شۈپ، قېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئايسخانمۇ تۇرۇپلا قالغانىدى:
«لەھەلبۇۋىنىڭ ‹بىر ئىشنى ئۇنتۇي دەپ تۇرسام، يەنە بىر
ئىشى چىقىدۇ›، دېگىنى راست ئىكەن ـ دە!»
— كۆردىلىمۇ، ئايسخان چوڭنا، بۇ نېمىدېگەن سەتچىـ
لىك، نېمىدېگەن رەسۋالىق! ... بۇ بىرىنچى قېتىملىق ئىشى

ئەمەس، ئۆتكەندىمۇ ھىۋىزخان موماي كەپتۇ، ئېرىڭىز توختۇلدىرىمنى ئوغرىلاپ قويمىدى دەپ. قېنى ئېيتسىلارا، مەن بۇ مەھەللىدە بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟… مانا بۇ چوڭ بولغان، خوتۇن ئالغان، بىر ئۆيگە باش بولغان ئوغۇل بالىنىڭ ئىشى. بىلگەنلەرغۇ بايىقىدەك گەپ قىلىدۇ، بىلمىگەنلەر خوتۇنى تەڭ سىڭىرىشىپ بېرىدۇ دېمەمدۇ؟

— تۇرسۇنئاخۇنغا ئېيتىڭ، قىزىم، ئېيتىدىغان يېرى كەپتۇ، ئات ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، تاي ئوغرىلىغانمۇ ئوغرى، تۇرسۇنئاخۇن بۇدا كەلگەندە، مېنى چاقىرىپ قويۇڭا، ئاغرىتىپ تۇرۇپ مەن بىر ئېيتاي، — دېدى غەزەپ - نەپرەتلىرى چىرايىغا ئۇقچۇپ چىققان ئايسخان لەۋلىرىنى تىترىتىپ تۇرۇپ.

## 17

«ياخشى كۆرمىگەن ئادەمگە تۇرمۇشقا چىقىش، كۆڭلى چۈشمەي بەختسىز بولۇپ قېلىش تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىزلاردا كۆپ ئۇچرايتتى، — دەپ تەگسىز خىياللارغا پاتتى لەھەلبۇۋى ئەلەمدە تولغىنىپ، — مەن تۆت تامنىڭ ئىچىدە ئولتۇرغان قىز ئەمەس ئىدىم. ئوقۇغان، ئاق - قارىنى پەرق قىلالايدىغان، ھەر ھالدا كوچا - كويلاردا ئاشكارا يۈرىدىغان قىز ئىدىم. شۇنداق چاغدا ئابدۇسالامنى كۆرۈپ قېلىپ، مەيلىم قوزغىلىپ، ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇنى شۇنچىلىك ياخشى كۆرگەنىدىمكى، ئاتا - ئانامنىڭ بويۇنتۇرۇقى — قاتتىق تۇتۇشلىرى، ‹بالا ئاتا - ئانىنىڭ ئاغزىغا قارىشى شەرت› دېگەن ئەنئەنىۋى قاراشلار ئۈستىدىن ئىسيان كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ بىلەن قاچتىم. ئويلىغان مەقسىتىمگە، كۈتكەن كۈنۈمگە، خالىغان تۇرمۇشۇمغا ئىگە بولدۇم. ئەپسۇسكى، ئويلاپمۇ باقمىغان ھالدا بەختسىز بولۇپ قالدىم. ئويلايمەنكى، بىرىنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ كەت-

سەلڭ، ئۇنى بايقاش، ئىللەتلىرىنى سېزىشتىن مەھرۇم قالىدى-
كەنسەن. بىرەر يىگىتنى قەددى - قامىتى كېلىشكەنلىكى ئۇچۇنلا
ياخشى كۆرۈپ قېلىشتىن، ئۇنىڭ كىشىلىك تۇرمۇشقا قاراشلى-
رى، مىجەز - خۇلقى، خاراكتېرىنى بىلىپ يەتمەستىنلا بىر
ياستۇققا باش قويۇشتىن ھېچقاچان سەن ئويلىغاندەك گۈزەل،
يېڭى بىر مەنىۋى دۇنيا يارالمايدىكەن. ئەمدى ئويلىسام، مېنىڭ
بەختسىزلىكىم ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغان كۇنۇمدىن باشلانغانى-
كەن… توۋا، ئادەم بىرىنى ياخشى بىلمەستىن، ئۇنىڭ قانداق
ئادەملىكىنى ئۇقماي تۇرۇپمۇ، ئۇنىڭغا بېرىلىپ قالىدىكەن - ھە
… «سۆيگۈ ئادەمنى ئەقىلدىن ئازدۇرىدۇ» دېگەن راست ئىكەن.
مانا ئەمدى ئۇنىڭ ھەسرىتى - ئازابىنى تارتىۋاتىمەن. يەنە قانچى-
لىك تارتىمەن؟ بىلمەيمەن. كىم بىلىدۇ، مېنى تېخىمۇ ئېغىر
قىسمەت كۇتۇۋاتىدىغاندۇ بەلكى…»

لەھەلبۇۋى كۆكسىنى تولدۇرۇپ دەم ئالدى - دە، جىمىپ
قالدى. ئۇنىڭ ئۇزۇن، يالتىراق كىرپىكلىرى ھالسىز، ئويچان
كۆزلىرى خۇنۇك، سىلىق يۈزى قانسىز ئىدى. ئابدۇسالام تاڭ
ئاتارغا يېقىن ئېغىر مەست كەلگەن، ئەنە بۇلۇڭدا ئۆزىنى تاشلاپ
ئوڭدا ياتىدۇ. يۈزلىرىگە چىۋىنلەر ئولىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنى
تۇيمايدۇ. لەھەلبۇۋى ئارىلاپ چىۋىنلەرنى قورۇپ قويىدۇ. بىر
تۇرۇپ ئۇنىڭدىن يىرگىنىدۇ، بىر تۇرۇپ ئىچى ئاغرىيدۇ.

ئازابلىق خىياللار داۋام قىلماقتا ئىدى: «ئويۇن - تاماشا
دېسە دۇم چۈشىدۇ، خۇدىنى بىلمەيدۇ، توي - تۆكۈن بولۇپ
قالسا، كىشىنى نومۇسقا قويۇپ، ناينىاقلاپ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ
كېتىدۇ. بىكارچىلىقتىن، لاغايلاپ يۈرۈشتىن قىلچە نومۇس
قىلمايدۇ. مەھەللىدىكى بىكار تەلەپلەرنىڭ ئاتامانى، تەييار تاپ-
لىقتىن، ھارامدىن قاچمايدۇ، داپ داڭرىغان، ئېشەك ھاڭرىغان
يەردىن كەلمەيدۇ. بىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىنسان ئىكەنلىكىنى چۈ-
شەنمىسە، ئۇنى قانداقمۇ ئادەم دېگىلى، ئۇنىڭ بىلەن قانداقمۇ

بىللە ئۆتكىلى بولار؟... شۇنداق بىر ئادەم مېنىڭ ئېرىم بولۇپ قالدىمۇ ئەمدى... بىر ئادەمنىڭ خۇشخۇي يۈرۈشى، سەنئەتخۇمار بولۇشى، ئويۇن - تاماشىغا ئامراقلىقى — ياخشى خىسلەت. بىراق ئاشۇ خىسلەت چەكتىن ئېشىپ كەتسە، ئۇ ئىللەتكە ئايلىنىدۇ. ئۇنى يىرگىنچلىك قەدەملەردىن توختىتىپ، توغرا يولغا سالغىلى بولارمۇ؟»

چۈش بولاي دېگەنىدى. ئابدۇسالام بوياقتا ئۆرۈلدى - دە، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇردى، ئەسنەپ كېرىلدى. ئۇ ئۇيقۇسى قېنىپ، قورسىقى ئېچىپ ئويغىنىپ كەتكەنىدى. لەھەلبۇۋىگە ئاچچىق - چۈچۈك قىلىپ بىر چىنە سۇيۇقئاش ئېتىپ بېرىشنى ئېيتتى. لەھەلبۇۋى ھويلىغا چىقىپ، قازان بېشىغا ئۆتتى. ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاشنى تارتىپ قالغانىدى. ئابدۇسالام چايخانىغا كېلىپ ئولتۇردى. لەھەلبۇۋى ئاشنىڭ سۈيىنى قاينىتىپ قويۇپ، ئىككى تاختا يەردىكى يېڭىدىن چېچەكلىگەن ياڭيۇنىڭ تۈۋىگە توپا يۆلەشكە كىرىشتى. ئابدۇسالام يېنىچە يېتىۋېلىپ، چۇكچۇك بىلەن بۆدۈنە تۇتۇشنىڭ ناھايىتى قىزىقارلىق بولىدىغانلىقىنى بايان قىلماقتا ئىدى. لەھەلبۇۋى سۆزىنى ئاڭلاۋاتامدۇ، ئاڭلىمايۋاتامدۇ؟ ئۇنىڭغا دىققەت قىلغىنىمۇ يوق، ئۆز سۆزىگە ئۆزىنىڭ مەستلىكى كېلىپ، قىزىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ ھەدەپ سۆزلىمەكتە ئىدى. لەھەلبۇۋى قازان بېشىغا كېلىپ، چاچتەك كېسىلگەن چۆپنى قازانغا سالدى، ئاچچىق - چۈچۈك سۇيۇقئاش تەييار بولدى.

ئىككىسى ئاشنى ئىچىپ بولۇپ، لەھەلبۇۋى قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ تۇرۇشىغا قورۇغا يېزا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ مۇدىرى، بويى پاكار، ئىككى مۈرىسى چىقىپ قالغان، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ ماڭىدىغان، يېشى ئەللىككە تاقاپ قالغان، مۇلايىم قىياپەتلىك، يېزىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى «ئايۇپ ئەپەندى» دەپ ئاتايدىغان كىشى كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭ، ئايۇپ ئەپەندىم، كېلىڭ، قېنى ئۆيگە، — ئابدۇسالام سالام قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىغا باردى، — ئېيتىڭىز ھېرىپ قاپتۇ - دە.

— مەنمۇ تاماق ئۈستىدىن كەلدىم، مەشەدىلا ئولتۇراي، — دېدى ئايۇپ ئەپەندى.

لەھەلبۇۋىگە قورقۇنچ، ئەندىشە ياماشقىلى تۇردى. ئايۇپ ئەپەندى بۇ ئۆيگە زادىلا كېلىپ باقمىغان، بۈگۈن قانداقلارچە كېلىپ قالغاندۇ؟ ئابدۇسالام بۇ ئادەمنىڭمۇ توخۇسىنى ئوغرىلىغانمىدۇ ياكى بۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ قوياي دەپ كەلگەنمىدۇ؟ بىزنىڭ ئۆيگە كېلىدىغانلار ھازىر ئېرىڭىزگە نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ، دەپ كېلىدىغان بولۇپ قالدى. مۇنۇ ئابدۇسالاممۇ كىشىلەرگە ئۇنچىۋالا قىلىپ كەتمەيدىغان، بۇ ئادەمگە قەۋەتلا ئېگىلىپ كەتتىغۇ… ھەي، بۇنىڭدا بىر ئىش بار، سەۋەبسىز ئىش بولمايدۇ، قانداق سەتچىلىك بولار…

— مەن مۇنداق بىر ئىش بىلەن كېلىپ قالدىم، — دېدى ئايۇپ ئەپەندى لەھەلبۇۋىگە مۇلايىملىق بىلەن قاراپ، — سىزنى مەكتەپكە مۇئەللىملىككە تەكلىپ قىلىپ كەلدىم.

— مېنىما؟…، — ئۇ ھەيران قالدى.

— شۇنداق، سىزنى.

لەھەلبۇۋىنىڭ يۈرىكى ئورنىغا چۈشتى. بىراق بۇ تەكلىپتىن بىرئاز غەلىتىلىك ھېس قىلدى.

— مەن… مەن قانداق مۇئەللىملىك قىلالايمەن؟

— ئاڭلىسام، سىز گىمنازىيىدە ئوقۇغانىكەنسىز…

— ياق، مەن گىمنازىيىدە ئوقۇمىغان، ئاران ئالتىنچى سىنىپنى تۈگەتكەن.

— بىزدە ھازىر ئۈچىنچى، تۆتىنچى سىنىپنى ئوقۇغانلاردىنمۇ، قارىيخانىلاردا ئوقۇپ خەت - ساۋاتىنى چىقارغانلاردىنمۇ مۇئەللىملىك قىلىۋاتقانلار خېلى بار. ئالتىنچى سىنىپنى تۈگەت-

كەن ئادەم بۇ يەردە ئالىي مەلۇماتلىق ھېسابلىنىدۇ دەڭا.

— قانداق بولاركىن؟ — لەھەلبۇۋى بۇ تەكلىپتىن ھەم ھاڭ - تاڭ بولۇپ، ھەم خۇشال بولۇپ ئايۇپ ئەپەندىگە قارىدى.

— ھازىر ھۆكۈمەت ئوقۇش يېشىدىكى بالىلارنى مەكتەپكە قويماي ئېلىڭلار، دەپ ئۇقتۇرۇش چىقاردى. بىراق مۇئەللىم قىس، سىز تەقدىر نېسىپ بولۇپ بۇ يەرگە چىقىپ قالدىڭىز، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بۇ يەردە ساۋاتلىق ئادەملەر ناھايىتى ئاز، سىز چىلىك ئوقۇغانلار يوقنىڭ ئورنىدا. مۇئەللىملىك قىلىش — بالىلىرىمىزنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىش، كونىچە ئېيتساق ساۋاب-لىق، يېڭىچە ئېيتساق ئۇلۇغ ئىش. قانداق دەيسىز قىزىم، مەن ئالايىتەن كەلدىم.

لەھەلبۇۋى ئابدۇسالامغا قارىدى.

— ئابدۇسالام يۇرتىنىڭ بالىسى، يۇرتىنىڭ قىيىنچىلىقى — ئابدۇسالامنىڭمۇ قىيىنچىلىقى، ئۇ كۆڭۈل بۆلمەي تۇ-رالماس، — دېدى ئايۇپ ئەپەندى.

— بولىدۇ، بار، ئايۇپ ئەپەندى ئالايىتەن كەپتۇ، قاملاشتۇ-رالىساڭ قىلارسەن، قاملاشتۇرالمىساڭ يېنىپ كېلەرسەن، مۇ-ئەللىملىك قىلالىساڭ، مەنمۇ خۇش بولىمەن، — دېدى ئابدۇسا-لام.

— بوپتۇ، بارسام باراي، — دېدى لەھەلبۇۋى مەكتەپ بوسۇغىسىنى باسماي تۇرۇپلا ھاياجانلىنىپ، — سىلەردىن ئۆگەن-سەم، بەلكى ئىشلەپ كېتەرمەن.

— ئەلۋەتتە ئىشلەپ كېتىسىز، رەھمەت قىزىم، سىزگە رۇخسەت قىلغان ئابدۇسالامغىمۇ رەھمەت، ئەتە ئەتىگەندىلا مەك-تەپكە بېرىڭ، — دېدى ئايۇپ ئەپەندى ئورنىدىن يېنىككىنە تۇرۇپ، — قالغان گەپلەرنى شۇ يەردە قىلىشارمىز.

ئايۇپ ئەپەندى قايتتى. ئابدۇسالام بىلەن لەھەلبۇۋى ئۇنى

كوچىغىچە ئۆزىتىپ چىقتى.

※ ※

مەيۈسلۈك، چۈشكۈنلۈك، ئازابلىق خىيال ھەم پۇشايمان-ئۆكۈنۈشلەر لەھەلبۇۋى مەكتەپكە بارغان كۈندىن تارتىپ ئۇنىڭدىن يىراقلاشقا باشلىدى. ئۇ ئۆزىنى يېڭى بىر دۇنياغا كىرىپ قالغاندەك ھېس قىلدى. ئادەم ئۆزىنىڭ دۇنيادا بارلىقىنى، پۇت دەسسەپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ مەنىلىك بىرەر ئىشى بىلەن بىلدۈرۈشى كېرەك. لەھەلبۇۋىنىڭ مەكتەپكە كەلگىنىگە ئون كۈن بولدى. دەرس ئۆتۈۋاتقىنىغا بىر ھەپتە بولدى. مانا مۇشۇ قىسقا ۋاقىت ئۇنى: «دۇنيادا مەنىۋى بار، مەنىۋى ياش ئەۋلادلار ئالدىدا قەرزدار، مەنىلىك ياشاشقا ئەمدى قەدەم باستىم» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈردى. مەكتەپ — بالىلارنىڭ ئىلىم ئالىدىغان، تەربىيىلىنىدىغان جايى. تەلىم ۋە تەربىيىدە ئاساسىي كۈچ مۇئەللىم. شۇڭا بۇ يەردىكى گەپ-سۆزلەر ئىلىم-پەن توغرىسىدا، قانداق قىلغاندا بالىلارنى ياخشى تەربىيىلىگىلى بولىدىغانلىقى ھەققىدىلا بولىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ لەھەلبۇۋىنىڭ كاللىسىنى دەرسكە تەييارلىق قىلىش، دەرسنى ياخشى ئۆتۈش، مەسئۇلىيەتچانلىق، ئەستايىدىللىق توغرىسىدىكى ئوي-خىياللار ئىگىلەشكە باشلىدى. ئۆيدىكى چاغدا سۈرىدىغان ئوي-خىياللىرىمۇ مەكتەپ، بالىلار، دەرس توغرىسىدا بولاتتى. ئۇ مەكتەپتىن قۇرۇق قايتمايتتى، ھەر كۈنى دېگۈدەك بىر دەستە تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى قولتۇقلاپ كېلەتتى، كېچە بىر ۋاقىتلارغىچە ئۇنى تەكشۈرۈپ-باھالاپ چىقاتتى. ئۇ ھەقلىق رەۋىشتە ئۆز ئىسمىنىڭ ئاخىرىغا «مۇئەللىم» نامىنىڭ قوشۇلغانلىقىدىن چەكسىز ئىپتىخار سېزەتتى.

ئۇ مەكتەپ خىزمەتلىرىگە، ئوقۇتقۇچىلىققا شۇنچىلىك بېرد-

لىپ كەتكەن بولسىمۇ، ئابدۇسالامنى نارازى قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشاتتى. ئۇ ئېغىر ئاياغلىقىغا قارىماي، ئاش ـ تاماقنى ۋاقتىدا ئېتىپ، ۋاقتىدا بېرەتتى، كىر ـ قاتلارنى كېچىدە يۇياتتى، هويلا ـ ئارامنى سۈپۈرۈش، سۇ ئەكېلىش، ئوتۇن يېرىش، نان يېقىشلارنى سەهەرلىكى قىلاتتى. بۇ ئۆيدە «ئەر قىلىشقا تېگىشلىك ئىش، ئايال قىلىشقا تېگىشلىك ئىش» دېگەن ئۇقۇم يوق ئىدى. ئوقۇتقۇچىلىققا كۆڭۈل قويۇش، قاتتىق بېرىلىشتىن ئۇ ئۆزىدە قىلچىلىك هارغىنلىق هېس قىلمايتتى.

بۈگۈن لەهەلبۇۋى مەكتەپتىن سەل بۇرۇنراق قايتتى. ئۇ ئەتىگەن ئىشقا ماڭغاندا، ئابدۇسالام تېخى ئورنىدىن تۇرمىغاندى. هازىر چايخانىدا ئوڭدىسىغا چۈشۈپ يېتىپتۇ. لەهەلبۇۋى قولىدىكى دەپتەر ـ كىتابلىرىنى چايخانا تەكچىسىگە قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ ئورۇن ـ كۆرپىنى يىغىۋېتىپ، تەكىيىدىن بىرنى ئالغاچ چىقتى ـ دە، ئابدۇسالامنىڭ بېشىغا قويۇپ بەردى، لەهەلبۇۋى ئالدىراپ تاماققا تۇتۇش قىلدى. ئابدۇسالام ئارام بەرمەيۋاتقان چىۋىنلەرنى بىزەڭدىن ـ بىزەڭگە سېلىپ تىللاپ، بىردەم ئۇياققا، بىردەم بۇياققا ئۆرۈلمەكتە ئىدى، كۆزلىرىنى يەنە ئۇيقۇ بېسىپ تۇراتتى، دەممۇدەم ئۇھ تارتاتتى.

— ماڭا هېچنېمە خۇشياقمايدىغۇ، زېرىكىپلا، خۇددى ئېغىر ئىش قىلغان ئادەمدەك هېرىپلا تۇرىمەن، نېمە ئىشتۇ بۇ؟ — دېدى ئابدۇسالام بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ.

— بىكارچىلىقتىن شۇنداق بولىسىز.

— نېمىلىكتىن بولۇۋاتىمەنكىنتاڭ...

— هەيرانمەن، بىكارچىلىققا قانداق تاقەت قىلىپ تۇرۇۋاتىدسىزكىن، ئادەمنى بىكارچىلىقمۇ هارغۇزۇۋېتىدۇ.

— شۇنداق ئوخشايدۇ.

— راست شۇنداق، ئىشلىسىڭىز زېرىكىشتىن، ئىچ پۇشۇشتىن، ئىش خۇشياقماسلىقتىن قۇتۇلىسىز.

— قويغىنە، ئادەمنى مەيلى يوق ئىشقا سايە قىلمىغىنە، — دېدى ئابدۇسالام يەنە يېنىچە يېتىپ.
— سىزغۇ مېنىڭ دېگىنىمنى قىلمايسىز، ئەمدى مۇنداقلا دەپ قويۇۋاتقان گېپىم بۇ.
— سېنىڭ گېپىڭمۇ خاتا ئەمەس...
— مېنىڭمۇ ئىچىم پۇشاتتى، زېرىكەتتىم، مەكتەپكە بارغاندىن بېرى ھەممىسىدىن قۇتۇلدۇم.
— ئەپەندىلىكنىغۇ ئىش دېگىلى بولمايدۇ، بىراق سەن بۇرۇندىن ئىشلەپ تۇرغان ئادەم ـ دە.
لەھەلبۇۋى ئېرىگە ئىتتىك بۇرۇلدى، بىر گەپ قىلماقچى بولدىيۇ، نېمىشقىدۇ توختاپ قېلىپ، ئاچچىق كۈلۈمسىرەپ قويدى.

# 18

بىرلىرىنى كۈلدۈرۈپ، بىرلىرىنى يىغلاتقان، يەنە بىرلىرىنى ھۇزۇرلاندۇرۇپ، يەنە بىرلىرىنى ھەسرەت ـ نادامەتكە قويغان كۈنلەر بىر ـ بىرىنى قوغلىشىپ كەچ كۈزمۇ يېتىپ كەلدى. قار ئىككى قېتىم ياغقاندىن كېيىن، يەرلەر توڭلاپ كەتتى. سىنىپلار سوغۇق ئىدى. دېرىزە كۆزنەكلىرىنىڭ تەگدىن تولىسى سۇنغان، قاغجىراپ كەتكەن ئىشكلەرمۇ ھىم يېپىلمايتتى. سىنىپلارغا تېخىچە مەشلەرمۇ قويۇلمىغانىدى. كۆپلىگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىيىملىرى يالاڭ بولۇپ، سىنىپتا دۈگدەرىشىپ ئولتۇراتتى. شۇنداق ئەھۋالدا لەھەلبۇۋى سىنىپقا سوكنىدىن پاختىلىق چاپان، چېتىك ـ كالاچ كىيىپ كىرگىنىگە خىجىلمۇ بولۇپ قالاتتى.
بۈگۈن ئالدىدىكى پارتىدا ئولتۇرىدىغان، جۈغىمۇ، يېشىمۇ ھەممىدىن كىچىك رىزايدىن ئاتلىق ئوقۇغۇچى كەلمىگەنىدى.

لەھەلبۇۋى ئۇنى سۈرۈشتۈرۈۋىدى، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن كەلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى. ئۇ رىزايدىنىنىڭ بۈگۈنگىچە — يەر توڭلىغۇچە مەكتەپكە يالاڭ ئاياغ كېلىۋاتقانلىقىنى ئېسىگە ئالدى - دە، دەرسلەر ئۆتۈلۈپ بولۇپ، چۈشتىن كېيىن، ئۇ ئاشۇ ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ياخشى ئوقۇۋاتاتتى دېگىنىڭىز بىلەن، ياخشى ئوقۇغىنىغا پۇتىغا ئۆتۈك چىقىپ قالمايدىكەن. سىڭلىم، — دېدى رىزايدىنىنىڭ ئاپىسى لەھەلبۇۋىگە، — كىيگۈدەك بىرنېمە بولمىسا قانداق بارىدۇ؟

— بالا قانچە؟

— ئالتە.

— ياماپ كىيىپ تۇرغۇدەكمۇ بىرنېمە يوقمۇ؟

— مانا، مۇشۇ بىر كەشە بار، قايسىسى تالاغا چىقسا شۇ كىيىپ، چىقىپ كىرىدۇ.

بۇ پەخە شاڭيۇنىڭ قورۇ خىزمەتكارى ئالايدىنىنىڭ ئائىلىسى ئىدى. بالىلارنىڭمۇ، ئانىنىڭمۇ كىيىم - كېچەكلىرى جۇل - جۇل بولۇپ، ئالتە بالا ئۆينىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىدا تۈگۈلۈپ ئولتۇرۇشاتتى. ئۆيدە مەشمۇ يوق، مەڭگەنىڭ ئوتىدا قايناۋاتقان قازاندىن كۆتۈرۈلگەن ھور ئۆينى بىرئاز ئىللىتىپ قويغانىدى. ئۆي ئىچىدىن نامراتلىق يېغىپ تۇراتتى. لەھەلبۇۋى ئولتۇرغۇدەك يەرمۇ تاپالمىدى، ئۇنىڭ ئىچى سىيرىلدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلدى.

رىزايدىن بالىلارنىڭ ئەڭ چوڭى بولۇپ، لەھەلبۇۋىنىڭ سىنىپىدا — تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇيتتى. لەھەلبۇۋىنىڭ بۇ نامرات ئوقۇغۇچىسىنىڭ ئوقۇشسىز قېلىشىغا يۈرىكى چىدىمىدى - دە، ئۇنىڭغا ئاياغ ئېلىپ بېرىش قارارىغا كەلدى. ئۇنى موزدۇزخانىغا باشلاپ چىققىلىمۇ بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، پۇتىنى چىگە بىلەن ئۆلچىۋالدى.

— ئەتە ساۋۇت مەزىندىن، — دېدى لەھەلبۇۋى ئاپىسىغا، — رىزايىدىننىڭ ئۆتۈكىنى ئېلىۋېلىڭ، ئەمدى مەكتەپتىن قالمىسۇن.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئۆيدىن چىقتى. رىزايىدىننىڭ ئاپىسى ھاڭ - تاڭ بولۇپ، تۇرۇپلا قالدى.

ساۋۇت مەزىن مەھەللىدىكى بىردىنبىر موزدۇز ئىدى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ھەممە ئىشنى چۈشەندۈرۈپ ئېيتتى.

— ئەتىگىچە بىر ئىلاجىنى قىلىپ پۈتتۈرۈپ بەرسىلە. مەزىنئاخۇنكا، بالا ئوقۇشتىن قېلىۋاتىدۇ، پۇللىرىنى ھازىرلا بېرەي.

— كېچىدە ئۇخلىماي بولسىمۇ، پۈتتۈرۈپ بېرىمەن، ئەپەندىم، — دېدى ساۋۇت مەزىن راست گەپنى قىلىپ، — بىراق پۈتكەندىن كېيىن، قۇرۇغچە قېلىپتا يېرىم كۈن تۇرمىسا بولمايدۇ.

— ھە، مەيلى، لېكىن كېچىكتۈرۈپ قويمىسىلا.

— بولىدۇ قىزىم، خاتىرجەم بولۇڭ، سىزنىڭ ئىچىڭىز ئاغرىغان بالىغا مېنىڭمۇ ئىچىم ئاغرىيدۇ.

«يوقسۇزلۇق، قاششاق تۇرمۇش يەنە قانچىلىك داۋاملىشار، قاچانمۇ كىشىلەرنىڭ كىيىمى پۈتۈن بولار... قىش كىردى. ئوقۇغۇچىلار قاراڭغۇ، تەكتىدىن مۇز يېغىپ، بوران ئۇچۇپ تۇرغان سىنىپلاردا ئوقۇۋاتىدۇ، — دەپ ئويلاپ كېلىۋاتاتتى مۇئەللىمە، — مەن بىر بالىنى قۇتۇلدۇرغىنىم بىلەن ئاشۇنىڭدەك ئونلىغان بالىلارنى قۇتۇلدۇرالامدىم؟ ئوقۇغۇچىلىرىمىز ئازادە، يورۇق، ئىسسىق سىنىپلاردا ئوقۇيدىغان، دەپتەر - قېرىنداشتىن، كىيىم - كېچەكتىن غەم قىلمايدىغان چاغلار قاچان كېلەر؟... يېڭى ھۆكۈمەت قۇرۇلغىنى بىلەن ئۇرۇش تېخى ئاخىرلاشقىنى يوق. قىسمىلىرىمىز ماناس دەرياسىنىڭ بويىدا

ئۇرۇش ھالىتىدە تۇرۇۋېتىپتۇ. مۇشۇنداق ھالەتتە مائارىپنى گۈللەندۈرۈش، ئۇنىڭغا پۇل ئاجرىتىش، ئوقۇ - ئوقۇتۇش شارائىتىنى ياخشىلاش تەس - دە! ھۆكۈمەت بۇنىمۇ ئويلاپ باش قاتۇرۇۋاتىدىغاندۇ، شۇنداقتىمۇ، ئىلاجىسىنى قىلالمايۋاتقاندۇ. ھېلىمۇ بەزى ئىنساپلىق، مەرىپەتپەرۋەر بايلىرىمىز بار ئىكەن، بۇلتۇر شۇلار مەكتەپكە كۆمۈر چۈشۈرۈپ، يېتىم بالىلارغا دەپتەر - قېرىنداش ئېلىپ بەرگەنىكەن. ھېۋىلباي ئەتە مەكتەپكە كۆمۈر چۈشۈرۈپ بەرگۈدەك. ئۇرۇش ئاخىرلاشسا، ئالدىمىزدىكى ئىككى - ئۈچ يىلدا ئوڭشىلىپ قالار بەلكىم...»

ئېغىر چامداپ، مەيۈسلىنىپ كېلىۋاتقان لەھەلبۇۋنىڭ يادىغا بىردىنلا ئائىلىسى كېلىپ قالدى. ئۇنىڭدا ئۆز ئائىلىسىگە — ئېرىگە، قورساقتىكى بالىسىغا بولغان مۇھەببەت - كۆيۈنۈش كۈچلۈك ئىدى. ئۇ ئابدۇسالام بىلەن يۈرگەن، قېچىپ مۇرادىغا يەتكەن چاغلارنى ئەسلەپ ياشاشقا تىرىشاتتى. زورلاپ كۆز ئالدىغا كەلتۈرىدىغان ئۇ چاغلار قانداق ئىدى؟ ئۇ ئۆزىنى بەختىيار سېزەتتى، مۇھەببىتىنىڭ پەيزى - ھۇزۇرىنى سۈرۈپ، چىرايلىق كۆزلىرىدىن يىپەكتەك تال - تال ئۇچقۇنلار چاقنايتتى. ھازىرچۇ؟ ئۇ ئاشۇ چاغلارنى ئەسلەشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، غەم تاغلىرى يەلكىسىنى بېسىپ، يۈزلىرىدە ئەلەملىك، مەيۈس ئۇچقۇنلار پىلدىرلاپ تۇراتتى. كاللىسىغا تۇرۇپ - تۇرۇپلا ئەندىشىلىك خىياللار كېلىپ قالاتتى: «قىش كىردى، — دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ، — ئابدۇسالامنىڭ ئۆي بىلەن، ئۆينىڭ كۈندىلىك راسخوتى بىلەن كارىمۇ يوق. يەنە بېشى قايغان، پۈتى تايغان يەرلەردە يۈرۈۋاتىدۇ. دادام كۆمۈر چۈشۈرۈپ بېرىدۇ دېگىلى بىر ئاي بولاي دېدى. تېخىچە چۈشۈرۈپ بەرمىدى. مەشكە شاخلارنى قالاپ ئۆتۈۋاتىمىز. ھېلىمۇ ياخشى يازدا شاخلارنى كەسلەپ قويۇپتىكەنمەن، خويمۇ ئەسقېتىۋاتىدۇ، بولمىسا قانداق قىلاتتۇقكىن؟... ئاپاملار قىشنىڭ غېمى-

نى ئاللىقاچان غەملەپ بولغاندۇ، دادام قىش كىرمەي تۇرۇپلا كۆمۈرلەرنى چۈشۈرۈپ، ئۇن ساندۇقلىرىنى تولدۇرۇپ بولىدىغان، بەلكى هازىر سوقۇمغا مال سويۇۋاتقاندۇ... تووا، كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەن ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە بارالماسمۇ بولۇپ قالىدىكەن - هە... يۈرىكىم زېدە بولۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ - دە... بۇ قانداق ئەردۇ، ئەر دېگەن شۇنچىلىكمۇ بوشاڭ، سەردمەس، قىلىن، گەپ ئۆتمەس بولامدۇ! هېلىمۇ ياخشى ئوغۇل بولۇپ يارىلىپ قاپتىكەن، ئەگەر قىز بولۇپ يارىلىپ قالغان بولسا، بەدىنى تاياقتىن، كۆزى نەمدىن قۇتۇلالماس، ئەردە توختىماس ئايال بولاتتىكەن... هەي ئابدۇسالام، هەي ئابدۇسالام، مەيلىمنى قانداق قىلىپ قوزغىۋالغانسەن؟ ئايسىخان چوڭنامنىڭ ئېيتقىنى توغرا: «قىز بالىنىڭ بىرىگە كۆزى چۈشسە، كۆزىگە هېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ، ئەقلى دۈمبىسىگە چىقىپ قالىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا يەنە بىر يەرلىرىم كۆيىدۇ».

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن ئۆيىگە كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. ئابدۇسالام ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا ئاچچىقى بىلەن سۆزلەپ كەتتى.

— نېمانچىلا يوقىلىپ كېتىسەن، مەكتىپىڭگە بارسام، ئۇ يەردە يوق، نەلەردە يۈردۈڭ؟

— بىر ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىگە بارغان.

— ئوقۇغۇچىنىڭ ئۆيىدە نېمە بار ساڭا؟

— ئۇ بەكمۇ يوقسۇز ئادەمنىڭ بالىسى ئىدى، ئاتا - ئانىسى بىلەن سۆزلىشىپ كەلدىم.

— كۆيۈنۈپ كېتىپسەن - دە، سېدىرلار بىلەن شەهەرگە چۈشمەكچىدىم، ساڭا قاراپ تۇردۇم.

— يەنە شۇ سېدىرلار بىلەنمۇ، سېدىرلاردىن ئايرىلالمايسىزغۇ...

— ئۇنىڭدىن ئايرىپ نېمە قىلاتتىڭ؟

لەھەلبۇۋى گەپ قىلمىدى. ئۇ ئابدۇسالامنىڭ يېنىدا پۇل يوقلۇقىنى، سېدىرلار بىلەن شەھەرگە كىرسە، ئاشپۇزۇلمۇ ئاش-پۇزۇل يۇرۇپ ئويناپ، ھاراق ئىچىدىغانلىقىنى بىلەتتى. شۇڭا ئۇ ئېرىنى باشقىلارنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىسۇن، دەپ ئويلىدىمۇ ياكى ئۇنىڭ ساقلاپ تۇرغانلىقىنى شۇنداق چۇشەندىمۇ، يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ئۇنىڭغا ئۇزاتتى:

— مەڭ، كېرەك بولۇپ قالار.

ئابدۇسالام پۇلنى ئالدى - دە، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

لەھەلبۇۋى ئۇھ تارتىپ ئولتۇرۇپ قالدى. «قىلغىنىم توغرا بولدىمۇ، خاتا بولدىمۇ؟» بۇ ئۇنىڭدا دەرھال پەيدا بولغان ۋە ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ قويغان سوئال. «ئۇ مېنىڭ ئېرىم، قورسىقىمدا مىدىرلاۋاتقان بالامنىڭ دادىسى، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ يەنە، — كىشىلەرنىڭ ئالدىدا ئۇ يەرگە قاراپ قالسا، ئىشەنچىلىك ئىككى ئېغىز سۆز قىلالمىسا، مەنمۇ پۇچۇلىمەن. بىراق ئۇنىڭ قىلىقلىرى، خۇي - پەيلى، سىڭىپ قالغان ئادەتلىرى يۈرىكىمگە يېتىپ مېنى ئازابلاۋاتىدۇ، قورقۇنچلۇق خىياللارغا سېلىۋاتىدۇ ... مەن ئۇنى دەپ ئۆز ئاتا - ئانامدىن، چوڭ بولغان شەھىرىمدىن كەچكەن. ھازىرچۇ؟ ئاشۇنىڭ ئۇچۇن شوخلىنىپ تەپكەن يۈرەكىم، يالقۇنلىغان مۇھەببىتىم، ئوتتەك قىزغىنلىقىم سوۋۇۋاتىدۇ، قېنى ئۇ لاۋۇلدىغان ئوتلار... مۇھەببىتىم سوۋۇۋاتقان ئادەم بىلەن ئۆمۈرلۈك جۈپ بولۇپ ئۆتكىلى بولارمۇ؟ ئېرىدىن ئايرىلغانلاردىن يىرگىنەتتىم، ئەمدى ھېس قىلىۋاتىمەن؛ بىراق، ئۇمۇ ئادەمغۇ، ئىنساپ، ۋاپا، ئادىمىيلىك ئۇنىڭغا دارىماسمۇ، ياشاشنىڭ مەنىسىنى كېچىكىپ چۈشەنگەن ئادەملەرمۇ بارغۇ...»

لەھەلبۇۋىنىڭ ئابدۇسالام بىلەن ئۆي تۇتۇشى توغرىسىدا ئىككىلىنىپ يۈرگىنىگە خېلى بولغان. بىردەم ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ - ئىچ ئاغرىتىپ قالسا، بىردەم ئۇنىڭدىن نەپرەتلىنىپ - يىرگىنىپ قالاتتى. كاللىسىغا قانداق ئوي كەلدى-

كىن، ئۇ ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى ـ دە، ھويلىغا چىقتى ۋە ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، سىردىشى ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. گادىرماچ، باش ـ ئۇچىغا چىققىلى بولمايدىغان خىياللار ئۇنى بىردە ئىلداملىتىپ، بىردە ئاستىلىتىپ ئەكېتىپ باراتتى. ئۇنىڭ چېھرىسىدە غەزەپ، نومۇس، ئىككىلىنىش ئالامەتلىرى يانغانىدى.

ئۇ ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كېلىپ، ئىشىكتىن كىرىپلا ئۇنىڭغا ھەممە دەردلىرىنى تۆكتى ـ دە، قاقشاپ ئېيتقان سۆزلىرىنىڭ ئاخىرىنى سوئال بىلەن تۈگەتتى:

— نېمە قىلىشىمنى بىلمەيلا قالدىم، ئاجرىشىپ كەتكۇم كېلىدۇ، بىراق «كىشىلەر نېمىلەرنى ئويلىمايدۇ» دەپ ئەنسىرەيمەن، خىزمەتكە ئورۇنلاشمىغان ۋاقتىم بولسا، مۇنچىلىك ئويلاپ كەتمەس ئىدىم، ئېيتىڭا، زادى قانداق قىلسام بولار؟

ئەر ـ ئاياللار ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلارغا خالىسلىق قىلىپ ياكى ئىچ ئاغرىتىپ ئارىلاشقىلى بولمايدۇ. ئارىلىشىپ قويۇپ، ئاخىر ئۇلار ياخشى ـ خوپ بولۇپ قېلىپ، ئۆزىنى ئەسكى قىلىدىغانلار، يامان ئاتلىق بولۇپ قالغانلار كۆپ. لېكىن ئايىسخان لەھەلبۇۋىگە ئىشىنىدۇ. ئۇ مەھەللىدە نۇرغۇن ئائىلىۋى ماجىرالارنى، ئاۋۋال قىزىپ، كېيىن سوۋۇغانلارنى ياكى سوۋۇپ قېلىپ، كېيىن قىزىپ قالغانلارنى، ئۇنىڭ ئاقىۋىتىنى كۆرگەن. گەرچە ئۇلارغا ئارىلاشسىمۇ، ئۇنىڭدىن بەلگىلىك ساۋاقلارنى قوبۇل قىلغان. شۇنداقتىمۇ، مۇنۇ ئالدىدا ھەسرەتلىنىپ تۇرغان، قېرىنداشتەك بولۇپ قالغان چوكاننىڭ ئۇزۇل ـ كېسىل بىرەر قارارغا كەلگەن ـ كەلمىگەنلىكىنى ئۇقۇش ھەم ئۇنىڭ ئالدىدىن خالىي بولغىلى بولمايدىغان ئېھتىماللارنى ئۆتكۈزۈپ قويۇش كېرەك. بۇ ئىشتا يېنىكلىك قىلغىلى ھەرگىز بولمايدۇ!

— ھەي، بۇ ئابدۇسالامنى، يەنە شۇنداقلىمۇ، — دېدى ئايىسخان ئۇنىڭغا ئېچىنىپ قاراپ، — ئادەم بولاي دېمەمدى-

غاندۇ...

— هازىر تېخىمۇ ئەدەپ كەتتى. ئالتە ئاي يازنى قولىغا قۇرغۇي قوندۇرۇپ ئۆتكۈزۈۋەتتى. مانا ئەمدى، قارچىغا، چۆلە[1] قوندۇرىدىغان ۋاقتى كەلدى. ئۆيدە نېمە بار، نېمە يوق، خىيالىغا كىرىپ چىقمايدۇ. ئادەمگە ياقىدىغان بىرەر ئىشى، بىرەر گېپى بولسىچۇ كاشكى، بېشىغا چاچ قويۇۋالغان بىلەن مەن ئويلىغاندىن پۈتۈنلەي باشقىچە ئادەم بولۇپ چىقتى. پالانچىنىڭ ماشكىسى سەزگۈر، پۈستانچىنىڭ قارچىغىسى ئىتتىك دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ. ئابدۇرۇسۇلكاملارنىڭ توپىقىنى شۇلار ئوغرىلاپ سېتىۋەتتىمىكىن دەيمەن، ئارىلاپ يېنىغا پۇل چۈشۈپ قالىدۇ. مانا قىش كەلدى، قاراپ تۇرۇڭ، هويلا - ئارام، ئۆگزىلەرنىڭ قارلىرىنى قورسىقىمنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ مەن تازىلايمەن. بۇلتۇر قىشنى ئويناپلا، ئۆيگە كەلسە ئوڭدا يېتىپلا ئۆتكۈزۈۋەتتىغۇ...

— كىچىككىنە خىجىلمۇ بولمايدىكىنە، توۋا...

— خىجىل بولۇش دېگەن دورىلىققىمۇ تېپىلمايدۇ...

ئايسىخان ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن، ئاخىر ئۇنىڭغا مۇنداق سوئال قويدى:

— زادى قانداق قىلاي دەۋاتىسىز؟

— يۈرىكىم ئاجراش - ئاجراش، دەپ دەۋەت قىلىپ تۇرىدۇ.

— ئايرىلىپ كېتىدىغان نىيەتكە كەلگەن بولسىڭىز، — دېدى ئايسىخان تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇنى يامانلايسىز، ئەسكىلىكلىرىنى خەلقئالەمگە يايىسىز. بۇنداق چاغدا نەسىهەتچى، كۆيۈنگۈچىلەر چىقىدۇ، «سەۋر قىلساڭ، غورىدىن هالۋا پۈتەر» دەيدىغانلار كۆپىيىدۇ. «ياخشى گەپ تاشنى ئېرىتىدۇ» دېگەن گەپ بار، ئېرىپ قالسىڭىز، قاملاشمايدۇ. ئۆزىڭىز قارىلاپ، ئەسكىدىن ئەسكى دەپ قويۇپ، يەنە ئۇنىڭ بىلەن ئۆي تۇتسىڭىز، ئىناۋىتىڭ-

---

[1] چۆلە — قارچىغىدىن كىچىكرەك قۇش بولۇپ، قىرغاۋۇل ئالالايدۇ.

ڭىز بولمايدۇ. سىز دېگەن هازىر مۇئەللىم، كىشىلەرنىڭ نەزە-
رىدە مەۋقەسى يوق، كېلىپ - كېتەر، چۇپرەندە ئادەم بولۇپ
قالىسىز... مەن سىزنىڭ خاتىرجەم كۈن كۆرۈشىڭىزنى تىلەي-
مەن، قىزىم. يۈرىكىڭىزنى تازا ئوبدان تىڭشاپ بېقىپ ئىش
قىلىڭ.

— مەن بىر نىيەتكە كەلسەم، نىيىتىمدىن هەرگىز يانماي-
مەن، ئايسىخان چوڭنا، — دېدى لەهەلبۇۋى ئەندىشىسىنى ئې-
چىپ، — بۇ ئىش بۇرۇن قوزغالماي، ئەمدى قوزغالغانلىقىدىن
بەتناملارغا قالارمەنمۇ، دەپ ئەنسىرەپمۇ تۇرۇۋاتىمەن.

— راست ئېيتىسىز، گېپىڭىزنى چۈشىنىۋاتىمەن. مۇنداق
كىشىلەر ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلىپ، كۆرۈپ تۇرغان ئەسكىلىكىنى
نەزەرگە ئالماي، سىزنى كۆرىدۇ، بۇرۇن بىر ئوبدان ئۆي تۇتۇۋا-
تاتتى، مۇئەللىم بولۇپلا ياراتماي قالدى، دەيدۇ. بىرئاز تەخىر
قىلىڭ، قىزىم، كىچىككىنە تۈزىلىش ئالامىتى كۆرۈلسە ئەجەب
ئەمەس، تېخىمۇ كەينىگە ماڭسا، ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمى-
دى، دېسىڭىزمۇ كېچىكمەيسىزغۇ...

— هەي تەقدىر، كۆزى يوق تەقدىر...، — دېدى لەهەلبۇۋى
هەسرەتلىك ئۈن بىلەن.

— ئىلاجىنىڭ يوقىدىن ئايرىلمىسىڭىز، ئاجرىشىشمۇ ياخشى
ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە هازىر سىز بىر قاپاق سۇنىڭ
ئىچىدە تۇرۇۋاتىسىز، تەخىر قىلىڭ، چىداڭ قىزىم.

ئايسىخان ئۇنىڭغا شۇنداق دەپ سەۋر، تەسەللى بېرىۋاتقان
بولسىمۇ: «ئايال دېگەن ئەر كىشىنىڭ سۇنماس قانىتى ئەمەسمۇ،
نېمىشقا ئۇنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغاندۇ، ئۇنى چۈشەنمەيدىغان،
ئۆيىگە، ئايالىغا كۆيۈنمەيدىغان ئەر بوراندا قالغان قامغاقتەك
تەقدىرگە دۇچ كېلىشى مۇمكىن، ئابدۇسالام ئاخىر شۇنداق تەق-
دىرگە قالىدۇ» دېگەنلەرنى كۆڭلىدىن ئۆتكۈزدى.

لەھەلبۇۋى ئۇن ـ تىنسىز بىردەم ئولتۇردى ـ دە، ئورنى-
دىن ئاستا تۇردى. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ، مەھەللە ئىچى
جىمىپ كەتكەنىدى. ئايسىخانمۇ ئورنىدىن تۇردى:
— يۈرۈڭ، ئۆيىڭىزگە مەن ئاپىرىپ قوياي، كېچىدە ئالدى-
ڭىزدىن مۈشۈك ئۆتۈپ قالسا، قورقۇپ كەتمەڭ يەنە.
ئىككىسى ئۆيدىن بىللە چىقتى.
«قانداق قىلسام بولار؟ — دېگەن چىگىش خىيالدا كەلگەن
لەھەلبۇۋى يەنە، — قانداق قىلسام بولار؟» دېگەن ئەندىشىلىك
ئوي بىلەن ياندى.

※ ※

ئابدۇسالام شەھەردە ئۈچ كۈن ئويناپ چىقتى. ئۇنىڭ چىق-
قان ۋاقتى لەھەلبۇۋىنىڭ ئىككى ئوقۇغۇچىغا بىر زەمبىل كۆ-
مۈرنى كۆتۈرتۈپ ئىشىك ئالدىغا كەلگەن ۋاقتىغا توغرا كەلدى.
مەكتەپ تېخىچە كۆمۈر چۈشۈرمىگەن ئوقۇتقۇچىلارغا بىر زەمبىل-
دىن كۆمۈر قەرز بېرىپ تۇرغانىدى. ئابدۇسالام بالىلارنىڭ قولى-
دىن زەمبىلنىمۇ ئالماي، گەپمۇ قىلماي قورۇغا كىرىپ كەتتى.
ئۇنىڭ بۇ قىلىقىدىن لەھەلبۇۋى بالىلارنىڭ ئالدىدا قاتتىق نو-
مۇستا قالدى. بالىلار كۆمۈرنى چايخانىدىكى ئوچاقنىڭ ئالدىغا
تۆكۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى. لەھەلبۇۋى ئۇلارنى كوچىغىچە ئۇزى-
تىپ چىقىپ رەھمەت ئېيتتى.
— نەنىڭ كۆمۈرى بۇ؟
— مەكتەپ بەردى.
— بەرگىنى شۇلىما؟
— ھېلىمۇ شۇنىڭغا شۈكۈر دەڭا، قېنى، دادىڭىزنىڭ چۈ-
شۈرۈپ بېرىدىغان كۆمۈرى؟

— ئۇ گەپنى قويغىنە، — دېدى ئابدۇسالام خۇشياقمىغاندەك گەپ قىلىپ، — ئوقۇغۇچىلىرىم ئۇنداق كەمبەغەلنىڭ ئوغلى ئىكەن، مۇنداق يوقسۇلنىڭ قىزى ئىكەن، دەۋاتاتتىڭ، پۇتلىرىدا يېپيېڭى ئۆتۈكلەرغۇ؟

— شۇنىڭغا كۆزىڭىز چۈشۈپتۇ - دە، بايىقى ۋىجىكرەك بالىنىڭ پۇتىدىكى ئۆتۈكنى مەن تىكتۈرۈپ بەردىم.

ئابدۇسالام چۆچۈپ كەتتى:

— نېمە!

— راست، ساۋۇت مەزىن تىكىپ بەردى.

— ساراڭ بوپسەن!

— هە، نېمىگە ساراڭ بوپتىمەن؟

— ئالجىپسەن! — ئابدۇسالام ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى، — شۇ پۇلغا بىر توقلا كېلىدۇ ئەمەسمۇ!

— شۇنداق، كەمبەغەلنىڭ بالىسى ئىكەن، ئۆتۈك ئېلىپ بەرمىسەم مەكتەپتىن قالاتتى ئەمەسمۇ.

— بېشىڭنى هەره چېقىۋاپتۇ سېنىڭ، ئۇ گادايلارنى سەن قانچىلىك قۇتۇلدۇرالايتتىڭ، ئەخمەق!

— ئۇنچىلىك دەپ كەتمەڭ، سىز شۇنداق هالغا چۈشۈپ قالغان بولسىڭىز قانداق قىلاتتىڭىز؟

— ئوقۇشنى تاشلايتتىم.

— مېنىڭ ئىچىم ئاغرىدى.

— ساڭا ئىچ ئاغرىتىپ نېمە كەپتۇ، هەركىم ئۆز بېشىغا كەلگەننى ئۆزى تارتىشى كېرەك - دە.

مانا ئابدۇسالامنىڭ قارىشى، ئىچكى دۇنياسى!

ئابدۇسالامنىڭ مۇشۇ قارىشىدىن لەهەلبۇۋىنىڭ يۈرىكىگە يەنە بىر يارا چۈشتى.

# 19

لەھەلبۇۋىنىڭ يېزىغا چىقىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولغىنىغا ئىككى يىل بولغاندا — 1946 ـ يىلى گۈللەر ئېچىلغان ماي ئېيىدا كۆزى يورۇدى. يېڭىدىن كۆز ئاچقان بۇ قىزغا ئەزان ئېيتىلىپ «قەدىرىيە» دەپ ئىسىم قويۇلدى. لەھەلبۇۋىنىڭ قېيىنانىسى ئۇنىڭغا ئۈچ كۈن قارىدى. قېيىناتىسى چىقىپ، بىر قوي سويۇپ بەردى ـ دە، ئىككىلىسى شۇ كۈنىلا شەھەرگە كىرىپ كەتتى. ياش تۇغۇتلۇق لەھەلبۇۋىگە ئىچى ئاغرىغان ئايىسخان ئۇنى تۆت كۈن باقتى ـ دە، بىر ئۆي بېشىدا بولغانلىقى ئۈچۈن ئۇمۇ كېتىشكە مەجبۇر بولدى. شۇنداق قىلىپ لەھەلبۇۋى كۆزى يورۇپ يەتتىنچى كۈنى بىلىنى چىڭ باغلاپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

دادىسى ئۇنى ئۆلدىگە چىقىرىپ، نەزىر قىلىۋەتكەنلىكى ئۈچۈن ھېچكىممۇ ئۇلارغا خۇش خەۋەر يەتكۈزۈشكە جۈرئەت قىلالمىدى.

لەھەلبۇۋى چوڭ بولغان ئۆيىنى ھېچقاچان بۇگۈنكىدەك ئەسلەپ سېغىنمىغان. ئەگەر ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنىڭ رازىلىقى بىلەن توي قىلغان بولسا، تۇغۇتى يېقىنلاشقان چاغدا، تىلەپ كېتىلگەن، ئۆز ئانىسىنىڭ ئالدىدا، ئۆز ئۆيىدە بوشانغان ۋە قىرىق كۈنگىچە ياخشى بېقىلغان ـ كۈتۈنگەن ھەم دۇنياغا كۆز ئاچقان پەرزەنتىنىڭ «قىرىق سۈيى» قۇيۇلۇپ، ئۇنىڭ شەرىپىگە تەنتەنىلىك سورۇنلار تۈزۈلۈپ نەغمە ـ ناۋالار ياڭرىغان بولماسمىدى... ئەمدى ئۇنداق سورۇنلار، تەنتەنىلەر نەدە؟ تېخى ئېدەدى توشقۇچە ئۇنى باقىدىغان، كۈتىدىغان ئادەم چىقمىدىغۇ؟

... يېنىدا تاتلىق ئۇخلاۋاتقان مۇنۇ قىزنى ھازىرغىچە ئۆزىدىن

باشقا كىم ئەركىلىتىپ باقتى؟ قايسى كۈنى ئايسخان ئەركىلى-تىپ قويۇۋىدى، ئۇ تاغدەك خۇش بولۇپ كەتتىغۇ، ئەگەر ئۆز ئۆيىدە بولسا، ئۇكىلىرى قولدىن - قولغا ئېلىپ، زوقلىنىپ ئەركىلىتىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۆزىمۇ مۇنداق مىسكىنلى-شىپ، ئەلەمدە تولغىنىپ ياتماس ئىدى. ئادەم دەردنى بىلىپ تۇرۇپمۇ، بىلمەي تۇرۇپمۇ تارتىدۇ. بىلىپ تۇرۇپ تارتقان دەرد-كە قارىغاندا، بىلمەي تۇرۇپ تارتقان دەرد ئېغىر بولىدۇ. چۈنكى ئۇنىڭغا يۈرەك - باغرىنى ئۇنىسىز غاجىلايدىغان ئەلەم قوشۇلغان بولىدۇ. ھازىر ئۇنىڭغا دەردمۇ، ئەلەممۇ، پۇشايمانمۇ ھەمراھ.

ئۆيگە ئوك مۇرىسىگە يالاڭ چاپىنىنى، سول مۇرىسىگە يىر-تىقىدىن بۆدۈنە بېشىنى چىقىرىۋالغان خالتىنى ئارتقان ئابدۇسالام كىرىپ كەلدى. لەھەلبۇۋى قىزىنى يېنىغا ئېلىپ، ئازابلىق خىياللار بىلەن ياتقانىدى، ئۇ كىرىپلا سۆزلەپ كەتتى:

— قارا، لەھەل، بۈگۈن ئامىتىم قالتىس كەلدى. چۆك-چۆك بىلەن بىردەمنىڭ ئىچىدە يىگىرمە بۆدۈنە تۇتۇپتىمەن، باشتىلا تورنى بىر يېيىۋىدىم، چۆكچۆكنى راسا سايرىتىپ بەرسەم، تەرەپ - تەرەپتىن بۆدۈنە دېگىنىڭ: «ۋاغ - ۋاغ، ۋاغ - ۋاغ...» قىلىپ كەلدى دېمەمسەن، بىر ئۇركۈتۈۋىدىم، تورغا بىراقلا ئالتىسى چۈشۈپتۇ، مۇنداق چۈشمىكى تەس، بۇمۇ سېنىڭ بەختىڭ. باشقىلارنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىپ كەتتى. تېخى كارامىتىمنى بۇغداي پىشقاندا كۆرىسەن، ئۇ چاغدا كۈندە بۆدۈنە كاۋىپى يەيسەن. باشقىلارغا بىرنىمۇ بەرمەي ئەكەلدىم، قارا، — ئۇ ئاغزى چىگىلگەن خالتىنى يەرگە قويدى.

لەھەلبۇۋى ئۈنچىقمىدى.

— تاماق ئەتمىدىڭما؟

— ئېتەلمىدىم.

— ئەمىسە، ماۋۇ خالتىدىكى بۆدۈنىلەرنى كاۋاپ قىلغىنە، تاماق ئەتمىگىن، دەپ ئالدىراپ كىرىپتىمەنا.

— مىجەزىم يوق، — دېدى لەھەلبۇۋى ئولتۇرۇپ، — ئۆزىڭىز قىلىڭ، كاۋاپقا ئۇستىغۇسىز...

ئابدۇسالامنىڭ تەرى تۇرۇلدى.

— جېنىڭ چىقىپ كەتسىمۇ ئۆزە يۇرگىنە، قېرىپ قالغان كېسەل كالىدەك پۇشۇلداپ ياتقۇچە، — دېدى ئۇ تېرىكىپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ، — دۇنيادا ئېھ - ئېھلىغان ئادەمگە ئۆچتىم.

— ئەھۋالىمنى كۆرۈپ تۇرۇپ دەۋاتقان گېپىڭىزنى...

— بولدى، كاپشىما، گۆھەر تۇغقاندەك...

— گۆھەردىن ئېسىلرەك نېمە تۇغدۇم.

— چوڭ ئىش قىپسەن، ئون سەككىز مىڭ ئالەمدە تۇغۇلمىغان قالتىس نەرسىنى تۇغۇپسەن - دە، بوپتۇ، كاۋاپ قىلىدىغان ئادەمنى تاپاي.

ئابدۇسالام خالتىنى ئېلىپ مۇرىسىگە ئارتتى - دە، چىقىپ كەتتى. ئاچچىقىدا ئىشىكنى شۇنداق قاتتىق ياپتىكى، ئۇخلاۋاتقان قەدىرىيە دىڭگىدە چۆچۈپ، ئويغىنىپ كەتتى ۋە قىرقىراپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئابدۇسالام چىقىپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ لەھەلبۇۋىنىڭ يۇرىكىگە نەشتەردەك سانجىلغان گېپى قالدى. بۇ گەپلەر بىردەم زەھەرلىك تىكەندەك، بىردەم ئۆتكۈر خەنجەردەك تۇسكە كىرىپ، ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پۇلاڭلاۋاتقاندەك قىلدى - دە، پۇتۇن ئەزايى - بەدىنىگە ئاغرىق كىرىپ كەتتى، بېشى قېيىپ، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى. «ئۇھ، يۇرىكىم، — دېدى قىزىنى ئېمىتىپ ئولتۇرغان لەھەلبۇۋى ئازابلىنىپ، — مەن بوشانغىلى تېخى ئون تۆت كۈن بولدى، مۇشۇ ھالىمدا ئۆي ئىشىنى گۇرسۇلدەپ، يۇگۇرۇپ يۇرۇپ قىلالامدىم؟ ھېلىمۇ غەيرىتىمگە ئېلىپ قىلىۋاتىمەنغۇ، ماڭا كۆڭۈل بۆلگەن، كۆيۈنگەن كىم چىقتى؟ ھېچنېمىسى يوق ئادەمدەك، كوچىدا قالغان مۇساپىردەك

غېرىبسىنىپ ئولتۇرۇپتىمەنغۇ… ئەگەر ئايسىخان چوڭنام تۆت - بەش كۈن قارىمىغان بولسا، ئۈچ كۈندىن كېيىنلا ھەممە ئىش ئۆزۈمگە قالاتتىغۇ… مەيلى، ماڭا ئىش قىلىپمۇ بەرمىسۇن، كۆڭلۈمنى كۆتۈرىدىغان ئىككى ئېغىز چىرايلىق گېپى يوقمۇ، مەن ئۇنىڭ ئايالىغۇ، جۈپتىغۇ، قېنى كۆيۈنۈش، قېنى مېھرىبانلىق؟ قەدىرىيە ئاشۇنىڭ پۇشتىدىن تامغان بالىغۇ، تۈنۈگۈن چىقىپ كەتكەن ئادەم بالىنىڭ ئەھۋالى قانداق، دەپ سوراپمۇ قويمامدا، خۇددى ئۆيدە ئۈچىنچى بىر ئادەم پەيدا بولمىغاندەك،

— ئۇ قىزىنىڭ ئۇخلاپ قېلىپ، ئاغزىدىن ئەمچىكىنىڭ چىقىپ كەتكىنىنى تۇيماي، ھالسىز كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي، مۆكچىيىپ ئولتۇراتتى، — مېنى نېمە ئازابلاۋاتىدۇ؟ يۈرىكىم، توۋا، ئۆزۈمنىڭ يۈرىكى ئۆزۈمنى ئازابلاۋاتىدۇ - ھە… تەقدىر دېگەن رەھىمسىز بولىدىكەن. ئادەمنى ئاني تاپىدىكەن. رەھىمسىز تەقدىر يۈرىكىمدە ساقايماس يارىلارنى پەيدا قىلدى، ئۇ قانچە تالدۇ؟… يارا تىنچ تۇرامدۇ، كىشىگە ئارام بېرەمدۇ؟ ياق …ياق، ياق، يارا چۈشكەنىكەن، ئۇ ھەرگىز تىنچ تۇرمايدۇ، ئاغرىتىدۇ، ئازابلايدۇ. دېمەك، مېنى ئازابلاۋاتقىنى زېدە بولۇپ كەتكەن يۈرىكىم، ئەمدى بىلدىم: ئۆزىنى بېسىۋېلىش قولىدىن كېلىدىغان ئادەملەر ساق، ھايات يۈرگىنى بىلەن، ئۆزىنى بېسىۋالالمايدىغان، ھاياجانلىق، ھېسسىياتچان ئادەملەر ئاشۇ يارىنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ئۆز - ئۆزىنى ھالاك قىلىدىكەن - دە…»

لەھەلبۇۋى بېشىغا كەلگەن قىسمەتنىڭ ئادالەتسىزلىكى، رەھىمسىزلىكى، ياۋۇزلۇقىدىن پەرىشانلىققا چۈشۈپ، يۈرەك - باغرى ئۆرتىنىپ، تولغىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرىغا ئاستا - ئاستا ياش تامچىلىرى تىزىلىشقا باشلىدى. ئەنە، ئۇزۇن كىرپىكىگە بىر تامچە ياش ئىلىندى - دە، قۇچاقتىكى قىزىنىڭ مەڭزىگە تېمىپ چۈشتى، يەنە بىر تامچە ئىلىندى، ئۇمۇ تېمىپ

چۈشتى. قىزى چۆچۈپ كەتتى. لەھەلبۇۋى ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. ئۇ ئۈنسىز يىغىسى بىلەن بەڭۋاش ھەۋەسكە، ئالدىراپ قوزغالغان سۆيگۈسىگە پۇشايمان قىلمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ؟ كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرگەنلىكىنىڭ ئېغىر ئاقىۋىتىنى ئويلىمىدى دەپ كىم ئېيتالايدۇ!

※ ※

لەھەلبۇۋىنىڭ ئىككى ئايلىق دەم ئېلىشى تەتىلگە ئۇلاشتى، ئۇ تەتىل ئاخىرلاشقاندىن كېيىن مەكتەپكە باردى. لەھەلبۇۋى ئەتىگەندە قىزىنى ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ بېرەتتى، كەچتە ئۆيگە ياندۇرۇپ كېلەتتى. ئابدۇسالام قىزىنى ئۆيدە بېقىپ تۇرۇشقا، ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ - ئەكېلىشكە ھەرگىز ئۇنىمايتتى. قەدىرىيە مانا شۇنداق بېقىلىشقا باشلىدى. ئۇ تۆت ئايلىق بولغاندا، كىشىلەرگە تەلپۈنىدىغان، كۈلىدىغان، گۈڭگىرايدىغان بولدى.

ئابدۇسالام ئۆز كوچىسىدا كېتىپ باراتتى. ئۇنىڭدىن يېنىپ چىقىش خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى.

شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە لەھەلبۇۋى ئايىسخاننىڭ ئۆيىدىن قىزىنى ئەكېلىپ تۇرۇشىغا قورۇغا ئون تۆت - ئون بەش ياشلار چامىسىدىكى كىيىم - كېچەكلىرى ئوسال بىر قىز كىرىپ كەلدى. لەھەلبۇۋى قىزنى كۆرۈپلا تونۇدى. بۇ بۇلتۇر تۆتىنچى يىللىقنى پۈتتۈرۈپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتكەن، ھازىر مومىسىنىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتقان زىۋەرەم ئىسىملىك چىرايلىق قىز ئىدى. لەھەلبۇۋى: «مېنىڭ يالغۇزلۇقۇمنى بىلىپ، قىزىمنى بېقىپ بېرەي دەپ كەلگەن ئوخشايدۇ - دە» دەپ ئويلىدى. بىراق زىۋەرەم لەھەلبۇۋىنىڭ قېشىغا كېلىپلا ئۆپكە - ئۆپكىسىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى.

— نېمە بولدى، زىۋەرەم، نېمىگە يىغلايسىز؟ — لەھەلبۇۋى قىزنىڭ بېشىنى سىلاپ، تاراملاپ تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ئېرتتى، زىۋەرەم يىغىسىنى تەسلىكتە توختىتىپ:

— مومام سىزنى باشلاپ كەل، گېپىم بار دېگەن. ھازىر بارالامسىز؟ — دېدى قىز يالۋۇرغاندەك قىياپەتتە.

— ھازىر بارالمايمەن، تاماق ئېتىمەن، — دېدى لەھەلبۇۋى، — مومىڭىزنىڭ ماڭا دەيدىغان گېپىنى سىز بىلەمسىز؟

— بىلمەن.

— ئۇنداق بولسا، سىز دەۋېرىڭ؟

زىۋەرەم ئىرنىقىنى تاتىلاپ بىردەم تۇردى ـ دە، كۆزىنى يەردىن ئالماي گېپىنى باشلىدى. قىز گېپىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ بولغاندا، لەھەلبۇۋى ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ قېتىپلا قالغانىدى.

ئۇ ئىش مۇنداق بولغانىكەن: ئۇلار بىر ھارۋا مەڭگەن چۇشۇرگەنىكەن. ئىشىكى ئالدىدىكى ئېرىقتا كۆۋرۈك بولمىغاچقا، مەڭگەننى كوچىغا چۇشۇرۇپتۇ. زىۋەرەمنىڭ مومىسى: «مەن كەلگۈچە مەڭگەننى توشۇۋېتىڭ» دەپ بىر سۇننەت تويىغا كېتىپتۇ. قىز مەڭگەننى توشۇشقا باشلاپتۇ. بىر چاغدا قىز بىر قۇچاق مەڭگەننى سامانخانىغا ئەكىرىشكە، پايلاپ تۇرغانمۇ، كەينىدىن سامانخانىغا ئابدۇسالام كىرىپتۇ. زىۋەرەم چۆچۈپ كېتىپتۇ. ئابدۇسالام ئۇياقتىن ـ بۇياقتىن گەپ قىلىپ: «قاراڭا، كىيىملىرىڭىزنىڭ ئوساللىقىنى، ئۆزىڭىزنى تۇزەپ يۇرۇڭ، مەن كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن، پۇل بېرىمەن» دەپتۇ. دەسلەپ زىۋەرەم: «نېمىشقا شۇنداق دەيدىغاندۇ بۇ ئابدۇسالامكام» دەپ ھەيران بوپتۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۇ قىزنى قۇچاقلاپلا سۆيۈۋاپتۇ، قىز: «نېمانداق قىلىدۇ ماۋۇ ئادەم» دەپ ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، سىرتقا مېڭىشىغا، ئابدۇسالام ئۇنىڭ قولىدىن تۇتۇپ تارتىپ مەڭگەننىڭ ئۇستىگە بېسىۋاپتۇ. قىز تېپىرلاپ ۋارقىراپتۇ، ئۇ ئالىقىنىدا قىزنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالغانىكەن، قىز ئۇنىڭ

قولىنى شۇنداق قاتتىق چىشلەپتۇكى، ئابدۇسالام «ۋايجان!» دەپتۇ ـ دە، قوپۇپ قېچىپ چىقىپ كېتىپتۇ.

زىۋەرەم بۇ ئەھۋاللارنى بىردەم يىغلاپ، بىردەم يىغلامسىراپ بايان قىلىپ چىقىپ، ئاخىرىدا مۇنداق دېدى:

— شاڭيۇغا ئېيتايلى دېگەن، كېيىن مومام: «پەخە شاڭيۇنىڭ ئاچچىقى يامان ئادەم، ئۇنى ئۇرۇپ چالا ئۆلۈك قىلىپ قويمىسۇن، ئايالىغا ئېيتايلى» دەپ سىزنى چاقىرغىلى كەلگەنىدىم.

لەھەلبۇۋىنىڭ پۇت ـ قوللىرى قېتىپ قالغاندەك بولدى، ئۇ بىر تۇرۇپ نومۇسلانسا، بىر تۇرۇپ غەزەپلىنەتتى، لەۋلىرى كۆيۈشۇۋاتقاندەك، تىترەۋاتقاندەك بولاتتى، يەنە بىر تۇرۇپ ئېسىنى يوقاتقان ئادەمدەك سۇلتىيىپ بىرقىسما بولاتتى.

— مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدىمۇ، مومىڭىزنىڭ ئالدىدىمۇ خىجىلمەن، — لەھەلبۇۋىنىڭ بەدەنلىرى بىردىنلا ئوت ئالغاندەك يېنىپ كەتتى، — بۇ ئىشنى مەن ھەرگىز بوش قويۇۋەتمەيمەن، تېگىشلىك يەرگە ئېيتىمەن، ئۇ قارا يۈزنىڭ ئەدىپىنى بەرگۈزىمەن!

— مومام سىرتقا يېيىلىپ كەتمىسۇن، دېگەن.

— مومىڭىزنىڭ نېمىنى كۆزدە ئويلاۋاتقىنىنى چۈشىنىۋاتىمەن، مومىڭىزنىڭ ئويلاۋاتقىنى توغرا، سىلەر خاتىرجەم بولۇڭلار، ئۇنىڭ يولىنى ئۆزۈم قىلىمەن.

لەھەلبۇۋى زىۋىرەمنى بەزلەپ ھەم ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ كوچىغىچە چىققانىدى، نەدىندۇر ئابدۇسالام كېلىپ قالدى. ئابدۇسالام زىۋىرەمگە، ئۇنىڭ ياش يۈقى كۆزلىرىگە بىر قاردى ـ دە، تېڭىۋالغان قولىنى ئىتتىك يوشۇردى. ئۇ قولۇمنى ئىت چىشلىۋالدى، دەپ يۈرەتتى. قىز كەينىگە قاراپ ـ قاراپ مېڭىپ ئۇزاپ كەتتى. لەھەلبۇۋى ئۆيىگە ئابدۇسالامنىڭ كەينىدىن كىردى.

— جىمىپلا كەتتىڭىزغۇ، بۇ قىز نېمىگە كېلىپتۇ، دېمەيسىزغۇ؟ — دېدى لەھەلبۇۋى غەزەپ يانغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا قادىلىپ، — سىز كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن دەپتىكەنسىزغۇ، راستتۇ؟... شۇ كۆڭلەكنى ئالغىلى كېلىپتۇ.

ئابدۇسالام ئوڭايسىزلىنىپ كۇلدى.

— يېتىم قىز ئىكەن، كۆڭلەك ئېلىپ بېرىمەن، دەپ قويغان، سەنمۇ ئۇنداقلارغا ئېلىپ بېرىۋاتىسەنغۇ.

— ھە، مۇنداق دەڭ، كۆڭلەكنى سامانلىقتا سۆرەپ ئەكىرىپ ئېلىپ بەرمەكچىمىدىڭىز!

— قويغىنە، يوق گەپلەرنى قىلماي...

— يوق گەپما، مومىسىنى باشلاپ كېلەيمۇ؟

— كىچىككىنە بالىنىڭ گەپلىرىگە ئىشىنىپ يۇرگىنىنى بۇنىڭ.

— قايسى گېپىگە ئىشىنىپتىمەن، ئېيتىپ بېقىڭا؟

ئابدۇسالام ئۇنچىقمىدى.

— قولىڭىزنى ئىت قەيەردە چىشلىۋالغان؟... گەپ قىلمايسىزغۇ، بۇمۇ يالغانمۇ؟... ھە!

ئۇستى - ئۇستىلەپ بېرىلگەن سوئال ئابدۇسالامنى مەڭدىتىپ قويدى. ئۇنىڭدىن ئۇن چىقمايتتى. ھەرقاچان لەھەلبۇۋىنىڭ سوئاللىرىغا گۇركىرەپ جاۋاب بېرىدىغان ئابدۇسالامنىڭ بۇگۇن دېمى ئىچىگە چۇشۇپ ياۋاشلاپ قالغانىدى.

— گەپ قىلىڭ؟... بىلەمسىز، خاتالىقنى ئىقرار قىلماسلىق يەنە شۇ يولدا ماڭىمەن، دېگەنلىك بولىدۇ.

ئۇ يەنە ئۇنچىقمىدى، كۆزلىرى يېنىپ كەتكەن لەھەلبۇۋى قەھر - غەزىپىنى تۆكمەكتە ئىدى:

— ئەسكى ئادەم، روھى زەئىپ ئادەم، مېھىر - ۋاپانى بىلمەيدىغان كۆيۇمسىز ئادەم جىنايەت يولىغا ئاسانلا ماڭىدۇ. نارەسىدىگە چېقىلىش — جىنايەت، سىز جىنايەتچى!

— جىنايەتچى بولسام، سولتىۋەت! — ئابدۇسالام شۇنداق دېدى ـ دە، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ چىقىپ كەتتى.

لەھەلبۇۋى جالاقلاپ تىترەپ ئولتۇرۇپ قالدى، ئۆيلەر ئاستىن ـ ئۈستۈن بولۇۋاتقاندەك بىلىندى. ئۇ قىزى يىغلىغاندىلا ئۆزىگە كەلدى ـ دە، قىزىنى قولىغا ئالدى.

لەھەلبۇۋى شۇ كۈنى كېچىچە ئۇخلىيالماي چىقتى. چۈنكى ئۇنىڭ كاللىسىدا: «ئابدۇسالامنىڭ قىلمىشىنى تېگىشلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلىش كېرەكمۇ، مەلۇم قىلماسلىق كېرەكمۇ؟» دېگەن ئىككى سوئال ئۆزئارا قاتتىق ئېلىشقانىدى. ئاخىر ئۇ بۇ ئىشنى قەلبىگە سىغدۇرالمىدى، تېگىشلىك ئورۇنغا مەلۇم قىلىش قارارىغا كەلدى.

ئەتىسى ئۇ رايونلۇق ھۆكۈمەتكە قاراپ يول ئالدى.

ئۇ ھازىرغىچە كۆڭۈل ئاغرىقى، ئەلەم ئازابىنى تارتىپ كېلىۋاتىدۇ، دەردىنى ئىچىگە سىلىپ ئۆتۈۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ھازىرقى كۈنلىرى ئوقۇتقۇچىلىقتا ئۆتمەي، ياش ئەۋلادلارنى تەربىيىلەش ئىشىدىن سىرت بولغان بولسا، تارتىۋاتقان دەرد ـ ئەلەملىرى بىلەن پۈتۈنلەي تۈگىشىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئۇ ئوقۇتقۇچىلىقنى سۆيەتتى، جېنىدىن ئارتۇق كۆرەتتى، ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ئۈمىد، ئىشەنچ، كۈچ ـ غەيرەت ئالاتتى. يەنە بىر تەرەپتىن: «ئىنسانىيەت تارىخىدا بەختسىزلىكلەر ئازمۇ، نەچچە مىڭلىغان بەختسىزلەر يۈرۈۋاتقاندۇ، شۇلارنىڭ ھەممىسى ئائىلىسىنى بۇزۇپ، ئادا ـ جۇدا بولمىغاندۇ، دەردىنى ئىچىگە سىلىپ ياشاۋاتىدىغاندۇ، شۇلارنىڭ بىرى مەن. بۇ گويا بالىغا ئاتا ـ ئانىدىن مال ـ دۇنيا مىراس قالغاندەك، ئەجدادلىرىمىزدىن بىزگە مىراس قېلىۋاتقان ئىش» دەپ ئۆز ـ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ كېتىپ باراتتى. لېكىن مۇنۇ ئىش — ئېرىنىڭ قارا يۈزلۈك قىلىپ، چەكتىن ئېشىپ، بىر نارەسىدىنى بۇلغاشقا ئۇرۇنۇشى ئۇنىڭ چىدام ۋە سەۋر ـ تاقىتىدىن بىراقلا ھالقىپ كەتتى.

بىراق ئۇ يېرىم يولغا بارغاندا نىيىتىدىن ياندى: «ئۇنى تۇتۇپ ئەكېتىشى، سولاپ قويۇشى مۇمكىن، — دەپ ئويلاپ قالغانىدى ئۇ، — كىشىلەر نېمە دەيدۇ، مەھەللىدە قانداق سۆز-لەر تارقىلىپ كېتىدۇ؟ يامان خوتۇن ئىكەن، ئېرىنى تۇتۇپ بەردى، سولىتىۋەتتى، دېگەن گەپلەر چىقىپ كەتسە، ئەمدى مەن ئاشۇ نامغا قالايمۇ؟ ھەممە ئادەمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇ ئىشلارنى چۇ-شەندۈرۈپ بولغىلى بولامدۇ؟… توختا، بۇنىڭ باشقا چارىسىمۇ چىقىپ قالار».

بەلكىم ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتكەندۇ، ئابدۇسالام ئۆيگە يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا كەلدى. لەھەلبۇۋى ئۇنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئېھ - ئېھلاپ، تام ياقىلاپ ئۆيگە ئارانلا كىرگەن ئابدۇ-سالامنىڭ يۈز - كۆزى دەھشەتلىك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىر-گەن: پېشانىسى، قاپىقى، مەڭزى يېرىلغان، ئاغزى - بۇرنى قان، يۈزىنىڭ كۆكەرمىگەن يېرى قالمىغان، بىر كۆزى ئىش-شىپ، پۈلتىيىپ چىققان، بۇرنى ماكچايغان، تۆۋەنكى كالپۇكى ئىششىپ كەتكەن، بويۇنلىرى، چاپىنىنىڭ ياقىسى، ئالدىلىرىدا قانلار قېتىپ قالغان بولۇپ، تونۇمىغۇدەك دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى. شەپكىسى نەلەردە قالدىكىن، يالاڭۋاش…

— نېمە ئىش بۇ، نېمە بولدى؟ — لەھەلبۇۋى كۆڭلىدە كىمدىن جاجىسىنى يېگەندۇ بۇ، دەپ ئويلىغان بولسىمۇ، بىر تەرەپتىن يەنە ئىچ ئاغرىتىپ، نېمە قىلارىنى بىلمەي تەمتىرەپلا قالغانىدى.

— سېدىرلار بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم.

— سېدىرلار بىلەن؟ ئۇ جان ئاغىنىڭىز تۇرسا…

— ئىككىسى بىر بولۇپ ئۇرۇۋەتتى.

— شۇنچىلىكمۇ ئۇرامدۇ؟

ئابدۇسالام يۈز - كۆزىنى ئىسسىق سۇدا يۇيۇپ يېتىپ قالدى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭدىن كوچىلاپ گەپ سورىمىدى. ئۇمۇ

باشقا گەپ قىلمىدى، گەپ قىلغۇدەكمۇ ھالى يوق ئىدى. ئەتىسى سەھەردە، يەرگە يېڭىدىن يورۇق چۈشۈۋاتقاندا، ئۇ لەھەلبۇۋىدىن بۇرۇن تۇرۇپ كەتتى - دە، چايغىمۇ قارىماي، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ چىقاي، دەپ شەھەرگە كىرىپ كەتتى.

بىراق، ئۇنىڭ ئېيتقىنى پۈتۈنلەي يالغانىكەن، چۈشكىچىلا ئۇنىڭ كىمدىن، نېمە سەۋەبتىن تاياق يېگەنلىكى مەھەللىگە، مەكتەپكە پۇر بولۇپ كەتتى.

ئۇ قوشنا يېزىدىكى ئۆزىدىن كەمىدە ئون ياش چوڭ كېلىشىدىغان بىر ئايالغا ئۆگىنىشۋالغانىكەن. ئايالنىڭ ئېرى يوق چاغلاردا ئۇ ئۇنىڭ ئۆيىدە قونۇپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئېرى بۇ ئويناشنى سېزىپ قاپتۇ - دە، ئاخشام كېچىدە پايلاپ تۇرۇپ ئىككىسىنى تۇتۇۋاپتۇ، ئۇ قاۋۇل، بەستلىك ئادەم بولغاچقا، تاياق - توقماق بىلەن ئەمەس، پەقەت بازغاندەك مۇشتى بىلەنلا ئابدۇسالامنى ئۇرۇپ، ھوشىدىن كەتكۈزۈۋەتكىلى تاسلا قاپتۇ. ئەگەر ۋاڭ - چۇڭنى ئاڭلاپ ئويغىنىپ چىققان ئادەملەر ئارىلاشمىغان بولسا، ئابدۇسالام ھوشسىزلىنىپ يېتىپ قالغان ياكى ئۆلگەن بولاتتىكەن. ئۇ ئادەم خوتۇنىنىمۇ قاتتىق ئۇرۇپ، شۇ يەردىلا «ئۈچ تالاق» قىلىۋېتىپتۇ.

لەھەلبۇۋى بۇ شەرمەندە خەۋەرنى ئاڭلاپ، غەزەپلىنىشتىن كۆرە، كىشىلەرنىڭ، مۇئەللىم - مۇئەللىمەلەرنىڭ ئالدىدا قاتتىق نومۇستا قالدى. ئۇ مەكتەپتىن يۈزىنى دەسسىگەندەك مېڭىپ ئۆيىگە كەلدى. غەزەپلىرىنى باسالماي ئۆيدىمۇ ئولتۇرمايلا ئايسىخاننىڭ ئۆيىگە ماڭدى. يولدا ئۇچرىغان ئادەملەر ئۇنىڭغا بىرلىرى مەسخىرە قىلىپ قاراۋاتقاندەك، بىرلىرى ئېچىنىپ، ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك، يەنە بىرلىرى ئاتايىن يۆتىلىپ قويۇۋاتقاندەك بىلىندى. «ئەر - خوتۇنلار نېمىشقا بىر - بىرىگە ئەسكىلىك، ۋاپاسىزلىق قىلىدۇ؟ نېمىشقا سادىق، سەمىمىي، ۋاپادار بولمايدۇ؟» بۇ لەھەلبۇۋىنى دەممۇدەم قىيناپ كېلىۋاتقان سو-

ئال. مۇشۇ سوئالنىڭ كۈچى تالاي - تالاي كېچىلەر ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمىگەن، ئىچىنى تىتىلدىتىپ قاقشىتىپ چىققان. بۇ سوئال بۈگۈن باشقىدىنلا قويۇلدى: «مەن نېمىشقا ئېرىمدىن باشقىسىنى خالىمايمەن، ئېرىم نېمىشقا خالايدۇ؟... مۇبادا باشقا بىر ئادەم قوينۇمغا كىرسە، ئۇنىڭدىن يىرگەنگەن، سەسكەنگەن، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنىم تىكەنلىشىپ كەتكەن بولار ئىدى. ئېرىم-چۇ؟ ئۇ باشقا ئايالنىڭ قوينىغا كىرسە ھوزۇرلىنىدۇ، لەززەتلىنىدۇ - دە، بولمىسا نېمىشقا ئۇنىڭغا بېرىلىدۇ، ئىنتىلىپ تۇرىدۇ، شاپاشلايدۇ؟...»

ھەم ئازابلىق، ھەم چىگىش خىياللارغا چىرمىشىپ قالغان لەھەلبۇۋى ئايىسخاننىڭ ئىشىكىدىن ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالدى. ئۇ كەينىگە يېنىپ ئايىسخاننىڭ ئۆيىگە كىردى - دە، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.

— بولدى، يىغلىماڭ قىزىم.

— ئەسكىلىكلىرىنى ئاڭلىغانسىز، ئايىسخان چوڭنا؟ — دېدى لەھەلبۇۋى بۇقۇلدىغان يىغا ئارىسىدا.

— ئاڭلىدىم، ھەممىنى ئاڭلىدىم، قىزىم، ئايالنى يىغلاتقان ئەر ياخشى كۈن كۆرمەيدۇ، ئۇ ئەمدى تۈگىشىدۇ، ئۇنىڭ تارتقۇلۇقى بار، ئۆزىڭىزنى يوقاتماڭ، قىزىم.

— بىزنىڭ بىلىدىغانلىرىمىز مۇشۇلار، — دېدى لەھەلبۇۋى چۆپ - چۆپ ھۆل بولۇپ كەتكەن ياغلىقىدا كۆز يېشىنى ئېرىتىپ، — بىز تېخى بىلمىگەن تالاي - تالاي رەسۋالىق، ئەسكىلىكلىرى باردۇ... تۇرمۇشنىڭ نېمە خۇشلۇقىنى كۆردۈم، تارتىۋاتقىنىم ئازاب، دەرد - ئەلەم، بەختسىزلىك... ئەسلىدە مېنىڭدىن ئۆتكەن، مەن ئەسكى...

— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، — دېدى ئايىسخان تەمكىنلىك ھەم مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ، — تۇرمۇشتا بەختسىز بولۇپ قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئۆزىنىڭ ئەسكىلىكىدىن بەختسىز

بولۇپ قالمايدۇ، ياخشى ئادەملەر ئەسكى ئادەملەرگە ئۇچراپ قېلىپمۇ بەختسىز بولۇپ قالىدۇ.

ئايسىخانىنىڭ سۆزىدىن ئۇ ئۆزىگە بىرئاز تەسەللى تاپتى، ياشلىرىنى ئېرتتى، بېشىغا سانجىلغان تارغاقنى ئېلىپ چاچلىرىنى تارىدى. شۇ ئارىلىقتا قىزى يىغلاپ ئويغىنىپ كەتتى.

— كۆكسىڭىزنى سېغىنىدى، — دېدى ئايسىخان كىچىككىنە قەدىرىيەگە ئېڭىشىپ قاراپ، — قاراڭ، ئىزدەۋاتىدۇ.

لەھەلبۇۋى ئۇنى قۇچىقىغا ئېلىپ ئېمىتىپ ئولتۇرۇپ، شالاڭ چاچلىق باشلىرىنى سىلاشقا باشلىدى.

— بىر ئادەم ئۆمرىدە ياخشى ئىش قىلالمىسىمۇ، يامان ئىش قىلماسلىقى كېرەك، كىشىلەرنىڭ ھۆرمىتىگە، ئالقىشىغا ئىگە بولالمىسىمۇ، يىرگىنچكە، نەپرىتىگە قالماسلىقى كېرەك-دە، — دېدى لەھەلبۇۋى جانلىنىپ، باشقىچە بىر روھلۇق، غەزەپلىك ئاۋازدا، — بۇرۇنغۇ بىلمىدىم، بىكار تەلەپلىك، بوشاڭلىق، ئۆي بىلەن كارى بولمايدىغان، ئەر تۇرۇپ ئەرلىكنى ئادا قىلمايدىغان نومۇسسىزلىق، ۋىجدانسىزلىقلىرىنى تۇزىلىپ قالار، دېگەن ئۈمىدتە ئۆي تۇتۇپ يۈردۈم. ھازىر ھەممە ئەسكىلىكلىكنى بىلدىم، كۆردۈم، ئېيتىڭا، كىشىلەرنىڭ نەپرىتىگە، قارغىشىغا قالغان ئادەم بىلەن ئەمدى قانداقمۇ بىر ياستۇققا باش قويىمەن!… مەن ئادەمغۇ، ياخشى - يامانىنى ياغاچ ئادەملا پەرق قىلالمايدۇ، ھايۋانمۇ پەرق قىلىدۇ: شاش ئاتنىڭ بېشىنى سىلىسىڭىز ياۋاشلايدۇ؛ ئىتنى ئۇرسىڭىز قورۇغا ھەرگىز كىرمەيدۇ. مەن بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئۆي تۇتسام، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر ئادەم بولۇپ قالمامدىم؟

لەھەلبۇۋى چوڭقۇر تىنىدى - دە، توختاپ قالدى.

— ئۇ ئۆيدىمۇ؟

— ئۆيدە تۇرالمىدۇ، دوختۇرغا كۆرۈنۈپ چىقاي، دەپ شەھەرگە كىرىپ كەتكەن. كۆرسىڭىز تونۇمايسىز، ساق يېرى يوق.

يەنە مېنى ئالداپ، سېدىرلار بىلەن مۇشتلىشىپ قالدىم، دەيدا ... ئەمدى تارتىشىدىغان يېرىممۇ، چىدىغۇچىلىكىممۇ قالمىدى، شەھەردە ئۆلمەس، چىقار، چىقسۇن، ئەمدى ئاجرىشىمەن، چوقۇم ئاجرىشىمەن!

— بوپتۇ، قىزىم، ئاجراشىسىڭىز ئاجرىشىڭ، ئەمدى سىزنى ھېچكىممۇ ئەيىبلىمەيدۇ. تۇرىدىغان يەردىن ئەندىشە قىلماڭ، سىز ئۈچۈن ئىشىكىم ئوچۇق، — دېدى ئايسىخان.

لەھەلبۇۋى گويا ئابدۇسالامدىن ئاجرىشىپ كەتكەندەك يېنىكلەپ، خاتىرجەملىنىپ قالدى ۋە ئىتتىك قەدەملەر بىلەن ئۆيىگە ماڭدى. ئۇنىڭدىن ئۇزۇل - كېسىل ئايرىلىش قارارىغا كېلىشى ئۇنى شۇنداق تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

## 20

لەھەلبۇۋى ئەينەككە قاراپ، چىرايىدا يېڭىدىن پەيدا بولغان ئالامەتلەر، روھىي چۈشكۈنلۈكلەردىن قورقۇپ كەتتى. ئۇ ئەينەككە قارىمىغىلى بىرنەچچە كۈن بولغان، شۇ بىرنەچچە كۈندە شۇنچىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر بولىدىكەن - ھە: ئېغىزىنىڭ ئەتراپى ھەم ئېڭىكىدە بىرنەچچە تال ئۇششاق قورۇقلار پەيدا بوپتۇ، مەڭزىدىن قىزىللىق قېچىپتۇ، چىرايى سولغۇن گۈلدەك سارغىيىپ، خۇنۇكلىشىپ، ئويچان كۆزلىرى خىرەلىشىپ، يالتىراق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ھالسىز ئېسىلىپ قاپتۇ، قاپقارا چاچلىرى پاخپىيىپ، پۈتۈن تۇرقىدىن غەمكىنلىك، مەيۈسلۈك ئالايىتەنلا بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئۇ چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ، ئەينەكنى دۈم قىلىپ قويدى.

ئۇ ئابدۇسالامنىڭ شەھەردىن تېزرەك چىقىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتمەكتە ئىدى. ئۇنى بۈگۈن چىقىپ قالار، ئەتە چىقىپ قالار دەپ تۇرغاندا، ھويلىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك لە-

ھەلبۇۋىنىڭ ئاپىسى پەيدا بولدى. ئۇنىڭ چىقىشىنى كىم ئويلى-
غان؟! لەھەلبۇۋى ئاپىسىغا ئۆزىنى ئاتتى ۋە خېمىر يۇقى قوللى-
رى بىلەن ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى، ئىچ - ئىچىدىن تارتىۋاتقان
ئازابلىرى، ھەسرەت - ئەلەملىرى قوزغىلىپ، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى
سىلكىمەكتە، كۆز يېشى بولۇپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئەگەر ئۇ،
شۇ تۇرقىدا قوزغالغان ھېس - تۇيغۇلىرىغا ئاجىزلىق قىلسا،
بەلكى ھوشىدىنمۇ كەتكەن بولار ئىدى.

ئۇلار ئۆيگە كىرىشتى. ئانىنىڭ دەردى - ھەسرىتى قىزى-
نىڭكىدىنمۇ ئېغىر بولۇپ، ئۇمۇ ھوشىدىن كەتكىلى تاس قالغان-
دى.

— قانداق ئەھۋالىڭ، بالام؟

— ياخشى، ئاپا، ياخشى.

— بالىلىق بوپسەن، مۇبارەك بولسۇن. ئاڭلىغان، چىقال-
مىدىم، ئىلاجىم يوق چىقالمىدىم... جان بىلەن ئېلىشقان سائەت-
لىرىڭدە بېشىڭدا بولالمىدىم، قىزىم، راست بىز ئاجىز ئىكەن-
مىز، — دېدى ئۇ كۆز يېشىنى بېشىدىكى ياغلىقىنىڭ ئۇچىغا
ئېرتىپ.

— قانداقلارچە چىقىپ قالغانسەن، ئاپا، يا دادام پەيلىدىن
ياندىمۇ؟

— يېنىش نەدە، بالام، ئۆيدە ئۇكىلىرىڭ سېنىڭ گېپىڭنى-
مۇ قىلالمايدۇ، شۇنداقلا گەپ باشلاپ قالسا، داداڭ: «ئۇنۇڭنى
ئۆچەر! ئۆلگەن ئادەمنىڭ نېمە گېپى» دەپ ۋارقىراپ كېتىدۇ،
ئىچىمدە: «توۋا» دەپ قالىمەن.

ئانىنىڭ بۇ يەرگە چىقالمىغىنىغا سەل كەم ئىككى يىل
بولغان. قىزى بۇ يەرگە چىقىپ، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن، ئۇ
بالا ھىجرانىغا چىدىماي، يوشۇرۇنچە بىر قېتىم چىققان. بىراق
ئۇنىڭ چىققانلىقىنى دادا بىلىپ قېلىپ، شۇ كۈنى شۇنچە يىللىق
ئائىلىنىڭ ھۆرمىتىنىمۇ قىلماي، ئۇنى «ئۈچ تالاق» قىلىۋەت-

كەن.
ئانا شۇ ئىشلارنى سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:
— شەرىئەتنىڭ مىڭ بىر پۈتمىقى بار دېگەندەك، قازىئاخۇ-نۇملار پەتىۋا تاپتى. شۇ يىلى ھېيت نامىزى بىلەن جۈمە نامىزى بىر كۈندە كېلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئۈچ تالاقنى كەينىگە ياندۇ-رۇپ قايتا نىكاھ قىلىپ قويدى. بولمىسا، بۇ رەسۋاچىلىقلاردىن باشنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەتتۇق، دېگىن.
— ئەمىسە، قانداق چىقالىدىڭ، ئاپا؟
ئانا ئۈچ ۋىلايەت ھۆكۈمىتى مىللىي ئارمىيىنىڭ ئالدىنقى سەپتە تۇرۇۋاتقان قىسىملىرىدىن ھال سوراش ئۆمىكى تەشكىل قىلغانلىقىنى، شۇ ئۆمەكنىڭ تەركىبىدە دادىسىنىڭمۇ بارلىقىنى، ئۇلارنىڭ يەنىسخەيگە يۈرۈپ كەتكەنلىكىنى، بالىلارنىڭ مەدەت بېرىشى بىلەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، بۇ يەرگە يوشۇرۇن-چە چىققانلىقىنى ئېيتىپ بەردى.
ئانا قىزىنىڭ تۇرۇۋاتقان ئۆيلىرىگە بىرقۇر سەپسېلىپ چىق-قىپ، تاتلىق ئۇخلاۋاتقان نەۋرىسىنى ئاۋايلاپ قولىغا ئالدى ۋە ئۇنىڭ بۇدرۇق يۈزىگە مېھرى بىلەن سۆيۈپ قويدى.
— كۆڭلۈمنىڭ كەينىگە كىرىپ كېتىپتىمەن، ئاپا، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى.
بالا بېقىپ قاتارغا قوشۇۋاتقان ئانىلار بالىلارنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئوتتا يېنىپ، قانداق ئوتتا كۆيۈۋات-قانلىقىنى دەررۇ پەملىيەلەيدۇ. ئانا قىزىنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ چىرا-يىدىن بىر خىل مەيۈسلۈك، غەم - ئەندىشە ئالامەتلىرىنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى بايقىغان. بۇنىڭسىزمۇ ئۇ پۇشايماننى ئېپادى-لەپ قويۇۋاتىدۇ.
— قانداق بالام، تۇرمۇشۇڭ كۆڭۈلسىزمۇ؟
— ياق، ئاپا، تۇرمۇشۇم شۇنداق كۆڭۈللۈك، — ئۇ ئابدۇ-سالام بىلەن ئاجرىشىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسمۇ، لېكىن ئاپىسىنى

غەمگە سېلىپ قويماسلىق ئۈچۈن تىرىشىماقتا ئىدى، — كۆڭلىرىمۇ شۇنداق مەنىلىك ئۆتۈۋاتىدۇ. بالا ئوقۇتۇش، تەربىيىلەش كۆڭۈللۈك ئىش ئىكەن. ئاپا، كەچكىچە كۆڭۈم شۇلار بىلەن، يالغۇزلۇقۇمدا قەدىرىيەمۇ قارغىش ئەمەس، سىلەردىن ئايرىلىپ قالغىنىمغا يىغا تۇتۇۋاتىدۇ.

— ئابدۇسالام كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— دادىسى چاقىرتىپتىكەن، شەھەرگە كىرىپ كەتكەن.

— نېمە ئىش قىلىۋاتىدۇ؟

— شۇ، دېھقانچىلىق.

ئانىسى، لەھەلبۇۋى ئېغىزىدا تۇرمۇشۇم كۆڭۈللۈك دەۋاتسىمۇ، چىرايىدىن ئېپادىلىنىپ تۇرغان غەمكىنلىكنىڭ، جۇدەپ قۇرۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى كوچىلاش - سۇرۇشتۇرۇشنى خالىمىدى. «يىغلىغاندىن گەپ سورىماسلىق كېرەك» دەپ ئويلىدى.

لەھەلبۇۋى ئادەم ئەۋەتىپ ئايىسخاننى چاقىرتىپ كەلدى، بىللە تاماق يېيىشتى. ئايىسى ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. لەھەلبۇۋىمۇ ئۇلارغا ئاتاپ ئېلىپ قويغان سوۋغىلىرىنى ئايىسىغا تۇتقۇزدى.

لەھەلبۇۋى ئايىسىنى ئېرگىلۇ هارۋىدا شەھەرگىچە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆزى كېچىلەپ يەنە شۇ هارۋىدا يېنىپ چىقتى.

※ ※

ئابدۇسالام شەھەردىن چىققۇچە لەھەلبۇۋى رايونغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن ئاجرىشىش ئىلتىماسىنى سۇنۇپ بولغانىدى. ئابدۇسالام شەھەردىن چىققاندا، ئۇنى رايونغا چاقىرتقان چاقىرىق قەغىزى كېلىپ بولغان. ئىككىسى قەغەزنى كۆتۈرۈپ رايونغا باردى. بىراق ئابدۇسالام ئۆز ئىختىيارىچە لەھەلبۇۋىنى قويۇۋەتمەيدى-

غانلىقىنى بىلدۇرۇپ، سۆزىدە چىڭ تۇرۇۋالدى. رايون كادىرى ئەتىگىچە ياخشى ئويلىشىپ كېلىشنى تاپىلاپ ئىككىسىنى ياندۇرۇۋەتتى. بىراق ئۇ ئابدۇسالامغا ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، لەھەلبۇۋىنى تىللاپ، ئاھانەت قىلسا، بىرەر زىيان - زەخمەت سالسا، قولغا ئېلىنىدىغانلىقىنى ئەسكەرتىپ قويدى. ئابدۇسالام ئىشنىڭ بۇ دەرىجىگە يېتىدىغانلىقىنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمىغانىدى. شۇڭا رايوندىن بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئۈنسىز قايتىپ كەلدى.

ئەمما ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن، لەھەلبۇۋى خىيالىغا كەلتۈرۈپ باقمىغان بىر ئىش يۈز بەردى. ئۇلار ئۆي تۇتقان ئىككى يېرىم يىلدىن ئوشۇقراق ۋاقىتتىن بېرى، ئۇ ئابدۇسالامنىڭ كۆزىدە ياش كۆرمىگەن، بۈگۈن كۆردى. ئۇ يىغلاپ يالۋۇرۇشقا باشلىدى:

— ئۇنداق قىلما، لەھەل، ئادەم بولىمەن، ئەزبىرايى خۇدا ئادەم بولىمەن...

— مەن سىزنى ئادەم بولۇپ قالار، دەپ مۇشۇ چاغقىچە كۈتتۈم، ئادەملىكتىن بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتىڭىز، سىز بىلەن ئېزىپ قېچىپتىمەن، ياشلىقىمنى خازان قىلغىنىڭىزمۇ يېتەر ئەمدى!

— بۇرنۇمغا سۇ كىردى، قىلغانلىرىمغا پۇشايمان قىلىۋاتىمەن، ئارىمىزدا بىر بالا بار ئەمەسمۇ، — ئۇ تاراملاپ تۆكۈلۈپ تۇراتتى، يالۋۇراتتى، چىرايى، پۈتۈن تۇرقى ئېچىنىشلىق تۈسكە كىرىپ قالغانىدى.

— بالا؟... سىز بالىنى، خوتۇننى، ئۆينى ئويلىمىدىڭىز؟ مەڭگۈ ئويلىمىغان، سىز ئادىمىلىك، ئاتىلىق قەرز ھەققىدە ھېچنېمىنى بىلمەيسىز ھەم بىلىش ئىقتىدارىڭىزمۇ ئىگە ئەمەسسىز!

— ئاپامنى، دادامنى چاقىرتىپ چىقاي، چوڭلارنى چاقى-

راي، شۇلارنىڭ ئالدىدا قەسەم قىلاي، توۋا - ئىستىغبار ئوقۇي…

— كونىلاردىن «تاسما يېگەن ئىت ئۆلگۈچە خۇيىنى تاشلىمايدۇ» دېگەن گەپنى ئاڭلىۋىدىم، راست ئىكەن.

— كونىلارنىڭ ھەممە گېپى توغرا چىقىۋەرمەيدۇ.

— باشقىلارغا توغرا چىقمىسىمۇ، سىزگە پۈتۈنلەي توغرا چىقىدۇ.

— قويمىسام، قانداق قىلىسەن! — ئۇ دېۋەيلىدى.

— نارەسىدىگە چېقىلغىنىڭىزنى تېخى دېمىدىم، ھوشىڭىزنى تېپىڭ، يەنە سىزنى ئاياۋاتقىنىمنى بىلىڭ - ھە!

ئەتىسى ئۇلار رايونغا باردى. ئابدۇسالام ئۇ يەردە ئاخشام ئۆيدە دېگەن گەپلىرىنىڭ قېتىنى چىقارمىدى. لەھەلبۇۋى ئۆيدىن ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى ئېلىپلا چىقىپ كېتىشكە رازى ئىكەنلىكىنى بىلدۈردى. مۇنداق بولغاندا ئايرىلىپ كېتىشمۇ ئاسانغا چۈشەتتى. رايون كادىرى ئابدۇسالامدىن بالىنىڭ ئون سەككىز ياشقىچە ئانا بىلەن تۇرىدىغانلىقىنى، شۇنىڭغىچە ئاتىنىڭ راسخوت يەتكۈزۈپ بېرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭدىن كېيىن قەيەردە تۇرۇش بالىنىڭ ئۆز ئىختىيارى ئىكەنلىكىنى، شۇنىڭغا رازى بولۇش - بولماسلىقىنى سورىغاندا، تېرىكىپ كەتكەن ئابدۇسالام:

— بولدى، ئالسۇن، ئۇنىڭدەك قانجۇقتىن تۇغۇلغان كۈچۈك ماڭا كېرەك ئەمەس، — دېدى. لەھەلبۇۋىمۇ:

— ئۇ جېنىنى بېقىۋالسۇن، ماڭا ئۇنىڭ راسخوتى كېرەك ئەمەس، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن تەس بىلىنگەن ئايرىلىش يېرىم سائەتتىلا پۈتتى. خەت - توختام قىلىنىپ، ھەر ئىككىسىلا قول قويدى.

ئىككىسى يەنە بىللە قايتتى. لەھەلبۇۋى ئۆيگە كېلىپ، ئۆزىنىڭ كىيىم - كېچىكىنى، ئۇششاق - چۈششەك نەرسىلىر-

نى ئېلىپ ئۆيدىن چىققاندا، ئۇنىڭ كەينىدىن چىققان ئابدۇسالام:

— يا شەھەرگە چۈشۈپ كېتەلمىسەڭ، يا بۇ يەردە تۇرغۇدەك باشقا ئۆيۈڭ بولمىسا، نەگە بارىسەن؟ مۇشۇ ئۆيدە سەن تۇر، مەن شەھەرگە كىرىپ كېتىمەن، ماڭا قارا، جاھىللىق قىلما، — دېۋىدى، لەھەلبۇۋى:

— ياخشى كۆڭلىڭىزگە رەھمەت، مەكتىپىم بار، ماڭىمۇ مەشەدە بىرەر - يېرىم ئېغىز ئۆي تېپىلىپ قالار، — دەپ كەينىگە قايرىلىپمۇ قويماي، قورۇدىن چىقىپ كەتتى.

ئىككى يېرىم يىل تۇتۇلغان ئۆي شۇ مىنۇتتا گويا تاڭدا ئېچىلىپ، كەچتە تۆكۈلگەن گۈلدەك توزۇپ كەتتى. ئابدۇسالام ئۆيگە يېنىپ كىردى - دە، بېشىنى چاڭگاللاپ تاپىسىدا ئولتۇرۇپ قالدى. بىردەمدىن كېيىن ئۇ ئۆيىنىمۇ، ھويلىنىمۇ بوران ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە لەھەلبۇۋى مەكتەپكە باردى. مەكتەپتىكىلەر ئۇنىڭ چىرايىنىڭ ئېچىلىپ، روھلىنىپ قالغانلىقىنى تەبرىكلىشىپ تۇرغاندا، بىرى ئۇنىڭغا ئوقۇغۇچىسىنىڭ دادىسى چاقىرتقانلىقىنى ئېيتتى. لەھەلبۇۋى ئوقۇتقۇچىلار بۆلۈمىدىن چىقىپ، قورۇدا ئۆزىگە قاراپ تۇرغان، ھېلىقى چاغدا ئۆتۈك ئېلىپ بەرگەن ئوقۇغۇچىسى رىزايدىنىنىڭ دادىسى، پەخە شاڭيۇنىڭ قورۇ خىزمەتچىسى ئالايدىنىنى كۆردى. ئىككىسى تىنچ - ئامانلىق سوراشتى. ئالايدىنىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەنىدى. ئۇ لەھەلبۇۋىنى بىر چەتكە تارتىپ تەسلىكتە مۇنداق دېدى:

— سىزگە ئېيتمىسام بولمىدى، سىڭلىم، ئېرىڭىزگە نەسىھەت قىلىپ قويۇڭ، ئەمما ئىنسانغا تىنغۇچى بولماڭ، نە ۋاقتا ئۇنى يېرىم كېچە مەھەلدە ئاتلارغا بېدە سېلىپ چىقىۋېتىپ، شاڭيۇنىڭ كىچىك خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە پۈت ئۇچىدا دەسسەپ كىرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ قالدىم. ھەي بۇ ئابدۇسالامدۇ،

ئەمەسمىدۇ، مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان ئايدەك خوتۇنى تۇرسا، ئۇ ئۇنداق قىلماس، دەپ ئويلاپتىمەن. بۇگۈن يەرگە يېقىندىن يورۇق چۈشۈۋاتقاندا، ئۇنىڭ يەنە كىچىك خوتۇنىنىڭ ھۇجرىسىدىن چىقىپ، باغقا چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى ئېنىقلا كۆرۈپ قالدىم. ناھايىتى قورقۇپ كەتتىم، سىڭلىم، سىز بىلمەيسىز، پەخەنىڭ مىجەزى مىجەز ئەمەس، توڭگۇزدەك ئادەم، بىلىپ قالىدىغان بولسا، ئۆلتۈرۈۋېتىشتىن يانمايدۇ. ئۆزىڭىزلا بىلىڭ، سىڭلىم، ئايىغىنى تارتسۇن، سىزگە دەپ قوياي دەپ ئۇدۇل مەشەگە كېلىشىم.

ئالايدىنىنىڭ بۇ گەپنى كۆتۈرۈپ كەلگىنىگە قارىغاندا، ئىككىسىنىڭ ئاجرىشىپ كەتكەنلىكىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوقلۇقى ئېنىق ئىدى. بىراق لەھەلبۇۋى ئۇ توغرۇلۇق گەپ ئاچماي:

— بولىدۇ، ئاغا، مەن گەپ قىلاي، سىلىمۇ باشقا بىرىگە بۇ ئىشنى تىنغۇچى بولمىسىلا، — دەپ ئۇنى يولغا سالدى ۋە ئۆزىمۇ ئەنسىرەپ قالدى: «بۇ ئىش ھامىنى بىر كۈنى ئاشكارىلىنىدۇ، راست، پەخە شاڭيۇ ناھايىتى يامان ئادەم، ئاشكارىلىنىپ قالىدىغان بولسا، ئابدۇسالام ئۇنىڭ سىم قامچىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ، ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈۋېتىشىمۇ مۇمكىن، — دەپ بىرقىسما بولۇپ قالدى ئۇ. يەنە بىر تۇرۇپ، — ھەي تاڭەي، ئۇمۇ پەخە شاڭيۇنىڭ مىجەزىنى بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ئۆلگۈدەك قورقىدۇ. خوتۇنىغا چېقىلىشقا قانداقمۇ جۈرئەت قىلغاندۇ» دەپ ئىككىلىنىپمۇ قالدى.

لېكىن ئالايدىنىنىڭ ئەكەلگەن خەۋىرى راست ئىدى: بىر كۈنى ئابدۇسالام چىڭقىچۈش ۋاقتىدا پەخە شاڭيۇنىڭ قوش قاناتلىق يوغان دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈشىگىلا ئالدىغا «توك» قىلىپ بىر نەرسە چۈشتى. چۈشكەن نەرسە — كەھرىۋا ئىدى. ئابدۇسالام ئېڭىشىپ، ئۇنى قولىغا ئالدى ـ دە، ئىتتىك دېرىزىگە قارىدى. دېرىزىدىن شاڭيۇنىڭ كىچىك خوتۇنى ئۇنىڭغا كۈلۈپ

قاراپ تۇراتتى. ئابدۇسالامنىڭ تېنى «جۇغغىدە» قىلىپ قالدى ۋە ئۇياق - بۇياققا قارىدى.

— قانداق، كەھرىۋارىم چىرايلىقمىكەن؟ — دېدى ئۇ كۆز-لىرىنى ئويىنىتىپ، قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ.

— چىرايلىق ئىكەن.

— مەندىنمۇ چىرايلىقمىكەن؟

— سىزگە يەتمەيدىكەن.

— سىز چىرايلىقلارنى بىلەمسىز؟

— ئەمدى بىلىۋاتىمەن.

— شۇنداقمۇ... ئەمدى بىلگەن بولسىڭىز، قېنى، كەھرىۋا-رىمنى ئەكېلىپ بەرمەمسىز؟

— ماڭا بېرىۋەتتىمىكىن، دېسەم...

— شۇنىڭغىلا رازى بولامسىز؟

ئابدۇسالام ئۇياق - بۇياققا قارىدى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. «شاگيۇ ئۆيدە يوق ئىكەن - دە!» دەپ ئويلىغان ئابدۇسالام دېرىزە تۈۋىگە كېلىپ كەھرىۋانى ئۇنىڭغا كۆلۈمسىرەپ سۇندى. چىرايىغا تەبەسسۇم ئولاشقان، گۈلدەك ئېچىلىپ كەت-كەن كىچىك خوتۇن بىر قولىدا كەھرىۋانى ئېلىپ، يەنە بىر قولىدا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى.

— ئۆيگە كىرىڭ، — دېدى كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.

— باي ئاكام نەگە كەتتى؟

— باي ئاكىڭىز ئۆيدە بولسا، سىز بۇ يەرگە كېلەلەمسىز، شەھەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— قاچان چىقىدۇ؟

— ئۈچ كۈندە.

— ئەمىسە، كېچىدە كېلەي.

— مەشەدىن كىرىڭ، دېرىزىنى ئوچۇق قويىمەن.

— كوچا خەتەرلىك.

— ئەمسە، ئىشكنى ئەتمەي.

شۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇسالام پۇرسەت بولسىلا ئىشىكتىن، دېرىزىدىن كىچىك خوتۇننىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ ـ چىقىپ تۇرغان.

لېكىن، ئۇ لەھەلبۇۋىدىن ئايرىلغان كۈنى يەنە شۇ ھۇجرىغا كىرگىنىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ كوچىغا كىرمىدى. تالا ـ تۈزلەرگە ئانچە چىقماس، سېدىرلارنىڭ كەينىگە كىرمەس، قولىغا قارچىغا قوندۇرماس بولۇپ قالغان. كىشىلەر: «ئۇ بۇرۇنلا مۇشۇنداق يۇرگەن بولسا، ئۆيىمۇ بۇزۇلماس ئىدى، دەپ ئويلاشقان. بىراق ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندە، ھېلىقى خۇپىيانە ئويناش قايتا باشلىنىپ، ئۇلار ئاشكارىلىنىپ قالدى. پەخە شاڭيۇ ئويناشنىڭ ئۇستىگىلا چۈشتى. ئۇ كىچىك خوتۇننى ئۇرۇپ ھوشسىز قىلىۋەتتى. ئابدۇسالام دېرىزىدىن ئۆزىنى ئېتىپ قۇتۇلدى. قۇتۇلغان بىلەن شاڭيۇ ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرى ئابدۇسالامنى قاتتىق ئىزدەشكە چۈشتى. شەھەرگە كىردى، ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. ئۇلار ئىزدەشتىن بىردەممۇ توختاپ قالمىدى، تەرەپ ـ تەرەپكە چاپتى، ئىزدەشتىن توختاپ قالىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشقا كۆزى يەتمىگەن ئابدۇسالام مىللىي ئارمىيە شتابىغا بېرىپ، ئۆزىنى ھەربىيلىككە تىزىملاتتى ۋە ئالدىنقى سەپكە بېرىشنى قاتتىق تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالدى. ئۇ ئالتايغا ئەۋەتىلىپ، بىر يىلدىن كېيىن باندىتلارغا قارشى ئۇرۇشتا قۇربان بولغانلىق خەۋىرى كەلدى. بۇ مەزگىلدە لەھەلبۇۋى ئايسخاننىڭ ئۆيىنىڭ يېنىدىن بىر پارچە ئاق يەرگە جاي سېلىپ ئورۇنلىشىۋالغانىدى.

لەھەلبۇۋى ئۆزى بىلەن ئىككى يېرىم يىل ئۆي تۇتقان، يالغۇز قىزى قەدىرىيەنىڭ ئانىسى، ئۇرۇش قۇربانى ئابدۇسالام ئۈچۈن پۈتۈن يۇرتنى چاقىرىپ نەزىر ئۆتكۈزدى.

قەدىرلىك كىتابخان! لەھەلبۇۋىنىڭ ئاتا ـ ئانىسى تۇرۇپمۇ

ئاتا - ئانىسىز ياشاۋاتقانلىقىنىڭ سىرى ئېچىلغاندۇ؟... ئۇنىڭ
دەسلەپكى ھايات - سەرگۈزەشتىلىرىنىڭ جەريانى مۇشۇ. شۇنىڭ-
دىن كېيىن ئۇ قايتا ياتلىق بولماي، قىزى قەدىرىيەنى چوڭ
قىلدى، دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگۈزدى. بۇ ئىشلار كى-
تابخانىلارغا ئايان. ئىلگىرىكى ئىشلارنىڭ تەپسىلاتىنى ئەمدى توخ-
تالساق بولار.

## 21

قەدىرىيە بىلەن زامانىدىن، سەبىھە بىلەن نۇرزات بىر -
بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقلىرىنى بىلىپ بولۇشتى. بىراق،
بۇنى تېخى ئىچىدىن چىقارغىنى - ئېيتقىنى يوق. ئۇلار
تالاي - تالاي قېتىم بىللە بولۇشتى، جۈپ - جۈپ بىلەنمۇ بىللە
بولۇشتى، لېكىن دائىم خىيال سۈرىدىغان ھەم نازۇك، ھەم
شېرىن ئويلىرىنى تىلغا ئالالمىدى. دەسلەپ مۇنداق بىللە بولۇش-
لاردىن سەل - پەل غەلىتىلىك، قورۇنۇش ھېس قىلىغان،
بارا - بارا ئۇنداق ھېسلار قوزغالمايدىغان بولدى. كېيىنچۇ؟
سەبىھە قەدىرىيەگە، زامانىدىن نۇرزاتقا ئېيتمىسىمۇ چۈشىنىپ
تۇرغان شېرىن ئوي - خىياللىرىنى ئېيتىشتى، بىر بۇرۇقتۇرمى-
لىقنى يېشىشتى. ئەمما ئېيتىشقا تېگىشلىك ئادەملەرگە ئېيتال-
ماي، يەنە بىر بۇرۇقتۇرمىلىقنىڭ ئازابىغا قالدى. ئۇلار
سۆيگۈ - مۇھەببەتنىڭ ئىنتايىن نازۇك، نومۇسچان تۇيغۇ ئىكەن-
لىكىنى بىرىنچى قېتىم سەزمەكتە ئىدى ۋە ھەممىلا ئادەم بىز-
دەكمىدۇ دەپ قىينالماقتا ئىدى.

كۈنلەر ئايلارنى قوغلاپ مانا يىلمۇ ئۆرۈلدى. ئۇلار
1964 - يىلىنىڭ تۆتىنچى ئېيىغا كىرىپ كەلدى، كۆڭۈلدىكى
گەپلەر تېخىچە ئېيتىلغىنى يوق. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە بۇ يىل
ئوقۇش تۈگىتىدۇ. ئۇلارنى ئوقۇش تۈگىتىش ئىمتىھانى، بىر

ئايلىق پراكتىكا ۋە خىزمەت تەقسىماتى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ.

ئۇلار پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئىمتىھانى تەييارلىقىغا كىرىشىپ كەتتى. ھەر كۈنى ئىككى - ئۈچ سائەتلا ئۇخلاپ قالغان ۋاقىتنى ئىمتىھان تەييارلىقىغا ئاتىدى. بىر ئايغىچە مەھەللىگىمۇ چىقمىدى.

— ئاداش، — دېدى نۇرزات بىر كۈنى زامانىدىنغا، — ئۇلار ھازىرغۇ ئىمتىھان بېرىۋاتىدۇ، ئۇمۇ تۈگەر، خىزمەت تەقسىماتى قانداق بولار، قاياقلارغا كېتەر؟

— مېنىڭمۇ كاللامغا بىرنەچچە كۈندىن بېرى مۇشۇ ئوي كىرىۋالدى، — دېدى زامانىدىنمۇ ئەنسىرەۋاتقانلىقىنى يوشۇرماي.

— ئۇلار ئوقۇش پۈتتۈرۈش ئانكېتىلىرىمىزغا: «ئۆز يېزىمىزغا بارىمىز، دەپ يازىمىز» دېگەن. شۇنىڭغا قارارمۇ؟

— قارىشى مۇمكىن، — دېدى زامانىدىن ئويلىنىپ، — بىراق ئادەمنى قورقۇتىدىغان بىر ئىش بار.

— نېمە ئىش؟

— ئۇ «ئېھتىياج» ئاتلىق ئىش. ئۇنداق ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى - مۇنداق ئېھتىياجلىق بولۇپ قالدى، دەپ باشقا يەرلەرگە تەقسىم قىلىنىۋەتسە، ھېچنېمە دېگىلى بولمايدۇ.

ئۇلار ئەنسىز ئۇچقۇنلار يانغان كۆزلىرى بىلەن بىر - بىرىگە قاراپ، ئۈنسىز تۇرۇپ قېلىشتى. ئۇلارنىڭ ئەنسىرىشىنىڭمۇ سەۋەبى بار، چۈنكى ئەنسىرىگۈدەك ئىشلار مەشەدىمۇ ئۆتكەن.

— ئەگەر بولمىغاندا، بىز رەسمىي يۈرگەندىن كېيىن، باشقا ياقلارغا تەقسىم قىلىنىپ كەتسىمۇ مەيلىتى...

— باشقا ياقلارغا كەتسە، «كۆزدىن يىراق — كۆڭۈلدىن يىراق» بولۇپ قالارمىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، ئاداش، — دېدى زامانىدىن ئەندىشىسىنىڭ سەۋەبىنى ئېچىپ، — بەختى بىلەن توختىنىڭ ئىشىدەك بولۇپ قالسا، يۈرگەن - يۈرمىگەنىنىڭ نېمە

پەرقى؟

زاماندىنىڭ «بەختى بىلەن توختىنىڭ ئىشىدەك» دېگىنى ئەسلىي مۇنداق ئىش ئىدى: بەختىگۈلمۇ، توختاخۇنمۇ مۇشۇ يېزىلىق قىز-يىگىتلەر ئىدى، بەختىگۈل ئىلى دارىلمۇئەللىمىنگە ئوقۇشقا كىرگەن، توختاخۇن تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگىتىپ، ئوقۇشقا كىرەلمىگەن. ئۇلار ئاتا-ئانىلىرىنىڭ نۇرغۇن قارشىلىقلىرىنى يېڭىپ يۈرۈشكەن. بىر-بىرىنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈشكەن. لېكىن بەختىگۈل ئوقۇشنى تۈگەتكەندە، ئۇنى تېكەس ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىۋەتكەن. ئۇ تەقسىماتنى ئۆز ناھىيىسىگە ئۆزگەرتەلمىگەندىن كېيىن، ئاخىر توختاخۇن بىلەن كېلىشىپ، بېرىپ بىر يىل ئىشلەش، ئاندىن خىزمىتىنى ئالماشتۇرۇش، ئالماشتۇرۇشقا يەنە پۇتلىكاشاڭ چىقسا، توي قىلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئالماشتۇرماقچى بولغان. شۇنداق قىلىپ، ئۇ تېكەس ناھىيىسىگە كەتكەن. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، ھېچ ئويلىمىغان يەردىن بەختىگۈلنىڭ مۇھەببىتىنى تىببىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ چىقىپ، شۇ يەردە ئىشلەۋاتقان بىر يىگىت قوزغاپ قويغان. ئۇ ئۇنىڭغا بېرىلىپ توختاخۇننى ئۇنتۇشقا باشلىغان. شۇنداق قىلىپ، بەختىگۈل تېكەسكە بېرىپ پەقەت ئالتە ئايدىن كېيىنلا ھېلىقى يىگىت بىلەن توي قىلىۋالغان. بەختىگۈلنىڭ توي قىلغانلىق خەۋىرى كەلگەندە، توختاخۇن ناھايىتى ئېغىر ئازاب، نادامەتتە قالغان ۋە جۇدەپ قورايدەك بولۇپ قالغان. بۇ بىر يىلنىڭ ئالدىدىكىلا ئىش.

— مەشەگە تەقسىم قىلىنغىنى ياخشى، ئەڭ بولمىسا، بىزنىڭ ناھىيە تەۋەسىدىكى باشقا مەكتەپلەرگە تەقسىم قىلىنسىمۇ بولاتتى، — دېدى نۇرزات ئويچان قىياپەتتە زاماندىنغا قاراپ.

— ھېچ گەپتىن-ھېچ گەپ يوق نېمانداق خىياللارنى قىلىپ كېتىمىز، ئاداش، — دېدى زاماندىن كۈلۈمسىرەپ، — بىرگە دەپ بەرسەك كۈلۈپ كېتىدۇ-دە.

شۇ گەپ بىلەن ئىككىسى كۈلۈپ كەتتى.

نەق شۇ چاغدا قەدىرىيە بىلەن سەبىھە مەكتەپنىڭ بۇك ـ باراقسان دەرەخلىرى ئارىسىدا ئىمتىھانغا تەييارلىق قىلىشىۋېتىپ، مۇشۇ ھەققىتىكى گەپكە چۈشۈپ قالدى. ئۇلار تونۇگۇنلا خىزمەتكە تەقسىم قىلىنىش ئانكېتىلىرىنى تولدۇرغانىدى. ئانكېتىنى ئىككىسى مەسلىھەتلىشىپ ـ كېلىشىپ تولدۇرغان. «نېمە ئىش قىلىشنى ئارزۇ قىلىسىز؟» دېگەن كاتەكچىگە «ئوقۇتقۇچى»، «قەيەردە ئىشلەشنى خالايسىز؟» دېگەن يەرگە «غۇلجا ناھىيەسى»، «ئەسكەرتىش» دېگەن كاتەكچىگە ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپنىڭ نامىنى يازغانىدى، يازغاندىمۇ قەتئىي قىلىپ يازغان. قايسى كۈنى مەكتەپ مۇدىرى قەدىرىيەنى چاقىرتىپ، ئۇنى مەكتەپكە ئېلىپ قېلىشنى ئويلىشىۋاتقانلىقىنى، ئۆزىنىڭ قانداق پىكرىنىڭ بارلىقىنى سورىغان. قەدىرىيە ئۆز ناھىيىسى، ئۆز يېزىسىغا كېتىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۆزىنى ياخشى ئوقۇتقان مەكتەپكە رەھمەت ئېيتقان. لېكىن مۇدىر مەكتەپنىڭ قەدىرىيەدەك ياخشى ئوقۇغانلارغا ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ رازى بولۇشىنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇ يېزا مائارىپىنىڭ سۈپىتىنى كۆتۈرۈش ھازىرقى مۇھىم ئىش ئىكەنلىكىنى، ئوقۇش تۈگەتكەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاكتىپلىق بىلەن يېزىلارغا بېرىشىنىڭ لازىملىقىنى، بۇ نۇقتىنى مۇشۇ مۇدىرنىڭ ئۆزى چوڭ يىغىندا سۆزلىگەنلىكىنى ئېيتىپ قەتئىي ئۆز يېزىسىغا بارىدىغانلىقىنى يەنە بىر قېتىم تەلەپ قىلىپ، مەكتەپكە ئېلىپ قالماقچى بولغانلىقىنى رەت قىلغانىدى. قەدىرىيە مۇدىر بىلەن بولغان بۇ سۆھبەتنى سەبىھەگە ئېيتمىغانىدى.

— زامانىدىنلار بىزنىڭ چىقمايۋاتقانلىقىمىزنى قانداق ئويلاۋاتىدىكىن؟ — دېدى سەبىھە قولىدىكى دەپتەرنى يېپىپ.

— بىزنىڭ ئىمتىھان بېرىۋاتقانلىقىمىزنى بىلىدۇ، ئويلاۋاتقان بولسا، بىزنىڭ تەقسىماتىمىزنى قانداق بولۇپ كېتەر، دەپ

ئويلاۋاتقاندۇ، بۇنى بىزمۇ ئويلاۋاتىمىزغۇ، — قەدىرىيەمۇ دەپتىدىرنى يېپىپ ئۇنىڭغا يۆلەندى.
— باشقا يەرلەرگە تەقسىم قىلىنىۋەتسە، قانداق قىلارمىز؟
— قەتئىي ئۇنىمايمىز - دە.
— ئۇلارمۇ قەتئىي ئۇنىمىسىچۇ؟
— ئۇلار ئۇنچىلىك قىلىپ كەتمەيدۇ، چۈنكى بىز شەھەردە قالىمىز دېمىدۇق، يېزىغا بارىمىز دەۋاتىمىز - دە.
— ئەگەر بىزنى باشقا يەرگە تەقسىم قىلىپ قويسا، زاماندىن بىلەن نۇرزات ئۆلىدۇ، جۇمۇ…
— بىزچۇ؟
— بىزگىمۇ ئېغىر كېلىدۇ، ئەمما ئۇلار بەختى بىلەن توختىنى ئويلاپ تۇگىشىپ كېتەرمىكىن دەيمەن.
— بىز بەختىگۇلدەك ئۇجمە كۆچۈل ئەمەس شاختىن - شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان…
— سەھرالىقلىرىمىزنى تازا سېغىندۇق، ھە، ئاداش؟
— ساراڭ…
— ئاغزىڭدا ساراڭ دەيسەن - دە، ئاخشام شۇ تۇرقىدا زاماندىنلار نېمە ئىش قىلىۋاتىدىغاندۇ، دېۋىدىڭغۇ؟
— سەبىھە، بىزمۇ قىزىق، ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق نېمانداق گەپلەرنى قىلىپ كېتىمىز؟
— نېمىشقا ھېچنېمىدىن - ھېچنېمە يوق؟ بىز ئۇلارنى بىلىپ بولغاندەك، ئۇلارمۇ بىزنى بىلىپ بولدى. قاراپ تۇر، بۇدا مەھەللىگە چىقساق، چوقۇم دەيدۇ، ھازىر دەي - دەي دەپلا قالدى.
ئىككىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.
ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يوشۇرغۇدەك ھېچنېمە قالمىغانىدى. قىزلار قوزغالغان ھېس - تۇيغۇلىرىنى يېقىن دوستلىرىغا ئېيتىشقا ئامراق بولىدۇ. سەبىھەگە قارىغاندا ئۆزىنى تەمكىنرەك

تۇتىدىغان قەدىرىيەمۇ ھازىر سۆيگۈ ھېسلىرىنى يوشۇرمايدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۆمۈرنىڭ ئون سەككىز ياشلىق مەزگىلى — ئىشق گەپلەرگە تەشنا مەزگىلى، مۇھەببەتنى ھەر خىل يوللار بىلەن ئاشكارىلاشقا ئىنتىلىپ تۇرىدىغان دەۋرى. ئەمما قىزلار-نىڭ قىزلىق نومۇسى بىرىنچى بولۇپ، ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىشنى توسۇپ تۇرىدۇ. شۇنداقتىمۇ ئۇلار مەھەللىگە چىقىشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتىدۇ. ئىمتىھان تۈگىسە، ئالدىنقى يىللاردىكى-دەك خىزمەت تەقسىماتىنى ئېلان قىلغۇچە، بىر ئاي، بىر يېرىم ئاي، بەلكى ئىككى ئاي كۈنلەر بىكار ئۆتىدۇ. بۇ كۈنلەرگە يەتكەندە، مەھەللىگە كۈندە چىقسىمۇ بولۇۋېرىدۇ ـ دە، ئىككى قىز ئاشۇ كۈنلەرنىڭ پاتراق كېلىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتۈپ، ئىمتىھان ئارىلىرىدا ئىختىيارسىز ئۇ ھەقتىكى تېمىغا كۆچۈپ قالاتتى.

مەكتەپ پۈتتۈرۈشكە ئاز قالغان ۋاقىت — ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئۆزىگە جۈپ تاللايدىغان، خېلىدىن بېرى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغان ئەمما ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالمىغان ئارزۇ ـ مەقسەتلىرىنى ئاشكا-رىلايدىغان پەيت. شۇ كۈنلەردە ئىمتىھانغا جىددىي تەييارلىق قىلىۋاتقان بولسىمۇ، مۇشۇ بوك ـ باراقسان دەرەخ ئارىلىرىدا بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلىۋاتقانلارنى ئاز دەمسىز؟! مۇھەببەت ھېسسى قوزغالغان چاغدا، ھەر قانداق مۇھىم، جىددىي ئىش قايرىلىپ قېلىۋېرىدۇ!

※ ※

ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان، پراكتىكىلىرىمۇ ئاخىرلاشتى. ئۇلارنىڭ تەقسىماتىغا تېخى خېلى بار. يېقىن ئەتراپتىن كەلگەن ئوقۇغۇچىلار ئۆيلىرىگە بېرىپ ـ كېلىشكە تەرەددۇتلىنىۋاتقاندا، ياش مۇئەللىم شۆھرەت قەدىرىيەنى ئىمتىھان نومۇرلىرىنى جەم-

لىشىپ بىرىشكە چاقىرىپ قالدى. ياق، دېيىش ئەپسىز، بۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىنىڭ نومۇرلىرىنى كۆرۈۋېلىش مۇمكىن. قەدىرىيە ئۇنىڭ ياتىقىغا سەل ئەندىشە قىلىپراق كىردى. شۆھرەت قولاشمىغان ھەرىكەتلىرى بىلەن چايداندىن ئىستاكانغا چاي قۇيدى. قەدىرىيە قورۇنۇپ ئولتۇردى.

ئالدىنقى كۈنى ئۇ ئاغىنىسى بەختىيار بىلەن سۆزلىشىپ، قەدىرىيە بىلەن سەبىھەگە تەلەپلىرىنى قايتا قويۇپ باقايلى، دەپ: «بىز بىلەن يۇرسەڭلار، سىلەرنى شەھەرگە ئېلىپ قالغىلى بولىدۇ دېسەك، ئۇلار قىزىقىپ ماقۇل دەيدۇ، سەھرالىق قىزلار شەھەردە قېلىشنى ئاڭلىسا، خۇش بولۇپ بېشى ئاسمانغا يەتمەيدۇ» دېگەندە، بەختىيار:

— ھەي تاڭەي، ئۇنايدىغاندەك ئەمەس، تاتلىق ئاغزىمنى ئاچچىق قىلىپ نېمە قىلاي، — دەپ جاۋاب بەرگەن.

— نېمانچە ئۈركۈپ كەتتىڭ، — دېگەن شۆھرەت، — ئەمدى ئۇنايدۇ، سەن دېمىسەڭ مەيلى، مەن دەيمەن.

شۇ نىيەت بىلەن ئۇ قەدىرىيەنى ياتاقتا باشلاپ كىردى. ئۈستەل ئۈستىدە نومۇر جەملەشنىڭ تەييارلىقى يوق ئىدى.

— قەدىرىيە، نومۇرلار جەملىنىپ بولغان، مەن تەلىپىمنى ئاخىرقى قېتىم ئېيتىش ئۈچۈن سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كىردىم، — دېدى شۆھرەت قوللىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سەزمەي، — ئوقۇش تۈگەتتىڭىز، ئوقۇتقۇچى بولۇش ئالدىدا تۇرۇۋاتىسىز، مەكتەپكە تىزىملىتىپ قوياي، تىزىملىتىپ قويسامىلا، سىزنى چوقۇم مەكتەپكە ئېلىپ قالىدۇ. ھېچبولمىسا، شەھەردىكى باشقا مەكتەپلەرگە ئېلىپ قالىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، شەھەر دېگەن بىلىم ئوچىقى...

— سىزگە ئوخشاش ئۇنىۋېرسىتېتلارنى تۈگەتكەنلەر كەينى ـ كەينىدىن كېلىۋاتسا، مېنىڭدەك ئوتتۇرا تېخنىكوملارنى تۈگەتكەنلەرنى نېمە قىلىدۇ، — دېدى قەدىرىيە چىرايىنى قىلچە

ئۆزگەرتمەي.

— ئېلىپ قالىدۇ، چوقۇم ئېلىپ قالىدۇ، ئەلاچىلارنى تاللاپ ھەر يىلى ئېلىپ قېلىۋاتىدىغۇ، سىزنىڭ گېپىڭىز بولىغان.

قەدىرىيە ئوقۇتقۇچىسى شۆھرەتنىڭ گەپ قىلغاندا ھاياجانلىنىپ تىترەپ كېتىشلىرىدىن ھەقىقەتەن ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ ئۇدۇل قارىيالماي ئوڭايسىزلىنىپ گەپ قىلىشلىرىمۇ شۇنى دەلىللەپ تۇراتتى.

— ھازىرقى مائارىپ يۆنىلىشىگە يۈزلىنىشىمىز كېرەك، مۇئەللىم. يېزا خەلقى بىزنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ئۆزىڭىز بىلەن ئوبدانراق كېڭىشىپ بېقىڭ، شەھەردە بىللە ياشىساق ياخشى ئەمەسمۇ؟

قەدىرىيە «ياق» دېگەن مەنىدە بېشىنى چايقىدى. شۆھرەت سەل تېرىكتى ئېھتىمالىم:

— سەھرايىقىيامەت دېگەن گەپ بار، سەھرادا مەڭگۈ توپا كېچىپ يۈرمەكچىمۇ سىز؟ — دېدى.

— ھەئە، مەھەللەمىنىڭ توپا ـ چاڭلىرى ئىپار پۇرايدۇ.

— نېمانداق ئەخمەقلەردەك گەپ قىلىسىز؟

— ئۆزىنىڭ تۇغۇلغان يېرىدىن مېھرىنى ئۈزەلمىگەن ئادەم سىزچە ئەخمەق بولىدىكەن ـ دە؟

— ئەخمەق بولماي… شەھەر دېگەن شەھەر، ئاۋات، يېزا دېگەن يېزا، چۆل تۇرسا…

— ھە، مەيلى، مەن شۇنداق ئەخمەق.

بۇ جاۋابقا شۆھرەتنىڭ خېلىلا ئاچچىقى كەلگەن بولسا كېرەك، ئاخىرى كۆڭلىدىكى گۇمانىنى دەۋەتتى:

— توپا ـ چاڭلىرى ئىپار پۇرايدۇ دېگۇچە، ھېلىقى سەھرالىقلىرىڭىزنى ئىپار پۇرايدۇ، دەڭا!

— شۆھرەت ئەپەندىم، ناھايىتى زېرەك ئىكەنسىز، دېگىنىد

ڭىز توغرا، سەھرالىقلىرىم ئىپار پۇرايدۇ.

ئارىنى ئېغىر جىملىق باستى. شۆھرەت تىترەپ كەتكەن قوللىرى بىلەن تاماكا يۆگەپ چەكتى ۋە كەينى - كەينىدىن قاتتىق شوراشقا باشلىدى. بىر ئادەم ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىپ، كۈتكەن مەقسىتى - تىلىكىگە يەتسە، ئۆزىنى تەڭدىشى يوق بەختكە يەتكەندەك ھېس قىلىدۇ. ئەگەر كۈتكەن مەقسىتى - تىلىكىگە يېتەلمىسە، ئۆزىنى ئېيتقۇسىز ئېغىر ئىزاغا، ئازابقا قالغاندەك سېزىدۇ. قەدىرىيەنىڭ ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىپ قالدى. ئەگەر ئۇ «سەھرا چۆل»، «سەھرالىقلىرىڭىزنى»، «توپا كېچىپ» دېمىگەن بولسا، ئۇنىڭغا ئۇنچىلىكمۇ تېگىپ كەتمەس ئىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇردى - دە، شۆھرەتتىن كەچۈرۈم سورىدى:

— گەپلىرىم ئېغىر كەتكەن بولسا ئەپۇ قىلىڭ، ئەپەندىم، مەن چىقاي.

— ياتاقتا يالغان ئېيتىپ ئەكىرگىنىمنى سىزمۇ ئەپۇ قىلىڭ.

## 22

قەدىرىيەلەر يېزىغا چىقتى. ئۈچ يىللىق ئوقۇشنى پۈتتۈرۈپ، گويا قەرزىنى تۆگىتىپ يېنىكلەپ قالغان ئادەمدەك يايراپ چىقتى. قەپەستىن قۇتۇلغان قۇشتەك قانات قېقىپ چىقتى. كىرىپ كېتىشكە ئالدىرىمايدىغان بولۇپ چىقتى. شۇڭا پىيادە باسقان يولنىڭ ئازابى قىلچىلىك بىلىنمىدى. مەھەللىگە كىرىپ كەلگەندە، كوچىنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى كۆرۈمسىز يېزا ئۆيلىرى باشقىچە تۇستە گۈزەللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈندى. ئۇلار باغرى ئىسسىق يېزىنىڭ ئىللىقلىقى، مېھرىنى شۇنچىلىك سېغىنغانىدىكى، بىر ئايغىچە كۆيۈپ - ئىچ تارتىپ يۈردى. مانا

هازىر ئۇلار شۇ مېھرگە چۈمۈلمەكتە، كۆمۈلمەكتە...
ئىككىسى شۇنداق ھاياجانلىنىپ كېلىۋاتقاندا، يېزا مەكتە-
پىنىڭ مۇدىرى ئۇچراپ قالدى. ئىككى قىز ئۇنىڭغا تەڭلا سالام
قىلدى. مۇدىر ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىغاندىن كېيىن:
— خىزمەت تەقسىماتىڭلار قانداق بولۇۋاتىدۇ، قىز-
لىرىم؟ — دەپ سورىدى.
— مەكتەپ تەقسىماتنى ئىشلەۋاتىدۇ، شۇنىڭغىچە بىز دەم
ئېلىپ كېلەيلى، دەپ چىقىشىمىز، — دېيىشتى ئۇلار.
— ئېسىڭلاردا بولسۇن، بىز سىلەرگە بەكمۇ ئېھتىياجلىق،
قىزلىرىم، سىلەرنىڭ چىقىشىڭلارنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتى-
مىز. لەھەلبۇۋىگىمۇ ئېيتىپ قويغان. خەۋىرىڭلاردا باردۇ، تو-
لۇق ئوتتۇرا سىنىپلارنى ئاچماقچى بولۇۋاتىمىز، بىراق سىلەر-
دەك كەسپىي مەكتەپلەرنى پۈتتۈرگەنلەر ناھايىتى ئاز، قىيىنچى-
لىقىمىز ئېغىر.
— باشقا يەرگە تەقسىم قىلىپ قويسا، ئىلاجىمىز يوق -
دە، — دېدى سەبىھە چاقچاق قىلىپ كۈلۈپ.
— ياق، ياق، ھەرگىز ئۇنىماڭلار، يېزىغا بارىمىز دېسەڭلار
ئۇلار خۇشال بولىدۇ.
— شۇنداق بولىدۇ، — دېدى قەدىرىيە، — سەبىھە ئوينى-
شىپ دەۋاتىدۇ. بىز ئانكېتىلىرىمىزنى ئۆز يېزىمىزغا بارىمىز،
دەپ تولدۇردۇق. سىنىپ تەربىيىچىمىزگىمۇ شۇنى دېدۇق، چو-
قۇم مەشەگە كېلىمىز.
— يارايسىلەر، قىزلىرىم، يارايسىلەر، يۇرت بالىسى شۇن-
داق بولىدۇ. باشقا يېزىلارغا قارىغاندا، بىزنىڭ يېزىدىن كەسپىي
مەكتەپلەر، تېخنىكوملارغا كېتىپ بارغانلار يوقنىڭ ئورنىدا.
سەۋىيىلىك مۇئەللىملىرىمىز كۆپەيسە، بالىلىرىمىزنى كۆڭۈل
قويۇپ، قاتتىق تەلەپ بىلەن تەربىيىلەپ، يۇقىرى مەكتەپلەرگە
ئەۋەتسەك، بىزنىڭ يېزىدىنمۇ يېتىشكەن زىيالىيلار چىقسا، ئو-

قۇمۇشلۇق ئادەملەر كۆپەيسە، نادانلىقلىرىمىز تۈگىسە ياخشى ئەمەسمۇ!

— بىزمۇ شۇنداق ئويلايمىز، — دېدى سەبىھە، — شۇڭا ئۆز يېزىمىزغا قەتئىي بارىمىز، دېدۇق.

— باركاللا قىزلىرىم، يۇرتنىڭ غېمىنى، بالىلىرىمىزنىڭ غېمىنى ھەممىمىز تەڭ قىلساق، مەھەللىمىزدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ ئاچالايمىز.

ئۇلار ئايرىلىشتى.

— ۋاي جېنىم قىزىم، ئەمدى ھاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى، سېنى ئاز جاپا بىلەن ئوقۇتتۇممۇ، — گۈلزارىخان قىزى بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشۈپ، كۆز يېشىنى يېڭىنىڭ ئۇچىغا ئېرتىپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى.

بۇلارمۇ خۇددى قەدىرىيەلەرگە ئوخشاش بىر ئانا، بىر بالا بولۇپ ياشاۋاتقان ئائىلە. «سېنى ئاز جاپا بىلەن ئوقۇتتۇممۇ؟» گۈلزارىخاننىڭ بۇ گېپى جايىدا ئېيتىلغان گەپ. گۈلزارىخان ئېرىدىن يالغۇز قىزى بىلەن قالغان. يوقنىڭ غېمىنى قىلىپ، تالاغا چىقسا ئاتا بولۇپ، ئۆيگە كىرسە ئانا بولۇپ، بار ـ يوقىغا قارىماي مۇشۇ قىزى سەبىھەنى باققان، كىچىنى تاڭغا ئۇلاپ، يېڭىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ، جېنىنى ئېقىتىپ يۈرۈپ ئۇنى ئۆستۈرگەن. «ئاتىسى يوق قىز بويىنىنى قىسىپ قالمىسۇن» دەپ، ئۆزى كىيمىگەننى كىيدۈرۈپ، يېمىگەننى يې- گۈزۈپ چوڭ قىلغان. بۇ جەرياندا لايىقلار چىقمىدى ئەمەس، چىققان، لېكىن «قىزىم ئۆگەيلىك تارتىپ قالمىسۇن» دەپ قايتا ياتلىق بولماي، بارلىق كۈچ ـ قۇۋۋىتىنى ئۇنىڭغا سەرپ قىل- غان. ياش تۇل قالغان خوتۇننىڭ ئۇستىدە سۆز ـ چۆچەك تېرىل- ماي قالامدۇ؟ ئاۋۇ كىرىپ كەتتى، ماۋۇ چىقتى ـ يەي، ئۇنىڭغا كۆز تاشلىدى، بۇنىڭغا قاش ئاتتى ـ يەي... دېگەندەك ئۆسەكلەر تېرىلغان. ئۇ شۇلارنى يېڭىپ، ئۆز تىلى بىلەن ئېيتقاندا، ھەم-

مىنى خۇداغا قويۇپ ئۆرە يۈردى. ئازاب، نادامەت، دەرد — گۈلدەك ياشلىقنى توزۇتۇۋەتتى. مانا شۇنچە جاپادا بېقىلغان توپا كېچىپ، ئېتىز - قىرلاردا تېزەك تېرىپ يالاڭ ئاياغ ئۆسكەن ئاشۇ قىزى هازىر ئوقۇشىنى تۈگىتىپ خىزمەتكە چىقىش ئالدىدا تۇرۇپتۇ. هەسرەتلىرىنى ئۇنتۇلدۇرۇپ، ئۇنى ياشىتىپ تۇرغانمۇ مۇشۇ قىزى. گۈلزارىخانىنىڭ كۆزىگە ياش ئېلىپ «ئەمدى هاردۇقۇم چىقىدىغان بولدى» دېيىشىنىڭ سەۋەبى مانا شۇ، هازىر ئانا چەكسىز خۇشال ۋە مەغرۇر.

— ئىككى تالدىن لەغمەن ئېتەيلى قىزىم، چوش بولۇپ قالدى، يا باشقا نېمە يېگۈڭ بارمۇ؟

— ياق، ئاپا، ئۆيىنىڭ لەغمىنىنى شۇنداق سېغىنىدىم.

ئىككىسى لەغمەن ئېتىشكە — بىرى، كۆكتات توغراشقا، بىرى، خېمىر يۇغۇرۇشقا تۇتۇش قىلدى.

— سىلەرنى نەگە تەقسىم قىلىدىغاندەك تۇرىدۇ؟ — دەپ سورىدى ئاپىسى خېمىر يۇغۇرۇۋېتىپ.

— نەگە بولاتتى، مەشەگە.

— مۇشۇ يېزا مەكتىپىگىما؟

— هەممە يەردىكى مەكتەپلەر ئوخشاش، ئاپا، يېزىدا بولسا تۆۋەن، شەهەردە بولسا يۇقىرى بولۇپ قالمايدۇ. بىزمۇ شەهەردە ئوقۇغانلار بىلەن بىر مەكتەپكە قوبۇل قىلىنىپ، بىللە ئوقۇدۇق. قۇ، يا بىزنى قايرىپ قويدىمۇ؟

— شەهەردە ئىشلىسەڭ ياخشى بولاتتى، قىزىم، «كەمبەغەل بولساڭ شەهەر تالاش» دېگەن گەپ بار.

— شەهەر تالىشىپ نېمە قىلىمەن؟

— دېگەنلىرىمنى قۇلىقىڭدا تۇتماپسەن - دە؟

— يېزىمىزنىڭ نۇرغۇن باللىرى بىزگە قاراپ تۇرۇۋېتىپتۇ، مۇدىر بىلەنمۇ كۆرۈشۈپ قالدۇق، بىزگە شۇنچىلىك ئېهتىياجلىق ئىكەن.

گۈلزارىخان بۇنىڭدىن قىزى بىلەن قەدىرىيەنىڭ ھېلىقى ئىككى مۇئەللىمى بىلەن مۇناسىۋىتى باغلىنىپ قالغان يېرى يوقلۇقىنى بىلدى - دە، ئۈمىدى ئۈزۈلۈپ مەيۈسلىنىپ قالدى. ئەگەر ئۆزى ئويلىغاندەك بولسا، ئىككى قىز ھېچنېمىگىمۇ قارىماي، شەھەردە قالىمىز، دەپ پايپاسلاپ كېتەر ئىدى. شەھەردە قالسا ياخشى بولماسمىدى، خەقلەرنىڭ بالىلىرى ئوقۇش تۈگىتىپ، غۇلجىدا تۇرماق، ئۈرۈمچىلەردە قېلىپ ئىشلەۋاتىدىغۇ… بۇلارنىڭ ئەخمەق بولۇپ، ئېھتىياجلىق، پېھتىياجلىق دەپ يۈرگىنىنى قارىمامدىغان…

— بىر ئىلاج قىلىپ شەھەردە قال، قىزىم، ھېچبولمىسا ناھىيىدە ئىشلىسەڭمۇ مەيلىتى.

— شەھەرگە نېمانچىلا قىزىقىپ قالدىڭ، ئاپا؟

— ھەي جېنىم بالام، شەھەردە قالساڭ، كۆچۈپ كىرىپ كەتسەك، شۇ يەردە بىللە تۇرساق دەيمىنا.

گۈلزارىخانىنىڭ لەۋمەن پىلتىسىنى قىلىۋاتقان قوللىرى توختاپ قېلىپ، كۆزلىرى بىر نۇقتىغا تىكىلىپ قالدى. قىزى شەھەردە قالسا، زادى بولماي كەتسە، ناھىيىدە قالسا، جاپاسى ئازراق يەردە ياشاپ كۈنلىرىنى تىنچ، خاتىرجەم ئۆتكۈزسە كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولماسمىدى، يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتىدىغان ئادەم چىقماي قالامدۇ، بۇلارسىزمۇ چىقىپ كېلىۋاتىدىغۇ… نېمىشقا ئادەمنىڭ ئويلىغانلىرىنىڭ تېگىگە يەتمەيدىغاندۇ، ئۆزلىرىنىڭ بىلگىنى بىلگەنلا بولۇپ كەتتا…

— ھەي، ئاپا، مەشەدىمۇ ئەمدى بىللە تۇرىمىزغۇ؟

— شەھەرگە يېتەمدۇ…

— ئەگەر تەقدىر نېسىپ بولۇپ، — دېدى سەبىھە ئاپىسىنىڭ يېنىغا كۈلۈپ كېلىپ خۇددى بىرى ئاڭلاپ قالسا بولمايدىغاندەك ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مەن تۇرمۇشقا چىقىپ كەتسەم قانداق قىلىسەن؟

— ئۆزۈم يالغۇز تۇرىمەن.

— قىزىقسەن - دە، ئاپا، شەھەردە يالغۇز تۇرغاندىن مەشەدە يالغۇز تۇرغىنىڭ ياخشى ئەمەسمۇ؟ ئۆز قورۇ - جايىڭ، ئۆز يۇرتۇڭ، يۇگۇرۇپ چىقساڭ ئۆز مەھەللەڭ، كىمىنىڭكىگە بارساڭ تونۇش، بۇنداق ياخشى يەر قەيەردە بار؟

ئىككىسى ئۈنسىز تاماق يېيىشكە باشلىدى. گۈلزارىخان قىزىنىڭ دەلىلLIرىگە سۆز تېپىپ بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئەمما كۆڭلىدىكى غەشلىك كۆتۈرۈلۈپ كەتمىدى.

※ ※

زاماندىن، قەدىرىيە، نۇرزات، سەبىھە — تۆتى توقايلىقتا. سەبىھە بىلەن قەدىرىيە بۇلار بىلەن بىللە بولغاندا، ھېچقاچان ياسانغان ئەمەس، ئۇچىسىدا قانداق كىيىم بولسا، شۇنىڭ بىلەنلا بارغان. بۇگۈن ئىككىسى ئالايىتەن ياسىنىپ چىققان: ئىككىسى ئۇچىسىغا سۇس سۆسۈن رەڭلىك ئۇششاق گۈللۈك، تېگى ئاق، رۇباشكىلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان شىپۇن كۆڭلەك كىيگەن؛ بېشىغا ھاۋا رەڭ، گۈلى يېشىل نېپىز كە-سىنكە ئارتقان؛ پۇتىغا بار - يوقلۇقى بىلىنمىگۇدەك ئەت رەڭ يىپەك پايپاق، بىرىنچى مايغا ئۇلگۇرتۇپ ئالغان، پەقەت بىرلا قېتىم كىيگەن، ئارا پاشنىلىق، ئىسكەتلىك كۆل رەڭ تۇپلەي سايپقاندى. ئىككىسىدىن گۇپۇلدەپ ئەتىر پۇرىقى كېلەتتى. سەل جۇدىگەن بولسىمۇ، تېخىمۇ گۈزەللىشىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

— سىلەرنى نېمانداق كەلمەيدىغاندۇ، دەپ يولۇڭلارغا تازىمۇ قاراپ كەتتۇق، قارىغانسېرى يا چىقمايسىلەر، — دېدى زاماندىن باياتىن بېرىقى جىملىقنى بۇزۇپ.

بۇرۇن چاڭلىدىشىپ سۆزلىشىپ كېتىدىغان دوستلار بۇگۈن نېمىشقىدۇر كەم سۆز بولۇشۇپ قالغاندى. قىزىق ئىش، ھەر

بىر سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە ئېھتىيات قىلىش، قورۇنۇش بىلىنىپ تۇراتتى.

— بىزمۇ ئالدىرىدۇق، — دېدى سەبىھە، — ئىلاج قانچە، ئىمتىھانلار تۈگىمەي... ئاز قالدى، ئەمدى بىراقلا يېنىپ چىقىدىمىز. بەلكى كۈندە كۆرۈشۈپ تۇرارمىز، — ئۇ باشقىلىرىغا قارىغاندا ئەركىنرەك، دادىلراق ئىدى.

قەدىرىيە زاماندىنىڭ كۆزىگە ئاستا قاراپ قويۇۋىدى، ئۇ كۆزۈمنى چاپاق بېسىپ قالدىمىكىن، دەپ ئەنسىرەپ قالدى. سەبىھە نۇرزاتنىڭ ئايىغىغا قاراپ قويۇۋىدى، ئۇ پۇتىدىكى شىۋىكىنىڭ كونىراپ، ئاقىرىپ كەتكەنلىكىدىن نومۇس قىلىپ قىزىرىپ كەتتى. بۇ شۇنداق قىزىق ئىش: بىر ـ بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلار ئۇچرىشىپ قالغان چاغلىرىدا ھامان ئۆزىدىن نۇقسان ئىزدەيدۇ، بىرەر نۇقسانىم بىلىنىپ قالدىمىكىن، دەپ ئۆزىدىن ـ ئۆزى خۇدۇكسىرەيدۇ، ئادەتتە ياسانماي يۈرۈش، ياسىنىپ يۈرۈشكە ئۆزگىرىدۇ.

ئەنە، ئۇلار دەريانىڭ لېۋىدە ئولتۇرىدۇ. ئالدىدا ئۇلۇغ دەريا، ئۇنىڭ ئۇششاق دولقۇنلىرى بىردە كۆتۈرۈلۈپ، بىردە پەسىيىپ ئاقماقتا. باش ئۈستىدىكى دەل ـ دەرەخلەردە قۇشلار نەغمە ـ ناۋا قىلماقتا. ئەتراپ شۇنچىلىك گۈزەل، قارىساڭ قارىغۇڭ كېلىدۇ، كىشىنى ھاياجانغا سالىدۇ، شېرىن خىياللارغا غەرق قىلىدۇ. ئەمما زاماندىن بىلەن نۇرزات خىجىل، ئۇلارنىڭمۇ بىرقۇردىن يېڭى كىيىمى بار ئىدىغۇ، نېمىشقا مۇنۇ قىزلاردەك كىيىپ چىقمىغاندۇ؟

قىزلار ئىمتىھان مەزگىللىرىدىكى جىددىيلىكلەر توغرىسىدا، يىگىتلەر دېھقانچىلىقنىڭ ئالدىراش مەزگىللىرى ئۈستىدە ئارىلاپ ـ ئارىلاپ گەپ قىلىپ قويىدۇ، بىراق گەپلىرى قولاشمايدۇ. بۈگۈن بۇرۇن زادىلا كۆرۈلۈپ باقمىغان ئىشلار كۆرۈلمەكتە ئىدى.

— ئاغىنىلەر، بۇ يەرگە مىخلاپ قويغاندەك ئولتۇرغۇچە، يۈرۈڭلار توقايلىقنى ئارىلايلى، نى - نى گۈزەل يەرلەر بار، كۆرەيلى، — دېدى زامانىدىن. بۇ تەكلىپ ھەممىسگە ياقتى. بىرىنچى بولۇپ ئۇنىڭغا سەبىھە ئاۋاز قوشتى - دە، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ:

— راست، نېمانداق مۆرىمەس، ياۋاش قىز - يىگىتلەردۇ بۇ، قۇشلارنىڭمۇ ئىچى پۇشقاندۇ، تارقىلايلى، — دېدى.

لېكىن ئۇلار خۇددى بىرى بۆلۈپ قويغاندەك ئۆزلۈكىدىنلا ئىككىدىن بۆلۈنۈپ تارقالدى.

سەبىھە بىلەن نۇرزات يۇقىرىلاپ توقايلىقنى ئارىلاشقا باشلىدى. يۇلغۇنلار، جىغانلار، زىرىقلار، تاللار، قاغا جىگدىلىرى ئارىسىدا بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈنمەي كېتىپ باراتتى. لېكىن ئۇلار ئۈنسىز ئىدى.

— يۈرۈڭە، نۇرزات، ئاۋۇ يەر چىرايلىق ئىكەن. بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى سەبىھە نۇرزاتنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ.

ئىككىسى دەريا لېۋىدىكى باراقسان، يوغان بىر شېخى دەرياغا ئېگىلىپ تۇرغان جىگدىنىڭ تۈۋىدە يېقىن ئولتۇرۇشتى. نۇرزات يېقىن ئولتۇرۇشتىن قورۇندى. سەبىھە ئۇنىڭ قورۇنۇۋاتقانلىقىنى سەزدى.

— قۇشلار نېمىشقا سايرايدىغاندۇ؟ — دېدى قىز.

— خۇشاللىقتىن سايرايدىغاندۇ.

— بىزچۇ؟

— بىزمۇ خۇشال.

— نېمىگە خۇشال بولۇۋاتىمىز؟

— كۆرۈشكەنلىكىمىزگە.

— شۇلىما؟

ئەمدى نېمە دېيىش كېرەك؟ نۇرزات نېمە دېيىشنى بىلەلمەي خېلىغىچە تۇرۇپ قالدى. سەبىھە ئۇنىڭ نومۇسچان، تارتىنچ-

چاقلىقىنى بىلەتتى. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئېغىزىدىن چىقىرىشقا جۈرئەت قىلالمايۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتاتتى. بەلكى ئۇ «ئۇيات»، «سەت» دېگەن ئەندىشىلەردىدۇ.

نۇرزاتنىڭ بۈگۈن توقايلىققا كېلىشى باشقا ۋاقىتلاردىكى كېلىشكە ئوخشىمايتتى. سەبىھەگە بولغان مۇھەببىتىنى ئېيتالماقچى، ئاشكارىلىماقچى بولۇپ كەلگەن. بىراق، قېنى ئۇ جۈرئەت؟ پۈت - قولىدا جان قالمايۋاتىدۇ. ئۇياتچان، تارتىنچاق، جۈرئەتسىز ئادەمنىڭ ئۆز قەلبىدە يانغان مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشى نېمىدېگەن تەس - ھە… ئۇنىڭ ئۆز سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلالماسلىقى ۋە ئاشۇ جۈرئەتسىزلىكىدىن قىينىلىشى خۇددى تىك يارغا يامىشىۋاتقان ئەمما ئۇنىڭغا چىقالمايۋاتقان ئادەمگە ئوخشىشىدۇ. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، شۇ تۇرقىدا ئۇ تارتىنچاقلىق، جۈرئەتسىزلىك قىلىۋاتىدۇ، سەبىھە يارىتىپ بېرىۋاتقان پۇرسەتلەر، پەيتلەرنى قولدىن بېرىپ قويۇۋاتىدۇ. سەبىھە بولسا، دادىللىق كۆرسىتىۋاتىدۇ، ئەمدى ئۇ ئۆز مەيلىنى بۇنىڭدىن بۆلەك قايسى خىل ئۇسۇلدا بىلدۈرىدۇ؟

بىراق نۇرزات جىمجىت ئولتۇرغىنى بىلەن ئىچىدە ئۆز - ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتىدۇ: «ئادەم نېمىشقا ئۆزىنىڭ مەيلى، مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا پېتىنالمايدىغاندۇ؟ كۆڭۈل خالىغان، مەيلىڭ چۈشكەن، ئىنتىلىپ تۇرغان، ئۇنىڭمۇ مەيلى چۈشكەنلىكىنى، ئىنتىلىپ تۇرغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتقان ئىشىنى دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغاندۇ؟… ئۇ كەلسە، ئۇنى كۆرسەڭ، خۇشاللىقىڭدىن قىن - قىنىڭغا پاتماي قالىسەن، ئەمما شۇ خۇشاللىقىڭنى، خۇشاللىقىڭغا تەئەللۇق بولغان ئىشنى ئېغىزىڭدىن چىقىرالمايسەن، قېنى ئوغۇل بالىلىقىڭ؟»

سەبىھە ئۇنىڭغا يۆلىنىپ، دىمىغىدا غىڭشىپ ناخشا ئېيتىپ ئولتۇراتتى. كۆزلىرى دەريا دولقۇنلىرىدا ئىدى. نۇرزات ئۆز جۈرئەتسىزلىكىدىن ئازابلىق خىيالدا ئىدى. ئۇياتچانلىق تۇيغۇسى

- پەزىلەتلىك تۇيغۇ. لېكىن ئۇ چەكتىن ئېشىپ كەتسە كىشىنى داغدا قويىدۇ.

زاماندىن بىلەن قەدىرىيە ئۆلاردىن ئىككى يۈز مېتىردەك نېرىدا چىمەنلىكتە، جىگدىگە يۆلىنىپ بىر - بىرىگە قاراپ ئولتۇرىدۇ. يۇلغۇنلار، زىرىق، تاللار ئۆلارنى يوشۇرۇپ تۇرىدۇ. قۇشلار ئۆز تىللىرىدا توختىماي سايراۋاتىدۇ. نەم، ئارامبەخش توقاي شامىلى ئىككىسىنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە. لېكىن ئىككىسى ناگان - ناگاندا قىلىشقان ئېتىماس گەپلەردىن بىزار بولۇپ ئولتۇرماقتا. ھەر ئىككىسىنىڭ ئېيتماقچى بولغان ئەمما ئېيتالماۋاتقان گەپلىرى بار. ئۆلار ئۆزلىرىنىڭ نېمىگە قىينىلىپ، ئوڭايسىزلىنىپ ئولتۇرغانلىقلىرىنى ياخشى بىلىدۇ.

قەدىرىيە پېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەۋاتقاندەك بوش ئاۋازدا:

— كۈننىڭ چىقىشى - پېتىشى قالتىس مۆجىزە ئىكەن، كۈن چىققاندا يورۇق دۇنيانى كۆرۈپ، نۇرغا چۆمۈلىدىكەنمىز؛ ئۇ پاتقاندا دەھشەتلىك قاراڭغۇلۇققا چۆكۈپ قالىدىكەنمىز.

— شۇنداق، — دېدى زاماندىن، — كۈننىڭ چىقىشى گويا دۇنياغا كۆز ئېچىشىمىزغا، پېتىشى دۇنيادىن كۆز يۇمۇشىمىزغا ئوخشىشىدۇ.

— ئادەمنى قورقۇتماڭا.

— مەن شۇنداق قىياس قىلىمەن.

يەنە جىمجىتلىق باشلاندى، دەھشەتلىك قىياسمۇ ئۇنتۇلدى، چۈنكى ئۆلارنىڭ قەلبىنى ئارام بەرمەيۋاتقان ئىش ئىگىلەپ تۇراتتى. قەدىرىيە كۆزلىرىنى ئۇپۇق قىزىللىقىدىن ئېلىپ مۇنداق دېدى:

— بۇدا ئاپاملار يولىمىزغا تازا قاراپ كېتىپتۇ، سىلەرمۇ قاراپ كەتكەنسىلەر، تايىنلىق؟

— قاراۋېرىپ كۆزىمىز تېشىلەي دېدى.

— ئەمىسە سىېغىنىپسىلەر ـ دە؟
— سېغىنمايچۇ.
قەدىرىيە جىمىپ قالدى.
— قەيىرىڭىزدە سېغىنىدىڭىز، دېمەيسىزغۇ؟ — دېدى زاما-
نىدىن قوي كۆزلىرى بىلەن كۈلۈمسىرەپ.
— شۇنداق دەي دەپ تۇراتتىم.
— قوشاق بىلەن جاۋاب بېرەيمۇ؟
— مەيلى.

سەن قەيىرىڭدە سېغىندىڭ؟
مەن يۈرىكىمدە سېنى.

قەدىرىيە قىزىرىپ، كۈلۈپ كەتتى. ئۇمۇ: «مەنمۇ يۈرە-
كىمدە سېنى» دېگەن بولسا، بەلكى ئىش تۈگىگەن بولار ئىدى.
لېكىن ئۇنداق دېمىدى، دېمىگەن بىلەن ھېسسىياتى قوزغىلىپ،
ئىككى قولى ئۆزى سەزمىگەن ھالدا ئىككى يېنىدىكى كوكاتلارنى
ھەدەپ يۇلماقتا ئىدى. زاماندىن بولسا، دوستلۇقتىن پەيدا بول-
غان مۇھەببەتنى ئىزھار قىلىشنىڭ ناھايىتى قىيىنلىقىنى ھېس
قىلماقتا ئىدى. «ئۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە نېمە دېيىش كېرەك،
قەدىرىيە نېمىشقا ئىپادە بىلدۈرمەيدىغاندۇ؟ كېچە بولغان بولسىمۇ
مۇنچىلىك قىيىنىلىپ كەتمەس ئىدۇق» دەپ ئويلىدى زاماندىن.
ئەمما قەدىرىيەنىڭ ئويچان كۆزلىرىدىن، ئاق سېرىق سۇ-
زۈك يۈزىدىن، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرىدىن ۋە پۈتۈن تۇرقىدىن
قىزلارغا خاس نازاكەت، ئۇياتچانلىق ئەكس ئېتىپ، يۈرەك تەل-
پۈنۈشلىرىنىڭ، ھېس ـ تۇيغۇلىرىنىڭ تىلغا چىقالماي قىينىلد-
ۋاتقانلىقىمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. شۆھرەتنىڭ ئالدىدا، ئوقۇتقۇچد-
سىنىڭ ئالدىدا، شۇنچىلىك مەغرۇر، ئەركىن قىز زاماندىنىنىڭ
ئالدىدا — ئاددىي دوستىنىڭ ئالدىدا نېمانچىلا تىترەپ، ئۇنى

ئىچىگە چۈشۈپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىدۇ؟... قەدىرىيەنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھېسسىياتىغا تازا دىققەت قىلغان ئادەم ئۇنىڭ زامانىدىنىغا يانغان مۇھەببىتىنىڭ ئۆزىدە ئەزەلدىن بار بولغان غۇرۇر ۋە ئۇياتنى يېڭەلمەي تېپىچەكلەۋاتقىنىنى بايقىۋېلىشى مۇمكىن.

قاراڭغۇلۇق يېپىلىپ، ئۇلارنى قاپساپ كەلمەكتە. تۆتى قايتماقچى بولۇپ، ئارالنىڭ لېۋىگە كەلدى. سۇ ئۇلغىيىپ كېتىپتۇ، سۇرلۇك، قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قاپتۇ.

— سۇ ھازىر بىلىمىزدىن ئاشىدۇ، — دېدى زاماندىن قىزلارغا، — سىلەرنى ھاپاش قىلىپ ئۆتۈشمۇ خەتەرلىك، تېيىلىپ كېتىشىمىز مۇمكىن، ياخشىسى، بىر - بىرىمىزنى چىڭ تۇتۇپ ئۆتەيلى.

ئۇلار بىر - بىرلىرىنىڭ قوللىرىنى مەھكەم تۇتۇشۇپ، تېيىلىپ كەتسە يۆلىشىپ ئىلگىرىلىمەكتە. ئۇلغايغان سۇ كېچىسى قورقۇنچلۇق مەخلۇقتەك تۇس ئالىدۇ. قىزلار ئەندىشىدە، بىردە يېتىلىشىپ، بىردە ئۇلارغا يېپىشىپ ئۆتمەكتە ئىدى. ئىتتىك كېلىپ ئۇرۇلۇۋاتقان سۇ ئىككى قىزنىڭ يېڭى كۆڭلەكلىرىنى مەيدىسىگىچە ھۆل قىلىۋەتتى. بايىقى ئۇياتچانلىق، قورۇنۇش، جۇرئەتسىزلىكلەر ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كەتتى. ھېلىقى ئىككى مىسرا قوشاق ئەمدى ئېيتىلغان بولسا، قەدىرىيە نېمە دەيدىكىن؟

## 23

قەدىرىيە ئۆيگە قايتىپ كەلگەندە، لەھەلبۇۋى ئىچكىرىكى ئۆيدە يېتىپ قالغان، بىراق ئۇخلىمىغانىدى.

— قورسىقىڭ ئاچتۇ، قازان بېشىدا تاماق بار، يا ئىسسىتىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى ئاپىسى.

— بولدى يېتىۋەر، ئۆزۈم ئىسسىتىپ يەي.

قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ يېتىپ قالغانلىقىدىن خۇش بولدى. كېيىم - كېچەكلىرى تېخى قۇرۇمىغانىدى. مۇشۇ چاغقىچە توقايلىقتا يۈرگىنىنى ئاپىسى بىلىپ قالسا، خاپا بولىدۇ - دە. ئۇ چايخانىدا چۆكۈرۈپ قويغان لامپىنىڭ پىلىكىنى چىقىرىپ، تامدىقىنى ئىسسىتىپ ئاران يېرىمىنى يېدى. قورسىقى ئاچ بولسىمۇ، ھاياجىنى بېسىلمىغىنى ئۈچۈن كۆڭلى تارتمىدى. ئۇ لامپىنى «پۇۋ» دەپ ئۆچۈرۈۋەتتى - دە، ئاپىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ ياتتى.

ئۇ يېتىپ بەلكى ئىككى - ئۈچ مىنۇت ئۆتكەندە، قىزىپ كېتىپ يوتقانىنى ئېچىۋەتتى. كاللىسىغا كىرىۋالغان گادىرماچ خىياللارنى ئۆزىدىن نېرى قىلالمىدى. ئۇياققا ئۆرۈلەتتى - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. كېچە ئېغىر جىمىلىقتا چۆكۈپ كەتكەچكە، ئۇنىڭ چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىۋاتقانلىقى ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا ئۇيقۇ بەرمەيۋاتقان نەرسە بەدەن - بەدەنلىرىدىن قوزغىلىپ كەتكەن ھەم ئازابلىق، ھەم شېرىن بىر سېزىم، ئىنسان ئۇنىڭسىز ياشىيالمايدىغان، تەبىئەت ئەبەدىيلىككە ئاتا قىلىۋەتكەن مۇھەببەت ھېس - تۇيغۇسى.

ئۇ ئۆزىدىن بىر قەدەملا نېرىدا ياتقان ئاپىسىنى ئاللىقاچان ئۇخلاپ كەتتى، دەپ ئويلايتتى.

لەھەلبۇۋى قىزنىڭ ئۇياققا ئۆرۈلۈشى - بۇياققا ئۆرۈلۈشى، قوللىرىنى ئەنسىز تاشلىشى ھەم چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىشىدىن ئۇنىڭ ئۇخلىيالمايۋاتقانلىقىنى سېزىپ، بۇ چوقۇم بىرىگە كۆيۈپ قاپتۇ، دەپ ئويلىدى ئىچىدە. ئۇ ئۆزىنىڭ ئابدۇسالامنى ياخشى كۆرۈپ قالغان چاغلىرىنى ئىختىيارسىز ئەسلىدى. ئۆزىمۇ ئابدۇسالامنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندا شۇنداق بولغان، بەزى كېچىلەرنى سۆيگۈ تەقەززالىقىدا، ۋىسال تەشنالىقىدا تولغىنىپ، ئۇخلىيالماي ئۆتكۈزگەن ئەمەسمىدى... ئېنىقكى، قىزى شۇنداق ئوتتا تولغىنىۋاتىدۇ.

بۇ كىمگە ئاشىقتۇ؟

لەھەلبۇۋنىڭ كۆز ئالدىغا بىرىنچى بولۇپ قىزىنى ئىزدەپ چىققان ھېلىقى ئىككى مۇئەللىم كەلدى. «ئىككىسىنىڭ قايسى-سىكىن؟ — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — ئىشقىلىپ، ئىككى-سىنىڭ بىرىدۇ، قايسى بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن يۇرگەنمىدۇ، يۇرمىگەنمىدۇ؟ ئۆتكەنكى گېپىگە قارىغاندا، يۇرىدىغاندەك ئە-مەس، شوخ، ئىش كۆرگەن باللار ئىكەن، دېگەنىدى. ئەمما مەيلى قوزغىلىپ قالغان بولسا، كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۇنمەيدۇ. يۇرۇپ قويۇپ، سەمىمىيەتسىزلىكى، ئەسكىلىكى سېزىلىپ قې-لىپ، ئايرىلىپ كەتتىمۇ ـ يە؟... ئايرىلىپ كېتىپ، مۇھەببى-تىگە چىدىماي تولغىنىۋاتامدۇ ـ يە؟... ئۇنىڭ بىلەن يۇرۇۋاتقان بولسا ياكى مەيلى شەھەرنى تارتسا، ئوقۇش پۇتتۇرۇش ئانكىتىغا ئۆز يېزامغا بارىمەن، دەپ يازماس ئىدى. ئەمما ئۇنىڭ چىرايىدا، يۇرۇش ـ تۇرۇشىدا ئۆكۇنۇش، غەم، ئازاب ئالامەتلىرى يوق، بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟»

لەھەلبۇۋنىڭ ئۇخلاپ قالغاندەك تىنچ ياتقىنى بىلەن قىزى-نىڭ كەلگۇسى ھاياتى، تەقدىر ـ قىسمىتىنى ئويلاۋاتقانلىقى، ئۇخلىيالماي قىينىلىۋاتقان قەدىرىيەنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەيتتى. ئانىنىڭ خىيالىغا بىردىنلا زامانىدىن كېلىپ قالدى ـ دە، ئۆز خىيالىدىن ئۆزى چۆچۇپ كەتتى: «نۇرزاتقا قارىغاندا، زامانىدىنغا قىلغان مۇئامىلە ـ مۇناسىۋەتلىرىدە ئوڭايسىزلىنىش، سەل ـ پەل ئەيمىنىش، قورۇنۇش ئالامەتلىرىنى سېزىمەن. ئۇنىڭ مۇنۇ تولغىنىش، چوڭقۇر تىنىشلىرى ئۇنى ياخشى كۆرۇپ قالغانلىقى-دىن بولۇۋاتامدۇ ـ يە؟ ياق، ئۇنداق ئەمەستۇ. ئۆزى كىم، ئۇ كىم؟... بىز مۇنداق چاغلاردا كوچىلارغا ئانچە ـ مۇنچە چىقساق-مۇ، باشقا ۋاقىتلاردا چىقالمايتتۇق، كۆزىمىز ئېچىلمىغانىدى. بۇلار بىزگە ئوخشاشمايدۇ. مۇئەللىم يېتىشتۇرىدىغان مەكتەپتە ئۇچ يىل ئوقۇدى، كۆزى ئېچىلغان، ئەركىنلىكى قولىدا. شۇن-داق تۇرۇقلۇق مۇنۇ يېزا بالىسى — دېھقاننى ياخشى كۆرۇپ

قالماس. ئۇنداق ئىشقۇ بولمىغاندۇ، بولۇپ قالغان تەقدىردە ھەر-گىز يول قويمايمەن، مۇمكىن ئەمەس! راست، ئۇلار بىلەن يېقىن، كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەچكە، ئىجىل - ئىناق بولۇپ ئۆتكەن. بۇلارنىڭ يېقىنلىقى، دوستلۇقى ئۇلار ئۆيلەنگۈچە، بۇ-لار تۇرمۇشلۇق بولغۇچە داۋاملىشىدۇ. ئەمىسە بۇ كىمگە ئاشىق، كىمنىڭ ئىشقىدا تولغىنىپ ئاھ ئۇرۇۋاتىدىغاندۇ؟...» لەھەلبۇ-ۋى ئېنىق بىرنى قىياس قىلالمىدى. قىزنىڭ چوڭقۇر تىنىپ، ئازاب چېكىشىنىڭ سىرى كۆڭلىدە بىر تۈگۈن بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئانىمۇ، بالىمۇ ئورنىدىن روھسىز تۇردى. لەھەلبۇ-ۋى مەكتەپكە ماڭدى. چۈشتىن كېيىن سەبىھە كېلىپ قەدىرىيە ئىككىسى چاقىرىلغان چايغا — قوشنا يېزىغا كەتتى. لەھەلبۇۋى-نىڭ بىر ئاز ناۋى بولمىغاچقا، چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارماي، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ، ئايسخان موماينىڭ ئۆيىگە كىردى.

لەھەلبۇۋى كىرگەندە ئايسخان موماي يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ يېشى يەتمىشكە يېقىنلاپ قالغان بولسىمۇ، تېخى زېرەك، تېمەن، تېتىك، كىشىنىڭ ھالىغا يېتىدىغان مۇڭ-داشقاق موماي ئىدى. ئۇ لەھەلبۇۋىنىڭ چىرايىغا بىر قاراپلا ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر روھىي ئازابتا قالغانلىقىنى قىياس قىلدى.

— بىرقىسىملا كۆرۈنىسىزغۇ، قىزىڭىز چىقىپ خۇشال بولۇپ قېلىشۇدىڭىز، نېمە بولدى يەنە سىزگە؟

— ۋا - ھاي، نېمە بولاتتى دەيدىلا، قەدىرىيەنىڭ غېمى، — ئۇ يۇقىرىغا چىقىشقا ئۇنىماي، تاپسىدىلا ئولتۇردى - دە، موماينىڭ باشقا سوئالىنى كۈتمەي، ئۆزىگە بىر كېچە ئۇيقۇ بەرمىگەن ئىشلارنى سۆزلەپ چىقتى. موماي ئىشىنى توختىتىپ، ھەممە گەپلەرنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن:

— قەدىرىيە ئەقىللىق، — دېدى تەمكىنلىك بىلەن، — ئۇنىڭدىن نېمانچىلا ئەنسىزلىككە چۈشكەنسىز؟

— مېنىڭدەك قىسمەتكە قالمىغىيتتى، دەپ قورقىمەن،

كىم بىلىدۇ، كىمنىڭ ئوت ـ پىراقىغا چۈشتى...

— قىزىڭىز ھەر ئىشنى ئويلاپ قىلىدىغان قىز، قورقماڭ.

— يۈرەكئالدى بولۇپ قاپتىمەن.

— ئۆيدە ئولتۇرغان، ياخشى ـ يامانىنى پەرق قىلالمايدىغان ساددا قىز بولسا ئىدى، ئەنسىرىسىڭىز بولاتتى.

— بەربىر ياتلىق بولىدۇ، — دېدى لەھەلبۈۋى ئويچان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — بېشىدىن ئۆتتىغۇ، تېگى ـ تەكتىنى، قانداقلىقىنى ئۇقمىسا بولمايدىكەن، مېنىڭ ئۇنىڭدىن بۆلەك نېمەم بار؟

— قويۇڭا ئۇ ئىشنى، ئۆزىڭىزگە كېلەيلى، قەدىرىيەمۇ ئوقۇشنى توگەتتى، ئۆز يولىنى تاپتى. سىزچۇ؟ مۇشۇنداقلا ئۆتۈپ كېتەمسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ ئويلىمامسىز؟ — دېدى ئۇمۇ لەھەلبۈۋىگە تىكىلىپ قاراپ.

— ئەمدى ماڭا...

— ئۇنداق دېمەڭ، — سۆزىنى بۆلدى ئايىسخان موماي، — تېخى ياشسىز، تۇرمۇشقا چىقىۋالسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟ كۆڭ-لەڭ، بىر تەرەپتىن، بىر ئەرنى كۈتۈش ساۋابلىق ئىش، يەنە بىر تەرەپتىن، خاتىرجەم، كۆڭلىڭىز توق ئۆتىسىز.

— قويسىلارا شۇ ئىشنى...

لەھەلبۈۋى ھازىر قىرىق ياشقا كىرىپ قالدى. ئابدۇسالام-دىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قاققان ئەل-چىلەر، ئۆزىگە يۈزمۇ يۈز گەپ قىلغانلار ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇ ھەممىسىنى ياندۇرۇۋەتتى. ئايىسخان مومايىنىڭ ئويىچە، ئاشۇ لايىقلارنىڭ بەزىلىرى بولاتتى، ئۇنىڭغا باب كېلەتتى. تۇرمۇشقا چىقىۋېلىش توغرىسىدا قىلىنغان نۇرغۇن دالالەت ـ نەسىھەتلەر ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى. بىردە ئۇ: «بولدى، ئەر دېگەن شۇنداق بولسا، ئەرسىز ئۆتۈپ كېتەي» دېسە، بىردە: «كۆڭلۈم قىزمايدۇ، كۆڭلۈم قىزىغان ئىشتىن كۆرگىنىم ئاۋۇ، قىزىمىد-

غاندىن نېمە كۆرەرمەن» دەپ ئۇنىماي كېلىۋاتاتتى.

ئايىسخان موماي: «تۇرمۇش خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن جۇۋان بۇ، ئەمدى خۇدايىم بەختىنى بېرىۋەتسە ئەجەب ئەمەس» دەپ ئويلايتتى، شۇڭلاشقا پەيتى كەلسىلا تۇرمۇشقا چىقمۇۋېلىشقا دالالەت قىلىپ تۇراتتى.

— دۇنيادىن تىكەندەك يالغۇز ئۆتۈپ كېتەمسىز؟

— يالغۇزلۇققا ئۆگىنىپ قاپتىمەن، ئەمدى بىر ئەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالمايدىغاندەك قىلىمەن.

— ئۆي تۇتمىغان ئادەمدەك گەپ قىلىسىزغۇ؟

— راست، ئايىسخان چوڭنا، يۈرىكىمنى تىڭشاپ باقتىم، زادىلا مەيلىم يوق.

— تازا چوڭقۇر ئويلاشمايۋاتىسىز، ياش ئېقىن سۇدەك كېتىپ بارىدۇ، ئاغرىق - سىلاق، ئۆلۈم - يېتىم بار...

— «قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلمىقلىرى ئاندىن ئارتۇق» دېگەندەك، قەدىرىيەنىڭ ئالدىدىمۇ ئەمدى سەت دېسىلە؟

— بوپتۇ، — دېدى ئايىسخان موماي بېشىنى لىڭشىتىپ، — بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۆزىڭىز ئويلاپ قالارسىز.

لەھەلبۇۋى كەچتە ئۆيىگە يېنىپ چىقتى. ئۇ ئۆزلۈكىدىنلا بوشىشىپ كەتكەندى، بېشى سۇس ئاغرىۋاتاتتى. ئەينەككە قاراپ، چىرايىنىڭ ھالسىراپ كەتكەن ئادەمدەك سولغۇنلىشىپ كەتكەنلىكىنى بايقىدى، يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى، ھېچنېمە خۇشياقمايتتى. ئۇ ئارام ئالماقچى بولۇپ، ئىچكىرىكى ئۆيگە كىردى - دە، بېشىغا ئىككى تەكىيە قويۇپ ياتتى، بىراق ئارام ئالالمىدى. كاللىسىغا كىرىۋالغان ھەر خىل خىياللار ئارام بەرمىدى: «قەدىرىيە خىزمەتكە چىقسا، بىر يىل ئۆتەر، ئىككى يىل ئۆتەر، مەيلى كىم بىلەن بولمىسۇن، ھامىنى توينى قىلارمەن، — دەپ پىچىرلىدى ئۇ، — ئاتا - ئانام تۇرۇپ ئۇلارغا مەسلىھەت سالالمىسام، تويغا چاقىرالمىسام، مەن ئۇ توينى كىم

بىلەن قىلىمەن؟ ئەل ـ جامائەت نېمىمۇ دەپ قالار؟… مۇبادا
مېنىڭمۇ دىلىم تارتىپ بىرى بىلەن توي قىلماقچى بولۇپ قالسام
(قىزىمغىمۇ ھەم ئاتا، ھەم ئانا بولارمەن)، ماڭا كىم
بولىدۇ؟… توۋا، تەقدىر دېگەن شۇنچىمۇ رەھىمسىز بولامدۇ؟
دادامنىڭ باغرى تاشمىدۇ، مەن شۇنىڭ پۇشتىدىن تامغان ئاجىز
بالىغۇ، خۇدانىڭ سۈپىتى گۇناھلارنى مەغپىرەت قىلغۇچى
ئىدىكەن، دادام بىر بەندىغۇ… راست، دادام ھېچكىمنى ئۆزىگە
تەڭ قىلماي ‹مەندۇرمەن› دەپ يۈرگەن ئادەم ئىدى. مەن ئۇنىڭ
يۈزىنى يەرگە ئۇردۇم، ئەمما قىلغىنىمغا توۋا قىلدىم، ‹ئايىغىغا
يىقىلاي، پەشلىرىنى سۆيەي›، دېدىم. مانا يىگىرمە يىل بوپتۇ،
شۇنىڭغىچە ئېرىمەيدىغان قانداق يۈرەكتۇ، پۈتۈن بەدىنى مۇزدىن
يارالغانمىدۇ؟ مېنى ئۆلدىگە چىقىرىۋېتىپ، نەزىر قىلىۋەتكىنىچۇ
تېخى… نەچچە قېتىم ئادەم كىرگۈزدۈم، ماڭا ئىچى ئاغرىپ،
ئۆزلۈكىدىن كىرگەنلەرمۇ بار ئىكەن، توۋا قىلدىم، يېقىن-
مۇ كەلمەپتا».

لەھەلبۇۋى بىرنەچچە قېتىم مەھەللە ئاقساقاللىرىغا: «مەن
دادامنىڭ ئابرۇيىنى تۆكتۈم، بالىلىق قىپتىمەن، دادام مېنى
كەچۈرۈۋەتسۇن، كىرىپ ـ چىقىپ تۇراي، ئاتا ـ ئانام تۇرۇپ،
تېخى ئۇچۇرۇم بولمىغان يېتىم قۇشقاچتەك بولۇپ قالدىم» دېگە-
نىدى. لېكىن دادىسى ئالدىغا كىرگەن ئاقساقاللارغا چىرايىنى
ئاچماي: «ئۆلگەن ئادەم قاچان تىرىلىپ كەلگەن؟» دەپ قاتتىق
قوپاللىق قىلغان. مەسچىت خاتىپمۇ جۈمە نامىزىدا ئۇنىڭغا دارىتى-
مىلاپ: «سەۋەنلىك — گۇناھلارنى خۇدا كەچۈرگەن يەردە، بەندە
ئەلۋەتتە كەچۈرۈش كېرەك، سەۋەنلىك ئۆتكۈزگەن بالا ئاتا ـ
ئانىسىنىڭ ئالدىغا يىغلاپ كەلسە، ئۇنى قوينىغا ئالماقلىق زۆرۈر»
دەپ ھەدىستىن مىساللارنى ئېلىپ سۆزلىسىمۇ پىسەنت قىلمى-
غان.

لەھەلبۇۋىنىڭ بېشىغا كەلگەن بۇ قىسمەت ئۇنى يىگىرمە
يىلدىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ تۇرمۇشى خەير-

لىك بولۇپ كەتكەن بولسا، ئېھتىمال، ئۇ بۇنچىلىك ئازابلىنىپمۇ كەتمەس ئىدى. بىراق، مەيلى قانداق بولسۇن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك، غەمسىز بولغان تەقدىردىمۇ، ئاتا - ئانىنى سېغىنىش، ئەسلەش ئىنساننىڭ تەبىئىي سېزىمى، ھېس - تۇيغۇسى ئەمەسمۇ!

قەدىرىيە يېرىم كېچىدە ئۆيگە كىرىپ كەلگەندە، لەھەلبۇۋى تېخى ئۇخلىمىغانىدى.

## 24

بۇ رايون تەۋەسىدىكى يېزىلاردىن ھەرقايىسى مەكتەپلەردە، تېخنىكوملاردا ئوقۇپ، بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان ئوقۇغۇچىلار خېلى بار. ئۇلار ھازىر تەقسىماتنى كۈتۈپ تۇرۇۋاتىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئۆيلىرىگە چىقىپ، سەيلە - ساياھەت قىلىپ، بىر - بىرلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە بېرىشىپ، توپلىشىپ ئويناپ -كۈلۈپ يۈرۈپتۇ. بۈگۈن ئۇلار دەريا ياقىسىدىكى يېزىدا، بىر ئۆيدە مېھماندارچىلىقتا ئىدى. ئۆي ئىسسىپ كەتكەنلىكتىن، سىرتقا چىقتى ۋە سالقىندايلى دېيىشىپ دەريا ياقىسىغا، دەل -دەرەخلەر ئارىسىغا تارقىلىپ كەتتى. قىزىق پاراڭلار، چاقچاقلار، كۈلكىلەر، ناخشىلار بىلەن دەريا بويى قاينام - تاشقىنلىققا تولدى. ھەيۋەتلىك دەريا شاۋقۇنى، نەغمىچى قۇشلار ئاۋازى ئۇنىڭغا جۆر بولاتتى.

بىر يەردىن:

شاماللار يەلپۈيدۇ سۇمبۇل چېچىڭنى،
سېزىمەن ئۇنىڭدىن تىنىقلىرىڭنى.

يەنە بىر يەردىن:

ۋەتەندە باھار، ئېلىمدە باھار،
باھار ئىلھامى كۆكسۈمدە يانار.

دېگەن ناخشىلار كەلسە، يەنە بىر يەردىن:

كايىما بوۋاي سەنمۇ بىر چاغدا،
ياش ئىدىڭغۇ ئۇخلىمايدىغان.
سەنمۇ ئېيتىپ تۈگىتەلمىگەن،
شۇنداق ناخشا بۇ تۈگىمەيدىغان.

دېگەن ناخشىلار ياڭرايتتى. بىر يەرلەردىن:

ياشلىق چاقماقسەن، چېقىپ ئۆچسەن،
ئەۋرىشىم چېچىڭ مۇشۇ، ئۆگەنگىن – ئۆگەن.
قاراڭغۇ دىل چۆلىگە بىر كۈن چۆكسەن،
ئادەم بولۇش دۇلدۇلغا سالمىساڭ يۈگەن.

دېگەن دېكلاماتسىيە ياڭرىسا، دەرەخ ئاستىلىرىدىن:

مەيلى قانچە قېتىم ئېچسەم، دورىغا
ساقايمايدۇ بۇ يۈرەكنىڭ يارىسى.
راستتىن ئېيتسام كېرەك ئەمەس باشقىسى،
پەقەت سەنلا يۈرىكىمنىڭ دورىسى.

دېگەن شېئىرلار ئوقۇلاتتى.

ياشلىق، گۈزەل ياشلىق — ئىنسان ئۆمرىنىڭ جۇشقۇن، يۈرەكلىك، ناخشىدەك ياڭراق دەۋرى. ئۆمرىنىڭ ئۈمىد – سۆيگۈسى، ئارزۇ – ئارمىنى، ئىشەنچ – جاسارىتى، كۈچ – غەيرىتى

شۇنىڭدا. كىمدۇر بىرى ئۇنى «يېنىپ تۇرغان ئوت» دەپ، راست دەپتىكەن. ئۇلار قىن ـ قىنىغا پاتماي قېلىشقان. بىرلىرى ناخشا ئېيتسا، بىرلىرى شېئىر ئوقۇيدۇ؛ يەنە بىرلىرى كېلەچەك ئىش-قىدا مەست، يەنە بىرلىرى سۆيگۈسىنى ئىزھار قىلىش كويىدا.

ئەنە، خىلۋەت جايدا، دەريا بويىدىكى باراقسان قارىياغاچ ئاستىدا نۇرزات بىلەن سەبىھە ئولتۇرىدۇ. نۇرزات ئاخشام ئۇخلى-ماي ئۆزىنى قورقۇنچاقلىق، جۈرئەتسىزلىكتە ئەيىبلەپ چىققان. بۈگۈن غەيرەت قىلماقچى، سۆيگۈسىنى باتۇرلۇق بىلەن ئىزھار قىلماقچى بولۇپ بۇ يەرگە كەلگەن. بىراق سەبىھە بىلەن يانمۇ ـ يان ئولتۇرغاندا، ۋۇجۇدىغا يىغىپ كەلگەن غەيرەت، باتۇرلۇقلار نەلەرگىدۇر غايىب بولۇپ كەتتى. گەپلىرىنىڭ قولا-شمايۋاتقانلىقىنى، بەدەنلىرىنىڭ يەنە تىترەۋاتقانلىقىنى ھېس قىل-دى. «مۇھەببىتىمنى قاچانغىچە ئىزھار قىلالماي، سىر قىلىپ يۈرەرمەن، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ، — مۇھەببەتتىن گەپ ئاچماقچى بولىمەنۇ، نېمىشقىمۇ ئاچالمايمەن. دۇنيادا ھەرقانداق گەپنى قىلماق ئاسان ئىكەن، مۇھەببەت گېپىنى قىلماق ئىنتايىن تەس ئىكەن». نۇرزات سەبىھەگە تويدۇرماي، كۆزىنىڭ قۇيرۇ-قىدا قاراپ، ئۇنىڭ قارىقۇمچاق يۈزىنىڭ ئىللىق جىلۋىسىنى، قارا كۆزلىرىنىڭ كۈلۈپ تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇ جۈرئەتسىز-لىك قىلىپ مۇشۇنداق ئولتۇرۇۋەرسە، سەبىھەنىڭ قايىقى تۇرۇ-لۇشى، يۈز ـكۆزلىرىدە چاقناپ تۇرغان نۇرلارنىڭ ئۆچۈشى ۋە ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ئىللىق تەبەسسۇم، مۇلايىم قىياپەتتە دەريا دولقۇنلىرىغا تىكىلى-شى، گەپ كۈتۈۋاتقاندەك جىمىپ، چېچىنىڭ ئۇچىنى نازۇك بارماقلىرى بىلەن ئويناپ تۇرۇشى، ئۇنىڭ ماقۇللۇقى ئەمەسمۇ، بۇنىڭدىن ئارتۇق يەنە قانداق ئىپادە كېرەك.

تاقەتسىزلىكىمۇ چېكى بار، سەبىھە ئۇنىڭدىن گەپ كۈتۈپ هار-دى. ئۇنىڭغا ئاستا قارىدى. نۇرزاتنىڭ ئاپئاق، قىزلارنىڭكىدەك

سىلىق يۈزى، نېپىز لەۋلىرى، قاپقارا قېشى بىرىنەرسىدىن ئەيـ-
مىنىۋاتقان، قورۇنۇۋاتقاندەك ھالەتتە ئىدى. قىز ئۇنىڭ كۆڭلىـ-
دىكى گېپىنى ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى قىياس قىلدى. ئەگەر ھازىر
كۈندۈز بولماي كېچە بولغان بولسا، سەبىھە باتۇرلۇق كۆرسەتكەن
بولار ئىدى ـ دە، شۇ چاغدا كۈتۈش تەقەززالىقى ئاخىرلاشقان
بولاتتى.

ئىككىسىنىڭ بەدەنلىرى بىر ـ بىرىگە بىردە تېگىپ، ئوت
ئېلىپ، بىردە ئاجراپ مەيۈسلىنىپ تۇرىدۇ. سەبىھەنىڭ بىر
تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتقۇسى، بىر تۇرۇپ بېشىنى مۈرىسىگە
قويغۇسى كەلدى. نومۇس تۇيغۇسى ئۇنى بۇ ئىنتىلىش ـ تەشنا-
لىقتىن ياندۇرۇپ تۇراتتى. شۇ دەقىقىلەردە قىز ھاياجاندىن تىتـ-
رەشكە باشلىدى. ئەگەر مۇشۇ دەقىقىلەردە نۇرزات ئۇنى تۇتسا،
ئۆزىگە تارتسا، ئۇ بىھوشلۇق ھالىتىگە چۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن
ئىدى.

سەبىھە ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى ۋە شۇئان تۇرۇپ
كەتكىنىگە پۇشايمان يېدى. ئۇ نۇرزاتنىڭ مۇنداق كۆپكۈندۈزدە،
باشقىلارنىڭ قاتتىقراق قىلغان گەپلىرى ئاڭلىنىپ تۇرىدىغان
يەردە كۆڭلىدىكى گەپلىرىنى قىلىشىغا كۆزى يەتمىدى. ئەمما
كۆڭلى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇشنى تارتىپ تۇرسىمۇ، قايتا ئولتۇ-
رۇشنى ئەپسىز كۆردى.

ئەنە، زامانىدىن بىلەن قەدىرىيە يېنىك قەدەملەر بىلەن دەر-
يانى ياقىلاپ ئۆرلەپ كېتىپ بارىدۇ. ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىدە
سۆز جىق. لېكىن تىلغا ئالالماي ئاۋارە، ئۇلار ئاستا قەدەم بىلەن
كېتىپ بېرىپ، شاخلىرى يەرگىچە ئېگىلگەن مەجنۇنتالنىڭ ئاس-
تىدا بىر جۈپ قىز ـ يىگىتنىڭ قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقانلى-
قىنى كۆرۈپ قالدى. قەدىرىيە ئىختىيارسىز يۈتىلىۋەتتى.

— نېمىشقا ئۇنداق قىلىسىز؟

— نېمە قىلدىم؟

— ئۇلارنى ئۇركۇتۇۋەتتىڭىزغۇ، بىچارىلەرنىڭ تەسلىكتە مەشەنى تېپىپ، ئەمدى...

— قېلىنلىق قىلماڭە...، — قەدىرىيە نومۇسلىنىپ، يەر-دىن بېشىنى ئالماي، ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى.

— مەن قېلىنما؟

— شۇنداق، قېلىن، ئەسكى ئىكەنسىز؟...

— مەن ئەسكى ئەمەس، قېلىنمۇ ئەمەس، كىشىلەرنىڭ ئارزۇسىغا يەتكەنلىكىنى كۆرسەم زوقلىنىپ، يايراپ كېتىمەن.

قەدىرىيە زاماندىنىنىڭ چىرايىدىن سەمىمىيلىك، ساداقەت-لىكنى بايقاپ، ئۆزىنىڭ ئويىنىشىپ بولسىمۇ، قاتتىق گەپ قى-لىپ قويغانلىقىغا ئۆكۈندى. ئۇ باشقىلار بىلەن سۆزلەشكەن چاغدا مۇنداق نومۇسچانلىق، مۇنداق مۇلايىملىق بىلەن يەرگە قاراپ سۆزلەشمەيتتى.

ئۇ ئۆكۈنۈشتىن قۇتۇلۇش ئۇچۇن:

— مەقسىتىگە يەتكەنلەرغۇ يېتىپتۇ ... — دېدى ئاۋۋالقى-دەكلا يەردىن بېشىنى ئالماي ۋە سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي.

— بەزىلەر نېمىشقا يېتەلمەيدىغاندۇ؟ — دېدى زاماندىن ئۇنىڭ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى جۈرئەتلىك بىلەن دەپ.

— مەن نېمە بىلەي...

— سىز بىلىدىغان ئىشنىمۇ بىلمەس بولىۋالىدىكەنسىز.

قەدىرىيە يالت قىلىپ ئۇنىڭغا بىر قارىدىيۇ، كۆلۈمسىرەپ يەنە يەرگە قارىۋالدى.

سۆيگۈ - مۇھەببەت — بىر ئوت، بېشىڭدىن تارتىپ تاكى تاپىنىڭغىچە ھەممە يېرىڭنى ياندۇرۇپ تۇرىدىغان يالقۇن. ئۇ يالقۇن ساڭا پەيتى كەلگەندە كۈچ - جاسارەت، جۈرئەت بېغىشلاي-دۇ. ئالدىڭدىكى كۈنلىرىڭ ئۆتۈپ كەتكەن كۈنلىرىڭگە ئوخشاش-ماسلىقى ۋە ئۇنىڭ تەكرارلىنىشى بولماسلىقى كېرەككى، ھەر كۈنى يېڭىدىن - يېڭى كۈچ، جاسارەت، جۈرئەت كۆرسىتىشىڭ

كېرەك. كۆڭلۈڭگە چۈشكەن ئىشنى — تەقدىرنىڭ ساڭا نېسىپ قىلغان ھىممىتىنى شۇنداق كۈچ، جۈرئەت بىلەن قەدىرلەشنى، ئالغا سىلجىتىشنى بىل، دەرھال قەدىرىگە يەت. ھازىرغىچە بېسىپ ئۆتكەن يولۇڭدا قايسى ئىش سېنى قاتتىق زىلزىلىگە سالالىغان؟ قايسى ئىش سېنىڭ ئۇيقۇڭنى قاچۇرالىغان؟ قايسى ئىش سەندە شۇنداق كۈچلۈك ھېس - تۇيغۇ قوزغىيالىغان ۋە قايسى ئىش سېنى ئازابلىق ئوي - خىيالغا ھەم ئۈمىد - ئىشەنچكە بۆلەلىگەن؟ ھەسرەت - دەردتىن، تىت - تىتلىقتىن، بۇرۇقتۇرمىلىقتىن قاچانغىچە قۇتۇلالماي ئازابلىنىپ يۈرىسەن؟ پەيت مۇھىم، ئۇنى قەدىرلە!

ئىككىسى كېتىپ بارىدۇ - كېتىپ بارىدۇ، قەيەرلەرگىچە بارىدۇ؟ بىلمەيدۇ. قەدىرىيە قايرىلىپ:

— ياماتۇغا كېتەمدۇق نېمە؟ — دېدى.

— كەتسەك كەتتۇق، كىم بىزنى توسۇيالايتتى... سىز يېنىمدا بولسىڭىز، ھېلىغۇ ياماتۇ ئىكەن، توققۇزتاراغا بولسىمۇ كېتىۋېرىمەن، دەڭا.

قەدىرىيە كۈلدى.

لېكىن بۇلاردىنمۇ ئۇزاپ كەتكەنلەر بار ئىكەن، ئۇلار كەينىگە بۇرۇلدى، قەدىرىيە بىلەن زامانىدىنمۇ بۇرۇلدى.

※ ※

مېھماندارچىلىق كېچىدە ئاخىرلاشتى. ۋاڭ - چۇڭ ئاۋازلار، پاراڭ - كۈلكىلەر بىلەن قورۇدىن چىققان قىز - يىگىتلەر ۋېلىسىپىتلىرىگە مىنگىشىپ ئۆز يېزا - مەھەللىلىرىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

ئىككى ۋېلىسىپىتكە مىنگىشىپ زامانىدىن، نۇرزات، قەدىرىيە، سەبىھەلەر ئۆز مەھەللىسىگە يېتىپ كەلدى. رولدا ئول-

تۇرغان زاماندىن توختىماي كېتىۋەردى. نۇرزات بىلەن سەبىھە توختاپ ۋېلىسىپىتتىن چۈشۈشتى.

ئاق ئايدىڭ كېچە ئىدى. ئەل ئۇيقۇغا كەتكەن. دەرەخلەر ئارىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان ئاي ۋە ئۇنىڭ دەرەخ شاخلىرى ئارىسىدىن كوچىغا چۈشكەن ئالا كۆلەڭگىلىرى نازغىپ ئويناپ تۇرىدۇ. سالقىن، ئارامبەخش شاماللار شىۋىرلاپ ئۆتمەكتە. هويلىلار باغلىرىدا بۇلبۇللار چاڭىلداپ سايرىماقتا، ئېتىزلاردىن بۆدۈنىلەرنىڭ يېقىملىق ئاۋازى كەلمەكتە، كېچە گۈزەللىكى، قۇشلار ئاۋازى، سالقىن شامالار بىر - بىرىگە ئىنتىلىپ تۇرغان ئىككى ياشنىڭ هېسسىياتلىرىنى قوزغىۋەتكەن...

ئىككىسى سۆزسىز ئەمما كۆڭۈل مەيلىنىڭ كۈچى بىلەن ئۆزلۈكىدىنلا كىمنىڭدۇر بىرىنىڭ دەرۋازىسىنىڭ يېنىدىكى تامغا يۆلەپ خام كېسەك بىلەن قوپۇرۇپ، سۇۋاپ ياساپ قويغان ئۇزۇن- چاق سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. بۈگۈنكى مېهماندارچىلىقنىڭ گېپى بىردەمدىلا تۈگىدى. هەر ئىككىسىنىڭ ئۇنى ئەزۋەيلەپ سۆزلەش نىيىتى يوق، ئېيتىشقا تېگىشلىك قىزلىق ئىزاسى، يەنە بىرىنىڭ تارتىنچاقلىقى تۇپەيلى گەپلەر ئېيتىلماي تۇرۇۋاتىدۇ. بىرى بىلەن جىمجىت ئولتۇرۇش كىشىگە ئېغىر بىسىم، ئېغىر بېسىمنى يەڭگىللىتىش كېرەك. ئىككىسىگە ئايانكى، بۇ يەردە ئولتۇرۇش كۆڭۈل كۈيلىرىنى ئىزهار قىلىشنى مەقسەت قىل- غان.

سەبىھەنىڭ تەقەززالىقى ئاشماقتا، بۇرۇقتۇرمىلىق ئۇنى قىينىماقتا. كۆڭلى چۈشكەن ئادىمى شۇنچىلىك ئۇياتچان، جۈر- ئەتسىز ئىكەن - دە. سۆزلەش مەنئى قىلىنغاندەك ئولتۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ؟

سەبىھە بېشىنى نۇرزاتنىڭ مۈرىسىگە ئاستا قويدى. ئىشق - مۇهەببەت توغرىسىدىكى گەپلەردىن بىرنەچچە ئېغىزنى شىۋىرلاپ تۇرۇپ ئېيتتى ۋە ئۇنىڭ قوللىرىنى تۇتتى. لېكىن

نۇرزات قىمىر قىلماي ئولتۇراتتى. قىزنىڭ ئۆز مەيلىنى بىلدۈ-
رۈپ قىلغان ئەگىتمە گەپلىرى، نازۇك ھەرىكەتلىرى جاۋابسىز
قېلىۋەردى. نۇرزات: «ئۇنىڭ قولىنى مەنمۇ تۇتسام، ئىشق -
مۇھەببەتلىك گەپلەرنى مەنمۇ قىلسام قانداق بولار، سەت بولار-
مۇ؟» دەپ قىينىلىپ ئولتۇراتتى. شۇ ئارىلىقتا سەبىھە ئۇنىڭ
قولىنى قويۇۋەتتى. نۇرزاتنىڭ تۇتقۇسى كەلدى، يەنە ئەيمىنىپ
تۇرۇپ قالدى. ئاخىر ئۆزىدىن سورىدى:
— قولىڭىزنى مەنمۇ تۇتسام بولار؟
— ئىختىيارىڭىز...، — سەبىھە شۇنداق دېدى - دە، كۈ-
لۈپ كەتتى، ئۇنىڭ بىر دوستىغا مۇھەببەت ئىزھار قىلغان يىگى-
تى: «سىزنى بىر سۆيۈۋالسام رۇخسەتمۇ؟» دەپ سورىغانىكەن.
شۇ ئىش ئۇنىڭ ئېسىگە يەتكەنىدى. سەبىھەنىڭ شۇ كۈلكىسى
بىلەن نۇرزات سوراپ تۇرۇپ ئاران تۇتقان قولىنى قويۇۋەتتى.
يەنە جىمجىتلىق باشلاندى.
— نۇرزات!
— ھە؟
— مېنىڭ قەيىرىمنىڭ غىدىقى كېلىدۇ بىلەمسىز؟
— ياق.
— ئويلاپ بېقىڭ.
— قولتۇقىڭىز؟
— ياق.
— بوينىڭىز؟
— تاپالمىدىڭىز.
— ئەمىسە قەيىرىڭىز؟
— تىزىم.
— راستما؟
— يالغان بولسا، تۇتۇپ بېقىڭ.
نۇرزات قولىنى ئاپارغىچە، سەبىھە تىزىنى يىپىپ تۇرغان

كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى قايرىپ قويدى.

نۇرزات ئوچۇق تىزنى تۇتتى.

— غىدىقىڭىز كەلمىدىغۇ؟

— چىڭ تۇتۇپ غىدىقلىمامسىز، بوش تۇتقانغا غىدىقى كېلىدىغان كىم بار؟

نۇرزات يالىڭاچ تىزنى راستىنلا چىڭ تۇتتى، غىدىقلىدى. سەبىھە كۈلۈپ بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. نۇرزات تىترەپ ئۆزىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇلارنىڭ يۈزلىرى شۇنچىلىك يېقىن ئىدىكى، ئىسسىق نەپەسلىرى ئۆتۈشۈپ تۇراتتى. پەقەت كۆتكەن سۆز ـ ھەرىكەتلا قالغانىدى. سەبىھە نۇرزاتنىڭ بىتاقەتلىك بىلەن نەپەس ئېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئوتتەك قىزىق تىنىقىنىڭ يۈزىگە ئۇ-رۇلۇۋاتقانلىقىنى سەزدى. شۇئان ئۆزىنىڭ لەززەتلىك بىر ئېقىم-دا بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر يېقىملىق تۇيۇلۇۋاتقان بىر نەرسىنى سېغىنىۋاتقانلىقىنى سېزىشكە باشلىدى ـ دە، ئۇم-تۇلۇپ تۇرغان لەۋلىرىنى ئۇنىڭغا يېقىن ئاپاردى. لېكىن پۈتۈن بەدەنلىرىدىكى نومۇسلىنىش تۇيغۇسى لېۋىگە يېغىلىپ قالغاندەك ئاستا تارتىۋالدى. كۆكتىكى تولۇن ئاي دەرەخلەر ئارىسىدىن ئۇلارغا قاراپ تۇراتتى. ئىللىق شامال ئوت يېنىپ كەتكەن يۈز-لەرنى يەلپۈپ ئۆتمەكتە ئىدى. ھەر ئىككى بەدەن يانماقتا ئىدى.

دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن نۇرزات سىمابتەك ئېرىپ كېتىشكە ئاز قالغانىدى.

— نېمانداق تىترەيسىز؟ — دېدى سەبىھە ئۇنىڭغا تېخىمۇ يېقىن كېلىپ، قوللىرىنى سىلاپ.

ئۆزىنى بىلەلمەي، ئاجايىپ گۈزەل غايىبانە دۇنياغا كىرىپ قالغان نۇرزات:

— سىزنى… سىزنى ياخشى كۆرىمەن، — دەۋەتتى ۋە جاۋابىنىمۇ كۈتمەي، شۇنداق دەۋەتكىنىنىمۇ سەزمەي، ئۇنىڭ مەڭزى-لىرىگە، بويۇنلىرىغا سۆيۈپ كەتتى. ھاسىراپ كەتكەن سەبىھە

ئۇنى چىڭگىدە قۇچاقلىدى...

بۇ ئۇنىڭ جاۋابى ئىدى.

زاماندىن بىلەن قەدىرىيە ئىككى دەرەخنىڭ ئارىسىدا، قو- لىنى سوزسا يەتكۈدەك يەردە بىر - بىرىگە قاراپ تۇراتتى. ئىككىسىنىڭ ئۇنى ئۆچكەن، مۇھەببەت قۇدرىتى ئىككىسىنى بۇ يەرگە ئەكىلىپ، ئاشۇنداق يېقىن تۇرغۇزۇپ قويغان، كېچىنىڭ شېرىن ئۇيقۇسىنى قاچۇرغان، ئۆيدىكىلەرنىڭ ئەنسىرىشىنى ئۇن- تۇلدۇرغان. ئاشۇ سېھرىي كۈچ يەنە تىلىغا سۆز بەرمەي قىيناپ تۇرۇپتۇ. بۇلبۇللارنىڭ چاڭىلداپ سايرىشى قۇلىقىغا كىرمەيدۇ، سالقىن شامالنىڭ بەدەنلىرىگە ئارام بېرىۋاتقانلىقىنى سەزمەي- دۇ. ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدۇ. ئەمما ئۇلار ئۆزلىرىنى خېلىدىن بېرى قىيناپ كېلىۋاتقان سۆزلىرىنى ئېيت- مىغۇچە قايتىدىغاندەك ئەمەس. زاماندىن قەدىرىيەدىن بىرئاز ئەيمەنمىگەن بولسا، دېمەكچى بولغان گەپلىرىنى ئاللىقاچان دە- ۋەتكەن بولاتتى.

— قەدىرىيە!

— ھە؟

— سىزگە بىر گەپ قىلسام خاپا بولامسىز؟

— خاپا بولىدىغان سۆزنى قىلسىڭىز، ئەلۋەتتە خاپا بولى- مەن، بىراق، مەن خاپا بولىدىغان سۆزنى قىلمايسىز...

— بەلكىم گېپىم كۆڭلىڭىزگە ياقار، بەلكىم ياقماس، لېكىن ئېيتماي تۇرالمايمەن.

— ئېيتىڭ.

زاماندىن بىردىنلا تىترەپ كەتتى - دە، تۇرۇپ قالدى.

— دېمەمسىز؟

— دەي، بىر ئادەم كۆڭلىگە يېقىپ قالغان كىشىگە گەپ قىلماق تەس ئىكەن، ئەمما ھەرقانچە تەس بولسىمۇ دېيىشى كې- رەك.

— قارشى تەرەپنىڭ مەيلى بارلىقىنى سەزسە، دېگەن ياخشى، بولمىسا دېمىگەن ياخشى.

— شاپىلاق يېسەممۇ، قايماق يېسەممۇ دەي…

— مەيلى بارلىقىنى سەزگەنمىدىڭىز؟

— سەزمىسەم بۇ غەيرەتكە كېلەلەمدىم، سىزچۇ؟

— مەنما؟ … ئۇنداق بولسا يېقىنراق كېلىڭ، — دېدى قەدىرىيە ۋە ئالدىغا كەلگەن زاماندىنىڭ مەڭزىگە غولىچىنى كېرىپ ئەمما بوشقىنە ئۇرۇپ قويدى.

ئەمدى يەنە سۆزلەشنىڭ هاجىتى قالمىغانىدى. هەر ئىككىسى بۇنى سەزدى. شۇنىڭ بىلەن گويا ئالدىلىرىنى توراپ تۇرغان مۇستەهكەم سېپىلنىڭ بۇزۇپ تاشلانغانلىقىنى هېس قىلدى. كۆڭلىدە قاپلىشىپ تۇرغان ھەسرەت، ئازاب تۇمانلىرى تارقىلىپ كەتسە، كىم خۇشال بولماي، هاياجانلانماي تۇرالايدۇ!

زاماندىن ئالدىدا تىرەپ تۇرغان، ئۆزىگە پۈتۈنلەي تەئەللۇق بولغان قىزنى ئىشەنچلىك تۇتۇپ ئۆزىگە تارتتى ۋە ئۇنى ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيدى. قەدىرىيە ئاجايىپ شېرىن لەززەت ئىلكىدە تامامەن بوشىشىپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭ بېشى زاماندىنىنىڭ بىلىكىدە ئىدى. ئۇ شۇ هالدا شۇنداق شېرىن مىنۇتلاردىن قانچىسىنىڭ ئۆتكەنلىكىنى، ئۆزىنىڭ قانچىلىك سۆيۈلگەنلىكىنى بىلمەيتتى. دەريا ياقىسىدا — باراقسان قارىياغاچ ئاستىدا ئۇ بىر جۇپ قىز - يىگىتنىڭ سۆيۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ خىجىل بولغان. ئىزا تارتقان، ئەمدىچۇ؟ ئۇنىڭدىن ئەسەرمۇ يوق، ئۇنىڭ لەززىتىدىن هوزۇرلىنىۋاتىدۇ. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە: باشقىلارنىڭ شۇنداق قىلىقلىرىدىن ئىزا تارتىدۇ ھەتتا نەپرەتلىنىدۇ، ئۆزىگە كەلگەندە ھەممىسى ئۇنتۇلىدۇ. قەدىرىيە بىر چاغدا ئۆزىگە كېلىپ، زاماندىنىنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ ئاجراپ، ئۇدۇل كەلگەن تەرەپكە قاچتى - دە، بىردەمدە ئۆزىنى كوچىنىڭ بېشىدا كۆردى. ئۇ هېچقاچان مۇنداق هاياجانلانمىغان، بەدەن - بەدەنلىرى مۇنداق سۆيۈنمىگەن… ئۇ يوغان قارىياغاچقا يۆلىنىپ

تۇرۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭغا باش ئۇستىدىكى شاخلاردا قۇشلار نەغمە قىلىۋاتقاندەك بىلىندى. ياق، قۇشلار ئۇنىڭدىن خېلىلا نېرىدا — بۇلبۇللار باغلاردا، بۆدۈنىلەر ئېتىزلاردا سايراۋاتاتتى. ئۇنىڭ يېرىم يۇمۇلغان كۆزلىرى نەلەرگىدۇر تىكىلگەن. ئۇنىڭ شۇ ھالىتىنى كۆرگەن كىشى ئۇ تەگسىز خىيالغا غەرق بولۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن، ياق، ئۇ خىيالسىز. تېخىچە لەززىتى يىتمىگەن شېرىن سېزىم ئۇنى تامامەن مەست قىلىپ قويغان.

زاماندىن ئاستا كېلىپ ۋېلىسىپىتنى دەرەخكە يۆلەپ قويدى-دە، قەدىرىيەنىڭ يېنىغا كەلدى:

— قانتىڭىز بارمۇ نېمە؟

— ھەئە، قاناتلاندىم.

— قەپەسكە سولىۋالسام بولغۇدەك، بولمىسا تۇتۇق بەرمەيدىغان ئوخشايسىز.

— سولىسىڭىز سولاڭ.

— شوخ قىز...

— ئۆزىڭىز مەندىنمۇ شوخ ئىكەنسىزغۇ.

زاماندىن ئۇنى ئىككى بىلىكىدىن تۇتقانىدى، قەدىرىيە ئۇنى ئۆزىدىن ئىتتىرىپ:

— ئاچ كۆز... بولدى ئەمدى... تاڭ ئېتىپ كەتمىسۇن، يورۇق، كېتەيلى، — دېدى.

ئىككى گەۋدە — مۇرادلىرى ھاسىل بولغان ئىككى گەۋدە - ھېيىقماي، قورۇنماي، خۇددى بىر گەۋدىدەك يېقىن مېڭىشىپ قايتتى.

## 25

ئىككى قىز شەھەرگە — مەكتىپىگە پىيادە ماڭدى، قەلبى گۈزەل ھېس - تۇيغۇلارغا تولغان ئادەم — ئۆمۈر شادلىقىغا قەدەم

قويغان ئادەم. گۈزەل ھېس ـ تۇيغۇلار ئادەمگە كۈچ، جاسارەت، تېتىكلىك، غۇرۇر بېغىشلايدۇ!

ئەنە، ئىككىسى سومكىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئويناپ كېتىپ بارىدۇ، كۈلۈشىدۇ، خۇشاللىقى ئورتاق، كۆزلىرىدە نۇر چاقنايدۇ، چىرايىدا غۇرۇر، قەدىمىدە تېتىكلىك ئىپادىلىنىپ تۇرىدۇ. ئۇلار ھېچقاچان مەكتەپكە بۈگۈنكىدەك ھېسسىياتى قوزغىلىپ، خۇشال قايتمىغان. ئۇلارغا شۇنچىلىك خۇشاللىق، غۇرۇر ئەكەلگەن نەرسە نېمە؟ يوشۇرۇن ئازابتىن، يوشۇرۇن دەردتىن قۇتۇلۇشى، ئۈمىدى ھاسىل بولۇپ بەختكە ئېرىششى.

ئىككىسى ھارغىنلىقنىمۇ سەزمەي، مەكتەپكە يېتىپ كەلدى. تەقسىماتتىن تېخىچە خەۋەر يوق ئىكەن. ئەتە ـ ئۆگۈن دەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. تەقسىماتنى كۈتۈپ زېرىككەن ئوقۇغۇچىلار تىتىلداپ يۈرۈپتۇ. مەكتەپ رەھبەرلىكى قەدىرىيە، سەبىھە بىلەن ئايرىم ـ ئايرىم سۆھبەتلىشىپ، قەدىرىيەنى مەكتەپ ئۆزىدە، سەبىھەنى شەھەردە قېلىشقا يەنە بىر قېتىم دالالەت قىلدى. ئىككىسى ئۆز يېزىمىزغا كېتىمىز، دېگەن بۇرۇنقى گېپىدە چىڭ تۇردى. ئۇلار يەنە يېزىغا چىقىپ كەتتى. بىر ھەپتىدىن كېيىن يەنە قايتىپ كىردى. كىرىش ـ چىقىش بىرنەچچە قېتىمغا يەتتى. بۇ يىل ئوقۇش پۈتتۈرمەيدىغان ئوقۇغۇچىلار تەتىلگە قويۇپ بېرىلىپ ئون بەش كۈندىن كېيىن تەقسىمات ئېلان قىلىندى. سەبىھە بىلەن قەدىرىيە خۇشاللىقىدىن قىن ـ قىنىغا پاتماي قالغانىدى. ئۇلار: «ئېھتىمال مەكتەپ پىكرىمىزگە قۇلاق سالماي، ئېھتىياجنى ئاساس قىلدۇق، دەپ شەھەرگە ئېلىپ قالارمۇ؟» دېگەن ئەندىشىدە بولغانىدى. ياق، ئۇنداق بولماپتۇ، ئۆز ناھىيىسىگە ـ غۇلجا ناھىيىسىگە تەقسىم قىلىنىپتۇ. ئەمما تەقسىماتتىن نارازى بولغانلار خېلىلا بار ئىدى. بىرلىرى باشقا ناھىيىلەرگە بۆلۈنگەن: بىرلىرى شەھەردە قالىمىز، دەپ قالالمىغان؛ يەنە بىرلىرى ۋەدىلەشكەن ئادەملىرى بىلەن بىر ناھىيە

(بىر شەھەر) گە تەقسىم قىلىنىمىغان. مەكتەپ رەھبەرلىكىنىڭ كۆلۈپ يۇرگەنلەر بىلەن كارى بولمىغىنىدەك، يىغلاپ يۇرگەنلەر بىلەنمۇ كارى بولمىدى.

ئىككىسى بىرىنچى ئۆتكەلدىن تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتتى. ئەمدى ئالدىدا ئىككىنچى ئۆتكەل تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭدىنمۇ تىنچ ـ ئامان ئۆتۈپ كەتسە، كۆڭۈلدىكىدەك ئىش بولىدۇ. ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمىدىن باشقا يېزىلارغا تەقسىم قىلىپ قويسا ياكى ناھىيىنىڭ ئۆزىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ قالسا، ئۇلارنىڭ غۇلجا شەھىرىدە قالمىغانلىقى بىكار بولۇپ كەتمەمدۇ؟ ئىككى قىزنىڭ ئەندىشىسى مۇشۇ ئىدى.

— سىلەرنى ئۈچ كۈندىن كېيىن بۆلىمىز، شۇنىڭغىچە دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، — دېدى ناھىيىلىك مائارىپ بۆلۈمى كادىرى.

ئۇلار قايتىپ كېتىشتى. ناھىيىگە ئاپتوبۇستا چىققانىدى، ئۆز يېزىسىغا قاتناش بولمىغانلىقى ئۈچۈن، يەنە پىيادە ماڭدى. بۇ يەردىكى تەقسىماتتىن خاتىرجەم بولالماي، خېلىلا ئۇزاق يولنى دەككە ـ دۈككىدە بېسىپ ئۆيلىرىگە قايتتى.

— بىر ئىلاج قىلىپ مەشەگە تەقسىم قىلىنىپ كەل، قىزىم، — دېدى لەھەلبۈۋى قىزىغا، — ئۈچ يىل ئايرىلىپ تۇرغىنىمىز يېتەر، يەنە ياتاقلاردا يېتىپ ـ قوپۇپ يۈرەمسەن، ھەممىسى ئوخشاش مەكتەپ.

— شۇنداق قىلىمەن، سەن خاتىرجەم بول، ئاپا، باشقا يەرگە بۆلۈۋەتسە، ھەرگىز ئۇنىمايمەن.

لەھەلبۈۋى قىزىنىڭ كۆڭلىدىكى گەپلەرنى قىلغان بىلەن، سەبىھەنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخاننىڭ ئويى باشقىچە ئىدى. قىزى ئۆيگە كىرىپ ھاردۇقىنى ئالا ـ ئالمايلا گەپ سوراشقا باشلىدى:

— بۆلدىمۇ؟

— ياق.

— نېمىشقا؟

— دەم ئېلىپ تۇرۇڭلار، بىز ئويلىشىپ، نەتىجەڭلەرگە
قاراپ تەقسىم قىلىمىز، دەيدۇ.
— ياخشى ئوقۇدۇم دەۋاتاتتىڭ، ياخشى ئوقۇغانلارنى ئەمدى
ناھىيىگە ئېلىپ قالار؟
— ناھىيىگە ئېلىپ قالسىمۇ ئۇنىمايمەن، ئاپا.
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟
— سېنى يالغۇز تاشلاپ قويامدىم، ھېلىمۇ يوغان قورۇدا
ئۈچ يىل يالغۇز تۇردۇڭ.
— ھەي بالام، نېمانداق غەرەز ئۇقمايدىغانسەن، سەن ناھى-
يىدە قالساڭ، مەنمۇ كەينىڭدىن كۆچۈپ بېرىپ، ماشىنىچىلى-
قىمنى شۇ يەردە قىلمامدىم، ئەجەب تەتۈرلۈك قىلىۋاتىسەنا؟...
ئاپىسى نەۋاقتىكى گېپىنى يەنە تەكرارلىغىلى تۇرغانىدى.
قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ تاكاللىشىش
كېرەكمۇ؟ بولدىلا، ئوشۇقچە رەنجىش قوزغاشنىڭ نېمە ھاجىتى،
ياخشىسى، ئۇنىڭ رايىچە گەپ قىلىپ قويۇش كېرەك. «ئاپام
نېمە ئويلايدىغاندۇ، — دەپ ئويلىدى سەبىھە، — يە نۇرزات بىلەن
يۇرگىنىمنى بىلىپ قېلىپ، شۇنىڭدىن قاچۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟...
مېنى قاچۇرۇش بىلەن ئۇ ئىشنى يوق قىلىۋەتكىلى بولمايدىغانلى-
قى خىيالىغا كەلمىسە كېرەك، ھەي، ساددا ئاپام».
— ماقۇل ئاپا، دېگىنىڭچە بولسۇن، ناھىيىگە تەقسىم قىل-
سا، شۇ يەردە قالاي.
— ھە، مۇنداق دە.
سەبىھە بىلەن نۇرزات، قەدىرىيە بىلەن زاماندىن كەچتە
ئۇچراشتى. بۇ ئۇچرىشىش — ئىچكى ئازابلارسىز، يۇزلەردە
تەبەسسۇم، كۆزلەردە بەختىيار ئۇچقۇنلار چاقناپ تۇرغان ئەركىن
ئۇچرىشىش. ئەمما كۆڭۈل سۆيگۈسى — مۇھەببىتى يېڭىدىن
ئىزھار قىلىنغان ئادەملەر ئۇچراشقاندا، يەنە بىر خىل نازۇك
ئوياتچانلىق، ياخشى كۆرۈشتىن پەيدا بولغان ئەيمىنىش، ئېھتى-

ياتچانلىق ئويغىنىدۇ، ئىسسىق نەپەسلەر ئۆتۈشكۈچە، لەۋلەر -
لەۋلەرگە بېسىلغۇچە بولغان بىرنەچچە مىنۇت شۇ خىل ئالامەتلەر
ئىلكىدە قالىدۇ. ئۇلار بىر - بىرىدىن قىيالمايتتى، ئايرىلغۇسى
كەلمەيتتى، سۆيۈش - سۆيۈلۈش بەختىيارلىقى بەدەن - بەدەندىن
قوزغىلىپ ئېتىلىپ تۇراتتى. ئەنە، قەدىرىيە زامانىدىن بىلەن
بىر - بىرىنىڭ بوينىغا قوللىرىنى گىرەلەشتۈرۈپ تۇرىدۇ.
ئۇلاردىن يۈز مېتىرلا نېرىدا سەبىھە بىلەن نۇرزات قۇچاق يەتمەي-
دىغان قارىياغاچىنىڭ ئۇ تەرىپىدە خۇددى شۇ ھالدا تۇرۇشىدۇ.
كىشىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ نەپىس تۇيغۇلىرىنى قوزغايدىغان،
كەلگۈسىگە ئىنتىلدۈرىدىغان، بەختكە ئىشەندۈرىدىغان يالقۇنلۇق
سۆزلەر مۇشۇنداق چاغدا ئېيتىلىدۇ. ھازىر شۇنداق سۆزلەر
ئېيتىلىۋاتقاندۇ، سەمىمىي ۋەدىلەر ئېلىنىۋاتقاندۇ، بىر - بىرىگە
ئۆلگۈچە سادىقلىق، ۋاپادارلىق قىلىش توغرىسىدا قەسەملەر ئى-
چىلىۋاتقاندۇ… ئۇلار ھەممىنى ئۇنتۇغان، قىزلار تەقسىماتنىڭ
قانداق بولىدىغانلىقىنى، ئاپىلىرىنىڭ ئەنسىرەيدىغانلىقىنى، ۋا-
قىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى ئېسىدىن تامامەن چىقارغان.
دۇنيا مۇشۇنداقلا بولسا، نېمە ئارمان، كىشى ياشاۋاتقانلىقىغا
مىڭ مەرتىۋە رازى بولمامدۇ! مۇھەببەت، ياخشى كۆرۈپ قې-
لىش، بىر - بىرىنى ياخشى كۆرۈپ ياشاشنىڭ شېرىنلىكىنى
ھېس قىلىش — ئۇلارنى گويا بىھوشلانغان ئادەمدەك ھالغا كەلتۈ-
رۈپ قويغانىدى. پاھ، ئادەمنىڭ بالاغەتكە يەتكەن دەۋرى نېمانچە
ئوتلۇق، نېمانچە سۆيۈملۈك، نېمانچە قۇدرەتلىك دەۋرىدۇ، ئۆ-
مۈر مۇشۇ دەۋردىلا تۇرۇپ قالسا نېمە بولار؟… قىزلار نازۇك
ھېسسىياتلىق، پىداكار بولىدۇ. سەبىھە بىلەن قەدىرىيەدە مۇشۇ
ھېسسىياتنى ئويغاتقان نۇرزات بىلەن زامانىدىن، قەدىرىيە زامانى-
دىنغا، سەبىھە نۇرزاتقا شۇنچىلىك باغلىنىپ قالدىكى، ئۇلار
بىر - بىرىدىن ئايرىلمىسىلا ئەبەدىلئەبەد شۇ تۇيغۇ، شۇ ھېسسى-
ياتتا ياشايدۇ. ئۇلاردىن ئايرىلىپ ياشاش ئۆلۈمگە باراۋەر!

ئۇلار يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا، دەرەخزارلىقتىن چىقتى. يەتتە كۈنلۈك ئاي ئاللىقاچان ئولتۇرۇپ كەتكەنىدى. ئۇلار ئايرىلىشتى. زاماندىن بىلەن نۇرزات ئىككى قىزنى ناھىيىگە بىللە ئاپىرىدىغان بولدى.

ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن، تۆتى ئېشەك ھارۋىسىدا ناھىيىگە قاراپ يولغا چىقتى. ناھىيىگە يېتىپ كەلگەندە چۈش بولاي دەپ قالغاچقا، مائارىپ بۆلۈمىدە ئادەم يوق ئىكەن. تۆتى غىزالىنىش ئۈچۈن سامىسخانىغا كىرىشتى. ئەمما ئۇ يەردە سامسا يەپ ئولتۇرغان ئىككى قىز قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ تەقسىماتىنى ئېلان قىلىشقا ئۈلگۈرۈپ كېلەلمىگەنلىكىنى، ئىككى سائەت بۇرۇن تەقسىماتنى ئېلان قىلىۋەتكەنلىكىنى، ئىككىسىنىڭ ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە بۆلۈنگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى. بۇ خەۋەر تۆتىلىسىنى بېشىغا بىر قاپاق سوغۇق سۇ قۇيۇۋەتكەندەك ئەندىكتۈرۈۋەتتى ۋە ئۇلار ھەيران بولۇپ بىر - بىرىگە قاراپلا قېلىشتى.

«بۇ نېمە ئىش؟» ئۇلار مائارىپ بۆلۈمىدىكى كادىرغا ئۆز يېزىسىغا تەقسىم قىلىپ قويۇشنى ئىلتىماس قىلغان. قىلغاندىمۇ قاتتىق تۇرۇپ ئىلتىماس قىلغان. نېمىشقا تەلەپكە ئېتىبار بەرمىدى؟ يېزىدىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار بارغۇ، يېقىندا تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلار ئېچىلماقچىغۇ؟ مائارىپ بۆلۈمى بۇنى بىلمەي قالامدۇ؟

— كىرىپ دېسەڭلار ئۆزگەرتەرمۇ؟ — دېدى زاماندىن ئۈمىدسىزلىك ئەكس ئەتكەن كۆزلىرى بىلەن ئىككىسىگە تىكىلىپ.

— ئېلان قىلىۋەتتىمۇ، ئەمدى ئۆزگەرتىشى ناتايىن، — پەس ئاۋازدا جاۋاب بەردى نۇرزات.

— نېمىشقا ئۆزگەرتمەيدىكەن؟ — قەدىرىيەنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقتى، — بىز پايتەختكە بارىمىز، دېمىدۇق...

ئۇلار تىتىلداپ سائەتنى ئاران ئىككى قىلدى ـ دە، مائارىپ بۆلۈمىگە كىردى ۋە بۇرۇن ئاڭلىمىغان كىشىدەك ھېلىقى كادىردىن سورىدى:

— بىزنى تەقسىم قىلدىڭلارمۇ؟

— قىلدۇق.

— قەيەرگە؟

— ئېيتىڭلار نېمە؟

— مېنىڭ قەدىرىيە، بۇ قىزنىڭ سەبىھە.

ئۇ تارتمىنى ئېچىپ، ئىككى ۋاراقلىق تىزىملىكنى ئالدى ـ دە، بىرقۇر كۆز يۈگۈرتۈپ چىقىپ:

— ئەتىگەن ۋاقتىدا كەلمىدىڭلار، تەقسىماتنى ئېلان قىلدۇق، ئىككىڭلارنى ناھىيىدىكى ئوتتۇرا مەكتەپكە ئېلىپ قالدۇق، سىلەرنى تەبرىكلەيمەن، ياخشى يەرگە ئورۇنلاشتىڭلار، — دېدى.

— بىزنىڭ پىكرىمىزگە قارىمىدىڭلارمۇ؟

— بۇ قېتىم ئوقۇش تۈگىتىپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ماتېرىياللىرىنى كۆرۈپ، مۇزاكىرە قىلىپ، ئەڭ ياخشى ئوقۇغانلارنى تاللاپ چىقتۇق. سىز ئەلا، بۇ قىز ياخشى ئوقۇپتۇ. ئېھتىياج ھەم تەلەپ بويىچە ئىككىڭلارنى مەشەگە تەقسىم قىلدۇق.

— يېزىمىزمۇ بىزگە ئېھتىياجلىق، — دېدى سەبىھە ئاۋازىنى كۆتۈرۈپ، — ئۇ يەردىمۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار بارغۇ؟

مائارىپ بۆلۈمى كادىرى ئالدىدا ئادەم يوقتەك، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايۋاتقاندەك، ئالدىدا ئوچۇق تۇرغان كىتابقا كۆز يۈگۈرتۈشكە باشلىدى. سەبىھە سۆزىنىڭ جاۋابسىز، ئېتىبارسىز قېلىۋاتقىنىغا تېرىكىپ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— بىزگە بىر ئاز ۋاقتىڭىزنى بەرسىڭىز، — دېدى ئۇ ئورنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، — تەقسىماتىڭىزغا قوشۇلمايمىز! — ئۇنىڭ

ئاۋازىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ، قاتتىق چىقىپ كەتكەنلىكى ئۇنى كىتابتىن كۆز ئۈزۈشكە مەجبۇر قىلدى.

— خاپا بولسىڭىزمۇ، تېرىكسىڭىزمۇ گەپ شۇ، ھۆكۈمەت، خەلق سىلەرنى ئېتىبار قىلىپ ئوقۇتتى، ئەمدى قەيەر ئېھتىياجلىق بولسا، شۇ يەرگە بېرىپ ئىشلەشكە مەجبۇرسىلەر!

— قايسى كۈنى يېزىلار سىلەرگە ئەڭ ئېھتىياجلىق دەۋاتاتتىڭىز، — دېدى قەدىرىيە، — بۈگۈن ئۇ گەپنى نەگە چۆرۈۋەتتىڭىز؟

— ساقىلىمغا ئېسىلماڭ... شۇنى بىلىڭكى، ئومۇمىي تەلەپ شۇنداق، ئايرىم ئەھۋالدا ئۇنىڭغىمۇ قارىمايمىز، قانداق قىلىسىز؟ — مائارىپ كادىرىنىڭ ئاچچىقى كەلدى ئېھتىمالىم، كىتابنى «پاق» قىلىپ ياپتى. گېزىت قەغىزىگە قوپال قىلىپ تاماكا يۆگىدى - دە، تىترىگەن قوللىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ شوراشقا باشلىدى ۋە دېرىزە تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋالدى. ئىككى قىز بىر - بىرىگە قاراپ قويىدى. ئۇلارنىڭمۇ ئاچچىقى كەلگەندى.

قەدىرىيە ئاچچىقىنى باسالماي مۇنداق دېدى:

— «شۇنداق قىلىمىز، قانداق قىلىسىز» دەيسىزغۇ، تەقسىم قىلغان يېرىڭىزگە بىزمۇ بارمايمىز، سىزمۇ قانداق قىلىسىز؟

— تەقسىم قىلغان يەرگە بارمىغانلىق — خىزمەتتىن ئۆزلۈكىدىن چېكىنگەنلىك بولىدۇ، گەپ تۈگىدى!

بۇ «يا تەقسىم قىلغان يەرگە بار، يا بۆلۈمدىن ھازىرلا چىقىپ كەت» دېگەندىن بېشارەت ئىدى. ئىككىسى ئورنىدىن تۇردى.

— قېنى، كۆرىمىز، — دېدى قەدىرىيە بۆلۈمدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.

ئۇلار سىرتقا چىقىپ، ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان زاماندىن

بىلەن نۇرزاتقا بولۇنغان ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئىككىسىنىڭمۇ بېشى قاتتى. ئۇلارمۇ مۇنداق نەتىجىنى كۈتمىگەن، يېزىغا بارىمىز دېگەندىكىن، «خۇشاللىق بىلەن يېزىغا تەقسىم قىلار» دەپ ئويلىغان. تۆتى چارە تېپىشقا چۈشتى: قەدىرىيە ناھىيە ھاكىمىنىڭ ئالدىغا كىرىپ، ئەھۋالنى ئېيتىپ بېقىشنى ئوتتۇرغا قويدى؛ سەبىھە: «ھاكىم ئەلۋەتتە ئۆز كادىرىنىڭ گېپىنى توغرا تاپىدۇ» دېدى؛ بىرى، يەنە سىلىقراق گەپ قىلىپ بېقىشنى ئېيتتى؛ يەنە بىرى، بىر - ئىككى ھەپتە تاشلىۋېتىپ، ئاندىن قايتا ئىلتىماس قىلىشنى مۇۋاپىق كۆردى. ئاخىرقى ياخشى چارە ھاكىمغا ئېيتىش مۇۋاپىق تېپىلدى.

— بىز سىزگە ئەرز قىلىپ كىردۇق، — دېدى قەدىرىيە ھاكىمنىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ توغرىدىن - توغرا.

— خوش، قېنى سۆزلەڭلار، قىزلىرىم، — چاچلىرىنى ئاق ئارىلىغان ھاكىم ئىككى قىزغا تىكىلىپ قارىدى ۋە ئورۇن كۆرسەتتى، — ئولتۇرۇڭلار.

قەدىرىيە ئوقۇغان مەكتىپىدىن تارتىپ، مەكتەپكە، شەھەرگە ئېلىپ قالايلى دېسە، ئۇنىماي چىققانلىقىنى، بۇ يەرگە چىققاندىن كېيىن، مائارىپ بۆلۈمىدە بولۇنغان تالاش - تارتىشلارنى بىرقۇر سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— «بىز شەھەردە، ناھىيىنىڭ ئۆزىدە قالايلى» دېمىدۇق، يېزىمىز بىزگە ئېھتىياجلىق. ھازىر تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار بار، تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارمۇ ئېچىلىدۇ، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپمۇ قۇرۇلۇشى مۇمكىن. ئۆزىمىز چوڭ بولغان، نېنىنى يېگەن يۇرتىنىڭ ئېھتىياجىدىن چىقساق، قەرزىمىزنى تۆلىسەك ياخشى ئەمەسمۇ، ئىنىلىرىمىز، سىڭىللىرىمىز بىزنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ، ئالدىغا بارمىساق بولامدۇ!

— يېزىغا بارايلى دېگىنىمىز، ئەسلىدە ئالقىشلىنىشى كېرەك ئىدى، لېكىن قارشىلىققا ئۇچراۋاتىمىز، — دېدى سەبىھەمۇ.

— يېزىلار، چەت - ياقىلار مائارىپى گۈللەنمىسە، ناھىيە مائارىپىنىڭ يۈكسىلىشىدىن قانداق سۆز ئاچقىلى بولىدۇ، — دېدى قەدىرىيە. ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرى بىلىنەر - بىلىنمەس سەپكۈنى بار ئاق يۈزى، قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى جىددىي تۈس ئالغانىدى، — پىكىرلىرىمىز بىزنىڭچە توغرا، سىزچە قانداقكىن؟

ھاكىم ئىككىسىنىڭ جىددىيلىك يانغان يۈزلىرىگە، قەتئىيلىك چاقنىغان كۆزلىرىگە سەپسېلىپ قاراپ مۇنداق دېدى:

— بولىدۇ، قىزلىرىم، مەن سىلەرنى، تەلىپىڭلارنى قوللايمەن، يېرىم سائەتتىن كېيىن مائارىپ بۆلۈمىگە كىرىڭلار.

ئىككى قىز يېرىم سائەتتىن كېيىن، مائارىپ بۆلۈمىدىن ئۆز يېزىسىدىكى مەكتەپكە تونۇشتۇرۇلغان قەغەز - رەسمىيەتلىرىنى ئاچىقتى. ئۇلار ئىككىنچى ئۆتكەلدىنمۇ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتۈپ، قىن - قىنىغا پاتماي قالدى. شۇ خۇشاللىقىدا بۈگۈن ناھىيە كۇلۇبىغا كىرىپ كىنو كۆرمەكچى ۋە كېچە سالقىنىدا قايتماقچى بولۇپ كېلىشتى. مەقسەتكە يېتىش — ھېچقاچان ئۆز - ئۆزىدىن ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ، ئىرادىلىك ئادەملەرلا مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ، چۈنكى ئىرادە تاللىۋالغان يولنى يورۇتالايدۇ.

## 26

ئوقۇشلار باشلاندى. قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ بىرىنچى خۇشاللىقى ئۆزلىرىنىڭ «مۇئەللىم» دەپ ئاتالغانلىقىدىن تۇغۇلدى. سىنىپقا كىرگەندە، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھۆرمەت بىلدۈرۈپ ئورنىدىن دۈررىدە تۇرۇشى، دەرسنى ئاڭلىشى، ئاغزىغا قارىشى، ھەممە ھەرىكەت ئۆزلىرىنىڭ رۇخسىتى بىلەن بولۇشى ئۇلاردا ئىپتىخار ئويغاتتى. جەمئىيەت بىلىملىك ئادەملەر بىلەن تۈزىلىدۇ، يۈكسىلىدۇ، يېزىلاردىكى قالاقلىق، نادانلىق، جاھالەتنى تۈگىتىش ئۈچۈن بىلىملىك ئادەملەر كېرەك. بىلىملىك ئادەملەر

ئاسماندىن چۈشمەيدۇ. ئۇلار ماكچىيىپ كەتكەن سېرىق پارتىدا ئولتۇرغان مۇشۇ كۆرۈمسىز يالاڭ ئاياغ يېزا بالىلىرىدىنمۇ يېتىشىپ چىقىدۇ. قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ ئىزىغا ئاپىسىدىنمۇ بىلىملىكرەك بولۇپ چۈشتى. مۇنۇ بالىلارمۇ ئۇنىڭ ئورنىنى ئۇنىڭدىن بىلىملىكرەك بولۇپ باسىدۇ ۋە ئۇلار قالتىس بىلىملىك، كامالەتكە يەتكەن ئادەملەرنى يېتىشتۈرىدۇ. شۇڭلاشقا، ئەخمەتجان قاسىمى: «دۇنيادا ئوقۇتقۇچى مېھنىتىدىنمۇ پەخىرلىنەرلىك مېھنەت يوق» دەپ تېپىپ ئېيتقان. بۇ قەدىرىيەنىڭ بىرىنچى سائەتلىك دەرسكە كىرىپ ئويلىغانلىرى. باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ بېنىدا ئېچىلغان تولۇقسىز ئوتتۇرا سىنىپلار (ئۈچ سىنىپ) نىڭ تىل - ئەدەبىيات، ماتېماتىكا دەرسلىرىنى قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئالغان. تۆت - بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇلار مۇشۇ يېزىنىڭ تېزەك تېرىپ يۈرگەن يالاڭ ئاياغ قىزلىرى ئىدى. ھازىر ئوقۇتقۇچى، بىلىم بەرگۈچى. قەدىرىيە ھەر كۈنى مەكتەپكە ئاپىسى بىلەن بىللە كېلىدۇ، بىللە يانىدۇ. كىشىلەر ئۇلارغا زوقلىنىپ قاراپ كېتىدۇ، ھەۋەسلىنىدۇ. «بىر ئائىلىدە ئىككى جان، ئىككىلىسى مۇئەللىم، — دەيدۇ بەزىلەر، — لەھەلبۇۋىنىڭ ياشانغاندا (ئۇ ئەمدىلا قىرىق ياشقا كىرگەن بولسىمۇ) بەختى ئېچىلدى. ياشلىقتا بەرمىگەن خۇدايىم، قېرىغاندا بېرىدىغان ئوخشايدۇ» دېسە، بەزىلەر: «ئابدۇسالام ھايات بولغان بولسا، قانچىلىك زوقلىنار ئىدى، بەلكى تۇزۇلۇپمۇ كېتەر ئىدى» دەيتتى. يەنە بەزىلەر: «كىم بىلىدۇ، تۇزەلمەيدىغان ئادەم نەۋرىلىك بولسىمۇ تۇزەلمەيدىكەن» دېيىشەتتى. بۇ گەپلەر لەھەلبۇۋىنىڭ خاتىرجەملىنىپ قالغانلىقى، قەدىرىيەنىڭ بىلىملىك قىز بولۇپ يېتىشكەنلىكىدىن چىققان گەپلەر ئىدى.

يېزىدا قەدىرىيەنى كېلىن قىلىۋېلىش ئارزۇسىغا چۈشكەن ئانىلار كۆپەيگىلى تۇردى. بىراق شۇ كويغا چۈشكەن ئانىلارنىڭ ئەندىشىسىمۇ بار ئىدى. بىرلىرى: «لايىقى باردۇ، شەھەردە

ئۆزىدەك ئوقۇغان يىگىتلەرنى تۇتۇپ قويغاندۇ بەلكى» دېسە، بىرلىرى: «بىزنىڭ دېھقان بولۇپ كەتكەن بالىلىرىمىزنى ياردىتارمۇ؟» دەيتتى. ئىككى قىزنىڭ ئۆزلىرى بىلمەيدىغان، ئۇلارمۇ ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلالمايدىغان لايىقلىرى خېلىلا بار ئىدى.

سەبىھە مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كەلدى. ئاپىسى لەڭمەننىڭ قورۇمىسىنى قورۇۋاتاتتى. ئۇ لەڭمەنگە ئامراق، قىزىمۇ ئامراق، شۇنداق بولغاچقا ئىككى كۈننىڭ بىرىدە لەڭمەن ئېتىلەتتى. سەبىھە قولىنى يۇيۇپ، شىرەنى قويۇپ، ئۈستىنى دەسماللىدى ـ دە، پىلتىلارنى سوزۇشقا ئولتۇردى. ئۇ خۇشال ئىدى. ئۆز يېزىسىدا ئىشلەۋاتقانلىقى، ئاپىسى بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقانلىقى، نۇرزات بىلەن خالىغان ۋاقىتدا كۆرۈشەلەيدىغانلىقىدىن خۇشاللىقى تېشىپ، قارا كۆزلىرىدىن ھەرقاچان كۈلكە يېغىپ تۇراتتى. ھەربىر كۈننى شادلىق، بەختىيارلىق ئىچىدە ئۆزىتىپ، يېڭى كۈننى خۇشاللىق بىلەن كۈتۈۋالاتتى. بەختكە ئىنتىلمەيدىغان كىم بار، ئۆز بەختى ـ سائادىتى توغرىسىدا ئويلاش ئىنساننىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، ئۆز بەختىگە ئىنتىلىپ ياشاشمۇ ئىنساننىڭ تەبىئىي ھېسسىياتى. ئىنسان ھەرقاچان بەختىنى ئويلاپ، بەختىيار بولۇشقا تەلپۈنۈپ ياشايدۇ. سەبىھەنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشىنىڭ شۇنداق بولۇشىغا كۆزى يېتىدۇ، شۇڭلاشقا، ئۇنىڭ بەدەن ـ بەدەنلىرىدىن شادلىقى تېشىپ تۇرىدۇ. قوزغىلىپ تۇرىدىغان ھېس ـ تۇيغۇلىرى ئۇنى تېخى لەززىتى تېتىلمىغان ئەمما شېرىن تۇيۇلۇپ تۇرىدىغان گۈزەل تۇرمۇشقا ئەكېتىدۇ. شۇنداقلا ئۇ ئۆزىنى بەخت بۆشۈكىدە تەۋرىنىۋاتقاندەك ھېس قىلىدۇ. ئۇ ھەقلىق، ئارزۇلىرىنىڭ تەمىنى تېتىشقا ھوقۇقلۇق.

گۈلزارىخاننىڭ، قىزىنىڭ ناھىيىدە قالمىغانلىقىدىن كۆڭلىگە غەشلىك چۈشكەن. قىزىنىڭ ھازىر گۈلدەك چاقناپ ئالدىدا يۈرگەنلىكىدىن، «ئاپا، مەن كەتتىم» دەپ كىتاب ـ دەپتەرلىرى-

نى ئېلىپ مەكتەپكە مېڭىشى، «ئاپا، مەن كەلدىم» دەپ بىر دەستە دەپتەرنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىرىپ كېلىشىدىن غەشلىكى كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. گۈلزارىخاننىڭ هازىر بىرلا ئارمىنى بار، ئۇ بولسىمۇ، قىزىنى ئۆزىدەك ئوقۇغان، ئەدەپ ـ ئەخلاقلىق بىرىگە ياتلىق قىلىۋېلىش. ئەگەر يېتىم بالا بولسا، ئۆيىگىلا ئەكىرىۋالسا، بۇ تېخىمۇ ياخشى بولغان بولاتتى. گۈلزارىخان قىزى ئوقۇش تۈگىتىپ ئالدىدا يۈرگەندىن بېرى شۇنى كۆپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. چۈنكى هېلىتىنلا «قىزلىق ئۆيىگە قىرىق ئات باغلاقلىق» دېگەندەك، ئۇنىڭ ئىشىكىنى قېقىۋاتقانلار بار، ئۇلاردىن ئۆزىنىڭ كۆڭلىگە ياراپ قېلىۋاتقانلىرىمۇ بار. بىراق، ئىختىيارىيلىق قىزىدا. هازىرقى قىزلار، بولۇپمۇ ئوقۇ- غان قىزلار بۇرۇنقى قىزلارغا، ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىدىكى قىزلارغا ئوخشاشمايدۇ، ئاتا ـ ئانا رازى بولسىلا بېرىۋېتىدىغان ئىشلار يوق.

قوشنا ئايالنىڭ قىزى لەتىپەن سوزۇپ ئولتۇرغان سەبىھەگە باغاق ئەكىردى، باغاق ئىككى ئىدى.

— كىمدىن كەپتۇ؟ — دەپ سورىدى قازانغا ئاش سېلىۋاتقان ئاپىسى كەينىگە قايرىلىپ.

— مەنزىرە دېگەن شەھەرلىك ساۋاقدىشىمىزنىڭ تويى ئىكەن ئاپا، — دېدى سەبىھە كۈلۈپ، — قەدىرىيە ئىككىمىزنى قىزلار ئولتۇرۇشىغا چاقىرىپتۇ.

— كىرەمسىلەر؟

— كىرىمىز، يېقىن ئۆتەتتۇق. ئەتە شەنبە كىرسەك، يەك- شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن يېنىپ چىقىمىز.

ئانا ـ بالا ئىككىسى ئوخشىتىپ ئېتىلگەن لەتىپەننى يەپ بولۇپ، تېخى قاچا ـ قۇچىلار يىغىشتۇرۇلماي تۇرۇپلا گۈلزارى- خان قىزىغا:

— ساڭا دەيدىغان مۇهىم بىر گەپ بار ئىدى…، — دېدى.

— ده ئاپا، ئاڭلاي.
— باش ئاغرىتىدىغانلار چىققىلى تۇردى، قىزىم، سوراپ كىرگەنلەر ھېلىتىنلا ئۇچكە يەتتى.
— پاھ، قىزىڭنىڭ بازىرى چىققىلى تۇرۇپتۇغۇ.
— سەت گەپنى قىلمىغىنا، مەھەللىنىڭ كۆزى چۈشكىنى ئۇ.
— ئۇنداقلارنى قىزىم تېخى كىچىك، يا بولمىسا بېشى باغلىنىپ بولغان، دەپ يولغا سېلىۋەر، ئاپا، — دېدى سەبىھە كۈلۈپ.
— توختا، كىملەر ئۇ، دېمەمسەن؟
— ھە، ماقۇل، كىملەر ئىكەن؟
— بىرى سادىق تايخاننىڭ بالىسى زىكرىيا، يەنە بىرى ھېمىت تۆگىنىڭ ئوغلى ۋاسىل، ئىككىسى دېھقان بولۇپ كەتكەن باللار بولغاچقا، يالغان ئېيتىپ: «قىزىمنىڭ بېشى باغلىنىپ قاپتۇ» دېگەن گەپلەر بىلەن يولغا سېلىۋەتتىم.
— يەنە بىرىچۇ؟
— توختاپ تۇر، ئۇلار خۇددى سېنى قىزغىنىۋاتقاندەك، بىرىنىڭ ئەلچىلىرى چىقىشىغىلا، يەنە بىرىنىڭ كىردى، دېمەمسەن...
سەبىھە كۈلۈپ كەتتى.
— يەنە بىرى، — دېدى گۈلزارىخان، — گۈلبانۇمنىڭ ئوغلى مەخسۇت. ئۇ يېزا ئىگىلىك مەكتىپىنى تۈگەتكىلى ئىككى يىل بوپتۇ، ناھىيىدە دېھقانچىلىق بۆلۈمى دېدىمۇ، ئىشقىلىپ بىر بىر بۆلۈمدە ئىشلەۋېتىپتۇ.
— ئۇلارغا نېمە دېدىڭ؟
— ئويلىشىپ باقايلى، دېدىم. سەنمۇ بىلىدىغانسەن، مەخسۇتنىڭ يالغۇز ئاپىسى، بىرلا سىڭلىسى بار.
سەبىھە ئاپىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ ئۇرانىغا قاراپ، گۈلبانۇم

ئاتلىق ئايالىنىڭ ئائىلىسىمۇ، ئۇنىڭ ئۆيلەيدىغان ئوغلىمۇ يېقىپ قالغانلىقىنى، ئەگەر ئۆزى بولىدىكەن. دېسە، ئاپىسىنىڭ ئوتتەك قىزىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئاپىسىغا قاراپ بىلىندۇرمەي كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— مەن مەخسۇتنى بىلمەن، ئاپا، خىزمەت تەقسىماتىنى كۈتۈپ ھاكىم ئىدارىسىنىڭ ئالدىدا يۈرگەن ۋاقتىمىزدا مېنى نەچچە كۆردى، ئەجەب ئۆزى گەپ قىلماپتا؟

— راست، سېنى كۆرۈپتۇ، تارتىنچاق بالا ئىكەن، نەچچە تەمشىلىپتۇ، لېكىن گەپ ئېچىشقا پېتىنالماپتۇ.

سەبىھە كۈلۈپ كەتتى ـ دە، ئىچىدە: «خۇدايىم مېنى ساپلا تارتىنچاقلاردىن ئېيتىپ قويۇپتىكەن ـ دە!» دەپ ئويلىدى.

— ماقۇل دېسەڭ، ناھىيىدە ئۆي تۇتۇپ بەرگۈدەك، ئاپام يالغۇز دېسەڭ، مەخسۇت خىزمىتىنى گۇڭشېغا يۆتكەپ كەلگۈ-دەك.

سەبىھە ئۈنچىقمىدى.

— قانداق دەيسەن، قىزىم؟

— مەن ئۇ مەخسۇت دېگىنىڭ بىلەن ئارىلىشىپ كۆرمىگەن، مىجەز ـ خۇلقىنىمۇ بىلمەيمەن، ئۆزۈم بىلمىگەن، كۆڭلۈم چۈشمىگەن ئادەمگە قانداقمۇ ماقۇل دېگىلى بولسۇن، سەنمۇ قىز-زىق ئىكەنسەن، ئاپا.

— ئارىلىشىپ باق، كۆڭلۈڭ چۈشۈپمۇ قالار.

— «چۈشمىگەن كۆڭلۈمنى چۈشۈرىمەن» دەپ نەدە يۈرەي، ئەلچىلىرى جاۋاب ئالىدىغانغا يەنە كېلىدىكەنغۇ؟

— ھەئە، كېلىدۇ.

— بۇدا كەلسە، مەن ئۇقماپتىمەن، قىزىمنىڭ بېشى باغلى-نىپ بوپتىكەن، دەپ يولغا سېلىۋەت.

— ئوبدانراق ئويلىشىپ باقساڭ بولاتتى...

— بولدى، ئۇ گەپنى قوي، ئەلچى كىرسىلا ئانىسى ئاق

ياخشى، دادىسى كۆك ياخشى، دەپ كىگىزگە ئوراپ بېرىۋېتىدىغان زامان ئەمەس بۇ، بۇ ئۇخلىسام چۈشۈمگىمۇ كىرمەيدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن.

سەبىھە گەپنى ئۈزۈۋەتتى. گۈلزارىخان سۇلتىيىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇ قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ يۇيۇۋەتتى - دە، «قەدىرىيەنىڭ ئۆيىگە بېرىپ كېلەي» دەپ باغاقنى ئاچىقىپ كەتتى.

ئۇ يول بويى ئاپىسى بىلەن ھېلىلا بولۇنغان گەپ - سۆزلەرنى ئويلاپمۇ قويمىدى. خىيالسىز دېگۈدەك يۈرۈپ، قەدىرىيەنىڭ قورۇسىغا كىرىپ كەلدى. ئۇلارمۇ پېشايۋاندا لەگمەن يېيىشىۋاتقانىكەن. لەھەلبۇۋى ئىككى تال لەگمەن سالاي دېسە، سەبىھە: «مەنمۇ لەگمەننىڭ ئۈستىدىن كېلىشىم» دەپ ئۇنىمىدى.

— بىزنى تويغا چاقىرىپ، شەھەردىن باغاق چىقىپتۇ، — دېدى سەبىھە باغاقنى پۇلاڭلىتىپ.

— كىمنىڭ تويى ئىكەن؟

— مەنزىرەنىڭ.

— بىزنىڭ سىنىپتىكى مەنزىرەنىڭما؟

— شۇ بولماي، كىم بولاتتى.

— ۋىيىەي... نېمانداق تېز؟

— ساۋاقداشلىرىمىز بىر چەتتىن ئۇچۇشقا باشلاپتۇ، دوستەك.

— ئۆزبېك دېگەننىڭ ئاجايىپ ئىچى پىششىق بولىدىكەن - ھە، توي قىلىدىغاندەكمۇ ئەمەستى ئۇ.

— تەييارلىقنى قىلىپ قويۇپ، ئوقۇشنىڭ تۈگىشىنى كۆتۈپلا تۇرغان - دە، — دېدى لەھەلبۇۋى.

— بارارمىز؟

— ئەلۋەتتە بارىمىز.

— سىېنىڭ ئەتە چۈشتىن كېيىن دەرسىڭ بارمۇ؟

— بار.
— ئۇنداق بولسا، چۈشتىن ئاۋۋالغا ئالماشتۇرۇپ ئۆتۈۋەت.
سائەت بىردە ماڭساق، تۆت ـ بەشلەردە ئاران كىرىمىز، دېگىنە.
— ئاۋۇلارغا دەپ قويۇپ ماڭارمىز؟ — دېدى قەدىرىيە سەبى-
ھەنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقىپ شىۋىرلاپ.
— دەپ قويساق، دەپ قويايلى، خاپا بولۇپ قالمىسۇن يەنە،
ئاران قولغا ئۆگەتكەن قۇرغۇيلىرىمىز.
— ھەي ساراڭ… ئەگەر قارا ساناپ قالغۇدەك يېرى بولسا،
بارمىغىنىمىز تۈزۈك، دېمەكچىمەن.
— توۋا، ئەركىسىز بولۇپ قاپتۇق ـ ھە؟… يىگىت ئولتۇ-
رۇشىغا بۇلارنىمۇ چاقىرغان بولسىچۇ؟
— بىزنىڭ يۈرۈۋاتقىنىمىزنى نەدىن بىلىدۇ.
— ئەمىسە كەچتە ئىككىسى بىلەن ئۇچرىشايلى.
شۇنداق بولدى، ئۇلار مەھەللىنىڭ چېتىدىكى كۆچەتزارلىقتا
كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدى. سەبىھە ئاپىسىغا: «قەدى-
رىيە بىلەن بىردەم پاراڭلىشىپ كېلەي» دەپ، قەدىرىيە ئاپىسى-
غا: «سەبىھەلەرنىڭكىدە بىردەم ئولتۇرۇپ كېلەي» دەپ ئۆيلىرى-
دىن چىقتى. قىزلىرىغا ئىشىنىدىغان ئانىلار ئۇلارنىڭ سۆزلىرى-
گە ھېچقاچان گۇمانسىرىمايدۇ. بولۇپمۇ ئوقۇغان، بىلىملىك
قىزلارغا «ئەقىلسىز، نادان ئەمەس، ئۆزىنى تۇتۇشنى بىلىدۇ،
توغرا يولنى تېپىپ ماڭىدۇ» دەپ قارايدۇ. شۇڭا قەدىرىيە بىلەن
سەبىھە مەيلى كۈندۈز، مەيلى كەچ ئۆيدىن چىقىشتا قىيىنچىلىق،
توسالغۇغا ئۇچرىمايدۇ. قاراڭغۇ چۈشۈپ ئىككىسى كۆچەتزارلىققا
كەلگەندە، زاماندىن بىلەن نۇرزات ئۇلارنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغا-
نىدى. ئۇلار تېخى يېتىپ كەلمەيلا:
— بۈگۈن كۆرۈشەيلى دېگىنىڭلارغا قارىغاندا، — دېدى زاما-
ندىن، — شەنبە بىر يەرگە بارىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟
— تاپقاق ئىكەنسىز، بارىمىز. سىلەردىن رۇخسەت سوراپ
كەلدۇق، — سەبىھە كۈلۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— بىزدىن؟
— ئەلۋەتتە، سىلەردىن.
— نەگە بارىسىلەر؟
— شەھەرگە، بىر ساۋاقدىشىمىزنىڭ تويى بولىدىكەن، باغاق چىقارتىپتۇ، بىرىپ كەلسەك بولار؟
— سىلەرنىڭ تويلارغا بىرىش - بارماسلىقىڭلارغا رۇخسەت قىلىش - قىلماسلىق ھوقۇقى تېخى قولىمىزغا ئۆتمىدى، — زامانىدىنىنىڭ ئوچۇق كۆڭۈللۈك بىلەن ئېيتقان گېپىنىڭ مەنىسى ئۆزىنىمۇ، باشقىلارنىمۇ كۈلدۈرۈۋەتتى.
— تويلارنى ئۆزۈڭلار ئوينايدىكەنسىلەر - دە؟
— بىزنى تاشلاپ قويىدىكەنسىلەر - دە، — دېدى نۇرزاتمۇ ئېغىز ئېچىپ.
— ھازىرچە شۇنداق بولىدۇ، — دېدى قەدىرىيە كۈلۈمسىرەپ، — كېيىنچىرەك ئاشكارا، ئەركىن بولىمىز.
ئىككى يىگىتنىڭ ئالدىدا ئىككى قىز تۇرۇپتۇ. كېچە قاراڭغۇلۇقى ھەرقانچە بەڭۋاشلىق، شوخلۇقلارنى ئۆز قوينىغا يوشۇرۇپ كېتەلەيدۇ. يۇرەكلەر دۈپۈلدەپ ئۇرماقتا، پۇت - قوللار تىترىمەكتە، نازۇك ھېس - تۇيغۇلار ئويغانماقتا... ئىككى يىگىت ئىككى قىزنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئەركىن - بەھۇزۇر ھالدا كۆچەتزارلىق ئىچىگە يېتىلەپ ئەكىرىپ كەتسە بولاتتى. لېكىن قىزلار ئۇنىمىدى. «‹ئاپىلىرىغا چايغا ياكى ئولتۇرۇشقا بارىمىز› دەپ ئەمەس، ھازىرلا كېلىمىز» دەپ چىققانلىقىنى ئېيتىپ قايتىشتى. ئايرىلىدىغان يەرگە كەلگەندە، زامانىدىن مۇنداق دېدى:
— تويىنىڭ خۇشاللىقىدىن ئازراق ئالغاچ چىقىڭلار، بىزمۇ ئىلھاملىنىپ تۇرايلى.
— ياق، — دېدى سەبىھە، — ھازىرچە ئىلھاملانماي تۇرۇڭلار.
ئەتىسى ئىككى قىز تويغا ماڭدى. يولدا كېتىۋېتىپ، قەدى-

رىيە دوستىغا:
— قارا سەبى، مەن مۇنداق بىر نەرسىنى ھېس قىلىۋاتى-
مەن: بىرى بىلەن يۈرمىگەن چاغ — ئىنتايىن ئەركىن، خالىغى-
نىڭچە قىيغىتىدىغان چاغ ئىكەن، ئەمما تۇرمۇشۇڭدا بىر نەرسى-
نىڭ كەملىكىنى، ئۇنى تولدۇرمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قى-
لىپ ئازابلىنىدىكەنسەن؛ بىرى بىلەن يۈرگەن چاغ — ئۇنىڭغا
باغلىنىپ قالغان، خالىغىنىڭچە يۈرەلمەيدىغان چاغ ئىكەن، بى-
راق ئىچ-ئىچىڭدىن خۇشاللىقىڭ ئۇرغۇپ، بەخت ھۇزۇرىنى،
ياشاشنىڭ شېرىنلىكىنى ھېس قىلىپ يۈرىدىكەنسەن، — دېدى.
سەبىھە دوستىنىڭ مۇلاھىزىسىگە دەررۇ ئۈن قاتتى:
— راست ئېيتىسەن، بۇرۇن ئوغۇل بالىلارغا چاقچاقلارنى
بەھۇزۇر قىلىۋېرەتتۇق، ھازىر دىققەت قىلىدىغان، بىر گەپ
قىلىپ قويۇپ، دەرھال يۈرگەن ئادىمىڭنىڭ كۆزىگە قارايدىغان
بولۇپ قالىدىكەنسەن.
— بەلكى بۇ بىزنىڭ ئادەم بولۇشقا، ئۆزىمىزنى تۇتۇۋېلىش-
قا، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىزنى ئويلاشقا ئۆتكەن ۋاقتىمىز بولسا
كېرەك.
ئىككىسى جىمجىت كېتىپ بارسىمۇ، كۆڭلى توق، خاتىر-
جەم، خۇشال ئىدى. كۆزلىرىنى بىردە كۆرۈنۈپ، بىردە كۆرۈن-
مەي ئېقىۋاتقان دەرياغا، ئۇ قاتتىكى بەزى يەرلىرى كۆكىرىپ،
بەزى يەرلىرى سارغىيىپ ۋە بەزى يەرلىرى بوزىرىپ تۇرغان
چەكسىز ئېتىزلارغا، ئېدىرلار ۋە قامەتلىك تاغلارغا تىكسە، بىر-
دەم يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى قېنىق ھال رەڭ يۇلغۇنلار،
قوڭغۇراقلىق تىكەنلەرنىڭ گۈللىرىگە، چىغلارنىڭ يەلپۈنۈپ تۇر-
غان پۆپۈكلىرىگە تىكەتتى، ئۆمۈرنىڭ گۈزەللىكىنى ھېس قىلات-
تى. ھايات شۇنداق گۈزەلكى، جاپا تارتسىمۇ كىشىلەر ئۇنىڭغا
تويمايدۇ!

## 27

بۇگۇن يەكشەنبە، تۇنۇگۇن ئۇلار: «ئەمدى سۇ سوۋۇپ كېتىدۇ، توقايلىققا بىر چۇشۇۋالايلى» دېيىشكەن ھەم توقايلىققا مەھەللىدىن يىراقراق يۇقىرىقى كېچىكتىن ئۆتىدىغان، كېچىك بويىغا ئايرىم - ئايرىم كېلىدىغان بولۇپ كېلىشكەنىدى.

قەدىرىيە قورۇسىدىن ھاياجاندا، تەقەززالىقى يانغان ھالدا ئالدىراپ چىقتى. ئۇ خۇددى قانات قېقىپ كېتىۋاتقان قۇشتەك كېتىپ باراتتى. كۆزلىرىدە بىردە خۇشاللىق، بىردە ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى. پۇتۇن تۇرقىدىن ھەم زامانىدىن بىلەن كۆرۈشۈش، دوستلىرى بىلەن بىللە بولۇش شادلىقى، ھەم «بىز-نى كىشىلەر كۆرۈپ قالمىغىيتتى» دېگەن ۋەھىمە ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. قاتتىق ھاياجاندىن، ئارزۇ - ئارمانلىرىنىڭ لاۋۇلداپ يېنىۋاتقانلىقىدىن ئاياغلىرى يەرگە تەگمەيۋاتقاندەك قىلاتتى. ئىت-تىك كېتىۋاتقان بولسىمۇ، يول بۇرۇنقىدىن ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىنمەكتە ئىدى. ئۇ ھەر قېتىم زامانىدىن بىلەن كۆرۈشۈشكە ماڭسا، بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈشكە ماڭغاندەك ھېس - تۇيغۇدا ياناتتى.

ئادەم دېگەن نەرسىمۇ قىزىق: بىر ئوغۇل ياكى قىز، ئوغۇل-لۇق ۋە ياكى قىزلىق قورۇغا ئادەتتە كۆڭلىدە غەيرىي ئوي، سۆيگۈ ئوتلىرى قوزغالمىغان چاغدا كىرىپ - چىقىۋېرىدۇ، ئەن-دىشە، ئېھتىياتچانلىق خىيالىغىمۇ كەلمەيدۇ؛ ئەگەر كۆڭلىدە بىرەر غەيرىي ئوي، سۆيگۈ ئوتلىرى قوزغىلىپ قالسا، ئارىدا ھېچقانداق ئىش ئۆتمىسىمۇ، ئۆزلۈكىدىنلا ئاشۇ قورۇغا كىرىپ - چىقىشتىن ئەيمىنىدىغان، ئېھتىيات قىلىدىغان بولۇپ قالىدۇ. قەدىرىيەنىڭ زامانىدىن بىلەن، سەبىھەنىڭ نۇرزات بىلەن يۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاپىلىرى بىلمەيدۇ. بەلكى مەھەللىدىكىلىرىمۇ بىلمىسە كېرەك. ئۇلار بۇرۇن مەھەللىدە، كۇپكۇندۇزلەردە بىللە

يۇرەتتى، بىر يەرلەرگە بىللە باراتتى، توقايلىقلارغىمۇ بىللە چۈشۈۋېرەتتى. ھازىر ئۇلارنىڭ يۇرۇۋاتقانلىقلىرىنى ھېچكىم بىلمىسىمۇ، نېمىشقىدۇر بىللە بولۇشتىن قورۇنىدىغان، ۋەھىمىگە چۈشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزلىرىچىلا: «بىزگە نەچچە يۈزلىگەن كۆزلەر تىكىلىپ تۇرىدۇ، تولا ھەددىمىزدىن ئېشىپ كەتمەيلى» دېيىشىدىغان بولدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككى قىزنىڭ ئوقۇتقۇچى بولۇپ قالغانلىقى، تەرەپ - تەرەپتە ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ يامراپ يۈرگەنلىكى، ئۇلارنى ھەر ماڭدىمىدا دىققەت قىلىشقا، ئالدى - ئارقىسىغا قاراشقا ئۈندەپ تۇراتتى. كىمكى نەسىھەتچى ئىكەن، ئالدى بىلەن ئۇ ئۆزى شۇ نەسىھەتنى ئاڭلىغۇچى، ئىجرا قىلغۇچى بولۇشى كېرەك - دە.

ھاياجانلىنىپ قەدەملىرى ئىتتىكلەپ كەتكەن قەدىرىيە ئېگىز يارلىق ئۈستىگە كېلىپ توختىدى ۋە ئالىقىنىنى ماڭلىيىغا قويۇپ كېچىك بويىغا قارىدى. زاماندىن، نۇرزات، سەبىھەلەر كېلىپ بوپتۇ. ئۆزىگە قاراپ تۇرسا كېرەك، كېچىكتىن ئۆتمەي تۇرۇپتۇ. ئۇلارمۇ قەدىرىيەنى كۆرۈپ قوللىرىنى پۇلاڭلاتتى. قەدىرىيە ئىككى يارلىق ئارلىقىدىكى يالغۇز ئاياغ يول بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يۈگۈرۈپ چۈشۈپ كەتتى.

كۆز سۈيى تىنىقلىنىپ قالغان ھەم مۇزدەك ئىدى. ئۇلار پۇتلىرىنى سۇغا ئەندىكىپ سالدى - دە، توقايلىققا بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى چىقتى. يەنە يۇقىرىلاپ مېڭىپ، چىمەنلىك، سايلىق يەردە ئولتۇرۇشتى. شىۋىرلاپ يېتىپ كەلگەن شامال چاچلىرىنى غىدىقلاپ، يۈزلەرنى سۆيۈپ ئۆتمەكتە، قۇشلار شاختىن - شاخقا سەكرىشىپ ۋىچىرلىشىپ ئويناشماقتا. بىرنەچچە سال كەينى - كەينىدىن ئۆتۈپ كەتتى.

تۆتى ئاۋۋال بىرلىكتە توقايلىقنى ئارىلىدى. ئاندىن قايتىپ كېلىپ بايىقى چىمەنلىكتە يەنە ئولتۇرۇشتى. ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى سومكىلىرىدىن ئالدى. ئىككى قاتلاپ سېلىنغان گېزىت

يوزى پىشقان گۆش، پىياز شۆپۈكىدە قىزارتىپ پىشۇرۇلغان تۇخۇم، كەمپۈت، پېچىنىلەر بىلەن تولدى. ئۇنىڭ ئىچىدە بىر بوتۇلكا ئاق هاراقمۇ بار ئىدى. ئىككى قىز ئەنسىرىگەندەك قىيا-پەتتە بىر - بىرىگە قاراپ قويۇشتى. زاماندىن بىلەن نۇرزات بىرەر قاچا ياكى بىرەر رومكا ئىلىنۇالمىغىنىنى شۇ چاغدىلا بىلىش-تى. ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرىدىن ئاز - ئازدىن يېيىشىپ ئولتۇرۇشتى. زاماندىن، نۇرزات ئىككىسى بوتۇلكىنى كۆتۈرۈ-شۈپ، غۇرتۇلدىتىپ ئىككى - ئۈچ يۇتۇمدىن ئىچىشتى.

ئۇلار تارقىلىشتى.

زاماندىن بىلەن قەدىرىيە بىر تۈپ زىرىق تۈۋىدە ئولتۇرۇش-تى، شاخلارنىڭ ئارىلىرىدا قالغان ئاخىرقى زىرىقلارنى تېرىشكە باشلىدى. قەدىرىيە زىرىققا ئامراق ئىدى. ئۇ تەرگەنلىرىنى ئۇ-دۇللۇقچە ئاغزىغا سالاتتى. زاماندىن ئېھتىياتسىزلىقتىن كۆر-سەتكۈچ بارمىقىنىڭ ئۇچىنى زىرىق تىكىنىگە سانجىۋېلىپ قاند-تىۋالدى. قەدىرىيە ئۇنى قان تامچىۋاتقاندا كۆرۈپ قالدى.

— ۋىيەي، نېمە بولدى؟

— هارام قان ئېقىۋاتىدۇ.

— هارام قان؟… قان دېگەن جان، — ئۇ قولياغلىقىنىڭ بىر چېتىنى «جارتلا» قىلىپ يىرتتى - دە، بىردىنلا كۆلۈپ كەتتى.

— زاڭلىق قىلىۋاتىسىز - هە؟

— زاڭلىق قىلمىدىم.

— كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟

— بىر ئىش ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى.

قەدىرىيە، سەبىھەلەر ئوقۇتقۇچىلىرى شۆھرەت بىلەن بەخ-تىيارنى ئوينىتىپ مۇشۇ توقايلىققا ئەكەلگەن. شۇ چاغدا شۆھ-رەت نەق مەشەدە قەدىرىيەگە زىرىق تېرىپ بېرىمەن، دەپ قولىنى تىكەنگە سانجىۋالغان. ئۇ: «سىزگە تېرىپ بېرىمەن، دەپ قو-

لۇمنى قانىتىۋالدىم» دېگەندە، قەدىرىيە: «نىيىتىڭىز بۇزۇلغان ئوخشايدۇ، زىرىقنىڭ تىكىنى ئۇنداق ئادەمنى ئاسانلا بايقىۋالىدۇ» دېگەن. ھازىر ئۇنىڭ ئېسىگە شۇ ئىش كېلىپ قالغانىدى.

— نېمە ئىش ئېسىڭىزگە چۈشتى؟

— ھەممە ئىشنى سوراۋەرمىگۈلۈك، — دېدى ئۇ يېقىملىق كۈلۈمسىرەپ، ئۇنىڭ بارمىقىنى تېڭىۋېتىپ، — ئادەمنىڭ باشقىلارغا دېگىلى بولمايدىغان مەخپىيەتلىكلىرىمۇ بولىدۇ، زاماندىن.

— ۋاي - ۋۇي، ئاياپ كەتكىنىنى…

— مەشەدە زىرىق تېرىۋېتىپ، بىرىگە ئۈچلۈكۈم كەلگەن، بىرىگە ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، ئەمدى بولدىما؟

زاماندىن كۈلۈپ، ئۇلارنىڭ مۇئەللىملىرى بىلەن مۇشۇ توقايلىقتا بىللە بولغان چاغنى ئەسلىدى. ئۇ قەدىرىيەنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇپ، ئاستا شىۋىرلاپ.

— يېقىنىراق كېلىڭە، ئاشۇ گەپ چىققان ئاغزىڭىزغا… — دېدى.

— ھە، يانچۇقىڭىزدا ناۋات بارمىدى؟

— ئاغزىمدا بار ئىدى.

— قېلىن… تولا ھەددىڭىزدىن ئاشماڭ جۇمۇڭ، ئەنە، ئاۋۇ يەردە سەبىھەلەر ئولتۇرىدۇ.

— يۈرۈڭە، نېرىراق كېتەيلى.

ئىككىسى زىرىق تېرىشنى قويۇپ، نېرىراق كەتتى - دە، دەريانىڭ لېۋىدە ئولتۇرۇشتى. دەرياغا ئېگىلگەن بىر تۈپ جىگدە ئىككىسىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. زاماندىن چىملىقتا، قەدىرىيە سۇ يالاپ چىمنى ئەكەتكەن شېغىللىقتا ئولتۇرغانىدى، زاماندىن ئۇنى يېنىغا كېلىپ چىملىقتا ئولتۇرۇشقا ئۈندىدى. قەدىرىيە ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سۈركىلىپ يېقىن ئولتۇردى. زاماندىن ئۇنى مۈرىسىدىن قۇچاقلاپ، بېشىنى ئېگىشتۈرۈپ مەڭزىگە سۆ-

يۇۋېدى، قەدىرىيە بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويدى. زاماندىننىڭ بەدەنلىرى يايراپ كەتتى. «چىن مۇھەببەت ھارارىتىدىن ئۆتكۈررەك ھارارەت يوق» دەپ كىممۇ ئېيتىشۇدىكىن، سۆيگۈ سېزىمى، يالقۇنى ئىككىسىنىڭ بەدەنلىرىنى ياندۇرۇۋەتتى ۋە ئۇلارنى ئاجايىپ گۈزەل روھىي دۇنيا ئىچىگە ئەكىرىپ كەتتى. چىن سۆيگۈ كىمنى بويسۇندۇرمايدۇ، ئۇنىڭ مەستلىكى قاتتىق تۇتقاندا، ئېيتىشقا نومۇسلىنىدىغان سۆزلەرنىمۇ ئېيتقۇزۇۋېتىدۇ، ئارتۇقچە دەپ قارالغان ھەرىكەتلەرنىمۇ قىلغۇزۇۋېتىدۇ. بىرى: «سىز مېنىڭ بەختىم، بەختىمنى سىزدىنلا تاپتىم» دېسە، بىرى: «سىز مېنىڭ ھاياتىم، ماڭا ھايات گۈزەللىكىنى سىز بەردىڭىز» دەپ پىچىرلايتتى ۋە ئۆزلىرىنى بىر بىلىپ، بىر بىلمەي، بىرى: «بىز كەلگۈسىدە ئەر - خوتۇن بولىمىز - ھە!...» دېسە، يەنە بىرى: «بىر - بىرىمىزگىمۇ، باللىرىمىزغىمۇ كۆيۈمچان، مېھرىبان ئاتا - ئانا بولىمىز» دەيتتى. ئادەم يېڭى ھاياتقا — تېخى ئۆزى كۆرمىگەن، بىراق ھازىرقىدىنمۇ گۈزەل، يېقىملىق دەپ ھېس قىلىدىغان كەلگۈسىگە تەشنالىق ۋە قاتتىق ئىنتىزارلىق بىلەن تەلپۈنۈپ ياشايدۇ. بۇ يولدا ئۆزىنى خۇددى بورانىنى يېرىپ كېتىۋاتقان لاچىندەك سېزىدۇ.

شۇ ھالدا ئۇلار خېلى تۇرغاندىن كېيىن، قەدىرىيە بېشىنى ئاستا كۆتۈردى، بىراق ئىشق ھېسلىرى تېخى بېسىلمىغانىدى.

— خۇدايىم ئادەملەرگە نېمىشقا مۇھەببەت سېزىمى بەردىكىن؟ — دېدى قەدىرىيە نازۇك ئۇچقۇنلار يانغان كۆزلىرى بىلەن زاماندىنغا قاراپ.

— بەندىلىرىم ياشاشنىڭ شېرىنلىكىنى ھېس قىلسۇن، دېگەندۇ، — زاماندىن كۈلۈپ جاۋاب بەردى.

— ئادەملەرنىڭ نېمىشقا ئۆمۈرگە تويمايدىغانلىقىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن.

— جاپا تارتقانلىرىچۇ؟

— جاپاننىڭ ئىچىدىمۇ راھەت بولىدۇ، زامانىدىن.

— قېرىغاندىچۇ؟

— ياشلىقىنى ئەسلەپ ياشايدۇ، شۇڭا قېرى ئادەممۇ ياشىسام، دەيدۇ.

شۇ تۇرقىدا، بۇلاردىن خېلىلا نېرىدا، دەريانىڭ لېۋىدە ئولتۇرغان سەبىھە بىلەن نۇرزاتمۇ مۇھەببەت مەستلىكىدە يېرىم بىھوش ئىدى. نۇرزات سەبىھەنى ئەمەس، سەبىھە نۇرزاتنى مۇردىسىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇراتتى. دەريا شاۋقۇنلىرىمۇ، قۇشلارنىڭ ۋىچىرلاشلىرىمۇ ئۇلارنىڭ قۇلىقىغا كىرمەيتتى. ئىككىسى ساپ سۆيگۈ ئىگىسى. بىرى، ئۆز سۆيگۈسىنى ئېغىزىدىن چىقىرىپ بەختىيار، يەنە بىرى، چىقىرالمىسىمۇ بەختىيار. شۇ تۇرقىدا سەبىھەنىڭ پىچىرلاشلىرىدىن شۇنى ئۇققىلى بولاتتى، ھەقىقىي مۇھەببەت، يۈرىكىنى ياندۇرۇۋاتقان ساپ مۇھەببەت گويا چاقناپ ئېچىلغان قىزىلگۈلدەك پۇراقلىق، تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدەك سۈزۈك، سەھەر شامىلىدەك ئىللىق، بۇلبۇل كۈيىدەك يېقىملىق ئىدى. ئۇ ئاشۇ پۇراقنا تويمايتتى؛ ئاشۇ سۇغا باغرىنى يېقىپ قانمايتتى؛ ئاشۇ شامالدىن سەگىپ ھۇزۇرلىناتتى؛ ئاشۇ كۈينى ئاڭلىغانسېرى ئاڭلىغۇسى كېلەتتى.

— نۇرزات؟

— ھە.

— مېنىڭ ھاياتىم قاچاندىن باشلاپ مەنىلىك ئۆتۈشكە باشلىغانلىقىنى بىلەمسىز؟

نۇرزات ئويلىنىپ قالدى. تۇيۇقسىز بېرىلگەن سوئال ھەرقانداق ئادەمنى ئەمتىرىتىدۇ. ئۇ خېلىدىن كېيىن جاۋاب بەردى:

— دارىلمۇئەللىمىنگە كىرىپ ئوقۇغاندىن باشلاپ، — سەبىھە كۈلۈپ كەتتى.

— ئويلاپ باقسام، سىزنى ياخشى كۆرگەن كۈنۈمدىن باشلىنىپتۇ، سىزنىڭچۇ؟

— مېنىڭمۇ شۇ، كۆڭلۈمدە بىلىپ يۈرەتتىم.

نۇرزاتنىڭ سۆزى ئاددىيلا ئېيتىلغان بولسىمۇ، سەبىھە ئۇنىڭ سۆزىدىن ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، بىللە بولغان چاغلىرىنى ھەرقانداق ۋاقىتتىن ئۇستۇن قويۇۋاتقانلىقىنى بىلىپ، لەۋلىرىدە تەبەسسۇم جىلۋىلەندى.

— مەن سىزنى... شۇنداق ياخشى كۆرىمەن... سىزدىن ھەرگىز ئايرىلمايمەن... ئايرىلالمايمەن...، — سەبىھە خۇددى بىر ئادەمنىڭ شۇنداق دەپ قويغان سوئالىغا جاۋاب بېرىۋاتقان ئادەمدەك ئۇزۇك - ئۇزۇك سۆزلەيتتى.

— مەنمۇ شۇ، — دېدى نۇرزات سەل ئەندىكىپ، — سىزنى ياخشى كۆرگەن كۈنۈمدىن بېرى دۇنياغا باشقىدىن كەلگەندەك بولۇپ قالدىم.

ئۇ قىزىپ، نومۇسلىنىپ يۈرىكىدىكى ئۆزىنى ھەرقاچان ھاياجانغا سالىدىغان سۆزلىرىنى ئېيتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەڭ مۇھىم، نازۇك، تەسىرلىك گەپلىرىنى ئىزھار قىلالمىغاندەك تۇيغۇدا قالدى. سەبىھە كەم سۆزلۈك، نومۇسچان يىگىتنىڭ ئاڭلاپ باقمىغان ئاشۇ سۆزىدىن ھۇزۇرلىنىپ ھاياجانلاندى.

ئۇلار خېلىدىن كېيىن، يەنە بايىقى چىملىققا كېلىپ ئولتۇرۇشتى. گېزىت قەغىزىگە ئوراپ قويۇلغان يېمەكلىكلەر ئېچىلدى. ئارزۇسىغا يەتكەن ئادەملەردە بولىدىغان خۇشاللىق، غۇرۇر ئۇلارنىڭ چېھرىسىدىن، كۆزلىرىدىن، زىناقلىرىدىن، لەۋلىرىدىن ۋە پۈتۈن تۇرقىدىن يېغىپ تۇراتتى. نۇرزاتتا سەل - پەل قورۇنۇش، ئەيمىنىش ئىپادىلىنىپ تۇرغىنى بىلەن قالغانلىرىدا ئۇنداق ئالامەتلەر پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. بىر - بىرى ئۈچۈن قەدىرلىك، سۆيۈملۈك بولغان ئادەملەر ئۇچراشقاندا، يۈرەكلىرى شوخلىنىپ سوقىدۇ، بەدەن - بەدەنلىرىدىن ھاياجانلىق ھېسلار قوزغىلىدۇ، دۇنياسى ئۇنتۇلىدۇ، ئۆزلىرىنى خۇددى پايانسىز كۆكتە پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشلاردەك سېزىدۇ. مۇنداق

چاغلاردا تۇرمۇش يولىدا دۇچ كېلىدىغان تۇسالغۇ، ئويلىمىغان يەردىن چىقىدىغان قارشىلىق، ئۆمۈرگە يوشۇرۇنغان كۆڭۈلسىز- لىك، قايغۇ، ئازاب، ھەسرەتلەر ئۇلارنىڭ خىيالىغىمۇ كەلمەي- دۇ. تۇرمۇش يولى خۇددى شوخلىنىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدەك راۋان سېزىلىدۇ.

كۆزلەردە شادلىق نۇرى، كۆزلەردە كۈلكە، لەۋلىرىدە ئىل- لىق تەبەسسۇم جىلۋىلەنمەكتە. ھاراقنى زامانىدىن خالاپ، نۇر- زات خالىماي بوتۇلكىسى بىلەن كۆتۈرمەكتە. قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئىككىسىنى مەززىلىك پىشقان گۆشتىن، ئاقلانغان تو- خۇمدىن يېيىشكە ئۈندىمەكتە. دەسلەپ ئۇلار گۆشتىن، توخۇم- دىن ئانچە - مۇنچە يېگەن بولسىمۇ، كېيىن پۈتۈنلەي قۇرۇق ئىچتى. يۈزلەر قىزاردى، كۆزلەرنىڭ خۇنى قاچتى، ئۆزلىرىنى بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا تاشلاشقا باشلىدى... بۇ نۇرزات بىلەن زامانىدىننىڭ ئىككىنچى قېتىملىق ھاراق ئىچىشى ئىدى. بىر بوتۇلكا ھاراق توگىمەي تۇرۇپلا ئىككىسى مەست بولۇپ قالدى ۋە بىر باغدىن، بىر تاغدىن سۆزلەشكە باشلىدى. سەبىھە قالغان ھاراقنى دەرياغا پىرقىرىتىپ تاشلىۋەتتى. ئىككى قىز ئەمدى قانداق قىلارمىز، دېگەن ئويدا بىر - بىرىگە ئەندىشىلىك قاراشتى.

— مەست بولۇپ قالدىڭلار، — دېدى قەدىرىيە، — تۇرۇڭلار، ئەتراپنى ئايلىنىپ بىرئاز سەگىڭلار.

— بىز مەست بولۇپ قالدۇقمۇ؟...

— راست، مەست بولۇپ قالدىڭلار.

— ياق، ياق...

— تۇرۇڭلار، — ئىككى قىز ئىككىسىنى قولتۇقىدىن يۆلەپ خېلى تەسلىكتە قوزغىدى.

— ياق، بىز ماڭالايمىز... تۇتماڭلار، — دېدى زامانىدىن خۇنى قاچقان كۆزلىرى بىلەن قەدىرىيەگە قاراپ، — ماڭالايمىز

... شۇنداقمۇ، نۇرزات، بىزنى مەست دەۋاتقىنىنى قارا...

زاماندىن بىلەن نۇرزات ئىككى قىزنىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئىككى ياقىقا ماڭدى. بىراق ئون بەش - يىگىرمە قەدەم ماڭا - ماڭمايلا سەنتۈرۈلۈپ ئاۋۋال نۇرزات، كەينىدىن زاماندىن يىقىلىپ چۈشتى. ئىككىسى ئىككى ياقىقا — قەدىرىيە زاماندىننىڭ، سەبىھە نۇرزاتنىڭ يېنىغا باردى - دە، ئۇلارنىڭ باشلىرىنى تىزىغا ئالدى. يۈزلىرىنى پاكىز قولياغلىقلىرى بىلەن ئېرتتى.

— هاراق قېنى؟ — زاماندىن توختىماي سۆزلەيتتى، قوللىرىنى بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا تاشلايتتى.

— هاراقنى نەگە قويدۇڭلار؟

— دەرياغا تاشلىۋەتتۇق.

— بىزنى مەست بولۇپ كەتمىسۇن، دەپما؟

— هەئە.

— سىلەر بېلىقلارنى مەست قىلماقچىما؟

— هەئە.

— بوپتۇ، بېلىقلار مەست بولسا بولسۇن، هاراقنى تاشلىۋەتسەڭلار، كىم بولسىمۇ خاپا بولىدۇ، بوپتۇ، بىز خاپا بولمايمىز، بىزنى ئاسراۋاتىسىلەرغۇ؟...

ئىككى قىزغا ئايان بولدىكى، نۇرزات مەست بولسا، تېخىمۇ ياۋاشلاپ، ئۇنى ئۆچۈپ كېتىدىكەن؛ زاماندىن تېخىمۇ سۆزمەنلىشىپ، توختىماي گەپ قىلىدىغان، كۆڭلىدىكىنى تۆكۈۋېتىدىغان مەست بولىدىكەن. .

— دۇنيادا مېنىڭدەك بەختلىك ئادەم بارمۇ؟ — دەيتتى كۆزى يۇمۇلغان، ئاغزى ئېچىلغان زاماندىن، — ياق، يوق! ... قەدىرىيەگە ئىگە بولدۇم، مەقسىتىمگە يەتتىم... ئەمدى ئۇنى ئالىمەن، ئېرى بولىمەن، مەن بەختلىك...

قەدىرىيە ئالىقىنى بىلەن ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى، «كى-

شى مەست بولۇپ قالسا، كۆڭلىدىكى ھەقىقىي گەپلىرىنى دەۋې-
تىدۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم، — دەپ ئويلاپ قالدى قەدىرىيە ئۇنىڭ
سۆزىدىن تەسىرلىنىپ، — راست گېپىنى قىلىۋاتىدۇ، بىزنىڭ
بېشىپ يېتىدىغان تۇرمۇشىمىزنى سۆزلەۋاتىدۇ، راست شۇنداق
بولىدۇ». قەدىرىيە شاپاقتا ئىشلەنگەن سېسىق ھاراقنىڭ ھىدى
كېلىپ تۇرغان ئۇنىڭ ئېغىزىغا ئاستا سۆيۈپ قويدى.

زاماندىن شۇنچە كۆپ سۆزلىگەن بولسىمۇ، ئۇ كېيىن،
نۇرزات ئاۋۋال ئۇخلاپ قالدى.

كۈن ئولتۇرۇپ كەتتى. دەريا شاۋقۇنلىماقتا، سوغۇق شا-
مال ئۇرماقتا، قۇشلارنىڭ ئۈنى ئاستا - ئاستا ئۆچمەكتە. نەم
ھاۋا، شامالدىن غوللىرى كىرىشكەن زاماندىن بىلەن نۇرزات
ئىككى سائەت چامىسى ئۇخلىغاندىن كېيىن ئويغاندى. ئىككىسى
خېلىلا سەگىپ قالغانىدى.

قاش قارايغان مەزگىلدە ئۇلار ئارالدىن ئاۋايلاپ ئۆتۈشكە
باشلىدى.

## 28

نۇرزاتنىڭ كۆڭلىگە قانداقتۇر ئەندىشە چۈشۈپ قالدى. سە-
بىھەنىڭ ئاپىسى ئۇنىڭغا قاچانلا كۆرسە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدى-
غانلىقىنى ئۇ سېزىپ يۈرەتتى. لېكىن ئۇنى كۆڭلىگە ئېلىپ
كەتمىگەن، قىزلارنى ئوغۇللارنىڭ ئىزدەپ كېلىشى بەلكى غەلىتە
تۇيۇلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغان. ئەمما قايسى كۈنى
سەبىھەنى ئىزدەپ كەلگەندە، ئىشىك ئالدىغا چىققان گۈلزارىخان
قاپىقىنى تۈرۈپ «يوق!» دەپلا كەينىگە يانغانۇ، يەنە ئاڭلىتىپ
تۇرۇپ: «نېمانداق قىلىن بالا بۇ، ھە دېسىلا ئىزدەپ كېلىۋېرى-
دىغان...» دەپ غودۇڭشىغان. تۇنۇگۈن ئۇ سەبىھە بىلەن ئۇچ-
راشقان چېغىدا، مۇشۇ گەپنى، ئۆزىنىڭ سەزگەنلىرىنى ئۇنىڭغا

ئېيتماقچى بولدى، بىراق تىلىنىڭ ئۇچىغا كەلگەن سۆزلىرىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتتى. «ئۆزىدە ھېچ گەپ بولمىغاندىكىن ئېيتىپ نېمە قىلاي، قاراپ تۇرۇپ ئىزا تارتقۇزۇپ ئازابلاپ قويماي» دەپ ئويلىدى. بىراق ئۇ ئىش كۆڭلىگە بىر تۈگۈن سېلىپ قويدى.

«كۆتۈرەلمىسەڭ ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، ئەندىشىنىڭ چوڭى ئەمدى باشلاندى: بۈگۈن ئۇ ئېتىزدىن قايتىپ ئۆيگە كېلىشىگە ھېچ ئويلىمىغان يەردىن دادىسى غوجامبەردى: «گۈلزاردىخان دېگەن بېشەمنىڭ قىزى بىلەن قاراپ ئارىلاش، كوچىدا ھەر خىل گەپ تولا، ھەددىڭدىن ئاشماي، قەدىمىڭنى بايقاپ باس ـ ھە! ...» دېدى.

نۇرزات داڭقىتىپ تۇرۇپ قالدى، بۇ نېمە ئالامەتلەردۇ؟

كۈنچىلىكىنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئۆيدە خوتۇن تۇرماي ئۆمرىنىڭ تەڭدىن تولىسى بويتاق ئۆتكۈزۈۋەتكەن غوجامبەردىنىڭ مىجەزى چۈس، تېرىككەك، تەرسا ئىدى. ئوغلى ئۇنىڭغا بىرەر ئېغىز قارشى گەپ ياندۇرغان ئەمەس، ھازىر دېگەن گېپىنىڭ سەۋەبىنى سۈرۈشتۈرۈشتىنمۇ ئېھتىيات قىلاتتى. ئۇنىڭ دېگىنىنى قىلماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنداق قىلىپ، نۇرزاتنىڭ كۆڭلىگە چۈشكەن تۈگۈن ئىككى بولدى.

كەچقۇرۇنلۇقى ئۇ يېرىم چىنە چاينى ئىشتىھاسىزلىق بىلەن ئىچتى ـ دە، ھويلىسىنىڭ كەينىدىكى ئىككى تۈپ ئاچچىق ئۆرۈكى، ئىككى تۈپ ئاق ئالمىسى بار كىچىككىنە بېغىغا چىقىپ، ئۆرۈك دەرىخىنىڭ ئاستىدا ياتتى. ھەر خىل خىياللارغا بېرىلگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ باش ـ ئۇچىغا چىقالمىدى. ئىچى تىتىلدايتتى، يۈرىكىگە قانداقتۇر بىر ئۆتكۈر نەرسە سانجىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. پۈتۈن بەدەنلىرىگە ئاغرىق كىرىپ كەتكەندى، ئارامسىزلىناتتى. ئۇ قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، قۇرۇشقا باشلىغان كۆكتاتلارنىڭ دۈمبىسىگە پېتىۋاتقانلىقىنى تۇيمايتتى. شۇ ھالدا ياتقان نۇرزات كۆز ئالدىدىكى يورۇق كۈنلىرىنىڭ، پارلاق كېلەچىكى-

نىڭ غۇۋالىشىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشقا باشلىدى.
ئۇ ئۆزىگە قويغان سوئاللىرىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي، ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى ــ دە، باغدىن چىقىپ، زامانىدىنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. زامانىدىن بار ئىكەن، ئۇنى ئۆيىدىن باشلاپ چىقىپ، ئېرىق بويىدا ئولتۇرۇشتى. بىرئاز جىملىقتىن كېيىن، نۇرزات كۆڭلىدە قاپلىشىپ تۇرغان تۇمانلارنى — نەۋاقتىن بېرىقى سەبىھەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆزىگە قىلىۋاتقان سوغۇق مۇئامىلىسى، ئاڭلىتىپ تۇرۇپ دېگەن ھېلىقى گېپىنى، دادىسىنىڭ بايىراقتا قوپاللىق بىلەن ئېيتقان سۆزلىرىنى بىرمۇبىر ئېيتىپ چىقتى ــ دە، بىردىنلا بوشىشىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، لاسسىدە ئولتۇرۇپ قالدى.
زامانىدىن دوستىنىڭ قايغۇرۇپ ئېيتقان سۆزلىرىگە ئانچە ھەيران بولۇپ كەتمەي، مۇنداق دېدى:
— ئىككىمىز ئوخشاش ئىشقا دۇچ كېلىۋېتىپتىمىز، ئاداش، ماڭىمۇ قەدىرىيەنىڭ ئاپىسى ئوچۇق چىراي ئاچمايدۇ، ئاكاممۇ: «لەھەلبۇۋىنىڭ قىزىغا تولا يېقىنلاشما، بىكار ئاۋارە بولىسەن» دېدى.
— مۇنۇ ئوخشاشلىقنى قارا، بۇ نېمە ئىشلاردۇ؟ — نۇرزات تېخىمۇ ھەيران بولدى.
— قەدىرىيەنىڭ ئاپىسىمۇ، سەبىھەنىڭ ئاپىسىمۇ بىزنىڭ يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن.
— بۇ سۆزۈڭ توغرا، دادامنىڭ «كوچىدا ھەر خىل گەپ تولا» دېگىنىگە قارىغاندا، بىزنىڭ يۈرۈشۈۋاتقانلىقىمىز ئەلنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولغان ئوخشايدۇ. بۇنى ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى ئاڭلاپ قالغان ــ دە...
— شۇنداق، ئاڭلاپ بولغان بولۇشى مۇمكىن، ئەمما ئۇلار بىزگە نېمىشقا قوپاللىق، ئۆچلۈك قىلىدۇ؟
— مەنمۇ مۇشۇ گەپلەرنى ساڭا دەي، دەپ تۇراتتىم.

— ئۇلارنىڭ قىزلىرىنى بىزگە بەرگۈسى يوق. ئويلاپ باق، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە مۇئەللىم، بىز بولساق دېھقان. ئۇلار ھەر ئايدا مائاش ئالىدۇ، بىز قورۇق نومۇر ئالىمىز، قورۇق نومۇر ئالىدىغانلارغا مائاش ئالىدىغان قىزلىرىنى بەرگۈسى كېلەمدۇ؟ كەلمەيدۇ. شۇڭا قوپال - قوپال تېگىپ، ئۆچلۈك قىلىپ، بىزنى قىزلىرىدىن يىراقلاشتۇرۇۋەتمەكچى بولىدۇ. ھەممە ئاتا - ئانا ئۆز بالىلىرىنىڭ موھتاجلىق كۆرمەي، توق، باياشات تۇرمۇش كەچۈرۈشىنى خالايدۇ - دە، مۇھەببىتىمىز بىلەن ئۇلارنىڭ نېمە ئىشى.

ئىككىسى جىمىپ قالدى. زاماندىن ئۆز تەھلىلىدىن ئۆزى ئەندىشىگە چۈشۈپ، ئۆمۈر يولىدا ئەمدى خېلى زور توسقۇنلۇق، پۇتلىكاشاڭلارغا ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. نۇرزات ئۆزىنى چوڭقۇر ھاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك سەزمەكتە ئىدى. كېچە قاراڭغۇلۇقى ئېغىر بېسىم بولۇپ، ئۇلارنىڭ يەلكىلىرىنى كۈچ بىلەن بېسىۋاتقاندەك، كۆزلىرىنى خىرەلەشتۈرۈۋاتقاندەك قىلاتتى. يېزا كوچىلىرىدا، پايانسىز ئېتىزلاردا تېرىسىگە پاتماي، ئەركىن قىيغىتىپ يۈرگەن ئىككى يىگىت مانا ئەمدى دەھشەتلىك جاڭگاللىققا كىرىپ قېلىپ ئۇنىڭدىن چىقالمايۋاتقاندەك ھالغا كېلىپ قالغانىدى. ئۆمۈر يولى ۋە ئۇنىڭغا تاشلانغان قەدەملەرنىڭ ھەممىسى راۋان بولۇۋەرمەيدىكەن، ئۇنىڭ ئېگىز - پەسى، ئويمان - چوڭقۇرى، خەتەرلىك ھاڭلىرى بولىدىكەن. بەزىلەر بۇ يولدىن تىنچ - ئامان چىقىپ كەتسە، بەزىلەر ھاڭلىرىغا غۇلاپ كېتىشى مۇمكىن. ئەمما قانداق ئاقىۋەتنىڭ كېلىپ چىقىشىنى ھېچكىم ئالدىن ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ.

— راستىمنى ئېيتسام، مەن بىرقىسما بولۇپ قالدىم، زاماندىن، — دېدى نۇرزات پۇتلىرىنىڭ كۆيۈشۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي، ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك ئاستا پىچىرلاپ، ئۆزىنىڭ روھىي ھالىتىنى بايان قىلىپ، — كۆڭلۈم پاراكەندە...

— نېمانچە ئەمدى؟
— دادامنىڭ گېپى بەك قاتتىق، ئاداش.
— داداڭنىڭمۇ ئويلىغىنى بار.
نۇرزات سەل ئويلانغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى:
— دادام: «ئۇ كادىر قىزنى بەربىر گۇڭشې ئەزاسىغا بەرمەيدۇ» دەپ ئويلايدىغاندۇ، تايىنلىق.
— ئەلۋەتتە، بەربىر بەرمەيدۇ، يۇرت ئىچىدە كۈلكىگە قالغاندىن كۆرە، ئوغلۇم ئۆزىنى تارتىپ يۈرسۇن، دەپ ئويلاۋاتىدۇ. ھەرقانداق ئادەم ئۆز ئابرۇيىنى ساقلاشقا تىرىشىدۇ ـ دە.
— ئەمىسە، قەمىرىدىنكامۇ شۇنداق ئويلامدىغاندۇ؟
— ئاكامۇ شۇنداق ئويلايدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ بۇرۇن مۇئەللىم بولغان، تېخىمۇ شۇنداق ئويلايدۇ.
— قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ بۇ ئىشلاردىن خەۋىرى يوقمىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى دېمىگەنمىدۇ؟ — دېدى نۇرزات بىرئاز جىملىقتىن كېيىن تاقەتسىزلەنگەن ھالدا.
— ئۇلارنىڭ ئاپىلىرى بىزنىڭ يۈرۈۋاتقانلىقىمىزنى بىلمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن، يېقىن ئۆتۈۋاتقانلىقىمىزدىن ئەنسىرەپ، بىزنى ئۈركۈتۈپ، قاچۇرۇۋېتىش ئۈچۈن قوپاللىق قىلىۋاتسا كېرەك. ئەگەر ئىككىسى ئاپىلىرىدىن بۇ ئىشنى ئاڭلىغان بولسا، بىزگە دېگەن بولاتتى. چۈنكى ئىككىسى بىزنى جېنىدىنمۇ ئارتۇق كۆرىدۇ، ھەرقانداق مەخپىيەتلىكنى قىلچە يوشۇرمايدۇ، بىزدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى كەلمەيدۇ. شۇنداق ئەمەسمۇ؟
— دېگەنلىرىڭ راست، ئاداش، ئۇلارنىڭ روھىي ھالىتىدىمۇ ئۆزگىرىش يوق، بۇرۇن قانداق بولسا، ھازىرمۇ شۇنداق.
— بۇ ئىشلاردىن ئانچە ئەنسىرەپ كەتمەيلى، — دېدى زاماندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، كۆيۈشۈپ كەتكەن پۇتلىرىنى ئۇۋۇلاپ، — قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۆيدە ئولتۇرغان ساۋاتسىز قىزلار ئەمەس، ئۆز ئەركى، غۇرۇرى بىلەن ياشاۋاتقان قىزلار.

قىلىمەن دېگىنىنى قىلالايدۇ. ئىختىيارلىق ئاپىلىرىنىڭ ئەمەس، ئۆزلىرىنىڭ قولىدا. تېگىمەن، دەپ تۇرۇۋالسا، تۇرۇۋالالايدۇ، ھۆكۈمەتمۇ قوللايدۇ، قېچىپ تېگىۋاتقانلارمۇ نۇرغۇنغۇ... شۇنداق بولسا، سېنىڭ داداڭمۇ، مېنىڭ ئاكاممۇ خۇشاللىقىدىن بۆكىنى ئاسمانغا ئاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاپىلىرىمۇ ئاخىر «ئەلھۆكمدلىللا» دەپ رازىلىق بېرىدۇ، مۇئەللىملىك قىلىۋاتقان قىزلار دېگىنىنى قىلماي، توختاپ قالامدۇ!

ھازىر كۈزگى بوغداي ھەيدەشنىڭ ئاخىرقى مەزگىلى ئىدى. يەرگە يېڭىدىن يورۇق چۈشكەندىن تارتىپ، كۆز باغلانغۇچە ئېتىزدا ئىشلەپ قاتتىق ھاردۇق يەتكەن دېھقانلارمۇ ئۇيقۇغا كېتىپ، مەھەللە ئىچى ئېغىر جىملىققا چۆككەندە ئىككىسى خوشلاشتى. قاتتىق قايغۇرۇپ، تۇتۇلۇپ كەلگەن نۇرزات كۆڭلى كۆتۈرۈلگەن ھالدا قايتتى. زاماندىن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سۇنايلاپ بىردەم ياتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ يېشىنىپ يوتقانىنىڭ ئىچىگە كىردى. بىراق، ئۇ ئۇخلىيالمىدى. نۇرزاتقا «ئەندىشە قىلمايلى، ئاداش» دېگىنى بىلەن ئۆزىدىمۇ ئەندىشە پەيدا بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۆزىنىڭ ئاكىسى ئەمەس، قەدىرىيەنىڭ ئاپىسى كىرىۋالغانىدى. ئەگەر ئۇ قىزىنى قەتئىي بەرمەيمەن، دەپ تۇرۇۋالسا، قانداق ئاقىۋەتلەرنىڭ كېلىپ چىقىدىشىنى ئويلايتتى. «قەدىرىيە ئىرادىلىك، ۋەدىسىدە تۇرىدىغان چىڭ قىز، — دەپ خىيال سۈرەتتى ئۇ، — قەدىرىيە تېگىمەن دېسە، ئاپىسى بەرمەيمەن دېسە، ئۇ چاغدا قانداق بولىدۇ، بىزنى نېمە كۈتىدۇ؟... قېچىشمۇ؟ ۋاقىتنى كەينىگە سوزۇشمۇ، مۇھەببەتتىن ۋاز كېچىشمۇ؟ ياق، ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، ھەرگىز ئۇنداق بولمايدۇ، ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس! دۇنيادا قارشىلىقسىز نېمە ئىش بولغان! قارشىلىققا بەرداشلىق، سەۋر كېرەك. كىمنىڭ تويى قارشىلىقسىز، توسقۇنلۇقسىز ئۆتكەن، كۆپىنىڭ شۇنداق بولغان. مەھەللىمىزدىلا ئۇنداقلار كۆپقۇ، ئەخمەت بىلەن ئايشەمنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا

قەتئىي قارشىلىق قىلغاندا، ئۇلار قېچىپ كېتىۋىدى، ئاخىر ئىككىسىنىڭ تويىنى ئويلىغاندىنمۇ ھەشەمەتلىك قىلىپ ئۆتكۈزۈپ بەردىغۇ؛ سادىر بىلەن سائادەت توي قىلىمىز دېگەندە، سائادەتنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ‹قىزىمىزنى ئۆلسەكمۇ بەرمەيمىز› دېگەن. لېكىن ئۇلار يوشۇرۇنچە توي خېتى ئالغان، ھۆكۈمەت قوللىغاندى، ئاخىرى تويىنى قىلدى. ھازىر كىم ياخشى؟ كۈيئوغلۇم ياخشى. كىم ياخشى؟ كېلىنىم ياخشى بولۇپ كەتتىغۇ» . زاماندى ئالغان مىساللىرى بىلەن بارغانسېرى غەيرەتلىنىپ، خاتىرجەملىنىشكە باشلىدى: «ياق، ئۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمەي، ئۇنچىلىك ئىشلارمۇ بولماس، — دەپ خىياللىرىنى داۋاملاشتۇردى ئۇ، — ئاپىسىنىڭ قارشىلىق قىلىشى ئېنىق، لېكىن قەدىرىيە قاتتىق تۇرۇۋالسا، ئاڭلىق، ئوقۇتقۇچى خوتۇن مۇھەببەتنى چۈشەنمەسمۇ؟ چۈشىنىدۇ. مېنىڭ خىزمەتسىزلىكىمدىن باشقا نېمە ئەيىبىم بار، ئوقۇغۇچىلىرىغا شۇنچە كۆيۈنىدىغان خوتۇن قىزىغا، ماڭا كۆيۈنمەسمۇ؟ كۆيۈنىدۇ. سانىماي سەككىز دېمەي، ‹دېھقان بالىغا قىزىنى بەرمەيتۇ› دېگەن ئەسكى نامغا قېلىشنى خالىماس. قەدىرىيەگە ھازىرغىچە دېمىگەنلىكىنىڭ سەۋەبىمۇ شۇ بولسا كېرەك، قىزىنىڭ تويغۇزۇپ قويۇشىدىن ئېھتىيات قىلىۋاتسا كېرەك. قەدىرىيەنىڭ ئاپىسى ماقۇلغا كەلسىلا، سەبىھەنىڭ ئاپىسىمۇ ماقۇلغا كېلىدۇ. تولا ئەندىشە قىلمايلى، مەنمۇ، نۇرزاتمۇ خاتىرجەم بولايلى» .

ئۇ ئۈمىدلىك ئوي ـ خىيال، ياخشى تىلەك ـ ئىستەكلەر بىلەن ئۇيقۇغا كەتتى.

## 29

كەچ كۈز كېلىپ قار بىر يېغىپ ئۆتۈپ كەتتى. ئەتە ـ ئاخشىمى خېلى ئوبدانلا سوغۇق بولاتتى. بۇ چاغدا دېھقان بالىلىرى كىيىم ـ كېچەكلىرىنىڭ ياڭاقلىقى، قىشلىق كىيىملىرىنىڭ

يوقلۇقىدىن ئوقۇشتىن قېلىشقا مەجبۇر بولاتتى. لەھەلبۇۋىنىڭ كۆڭلى بۇزۇلىدىغان چاغ مۇشۇ ئىدى. ئۇ ئۆز سىنىپىدىكى ئاشۇنداق بالىلاردىن بىرنەچچىنى قۇتۇلدۇرغىنى بىلەن ھەممىسىنى قۇتۇلدۇرۇپ قېلىشقا چامى كەلمەيدۇ - دە. ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ھەممىسى لەھەلبۇۋىدەك قاراشقا، ئىقتىسادقا ئىگىمۇ ئەمەس. بەزىلەر لەھەلبۇۋى قىلغاننى قىلىدۇ، بەزىلەرنىڭ قىلغۇسى بولسىمۇ، ئىقتىسادى يار بەرمەيدۇ، بەزىلەرنىڭ كارىمۇ بولمايدۇ. تەبىئەت ئادەملەرنىڭ بىرلىرىنى دىلى يۇمشاق، مەرد، كۆيۈمچان ياراتسا، بىرلىرىنى بېخىل، كۆيۈمسىز، دىلى قاتتىق قىلىپ ياراتقان، بۇنىڭغا نېمە ئامال!

قەدىرىيە بىر ئايلىق مائاشىنى — ئوتتۇز توققۇز سومنى — كىيىمى يالاڭ، دەپتەر - قەلىمى يوق بالىلارغا سەرپ قىلىۋەتتى. لەھەلبۇۋى بۇ ئىشتىن خۇشال بولدى: «قىزىم مېنى دوراپتۇ، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — كەمبەغەللەرگە مېھىر - شەپقەتلىك بولۇش، ئۇلارنىڭ ھالىغا يېتىش — ياخشى پەزىلەت، قەدىرىيە پەزىلەتلىك قىز بولۇپ يېتىلىۋېتىپتۇ. قىز بالا بويىغا يەتكەندىن باشلاپ، تويىغا يا يوشۇرۇن، يا ئاشكارا تەييارلىق قىلىشقا باشلايدۇ. بىر ئايلىق پۇلىغا خېلى نەرسىلەرنى ئېلىۋالاتتى. ئۇنىڭ مېھرىدىن كەچكىنىگە قارىغاندا، دىلى يۇمشاق، كىشىلەرنىڭ ھالىغا يېتىدىغان قىز بوپتۇ - دە».

لەھەلبۇۋى بۇ خىياللارغا دەرستىن كېيىن، بۆلۈمىدە ئولتۇرۇپ، ئەتىكى دەرسىنى تەييارلاۋېتىپ بېرىلىپ قالدى. ئۇ پات - پات ئاتا - ئانىسىنى، ئۇكىلىرىنى ئويلايدىغان بولۇپ قالغانىدى: «ئادا - جۇدا بولۇپ كەتمىگەن بولسام، داداممۇ، ئاپاممۇ نەۋرىسىدىن زوقلىنار ئىدى - ھە، دادام بىزنى ئەسلىمىسىمۇ، ئاپام ئەسلەپ تۇرۇۋاتقاندۇ، دادام ئۆيدە يوق چاغلاردا ئۇكىلىرىمغا بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلىدىغاندۇ... بىچارە ئاپام، ئۆمرى دادامنىڭ قاپىقىغا قاراپ تىترەپ ئۆتۈۋاتىدۇ... ھالىغا

يىتەلمەيمەن، قىشىغا بېرىشتىن مەھرۇممەن. كاشكى تۇرمۇ-
شۇم كۆڭۈللۈك، ھېس قىلغىنىمدەك بەختىيار ئۆتكەن
بولسىچۇ… قىز بالا ئاتا - ئانىنىڭ گېپىنى ئاڭلىغىنى ياخشى
ئىكەن، «بىز ئۆز ئارزۇيۇم، خالىغىنىم» دەپ ئۇلارنىڭ
ئارزۇ - خاھىشلىرىغا باقمايدىكەنمىز، ھەسرەت - ئازابقا قالىدى-
كەنمىز، شۇنداق چاغلاردا ھالىمنى ئېيتىپ ئالدىغا بارالىدىمۇ،
ماڭا ھېچكىم ئىگە بولالمىدىغۇ… ئەگەر ئاتا - ئانامنىڭ رايى
بويىچە ياتلىق بولغان بولسام، بېشىمغا كۈلپەت چۈشكەن چاغلاردا
ئالدىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ھالىمنى ئېيتار ئىدىم، ئۇلارمۇ ماڭا
كۆيۈنۈپ بېشىمنى سىلاپ، يېشىمنى ئېرتار ئىدى… ئاتا -
ئانىنىڭ مېھىر - شەپقىتى، مېھرىبانلىقىنى قىلچىمۇ كۆرمىدىم.
قەدىرىيەنى شۇنچە تەسلىكتە بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتۇم،
قوشقاندىمۇ بالىلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالىدىغان ئادەم قىلىپ
قوشتۇم. مۇشۇ خۇشاللىقىم - شادلىقىمنى ئاتا - ئانام
بىلەن ئورتاقلىشالمىدىمغۇ… يېقىندا قىزىمنى زورلاپ كىرگۈز-
سەم، دادام قاراپمۇ قويماپتۇ، رەنجىتسەم مەن رەنجىتتىم، قەدى-
رىيەدە نېمە گۇناھ؟ بىچارە قىزىم يىغلاپ يېنىپ چىقىپتۇ.
دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان، ئۆز بېشىمچىلىك قىلغان بول-
سام، ياخشى كۈن كۆرەرمەن، كۆڭۈللۈك تۇرمۇش ئۆتكۈزەرمەن
دەپ قىلدىم. «بىۋاپا ئىكەن ئالەم، كۆپ جاپانى كىم بىلدى»
دېگەندەك، مۇنداق يېتىم قوزىدەك كۈنگە قېلىشىمنى نەدىن بى-
لەي. خۇدا بىزنى ياراتقان چاغدا كەلگۈسىمىزنىڭ قانداق بولىدى-
غانلىقىنى بىلەلەيدىغان قىلىپ ياراتسىچۇ كاشكى…»

بۆلۈمدىكى باشقا ئوقۇتقۇچىلار كېتىپ بوپتۇ، لەھەلبۇۋى
ئېغىر خىيالغا چۆكۈپ قېلىپ ئۆزىنىڭ يالغۇز قالغانلىقىنى تۇي-
مىدى. ئۇ مەكتەپ قورۇسىغا چىققاندىلا كۈنىنىڭ ئولتۇرۇپ كەت-
كەنلىكىنى بىلدى - دە، ئۆيىگە ئالدىراپ ماڭدى. قار ئۇچقۇن-
داپ، سوغۇق شامال ئەدەۋاتاتتى، شىمالغا كەتكەن تار كوچىنىڭ

دوقمۇشىدىكى يالىڭاچلانغان مەجنۇنتال تىترەيتتى، قونداقلارغا چىقىپ بولغان توخۇلار مۈگدەيتتى، سىغىندىن چىققان سىيىرلار موزايلىرىنى يالىماقتا ئىدى.

بىر دەستە تاپشۇرۇق دەپتەرنى قولتۇقىغا قىستۇرۇپ كەلگەن لەھەلبۇۋى قورۇسىغا كىرىپ، ئىشىك ھالقىسىدىكى يوغان قارا قۇلۇپنى كۆرۈپ ئەرۋاھى ئۇچۇپ كەتتى. «قەدىرىيە نەگە كەتكەندۇ؟ ئۇ قىزنى ئۆيدە تاماق ئېتىۋاتىدۇ» دەپ كەلگەن ئەمەسمىدى... قۇلۇپنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى، ئۆيدىن بوران ئۇچۇپ تۇراتتى. قازان بېشىغا قويۇپ قويغان بىر پارچە قەغەزگە «ئاپا، مەن سەبىھەنىڭ ئۆيىگە كەتتىم» دەپ يېزىپ قويۇپتۇ. سەبىھەنىڭ ئۆيىگە تاماق ئېتىپ ئاندىن بارسىمۇ بولاتتىغۇ، سوغۇق ئۆينى ئىسسىتىپ ئولتۇرسا بولماسمىدى، نېمانچە كۆپ بارغۇلۇق تالادا قالغان ئادەمدەك؟... لەھەلبۇۋى قىزىنىڭ ئىنساپ قىلسا ئەل ياتار چاغدا، بولمىسا ئۇنىڭدىنمۇ كېيىن كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى. ئۇ جىلىلىقتا بىردەم تۇرۇپ قېلىپ، قورۇما قورۇپ چاي ئىچىشنى ئويلىدى ـ دە، ئوچاققا ئوت يېقىۋېتىپ، ياغ، پىياز، سامساقلارنى ئاقلاشقا، گۆش توغراشقا تۇتۇش قىلدى.

لەھەلبۇۋىنىڭ قورۇمىسى قورۇلۇپ، چەيى قاينىغۇچە ئۆي ئىللىدى. ئۇ لامپىنىڭ يورۇقىدا چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ قەدىرىيەنى ئويلاپ قالدى: «سەبىھە كەلسە، پىچىرلىشىپ گېپى تۈگىمەيدۇ، بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بارسىمۇ شۇنداق قىلىشىدىغاندۇ. ئۇلارنى يوشۇرۇن گەپكە، پىچىرلاشقا، بىر ـ بىرىدىن بىردەممۇ ئايرىلماسلىققا سېلىۋاتقان نېمە كۈچتۇر ئۇ؟... قەدىرىيە قانداق قىز ئىدى، ھازىر قانداق قىزغا ئايلىنىۋاتىدۇ؟ تەبىئەت ئالىمى، جەمئىيەت، تۇرمۇش، كىشىلەرنىڭ پەزىلىتى، ئىللىتى توغرىسىدا سوئاللىرى تۈگىمەيدىغان، ئىچىنى پۇشۇرۇۋاتقان ئىشلارنى سۆزلەپ، مۇلاھىزىلەرنى قىلىپ تۇرىدىغان، ھازىر ئۇلاردىن ئە-

سەرمۇ يوق. دەرسكە تەييارلىقلىرى، تاپشۇرۇق تەكشۇرۇشلىرى، كىتاب ئوقۇشلىرىمۇ سۇسلاپ قالدى. كىشلەر ئۇنى: «ئەجەب ئەقىللىق قىز بولدى» دېيىشەتتى، ھازىر شۇ ئەقىللىرى نەگە كېتىۋاتقاندۇ؟ سەۋەبە بولسىلا بولدى، پىچىرلىشىپ كۈلۈشىدۇ، بىر - بىرىنى نوقۇشىدۇ، بۇ نېمە ئالامەتلەردۇ؟ زاماندىن، نۇرزاتلار بىلەن توقايلارغا چۈشكۈدەك، بىر يەرلەرگە بىللە بارغۇدەك، بەزى يەكشەنبە كۈنلىرى شەھەرگە بىللە چۈشىدۇ، بىللە چىقىدۇ، «تويغا باردۇق، ئولتۇرۇشقا باردۇق» دەيدۇ. بۇرۇنغۇ ئوقۇغۇچى ئىدى، ھازىر مۇئەللىم بولۇشتى. ھەممە ئادەمنىڭ كۆزى شۇلاردا. بىراق، پەرۋايى پەلەك يۇرۇشىدۇ، قەدىرىيەنى كۆپرەك زاماندىن ئىزدەپ كېلىدۇ، كېچىلىرى «زامانىدىن ئەكېلىپ قويدى» دەيدۇ. بۇ نېمە ئالامەتتۇر قەدىرىيە زاماندىن بىلەن، سەۋەبە نۇرزات بىلەن يۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟» لەھەلبۇۋى ئۆزى قويغان سوئالدىن ئۆزى چۆچۈپ، يۇرەكلىرى سېلىپ كەتتى ۋە بىرقىسما بولۇپ قالدى. ئويچان كۆزلىرى يېنىپ، ئۇزۇن كىرپىكلىرى ئەلەم بىلەن پىلدىرلىدى. «ئۇنىڭ تەبىئەت، جەمئىيەت توغرىسىدا ھەر خىل سوئاللار ئىگىلىگەن قەلبىنى ئەمدى مۇھەببەت سەۋدالىقى ئىگىلىگەندەك قىلىدۇ، — ئۇنىڭ خىياللىرى داۋاملاشماقتا ئىدى، — ھە، ئاشۇلار يۇرۇۋاتقاندەكلا قىلىدۇ، يۇرۇۋاتقان بولسا قانداق قىلارمەن؟ زاماندىن يامان بالا ئەمەس، بىراق، ئۇنىڭ بىلەن يۇرسە ھەرگىز بولمايدۇ، خۇدا ساقلىسۇن! ··· بولدىلا، گۇمانلىرىمنى ئۇنچىلىك شاختىلىتىپ كەتمەي، ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ. ئەمما قىزىمنىڭ مەيلىنى ئۆزگە قارىتىۋالغان ياكى قارىتىۋاتقان بىرى بار. ئۇ ئۇنى ھەممىدىن كەچتۇرۇۋاتىدۇ».

لەھەلبۇۋنىڭ يېرىم ئاپقۇر چېيىمۇ، بىر چېتىدىن ئازراقلا يېيىلگەن قورۇمىسىمۇ مۇزلاپ كەتتى. كەچلىك تامىقىنى شۇنىڭ بىلەن بولدى قىلىپ، قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئەمدى

تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى تەكشۈرەي، دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىزلا ئۆيگە سەبىھەنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخان كىرىپ كەلدى، ئىككىسى تىنچلىق سوراشتى. سەبىھە بىلەن قەدىرىيە شۇنچىلىك يېقىن، ئىناق ئۆتۈشسىمۇ، ئەمما ئىككىسىنىڭ ئاپىلىرى ئۇنچىلىك يېقىنمۇ ئەمەس، ئىزدىشىپمۇ كەتمەيتتى. كۆرسە هالى قالمايدىغان، كۆرمىسە كارى بولمايدىغانلاردىن ئىدى. لەھەلبۇۋى ئۇنى بۇ كەچتە نېمىگە كەلگەندۇ، قانچىلىك زۆرۈر ئىشى باردۇر، دەپ ئويلاپ قالدى. گۈلزارىخاننىڭ چىرايىدىنمۇ بىردە ئوڭايسىزلىنىش، بىردە خاپىلىق ۋە بىردە ئەندىشە ئالامەتلىرى چىقىپ تۇراتتى. بىر چىنە چاي ئىچىلگۈچە تىنچلىق - ئامانلىق سوراشتىن باشقا گەپمۇ بولمىدى. ئاخىر گۈلزارىخان كېلىش سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈشكە ئۆتتى:

— قىزلىرىمىز توغرىسىدا غەلىتە گەپلەرنى ئاڭلايمەن، بەلكىم سىزنىڭمۇ خەۋىرىڭىز بولمىسا كېرەك. ئىككىسى هازىر بىزنىڭ ئۆيدە قالدى. بايقىسام گەپلىرى هېلى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس. ئالدىڭىزغا كېلىشىم، «قەدىرىيە زامانىدىن بىلەن، بىزنىڭ سەبىھە نۇرزات بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ» دېگەن گەپلەر قۇلىقىمغا كىرىۋىدى، يالغانمىكىن دەپ ئۆزۈمنى ئالداپ يۈرۈپتىمەن، راست ئىكەن ئەمەسمۇ...

— نېمە دەيدىغانسىز؟

— ئەلنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بوپتۇ.

— ۋاي خۇدايىمەي، قانداق قىلارمەن...

— سىز ئاڭلاپمۇ باقماپسىز - دە؟

— ياق، ياق، قىلچە خەۋىرىم يوق.

— مەنمۇ يېقىندا ئاڭلىغان، بىراق ئىشەنمىگەن. ئۇلار بىلەن ساۋاقداش، مەھەللىداش، يېقىن ئۆتىدۇ، دەپ ئويلىغان. تېخى بايىراقتا تولۇقسىز ئوتتۇرىدىكى ساۋاقدىشى مايسىگۈلدىن ئاڭلىدىم. سەبىھە ئۆزى دەپ بېرىپتۇ، يۈرۈۋاتقىنىغا نەچچە ئاي

بوپتۇدەك.

— توۋا، توۋا… لەھەلبۇۋىنىڭ ئاق يۈزىگە قايغۇ، ئەندىشە ئۇچقۇنلىرى يېيىلدى. ئويچان كۆزلىرىمۇ، ئۇزۇن كىرپىكلىرىمۇ ئەلەم بىلەن پىلدىرلىدى. شىرەنىڭ ئۈستىگە قويغان قولىنىڭ كۆكۈچ تومۇرلىرى بۆرتۈپ چىقتى. ئىچ - ئىچىدىن ھەسرەت، ئازاب ئۆرلىمەكتە ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن قىلغان قىياسلىرىنىڭ توغرا چىقىۋاتقىنىغا ھەيرانمۇ بولۇۋاتاتتى.

— قانداق قىلغۇلۇق…، — دېدى لەھەلبۇۋى، — مۇنۇ ئەقىلسىزلەرنىڭ ئىشىنى…

— ئەقلىنى قاغا چوقۇلاپ كېتىپتۇ بۇلارنىڭ، — گۈلزارىخاننىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرى پىلدىرلاپ، ئوڭ مەڭزىدىكى ئىككى تال خالىمۇ خىرەلەشكەن، يۇقىرىقى لېۋىنىڭ قىسقىلىقىدىن كۆرۈنۈپ قالغان چىشلىرى سىرىقداپ كەتكەنىدى. لەھەلبۇۋىنىڭمۇ پۈتۈن تۇرقىدىن قايغۇ - ئەلەمدە تولغىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى، — شۇنچە ئوقۇغان مۇئەللىم تۇرۇقلۇق، كۆڭلىنىڭ پەسلىكىنى قاراڭ بۇلارنىڭ، — دېدى گۈلزارىخان غەزىپىنى باسالماي، — ئۆزلىرىدەك خىزمەتچىلەر چىقمامدۇ، بىكار تەلەپلەرنى تاپمىسا…

— ئۇلار يۈرۈشۈۋاتقان بولسا، بىرەر يىلنى ئۆتكۈزۈپ توي قىلىمىز دەيدۇ دەڭا، — دېدى لەھەلبۇۋى تەمكىنلىك بىلەن، — زامانىدىن، نۇرزاتلارغۇ يامان باللار ئەمەس، ئۇلارغا ياتلىق بولسىمۇ مەيلىتى، بىراق بولمايدىغان يېرى بار - دە.

— مېنىڭمۇ دەيدىغىنىم شۇ ئەمەسمۇ، شۇڭا ئالدىڭىزغا كەلدىم، — گۈلزارىخان ئالدىراپ سۆزلەپ كەتتى، — نۇرزاتنىڭ دادىسى غوجامبەردى مېنىمۇ، سىڭلىمنىمۇ بۇزۇقتىن - بۇزۇققا سېلىپ تىللاپ، قانچىلىك ئاھانەتلەرنى قىلمىغان، ھېچكىم بىلمىسە سىز بىلىسىزغۇ، ئەمدى مېنىڭ قىزىم ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن قانداقلارچە يۈرىدۇ، قانداقلارچە تېگىدۇ!

— بىلىمەن، گۈلزارىخان، بىلىمەن. سىز ئۈنىڭ بىلەن ھەرگىزمۇ قۇدا بولالمايسىز، مەنمۇ زاماندىنىڭ ئاكىسى قەمىرەدىن بىلەن ھەرگىزمۇ قۇدا بولالمايمەن. ئۇ ماڭا ئادەم ئاڭلىسا ھوشىدىن كەتكۈدەك تۆھمەتلەرنى قىلغان، سىزمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭىز؟

— ئاڭلىغان - ئاڭلىغان، ياخشى بىلىمەن، كېيىن رەسۋا بولۇپ مەكتەپتىن چىقىپ كەتكىنىنىمۇ بىلىمەن.

— يۈرۈپ ئايرىلىپ كېتىش دېگەن ھازىر ئادەتتىكى ئىش بولۇپ قالدى، — دېدى لەھەلبۇۋى، — باللارغا ئېيتايلى، مۇناسىۋىتىنى ئۈزسۇن، بىزمۇ ئېغىز ئالمايلى، ئۆزلىرىمۇ ئېغىز ئالمىسۇن، چىرايلىقچە پۈتۈشسۇن.

— ھەي، بۇ گەپنى دېيىشكىمۇ ئاسان، لەھەلبۇۋى، ھازىرقى باللار بىزنىڭ دېگىنىمىزگە كۆنەرمۇ؟

— كۆنىدۇ، ئۇنايدۇ.

— ئۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار، بۇ بىزنىڭ ئىشىمىز دەپ تۇرۇۋالارمىكىن، مېنىڭ قىزىم گەپدان، ئادەمنىڭ ئاغزىنى غېرىچلاپ تۇرىدۇ.

— بۇ ئىش باللارغا ئېغىر كېلىدۇ. بىراق ئەھۋالنى ئۇقمايدۇ ئەمەسمۇ، ئۇقسا، «شۇنچىلىك ئىشلارمۇ بوپتىكەن - ھە!» دەپ غەزەپلىنىدۇ، بىزگە ئىچ ئاغرىتىدۇ.

— خۇدايىم قىزلىرىمىزغا ئىنساپ بەرسۇن، — دېدى كۆڭلى بىرئاز يورۇغان گۈلزارىخان.

— قىزلىرىمىزنىڭ ياخشى - يامانىنى پەرق قىلغۇچىلىكى بار، بىزنى ئازابلايدىغان ئىشتىن يانار دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق قىلىسىغۇ، خويما بولاتتى، ئەمما تەگكىنىم - تەگكەن، دەپ تۇرۇۋالسا، ھېچنېمە قىلالمايمىز جۇمۇڭ.

— مۇھەببەتتۇ ئادەمنى ئەقلىدىن ئازدۇرىدىغان نەرسە، شۇنداقتىمۇ، مېنىڭچە، قىزلىرىمىز بىزنى ئويلايدۇ، ئۆزىنى تۇتۇ-

ۋاللايدۇ.
گۈلزارىخان كەتكەندىن كېيىن، لەھەلبۇۋى خىيالغا پېتىپ
ئولتۇرۇپ قالدى: «گۈلزارىخاننىڭ گېپىنىڭمۇ جېنى بار، نىيەد-
تىدىن يانماي، ئاتساڭمۇ - چاپساڭمۇ تەگكىنىم - تەگكەن دەپ
تۇرۇۋالسا، راست قانداق قىلغۇلۇق؟··· مەنمۇ شۇنداق قىلغانغۇ.
دادام ئۇنىماي تۇرۇۋالغاندا، شۇنچە تار زاماندا تۇرۇپمۇ قاچالىغاند-
غۇ، — لەھەلبۇۋى ئۆز خىيالىدىن ئۆزى قورقۇپ ئورنىدىن تۇ-
رۇپ كەتتى، — ياق، ئۇ ئىش بىلەن بۇ ئىش بىر - بىرىگە
ئوخشاشمايدۇ. ئابدۇسالامنىڭ دادىسى بىلەن مېنىڭ دادامنىڭ
ھېچقانداق ئاداۋىتى يوق ئىدى، دادام ئۇنى باققال، باققالنىڭ
ئوغلىغا قىزىمنى بېرەتتىممۇ، دەپ ياراتماي، ئۆزىگە تەڭ كۆر-
مەي شۇنداق قىلغان. دادام توغرا قىلمىغان، شۇڭا مەن قاچقان.
ئەگەر دادامنى ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاداۋىتى بولغان، ئىككىسى
كېلىشەلمەي يۈرگەن ئادەملەر بولسا، مەن ئۇنىڭ ئوغلى بىلەن
ھەرگىزمۇ قاچمىغان بولار ئىدىم. ھازىر مېنىڭ زامانىدىنىڭ
ئاكىسى بىلەن ئاداۋىتىم، كېلىشتۈرگىلى بولمايدىغان، مەڭگۈ
ئۇنتۇلمايدىغان ئۆچلۈكۈم بار. قەدىرىيەگە ھەممىنى دېسەم، ئۇ-
نىڭ تۆھمەتلىرىنى چۈۋۈۋەتسەم، قەدىرىيە غۇرۇرلۇق قىز، بول-
دى ئاپا، بۇ كوچىدىن يېنىپ چىقاي دەيدۇ. غەزەپتىن يېرىلغۇ-
دەك بولۇپ، بوينۇمغا ئېسىلىپ يىغلاپمۇ كېتەر بەلكىم».
شۇ كۈنى قەدىرىيە ئاپىسى ئويلىغاندەك ئۆيگە كېچە بىر
ۋاقىتلاردا كەلدى. لەھەلبۇۋى بۇ ۋاقىتتا ئويغاق ئىدى، بىراق
ئۇخلىغان بولۇپ تىنچ يېتىۋالدى. سەبىھەلەرنىڭكىدىن خۇشال
كەلگەن قەدىرىيە تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. لەھەلبۇۋى شۇ كېچە
ئۇخلىيالماي چىقتى. ئەتىسى ئەتىگەندە ئانا - بالا ئىككىسى
ئەتىگەنلىك ناشتىنى ئىلگىرى - كېيىن قىلىشىپ مەكتەپكە

كەتتى.

چۈشتە لەھەلبۇۋى مەكتەپتىن يېنىپ ئۆيگە كىرمەي، قوشنىسى ئايسىخان مومايىنىڭ ئۆيگە كىرىپ باردى ـ دە، گۈلزا-رىخاندىن ئاڭلىغان گەپلىرىنى، قىلىشقان پاراڭلىرىنى، ئويلىغان ئويلىرىنى دەپ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى مۇنداق توگەتتى:

— شۇنچە ئىشلار بولۇپ، ئەلنىڭ ئاغزىغا چىقىپ كېتىپتۇ، مەن زادىلا ئاڭلىماپتىمەنا...

— سىز مەھەللىدە ئابرۇيلۇق ئوقۇتقۇچى، كىشىلەر سىز-دىن ئەيمىنىپ ئېيتالمىغان ـ دە، مەنمۇ ئاڭلىغان، بىراقتا سىزگە دېمىدىم، راست ـ يالغىنى باردۇر، يالغان چىقىپ قالسا، «مەن گەپ تاپقان بولۇپ قالماي يەنە» دەپ ئويلىدىم.

— مەيلى قانداق ئويلىساقمۇ، يۇرۇۋاتقىنى راست بولدى، قېنى، ئايسىخان ھەدە، ئەمدى قەدىرىيەنى زاماندىندىن مەن دەپ ياندۇرغىنىم ياخشىمۇ، سىز دەپ ياندۇرغىنىڭىز ياخشىمۇ، مەس-لىھەت بېرىڭە، — دېدى لەھەلبۇۋى.

ئىككىسى خېلىغىچە ئويلىنىپ ئولتۇرغاندىن كېيىن ئايسى-خان مۇنداق دېدى:

— قىلغان گەپ بالىغا يۇقسا بولىدۇ، مەن دېسەم، ئاڭلىغاز-نى دەيمەن، سىز دېسىڭىز ئۆزىڭىز كۆرگەننى، بېشىڭىزدىن ئۆتكەننى دەيسىز، شۇڭلاشقا، سىزنىڭ دېگىنىڭىز قەدىرىيەنى چوڭقۇرراق ئويغا سالارمىكىن، تەسىرلەندۇرەرمىكىن دەيمىنا...

ئەگەر قەدىرىيە ئۆيدە ئولتۇرغان قىز بولسا، ئۇلار ئىككىسى ئۇنى كىرگەن كوچىسىدىن ياندۇرۇپ چىقىش ئۇچۇن مۇنچىلىك ئويلىشىپ كەتمىگەن بولار ئىدى. ئايسىخان موماي بىلەن لەھەل-بۇۋى خىزمەت قىلىۋاتقان، ئۆز يولىنى ئۆزى تېپىپ ميڭىۋاتقان قىزغا گەپ ئېچىشنىڭ ئىنتايىن قىيىنلىقىنى ھېس قىلىشتى.

# 30

ئانا ـ بالا ئىككىسى كەچلىك تامىقىنى يەپ ئولتۇرغاندا، سىرتتىن بىرى قەدىرىيەنى چاقىرغاندەك قىلدى. قەدىرىيە ئېنىق ئاڭلىيالمىدى. لەھەلبۇۋى تامىقىنى قويۇپ، ئىتتىك سىرتقا چىقتى. ئىشىك ئالدىدا زاماندىن تۇراتتى.

— يوق! — دېدى لەھەلبۇۋى قوپاللىق بىلەن چىرايىنىمۇ ئاچماي، زاماندىن ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ نەگە كەتتى، دەپ سوراشتىنمۇ يالتىيىپ كەينىگە ياندى. ئۇ يېقىندىن بېرى مۇشۇنداق مۇئامىلىگە ئۇچراۋاتاتتى.

— كىم ئىكەن؟ — سورىدى قەدىرىيە ئاپىسى ئۆيگە يېنىپ كىرىشىگە.

— زاماندىن.

— ھە!

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇشقا تەمشىلىۋىدى، ئاپىسى:

— ئولتۇر، كەتكۈزۈۋەتتىم، — دېدى.

— كەتكۈزۈۋەتتىم؟

— تامىقىڭنى چاققانراق يە، ساڭا دەيدىغان گەپ بار.

قەدىرىيە بىر كۆڭۈلسىز ئىشنى تۇيغاندەك ئاپىسىغا ئۇمچىيىپ قارىدى. تاماق يەۋاتقان ئاپىسىنىڭ ئۆڭسۈلى ئۆچكەن بولۇپ، ئۈچ تال بارمىقى بىلەن لەڭمەننى چىمدىپ تۇتقان قولى سۇس تىترەۋاتاتتى. «ئۇنى نېمىشقا كەتكۈزۈۋەتكەندۇ، — دەپ ئويلاپ قالدى قەدىرىيە، — يۇرۇۋاتقىنىمنى بىلىپ قالغان بولسا، ئۇنى ماڭا لايىق كۆرمەيۋاتامدىكىن؟... يېقىندىن بېرى سەبىھە بىزنىڭكىگە كەلسە ياكى مەن ئۇنىڭكىگە بارسام، ئاپام تازا خۇش بولۇپ كەتمەيدىغان، بىرقىسما بولىدىغان بولۇپ قالدى. بۇمۇ بىزنىڭ ئۇلار بىلەن يۇرۇۋاتقىنىمىزنى بىلمىسىمۇ، يېقىن ئۆتۇ-

ۋاقىنىمىزغا ئاچچىقى كەلگەنلىكىدىن كۆرۈلۈۋاتقان روھىي ھا-
لەتلەرمىكىن؟... ئاپام ئاڭلىق ئايال، مەنمۇ ئوقۇتقۇچى، ئۆز
يولۇمنى ئۆزۈم تېپىپ ماڭالايدىغان ھالدىمەن. ئاپام ئەمدى كىم
بىلەن يۈرۈشۈم، كىمگە ياتلىق بولۇشۇمغا ئارىلىشىۋالماسلىقى
كېرەك. دەيدىغان گېپى تايىنلىق شۇ توغرۇلۇقتۇ، ئۇ دېھقان،
سەن ئوقۇتقۇچى تۇرساڭ، قانداق بولىدۇ دەيدىغاندۇ، دېھقان
بولسا نېمە بوپتۇ، ئۇ ئاش - ناننى تاپسا، مەن كىيىم - كېچەكنى
تاپسام بولمىدىمۇ، بۇنىڭ بولمايدىغان نەرى بار ئىكەن؟...
بولمايدىغان يېرى: ھەرقانچە كادىر، قول - ئىلكىدە بار ئادەم
بولسىمۇ، كۆڭۈل چۈشمىگەن تۇرمۇش. مەيلىڭ قوزغالغان،
كۆڭۈلۈڭ چۈشكەن تۇرمۇشتىن ھەرقانچە نامرات ياشىساڭمۇ لەز-
زەت تاپالايسەن».

— سەندىن بىر گەپنى سورايمەن، قىزىم، — دېدى لەھەل-
بۇۋى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — راست گەپنى قىل.
بۈگۈن راست گەپنى قىلمىغىنىڭ بىلەن ئەتە يا ئۆگۈن قىلىشىڭ
مۇمكىن.

— سورا ئاپا، ھەرگىز يالغان گەپ قىلمايمەن، —
قەدىرىيەنىڭ يۈرىكى سېلىپ كەتتى.

— ئەسلىدە سېنىڭ ئىشىڭغا، شەخسىي تۇرمۇشۇڭغا ئارى-
لاشمىسام بولاتتى، لېكىن ئارىلاشمىسام بولمايدىغان يېرىگە كې-
لىپ قالدى. قېنى ئېيتقىنا، سەن زامانىدىن بىلەن راستىنلا
يۈرۈۋاتامسەن؟

قەدىرىيە بىرنەچچە سېكۇنتقىچە ئۈنسىز تۇرۇپ قالدى. ئەس-
لىي بۇ بىر ئەيىبلىك ئىش بولمىسىمۇ، بىراق قەدىرىيە خۇددى
ئەيىبلىك ئىش ئۆتكۈزۈپ قويغان ئادەمدەك يەردىن بېشىنى ئالماي
پەس ئاۋاز بىلەن:

— ھە - ئە، — دېدى.

قىزىنىڭ ئېنىق جاۋابى لەھەلبۇۋىنىڭ بەدەنلىرىدە تىترەك

پەيدا قىلدى، كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئېلىپ نەلەرگىدۇر تىكتى.
— ئۇنىڭ بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئۈز، قىزىم، دەر-
ھال ئۈز، ھازىرلا ئۈز...

قەدىرىيە تەئەججۇپلىنىپ ئاپىسىغا قارىدى، ئۇنىڭ قېنىق ھال رەڭ لەۋلىرى تاتىرىپ كەتتى.

— ئارىدا نېمە ئىشلارنىڭ ئۆتكەنلىكىنى سەن بىلمەيسەن، قىزىم، گۇناھ مەندە، بۇرۇنراق سېنى ئاگاھلاندۇرۇپ قويۇشۇم كېرەك ئىدى، سىلەرنى كىچىكىدىن بىللە ئۆسكەن، ساۋاقداش، يېقىن ئۆتۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرۈپ قېلىشىڭلارنى قىياس قىلماپتىمەن، بولمىسا بۇ مۇشكۈلچىلىكلەرمۇ بولماس ئىدى.

— ئاپا، مەن ھېچنېمە چۈشىنەلمىدىمغۇ؟

— ھازىر چۈشىنىسەن، ئاغزىم قۇرۇپ كەتتا، ئاش سۈيىدىن ئەكىرگىنە... شۇ ئىشلار ئېسىمغا كەلسە، بەدەنلىرىم تىكەنلىشىپ كېتىدۇ، كۆزلىرىمگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي قالىدۇ، — لەھەلبۇۋىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن سىلىق يۈزىگە غەزەپ ئۇچقۇنلىرى يېيىلىپ، يالتىراق، ئۇزۇن كىرپىكلىرى تىكلىشىپ كەتكەندى. ئۇ قىزى ئەكىرگەن ئاش سۈيىدىن ئىككى - ئۈچ يۇتۇم ئېچىپ، دېمەكچى بولغان گېپىنى مۇنداق باشلىدى:

— ھەممە گەپلەرنى، سەندىن يوشۇرغان ئىشلارنى ئەمدى دەي: زاماندىننىڭ ئاكىسى قەمىردىن قانچە يىللار ئىلگىرى — سەن ئۇ چاغدا كىچىك ئىدىڭ — ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان، بىز بىلەن بىللە ئىشلىگەن. دەسلەپ مەكتەپ مۇدىرى ئۇنى ماڭا قوشۇپ قويغان، دەرسكە تەييارلىق قىلىشتىن تارتىپ - تاپشۇرۇقلارنى ئىشلەشكىچە بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئۆگىتەتتىم، ئۇ مېنىڭدىن ئۆگىنىپ دەرس ئۆتۈپ يۈردى. بىر كۈنى تويۇقسىز ئۇ خوتۇنىنى قويۇۋەتتى. مەن: «نېمىشقا قويۇۋەتتىڭىز» دېسەم، ئۇ: «تۇغمىدى» دېدى. مەن: «بىكار قىپسىز، ياخشى ئايال ئىدى» دېدىم. كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىر كۈنى ئۇ ماڭا ھېچ

ئويلىمىغان يەردىن ئىككىمىز توي قىلساق، دەپ خەت يېزىپتۇ.
مەن تەكلىپىنى رەت قىلىپ ئۇنىمىدىم، مەن ئايالىمنى سىزنى
دەپ قويۇۋەتكەن دېدى. مەن: «ھېچ گەپتىن ـ ھېچ گەپ يوق،
نېمىشقا ئۇنداق قىلغاندۇ؟» دەپ ھەيران بولدۇم. بىر قېتىم
كېچىدە ئۆيگە كىرىپ، ماڭا ئېسىلىپ، زورلۇق قىلماقچى بول-
دى. سەن ئۇخلاۋاتاتتىڭ، «چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا ۋارقىراپ
كىشىلەرنى ئويغىتىۋېتىمەن» دەپ بىر كاچات ئۇردۇم. ئۇ قې-
چىپ چىقىپ كەتتى. ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى باشلانغاندا،
ئۇ ماڭا نەچچە يۈزلىگەن مۇئەللىملەرنىڭ ئالدىدا پىكىر بەرگەن
بولۇپ، تۆھمەت قىلىشقا ئۆتتى. ئۇ شۇنداق قارا كۆڭۈل، ۋىج-
دانسىز ئادەم ئىكەن، قىزىم، ھەيران قالغۇدەك تۆھمەتلەرنى
قىلدى. قانداق تۆھمەتلەرنى قىلدى دېمەمسەن؟ — ئۇ چوڭقۇر
تىنىپ يېرىم مىنۇتتەك توختىۋېلىپ سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، —
«مەن ئايالىمنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن، — دېدى ئۇ سەھنىگە
چىقىپ، — لەھەلبۇۋى «مېنى ئېلىڭ» دەپ يالۋۇرۇپ كەينىمگە
كىرىۋالغان، ئۇ بۇزۇق خوتۇن تۇرسا، ئۇنى قانداق ئالىمەن،
ئۇ يېزا باشلىقى بىلەن ئوينايدۇ، شەھەردىن چىققان ياش باللار
بىلەن ئوينايدۇ». بۇ تۆھمەتلەرنى ئاڭلاپ تاس قالدىم كەينىمگە
ئۇچۇپ كەتكىلى. يېزا باشلىقى كېچىسى ئەمەس، كۈندۈزى بىر
قېتىم بىزنىڭ ئۆيگە كىرگەن، مەن ئۇنىڭ نىيىتىنىڭ دۇرۇس
ئەمەسلىكىنى بايقاپ، بۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئۆيگە كىرمەڭ،
دەپ چىقىرىۋەتكەن، ئۇمۇ ئىككىنچىلەپ كىرمىگەن. ئاۋۇت ئا-
كاڭ شەھەردىن ئىككى ـ ئۈچ قېتىم مېنى يوقلاپ چىقىپتىكەن،
ئۇ چاغلاردا ئۇ ئون تۆت ـ ئون بەش ياشلىق بالا ئىدى. كۆردۇڭ-
مۇ، قەمىردىنىنىڭ كۆڭلى قارىلىقىنى... ئاشۇ ئىشلارنى يوغانلى-
تىپ، يوق يەردىن پۈتاق چىقىرىپ، كۆپچىلىكنى ئىشەندۈرۈش
ئۈچۈن ئەزۋەيلەپ سۆزلەپ كەتكەن، تېخى: «بۇ بۇزۇقنى قوشۇ-
نىمىزدىن سىقىپ چىقىرايلى!» دەپ شوئارلارنى توۋلىغان. ئۇ-

نىڭ تەكلىپىگە قوشۇلمىغانلىقىم ھەم ھەقلىق رەۋىشتە بىر كاچات ئۇرغانلىقىم ئۈچۈن، ماڭا شۇنداق تۆھمەتلەرنى قىلغان. مېنى بىلىدىغانلار، ياقلايدىغانلار ئۇ تۆھمەتكە ئىشەنمىگەن بىلەن، ئۇنىڭ گېپىگە ئىشىنىدىغان، ئۇنى ياقلايدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن. ئۇلار ئۆگىنىشتە بولغان ئاشۇ ئىشلارنى پۈتۈن مەھەللىگە راستتەك قىلىپ يايدى، تارقاتتى. شۇ چاغدا ئەلەمگە چىدىماي ئۆزۈمنى ئۆلتۈرۈۋالماقچى بولغان، سېنى ئويلىدىم، «كىچىككىنە قىزىم نەلەردە خارلىقتا قالار؟» دەپ ئۆزۈمنى باستىم...

لەھەلبۇۋى بىردىنلا يىغلاپ، بارا - بارا ئۆپكىدەپ كەتتى. كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي ئولتۇرغان قەدىرىيەنىڭ كۆز چاناقلىرىمۇ ياشقا تولدى. ئۇمۇ ئازابلانماقتا ئىدى.

— بۇ ئىشلارنىڭ شەپىسىنى بۇرۇنراق دەپ قويساڭچۇ، ئاپا؟

— ھەي، جېنىم بالام، — دېدى لەھەلبۇۋى يىغا ئارىلاش، — سېنى ئۇنىڭ ئىنىسى بىلەن يۇرۇۋاتامدىكىن، دەپ ئاسماقچىلاپ نەچچە گەپ ئېلىپ باقتىم، سەن يېقىن كەلمىدىڭ، ئېنىق سەزگەن بولسام شەپە بېرىپ قوياتتىم.

— ئادەمدە شۇنداق ھېس بولىدىكەن، يۇرۇۋاتقان ياكى كۆڭلۇڭگە يېقىپ قالغان ئادىمىڭنى ئاتا - ئانىدىن يوشۇرغۇڭ كېلىپ تۇرىدىكەن.

لەھەلبۇۋىنىڭ ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشلىرىدىن يۈز - كۆزلىرى، ئېڭەكلىرى ھۆل بولۇپ كەتتى.

— ئاشۇ تۆھمەتلەردىن يۈرىكىمگە يارىلار چۈشتى، — دېدى لەھەلبۇۋى كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ، ئۆزىنى بىر قۇر ئوڭشاپ، — تۆھمەتتىن پەيدا بولغان يارىلار ئۆمۈر بويى ساقايمايدىكەن، ئۇ ھېلىمۇ يۈرىكىمدە بار. كىيىمگە داغ چۈشسە، ئۇنى چىقىرىۋەتكىلى بولىدۇ، قىزىم، يۈرەككە چۈشكەن داغنى چىقىرىۋەتكىلى بولمايدىكەن.

بىردە تېڭىرقاپ، بىردە بوشىشىپ ۋە بىردە غەزەپلىنىپ

ئۆلتۈرغان قەدىرىيە پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

— توۋا، ئاپا، زامانىدىنىڭ ئاكىسى ساڭا شۇنچىلىك تۆھمەتلەرنى قىلىپ كېتىپتىكەن - دە....

— شۇنداق قىزىم، بىلىپ تۇرۇپ ئاتايىن قىلدى. بىلمەي تۇرۇپ قىلغان تۆھمەتنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولىدۇ، بىلىپ تۇرۇپ ئاتايىن قىلغان تۆھمەتنى كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ.

— راست، ئاپا، ئۇنداق تۆھمەتنى ھەرگىز كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدۇ! — دېدى قەدىرىيە كۆز يېشىنى تۇتۇۋالالماي.

— ئارىدا مۇشۇنداق ئىشلار ئۆتكەن، ئويلاپ باق، مەن ئۇنىڭ بىلەن قانداقلارچە قۇدا بولالايمەن! ئاشۇ ئۆيگە سېنى قانداقلارچە كېلىن قىلىپ تاشلاپ بېرەلەيمەن!...

— بولدى، جېنىم ئاپا، مەن سېنى ھەرگىز قاقشاتمايمەن، ئەلەمگە قويمايمەن، — قەدىرىيەنىڭ كۆز چاناقلىرىدىكى ياشلىرى تامچىلىماقتا ئىدى. ئۇ ئۆيدىن پېشايۋانغا يۇگۈرۈپ دېگۈدەك چىقتى ۋە پېشايۋان تۈۋرۈكىنى قۇچاقلاپ تولغىنىشقا باشلىدى. ئۇ ئاپىسىغا يۈرىكىدىن چىقىرىپ ھەقىقىي، چىن گېپىنى دېگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشنىڭ تەسلىكىنى ھېس قىلماقتا ئىدى.

ئۇنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتكەن قىز پېشايۋاندا ئۇزاق تۇرغاندىن كېيىن، بوشاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئۆيگە كىردى. ئاپىسى ئۇنى چاقىرمىدى، مەيلىگە قويۇپ بېرىپ، ئۆيگە ئۆزىنىڭ كىرىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردى.

— نۇرزاتنىڭ دادىسى غوجامبەردى بىلەن گۈلزارىخاننىڭ ئوتتۇرىسىدىمۇ ھەرگىز كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان ئىشلار يۈز بەرگەن، — دېدى لەھەلبۇۋى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى يوشۇرۇپ تۇرغان قىزىغا قاراپ.

قەدىرىيە بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئاپىسىغا «لاپ» قىلىپ قاراپ قاردى.

— شۇنداق، — دېدى لەھەلبۇۋى، — ئۇنىمۇ ئەتە يا ئۆگۈن سەبىھەدىن چوقۇم ئاڭلايسەن.

※ ※

گۈلزارىخانمۇ قىزى سەبىھەگە كەچۈرۈۋەتكىلى زادىلا بولمايدىغان، ئەسلىسىلا غەزىپى تاشىدىغان ئىشنى بايان قىلىشقا ئۆتكەندى. ئۇ ئاۋۋال مۇنداق دېدى:

— ئوقۇش تۈگەتكەندە شەھەرمۇ، ناھىيىمۇ ئېلىپ قالايلى دېسە، ئۇنىماي پايپاسلاپ يۈرۈپ يېزىغا چىقىۋېلىشىڭدا گەپ بار ئىكەن، بايا…، — گۈلزارىخان چىچىلىپ كەتكەندى، سۆزلىگەنسېرى ئوغىسى قايناپ، بەدەنلىرى تىترەيتتى، كۆزلىرىدىن غەزەپ ئۇچقۇنلىرى چاچرايتتى.

— سېنى يالغۇز تاشلاپ شەھەردە قالسام قانداق بولىدۇ؟

— ئۇ بىر باھانە.

— ماۋۇ ئاپامنىڭ گېپىنى… مەكتەپ مۇدىرىمۇ يېزىغا قايتىپ كېلىڭلار، ئۆز ئىنى - سىڭىللىرىڭلار سىلەرنى تۆت كۆز بىلەن كۈتۈۋاتىدۇ، دېگەن. ساڭمۇ دەپتىكەنغۇ؟

— ھەئە، كۈتۈۋاتقان بار ئىكەن، شۇڭغا ئۆلەر - تىرىلىشىڭگە قارىماي چېپىپ كېلىپتىكەنسەن!

— مۇشۇ ئاپامنى…

— كاشكى تۈزۈكرەك ئادەم ئۈچۈن چاپساڭمىغۇ، پايتىمىسىنى تەتۈر ئورايدىغان دېھقاننى تاپقۇچە.

— دېھقان ئادەم ئەمەس ئىكەن - دە…

— يالاڭ ئاياغ توپا كېچىپ يۈرگەن بالا ساڭا قانداق تەڭ كېلەلەيدۇ، ئۆزۈڭدەك خىزمەتچى - كادىر تېپىلمايتتىمۇ؟

— خىزمەتچى - كادىر بولسا، ياخشى ئادەم، دېھقان بولسا ئەسكى ئادەم دېگەن قائىدە - قانۇن بارمىكەن، ئاپا، بىز كىمنىڭ

بالىۋاقىسى، ئېيتقىنا؟

— سەن ئوقۇماي ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغان قىز ئەمەس، دارىلمۇئەللىمىندە ئۈچ يىل ئوقۇغان، بالىلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىۋاتقان، قارا دىلنى ئاقارتىۋاتقان مۇئەللىم سەن! ئۆزىنىڭ كىملىكىنى تېخىچە بىلمىگەن ئەخمەق، سەن ئاشۇ قارا قورساقنىڭ خىلىمىدىڭ - ھە!

— قارا قورساق بولامدۇ، ئاق قورساق بولامدۇ، كۆڭلۈمگە كىم ياقسا، شۇ مېنىڭ خىلىم!

ھەر ئىككىسىنىڭ غەزىپى ئۆرلەپ، كۆزلىرىدىن گويا ئوت چېچىلماقتا ئىدى. گۈلزارىخان قىزىنىڭ شۇنچە ئوقۇغان تۇرۇقلۇق، بىر دېھقان بالىنى ئۆزىگە لايىق كۆرۈۋاتقىنىغا چىدىمايۋاتسا، سەبىھە ئاپىسىنىڭ ئاق كۆڭۈل دېھقان بالىسىنى كەمسىتىۋاتقىنىغا چىدىماي تولغىنىۋاتاتتى. گۈلزارىخان بۇ ئوي - خىياللىرىنى يىغىشتۇرۇپ، كۆڭلىدىكى ئاخىرقى گەپ - سۆزلىرىنى بايان قىلىشقا ئۆتتى:

— راست گەپنى ئېيتاي، سەن نۇرزات بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىڭنى ئۈزمىسەڭ قەتئىي بولمايدۇ!

سەبىھە ئاپىسىغا ئىتتىك قارىدى.

— قارايسەنغۇ، بۇنىڭ سەۋەبلىرىنى دېسەم، ئۇنىڭ بىلەن يۈرۈپ قالغىنىڭغا قاتتىق پۇشايمان قىلىسەن. سەنمۇ تۇرۇپ كېتىپسەنغۇ، ئولتۇر، قېنى ئولتۇر، كۆزۈڭنى ئالايتما، مەن ساڭا بىر ئىشنى سۆزلەپ بېرەي، ئاڭلاپ بولۇپ دەيدىغان گەپلىرىڭ بولسا دەرسەن.

گۈلزارىخاننى بىردىنلا يىغا تۇتقاچقا، بىرئاز توختىۋېلىپ گېپىنى مۇنداق باشلىدى:

— كىچىك ئاپاڭ گۈلشەدىخاننى بۇرۇن نۇرزاتنىڭ دادىسى غوجامبەردى ئالغان. لېكىن ئۇ ئىنتايىن كۆنچى ئادەم ئىكەن، كۆنچى بولغاندىمۇ ئادەم ئىشەنمىگۈدەك كۆنچى ئىكەن، ئىشىك

ئالدىدىن بىرى يۆتىلىپ ئۆتسىمۇ، قورۇغا قاراپ قويسىمۇ، ئۇ: «سەن شەرەت قىلمىساڭ ياكى جىلۋە كۆرسەتمىسەڭ ئۇ يۆتىلەمدۇ، قورۇنىڭ ئىچىگە قارامدۇ» دەپ كىچىك ئاپاڭنى قىيناپ، ئۇرۇپ، ئازابلاپ ھېچ ھالىنى قويمىدى، بەدەنلىرىنىڭ كۆك چۈشمىگەن يېرى قالمىدى، كۆزىدىن ياش قۇرۇمىدى، سەن كىچىك، ئۇقمايسەن، ئاخىر چىدىماي مەن ئارىلاشتىم. ئۇ تۇتقۇدەك دەلىلى بولمىسىمۇ، گۇلشەدىخانىمۇ، مېنىمۇ بوزەك قىلىپ خارلاپ: «سەن بۇزۇق سىڭلىڭغا يان بېسىۋاتىسەن، سەنمۇ بۇزۇق» دەپ جامائەت ئالدىدا قاتتىق ئاھانەتلەرنى قىلدى، مەنمۇ ئۇنى تىللىدىم، ئۇ مېنى ئۇرغىلى يۇگۇرگەندە كۆپچىلىك تۇتۇۋالدى.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ غەزەپلەنگەن سەبىھە ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇ چاغلاردا ھۆكۈمەت، سوراقچى يوقمىدى، ئۇ مۇتتەھەمنىڭ شۇنچە يولسىزلىقلىرىغا قاراپ تۇردۇڭلارمۇ؟

— بىز ئاجىز بەندىلەر تۇرساق، قولىمىزدىن نېمە كېلىدۇ، ئاۋازىمىز نەگە يېتىدۇ… شۇنىڭ بىلەن توختاپ قالدى دەمسەن، مەن: «دۇنيادا سەندەك كۇنچى، ئەسكى ئادەم بولماس» دېسەم، ئۇ يۇرت ئاقساقاللىرىنىڭ ئالدىدا: «ئوغۇل بالىچىلىقى بار ئادەم كۇنلەيدۇ، مەن سېنىڭ ئېرىڭدەك يۇمشاق باش ئەمەسمەن» دەپ گۆرىدە تىنىچ ياتقان داداڭنىمۇ ھاقارەت قىلدى. ئاقساقاللار: «ھاي - ھاي، غوجامبەردى، ھايا نەگە كەتتى» دەپ ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋالدى. ئۆيدە ئەر كىشى، ئۇنىڭغا تېتىيدىغان ئادەم بولمىغاچقا، شۇ ئاھانەتلەرگە ئۇچراپ، تۆھمەتلەرنى ئاڭلاپ بوزەك بولدۇق. كىچىك ئاپاڭ ئاخىر ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قۇتۇلدى. ئۇنىڭدىن قۇتۇلغان بىلەن تۆھمەت، ئاھانەتلىرى يۈرەكلەرنى زېدە قىلدى - يارا قىلدى. ئۇنى ئويلىساملا ئاشۇ يارىلار قوزغىلىدۇ، — گۇلزارىخان ئۆكسۈپ - ئۆكسۈپ يىغلىماقتا ۋە

ئاچچىق - ئاچچىق ياشلىرى تاراملاپ تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ ياشلىرىنى ئېرتىپ، سۆزىنى داۋاملاشتۇردى، — مانا، غوجامبەردى بىلەن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا مۇشۇنداق ئىشلار ئۆتكەن. بۇ ئىشقا ئۇزۇن يىللار بولغان بولسىمۇ، لېكىن هازىر بولغاندەكلا يادىمدا تۇرۇپتۇ. داداڭ بولمىسىمۇ، يىڭنىنىڭ تۆشۈكىدىن يىپ ئۆتكۈزۈپ، كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، مۇكچىيىپ ئىشلەپ، سېنى ئۆگەيلىك تارتىپ قالمىسۇن دەپ قايتا ياتلىق بولماي، سېنى چوڭ قىلدىم، قاتارغا قوشتۇم، مانا مۇئەللىم بولۇپ يېتىشىپ چىقتىڭ. ئەمدى ئويلاپ باق، مەن ئاشۇ غوجامبەردى بىلەن قۇدا بولسام — ئوغلىغا سېنى بەرسەم بولارمۇ؟... يا ئاتا - ئانامغا ئاهانەت قىلغان، ئازار بەرگەن بىلەن، ماڭا بەرمىسە مەيلى ئەمەسمۇ، دەپ ئويلامسەن. بۇنى ئۆزۈڭ بىل، سەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ سورىيالايدىغان، ياخشى - يامان ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلەيدىغان قىز...

— بولدى، جېنىم ئاپا، هەممىنى چۈشەندىم، مەن دۆت ئەمەس، ياخشى - يامانىنى پەرق قىلالمايدىغان ئەقىلسىزمۇ ئەمەس، سېنىڭمۇ، كىچىك ئاپامنىڭمۇ غورۇرىنى هەرگىز يەرگە ئۇرمايمەن، ماڭىمۇ غورۇر كېرەك! — دېدى ئۇ كۆتۈرەڭگۈ ئاۋاز بىلەن.

بىراق ئۇ شۇ سۆزىنى ئاخىرلاشتۇرۇپلا ئاپىسىنى مەهكەم قۇچاقلاپ ئۆپكىدەپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ شۇ چاغدىكى ئاپىسىنىڭ بېشىغا كەلگەن خورلۇق، تۆهمەت، ئاهانەتلەر ئۆز بېشىغا كەلگەندەك، ئەلەمدە تولغىنىپ يىغلاۋاتامدۇ ياكى ئاپىسىنىڭ ياشلىقىنى تۇل ئۆلتۈرۈپ ئۆتكۈزۈۋەتكەنلىكى، ئۆزىنى ئېغىر جاپا - مۇشەققەتتە باققانلىقىغا يىغلاۋاتامدۇ ۋە ياكى جۇدالىققا دۇچ كېلىۋاتقان مۇهەببىتىگە — قايرىلغان گۈلىگە يىغلاۋاتامدۇ، بۇنى بىلگىلى بولمايتتى.

※ ※

هايات سىرلىق، قىسمەتلىرى بەلگىسىز كارۋان. ئۇنىڭغا نىمىلەرنىڭ يوشۇرۇنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ھېلى شادلىق تاشقان يۇرىكىڭدە، بىردەمدە جاراھەت پەيدا بولىدۇ؛ ھېلى كۆ-زۈڭدە كۈلكە چاقنىسا، ھېلى ئەلەملىك ياش يالتىرايدۇ… ھايات شۇنداق نەرسە: بىر قارىساڭ كۆڭۈللۈك، بىر قارىساڭ كۆڭۈل-سىز؛ بىردە راھەتلىك، بىردە ئازابلىق. ئىككى قىز — سەبىھە بىلەن قەدىرىيە بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى بىر - بىرىگە ئېيتى-شىپ، مۆلدۈرلەپ يىغلاپ كېتىشتى. ئۇلار مۇھەببىتىدىن - بەختىدىن رازى بولۇشۇپ، قىن - قىنىغا پاتماي، قىيغىتىپ يۈرۈشكەن، ھېچكىمنى ئۆزىگە تەڭلەشتۈرمەي، دۇنيادا بىزدىنمۇ خۇشال، مۇرادى ھاسىل بولغان بەختلىك ئادەم بارمىدۇ، دەپ ئويلاشقان ئەمەسمىدى… قېنى ئۇ خۇشاللىق، كۆزلەردىن چېچىل-غان بەختىيار ئۇچقۇنلار، يۈزلەردە چاقنىغان نۇر، لەۋلەردە پارلىغان تەبەسسۇم؟

ئىككى قىز ئۇن - تىنسىز يۈرۈپ، مەھەللىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كەتتى. قار ئىككى ياققان بولسىمۇ، يەرلەر بەزىدە ئې-رىپ، بەزىدە توڭلاپ تۇراتتى. دەل - دەرەخلەر يالىڭاچلانغان بولۇپ، پەقەت ياش دەرەخلەرنىڭ ئۇچلىرىدىلا ئاندا - ساندا يو-پۇرماقلار قالغان. شاماللار ئۇچۇرتقان غازاڭلار ئېرىق ئىچلىرى-گە تىقىلغان. سارغىيىپ قۇرۇغان ئوت - چۆپلەر، ئېرىق قىر-لىرىدا چوقچىيىپ تۇرغان، قۇرۇغان قورايلار ئىزغىرىن شامالدا شىۋىرلايدۇ ۋە ئۆزىنىڭ ئاچچىق ھىدىنى دىماغلارغا ئۇرىدۇ. ئۇلار غەمكىنلىك، مەيۇسلۇك ئەكس ئېتىپ تۇرغان كۆزلىرىنى نەلەرگىدۇر تىكەتتى. بېشىغا كېلىۋاتقان جۇدالىق قىسمىتىدىن يانغان ھېسلىرى لەۋلىرىنى جۇپلەپ قويغانىدى.

كۈن ئولتۇرۇپ كەتكەن، بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە قالغان

قىزغۇچ شولىلارمۇ يېتكەن. ئىككى قىز نەگە بېرىشنى، نەدە توختاشنى بىلمەي كېتىپ بارىدۇ. مەڭگەنلەر چېچىلىپ قالغان ئېتىزلار ئارىسىدىكى يول ئاخىرلاشقاندا، ئۇلار ئۆزلۈكىدىنلا كەينىگە ياندى. يەنە ئۈن - تىنسىز ھالدا خېلى ماڭغاندىن كېيىن، سەبىھە شىۋىرلىدى:

— «ئۇياقتا تارتسا ئات ئۆلىدۇ، بۇياقتا تارتسا ھارۋا سۇنىدۇ» دېگەن مۇشۇ ئىكەن - دە...

— مۇشۇ، — دېدى قەدىرىيە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ، ئۇنىڭ ئويچان كۆزلىرىدە مەيۈس ئۇچقۇنلار پىلدىرلايتتى، — قانداق قىلغۇلۇق، ئايرىلىپ كېتەرمىزمۇ؟

— ئايرىلماي نېمە ئىلاج، — سەبىھەنىڭ كۆزلىرىدە دائىم ئەكس ئېتىپ تۇرىدىغان كۈلكە يېتكەن، زىلۋا بويىمۇ سەل پۈكۈلگەندەك قىلاتتى، — دوستى ئۈچۈن ئۆز مۇھەببىتىنى قۇربان قىلغان پىداكار قىزلارنى كۆرگەنىدىم... ئاتا - ئانىلىرىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە بىزمۇ قۇربان قىلىمىز - دە.

— توۋا قىلدىم، كونا ئادەتلەر ئۆزىنى كۆرسىتىۋاتقىنىنى... ئەمدى بىزنى تۈگەشتۈرىدىغان بولدى، ئويلىغان ئويلىرىمىز، گۈزەل خىياللىرىمىز، بەرگەن ۋەدىلىرىمىز، كەلگۈسىگە، كۆڭۈللۈك تۇرمۇشقا ئىنتىلىشلىرىمىز... ھەممىسى تۈگىدى، توزغاقتەك توزۇدى. بۇنداق بولۇشىنى، مۇھەببىتىمىزگە چېچەك چىقىشىنى كىم ئويلىغان؟!

ئىككى قىزنىڭ كۆزلىرى ياشلىق ئىدى، ئۇلار يۈرىكىنى مۇجۇۋاتقان ئەلەمگە، داۋاسىز ھەسرىتىگە، يۈرەك - باغرىنى ئۆرتەۋاتقان ئازابىغا، سولىشىۋاتقان سۆيگۈ گۈلى ھەم ئەقىدىسىگە يىغلايتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. بىر - بىرىنى ياندىن قۇچاقلىشىپ، بىر - بىرىنىڭ مۈرىسىگە بېشىنى قويۇپ، قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ يۈرمەكتە ئىدى. ماغدۇرسىز قەدەملەر ئۇلارنى ئاستا - ئاستا مەھەللىگە يېقىنلىتىپ كەلدى.

— زامانىدىن بىلەن ئۆرزاتقا بۇ ئىشلارنى قايسى ئېغىزىمىز بىلەن ئېيتارمىز، قەدىرىيە؟

— دېمەيمىز.

— دېمىسەك قانداق بولىدۇ؟

— كۆزىگە كۆرۈنمەيمىز.

— ئاخىرغىچە كۆرۈنمىگىلى بولامدۇ؟

— بىلمەيمەن، سەبىھە، قانداق قىلىشىمىزنى بىلمەيمەن، بېشىم پىرقىراپ، ئۆيلىرىم چېچىلىپ كەتتى.

ھايات يولىغا قەدەم قويغان ئادەم بەختلىك تۇرمۇشنى، بەختىيار بولۇشنى ئويلايدۇ. قەدىرىيە زامانىدىن بىلەن، سەبىھە ئۆرزات بىلەن يۇرگەندىن باشلاپ، ئۆزلىرىنى بەخت ئىشىكىنى ئاچتۇق، دەپ ھېسابلاپ يۈرەتتى. تېخى بوسۇغىدىن ئاتلا-ئاتلىمايلا بەختىيار قەلبلىرى گويا ئېغىر مۇسىبەتكە دۇچ كەلگەندەك قاقشاپ، ئۇمىدسىزلىكتە تېپىرلاپ قالدى ۋە ئۆزلىرىنى ئىنتايىن ئاجىز، قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان بىچارىلەردەك ھېس قىلدى.

ئىككىسى ئۆيلىرىگە يېقىنلاشقاندا قولياغلىقلىرىنى نەمدەپ، كۆز ياشلىرىنى، كۆزىنىڭ ئەتراپى، مەڭزىلىرىدە قېتىپ قالغان ياش داغلىرىنى سۈرتتى. ئىككىسى شۇ مىنۇتلاردا چوڭقۇر ئازاب ھەم ئەلەم بىلەن شۇنى ھېس قىلدىكى، كىشى ئۆمرىدە گۈزەل ھېس - تۇيغۇلار قوزغىلىپ تۇرىدىغان چاغ قىسقا، ناھايىتى قىسقا بولىدىكەن.

# ئۈچىنچى قىسىم

## 31

ئاشلىق بېسىلغان «شەرق شامىلى» ماركىلىق يۈك ماشىنى-
سى لەھەلبۆۋىنىڭ ئىشكى ئالدىدا توختىدى، چۈنكى ماشىنىنىڭ
كەينى چاقى ئېتىلىپ كەتكەنىدى.

شوپۇرنىڭ ئەسۋابلىرى تولۇق بولمىغانلىقى ئۈچۈن ئېتىلىپ
كەتكەن چاقنى چىقىرىپ، زاپاس چاقنى سېلىشتا قاتتىق قىينال-
دى. كەچ كىرگەنسېرى سوغۇق ئەدەپ، پۈتۈن سوغۇقنى تۆمۈر
ئەسۋابلار سۈمۈرۈۋالغاندەك، ئۇنى تۇتقان قولنى ھەرىدەك چېقىپ
تۇراتتى. شوپۇر قېتىپ كەتكەن بارماقلىرىنى ئۇۋۇلاپ، ئېغىزىغا
ئەكېلىپ ھورداپ، ۋىنتىلارنى چىڭىتماقتا ئىدى. يېزىدا قىزىق
ئادەت بار، مەھەللىدە بىرەر ماشىنا توختاپ قالسا،
چوڭ - كىچىك ھەممە ئادەم ماشىنىنىڭ ئەتراپىغا يىغىلىۋالىدۇ
ۋە ئۇنىڭ قەيىرى بۇزۇلغانلىقى توغرىسىدا دەتالاشقا چۈشۈپ كې-
تىدۇ. بىراق بۈگۈن ئۇنداق بولمىدى، سوغۇقنىڭ قاتتىقلىقىمى-
كىن، بىرمۇ ئادەم ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلمىدى، قاراپ قويۇپلا
ئۆتۈپ كېتىشتى.

لەھەلبۆۋى مەكتەپتىن قايتىپ، ئىشكى ئالدىدا قانداقتۇر
بىر ماشىنىنىڭ بۇزۇلۇپ توختاپ قالغانلىقى، شوپۇرنىڭ ماشى-
نىسىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى جۆندەۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، قورۇ-
سىغا كىرىپ كەتكەنىدى. ئارىدىن بىرەر سائەت ئۆتكەندىن كې-
يىن، ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، ئۇنىڭ ماشىنىسىنى تېخىچە جۆن-

دەۋاتقانلىقىنى كۆردى. كۆز باغلىنىپ قالغانىدى، سوغۇق ئەدە-ۋاتاتتى. «‹ھارۋىكەش - ئاۋارىكەش› دەيدىغان، — دەپ ئويلاپ قالدى لەھەلبوۋى، — شوپۇر دېگەنلەرمۇ ئوخشاشلا ئاۋارىكەشلەر-دىن ئىكەن - دە».

— تېخىچە تۈزەلمىدىمۇ ئۇكام، بۇ ماشىنىڭىز؟ — دېدى لەھەلبوۋى ماشىنىنىڭ يېنىغا كېلىپ.

— تۈزەلدى، پۈتتى، — دېدى شوپۇر كەينىگە قاراپ، بېلىنى قاماللاپ تۇتۇپ.

— تازىمۇ مۇزلاپ كەتتىڭىزغۇ دەيمەن؟

— مۇزلىغاندەك قىلمۇدىم، ھازىر ئىسسىپ قالدىم. ئىشقا بېرىلىپ كەتكەن ئادەم بۇنىمۇ تۇيمايدۇ.

— شوپۇرلۇق دېگەنمۇ جانغا جاپالا ئىكەنغۇ...

— جاپاسى يوق ئىش نەدىكىنتاڭ.

— سوغۇق ئۇستىخان - ئۇستىخانلىرىڭىزدىن ئۆتۈپ كەت-كەندۇ؟

— بۇنداق يەرلەردە ماشىنىڭىزدىن چاتاق چىقسا ياخشىغۇ، مەھەللىنىڭ ئىچى، ماڭالماي قالسىڭىز ياتىدىغان ئىسسىق ئۆي چىقىدۇ، ئاچ قالمايسىز، ياردەم قىلىدىغانلارمۇ تېپىلىدۇ. خۇدا ساقلىسۇن ماشىنىڭىزنىڭ چۆللەردە بۇزۇلۇپ قېلىشىدىن، يا بىر چىشلەم نان، يا بىر يۇتۇم سۇ، يا سىزگە قارىشىدىغان ئادەم يوق، قاتتىق سوغۇقلاردا توڭلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن، ئىلاجىنىڭ يوقلۇقىدىن مانا مۇشۇ كوزۇپلارنى ئۇرۇپ - چېقىپ قالاپ جان ساقلايمىز. خەقلەر شوپۇرلۇق دېگەن ئۇنداق ياخشى - مۇنداق ياخشى دەيدۇ، ئۇنداق ئەمەس، بىزنىڭ كۈنىمىز ئىتنىڭ كۈنى دەڭا.

شوپۇر شۇنداق دېدى - دە، كىيىم - كېچەكلىرىنى قېقىش-تۇرۇپ مېڭىشقا تەرەددۇتلاندى.

— يۇرۇڭ ئۇكام، ئۆيگە كىرىڭ، قوللىرىڭىزنى يۇيۇپ،

كىچىككىنە ئىسسىنىۋېلىپ مېڭىڭ.

— رەھمەت، ماڭاي.

— رەھمىتىڭىزنى قويۇڭ، مۇزلاپ كېتىپسىز، تىترەۋاتىد-سىز.

شوپۇر ھەقىقەتەن مۇزلاپ كەتكەنىدى. ئۇ قارنىڭ ئۇستىگە تاشلاپ قويغان قىسقا جۇۋىسىنى ئالدى - دە، لەھەلبۇۋىنىڭ كەينىدىن ئۆيگە كىردى. قەدىرىيە لامپا يورۇقىدا لەگمەن سوزۇپ ئولتۇراتتى. ئۆي ئىچى قايناۋاتقان قازاندىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان ھوردا ھۇپپىدە ئىسسىپ كەتكەنىدى. قەدىرىيە ناتونۇش شوپۇرنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سۇسلا سالاملىشىپ قويدى. لەھەلبۇ-ۋى قىزىغا بىر چۆگۈن ئىسسىق سۇنى تەييارلاپ بېرىشنى ئېيتتى-ۋىدى، ئۇ بىر چۆگۈن سۇنى تەڭشەپ، سوپۇن بىلەن داسنىڭ يېنىغا قويۇپ قويدى. شوپۇر لەھەلبۇۋىنىڭ مەشەدە يۇيۇڭ، دېگىنىگە ئۇنىماي، ھويلىغا چىقىپ يۈز - قوللىرىنى يۇيۇپ كىردى. قەدىرىيە ئۇنىڭ قولىغا لۆڭگىنىمۇ ئېلىپ بەرمىدى.

شوپۇر بۇ ئۆيگە كىرىپ قالغىنىغا قاتتىق خىجىللىقتا قالدى. تېخى تاماق ئۇستىگە كىرىپ قالغىنىچۇ... لەھەلبۇۋىنىڭ چىڭ تۇرۇۋېلىشى بىلەن ئۇ يۇقىرىغا ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. شىرەگە يېقىن كېلىپ ئولتۇرغاندىلا، لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى. ئۇ ئاق يۈزلۈك، قاشلىرى قارا، قارىماققا يېشى كۆپ بولسا ئوتتۇزلارغا ئەمدىلا بارغاندەك قىلاتتى. ئالدىغا كەلگەن لەگمەننىڭ قورۇمىسىنى چۆپى بىلەن قولاشماي ئىلەشتۇ-رۇشى ۋە ھەرىكەت - قىياپەتلىرىدىن ئۇنىڭ قورۇنۇپ ئوڭايسىز-لىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. شوپۇرلار شۇنداق تائىپە، ناتو-نۇش ئادەملەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ قالسا ياكى بىر چىنە تاماقنى يېيىشكە توغرا كەلسە، ھېچبىر قورۇنمايدۇ، ئۆزىنى ئەركىن - ئازادە ھېس قىلىپ ئولتۇرۇۋېرىدۇ، ھەر قانداق يەردە ئۆزىنى كىبىرانە، مەغرۇر تۇتىدۇ، كىشىلەر ماڭا «ۋاي» دەپ تۇرۇشى

كىرەك، دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ دائىم ماشىنىدا يۈرۈشى، ئۇلار-
غا ھاجىتى چۈشۈپ تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇشى، قولىد-
قىغا ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش مەنىسىدىكى سۆزلەرنىڭ كىرىپ تۇ-
رۇشى، ئۇلاردا يۇقىرىقىدەك مىجەزلەرنىڭ پەيدا بولۇشىغا سەۋەب
بولغان بولۇشى مۇمكىن. لېكىن مۇنۇ شوپۇر ئۇنداق مىجەزلىك
ئەمەستەك قىلىدۇ. تاماقنى ئۇنىسىز يەۋاتقانلىقى، خىجىلچىلىق-
تىن ئاق يۈزىدە ئۇششاق تەر تامچىلىرىنىڭ پەيدا بولغانلىقى،
بېشىنى كۆتۈرۈپ قويماسلىقى، يۈزى تۆۋەن، نومۇسچان شوپۇر
ئىكەنلىكىدىن دالالەت بېرىپ تۇراتتى. ئەمما قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ
بۇ تونۇمايدىغان شوپۇرنى ئۆيگە باشلاپ كىرگەنلىكىگە ئىچىدە
نارازى ئىدى، شۇڭا قاپىقىنى ئېچىپمۇ قويمىدى.

شوپۇر ئۆيدىن خوشلىشىپ چىققاندىمۇ، ماشىنىسىنى ئوت
ئالدۇرۇپ ماڭغان ۋە مەھەللىدىن ئۇزاقلاپ كەتكەن چاغدىمۇ:
«ئەجەب ئادىمىي، ئوڭلۇق ئايال ئىكەن، ئادەمگەرچىلىكىگە مەن-
مۇ ئادەمگەرچىلىكىمنى ئىپادىلىشىم كېرەك، — دەپ ئويلىدى
ئۇ — بىراق قىزىنىڭ قاپىقى ئېچىلمىدى، مىجەزى شۇنداقمۇ،
مېنىڭ كىرىپ قېلىشىمنى يات كۆردىمۇ ياكى دەردى بارمىدۇ ۋە
ياكى بىرىگە قېيىداپ يۈرەمدىكىن؟...»

※ ※

قەدىرىيەنىڭ قاپىقى ئېچىلمىغىنىغا ئون بەش - يىگىرمە
كۈنلەر بولۇپ قالدى. شۇنىڭغىچە سەبىھە ئىككىسى زامانىدىن
بىلەن نۇرزاتنى ئىزدىمىدى، ئۇلارمۇ بۇلارنى ئىزدىمىدى.

قەدىرلىك كىتابخان! سىز ئىككى قىزنىڭ يۈرۈۋاتقان يە-
گىتلىرىنى ئىزدەشكە ئامالسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، ئەمدى ئىزدى-
مەيدىغان يەرگە كەلگەنلىكىنى چۈشىنىسىز. ئەمما زامانىدىن
بىلەن نۇرزاتنىڭ ئون بەش - يىگىرمە كۈنگىچە قىزلارنى بىرەر

قېتىم ئىزدەپ كەلمىگەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھازىر قانداق روھىي
ھالەتتە يۈرۈۋاتقانلىقى، ئىككى قىزدىمۇ، سىزدىمۇ: « بۇنىڭدا
قانداق سىر باردۇ؟ بۇ نېمە ئالامەتتۇ؟ » دېگەن سوئاللارنى پەيدا
قىلغاندۇ؟ ئەلۋەتتە پەيدا قىلىدۇ. ئەمدى بىز ئاشۇ سوئاللارنى
يېشەيلى:

كىتابخانلارغا ئايانكى، لەھەلبۇۋى قەدىرىيەنى، گۈلزارىخان
سەبىھەنى كەلگۈسى تۇرمۇش مەسىلىسىدە باسقان قەدىمى، كىر-
گەن كوچىسىدىن ياندۇرغانىدى. ئىككى قىز بۇ ئىشلارنى يىگىت-
لىرىمىزگە قايسى تىلىمىز بىلەن ئىزھار قىلارمىز، دەپ ئازابلى-
نىپ يۈرگــەن چاغلىرىدا، غوجامــبەردى بىــلەن قەمــىردىن
ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ، بىرى، ئوغلى نۇرزاتنى، يەنە بىرى،
ئىنىسى زامانىدىننى باسقان قەدىمى، كىرگەن كوچىسىدىن ياند-
دۇرماقچى بولدى. ئۇلارمۇ كىشىلەردىن زامانىدىننى قەدىرىيە
بىلەن، نۇرزاتنى سەبىھە بىلەن يۈرۈۋېتىپتۇ، ئېلىشماقچى، تې-
گىشمەكچى ئىكەن، دەپ ئاڭلىغانىدى. غوجامبەردى نۇرزاتقا،
قەمىردىن زامانىدىنغا كىتابخانلارغا مەلۇم بولغان ھېلىقى ئىشلار-
نى سۆزلەپ چىقتى. سۆزلىگەندىمۇ ئۆزلىرىنى ئاقلاپ، ئۇلارنى
ئەيىبلىدى. غوجامبەردى نۇرزاتقا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دې-
دى: «گۈلزارىخان دېگەن بېشەم خوتۇن مېنى كۇنچىدىن -
كۇنچىگە سېلىپ، ئۆزۈمدە يوق ئەيىبلەرنى ئويدۇرۇپ چىقىپ،
جامائەت ئالدىدا ماڭا ئېغىر ئاھانەتلەرنى قىلدى. يۈزۈمنى تۆك-
تى، بىلىپ قوي، گۈلزارىخان بىلەن ھازىرغىچە سۆزلەشمەي-
مىز. بىرىمىز ئىت، بىرىمىز مۇشۇك بولۇپ ئۆتۈپ كېتىۋاتى-
مىز، ئېيتقىنا، ئىت بىلەن مۇشۇك قاچان ئەپ ئۆتكەن! »
قەمىردىنمۇ زامانىدىنغا سۆزىنىڭ ئاخىرىدا: «لەھەل دېگەن قارا
يۈز ماڭا: ‹خوتۇنىنى قويۇۋېتىپ، كەينىمگە كىرىۋالغان، نىيى-
تىنى بۇزۇپ ئۆيۈمگە باستۇرۇپ كىرگەن›، دەپ تۆھمەتلەرنى
قىلغان. ئۇنى كوچىلاردا كۆرۈپ قالسام، يۈزىگە تۈكۈرۈۋەتكۈم

كېلىدۇ. لېكىن ئۆزۈمنى بېسىپ ئۆتۈپ كېتىمەن، ئۇ رەسۋا خوتۇننىڭ قىزىنى ئالىمەن دېسەڭ، مېنىڭدىن كېچىپ كەت، ئاتا - ئانىمىزدىن يېتىم قالدۇق، سەن كىچىك قالغان، سېنى نۇرغۇن جاپالار تارتىپ باقتىم، پۈتۈنرەك ئادەم بولسۇن دەپ ئوقۇتتۇم، چوڭ قىلدىم، ئەمدى سۆزۈمنى ئالامسەن، ئالمامسەن، ئوبدانراق ئويلاپ باق» ، — دېدى.

زاماندىنمۇ، نۇرزاتمۇ ھېچ ئويلىمىغان يەردىن چىققان بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ، ئۆيدە بولسا تېڭىرقاپ، كوچىلارغا چىقسا بېشى تۆرەپ قالغان ئادەمدەك يۈردى، ئۇياققا قارىسا مۇھەببىتى، بۇياققا قارىسا ئاتىسى، ئاتا يوللۇق ئاكىسى، قاياققا قاراشنى، قايسىنى توغرا تېپىشنى بىلەلمەي قاتتىق قىينالدى، رەڭگىرويىدىن خارابلىشىۋاتقانلىقى بىلىنىشكە باشلىدى.

ئىككىسى قىزلاردىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ، يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئۇلارغا قانداق ئىزھار قىلىشنى بىلەلمەي يوشۇرۇنۇپ دېگۈدەك يۈرۈشتى. بىراق ئاخىرغىچە يوشۇرۇنۇپ يۈرەلمەيتتى. ھايات دېگەن ئۆلچەملىك، ئويلىغاندەك، كۈتكەندەك، ئېرىقتا باشلاپ كېلىپ قايسى چۆنەكنى ئېچىپ قويسا شۇنىڭغا كىرىدىغان سۇدەك ئاقمايدىكەن، ئۇنىڭ ئۆلچەمسىزلىكىنى، ئويلىغاندىن سىرت بولىدىغانلىقىنى، دەردۇبالاسىنى، ھەسرەت - ئازابىنى ھەركىم بېشىغا كەلگەندە بىلىدىكەن، شۇنىڭغىچە قانداق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلالمايدىكەن... بۇ ھايات، بۇ تۇرمۇش كىمنى رازى قىلغاندۇ؟ غوجامبەردى، قەمبەردىنلەرنى رازى قىلالمىغان، لەھەلبۇۋى، گۈلزارىخانلارنى قاڭغىر قاقشاتقان، مانا ھازىر قەدىرىيە، سەبىھە، زاماندىن، نۇرزاتلارنى ھەسرەت، ئەلەم، ئازاب، جۇدالىق دېڭىزىغا ئىتتىرىۋاتىدۇ، ئۇلارنى قۇتۇلدۇرۇشقا كىمنىڭ چامى كېلىدۇ؟!

زاماندىن بىلەن نۇرزات بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتنى قانداق ئۆتكۈزۈش، قەدىرىيە، سەبىھەلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىنى

قانداق قىلىشنى مۇنداق ئويلاشتى: قەدىرىيە بىلەن سەبىھەنىڭ ئاپىلىرى ئۆز ۋاقتىدا ئەسكىلىك قىلغان بولسا، ئۇ ئۇلارنىڭ ئىشى، ئۇنىڭ جازاسىنى قىزلىرى تارتماسلىقى كېرەك. ئىككىسىنىڭ دادىسى، ئاكىسى بۇ ئىشقا قوشۇلمىغانىكەن، بۇمۇ ئۇلارنىڭ ئۆز ئىشى. ئۇنى دەپ بالىلىرى ئۆز مۇھەببەتلىرىنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىكى كېرەك. ئىككى قىز رازى بولسا، بۇ يەردىن قېچىپ كېتىش — باشقا يەردە ئۆمۈرلۈك بولۇپ ياشاش.

زاماندىن بىلەن نۇرزات مۇشۇ ئويغا كېلىپ، بۇ ئويلىرىنى قەدىرىيە بىلەن سەبىھەگە ئېيتىشقا جۈرئەت قىلالماي، ئۇلارنى ئىزدىيەلمەي يۈرگەندە، قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئۇلارنى ئىزدەپ تاپتى ۋە ئەتە — يەكشەنبە كۈنى مەكتەپ ئىشخانىسىدا كۆرۈشمەكچى، پاراڭلاشماقچى بولۇشتى. ئىككى قىز زاماندىن بىلەن نۇرزاتنىڭ چىرايىنىڭ ئۆمسەلىكى، روھىي ھالىتىنىڭ چۈشكۈنلۈكىگە قاراپ: «ئاپىلىرىمىز بۇلارغا: ‹قىزلىرىمىزدىن ئۆزۈڭلارنى تارتىپ يۈرۈڭلار، ئاۋارە بولۇپ بۇلارغا ئۈمىد باغلىماڭلار›، دېگەن بولسا كېرەك» دەپ ئويلاشتى. زاماندىن بىلەن نۇرزاتمۇ قىزلارنىڭ چىرايىدىن ئالايىتەنلا بىلىنىپ تۇرغان روھسىزلىق، مەيۈسلۈك ئالامەتلىرىگە قاراپ، «دادىلىرىمىزدىن بىز ئاڭلىغان گەپلەرنى بۇلارمۇ ئاڭلىغان بولسا كېرەك، شۇڭا ئوڭايسىزلىنىپ تۇرىدۇ» دېگەن پەرەزلەردە بولۇشتى.

تەقدىر - قىسمەت ھەرقاچان ئۆزىنىڭ رەھىمسىزلىكى بىلەن كىشىلەرنى ئازابلايدۇ ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدە ئۆچمەس داغ قالدۇرىدۇ. زاماندىن بىلەن نۇرزاتنىڭ نۇرغۇن سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، چوڭقۇر ئازاب، غەم بىلەن سولتىيىپ ئولتۇرغان قەدىرىيە بىلەن سەبىھە ئاخىر ئۇلارنىڭ سوئاللىرىغا جاۋاب بەردى. ئاپىلىرىدىن ئاڭلىغانلىرىنى تەلتۆكۈس سۆزلەپ چىقتى. زاماندىن، نۇرزاتمۇ ھاڭ - تاڭ بولۇشۇپ، ئۇلارنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قېلىشتى. ئىككى قىزنىڭ گەپلىرىدىن ئاپىلىرىنىڭ تەرد-

چىنى ئېلىۋاتقانلىقى، ئۇلارغا ئىچ ئاغرىتىۋاتقانلىقى ۋە ئاپىلىرد-
ىنىڭ دەردىگە يەتمەسلىكىنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكى ئېنىق سېزد-
ىلىپ تۇراتتى. شۇ ھالدا زاماندىن ئاكىسىدىن، نۇرزات دادىسىد-
ىن ئاڭلىغانلىرىنى بايان قىلىشنىڭ ئەمدى ھاجەتسىزلىكىنى،
ئەگەر ئىككى قىز رازى بولسا، بۇ يەردىن يىراقلارغا كەتسەك
دەيدىغان ئويلىرىنىڭمۇ ئورۇنسىز ئىكەنلىكىنى قىياس قىلىش
بىلەن بىللە گويا ئۆزلىرىنى چىققىلى بولمايدىغان ھاڭغا چۈشۈپ
كەتكەندەك ھېس قىلدى.

تۆتى خېلى بىر ۋاقىتلارغىچە جىمىپ ئولتۇرۇپ كېتىشتى.
سەبىھەنىڭ چاڭىلداق ئۈنلىرىمۇ، قەدىرىيەنىڭ تەمكىن، مەنىلىك
گەپلىرىمۇ، نۇرزاتنىڭ تارتىنىۋاتقانلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان
سۆزلىرىمۇ، زاماندىننىڭ يۇمۇرلۇق، خۇشخۇي ئاۋازلىرىمۇ ئۆ-
چۈپ كەتكەنىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرغاندا نېمە دېيىش،
قانداق گەپلەرنى قىلىش مۇمكىن؟… ئادەم ئازابلىنىپ غەمكىند-
ىلەشكەندە، ئۈمىدلىرى كېسىلىپ، ئارمانلىرى يوققا چىقىۋاتقاند-
ىدا، كەلگۈسى توغرىسىدىكى گۈزەل خىياللىرى بەربات بولۇۋاتقاند-
ىدا، مانا مۇشۇنداق دېمى ئىچىگە چۈشۈپ، ئۈنى ئۆچۈپ كەتسە
كېرەك. شۇ تۇرقىدا ئۇلارغا ھەممە نەرسە ھەتتا ياشاشمۇ كۆڭۈل-
سىز تۇيۇلماقتا ئىدى. سىرتتىن قارىغاندا كىشى ئۇلار بىر -
بىرىگە قاراپ تىكىلىپ ئولتۇرۇپتۇ، دەپ قېلىشى مۇمكىن،
ياق، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىگە كۆرۈنۈپ تۇرغىنى بىر - بىرىنىڭ
چىرايلىرى ئەمەس، بىرىنىڭ كۆزى ئىسلاشقان تامغا، يەنە بىرد-
ىنىڭ قومۇشلىرى ساڭگىلاپ تۇرغان تورۇسقا تىكىلگەن بولسا،
ئۈچىنچىسىنىڭ قەغەز چاپلانغان دېرىزىگە، تۆتىنچىسىنىڭ مىخقا
ئېسىپ قويۇلغان ئۈچ بۇرجەك گەزگە قادالغانىدى.

— مۇنداق بولۇشىنى بىلگەن بولساق، شەھەردە ياكى ناھد-
ىيىنىڭ ئۆزىدە قالار ئىدۇق، — دېدى قەدىرىيە ئۆز - ئۆزىگە
سۆزلىگەندەك ئاستا شىۋىرلاپ، — بىز باللارغا ئىچ ئاغرىتقان،

ئەمدى بىزگە ئىچ ئاغرىتىدىغان كىم بار…

— شۇنداق، — دېدى سەبىھەمۇ بېشىنى لىڭشىتىپ مەيۇس ئاۋازدا، — بۇ ئىشلارنىڭ يۈرەكتە ساقايماس يارىلارنى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى پەقەت بېشىغا كەلگەن ئادەملەرلا ھېس قىلالىشى مۇمكىن.

ئورنىدىن ئاستا تۇرغان زاماندىنىڭ ئاۋازى ھەممىسىنىڭكىدىن چىڭ، تىترەڭگۇ، ئازابلىق ئاڭلاندى:

— گۈللەر پورەكلەپ ئەمدى ئېچىلاي دېگەندە، تۇيۇقسىز جۇدۇن كېلىپ، ئۇنى ئۇرۇپ كەتكەندەك، بۇ ئىشلار — جۇدالىق ۋەھىمىسى ئەمدىلا ئېچىلاي دېگەن ھايات گۈلىمىزنى قايرىۋاتىدۇ، سۇندۇرۇۋاتىدۇ، كونا ئاداۋەتلەر ساپ، سەمىمىي مۇھەببىتىمىزنى نابۇت قىلىۋاتىدۇ، بۇنى كىم ئويلىغان، خىيالىغا كەلتۈرگەن؟… بۇنىڭغا چىداش، بۇ ئىلاجسىزلىقنىڭ دەردىنى تارتىش ئاسانمۇ؟

ئىككى قىز ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان كۆز ياشلىرىنى توختىتىۋالالماي ئۈنسىز يىغلاۋاتاتتى. زاماندىن بىلەن نۇرزاتمۇ كۆز چاناقلىرىغا ئېتىلىپ چىقاي دەپ قالغان ياشلىرىنى ناھايىتى تەسلىكتە كەينىگە ياندۇرۇۋاتاتتى.

نۇرزات تېخىچە تورۇسقا قارىغىنىچە تۇراتتى. زاماندىن بۆلۈم ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭماقتا ئىدى.

— بۇنىڭدىن كېيىن مۇناسىۋەتلىرىمىز قانداق بولىدۇ؟ ئاڭلىق ھالدا كېلىشىۋالايلى، «تاز بولساڭ، كەيمە تاز بول» دەپتىكەن، — دېدى زاماندىن چىرايىغا كۈلكە يۈگۈرتۈپ، — ئاتا - ئانىلىرىمىزنى رازى قىلماقچى بولۇۋاتقىنىمىزدا ئۇلار ئەمدىكى مۇناسىۋەتلىرىمىزدىن گۇمانلىنىپ قالماسلىقى كېرەكقۇ دەيمەن؟

بۇ سوئال مۇڭلىنىپ، مەيۇسلىنىپ ئولتۇرغانلارنى تالاش - تارتىشقا سېلىپ قويدى:

— ياق، بىر - بىرىمىزنى كۆرگەندە سالاملاشماي، گەپمۇ

قىلماي ئۆتۈپ كېتىدىغان بىز بۇت ئەمەس.

— ئەمدى گەپلەشكەنىنىڭ پايدىسى يوق.

— بىر - بىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىشىمىز كې-رەك.

— گەپلەشمىسەك دەرد ئۈستىگە دەرد بولىدۇ.

— گەپلەشسەك دەرد ئۈستىگە دەرد بولىدۇ.

— ياق، گەپلەشمەسلىككە مەن چىدىمايمەن، — دېدى سەبى-هە نۇرزاتقا قاراپ، — سىز كوچىلاردا مېنى كۆرۈپ قالسىڭىز گەپ - سۆز قىلماي، قارىماي ئۆتۈپ كېتەمسىز؟

— سىز نېمە دېسىڭىز، مەن شۇ.

— بۇرۇن بىزنى شەھەردىكى دوستلىرىمىز تويلارغا، ھەر خىل سورۇنلارغا جۈپ - جۈپىمىز بىلەن چاقىراتتى، — دېدى قەدىرىيە، — يەنە شۇنداق باغاقلار چىقسا قانداق قىلىمىز؟

— بىللە كىرىمىز.

— كىرمەيمىز.

— ئېغىزىمىزدا، كۆرۈنۈشىمىزدە يۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ كى-رىمىز، دىلىمىزدا ئايرىلىپ كەتكەندەك يۇرىمىز.

— بۇنداق قىلمايلى، ئۆزىمىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئالداپ يۇرمەيلى، بۇ ئىش بەرىبىر ئۇقۇلىدۇ.

ئۇلار بۇنىڭدىن كېيىنكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قايسى تەقلىدتە بولىدىغانلىقى توغرىسىدا بىرلىككە كېلەلمىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىر - بىرىدىن ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ھېس قىلىشىپ تارقى-لىشتى.

## 32

— نېمانداق بويىنىغا تاش ئېسىپ قويغان ئادەمدەك بېشىڭىز-نى يەردىن كۆتۈرمەي يۇرىسىز؟ مەيدىڭىزنى كېرىپ، بېشىڭىزنى كۆتۈرۈپ يۇرۇڭ. ئەتراپىڭىزغا بېقىڭ، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى

كۆرۈڭ، ياشاشنىڭ لەززىتىنى تېتىسىڭىز، دۇنيانىڭ گۈزەللى-
كىنى بىلسىڭىز يۈزىڭىزدە تەبەسسۇم چاقنايدۇ، كۆزلىرىڭىز
كۈلىدۇ. بەدەنلىرىڭىز يايرايدۇ... سىز تېخى ياش، مۇنۇ سۆرەل-
مە، كېلەڭسىز كىيىملىرىڭىزنى تاشلاڭ، چاققان، تېتىك بو-
لۇڭ، نازاكەت، گۈزەللىك، ئىللىقلىق بەستىڭىزدىن تېمىپ
تۇرسۇن، مىڭ يىل ياشايدىغاندەك يۈرىدىكەنسىز، ياش ئادەممۇ
شۇنداق بولامدۇ؟

— نەدىكى ياش، ياشلىقلار نەلەردە قالدى، قىز تالالىق
قىلغۇدەك بولدۇق.

— ئەمىسە قېرىپ كەتتىڭىزمۇ؟ ياش تۇرۇپ ئۆزىنى قېرىغا
چىقىرىۋېلىپ كۈن ئۆتكۈزگەنلىك — ئۆمۈرنى قەدىرلىمىگەن-
لىك. قايسى كۈنى شەھەرگە كىرسەم، سىزدەك ئاياللار بەزىلە-
رى سىزدىنمۇ چوڭ، ئۇچىسىدا توقۇلما چاپان، قارا - كۆك
سارجىدىن تار يوپكا، بېشىدا چىرايلىق گەرس ياغلىق، ئايىغىدا
مېخۋاي دەيدىغان ئىسكەتلىك بەتىنكە، ياش قىزلاردەك دىكىلدەپ
يۈرىدۇ. قاراڭا ئۇلارنى، ئۆمرىنىڭ قەدرىنى قىلىۋاتقىنىنى
...بوي بەرمەڭ، تەن ئالماي ياشاڭ.

— ئەتراپىمغا قارىمسام بولامدۇ؟

— سىز كىم؟ ئەتراپىڭىزدىكىلەر كىم؟ ئۆزىڭىزنى ئۆيدىكى
نادان خوتۇنلارغا سېلىشتۇرماڭ، ئادەم دېگەن ئۆزىنى ئۆزىدىن
ئىلگىرى كەتكەنلەرگە سېلىشتۇرۇپ ياشاش كېرەك. ئەتراپىڭىز-
دىكىلەرگە ھەرگىز ئوخشاشمايسىز، سىز دېگەن مۇئەللىم، بالى-
لارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سالغۇچى، قارا دىللارنى ئاقارتقۇچى.

بۇ ئايسىخان موماي بىلەن لەھەلبۇۋى ئوتتۇرىسىدا بولۇۋات-
قان گەپلەر. گەپنىڭ كۆپىنى كاڭدا ئولتۇرۇپ يىگنە ئىشى
قىلغاچ ئايسىخان موماي قىلىۋاتىدۇ، ئۇچىسىدا پاختىلىق كالتە
چىبەرقۇت چاپان، بېشىغا ئىككى يېرى تېشىلگەن كونا پوكۇۋاي
ياغلىق ئارتىپ كىرىپ، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ياغلىقىنى

بويىنغا چۈشۈرۈپ قويغان لەھەلبۈۋى ئۇنىڭ يېنىدا گېپىنى تىڭ-
شاپ ئولتۇرىدۇ.

ئايسىخان موماي لەھەلبۈۋىنىڭ ئۇزۇن يىللىق قەدىناس قوشنىسى. كۆڭلى تارتقان، بىر - بىرىنى چۈشەنگەن ئادەملەر ياش قۇرامىغا قارىماي قەدىناس، سىرداشلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. لەھەلبۈۋىنى ئەڭ ياخشى، تولۇق چۈشىنىدىغان بىردىنبىر ئادەم مۇشۇ موماي. ئۇ لەھەلبۈۋىنىڭ ئۆمۈر تارىخى، بەختسىز ئائىلە تارىخىنى بىلىپلا قالماي، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى، كەچۈرمىش-لىرى، ئازابلىق روھىي ھالىتى، تارتقان دەرد - ئەلەملىرى، تۇرمۇش چۈشەنچىلىرى ۋە ئەخلاق - پەزىلەتلىرىنى ئەلتۆكۈس بىلىدۇ. ئۇ لەھەلبۈۋىنىڭ ئۆز ئانىسىدەك، ئانا ئۆز بالىسىغا قانداق كۆيۈنسە، ئۇمۇ لەھەلبۈۋىگە شۇنداق كۆيۈنىدۇ. تەمتىرەپ ئويدا قالغاندا، گاڭگىراپ بېشى قايغاندا يول كۆرسىتىدۇ، بېشى-نى سىلايدۇ، مۇڭشىغا مۇڭداش، دەردىگە دەرداش بولىدۇ.

لەھەلبۈۋىنىڭ غەمسىز، خۇشخۇي يۈرۈشى — ئايسىخان مومىنىڭ خۇشاللىقى ئىدى. ئۇنى ھەرقاچان تېتىك، روھلۇق بولۇشقا، ياسىنىپ چىرايلىق يۈرۈشكە دالالەت قىلىپ تۇراتتى. «شۇنداق يۈرسە كۆڭلى كۆتۈرۈلىدۇ، غەمدىن قۇتۇلىدۇ ئەمەس-مۇ» دەپ قارايتتى. «بىچارە بالا ئاتا - ئانىسىدىن كېچىپ، بىر ۋاپاسىز ئەسكىنىڭ كەينىگە كىرىپ بۇ يەرلەرگە چىقىپ ئاز جاپا تارتتىمۇ، كۆپ چاغلاردا مىسكىن، مەيۈس يۈرىدۇ، — دەپ ئويلايتتى موماي ئۇنىڭ تەقدىر - قىسمىتىگە ئىچىنىپ، — ياتلىق بولۇپ كەتسە ياخشى بولاتتى. ‹قىزىلگۈلسەن، بەرگىڭ يوق، خوپ گۈزەلسەن، يارىڭ يوق. ئۆتۈپ بارىدۇ ئۆمرۈڭ، بىلمەيسەن خەبەرىڭ يوق› دېگەن ناخشىلارنىڭ تېگىگە يەتمەمدى-غاندۇ؟... تۇرمۇشتىن كۆڭلى قالغان - دە... لېكىن ھەمىشە شۇنداق بولۇۋەرمەيدۇ».

— مەن سىزگە كۆپ دېدىم، لەھەلبۈۋى، ياتلىق بولىس-

ڭىز، جۇپتىڭىز بىلەن ئۆتسىڭىز ياخشى ئەمەسمىدى؟ چىقمىدى
ئەمەس، نۇرغۇن ئوبدان لايىقلار چىقتى، نېمىگە تارتىنىشىۋاتىسىز-
كىنتاڭ، ھېچ بىلەلمىدىم، — ئايىسخان موماي ئىشىنى توختى-
تىپ، كۆيۈنۈش نەزىرىدە ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى.

لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قاراپ:

— كۆڭلۈم تارتمىسا، قانداق قىلىمەن؟ — دېدى.

— ھەي لەھەلبۇۋى، ئەقىللىق قىزىم، سىز ھازىرقى ھالى-
تىڭىزنىڭ قانداقلىقىنى سەزمەمسىز!؟

— بىر ياخشى كېتىپ بارىمەنغۇ.

— مەن ئېيتىپ بېرەي: قىزىلگۈلسىز، بەرگىڭىز يوق،
خوپ گۈزەلسىز، يارىڭىز يوق.

لەھەلبۇۋى كۈلۈپ كەتتى.

— كىشىلەر نېمىشقا «يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ، مىڭ ياشى-
سام بىر كۈنچە يوق» دەپ ناخشا ئېيتىدۇ؟

— ئۇلار ھايات يولىنىڭ ئوي - چوڭقۇرىنى بىلمىگەنلەر،
مۇھەببەت ئازابىنى تارتمىغانلار.

— شۇنداق بولسىمۇ، يالغۇز - يېگانە يۈز كۈن ياشىغاندىن،
جۇپتى بىلەن بىر كۈن ياشىماق ئەۋزەل دەۋاتامدۇ؟ ھازىر كۈلۈ-
ۋاتىسىز، قەدىرىيەنى ياتلىق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، قاتتىق پۇ-
شايماندا قالىسىز...

«مۇۋاپىق بىرىگە تېگىۋالسا، ياخشى بولاتتى، — دەپ دائىم
ئۇنىڭ غېمىنى قىلاتتى موماي، — ئەرسىز تۇرمۇش — قاناتسىز
قۇشتەك ئازابلىق تۇرمۇش... نومۇس قىلامدىكىن، ئاغزىدا دېمەي-
دۇ، ئەمما ئىچىدە بىلىدۇ، ئازابلىنىدۇ، تارتىنىۋاتقان يوشۇرۇن
ئازابى چىرايىدىن بىلىنىپ تۇرامدۇ، (ئېيىق بولسىمۇ ئېرىڭ
بولسۇن)، دېگەنلەر بىكار ئېيتمىغان... قىز بالىنىڭ ئەردىن تەلى-
يى كەلمىسە بىكار، تۇگىمەس غەمگە قالىدۇ، يۈز - كۆزىدىن
پەرىشانلىق كەتمەيدۇ. سولغان گۈلدەك پولىشىدۇ، خىيالچان

بولۇپ قالىدۇ. بىلىمەن، خىيال يامان، ئۆمۈرنى يەيدۇ، ئۇنىڭ ئاچچىق - چۈچۈك تاماقلارغا ئامراقلىقى ئىچكى ئازابلىرىنى بېسىش ئۈچۈن، قاناتسىز قۇش پەرۋاز قىلالامدۇ، ئۇ هامان بىچارە...»

— مەن ئېرىمدىن قىرىق يېشىمدا تۇل قالغان، — دېدى ئايسىخان موماي قولىدىكى يىڭنە ئىشلىرىنى نېرىراق سۈرۈپ قويۇپ، گەپكە كىرىشىپ، — شۇ چاغدا نەچچە لايىقلار چىقتى، ئۇنىمىدىم. بالىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولارمىكىن دېدىم. ئۆز قېرىندىشىمدەك بولۇپ قالدىڭىز، راست گەپنى قىلاي: ئەر بىلەن بىللە بولۇش روھى تېخى ئۆلمىگەن مەزگىلدە تۇل قالسىڭىز، ئۇنىڭمۇ ئازابى بولىدىكەن، تىت - تىت بولىدىكەنسىز، تەشنالىقىڭىز قىينايدىكەن... «سەت»، «ئۇيات» دەپ ئۆزۈمنى تەسلىكتە بېسىپ يۈردۈم. ئاڭلىغان بىر گەپنى قىلىپ بېرەي: «بىر بالا ساۋاب ئالىمەن، دەپ ئاپىسىنى هاپاش قىلىپ هەرەمگە ئاپىرىپتۇ. ئۇ يەردىكىلەر: «ئاپاڭنى نېمىشقا ئەكەلدىڭ؟» دەپ سوراپتىكەن، بالا: «ساۋاب ئېلىش ئۈچۈن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئۇلار: «ساۋاب ئالىمەن دېسەڭ، ئاپاڭنى ئەرگە بېرىۋەتسەڭ بوپتىكەن» دېسە، ئاپىسى: «بۇ هارىملار ساۋابنى بىلەمدۇ» دېگەنىكەن. كىشىلەر بۇ گەپنى كۈلكە قىلىش ئۈچۈن دېگەندۇ، دەپ ئويلايتتىم. ياق، بۇ تېگى بار گەپ ئىكەن. ئۇنىڭ مەنىسىنى ئۆزۈم تۇل قالغان چاغدا چۈشەندىم. خەيرىيەت، قىزلارنى كەينى - كەينىدىن تالالىق قىلدىم، ئوغۇل ئۆيلىدىم.

— ئۇ چاغدا ئەرگە تەگكەن بولسىلا بالىلار ئېغىر ئېلىپ كېتەر ئىدى، — دېدى لەھەلبۇۋى سۆز قىستۇرۇپ.

— ۋا - هاي، نېمە دەيدىغانسىز، هەممىسىنىڭ كۆنى، ئۆيى، قارنى ئۆزى بىلەن ئىكەن. ئېغىر ئېلىپ كېتىدىغان بالىلار سىزنى كۆڭۈلدىكىدەك ئەمەس، ئادەتتىكىدەكمۇ باقالمايدىكەن. ئوغلۇمنىڭ ئۆيىدە تۇرۇپ باقتىم، كېلىنىم بىرەر ئاي-

غىنچە «ۋاي ئاپا» دەپ تۇردى. بارا - بارا ئىشقا بۇيرۇيدىغان بولدى. نانلارغا ئىشەنچلىك قول ئۇزىتالمايدىغان بولۇپ قالدىم. ئاڭلىتىپ تۇرۇپ: «قىزلىرىنىڭ ئۆيىدىمۇ تۇرسا بولىدۇ» دەپ غودۇڭشىدى. قىزلىرىمنىڭ ئۆيىدىمۇ تۇرۇپ باقتىم. كۇيئوغۇلنىڭ ئالدىدا ئادەم قورۇنۇپ قالىدىكەن. ئۆز قىزىڭىز بولسىمۇ كۆڭۈل تارتقان تاماقنى ئېتىپ يېيەلمەيدىكەنسىز، ئادەم كۆزدنىڭ ئىچىگە، چىشىنىڭ ئېقىغا قارايدىغان بولۇپ قالىدىكەن، ئىشلىرىغا قاراشمىسىڭىز، «قاراشمىدىڭ، ساپساق تۇرۇپ يېتىۋالدىڭ» دېگەن. قاراشسىڭىز، ئىشىڭىزدىن ئېۋەن تېپىپ سىلكىشلەشتۇرۇپ تۇرغان. نېمىسىنى دەيسىز، قىزلىرىمنىڭ ئالدىدىمۇ ئىشەنچلىك تۇرالمىدىم، خارلىنىپ قالدىم. «ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى، پۇت - قولۇمنىڭ بوشلۇقى» دېگەنلەر توغرا دەپتىكەن، تېپىپ دەپتىكەن. ئاخىر ئۆز كەپەمگە يېنىپ كەلدىم، مانا بالىلارنىڭ ئالدىدىكى كۈنلىرىم. «بىر ئاتا ئون بالىنى باقالايدۇ، ئون بالا بىر ئاتىنى باقالمايدۇ» دېگەن ماقالىلەر بىكار چىقماپتىكەن دەڭا... شۇ چاغدا كۆزۈمنى يۇمۇپلا بىر ئەرگە تېگىپ، شۇنىڭ پېشىنى تۇتقان بولسام، ئۇ تارتقۇلۇقلارنىمۇ تارتماس، ئۇلارنىڭ ئالدىدىمۇ خارلانماس ئىدىم. بىر چاغلاردا مەن تۇردىخان ئاتلىق مومايغا: «تىكەندەك يالغۇزلۇقلىرىدا ئاران مىدىرلاپ يۈرۈپ سىلىگە نېمە جاپا، ئوغۇل - قىزلارنىڭ ئالدىدا مېهمان بولۇپ يۈرسىلە بولمامدۇ» دېسەم، «بېشىڭىزغا كەلگەندە بىلىسىز»، دېۋىدى، راست، ئۆز بېشىمغا كەلگەندە بىلدىم. مانا كۆرۈپ تۇرۇپسىز، بالىلىرىم ھەپتىدە، ئايدا تۆت سەر - يېرىم جىڭ گۆش، ئىككى توقاچنى قولتۇقىغا قىسىپ يوقلىسا يوقلايدۇ. بولمىسا يوق. ھېلىمۇ ياخشى دادىسى رەھمەتلىك كىچىك بولسىمۇ باغ قىلىپ قويۇپتىكەن، شۇنىڭ مېۋىسى بىلەن، ئانچە - مۇنچە كۆكتات تېرىپ كېتىپ بارىمەن. «سەت بولامدىكىن، ئۇياتمىكىن» دېگەن ئويلىرىمنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارت-

تىم.

مومايىنىڭ سۆزلىرى لەھەلبۇۋىگە خېلىلا چوڭقۇر تەسىر
قىلدى. ئۇ سۆزلەۋاتقان چاغدا، لەھەلبۇۋىنىڭ ئابدۇسالامدىن
ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى ئىشلار — كىچىككىنە قىزىنى
قۇچاقلاپ يالغۇز قالغان مەزگىللىرىدە، تۇللۇقىدىن سۆز ـ چۆ-
چەككە قېلىشلىرى، ئاش بەرگەنگە مۇشت بەرگەندەك قەمىردىنى-
نىڭ قىلغان تۆھمەتلىرى، تالاغا چىقسا ئەر بولۇپ، ئۆيگە كىرسە
ئايال بولۇپ ئۆتكۈزگەن ئېغىر كۈنلىرى، ئىگە ـ چاقىسىز
تەنھالىقتا ئۆتكەن كۈنلەر، ئايلار، يىللار كۆز ئالدىدىن بىر ـ
بىرلەپ ئۆتتى. غۇيۇلداپ ئۆتكەن ئېغىر يىللار ئۇنىڭ گۈزەللى-
كىنى ئېلىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، چاققان ـ تېتىكلىكىنى، گۈ-
زەللىكىنى سۆيۈش ھېسسىياتىنى، ئىشق ـ ھەۋەس، سۆيگۈ
تۇيغۇلىرىنى ئەكەتكەنىدى. مۇنۇ مومايىنىڭ سۆزلىرى ئۇنىڭ ئە-
كىتىلگەن ئاشۇ تۇيغۇلىرىنى ياندۇرۇپ كېلىۋاتىدۇ، تۇنجۇقۇپ
كەتكەن ھېسلىرىنى ئويغىتىۋاتىدۇ... ئۇ بىرقىسما بولۇپ قالدى،
قوللىرى سۇس تىترەشكە باشلىدى.

— سىزغۇ ماڭا ئوخشاشمايسىز، — دېدى ئايىسخان موماي
ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلىگەندەك بوش ئاۋازدا، — مائاش ئالىسىز،
باشقىلارغا موھتاجلىقىڭىز چۈشمەيدۇ. بىراق، مۇشۇ يېشىڭىزدا
سىزگە تېخى ئەر كېرەك، ئەر ـ ئاياللىق تۇرمۇشقا قانمى-
دىڭىز...

— شۇنداقتىمۇ ھازىر بولمايدۇ.

— نېمىشقا؟

— قەدىرىيەنىڭ كىچىك ۋاقىتلىرى بولسىغۇ بىرنۆرى، ھا-
زىر ئۇ رەسىدە بولغاندا سەت بولار.

— مەن ئېيتتىمغۇ، بالىلارنىڭ ئالدىدا سەت بولارمىكىن،
دەپ يەتكۈچە دەرد تارتتىم دەپ...

— قەدىرىيەنى تالالىق قىلىۋەتكەندىن كېيىن، ئويلاپ باقسام

ئويلاپ باقاي بولمىسا.
— بولمىسا، قەدىرىيە قانداق قىلىدۇ دەيسىز ـ دە؟
— ئىزا ـ نومۇسنى قايرىپ قويۇپ ياتلىق بولغان تەقدىردە، قەدىرىيە قىز بېشى بىلەن يالغۇز قورۇدا قانداق قىلىدۇ؟ ئاپام ياشلىقىدا ئالدىرىماي، ئەمدى نېمانچە ئالدىراپ كەتكەندۇ، دەپ قالار؟
— بۇ ئويىڭىزمۇ توغرا، ئاۋۋال قەدىرىيەنى ياتلىق قىلىۋې. لىمىز.
ئىككىسى گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپ، مەشكە كۆمۈر سېلىش ئايسىخان مومايىنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۆي ئىچى مۇزلاپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئايسىخان مەشنىڭ كۈللىرىنى ئې. لىپ، كەسلەنگەن ئوتۇن سالدى. قۇرۇق ئوتۇن بىردەمدىلا ئوت ئېلىپ، گۇرۇلدەپ يېنىپ كەتتى.
— مەن چىقاي، — دېدى لەھەلبۇۋى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ، — تازىمۇ ئولتۇرۇپ كەتتىم.
— نەگە چىقىسىز، ئىككى تالدىن لەڭمەن ئېتەي، يەپ چىقىڭ؟
— قەدىرىيە كەلگۈچە تاماق ئېتىپ تۇراي، ھېلى كەلسە، كالپۇكلىرى يەر سۈپۈرۈپ كەتمىسۇن.
ئۇ ھويلىغا چىقىپلا ھاۋانىڭ بىرئاز ئىللىپ قالغانلىقىنى سەزدى. ئۆيگە كىرىپ، ئۇچىسىدىن چاپىنىنى، بېشىدىن ياغلى. قىنى ئېلىپ، قوزۇققا ئىلدى ـ دە، ئاۋۋال مەشكە كۆمۈر سېلىۋېتىپ، ئاندىن تاماققا تۇتۇش قىلدى. كىچىك تەڭنىگە ئۇن بېسىپ چىقىپ، تۇرۇپلا خېمىر يۇغۇرۇشتىن يالتىيىپ قالدى، تاماق ئېتىش خۇشياقمىدى ئېھتىمالىم، چاي ئىچىپ تۇرايلى، تاماقنى كەچتە ئېتەرمىز، دەپ ئويلىدى ـ دە، ئالىيۇمىن كورىغا سۇ قۇيۇپ مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى.
ئوت گۇرۇلدەپ يېنىشقا، مۇزلاپ كەتكەن ئۆي ئىسسىشقا

باشلىدى. لەھەلبۇۋى مەشىنىڭ يېنىدا پۇتىنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ خىيالغا كەتتى: «قەدىرىيەنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتتىم، ھەر ھالدا گېپىمنى ئاڭلىدى. ئاڭلىمىسا قانداق قىلغىلى بولاتتى... ئۇنىڭغىمۇ ئېغىر، مېنى دەپ، ھازىرغىچە ئۇنتۇيالمايۋاتقان ئازابلىرىمنىڭ تېگىگە يېتىپ، سۆيگەن ئادىمىدىن ئايرىلدى. ئەقىللىق قىز، ئاپىسىنىڭ دەردىگە يەتكەن قىز... مۇۋاپىق، ئۆزىدەك ئوقۇغان، ئەقىللىق بىرەرى چىقسا، تالالىق قىلىۋەتسەم ئارمىنىم قالمايتتى. شۇ چاغدا ئۆزۈمنى ئويلاپ باقارمەن، ھازىر ماڭا نېمە ئالدىراش...»

كورا قايناپ، مەش ئۇستىگە چۈشكەن تامچىلار پاژىلداپ چاچراشقا باشلىغاندىلا، ئۇ خىيالدىن بېشىنى كۆتۈردى. كورىغا سۇ ياندۇرۇۋېتىپ، جايىغا كېلىپ ئولتۇردى. چۈش بولۇپ قالغانىدى، قەدىرىيە تېخىچە كەلمەيۋاتاتتى. بەزى كۈنلىرى چۈشتە ياش مۇئەللىملەر بىر - بىرىنىڭ ئۆيلىرىگە كېتىشىپ، تاماقلىنىپ كېلىدىغان، بىرەرىنىڭ ئۆيىگە كەتتىمىكىن. لەھەلبۇۋى سەل قارىغاندىن كېيىن، شىرەنى قويۇپ داستىخان سېلىپ، نېرىقى ئۆيدىن يوغان ئاق ناندىن ئىككىنى ئاچىقتى - دە، قايماقلىق ئەتكەنچاي ئېتىشكە ئولتۇردى.

ئۇ چاي ئېتىۋاتقان چاغدا، ئىشىك ئالدىغا گۈرۈلدەپ كەلگەن ماشىنا توختىدى - دە، ھايال بولماي، ئۆيگە رۇخسەت بىلەن قايسى كۈنكى شوپۇر كىرىپ كەلدى:

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم!

— ۋۇي... كېلىڭ ئۇكام، كېلىڭ.

شوپۇرنىڭ قولىدا بىرنەچچە تال سۇپۇرگە بار ئىدى. ئۇ سۇپۇرگىلەرنى ئۆينىڭ بۇلۇڭىغا تاشلاپ قويۇپ، سەل قورۇنۇپراق سۇپىنىڭ لېۋىدە ئولتۇردى.

— يۇقىرى ئۆتۈڭ، قورۇق چاي ئىكەن، دەپ قالماڭ، تاماققا بەرگۈسىز چاي ئەتتىم، قېنى ئۆتۈڭ.

— رەھمەت، رەھمەت، مەن ھېلى تاماق يېگەن، — ئۇ قوزغالدى.

— تاماق يېگەن بولسىڭىز، ئۇسسۇزلۇققا ئىچىڭ.

شوپۇر خىجىل بولۇپ، نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي ئۆرىلا تۇرۇپ قالدى.

— تازىمۇ سەت بولدى، قاچانلا بولسا تاماق ئۇستىگە كىرىپ قالىمەنا...

— سەت دېگىنىڭىز نېمىسى، ياخشى مېھمان تاماق ئۇستىدىگە، دېگەن گەپ بار. بىز ئۇيغۇرلار بىر چىنە تامىقىمىزنى باشقىلار يېسە خۇشال بولۇپ كېتىمىزغۇ.

شوپۇر ئاخىر يۇقىرى ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدى. ئەسلىدە ئۇ سۇپۇرگىلەرنى تاشلاپ قويۇپلا چىقىپ كەتمەكچىدى. لەھەلبۇۋى يۈزى كۆرۈنمىگۈدەك قايماقلىق بىر ئاپقۇر چاينى ئۇنىڭ ئالدىغا قويدى. قايماقلىق ئەتكەنچايدىن، يۈزىگە سۈت سۈركەلگەن يېزىنىڭ نېنىدىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان مەززىلىك پۇراقلار قورسىقى توق شوپۇرنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئېغىزىغا سېرىقسۇ كەلتۈردى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ ئۇنىمىغىنىغا قويماي، سەل يېرىم بىر سىركاي ئۇشتۇلغان ناننى ئۇنىڭ چىنىسىگە سېلىۋەتتى. ئۆي ئىسسىپ كەتكەنىدى. چاي ئۇن - تىنسىز ئىچىلىۋاتاتتى. شوپۇرنىڭ ئاق يۈزى، قۇلاق چۆرىلىرى ۋە بۇرۇن ئۇچلىرىدا ئۇششاق تەر تامچىلىرى پەيدا بولۇشقا باشلىدى. ئۇ كىرلىشىپ كەتكەن قولياغلىقى بىلەن يۈز - كۆزلىرىنى سۈرتۈۋېتىپ، ياغلىقىغا كۆزى چۈشۈپ قېلىپ، قىزىرىپ كەتتى - دە، ئۇنى ئىتتىك يانچۇقىغا سېلىۋەتتى.

لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ ئىزا تارتىپ قىزىرىپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ، ئۇنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن گەپ ئاچتى:

— تونۇشۇپ قالدۇق، ئۇكام، ئوبدانراق تونۇشۇپ قويايلى، سىز كىم بولىسىز؟

— ئېتىم مەسۈمجان، تېكەس ناھىيىسىدە ئىشلەيمەن. سىد-
لەرنىڭ گۆشىڭىدىن ئاشلىق يۆتكەشنى بۇيرۇپ بەرگەن، شۇنى
توشۇۋاتىمەن.

— ھە، مۇنداق دەڭ، يۆتكەيدىغان ئاشلىق خېلى بارمۇ؟

— بار، ماشىنام ساق تۇرۇپ بەرسىلا، يەنە بىر - ئىككى
ئايغىچە يۆتكەيمەنغۇ دەيمەن.

— ئەمىسە بىزنىڭ كوچىدىن كۆپ ئۆتىدىكەنسىز، مەنمۇ
ئۆزۈمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي: مۇشۇ يېزا مەكتىپىدە ئىشلەيمەن،
ئىسمىم لەھەلبۇۋى، قايسى كۈنى سىز كۆرگەن قىزىممۇ مۇئەل-
لىم، ئىسمى قەدىرىيە.

مەسۈمجان ئۇنىڭ تونۇشتۇرۇشى ئاخىرلاشقاندىن كېيىن
سورىدى:

— سىلەر بىر ئائىلىدە ئىككىلا جانمۇ؟

— ھەئە.

— قىزىڭىزنىڭ دادىسىچۇ؟

— دادىسى... — لەھەلبۇۋى سەل توختىۋېلىپ جاۋاب بەر-
دى، — دادىسى قىزىم بىر ياش ۋاقتىدا ئۆلۈپ كەتكەن.

— ھە، شۇنداقمۇ... شۇنىڭدىن كېيىن...، — مەسۈمجان
تىلىنىڭ ئۇچىغا كېلىپ قالغان سۆزىنى ئېيتىشتىن ئۆزىلىپ
توختاپ قالدى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ نېمىنى سورىماقچى بولۇپ
توختاپ قالغانلىقىنى چۈشەندى.

— شۇنىڭدىن كېيىن قىزىم ئىككىمىز بىللە ئۆتۈۋاتىمىز.

مەسۈمجان بۇ ئايالنىڭ ھازىرغىچە قايتا ياتلىق بولماي، تەنھا
ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ئۇقۇپ تەسىرلەندى ئېھتىمالىم: «ئاشۇ ئېرىنى
قالتىس ياخشى كۆرەتتىكەن - دە، بۇ قاملاشقان ئايالغا شۇنىڭدىن
كېيىن تالاي - تالاي لايىقلار چىققان بولغىيتتى، ئاشۇ ئېرىگە
ھېچقايسىسىنى تەڭلەشتۈرمەي، ياشلىقىنى ئەرسىز، تۇل ئۆلتۈ-
رۇپ ئۆتكۈزۈۋېتىپتۇ... پاھ، نېمىدېگەن ئىرادىلىك ئايال بۇ،

مۇنداق ئىرادىلىك ئاياللار ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ. ئەمما قانداقتۇر ياخشى تۇرۇپتۇ، ھېلىقى قەدىرىيە ئاتلىق قىزنى قىزى دېسە، ھېچكىم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە ياش تۇرۇپتۇ» دەپ ئويلاپ قالدى.

— مېنىڭ تۇرمۇشۇممۇ سىزگە بىرئاز ئوخشىشىپ كېتىدىكەن، — دېدى مەسۇمجان، — مېنىڭ بىر تال ئوغلۇم بار. ئۇمۇ ئانىسىدىن بىر يېشىدا يېتىم قالغان.

— ئۆلۈپ كېتىپتىكەن ـ دە؟

— شۇنداق بولغان.

— ئوغلىڭىز قانچە ياشتا؟

— سەككىزدە.

— سىزمۇ قايتا ئۆيلەنمىگەنمۇ؟

— ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، بىر يىلدىن كېيىن ئۆيلەنگەن ئىراق، بالامنى بەك ئۆگەيلەپ كېتىپ ئاجرىشىپ كەتكەن.

— ھازىر نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئوتتۇز بەشكە.

— ھە!

— قانداق، چوڭدەك تۇرامدىم؟

— نەدىكىنى، مەن سىزنى كۆپ بولسا ئوتتۇزلاردا باردۇر، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئوتتۇز يېشىم ھايانكەشلەردىمۇ قالمىدى.

— ئۇنداقتا مەندىن بەش ياش كىچىك ئىكەنسىز.

— سىز قىرىق ياشما؟

— قىرىقتىن سەل ئاشتىم، چىرايىمدىن ئەللىك ياشلارغا كىرگەندەك كۆرۈنىدىغاندىمەن، تايىنلىق؟

— ياق - ياق، ئۇنداق ئەمەس، قايسى كۈنى قەدىرىيەنى كۆرۈپلا سىزنىڭ سىڭلىڭىزمىكىن، دەپ قالغان.

— نېمە دەۋاتىدىغانسىز، قېرىپ كەتتۇق.

— نەدىكىنى قېرىيسىز، قىز بالىدەك تۇرۇپسىز.

— ۋىييەي··· ئاشۇرۇۋەتتىڭىز، — لەھەلبۇۋى ئەندىكىپ، قىزىرىپ كەتتى ۋە پەسكە قارىۋالدى، — ئون سەككىزدىن ئاشقان قىزىم تۇرسا، قانداقلارچە ياش كۆرۈنەي.

— بىلمىدىم، ئىشقىلىپ ياش كۆرۈنىدىكەنسىز.

لەھەلبۇۋى گەپنى يۆتكىۋەتتى:

— ئۆيدە ئوغلىڭىز بىلەنلا تۇرامسىز؟

— ياق، ئاپام بار، ئۈچىمىز بىللە تۇرىمىز. ئاپاممۇ قېرىپ قالدى ھەم ئاغرىقچان. ئۆيلىنەي دېسەم، يۈرەكئالدى بولۇپ قاپتىمەن، يەنە بالامنى ئۆگەيلەپ كېتەرمىكىن دەپ قورقىمەن.

— خۇدانىڭ بۇيرۇغىنى باردۇ، — دېدى لەھەلبۇۋى.

مەسۇمجان ماڭماقچى بولۇپ قوزغالدى:

— ئاۋۇ سۇپۇرگىلەرنى سىلەرگە ئالغاچ كەلگەن.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ مەن تېخى ئۆيگە ئالغان سۇپۇرگىلەردۇ، دەپ ئويلاپتىمەن.

— ئۆيگە ئالسام، بۇ يەرگە ئەكىرەتتىممۇ، ئۆتكەندە قاردىسام، سۇپۇرگەڭلار كۆتمەك بولۇپ كېتىپتىكەن، شۇڭا ئالغاچ كەلدىم.

— ئەمىسە، پۇلىڭىزنى ئېلىڭ!

— بىكارغا كەلگەن نەرسىگە پۇل ئالسام قانداق بولىدۇ؟ سىزمۇ قىزىقلا گەپ قىلىدىكەنسىز.

— ھېلىقى بىر تەخسە لەڭمەننىڭ پۇلىنى ئەكىردىم، دەڭا، — دېدى لەھەلبۇۋى كۈلۈپ، — ئۇنداقتا ئىككىمىز سودىگەرچىلىك قىلىۋېتىپتىمىز ـ دە؟

— سىز ئادەمگەرچىلىك قىلىپ، تونۇمىغان بىر ئادەمنىڭ قولىغا ئىسسىق سۇ، قورسىقىغا ئىسسىق تاماق بەردىڭىز، سۇپۇرگىڭىز يوق ئىكەن، مەنمۇ ئادەمگەرچىلىك قىلىپ ئالغاچ كەلدىم. بۇنى قانداقمۇ سودىگەرچىلىك دېگىلى بولسۇن.

مەسۇمجان شۇنداق دېدى ـ دە، لەھەلبۇۋىنىڭ تەڭلىگەن پۇلىنى ئالماي ئۆيدىن چىقتى. ئىشىكتىن چىقىپلا ئۆيگە كىرىۋاتقان قەدىرىيە بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالدى.

— ياخشىمۇسىز، قىزچاق؟

— ياخشى، — ئۇ سۇسلا جاۋاب بېرىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. شوپۇرنى ئۇزىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرگەن ئاپىسىدىن:

— يەنە نېمىگە كىرىپتۇ ئۇ ئادەم؟ — دەپ سورىدى.

— نېمىگە كىرەتتى دەيسەن. ئۆتكەندە كىرىپ قېلىپ بىر تەخسە لەڭمەن يېگىنىگە خىجىل بولدىمۇ، بىزنى سۇپۇرگىسى يوق ئىكەن، دەپ مۇنۇ سۇپۇرگىلەرنى ئەكىرىپتۇ.

ئاپىسىنىڭ چىرايىدىن جىلۋىلىنىپ تۇرغان تەبەسسۇمغا قاراپ، قەدىرىيەنىڭ ئاچچىقى كەلدى.

## 33

قەدىرىيە زاماندىندىن ئايرىلىپ كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلەرنىڭ قانچىگە يەتكەنلىكىنى بىلمەيتتى. ئۇ خۇشال، خاتىرجەم كۈنلەرنىڭ ناھايىتى تېز ئۆتىدىغانلىقىنى، قايغۇلۇق، كۆڭۈلسىز كۈنلەرنىڭ ناھايىتى ئاستا ئۆتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرسا، تېزرەك چۈش بولۇشىنى، چۈش بولغاندا چاپسانراق كەچ كىرىشىنى، كەچ كىرگەندە ئىلدامراق يېتىۋېلىشنى ھەم دەرھال ئۇيقۇغا كېتىشنى ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنى ئۆمۈر يولىدا بۇنىڭدىن بۆلەك مەقسىتى يوقتەك سېزەتتى. ھېچنېمىنى خىيال قىلمىسام، دەيتتىيۇ، خىيالدىن نېرى بولالمايتتى؛ تېزلا ئۇخلىۋالسام، دەپ ئويلايتتىيۇ، ئۇخلىيالماي قىينىلاتتى. ئۆز ئىختىيارىدىن سىرت ئىشلار ئۇنى ئازابلاپ كەلمەكتە ئىدى.

لەھەلبۇۋى قىزىنىڭ جىمغۇرلىشىپ، قاپىقىنى ئاچماي يۈرگەنلىكىنى سېزىپ يۈرەتتى. ئۇنىڭ بۇرۇنقىدەك ئۇزۇلمەس

سوئاللىرى، دەرس ئۆتۇشنى روھلۇق مەشىق قىلىشلىرى، سو-
ئال سوراپ كەلگەن ئوقۇغۇچىلارغا چاڭىلداپ جاۋاب بېرىشلىرى
ھازىر قېنى؟ ئۆيىنى چاقڭانلىق بىلەن بېسىقتۇرۇشلىرى،
ھويلا - ئارامنى پاكىز تۇتۇشلىرى، رەتلىكلىكى، تېتىك -
جۇشقۇن روھىي ھالەتلىرى نەگە كەتتى؟ ... ھازىر ئۇ ھەممە
ئىشتىن سوۋۇپ كەتكەن، تاماقلارغىمۇ ئانچە قارىشىپ كەتمەيدۇ.
كۇندە دېگۇدەك دەستە - دەستە تاپشۇرۇق دەپتەرلەرنى كۆتۈرۈپ
كېلىدىغان، ئەمدى ئىككى قولىنى سېلىپلا كېلىدىغان بولدى.
رومان ئوقۇشقا بېرىلىپ كەتتى، بىراق، كۆزى كىتابتا بولسى-
مۇ، خىيالى باشقا ياقتا. يېتىۋېلىشقا ئالدىرايدۇ، لېكىن ئۇخلى-
يالماي، چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىپ چىقىدۇ. كۇندە ياكى ئىككى
كۇندە بىر كىيىم يەڭگۇشلەيتتى، ھازىر بىر كۆڭلەكنى كىيىۋال-
سا، ھەپتە - ھەپتىلەپ سالمايدۇ. مەيلى ئەتىگەنلىكى، مەيلى
چۇشتە بولسۇن مەكتەپكە ماڭغۇچە ئەينەككە نەچچە قارايتتى،
ھازىر قاراپمۇ قويمايدۇ. ئۇنىڭ ئىچىنى پۇشۇرىدىغان ئىش قال-
مىغان. قىسقىسى، ئۇ بۇرۇنقى قەدىرىيەگە زادىلا ئوخشاشماي
قالغانىدى.

ئانا بۇلارنى سەزمىدىمۇ؟ سېزىپ يۇرىدۇ. ھازىر ئۇنىڭ
مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىقى — دەرس ئۆتۇشلىرىدىنمۇ پىكىر چىقى-
ۋاتىدۇ. دەرسكە تەييارلىقسىز كىرگۇدەك، بىر مەزمۇننى سۆز-
لەۋېتىپ، ئۇنىڭغا مۇناسىۋىتى بولمىغان باشقا مەزمۇنلارغا ئۆتۈپ
كەتكۇدەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابلىرىغا مۇۋاپىق نومۇر بەرمى-
گۇدەك. يەنە تاپشۇرۇق تەكشۇرمەيدىغان بولۇۋاپتۇ، ئوقۇغۇچى-
لارنىڭ ئىنتىزامسىزلىقلىرى بىلەن كارى بولمايدىكەن. مۇشۇ-
نىڭغا ئوخشاش پىكىرلەر خېلىلا بار ئىكەن. «قەدىرىيەنىڭ شۇن-
داق ھالغا چۇشۇپ قالغانلىقى راست. ئۇ زامانىدىنىدىن ئايرىلغان-
دىن كېيىن، شۇ ھالغا چۇشۇپ قالدى، ئېغىر كەلدى، ئەلۋەتتە
ئېغىر كېلىدۇ، — دەپ ئويلىغانىدى لەھەلبۇۋى، — ھازىرچە

گەپ قىلماي، قارشىلىشىپ قالماي··· بىر مەزگىل شۇنداق بولدى. ئۆتكۈنچى بۇلۇتتەك بۇمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئەسلىگە كېلىدۇ. مۇشۇ بىر جەرياننى ئۆتكۈزۈۋالغۇچە مېنىڭ گەپ قىلمىغىنىم ياخشى. ئىلمىي مۇدىرنىڭ ماڭا دېگەنلىكى، مېنىڭ كۆڭلۈمنىمۇ، ئۇنىڭ كۆڭلىنىمۇ ئايىغانلىقى. ياخشىسى، ئىلمىي مۇدىر سەۋرچانلىق بىلەن، سىلىق - سىپايە گەپلەر بىلەن بىر سۆزلەشسۇن، ئۇنىڭدىن كۇتۇۋاتقان ئۇمىدلىرىنى، بالا تەربىيىلەش، ئۇلارغا بىلىم بېرىش ئىشىنىڭ دۇنيادا ئەڭ شەرەپلىك، مەنىلىك ئىش ئىكەنلىكىنى ئېيتسا، ئادەم ئەمەسمۇ، ئۇمىدۋار بولۇپ كۆڭلى كۆتۈرۈلۈپ قالىدۇ. شۇ خۇسۇستا، ئىلمىي مۇدىر بىلەن قايتا سۆزلىشەي، ئەقىللىق قىز يولىنى تېپىپ كېتىدۇ، بۇرۇنقى تېتىك، جۇشقۇن ھالىتى ئەسلىگە كېلىدۇ».

ئىككىنچى سائەتلىك دەرستىن كېيىنكى يىگىرمە مىنۇتلۇق دەم ئېلىش ۋاقتى ئىدى. مەكتەپ مەيدانىدا باللار بىر - بىرىنى قوغلىشىپ، بېسىشىپ ئويناشماقتا، بەزىلەر قاردىن قىش بوۋاي ياسىماقتا، بەزىلەر پوملاقلىۋالغان قارلارنى بىر - بىرىگە ئاتماقتا، قى - چۇ ئاۋازلار كۆتۈرۈلمەكتە. دەم ئېلىپ بۆلۈمدىن چىقىشقان ئوقۇتقۇچىلار ئىككى - ئۈچتىن بولۇشۇپ پاراڭ قىلىشماقتا، كۈلۈشمەكتە··· مەكتەپ ھاياتى — جۇشقۇن ھايات. بەزى ياشانغان ئوقۇتقۇچىلارمۇ ئۆزىنى ياشلاردەك ھېس قىلىپ قالىدۇ.

سەبىھە قەدىرىيەنى چەتكە تارتىپ مۇنداق دېدى:

— بۇگۈن چۈشلۈك چېيىڭنى بىزنىڭكىدە ئىچ، ئاپام شەھەرگە چۈشۈپ كەتتى. پاراڭلىشايلى، ئىچىمگە دەرد توشۇپ كەتتى. مەن ھازىرلا كېتىۋېرىمەن.

— ئۇنداق بولسا، مېنىڭ ئۈچىنچى سائەتتە دەرسىم بار، ئۆتۈۋېتىپ، كەينىڭدىن بارىمەن.

قەدىرىيە دەرستىن چىقىپلا، سەبىھەنىڭ ئۆيىگە قاراپ ماڭدى. ھېلىلا ئوچۇق ھاۋا بىردەمدىلا تۇتۇلۇپ قار ئۇچقۇنداشقا باشلىدى. قىشتا يېزا كوچىلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئادەمسىز بولىدۇ. قەدىرىيە جىمجىت كوچىدا بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ بارىدۇ. ئاياغلىرى ماغدۇرسىز، بېشىدا گادىرماچ خىيال. يۇزىگە قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئۇرۇلۇۋاتقانلىقىنى، سوغۇقنىڭ يىڭنىدەك سانجىلىۋاتقانلىقىنى تۇيمايدۇ.

— ياخشىمۇسىز، قەدىرىيە!

ئۇ چۆچۈپ كەتتى. ئالدىدا خۇددى ئاسماندىن چۈشكەندەك پەيدا بولغان زاماندىن سۇس كۈلۈمسىرەپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۇچىسىدا قارا چىبەرقۇت تۇجۇركا، يۇمشاق ئەلتېرىدىن تىكىلگەن قۇلاقچىنى سەل سىڭارىيان كىيىۋاپتۇ. قەدىرىيە ئۇنىڭ بۇغداي ئۆڭ يۇزىدىن، ئويناق قوي كۆزىدىن ھەتتا قويۇق قارا قېشىدىنمۇ قانداقتۇر بىر غەمكىنلىكنى سەزگەندەك بولدى.

— ياخشى، ئۆزىڭىزچۇ؟

— كۆرۈنمەيسىزغۇ؟

— ئۆزىڭىز قېچىپ··· كۆرۈنمەي يۇرسىڭىز··· مېنى قانداق كۆرىسىز، — ئۇنىڭ ئۇنلىرى ھەسرەتلىك، ئۇزۇك - ئۇزۇك چىقتى.

— كۆرۈشۈپ يۇرگىنىمىزدىن، كۆرۈشمەي يۇرگىنىمىز ياخشىمىكىن دەپ···

— ئەمىسە ياتلىشىپ كېتىمىزكەن - دە؟

— قانداق بولۇپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن، ئىشقىلىپ، مەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك بولۇپ قالدىم.

قەدىرىيە گەپ قىلمىدى، ئۆپكىسى ئۆرۈلمەكتە ئىدى. زاماندىن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قارىدى: ئۇ خېلىلا جۇدەپ، قايرىلما كىرپىكلىرى ھالسىرىغاندەك ئېسىلىپ، كۆزلىرى سەل - پەل ئولتۇرۇشۇپ قاپتۇ. ئەمما بۇ جۇدەڭلىك ئۇنىڭغا

تېخىمۇ گۈزەللىك، نەپىسلىك ئاتا قىلغاندەك قىلىدۇ. ئاپئاق مەڭزىلىرىمۇ، چىرايلىق ئېڭەكلىرىمۇ، ھال رەڭ لەۋلىرىمۇ سۇ-زۇلۇپ قالغاندەك، ئاۋازىمۇ يېقىملىقلىشىپ، بوي - تۇرقىمۇ بۇرۇنقىدىن زىلۋالىشىپ كەتكەندەك بىلىنىدى. ئۇ ياش ئەگىگەن كۆزلىرىنى زاماندىندىن ئەپقېچىپ، بىر ئۇياققا - بىر بۇياققا تاشلايتتى.

— نەگە ماڭغاندىڭىز؟

— سەبىھەنىڭ ئۆيىگە.

— دەرسىڭلار يوقمىدى؟

— بولسىمۇ ئۆتكىمىز كەلمەيدۇ.

ئۇ شۇنداق دېدى - دە، كۆز چاناقلىرىغا ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى كۆرسەتمەسلىك ئۈچۈن بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

قەدىرىيە ياش يۇقى كۆزلىرىنى پىلدىرلىتىپ ئۆيگە كىرگەندە، سەبىھە مەشىنىڭ يېنىدا ئوتنىڭ گۇرۇلدىشى، كورىنىڭ شىڭىلدىشىدىن ھۇزۇرلىنىپ، پۇتىنى ئۇزۇن سۇنۇپ ئولتۇراتتى. ئۇ چاپىنىنى سېلىپ، بېشىدىن ياغلىقىنى ئېلىپ، دوستىنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۆي ئىچى ئىسسىق، ئىللىق ھەم چىنىدەك پاكىز ئىدى. دېرىزە تەكچىسىدە ئۈچ تەشتەك گۇل كۆكىرىپ تۇراتتى.

— يىغلىدىڭمۇ نېمە؟

— قانداق؟

— كۆزلىرىڭ ياشقۇ؟

قەدىرىيە ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى.

— يولدا زاماندىننى كۆرگەن، — دېدى ئۇ، — ئۆپكەم ئۆرۈلۈپ، تاس قالدىم ئۆزۈمنى ئېتىۋەتكىلى.

— نېمە دەيدۇ؟

— نېمە دەيتتى، مەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەكتەك بولۇپ قالدىم، دەيدۇ.

— راست، ھەممىمىز شۇنداق بولۇپ قالدۇق، — ئۇمۇ چوڭقۇر تىندى، — ئۇيقۇم قاچقان كېچىلىرى شۇنداق ئويلاردا بولاتتىم: ھەرقانداق قۇدرەتلىك كۈچمۇ بىزنى ئايرىۋېتەلمەيدۇ، بىزنى پەقەت ئۆلۈملا ئايرىۋېتىشى مۇمكىن، دەيتتىم. توۋا دەي- مەن، مانا تىرىك تۇرۇپلا ئايرىلدۇق، ئايرىلغاندىمۇ ئاسانلا ئاي- رىلدۇق...

ئىككى قىز شۈككىدە ئولتۇرۇپ كەتتى، ئادەمنىڭ بېشىغا جۇدالىق، دەرد - ئەلەم كەلسە، جىمىپ ئەمما ئىچىدىن يېنىپ، ئۇنسىزلىشىپ، خىيالچان بولۇپ قالىدۇ. ئۆمۈر دېگەن ئېقىن سۇغا ئوخشىشىدۇ: ئۇنىڭ سۇزۇلۇپ ئاقىدىغان چاغلىرىمۇ، لاي- لىشىپ ئاقىدىغان مەزگىللىرىمۇ، تاشتىن - تاشقا سەكرەيدىغان ۋاقتىمۇ، شاۋقۇنسىز جىمىپ ئاقىدىغان چېغىمۇ بولغىنىدەك، ئۆمۈرنىڭمۇ جۇشقۇن مەزگىلى، مۇڭلۇق، ھەسرەتلىك چېغى بولىدۇ. ئۇلار قانداق قىزلار ئىدى؟ دۇنياغا كەلگىنىگە مىڭ مەرتىۋە رازى بولۇشقان، تەقدىر - قىسمىتىدىن شادلانغان، يا- شاشنىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆمۈرنىڭ لەززىتىنى ھېس قىلىشقان، دۇنيادا ئۆزلىرىنى ئەڭ بەختلىك ھېسابلاپ، قىن - قىنىغا پاتماي قالغان، يېقىن ئارىلىقتا يېتىپ كېلىدىغان تېخىمۇ بەختىيار، تېخىمۇ لەززەتلىك كۈنلەر قاينىمىدا غايىبانە ئۈزۈپ يۈرۈشكەن تېتىك، جۇشقۇن قىزلار ئەمەسمىدى؟ شۇنداق ئىدى. كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، ھازىر ھاياتىدىن زارلايدىغان، دۇچ كەلگەن قىسمىتىدىن قاقشايدىغان، ھەتتا دۇنياغا كەلگىنىگە ئەپسۇسلىنى- دىغان، ھايات گۈزەللىكى، شادلىقلاردىن مەھرۇم قېلىۋاتقىنىغا ھەسرەتلىنىدىغان مۇڭلۇق قىزلارغا ئايلىنىپ قالدى. شۇ نەرسە قاتتىق ئەلەم قىلىۋاتاتتىكى، ئۇلار بىر - بىرىدىن مەلۇم سەۋەن- لىك ياكى كەچۈرگىلى بولمايدىغان خاتالىق سادىر قىلىپ قويغان- لىقىدىن، ياكى بولمىسا مىجەز - خۇلق، خاراكتېرلىرىنىڭ بىر - بىرىگە ياقماي قالغانلىقىدىن ئايرىلىۋاتقىنى يوق، ئاتا -

ئانىلىرىنىڭ كونا ئاداۋەت، قاتتىق ئۆچمەنلىكلىرىنىڭ سەۋەبىدىن ئايرىلىشۋاتىدۇ، شۇنىڭ قۇربانى بولۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ چوڭقۇر قايغۇدا، ئېغىر ئازابتا تولغىنىشۋاتقانلىقىنىڭ ۋە ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ - كۆيۈپ كېتىشۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى مۇشۇ ئىدى.

— مەن ھازىر ئۆزۈمنى، — دېدى قەدىرىيە ئېخىمۇ ئويچاد-
لىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي، — تۇيۇقسىز چىققان قارا بوران پۇتۇن يوپۇرماقلىرىنى تۆكۈۋەتكەن شاختىكى قارىداپ كەتكەن كۆرۈمسىز بىر تال ئالمىدەك سېزىپ يۈرىمەن.

— ھەرنېمە بولىمىز تېخى...

باياتىن بېرى ئورنىدىن قوزغالماي، پۇتلىرىنى ئۇزۇن سو-
نۇپ، تامغا يۆلەنگىنىچە ئولتۇرغان سەبىھەنىڭ كولۇپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرىدىن مەيۇسلۇك، قارىقۇمچاق يۈزىدىن بىر خىل تۇتۇقلۇق، خاپىلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. بىرھازا ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ ئۇنلىرى ئۇزۈك - ئۇزۈك چىقىشقا باشلىدى:

— بىز لوقمان ھېكىمدەك مىڭ يىل ياشىمايمىزغۇ... مۇشۇ قىسقىغىنا ئۆمرىمىزنى رازى قىلىپ... مۇھەببىتىمىزنىڭ لەززى-
تىنى تېتىساق... سۆيگۈ ھۇزۇرىنى سېزىپ ياشىساق بول-
ماسمىدى...

ئۇنىڭ ئارمانغا، ئازابقا، ھەسرەتكە تولغان سۆزلىرى، مۇڭ-
لۇق ئاۋازى ھەر ئىككىسىنىڭ كۆڭلىنى بۇزۇپ قويدى.

قەدىرىيەنىڭ ئاۋازىمۇ تىترەپ چىقتى:

— كىشىلەر «دەرد - ئەلەم»، «دەرد - ئەلەم» دەپ ئىككى-
سىنى بىللە ئاتاشسا، ئىككىسىنى بىرنەرسە، دەپ ئويلاپ يۈرۈپ-
تىمەن، ياق، دەرد باشقا، ئەلەم باشقا ئىكەن. دەرد ئادەمنى چېنىقتۇرىدىكەن. تەربىيىلەيدىكەن، زېرەكلەشتۈرىدىكەن، ئەلەم ئادەمنى بۇرۇقتۇرما قىلىدىكەن، ئازابلايدىكەن، يۈرەك - باغرىڭ-
نى ئۇنسىز يەيدىكەن. بىزدىن ھازىر قوزغىلىشۋاتقىنى نەق مۇشۇ ھېس - تۇيغۇ. دېمەك، بىز چارىسى يوق ئەلەمدە قاپتىمىز.

بەزى چاغلاردا، قارا، سەبىھە، بىزمۇ خۇشال، غەمسىز يۈرگەن-
مىدۇق، دەپ ئويلاپ كېتىمەن. خۇددى خۇشال يۈرمىگەندەك،
شۇنى ھېس قىلىپ قالدىم: بىللە بولۇش شادلىقىدىن، باشقا
چۈشكەن جۇدالىق ئەلىمى كۈچلۈك بولىدىكەن.
— بۇنداق بولۇشنى كىم ئويلىغان؟... خىيالىمغىمۇ كەل-
مەپتىكەن، بىزگە ئۇۋال ئەمەسمۇ، — دېدى سەبىھە ۋە ئورنىدىن
تۇرۇپ كەتتى. ئۇ ئۆي ئىچىدە خۇددى سىنىپتا ئوقۇغۇچىلىرى
خاپا قىلىپ قويغان مۇئەللىمدەك ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىشقا
باشلىدى. قەدىرىيەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى - دە، دېرىزىنىڭ
يېنىغا بېرىپ، تەشتەكلەردىكى گۈللەرگە قاراپ تۇرۇپ قالدى.
— ھاياتىدىن كىم رازى بولغاندۇ؟ — دېدى ئۇ سۆزىنى
بىرىگە قاراتمىغاندەك كەينىگىمۇ قايرىلماي.
— خۇدا بىزنى مۇنچە قاقشاتقۇچە ياراتمىسا بولمامدۇ!
— بۇ دۇنيا تەقدىردىن تەزگەنلەر، ياشاشتىن بەزگەنلەرنىڭ
ماكانى ئىكەن!
— ئىنسانلار دۇنياغا ئازاب چەككىلى، جۇدالىق ئەلىمىنى
تارتقىلى كېلىدىكەن - دە...
— شۇنداق، بىز دۇنياغا مەسخىرە بولغىلى، تاشلىۋەتكەن
ئويۇنچۇقتەك خارلانغىلى كەلگەن ئوخشايمىز.
— سۆيگۈ غۇنچىمىز ئېچىلماي توزۇدى.
— مەن پەرھاد - شېرىن قىسسىسىنى كىشىلەردىن
ئاڭلاپ، — دېدى قەدىرىيە كەينىگە قايرىلىپ، — سۆيگۈ چېچەكى
ئۇ زامانلاردا مېۋىسىز بولاتتىكەن - دە، دەپ ئويلىۋىدىم، بۇ
زاماندىمۇ مېۋىسىز ئىكەن.
ئىككى قىزنىڭ سۆھبىتى، بىر - بىرىگە قاقشاپ ئېيتقان
سۆزلىرى ئۇلارنىڭ ئىچ - قارنىنى بوشىتىپ، كۆڭلىدە قاپلى-
شىپ تۇرغان ھەسرەت تۇمانلىرىنى تارقاتقاندەك بولدى. چىرايلى-
رىدا ئەكس ئېتىپ تۇرغان بۇرۇقتۇرمىلىق، روھسىزلىق بىر ئاز

پەسىيىپ، قورساقلىرىنىڭ ئېچىپ كەتكەنلىكىنى سەزدى. ئۇلار تۈيماي ۋاقىت شۇنچىلىك تېز ئۆتۈپ كېتىپتۇكى، چۈشتىن كې-يىنكى مەكتەپكە بېرىش ۋاقتىغا يېرىم سائەتلا قاپتۇ. سەبىھە ئەسلىدە قەدىرىيە بىلەن قورۇما قورۇپ چاي ئىچىشنى ئويلاپ قويغان، ئەمدى ئۇنىڭغا ۋاقىت يوق ئىدى.

سەبىھە ئالدىراپ چاي ئەتتى، ئۇلار ئالدىراپ ئىچىشتى، مەكتەپكىمۇ ئالدىراپ مېڭىشتى. چۈنكى ھەر ئىككىسىنىڭ بە-شىنچى سائەتتە دەرسى بار ئىدى.

※ ※

سەبىھە ئاپىسى بىلەن تەڭ ياتقان، ئاپىسى نىكەم ئۇخلاپ كەتكىلى، تۇرۇپ خورەك تارتىدۇ، تۇرۇپ توختاپ قالىدۇ. ئۆي، قورۇ، مەھەللە تىپتىنچ، مەھەللىدە گۆرىستان جىمجىتلى-قى ھۆكۈم سۈرمەكتە. نەلەردىندۇر يىراقلاردىن ئىتلارنىڭ ھۇۋ-لاشلىرى، كىملەرنىڭدۇر ئېيتقان ناخشىلىرى سۇس ئاڭلىنىدۇ، تۇرۇپ توختاپ قالىدۇ - دە، يەنە جىمجىتلىق باشلىنىدۇ. شۇن-داق جىمجىتلىق ئىچىدە كوچىدىن ئۆتكەن بىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىسى ئېنىق ئاڭلاندى:

دەرەخسىز ھويلىغا كىرسەم،
بېشىمدىن ئاپتاپ ئۆتتى.
بويۇڭدىن ئۆرگىلەي يارىم،
سېنىڭ قەدرىڭ ماڭا ئۆتتى.

«ئەجەب ئېسىل ناخشىلار - ھە، بىرىگە ئاتاپ چىقارغاندەك چىقارغان - ھە، بولمىسا ئۇنچىلىك دەردلىك بولامدۇ» دەپ چوڭقۇر تىنىپ، ئۇھ تارتىپ قويدى سەبىھە. ئۇنىڭ بۇ ناخشىسى-

نى قايتا ـ قايتا ئاڭلىغۇسى بار ئىدى. بىراق، ناخشا بارغانسېرى يىراقلاپ، يوقىلىپ كەتتى. يەنە سۇرلۇك ۋە مۇڭلۇق جىمجىت-لىق باشلاندى. ئۇ ۋاقىتنىڭ قانچىلىك ئۆتكەنلىكىنى، ئۇزاق تۇننىڭ قانچىلىك قالغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر چاغدا تۇننىڭ باغرىنى يېرىپ ۋە ئۇنىڭ ئاخىرلىشىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر بېرىپ، باش توخۇنىڭ قىچقارغانلىقى ئاڭلاندى. سەبىھە ئۇنى زىل بۇ خورازنى بىلەتتى، بۇ ئۆزلىرىنىڭ هويلىسىدىن ئىككى هويلا نۆۋەندىكى هويلىنىڭ خورىزى. ئۇ دائىم بىرىنچى بولۇپ قىچقىد-رىدۇ. شۇنىڭدىن كېيىن تەرەپ ـ تەرەپتىن خورازلار قىچقىرىشقا باشلايدۇ. خورازلارنىڭ تۇننىڭ قوينىدا تۇرۇپ، تاتلىق مۇگدەك-تىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، تاڭنىڭ يېقىنلاپ كېلىۋاتقانلىقىدىن دې-رەك بېرىپ قىچقىرىشى قالتىس مۆجىزە، ئىنسانلارنىڭ ئۇيقۇ-دىن باش كۆتۈرۈشىگە بېرىلگەن سىگنال.

سەبىھەنىڭ كۆزىگە ئۇيقۇ كەلگىنى يوق، كېلىدىغاندەكمۇ ئەمەس، كۆز ئالدىغا نۇرزات كېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئاپئاق، سىلىق يۈزى، قاپقارا قېشى، خۇددى نازۇك قىزلارنىڭكىدەك نېپىز لەۋلىرى كۆزىگە ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. توقايلىق، دەريا بويلىرىدا، تۈن پەردىسىگە يوشۇرۇنۇپ بىللە بولغان چاغلى-رى، ئۆزئارا پىچىرلىشىپ دېيىشكەن مۇھەببەتلىك گەپلىرى، يۇتۇشقان ئىسسىق نەپەسلەر ئۇنى قىينىماقتا ئىدى. «ئۇنى ئۇن-تۇيالمايمەن، ئايرىلىپ كەتكىنىمگە چىدىماي قېلىۋاتىمەن، — دەپ قوقاستا يۆچۈلانغاندەك تولغىنىپ ھەسرەتلىنەتتە ئىدى ئۇ، — ئۇنى كۆرمىدىم، كۆرمىگىنىمگە قانچە كۈنلەر بولغان-دۇ... قانداق قىلىمەن، ئۇنىڭسىز قانداق ياشايمەن؟ ... ئۇنى ئەپقېچىپ كېتەي دېسەم، ئاپامنى ئايايمەن، ئۇنداق قىلمىسام، ئاپام چېچىنى يۇلۇپ كوچىغا چىقىپ كېتىشى مۇمكىن. لېكىن مەنمۇ ئۇنىڭسىز قانداق بولۇپ كېتىشىمنى بىلمەيمەن. مەن ئا-پامنى ئاياۋاتىمەن، مېنى كىم ئايار؟ ...»

# 34

زاماندىن چىڭدىلىپ كەتكەن قارنى دەسسەپ ئىشىكنىڭ ئالدىدا تاماكا چېكىپ تۇراتتى. ئۇ تۈنۈگۈن قەدىرىيەنى تۇيۇقسىز ئۇچرىتىپ قالغاندىن بېرى بىرقىسما بولۇپ يۈردى. قەدىرىيە بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى توختىتىش ئۇنىڭغا گويا ياشاشتىن توختايدىغاندەك ئېغىر بىلىنگەن. تالاي - تالاي كېچىلەرنى ئۇخلىماي تولغىنىپ ئۆتكۈزگەن، ھەسرەت - پىغانلىرىنى باسالماي ئېتىزلارغا چىقىپ كەتكەن، ھاۋانىڭ سوۋۇپ كەتكەنلىكىگە قارىماي، دەريا بويىغا چۈشۈپ، سۇغا، يارلىقلارغا ئاچچىقى بىلەن تاش ئاتقان، ئۆيدە دېمى سىقىلىپ يېرىم كېچىلەردە ھويلىغا، كوچىلارغا چىقىۋالغان...

لېكىن ئۇ ئۆزىنى - ئۆزى سوراققا تارتقان: «ئۆلۈم بىلەن باراۋەر كەلگۈدەك قىيىنچىلىقلارنى يەڭگەن ئادەملەر بار، مەن جۇدالىق ئەلىمىنى يېڭەلمەمدىم؟ ئەقىللىق ئادەم ئىشق - ھېسلىرىنى، ئازابلىق تۇيغۇلىرىنى بېسىپ ئۆزىنى تۇتۇۋالالايدۇ، دېگەن گەپ بار. مەن نېمىشقا ئۇنى ئۆز تۇرمۇشۇمدىن تاپالمايمەن؟ ئەمدى مۇمكىن بولمايدىغان ئىشنىڭ ئالدىدا مەن شۇنچىلىك ئىرادىسىزمۇ؟»

زاماندىن قەدىرىيە بىلەن ئىلاجى بار كۆرۈشۈپ قالماسلىق، ئۇنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىش قارارىغا كەلگەن، بولمىسا روھىي ئازابتىن، يۈرەكنى زېدە قىلىدىغان دەردتىن قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلغان. ئەمما تۈنۈگۈن ئۇچرىتىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قاتتىق ئېچىندى. يىغلىغانلىقىنى بىلىپ، يۈرەك - باغرى ئۆرتەندى. ئۆزىنىڭمۇ دەردلىرى قوزغىلىپ بېشىغا كەلگەن تەقدىر - قىسمىتىنى ۋارقىراپ - ۋارقىراپ سۆككۈسى، لەنەتلىگۈسى كەلدى. «ئۆزىڭىز قېچىپ يۈرسىڭىز»، «ئەمدى ياتلىشىپ كېتىمىزكەن - دە» دېگەن سۆزلى-

رىدىن ئۇنىڭ تېخىچە مېھرىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى (چۈنكى ئۇ قەدىرىيە قانداق بولۇپ قالغاندۇ، قانداق ھېس - تۇيغۇدا يېنىپ يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپ يۈرەتتى) بىلدى. ئۆزىمۇ ئۈزەلمەيۋاتىدىغۇ، قىلىنغان قارار، تىكلەنگەن ئىرادىلەر يوققا چىقىۋاتىدىغۇ ... ئاسان ئەمەس ئىكەن، لېكىن ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىش كېرەك، تىرىشماي بولمايدۇ.

قەدەملىرىنى روھسىز تاشلاپ نۇرزات كەلدى. ئۇنىڭ تۇرقىدىن پەرىشانلىق چىقىپ تۇراتتى.

— خىيالدا قاپسەنغۇ، ئاداش، قىمىر قىلماي، كۆزۈڭنى بىر يەردىن ئالماي تۇرىسەن، — دېدى نۇرزات يېتىپ كېلىپ، — مېنىڭ كەلگەنلىكىمنى تۇيمىدىڭغۇ دەيمەن.

— تۈنۈگۈن قەدىرىيەنى كۆرۈۋىدىم، ئۆزۈم بىر ياقتا قېلىپ، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

— مەن سەبىھەنى تېخىچە كۆرمىدىم، قانداق بولۇپ قالدىكىن؟

— قەدىرىيە ئېغىر - بېسىق، تەمكىن قىز تۇرۇپ تۈگىشىپ كېتىپتۇ. ئۇنىڭغا قارىغاندا سەبىھە يېنىك، ھېسسىياتچان قىز ئىدى، ئۇ تېخىمۇ تۈگىشىپ كەتكەندۇ، — دېدى زاماندىن.

زاماندىن قەدىرىيەدىن، نۇرزات سەبىھەدىن چىرايلىقچە ئايرىلغاندىن كېيىن، ئەمدىكى مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا زاماندىن بىلەن نۇرزات مەسلىھەتلەشكەن: «ئۇلارنى ئەمدى ئىزدىمەسلىكىمىز، كۆزىگە كۆرۈنمەسلىكىمىز، چاقىرغان يەرلەرگە بىللە بارماسلىقىمىز، شۇنداق قىلىپ ئۇلارنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كېتىشىمىز كېرەك، بولمىسا ئازابلىنىشتىن قۇتۇلالمايمىز» دەپ كېلىشكەن. بۇ پىكىرلەرنى زاماندىن ئوتتۇرىغا قويغان، نۇرزات قوشۇلغان. ھازىرغىچە ئارىدىن بىرەر ئاي ئۆتكەندۇ، نۇرزات ئۆزىنى دەڭسەپ بېقىپ، ئۇنداق قىلالمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— مەن هازىر يولىغا بېرىپ قارايمەن، — دېدى ئۇ بىرلىك-
كە كەلگەن مەسلىهەتلەردىن يالتىيىپ.
— كىمنىڭ يولىغا؟
— كىمنىڭ بولاتتى، سەبىهەنىڭ يولىغا.
— هېلىقى گەپلەرنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟
— ئۇ گەپلەرنىمۇ ئۇنتۇمىدىم، سەبىهەنىمۇ ئۇنتۇيالمىدىم.
هازىر مەكتەپتىن قايتىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.
— كوچىسىغا بارامسەن؟
— بىرسىدىكى كوچىدا تۇرۇپ كۈتىمەن، ئەلۋەتتە كېلى-
دۇ، كۆرۈشۈپ قايتىپ كېلىمەن.
— ئوچۇق چىراي قارشى ئالسىغۇ بەختىڭ، قاپىقىنى ئاچمى-
سا قانداق قىلىسەن؟
— تۈكۈرۈۋەتسىمۇ مەيلى، كۆرسەملا بولدى، مەن چىدىماي
قالدىم ئاداش، — ئۇ شۇنداق دېدى - دە، ئالدىراپ ماڭدى.
مانا ئۇنىڭ بۇ كوچىدا سەبىهەنىڭ يولىغا كۆز تۇتۇپ تۇرغى-
نىغا يېرىم سائەتتىن ئاشتى. لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى تۇرماق سايى-
سىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. نېمە بولغاندۇ؟ ئەسلىدە ئۇ سەبىهە ئۆتىدىغان
بۇ كوچىغا مەكتەپتىن تېخى هېچكىم قايتمىغان چاغدا كېلىپ
تۇرغان، بىرئاز تۇرغاندىن كېيىن، كوچىلاردىكى رادىئو كانايلى-
رى تىلغا كىردى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپتىن قايتقان ئوقۇغۇ-
چىلار ئۆتۈشكە باشلىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا سەبىهە كۆ-
رۈنمىدى. ئوقۇغۇچىلار ئاخىرلىشىپ، كوچىدا ئادەملەر شالاڭلى-
غاندا، بۇ ياققا كېلىۋاتقان ئىككى ئايال كۆرۈندى. نۇرزات ئۇلار-
نى تونۇدى. ئۇلار سەبىهە بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان مۇئەللىملەر
ئىدى. ئۇلار نۇرزاتنىڭ سەبىهە بىلەن يۈرگەنلىكىنى بىلەمدۇ -
بىلمەمدۇ، يېقىندا ئايرىلىپ كەتكەنلىكىنى ئۇقامدۇ - ئۇقما-
مدۇ، بۇ تەرىپى ئۇنىڭغا قاراڭغۇ، بىراق، ئۇ قاتتىق نومۇستا
قالدى. ئۇلارنىڭ ئۆزئارا قىلىشىۋاتقان گەپلىرى ئۆزى توغرۇلۇق
بولۇۋاتقاندەك «مۇنۇ ئايرىلىپ كەتكىنىگە چىدىماي يولىنى توراپ
تۇرىدۇ - دە» دېيىشىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ كۈپكۈندۈزدە ئۆتەر

يولىغا كېلىپ قاراپ تۇرغىنىغا پۇشايمان يەپمۇ قالدى. خەيرىيەت ئۈلار ئۆتۈپ كېتىپ، كۆزدىن يىتتى.

كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرمۇ تۈگىدى، سەبىھە كەلمىدى، لېكىن كېلىدىغاندەكلا قىلىپ تۇراتتى. «بىرەر ئىشى چىقىپ قالغان بولسا، شۇنى پۈتكۈزۈۋېتىپ قايتاي، دەپ كېچىكىۋاتامدىكىن؟ — دېگەن ئوي بىلەن تۇراتتى ئۇ ئۇمىدىنى ئۈزمەي، — ياكى بىرەر ئوقۇغۇچىنىڭ ئاتا - ئانىسى كەلگەن بولسا، سۆھبىتى ئاخىرلاشماي ھايال بولۇۋاتامدۇ - يە؟ ۋە ياكى ئائىلە سۆھبىتىگە كېتىپ قالدىمۇ؟» بىردىنلا ئۇنىڭ يادىغا ئاۋۇ قورۇدا رەشىدەم ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بارلىقى كېلىپ قالدى. «كىشىلەر نېمە دەپ قېلىۋاتىدىغاندۇ، — دەپ يەنە ئويغا پاتتى ئۇ، — رەشىدەمگە تەلمۈرۈپ قاپتۇ - دە، نىكەم بۇ يەردە تۇرغىلى، ھېچلا كېتەلمەيدىغۇ دېيىشىۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى رەشىدەمنىڭ ئۆزى دېرىزىدىن كۆرگەن بولسا، مېنى ئەگىپ يۈرۈپتۇ - دە، دەپ ئويلاپ قېلىۋاتامدىكىن؟... كىشىلەر نېمە دېسە دېمەمدۇ، گەپ دېگەن چىقىۋېرىدۇ، سەبىھە كەلسىلا بولاتتىغۇ».

نۇرزات خېلى ساقلىدى، سەبىھە كەلمىدى. يەنە بىردەم ساقلىسا، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ مەكتەپكە ماڭىدىغان ۋاقتى بولدى، بايىقىلار يەنە ئۆتىدۇ. شۇنداقتىمۇ، سەبىھەنىڭ ھازىر ئۆيىدە ئىكەنلىكىنى جەزم قىلالىسا، يەنە ساقلىسا بولاتتى، بىراق، ئۆزى كۆردىكى، ئۆيىگە قايتمىدى، ئەمدى ساقلاشنىڭ پايدىسى يوق.

نۇرزات بايا بۇ يەرگە كېلىشتە ئىتتىك قەدەملەر بىلەن كەلگەن، ئەمدى سۆلتىيىپ قايتتى.

## 35

مەكتەپ مۇدىرى قەدىرىيەنى شەھەرگە چۈشۈپ ئىككىنچى مەۋسۇمنىڭ ئوقۇش ماتېرىياللىرىنى ئاچىقىشقا بۇيرۇدى. بۇياققا ھازىرغىچە ماشىنا قاتنىشى سېلىنمىغانىدى. مۇدىر ئوقۇش قو-

راللىرىنى شەھەرگە چۈشۈپ قايتقان ھارۋىلارغا سېلىۋېلىشنى.
ئەگەر ھارۋىلار ئۇچرىمىسا، بىرەر خادىك ھارۋىغا كىرا قىلىپ
ئاچقىشنى ئېيتتى.
مەكتەپتىن يېنىپ كېلىۋېتىپ قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ ئۆزىنىڭ
شەھەرگە چۈشىدىغانلىقىنى، ئوقۇش ماتېرىياللىرى ئاچىقماقچى
بولغانلىقىنى ئېيتقاندا، لەھەلبۇۋى دەرھال قىزىغا:
— ئۇنداقتا، قىزىم، ھېلىقى مەسۇمجان شوپۇرنى ئىزدەپ
تاپايلى، ئۇ ھەر كۈنى مەشەدىن ئاشلىق توشۇۋاتاتتى، ئۇنى تاپ-
ساق، ئۆزۈڭمۇ ئاۋارە بولماي كىرىسەن، كىتابلارنىمۇ جاپا تارت-
ماي ئاچىقىۋالالايسەن، — دېدى.
شۇنداق دەپ تۇرۇشىغا ئۇلارنىڭ كەينىدىن «شەرق شامىلى»
ماركىلىق ماشىنا گۈرۈلدەپ كېلىپ، ئۇلاردىن ئۆتۈپ توختىدى.
ماشىنىغا مىشكاپلارغا قاچىلانغان بۇغداي بېسىلغانىدى. مەسۇم-
جان شوپۇر كابىنكىدىن چۈشۈپ، ئىككىسىنىڭ ئالدىغا كۈلۈم-
سىرەپ كەلدى. ئۇلار تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشقاندىن كېيىن،
لەھەلبۇۋى ئۇنىڭدىن سورىدى:
— شەھەرگە ماڭدىڭىزمۇ، ئۇكام؟
— ھەئە.
— يەنە چىقامسىز؟
— چۈشتىن كېيىن يەنە چىقىمەن.
— ياخشى بولدى، قەدىرىيە شەھەرگە چۈشۈپ كىتابخانىدىن
كىتاب، خەرىتىلەرنى ئاچىقماقچىدى...
لەھەلبۇۋىنىڭ سۆزى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا، مەسۇمجان ئۇ-
نىڭ نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەندى.
— ماشىنىغا چىقىڭ، — دېدى ئۇ، — سىزنى كىتابخانى-
نىڭ ئالدىغا چۈشۈرۈپ قويسام، كىتابلىرىڭىزنى ئېلىپ تەييار
بولۇپ تۇرسىڭىز، قايتىشتا سىزنىمۇ، كىتابلىرىڭىزنىمۇ ئاچىق-
مامدىم.

مۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشتىن لەھەلبۇۋىمۇ، قەدىرىيەمۇ خۇشال بولۇپ كەتتى. لەھەلبۇۋى:

— ئەمىسە، چاي ئىچىپ مېڭىڭلار، — دېدى.

— ياق، — دېدى شوپۇر ئالدىراپ، — كېچىكىپ قالساق، بىز چىققۇچە بۇ يەردىكى ئاشلىق باسىدىغانلار ئىشتىن چۈشۈپ كېتىدۇ. قورساقنى شەھەرگە كىرگەندە تويغۇزۇۋالىمىز، قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ، رەسمىيەتلىرىڭىزنى ئالغانمۇ؟ — دېدى ئۇ قەدىرىيەگە بۇرۇلۇپ.

— ئالغان.

— پۇلىنىچۇ؟

— ھەممىسىنى ئالغان.

— ئەمىسە، كەتتۇق.

قەدىرىيە سەل تارتىنىپراق مەسۇمجاننىڭ يېنىغا چىقىپ ئولتۇردى.

— كەچكە تاماق ئېتىپ، سىلەرگە قاراپ تۇرىمەن، — دېدى لەھەلبۇۋى — سالامەت بېرىپ كېلىڭلار.

ماشىنا ئوت ئېلىپ گۈرۈلدىدى ـ دە، يۈرۈپ كەتتى. يوللار، يولنىڭ ئىككى ياقىسىدىكى ئېتىز ـ دالالار، ئېدىرلىقلار ئاق قار بىلەن چۈمكەلگەنىدى. ماشىنا گويا ئاپئاق بۇلۇتلار قوينىدا، ئۆزگىچە گۈزەل بىر دۇنيا ئىچىدە ئۇچقاندەك كېتىپ باراتتى. ماشىنىنىڭ ئاستى، ئەتراپلىرىدا قار توزانلىرى پىرقىرايتتى. بىلگەن ئادەم ئۇچۇن مۇشۇ ئاپئاق دۇنيانى تاماشا قىلىشنىڭمۇ ئۆزگىچە ھۇزۇرى بولىدۇ. قەدىرىيە ماشىنا ئەينىكىدىن ئەتراپقا زوقلىنىپ قاراپ، ھۇزۇرلىنىپ ئۆزىنى بۇلۇتلارنى يېرىپ كېتىپ بارغان قەيسەر قۇشتەك سېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ شۇ مىنۇتلاردا قىشنىڭمۇ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكى، گۈزەللىكى بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ھەسرەتلىرى يەنىلا ھۆكۈمران ئىدى: «ھېس ـ تۇيغۇلىرىم ئۆزۈمگە بويسۇن-

ـماي كېلىۋاتىدۇ، — دەپ خىيالغا كەتكەندى ئۇ، — نېمە بېسىلماس ھېس - تۇيغۇلىرىم مېنى قانداق قىلىپ قويار، نېمە كويلارغا سالار؟ ئۇمىدسىزلىكلىرىم ئۇمىدكە، قايغۇلىرىم خۇ- شاللىـقىقا ئايلانماسـمۇ؟ ھېـس - تۇيغۇلىرىمـنى باشقۇرالماس- مەنمۇ؟... بىلمەيمەن، ئالدىمدا مېنى نېمىلەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقد- نى، قانداق تەقدىرگە قالىدىغانلىقىمنى بىلمەيمەن...»

ماشىنا ئۈچقاندەك كېتىپ باراتتى. كۆزگە تاشلىنىپ تۇرغان گۈزەللىكلەر كەينىگە قېلىۋاتسىمۇ، ئالدىدا يېڭىدىن - يېڭى گۈزەللىكلەر باشلىنىپ تۇراتتى. قەدىرىيەگە كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا قاراپ - قاراپ قويۇۋاتقان مەسۇمجان ئۇنىڭ تەگسىز خىياللارغا پېتىپ قالغانلىقىنى بايقاپ قالدى: «بىرىنى ياخشى كۆرۈپ قې- لىپ، ياخشى كۆرگەن ئادىمى ئېغىز ئاچماي، ئېغىز ئېچىشقا ئۆزى جۈرئەت قىلالماي قىينىلىۋاتقاندەك قىلىدۇ بۇ قىز، قىز- لارنىڭ مۇھەببەتتىن باشقا نېمە غېمى بولاتتى» دەپ ئويلىدى شوپۇر.

— ئاپىڭىزنىڭ مۇئەللىملىك قىلىۋاتقىنىغا نەچچە يىل بول- دى؟ — ئۇنىڭ سوئالى قەدىرىيەنى چۆچۈتۈۋەتتى.

— ئون يەتتە - ئون سەككىز يىل بولدىغۇ دەيمەن.

— سىز نەچچە ياشقا كىردىڭىز؟

— ئون سەككىزدىن ئاشتىم.

— ئاپىڭىزنىڭ مۇئەللىملىك قىلغان يىلى بىلەن يېشىڭىز تەڭ ئىكەن - دە، ئاڭلىسام دادىڭىزدىن بوۋاق قاپتىكەنسىز - ھە؟

— شۇنداق بوپتىكەن.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىڭىز ياتلىق بولمىدىما؟

— ياق! — ياق! ...، — قەدىرىيەنىڭ ئاۋازى ئۆزى سەزمىد- گەن ھالدا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى، — ئاپام قايتا ياتلىق بولۇشنى خالىماپتۇ. ئىككىمىز يالغۇز ياشىدۇق... ئاپامنىڭ مېنى بېقىش-

تىن، ئوقۇتۇش، قاتارغا قېتىشتىن باشقا ئارزۇسى بولمىغان.
— ئاپىڭىز ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال ئىكەن، مۇنداق ئانىلار ناھايىتى كەم تېپىلىدۇ، — مەسۇمجان ئۆزىنىڭ سۆزىدىن ئۆزى تەسىرلىنىپ، كۆزلىرىنى ئۆزى بېسىپ كېتىپ بارغان يولغا تېخىمۇ قاتتىق تىكتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا لەھەلبۇۋىنىڭ قىياپە-تى ئاجايىپ ئىللىق، بۈيۈك سىيما بولۇپ تىكلىنىپ كەلدى: «مۇنۇ ئوخشاشلىقنى قاراڭلار، — دەپ ئويلاشقا باشلىدى ئۇ يېقىملىق تۇيغۇدا، — مەن ئوغلۇمنى دەپ ئۆيلەنمەي كېلىۋاتىد-مەن، ئۇ قىزىنى دەپ ياتلىق بولماي كېلىۋېتىپتۇ».
ئۇ كۆزىنى يولدىن ئېلىپ قەدىرىيەگە قارىدى:
— ئاپىڭىزنى بېشىڭىزغا ئېلىپ كۆتۈرسىڭىز ئازلىق قىلغۇ-دەك.
— مېنى ئاپىسىنى قەدىرلىمەيدۇ، ھالىغا يەتمەيدۇ دەمسىز؟
— يېتىۋاتقانسىز، ئەلۋەتتە يېتىشىڭىز كېرەك.
قەدىرىيە شوپۇرغا ئىتتىك بۇرۇلۇپ، ئېغىزىنى گەپكە ئۆ-مەللىگىنىچە توختاپ قالدى. ئۇ ئاپىسىنىڭ قەدرىگە قانچىلىك يېتىۋاتقانلىقىنى، ئاپىسىنى دەپ ئۆزىنىڭ مۇھەببىتىنى قۇربان قىلىۋەتكەنلىكىنى ئېغىزىدىن چىقىرىۋېتىشكە ئاز قالغانىدى. شۇ تۇرقىدا قەدىرىيەنىڭ ھېسسىياتىغىچە سەپسالغان ئادەم ئۇنىڭ روھىي ھالىتىدىن بىر تەرەپتىن، غۇرۇر، ئىشەنچىنىڭ، يەنە بىر تەرەپتىن ھەسرەت ـ ئەلەمنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى بايقى-ۋېلىشى مۇمكىن ئىدى.
ئۇلار شەھەرگە كىردى. ۋاقىت چۈشتىن ئۆتكەن، تاماق يېيىش كېرەك ئىدى. مەسۇمجان شوپۇر قەدىرىيەنى داڭلىق، تامىقى تەملىك ئاشخانىلاردا مېھمان قىلماقچىدى، بىراق، قەدى-رىيە ئۇنداق ئادەملەر ئۇزۇلمەي كىرىپ تۇرغان كاتتا ئاشخانىلارغا كىرىشكە قەتئىي ئۇنىماي تۇرۇۋالغاچقا، بىر كىچىك سامسىخانىغا كىرىپ تاماقلاندى.

قەدىرىيە كىتابخانىنىڭ ئالدىدا قالدى. مەسۇمجان ئاشلىق ساڭغا ماڭدى. ئۇ ئاشلىقنى چۈشۈرۈۋېتىپ قايتىپ كەلگۈچە بۇمۇ كىتابلىرىنى ئېلىپ، تەقلەپ قويماقچى بولۇپ كېلىشتى. قەدىرىيە ئوقۇش قوراللىرىنى تارقىتىدىغان ئادەمنى كۈتۈپ بىرئاز تۇرۇپ قالدى. بۇ كوچىلار ئۇ تالاي - تالاي قېتىم بېسىپ ئۆتكەن، كەزگەن كوچىلار، مۇشۇ كوچىنى بويلاپ يۇقىرىلاپ مېڭىپ ئوڭغا بۇرۇلسا، ئۇ كوچا ئۇنى ئۈچ يىل ئوقۇغان، تۇز - تائام، بىلىم بەرگەن، ئادەم قىلغان، مېھرى ئىسسىق ئىككىنچى ئانا مەكتىپىگە ئېلىپ بارىدۇ، سۆيۈملۈك ئۇستازلىرى بىلەن كۆرۈشتۇرىدۇ. شۇنداق قىلسا ناھايىتى ياخشى بولاتتى، بىراق، ۋاقتى يوق. سول قولغا بۇرۇلسا، ئۇ كوچا ئۇنىڭ بوۋىسىنىڭ، مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارىدۇ. ئۇلارنى كۆرسە ئۇلارنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىنى، قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى ئاپىسىغا ئېيتىپ بەرسە، شۇنداق ياخشى بولاتتى - دە. بىراق، ئۆيدە بوۋىسىنىڭ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدۇ، قورقىدۇ.

ئۇ كىتاب - خەرىتىلەرنى ئېلىپ تەييار قىلىپ قويۇپ بازارغا كەتتى. بازاردىن سەبىھە بەرگەن پۇلغا ئۇنىڭ دېگىنى بويىچە يوللۇق شارپا ئېلىپ قايتتى. بىردەمدىن كېيىن مەسۇمجانمۇ ماشىنىسىنى گۈرۈلدىتىپ يېتىپ كەلدى - دە، بايىقى يوللارنى بېسىپ مەھەللىگە يېتىپ چىقتى. قەدىرىيە مەكتەپنىڭ ئالدىغا كەلگەندە ئوقۇش قوراللىرىنى چۈشۈرۈۋېلىپ، بۆلۈمگە ئەكىرىپ قويۇپ، ئۆيىگە ياندى. مەسۇمجان ۋاقتىدا ئاشلىق بېسىۋېلىش ئۈچۈن، تېزلىكتە ئامبارغا يۈرۈپ كەتتى.

— كىتابلىرىڭنى ئاچىقىۋالدىڭمۇ، قىزىم، — دېدى لەھەلبۇۋى ئۆيگە كىرىپ كەلگەن قىزىغا قاراپ.

— ھەئە، ئاچىقتۇق.

— مەسۇمجان قېنى؟

— ئامبارغا كەتتى.

— ئۆيگە كىرىڭ دېمىدىڭمۇ؟
— دېمەي قالامدىم، كىشىلەر ئىشتىن چۈشۈپ كەتكۈچە
ئاشلىق بېسىۋالاي دېدى. هازىر كېلىدۇ.
لەھەلبۇۋى مەكتەپتىن يېڭىلا كېلىپ، تاماقىا تۇتۇش قىلىد-
ۋاتاتتى. قەدىرىيە ئاپىسىغا سەبىھەنىڭ شارپا ئالغاچ چىق دەپ
پۇل بەرگەنلىكىنى، ئۇنى هازىر ئاپىرىپ بېرىدىغانلىقىنى ئېيتىپ
ئۆيدىن چىقتى. ئاپىسى ۋارقىراپ قالدى:
— ھېلى تاماق تەييار بولاتتى.
— بېرىپلا قايتىمەن.
لەڭمەن سوزۇلۇۋاتقاندا، ئۆيگە مەسۇمجان كىرىپ كەلدى.
ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىدە ئۆتكەنكى قېتىملاردىكى تارتىنىش، قورۇ-
نۇشلاردىن بىرەر ئالامەت قالمىغان بولسىمۇ، ئەمما چىرايىدىن
ئەدەپلىكلىكى، مۇلايىملىقى بىلىنىپ تۇراتتى. لەھەلبۇۋى يۇقى-
رىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغان مەسۇمجاننىڭ ئاستىغا ئۇنىمىغى-
نىغا قويماي كۆرپە سالدى. تالاش - تارتىش بولۇۋاتقاندا، ئىك-
كىسىنىڭ قولى بىر - بىرىگە تېگىشىپ كېتىۋىدى، بىرىنىڭ
قولى راھەتلەندى، بىرى ئەندىكىپ كەتتى. كۆرپىنىڭ ئۈستىدە
ئولتۇرغان مەسۇمجان لەھەلبۇۋىگە، ئۇنىڭ ھەرىكەتلىرىگە سەپ-
سېلىپ قارىدى: ئىسسىق ئۆيدە ئۇ يالاڭ كىيىمدە ئىدى، قازانغا
ئاش سېلىۋاتاتتى. ئىككى تېقىمىغا ئۆرۈلۈپ چۈشكەن چاچلىرى،
قاشلىرى، ئۇزۇن كىرپىكلىرى يالتىراپ تۇراتتى. ئاپئاق، سى-
لىق يۈزىدىن، چىرايلىق كۆزلىرىدىن نۇر چېچىلىپ تۇرغاندەك
قىلاتتى. ئۇچىسىدا بېغىر رەڭ سارجا كۆڭلەك بولۇپ، ئۈستىگە
كىيىۋالغان پوپايكىسىنىڭ مەيدىسىنىڭ ئىككى تەرىپىگە ئىككى
قىزىلگۈل چېكىلگەن؛ چىڭ كۆكسى ئاشۇ گۈللەرنى خېلىلا كۆ-
تۈرۈپ تۇراتتى. پوپايكىنىڭ يەڭلىرى تۈرۈلگەن، ھەرىكىتى چاق-
قان، چەبدەس ئىدى. پېشانە ۋە بۇرۇن ئۇچلىرىدا ئۇششاق،
سۈزۈك تەر تامچىلىرى پارقىرايتتى.

مەسۇمجان تۇرۇپلا لەھەلبۇۋىنىڭ ئۆزىگە قارىشىنى، ئۆزىگە قاراپ گەپ قىلىشىنى، كۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىپ قېلىشلىرىنى خالاپ قالدى. ئۇ تاماكىسىنى ئاخىرقى قېتىم شوراپ تۇ-گەتتى - دە:

— قەدىرىيە كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دەپ سورىدى.

— دوستىنىڭكىگە كەتكەن، ئولتۇرۇپ قالدى ئېھتىمالىم، ھېلى كېلىپ قالار، — لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا قارىمايلا ئىشىنى قىلغاچ جاۋاب بەردى، — سىز كىرگەندە لەغمەنلا بولۇپ قېلىۋا-تىدۇ، باشقا تاماق ئېتەي دېگەن، ئۆلگۈرەلمەسمەنمىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، قېنى ئېلىڭا، ئۇكام، — ئۇ چىنە تەخسىدە ئۇنىڭ ئالدىغا لەغمەننى قويۇپ، ئاچچىقسۇ، لازىجاڭلارنى سۈرۈپ قويدى.

— لەغمەن دېگەن نانغا ئوخشاش تاماق، كۈندە يېسىمۇ زېرىكمەيدۇ كىشى، — دېدى مەسۇمجان قولىغا چوكىنى ئېلىپ، — مەن لەغمەنگە قالتىس ئامراق، كۈنىگە نەچچە ۋاخ يېسەممۇ قانمايمەن. ئۇنىڭ ئۇستىگە سىز لەغمەنگە ئۇستا ئىكەن-سىز، ئۆتكەنكى لەغمىنىڭىز ئاغزىمدا قاپتىكەن...

— مەن ئاش - تاماقتا ئانچە يوق، مەيەردە بىر قوشنام بار — موماي، — دېدى لەھەلبۇۋى ئۆزىگە ئاش سېلىۋېتىپ، — گۆشى بولمىسىمۇ تاماقلارنى شۇنداق ئوخشىتىدۇ. لەغمىنىنى قورسىقىم توق بولسىمۇ يېگۈم كېلىپ تۇرىدۇ.

— سىز شۇ مومايدىن ئۆگەنگەن ئوخشايسىز، لەغمىنىڭىزنى مېنىڭمۇ يېسەم يېگۈم كېلىپ تۇرىدۇ. قېنى ئۆزىڭىزمۇ كېلىڭا، بىللە ئولتۇرۇپ يەيلى.

— ئىككىسى ئۇدۇلمۇ ئۇدۇل ئولتۇرۇپ تاماق يېيىشكە باشلىدى. مەسۇمجان تاماق يېگەچ ئارىلاپ - ئارىلاپ لەھەلبۇۋىگە قاراپ قوياتتى. راستىنى ئېيتقاندا قارىغۇسى كېلىپلا تۇراتتى. ئۇ ئۇنى ھېچقاچان ئۆزىدىن بەش - ئالتە ياش چوڭ دەپ بىلمەيتتى

ۋە «ھەدە» دېگۈسىمۇ كەلمەيتتى. تېخى ئۆزىدىن كىچىكرەك، ئەڭ بولمىغاندا ئۆزى بىلەن تەڭ دېمەتلىك ھېس قىلاتتى. قەدىرد-يەنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇرسىمۇ، يەنىلا شۇنداق ئويلايتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىپ قالغانلىقىغا ھەيرانمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ شۇنداق ھېس ـ تۇيغۇغا كېلىپ قالغانىكەن، بىز نېمە دەيمىز؟ مەيلى ئەمەسمۇ دېيىشىمىز كېرەك، ئەلۋەتتە!

قاچا ـ قۇچىلار يىغىشتۇرۇلۇپ بولغاندىن كېيىن، ئىككى-سى پاراڭ بىلەن ئولتۇرۇپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ بىر تال قىزىڭىزغا شۇنچىلىك كۆيۈنگىنىد-ڭىزگە قايىل، — دېدى مەسۇمجان تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ، — قىزىمنى چوڭ قىلىمەن، دەپ شۇنچە يىل ئولتۇرۇپسىز...

— بۇ خىل تەقدىرگە قالغان ئانىلارنىڭ كۆپى شۇنداق بولىد-دۇ، بۇنىڭ قانچىلىك ئۆزگىچىلىكى بولسۇن.

— ياق، ناھايىتى ئازلىرى شۇنداق بولىدۇ.

— كىشى ئۆزىنىڭ پەرزەنتىگە كۆيۈنۈشى، دىلى ئازار يېمەي-دىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. بۇ نورمال ئىش شۇنداقلا يەنە باشقىلارنىڭ پەرزەنتىگىمۇ كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭمۇ دىلى ئازار يېمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىشى كېرەك. ئادەمدە شۇنداق قاراش، روھ، ئىرادە بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ ھايۋاندىن نېمە پەرقى قالىدۇ؟... مەن شۇنداق قارايمەن. كۆپچىد-لىك ئانىلارمۇ شۇنداق قارايدۇ، بۇنىڭ ھەيران قالغۇچىلىكى يوق.

مەسۇمجاننىڭ مۇنۇ ئالدىدا تۇرغان گۈزەل ئايالغا ئىشتىياقى قوزغىلىپ، ئۆزى تۇيغان ياكى تۇيمىغان ھالدا ئۇنىڭغا تىكىلىپ قالدى ۋە ئوت چاقنىغان كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ خېلىغىچە تۇرۇپ كەتتى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ ئوتلۇق قارد-شىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، كۆزىنى ئۇياق ـ بۇياققا قاچۇرۇپ

مەڭدەپ هودۇقۇپ قالدى هەم ئۇنىڭ ئۆزىنىڭكىدەك ئۇزۇن كىر-
پىكلىرى يۇرىكىگە تەگكەندەك بىرقىسما بولۇپ پەسكە قارىۋالدى.
كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان كۆكسى يۇقىرى - تۆۋەن بولۇپ، ئۇنىڭدا
قانداقتۇر بىلىپ بولماس ھىس - تۇيغۇلارنىڭ يېنىۋاتقانلىقىنى
ئىپادىلەپ قويۇۋاتاتتى، لەھەلبۇۋى شۇ ھالدا بىردەم تۇرغاندىن
كېيىن، بېشىنى ئاستا كۆتۈرۈپ مەسۇمجاننىڭ تېخىچە ئۆزىگە
تىكىلىپ تۇرغانلىقىنى كۆردى. سەل خۇدۇكسىرەپ سورىدى:

— نېمىگە شۇنچە قاراپ كەتتىڭىز؟

— ھالقىڭىزغا، — مەسۇمجاننىڭ لەھەلبۇۋىنىڭ قۇلىقىدى-
كى ياقۇت كۆزلۈك ھالقىسىغا قارىغانلىقىمۇ راست ئىدى.

— بۇ كونا ھالقا، قارىغۇچىلىكى يوق.

— كونا دەيسىزۇ، ئاجايىپ چاقناپ تۇرۇپتۇ، بايقاۋاتقاندى-
سىز، كۆزلىرىم قامىشىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ۋىيەي... بۇ يېڭى بولمىسا...

— يېڭى ۋاقتىدا كۆرگەن بولسام، بەلكىم ھوشۇمدىن كېتى-
دىغان چېغىم.

لەھەلبۇۋىمۇ، مەسۇمجانمۇ كۈلۈپ كەتتى. لەھەلبۇۋى كۈل-
كىسى ئاخىرلىشىش بىلەن تەڭلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قەدىرىيەگە
ئېلىپ قويغان تاماقنى قازان بېشىدىكى ئالدىغا داكا تارتىپ قو-
يۇلغان ئويۇققا قويۇپ قويدى - دە، يىغىشتۇرۇپ قويغان قاچىلى-
رىنى يۇيۇشقا ئولتۇردى.

مەسۇمجان بىر ئورام تاماكا يۆگىدى - دە، ئۇنى تۇتاشتۇ-
رۇپ، كەتمەكچى بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇنىڭ لىقلىتىپ
ئاشلىق بېسىلغان ماشىنىسى ئىشىك ئالدىدا ئىدى.

— رەھمەت سىزگە، مەن قايتاي.

— رەھمەتنى سىزگە بىز ئېيتساق بولىدۇ، ئولتۇرۇڭ،
قايناق سۇ تەييار، ھازىرلا چاي دەملەيمەن؟!

— كەچ كىرىپ كەتتى، — مەسۇمجان ماڭدى.

— ئەمىسە، كېلىپ تۇرۇڭ، تارتىنماڭ.
— سىز قارشى ئالسىڭىزلا كېلىپ تۇرىمەن، ھەرگىزمۇ تارتىنمايمەن.
— نېمىشقا قارشى ئالمايمەن، مېھماننى قارشى ئالمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟ قانچە كۆپ كەلسىڭىز، شۇنچە خۇش بولىمىز. «بىر كۆرگەن تونۇش، ئىككى كۆرگەن تۇغقان» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ.
— شۇنداق، بەلكى بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا يېتىدىغانلار-دىن بولۇپ قالارمىز، — دېدى مەسۇمجان مەنىلىك قىلىپ ئە-شىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ.
لەھەلبۇۋى ئۇنى كوچىغىچە ئۇزىتىپ چىقتى ۋە ماشىنا ئوت ئېلىپ ماڭغۇچە ماراپ تۇردى. ماشىنا ئۇزاپ كۆزدىن يىتكەندىن كېيىن، «ئۇنى قويۇپ بەرمەي، قەدىرىيە قايتىپ كەلگۈچە، پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ تۇرساقمۇ بوپتىكەن» دەپ ئويلىدى لە-ھەلبۇۋى.

※ ※

مىسكىنلىك، روھىي چۈشكۈنلۈكنى ئاخىرلاشتۇرغان ئايالدا بىر خىل يېڭىلىق، شادلىقنى ئۇرغۇتىدىغان ھېس - تۇيغۇلار پەيدا بولىدۇ. ھاياتقا مۇنداق يېڭىچە تەلپۈنۈش ئويغانغان چاغدا، ئۆلگەن ياكى تۇنجۇقۇپ ياتقان نازۇك ئىشق ھېسلار ئاستا - ئاستا تىرىلىدۇ، شۇنداقلا ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، تۇرمۇشنىڭ لەززە-تىنى سېزىشمۇ باشلىنىدۇ. لەھەلبۇۋى قىشنىڭ ئۇزاق تۈنىنى بۈگۈن تۈن يانغۇچە ئۇخلىيالماي ئۆتكۈزدى، لەھەلبۇۋىنىڭ بۈ-گۈن ئۇخلىيالماي تولغىنىپ يېتىشىغا، تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ، تونۇشۇپ قالغان مەسۇمجان ئاتلىق مۇنۇ شوپۇر ۋە ئۇنىڭ مەنىلىك سۆزلىرى، ھەرىكەت - قىلىقلىرى سەۋەب بولۇپ قالدى: «بۇ

نېمە قىلىق؟··· كۆزۈمگە نېمىشقا ئۇيقۇ كەلمەيدۇ؟ نېمىشقا زادىلا
كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭقۇر خىياللارغا پېتىپ قالىمەن؟ نېمىشقا
ئۇ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالىدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭدىن ئۆلگەن ھېسلى-
رىمنى ئويغىتىدىغان، بەدەنلىرىمنى بوشاشتۇرىدىغان ۋە يېقىم-
لىق تۇيۇلىدىغان بىر خىل پۇراقلارنى سېزىمەن؟ —
لەھەلبۇۋى ۋۇجۇدىنى تىترىتىدىغان سوئاللارغا كۆمۈلۈپ قالغان-
دى، — مەن دۇنيادىن مۇشۇنداق يالغۇز، يەككە - يېگانە ئۆتۈپ
كەتمەكچى ئەمەسمىدىم··· ماڭا مەيلىنى بىلدۈرگەن نۇرغۇن ئادەم-
لەر، باشقىلار تاپقان تالاي - تالاي لايىقلار مېنى تەۋرىتەلمىگەن،
بىر ئەر بىلەن بىر ياستۇققا باش قويۇپ ياشاش ھەۋەس -
ئىشتىياقىمنى ئويغىتالمىغان، بۇ نېمە كارامەت؟ نېمىشقا ئىرا-
دەمدىن سىرت ئىشلار يۈز بېرىدۇ؟··· ئايىسخان موماي: «سىزگە
تېخى ئەر كېرەك، خالاپ قالىسىز»، دەۋاتاتتى، راستمۇ نېمە؟
··· ئۆزۈمدىن بەش - ئالتە ياش كىچىك ئادەمگە قوزغىلىپ
قالغان شەرمەندە ھېس - تۇيغۇ بۇ··· توۋا، توۋا دېگۈلۈك
بۇنىڭغا!»

لەھەلبۇۋى ئۆزىدە يېقىملىق ھېس - تۇيغۇلارنىڭ قوز-
غىلىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان مەسۇمجاننىڭ مۇنۇ سۆز-
لىرىنى ئويلىدى: «قىز بالىدەك تۇرۇپسىز»، «ماڭا ياش
كۆرۈنۈۋاتىسىز»، «ھالىڭىز چاقناپ تۇرۇپتۇ»، «بايقاۋاتام-
سىز، كۆزلىرىم قامىشىپ كېتىۋاتىدۇ»، «سىز قارشى ئالىدى-
ڭىزلا كېلىپ تۇرىمەن»، «بەلكى بىر - بىرىمىزنىڭ ھالىغا
يېتىدىغانلاردىن بولۇپ قالارمىز···» لەھەلبۇۋىنىڭ قۇرۇغان لەۋ-
لىرى يەنە پىچىرلاشقا باشلىدى: «ئۇ مۇشۇ مەنىلىك گەپلەرنى
بىكارغا ئېيتمىغاندۇ، بىر ئادەمنىڭ ئىككىنچى بىر ئادەمگە مەيلى
چۈشمىسە، ھېسسىياتلىق سۆزلەرنى قىلامدۇ، — ئۇ بىردىنلا

باشقىچە ئوي ـ خىيالغا كېلىپ قالدى، — ۋاي خۇدايىم، قەدىرد-
يەنىڭ ئالدىدا نېمە سەتچىلىك بۇ··· ئۇ ماڭا ئۆز مەيلىنى بىلدۇ-
رۇپ ئوچۇق گەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ئۆزۈمدىن بەش ـ ئالتە
ياش كىچىك ئادەم بىلەن··· ياق، ياق، مۇمكىن ئەمەس.
ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس!»

بىر ئادەم ھەسرەتلىرىنى ئۇنتۇغان، خاتىرجەملىنىپ قالغان چاغدا، مۇھەببەتكە موھتاج بولىدۇ، مۇھەببەتلىك ھېس ـ تۇيغۇدا يانىدۇ، ئۆرتىنىدۇ، بۇ تەبىئەت ئادەملەرگە ئاتا قىلغان ھېسسىيات. لەھەلبۇۋى: «قەدىرىيەنىڭ ئالدىدا سەت»، «ئۇ مەندىن بەش ـ ئالتە ياش كىچىك» دەۋاتسىمۇ، بەربىر ئۆزىدە پەيدا بولغان ئاشۇ ھېسسىياتنىڭ قايىنمىغا چۈشۈپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ ھېسسىياتى تۇنجۇقۇپ كېتەمدۇ ياكى تېخىمۇ ئۆرلەمدۇ، ئۇ ئۆزى: «بۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس» ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس، دېگەن ئىرادىسىدە تۇرالامدۇ ياكى تۇرالمامدۇ، قەدىرلىك كىتابخان، بۇنى ئادەمنىڭ ئىشق ھېسسى، تەبىئىتى بەلگىلەيدۇ.

شۇ تۇرقىدا، لەھەلبۇۋى ئۇخلىيالماي تولغىنىۋاتقان بۇ كېچىدە، شەھەردىكى مېھمانخانىدا يەنە بىر كىشى ئۇخلىيالماي تولغىنىپ ياتىدۇ. بۇ كىم؟ بۇ لەھەلبۇۋىنىڭ كۆز ئالدىغا كېلىۋالغان مەسۇمجان. مەسۇمجاننىڭ كۆز ئالدىغىمۇ لەھەلبۇۋى كېلىۋالغانىدى. ئەمما مەسۇمجان لەھەلبۇۋىدەك ئارىسالدى بولغىنى يوق. ئۇ ئۇنى پۈتۈنلەي ياخشى كۆرۈپ قالدى: «مېنىڭ ئارزۇ قىلىپ يۈرگىنىم مۇشۇنداق ئايال ئىدى، — دەپ ئويلاۋاتاتتى ئۇ، — ئۇ ئىرادىلىك، مېھرىبان، بالىنى، بالىنىڭ كۆڭلىنى، ئۇنىڭ ئازار يېمەسلىكىنى ئويلايدىغان ئايال ئىكەن. مەن ئۇنى چۈشىنىپ يەتتىم، ئۆزىنى تۇتقان، ئەخلاقلىق ئايال ئىكەن، جەزملەشتۈرەلەيمەنكى، ئۇ مېنىڭ ئاپامنى، بالامنى ياخشى كۆ-

رۇپ كېتىدۇ، ئۆگەيلىك قىلمايدۇ. قاراڭلار ئۇنىڭ: «باشقىلار-نىڭمۇ پەرزەنتىگە كۆيۈنۈش، ئۇلارنىڭمۇ دىلى ئازار يېمەيدىغان ئىشلارنى قىلىشقا تىرىشىش كېرەك. ئادەمدە شۇنداق قاراش، روھ، ئىرادە بولمىسا، ئۇنداق ئادەمنىڭ هايۋاندىن نېمە پەرقى قالىدۇ» دېگەن گېپىنى. بالىغا ئۆگەيلىك قىلىدىغان، كىشىنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشنى بىلمەيدىغان ئايالنىڭ ئاغزىدىن هەرگىز مۇن-داق گەپ چىقمايدۇ. بۇ شۇنداق ئېسىل، ئارمىنىمدىكىدەك ئايال ئىكەن».

مەسۇمجان ئۆزى بىلەن لەهەلبۇۋى ئوتتۇرىسىدىكى ياش پەر-قىنىمۇ ئويلىدى ۋە بۇنىڭ تىلغا ئالغۇدەك زۆرۈرىيىتىمۇ يوق، دەپ قاردى: «ئەرلەر ئۆزىدىن بەش - ئون ياش، هەتتا ئون بەش - يىگىرمە ياش كىچىك قىزلارنى ئالسا بولىدىكەنۇ، مەن ئۆزۈمدىن بەش ياش چوڭ ئايالنى ئالسام نېمىشقا بولمايدىكەن؟! تۇرمۇشنىڭ ئاقىۋەتلىك بولۇش - بولماسلىقى ياش پەرقىنىڭ چوڭ - كىچىكلىكىدە ئەمەس ئىكەنغۇ، مەن ئۆزۈمدىن يەتتە ياش كىچىك قىزنى ئېلىۋىدىم، تۇرمۇشىمىز ئويلىمىغان يەردىن بۇزۇلۇپ كەتتى، ئۆزۈمدىن بىر نەچچە ياش چوڭ ئايالنى ئالساممۇ، تۇرمۇش خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ئۆتسە، شۇسى ئەۋزەل ئەمەسمۇ، گەپ ياشتا ئەمەس - دە. ئۇ قىزنى ياتلىق قىلىۋەتسە، خالىسا تېكەسكە ئەكەتسەم ياكى بولمىسا مەن خىزمىتىمنى بۇ يەرگە يۆتكەپ كەلسەم، بىز چوقۇم خاتىرجەم، كۆڭۈللۈك ياشايمىز. شۇنداق بولىدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىۋاتى-دۇ، چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. گەپ ئۇنىڭ مېنى ياقتۇرۇش - ياقتۇرماسلىقىدا، ياقتۇرۇپ قالسا بەختىمنىڭ ئېچىلغانلىقى، ياقتۇرمىسا، ماڭا بەك ئۇۋال قىلغان بولىدۇ، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، ئۆزۈمگە لايىق كۆرۈپ بولدۇم».

# 36

سەبىھە نۇرزاتتىن ئايرىلغاندىن بېرى ئۇنى هازىرغىچە بىر
قېتىممۇ كۆرمىدى. هازىر كېچە ـ كۈندۈز ھەتتا چۈشىدىمۇ
كۆرۈشۈش تەشنالىقىدا يېنىپ يۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنى ئۇنتۇپ كېتەي،
دەپ ئۆزىنى قانچە ـ قانچە رەت مەجبۇرلاپ باقتى، بولمىدى،
ئۇنتۇيالمىدى. ئۇنتۇپ كېتىشكە كۆزى يەتمەي، بارغانسېرى
ھەسرەتلىرى ئىچىگە پاتماي قىينىلىشقا باشلىدى. ئۇنتۇپ كې-
تىشكە قۇدرىتى يەتمەيدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. سۆيگەن ئادەمنى
ئۇنتۇپ كېتىش ئاتا ـ ئانىنى ئۇنتۇپ كېتىشتىنمۇ قىيىن بولۇپ
تۇيۇلدى. ئۇيقۇسى قاچقان كېچىلەردە جۈرئەت قىلىپ ئۇنى ئىز-
دىمەكچى بولاتتى، ھەتتا باشقا يەرلەردىن تاپالمىسا ئۆيىگە بېرىش-
نى كۆڭلىگە پۈكەتتى. ئەتىسى ئويغىنىپ كۆز ئاچقاندا، ئۇ
ئويلىرىدىن ئىككىلىنىپ يالتىيىپ قالاتتى، ئۇنى ئىزدەپ تې-
پىش، ئۆيىگە بېرىش ئويلىرىنى قىزلىق نومۇسى يېڭىپ كېتەت-
تى. «مېنىڭ مۇشۇنداق قىينىلىپ يۈرۈۋاتقىنىمنى نۇرزات بىلد-
ۋاتامدىغاندۇ، ھېس قىلامدىغاندۇ؟… توۋا، نۇرزات نېمىشقا مې-
نى بىرەر قېتىم ئىزدەپ قويمايدىغاندۇ؟ ئۆيگە كېلەلمىسە، مەك-
تەپكە بارالمىسا، مەن ئۆتەر يوللارغا كېلىپ تۇرسا كۆرۈشىمىز-
غۇ، ھېچبولمىسا مەكتەپنىڭ ئالدىغا كېلىپ، بۆلۈمگە كىرەلمى-
دى دەيلى، بىرەر ئوقۇغۇچىدىن چاقىرتسا بولاتتىغۇ، مېنى
ئۇنتۇپ كەتتىمۇ ـ يە؟… ياق، ئۇنتۇيالمايدۇ، ئۇنتۇپ كېتىشى
مۇمكىن ئەمەس. ئايرىلىپ كېتىدىغان چېغىمىزدا، ئۇ: ‹ كۆرۈ-
شۈپ تۇرايلى، دوستلۇقىمىزنى بولسىمۇ قەدىرلەيلى› ، دېگەنىدى-
غۇ… بىراق، سانىماي سەككىز دېمەي، ئۇمۇ كۆرۈشۈش، پاراڭ-
لىشىش ئۈچۈن ئىزدەنگەندۇ، كۆرۈشۈشكە نېسىپ بولمىغاندۇ.

نۇرزات، سۆيۈملۈك ئادىمىم، قانداق بولۇپ قالغانسىز، ئېيتىڭا، نېمىشقا كۆرۈشەلمەيمىز؟»

سەبىھە ئۆزىنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى — جۇدەپ قۇرۇغانلىقىنى، كۆڭلى سۇنۇپ، چاڭىلداق ئاۋازىنىڭ ئۆچكەنلىكىنى ياخشى بىلەتتى. ئۆزىنىڭ چۈشكۈن روھىي ھالىتىنى يەڭگەن كىشى — غالىبلىقا چىققان مەردانە كىشى، ئەركىن كىشى ۋە ھايات مەنىسىنى چىندىن چۈشەنگەن كىشى. ئۇ بۇ سۆزنى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان چېغىدا ئاڭلىغان ۋە ئۇنى ناھايىتى مەنىلىك، ئادەمگە قەيسەر روھ، ئىرادە بېغىشلايدىغان سۆز ئىكەن، دەپ خاتىرىسىگىمۇ يېزىۋالغان. لېكىن ئۆز بېشىغا كەلگەندە، ئۇنى يېڭەلمەيۋاتىدۇ. «ئاھ، خۇدا! بىز ھامان ئازاب، ھەسرەت تارتىشقا مەھكۇم قىلىنغان بەندىلەرمۇ؟ — دەپ خىتاب قىلاتتى ئۇ غەمكىن كۆزلىرىنى دېرىزىدىن سىرتقا تىكىپ. باشقا ئوقۇتقۇچىلار دەرسكە كىرىپ كېتىپ بۆلۈمدە ئۇ يالغۇز ئىدى، — شۇ تۇرقىدا نۇرزات ئالدىمدا لەڭگىدە پەيدا بولۇپ قالسا نېمە بولار... مېنىڭ باشقا تەلىپىممۇ يوق، بىردەم بىللە بولسام، پاراڭلاشسام، تەشنالىق، سېغىنىشلىرىم قانماسمىدى، مەن قانداق قىز ئىدىم؟ نۇرزات بىلەن يۈرۈۋاتقان چاغلىرىم — مۇرادىمغا يەتكەن، ئارمانلىرىم يېشىلگەن مەزگىلىم ئىدى. غەمسىز، قايغۇسىز، خۇددى ئاسماندا پەرۋاز قىلىۋاتقان قۇشتەك ئەركىن، مەغرۇر قىز ئىدىم، قېنى ئەركىنلىكىم، قېنى مەغرۇرلۇقۇم؟ ھاياتىم تاشتىن - تاشقا سەكرىشىپ ئېقىۋاتقان تاغ سۈيىدەك ئويناق، شاۋقۇنلۇق، دولقۇنلۇق ئىدى. ئۇ چاغلاردا مۇنۇ ئاسمان بوشلۇقى شۇنچىلىك بىپايان، شۇنچىلىك گۈزەل كۆرۈنەتتى؛ دەريا ياقىسىدىكى تاللار ئاجايىپ نازۇك، زىلۋا ئىدى؛ گۈل - گىياھلار سېھىرلىك تۈستە چاقناپ كۈلۈپ تۇراتتى؛ قۇياش چىققاندىن تارتىپ، پېتىپ كەتكۈچە ئالتۇن نۇرلىرىنى سېخىيلىق بىلەن چېچىپ تۇراتتى؛ ھەربىر كۈنۈم، سائەتلى-

رىم تاڭ ئاتا ـ ئاتمايلا چۈۋۈلدايدىغان تورغايلاردەك باشلىنىپ،
ئەل ئۇيقۇغا كەتكۈچە بەلكى تۈن بويى باغلاردىن، توقايلىقلاردىن
ئۈنى بېسىلمايدىغان بۇلبۇللاردەك نەغــمە ـ ناۋالىقــتا ئۆتــەتتى؛
ئەته ـ ئاخشىمى ئۇرۇپ تۇرغان تاغ شامالىرى شۇنداق ئىللىق،
پۇراقلىق ئىدى. چۈنكى مەن ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ بىلەن بىللە
ئىدىم، كەلگۈسى تۇرمۇشىمىز توغرىسىدا شېرىن سۆھبەتلەرنى
قىلاتتىم، باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايتتىم، ماڭا باشقا ھېچ نەر-
سىمۇ كېرەك ئەمەس ئىدى، ھاياتنىڭ گۈزەللىكىنى، قوۋناق،
بەختىيارلىقىنى ھېس قىلىپلا تۇراتتىم... ئەمدىچۇ؟ كۈنلىرىم،
سائەت ـ مىنۇتلىرىم كۆل سۈيىدەك تىنچ، شاۋقۇنسىز، بۇرۇق-
تۇرمىلىقتا ئۆتمەكتە؛ ئاسمان بوشلۇقى قاپقى سېلىنغان بۇلۇت-
لار بىلەن قاپلىنىپ بارغانسېرى سۆرۈنلەشمەكتە؛ دەريا ياقىسى-
دىكى تاللار قۇرۇۋاتقاندەك، ئىزغىرىن شامالدا قالغان شىۋاقتەك
زارلانماقتا؛ گۈل ـ گىياھلار كۆرۈمسىز، سولىشىپ قالغاندەك
تۇيۇلماقتا؛ قۇشلارنىڭ ئاۋازلىرى قۇلاققا مۇشت ئۇرغاندەك ئاڭ-
لانماقتا. قايغۇ ـ ئازابلىرىم شۇنچىلىك كۆپىيىپ كەتكەنكى،
ئۇلارنى ئويلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالىمەن. بەزىدە ھاياتتىن قول
ئۈزگۈم كېلىدۇ، دۇنياغا تۆرەلگىنىمگە، ياشاۋاتقىــنىمغا پــۇ-
شايــمان قىلىپ كېــتىمەن، ئۇھ... دۇنيا، شادلىققا قارىغاندا
قايغۇسى، ئازابى كۆپ دۇنيا، سېنىڭ بىزگە ئاتا قىلغان قىسمى-
تىڭ شۇمىدى... بىز مۇشۇ قىسمەتلەرنى كۆرگىلى تارتقىلى
كەلگەن ئىكەنمىز ـ دە... ياش قىزلارنىڭ دەرياغا ئۆزىنى تاشلى-
ۋالغانلىقىنىڭ سەۋەبىنى ئەمدى چۈشىنىۋاتىمەن. بېشىغا كەلگەن
ئادەم بىلىدىكەن، ھەسرەتلىرىنى ئىچىگە پاتقۇزالماي، ئەلىمىگە
چىدىماي ئاشۇ يولغا ماڭاتتىكەن ـ دە.»
بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرگە باغلىنىشلىق بولغان ھېس ـ
تۇيغۇلار يېنىپ، ئۇنى تېخىمۇ ئازابلىق، چوڭقۇر، باش ـ ئۇچىغا
چىققىلى بولمايدىغان خىياللار دېڭىزىغا ئاتقانىدى. دەرستىن چى-

قىشقا چىلىنغان قوڭغۇراق ئاۋازى ئۇنىڭ خىياللىرىنى ئۈزۈۋەت-
تى. بۆلۈمگە دەرستىن چىققان، قولتۇقىغا سىنىپ ژۇرناللىرى-
نى قىستۇرغان مۇئەللىم - مۇئەللىمەلەر كىرىشكە باشلىدى.
جىمجىت مەكتەپ مەيدانىمۇ ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋالڭ - چۇڭ ئاۋاز-
لىرى بىلەن تولدى.

بۇگۈن شەنبە ئىدى. ئۇ مەكتەپتىن يېنىپ، ئۆيىگىمۇ كىر-
مەي، چوڭ يولغا چۇشۇپ شەھەر تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كېتىپ
بارىدۇ، قەدەملىرى ئاستا، بېشىدىكى پوكوۋاي ياغلىقى بوينىغا
چۇشۇپ قالغان، سوكنا چاپىنىنىڭ تۇگمىلىرى ئېتىلىسىز، قىل-
بە تەرەپتىن ئۇرغان زەھەردەك ئاچچىق شامال چاپىنىنىڭ ئالدى
پەشلىرىنى لەپەڭشىتىپ تۇرىدۇ. سوغۇق قانچىلىك ئۆتتى؟ ئۇ
تۇيمايتتى. پەقەت ئالدىغىلا قاراپ پەرۋاسىز كېتىپ باراتتى.
قولتۇقىدا بىر دەستە تاپشۇرۇق دەپتەر، ئۇ شەھەرگە كىرەمدۇ
ياكى يول ئۇستىدىكى بىرەر يېزىغا بۇرۇلامدۇ؟ بۇنى بىلمىسە
كېرەك. ناھايىتى ئاستا كېتىۋاتقانلىقى بۇنى دەلىللەپ تۇرىدۇ.
بىر چاغدا قولتۇقىدىكى دەپتەرلەر يەرگە «پاققىدە» قىلىپ چۇ-
شۇپ چېچىلىپ كەتكەندە، ئۇ نەگە — قاياققا ماڭغانلىقىنى بىلدى
ئېھتىمالىم، ئېڭىشىپ دەپتەرلەرنى يىغدى - دە، يەنە قولتۇقىغا
قىستۇرۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى.

ئەمدى ئۇ قەدەملىرىنى ئىتتىكرەك ئالدى. سوغۇق ئەدەۋا-
تاتتى، چاپىنىنىڭ ئالدىنى تۇگمىلەپ تېخىمۇ ئىتتىك ماڭدى،
ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندە، كۆز باغلىنىپ قالغانىدى. ئاپىسى گۇل-
زارىخان سۇيۇقئاش ئېتىپ ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغانىدى.

— نەدە يۇردۇڭ مۇشۇ چاغقىچە، ساڭا قاراپ تاماقنى ئىچمەي
ئولتۇردۇم؟ — دېدى گۇلزارىخان ئەنسىزلىك يانغان كۆزلىرى
بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ.

— مانا كەلدىمغۇ...

— نىكەم مۇئەللىملەر قايتقىلى؟

— تاپشۇرۇق تەكشۈرۈپ ئۇلتۇرۇپ قاپتىمەن.

قىزنىڭ ئۈن - تىنسىز، مەيۈس بولۇپ قالغانلىقىنى گۈل-زارىخان سېزىپ يۈرەتتى ۋە شۇنداق بولۇپ قالغانلىقىنىڭ سەۋە-بىنىمۇ ئۇ بىلەتتى. شۇڭا ئارتۇقچە گەپمۇ قىلماي، شىرەگە داستىخان سېلىپ ئاپقۇر چىنىلەرگە سۈيۈقئاشنى قۇيدى. ئىككە-سى ئارازلىشىپ قالغان ئادەملەردەك جىمجىت ئولتۇرۇپ ئاشلى-رىنى ئىچىشتى. سەبىھە هازىر تاماقنىڭ قاچىلىرىنىمۇ يۇيمايدى-غان بولۇۋالغانىدى، ئاپىسى گەپمۇ قىلماي ئۆزى يۇيۇۋېتەتتى. هازىرمۇ ئۇ قاچا - قۇچىلارنى يۇيۇۋېتىپ، ماشىنىدا ئىش قىلىش-قا ئولتۇردى. سەبىھە تامغا يۆلىنىپ بىردەم ئولتۇردى - دە، شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ، تاپشۇرۇق دەپتەرلىرىنى تەكشۈرۈشكە كىرىشتى. ئەمما مۇزلاپ تىترەشكە باشلىدى.

گۈلزارىخان خۇپتەندىن ئۆتكەندە يېتىپ قالدى. سەبىھە بار-غانسېرى قىزىپ بىئارام بولۇۋاتاتتى، تېشىدىن مۇزلاپ، ئىچىدىن قىزىپ كېتىۋاتاتتى، پۈتۈن بەدەنلىرى ئوت ئېلىپ كەتكەندەك قىلاتتى، ئەمما جالاقلاپ تىترەيتتى. ئۇ غەيرەت قىلىپ خېلى ئولتۇردى، بولمىدى، ئاخىر ياتتى.

ئارىدىن بەلكى ئىككى سائەت ئۆتكەندۇ، سەبىھەنىڭ تولغى-نىپ جۆيلۈشى بىلەن گۈلزارىخان ئويغىنىپ كەتتى. لامپىنى يېقىپ، قىزىنىڭ بېشىغا كەلدى. ئۇ چىپىلداپ تەرلەپ كەتكەن-دى. ئانا قىزىنىڭ پېشانىسىگە قولىنى قويۇپ چۆچۈپ كەتتى، پېشانىسى قولى كۆيدۈرگۈدەك قىزىق ئىدى.

— ۋاي خۇدايىم، نېمە بولغاندۇ، ئوت -كاۋاپ بولۇپ كې-تىپتۇغۇ، — ئانا ئالاقزادىلىكتە قالدى.

— ئاپا، يوتقان ياپ، — دېدى سەبىھە كۆزىنى سەل - پەل ئېچىپ، — مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن.

— نېمە ئىشتۇ بۇ، ئوتتەك قىزىپ كېتىپسەن، يەنە تىترە-ۋاتىسەن، — ئۇ قىزىنىڭ يېپىنىپ ياتقان يوتقىنىنىڭ ئۈستىگە

يەنە بىر يوتقاننى ياپتى. سەبىھە بىردەمدىن كېيىن قىزىپ كەت-
تىم، دەپ يوتقانلارنى ئېچىۋەتتى. يەنە بىردەمدىن كېيىن، مۇز-
لاپ كەتتىم، دەپ ياپقۇزدى. يوتقاننى يېپىش - ئېلىش تەكرارلى-
نىشقا باشلىدى. گۈلزارىخان ئالاقزادىلىككە چۈشۈپ، پايپېتەك
بولۇپ لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ، ھېلىدىن - ھېلى قىزىنىڭ ماڭلى-
يىغا قويماقتا ئىدى. ئەگەر قىزىغا قاراپ تۇرىدىغان بىرى بولغان
بولسا، گۈڭشې دوختۇرىنى ئويغىتىپ باشلاپ كەلمەكچى بولاتتى.

— سوغۇق ئاپتۇ، بالام سېنى، ئۇچاڭدا پاختىلىق چاپان، بېشىڭدا پوكۇۋاي ياغلىق، پۇتۇڭدا چېتىك - كالاچ تۇرسا، قانداق قىلىپ سوغۇققا ئۆزۈڭنى ئالدۇرۇپ قويغانسەن، سىنىپ-
لارنى سوغۇق دەۋاتاتتىڭ، يە يالاڭلا كىرگەنمىدىڭ؟

— ئاپا، سۇ، مۇزدەك سۇ ئىچەي.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يېرىم ئاپقۇردەك سۇنى ئىچىۋېتىپ، كىچىككىنە ئارام ئالغاندەك بولۇپ يېتىپ قالدى ۋە بىردەمدىن كېيىن ئۇيقۇغا كەتتى. گۈلزارىخانمۇ بىرئاز خاتىرجەملىنىپ قالدى. بىراق، ئۇ بارغانسېرى قىزىپ كېتىۋاتاتتى ھەم قالايمى-
قان جۆيلۈۋاتاتتى، باش - ئاخىرى يوق سۆزلەردىن بىرەر مەننى ئۇققىلىمۇ بولمايتتى.

ئانا تاڭنىڭ ئېتىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتمەكتە ئىدى.

سەبىھە مەكتەپتىن قايتىشتىن بۇرۇن: «نۇرزات مېنى ئىز-
دىگەندۇ يا ئىزدىمىگەندۇ، ئۇ تارتىنچاق بالا، ئۇنى ئىزدىشىم كېرەك، ئىزدەيمەن. باشقا يەرلەردىن تاپالمىسام، ئۆيىگە بارد-
مەن. ئۇ بىزنىڭ ئۆيگە كېلەلمەيدۇ، ئاپامدىن ئېھتىيات قىلىدۇ. مەن ئۆيىگە بارسام نېمە بولىدىكەن، دادىسى بەلكى ئۆيىدە يوقمۇ بولۇپ قالار، بار بولسىمۇ، مەيلى ئەمەسمۇ، نېمە دەيتتى، مې-
نىڭ ئابرۇيۇم چۈشۈپ قالاتتىمۇ… ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ كەتكى-
نىمگە چىدىمايلا قالدىم، كۆرۈشىمەن، سۆزلىشىمەن… ئايرىلىپ كېتىشنى ئۇلار دېمىگەن، بىز دېگەن. ئەمدى: ‹خۇپىيانە يۇرەي-
لى، كېيىنكى ئىشنى كېيىن كۆرەيلى، قانداق بولىدىغانلىقى-

ـمىزنى شۇ چاغدا بەلگىلەيلى، دېسەم، ئۇ خۇش بولمامدۇ، يەكـ-
شەنبە كۈنى ئۇنى ئۆيىگە ئىزدەپ بارىمەن، چوقۇم كۆرۈشىمەن»
دەپ ئويلىغانىدى. مەكتەپتىن چىقىپ بېشى پىرقىراپ، ئېسىنى
يوقاتقاندەك بولۇپ، چوڭ يولغا چىقىپ كەتكىنىنى ئۆزىمۇ تۇيماي
قالغان. مانا هازىر ئوت ـ كاۋاپ بولۇپ يېتىپتۇ، هوشىنى بىر
بىلىپ، بىر بىلمەيدۇ، يەكشەنبىسى قانداق ئۆتىدىكىن…

ئەتىگەندە كېچىچە تۇزۇك ئۇخلىيالمىغان گۇلزارىخان ئۆڭـ-
سۈلى ئۆچكەن هالدا دوختۇرخانىغا ئالدىراپ ماڭدى. ئۇ قىزىنى
ئېشەك هارۋىغا سېلىپ، دوختۇرخانىغا ئاپارماقچىدى، لېكىن
سەبىهە ئۇنىماي، قىزىتمىنى ياندۇرىدىغان دورا ئەكىلىپ بەر-
سەڭلا بولىدى، دەپ تۇرۇۋالغان. بىراق دوختۇر قىزىتمىنى ياند-
دۇردىغان دورىنى بەرگىلى ئۇنىمىدى.

— قىزىڭىزنى ئەكېلىڭ، تەكشۈرتمەي تۇرۇپ دورا بېرىشكە
بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر گۇلزارىخانىڭ شۇنچە يالۋۇرۇشلىد-
رىنى ئىلىككىمۇ ئالماي.

گۇلزارىخان ئادەم ئەۋەتىپ قەدىرىيەنى چاقىرتىپ كەلدى.
ئىككىسى سەبىهەنى هارۋىغا سېلىپ دوختۇرخانىغا ئاپاردى. دوخـ-
تۇر ئۇنى تەكشۈرۈپ، «قاتتىق سوغۇق تېگىپتۇ»، دېدى ـ دە،
ئوكۇل سالدى، بىرنەچچە خىل دورا يېزىپ بەردى. ئۆزى ئىچكۈ-
زۈپ، ئوكۇل بۆلۈمىدە تۆت سائەت دەم ئالدۇرۇپ، يەنە بىر
ئوكۇل سېلىپ قايتۇرۇۋەتتى. گۇلزارىخان ئۇنى ئۈچ كۈنگىچە
كۈنگە ئىككى قېتىم ئوكۇل سالدىغانغا ئەكېلىدىغان بولدى.
سەبىهە شۇ كۈنلا بىرئاز ياخشىلىنىپ قالدى. ئۇ شۇ ياتقانچە
تۆت كۈن يېتىپ، بەشىنچى كۈنى خېلى ئوبدانلا ئوڭلىنىپ قالـ-
دى. ئالتىنچى كۈنى مەكتەپكە باردى.

※ ※

سەبىهە نىيىتىدىن يانمىدى. ئۇ كۆڭلىگە پۈككەن نىيىتىدىن
ياندىغانمۇ قىز ئەمەس ئىدى. ياخشى بولۇپلا نۇرزاتنىڭ ئۆيىگە

بارماقچى بولدى. «بۇرۇنقى چاغلار بولغان بولسا، مەن ياتقاندا نۇرزات نەچچە يوقلاپ كېلەر ئىدى ـ ھە!» دەپ ئويلىدى ئۇ.

شۇ نىيەتتە جۈرئەت قىلىپ سىرتقا چىققان سەبىھە بەلكى ئۇنى كوچىلاردا ئۇچرىتىپ قالارمەن، دەپ يېزا كوچىلىرىنى كەزدى. يېزىدا قانچىلىك كوچا بولسۇن، كوچىلارنى بىردەمدىلا ئايلىنىپ بولدى. قېرىشقاندەك نۇرزاتنىڭ ئۆزى تۇرماق، سايە-سىمۇ كۆرۈنمىدى. ئۆيىگە بارماي بولمىدى. تۇرۇپلا يەنە ئۆيىگە بېرىشتىن ئىھتىيات قىلىپ قالدى: «دادىسىنىڭ قاپىقى يامان ئادەم ئىدى، كۆڭلۈمنى قاراپ تۇرۇپ ئاغرىتىۋالارمەنمۇ؟...— ئۇ تۇرۇپلا يەنە غەيرەتلىنىپ قالدى، — نېمىدەپ ئويلىسا ئويلى-مامدۇ، بىر ئادەم بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە كەلمەمدۇ. ماڭا نېمە دەيتتى، بەلكىم ئۆيىدە يوقتۇ، بۇگۈن يەكشەنبە بولغاندىكىن، شەھەرگە كىرىپمۇ كەتكەندۇ ياكى باشقا يەرلەرگىمۇ كەتكەندۇ، ھېچنېمىدىن ھېچنېمە يوق، ئەجەب ئەنسىرەپ، يۈرەكسىزلىنىپ كەتتىما...»

بىردە يۈرەكسىزلىنىپ، بىردە ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ، ئۇ نۇرزاتنىڭ كوچىسىغا بۇرۇلدى. ئەنە ئۇلارنىڭ ئۆيى. ئۇ قەدەم-لىرىنى ئاستا ئېلىپ كوچىغا كىردى. كوچىدا بىرمۇ ئادەم كۆ-رۈنمەيدۇ. ئۇ بىرەر ئادەم كۆرۈپ قالمىغىيتتى، دەپ ئەنسىرەپ، ئەنسىزلىك ئۇچقۇنلىرى پىلدىرلىغان كۆزلىرى بىلەن چاقماق پەنجىرىلىك، يوغان دېرىزىلىك ئۆيلەرگە، غورۇلۇق ھويلىلارغا بېقىپ، نۇرزاتنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. «ھويلىغا كىرەيمۇ، كىرمەيمۇ؟» دەپ بىردەم ئىككىلە-نىپ تۇردى. بىراق، بىرىنىڭ ھويلىسى ئالدىدا تۇرۇۋېرىش ئەپسىز ئىدى. ئاخىر ئۇ ھويلىغا كىردى ـ دە، نۇرزاتنى كۆر-دى. ئۇنىڭ چىبەرقۇت چاپىنى، قۇلاقچىسى تۇۋرۇككە ئېسىقلىق تۇراتتى. ئۆزى ئەتىيازلىق تېرىلغۇغا تەييارلىق قىلىۋاتسا كې-رەك. ئېغىلدىن ئوغۇت چىقىرىۋاتاتتى. ئېغىلنىڭ ئالدىدا قوڭۇر

سىيىر كۆشەپ ياتاتتى. يالاڭ تاجلىق قىزىل خوراز سەبىھەنىڭ يات كىشىلىكىنى بىلگەندەك ئورنىدىن قىمىر قىلماي، بېشىنى سىڭارىيان قىلىپ چېقىر كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ تۇراتتى. نۇرزات سەبىھەنىڭ ھويلىغا كىرگىنىنى، ئۆزىگە قاراپ تۇرغىنىنى تۇيمىدى. نۇرزات تەرلەپ - تەپچىرەپ تۇرسىمۇ، بەشلىك تۆمۈر ئارا بىلەن تېزەكلەرنى ھەدەپ ئاتماقتا ئىدى.

سەبىھە ئۇنىڭغا قاراپ بىردەم تۇردى. نېمە قىلىشىنى بىلمەي قالدى. ئاڭغىچە نۇرزاتمۇ يانغا قاراپ ئۆزىگە قاراپ تۇرغان سەبىھەنى كۆرۈپ قالدى.

— ۋۇي··· سەبىھە، — ھاڭ - تاڭ بولۇپ قالغان نۇرزات تۇرۇپلا قالدى، — ئۆيگە كىرىڭ، ئۆيگە···

— ئۆيىڭىزدە كىم بار؟

— مەنلا بار.

ئۇ دالانغا، ئاندىن سارايغا كىردى. ئۆي ئىچى ھۇپپىدە ئىسسىق ئىدى. نۇرزات كىتاب ئوقۇغان چېغى، مەشنىڭ يېنىدا كىتاب تۇراتتى. ئىككىسى بىردەم جىمىپ ئولتۇرۇپ قالدى. ئۇلار نېمە دېيىشىنى، نېمىدەپ گەپ باشلاشنى بىلمەيتتى، بىر - بىرىدىن تىنچلىق - ئامانلىق سوراشمۇ ئەسلىرىگە كەلمىدى. نۇرزات سەبىھەنى كۆرۈپلا ئۇنىڭ جۇدەپ قۇرۇپ كەتكەنلىكىنى، مەڭزىلىرىنىڭ ئىچىگە تارتىلىپ قالغانلىقىنى، كۈلۈپ تۇرىدىغان كۆزلىرىنىڭ پىلدىرلاپ قالغانلىقىنى بايقىغان. سەبىھەمۇ نۇرزاتنىڭ ئاق يۈزىنىڭ سارغايغانلىقىنى، نېپىز لەۋلىرىنىڭ تاتىرىپ كەتكەنلىكىنى، پۈتۈن تۇرقىدىن غەمكىنلىك چىقىپ تۇرغانلىقىنى بىلدى. ھەر ئىككىسى بىر - بىرىگە ئىچ ئاغرىتىپ قېلىشتى. ئېنىقكى، سەبىھە بۈگۈن بۇرۇنقى بىر - بىرىگە باغلىنىپ ئۆتكەن، بىللە يۈرۈشكەن چاغلىرىنى يېرىم - يارتا بولسىمۇ ئەسلىگە كەلتۈرمەكچى، شۇ ھەقتە ئېغىز ئېچىشقا جۈرئەت قىلىپ كەلدى. ئەمما گەپنى قانداق باشلاش كېرەك؟

— نېمانچە يوقلىپ كېتىسىز يەيدىغاندەك قېچىپ؟ — سەبىھەنىڭ سۆزىدىن ھەم نارازىلىق، ھەم سېغىنىش بىلىنىپ تۇراتتى.

— مەن قېچىپتىمەنما؟... ئۆتەر يولىڭىزدا ساقلىدىم، ئۆت-مىدىڭىز، مەكتىپىڭىزگە باردىم، دەرستە دېدى، سىزچۇ؟

— مېنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىمنى ئاڭلىغانسىز؟

— ئاڭلىدىم.

— تاس قالدىم ئۇ دۇنياغا كەتكىلى.

— يوقلاپ باراي، دەپ شۇنچە تېپىرلىدىم، ئاپىڭىزدىن قورقتۇم، سۇرۇپ چىقارمىكىن، دەپ ئەنسىرىدىم.

— بىرى ئاغرىقنى يوقلاپ كەلسە، ئادەم تۇرماق ۋەھشىي ھايۋانمۇ خۇش بولىدۇ.

سەبىھە دېمەكچى بولغان گېپىگە ئۆتتى:

— نۇرزات، بىز بىر - بىرىمىزنى ياقتۇرۇپ يۈرۈۋاتاتتۇق. لېكىن ئاتا - ئانىلىرىمىزنىڭ كونا ئاداۋەتلىرى تۈپەيلى...

ئىشىك تۇيۇقسىز ئېچىلىپ، نۇرزاتنىڭ دادىسى غوجامبەردى كۆرۈندى. ئۇ ئۆيگە بېشىنى تىقتى - دە، كەينىگە يېنىپ، ئىشىكنى قاتتىق ياپتى، شۇنچىلىك قاتتىق ياپتىكى، دېرىزىلەر تىترەپ كەتتى. ئۇنىڭ «تاق!» قىلغان دەھشەتلىك ئاۋازى سەبى-ھەنىڭ يۈرىكىگە نەشتەردەك تەگدى. ئىش شۇنىڭ بىلەنلا ئاخىرلاشقىنى يوق، كەينىدىن ئۇنىڭ دالاندىن ئاڭلىتىپ تۇرۇپ ئېيتقان مۇنۇ سۆزلىرى ئېنىق ئاڭلاندى:

— نېمىدېگەن قېلىن قىز بۇ ئوغۇلنى ئىزدەيدىغان! خۇددى تېگىپ كەلگەندەك ئولتۇرغىنىنى...

قاتتىق ئىككى كاچات يېگەن ئادەمدەك سەبىھەنىڭ كۆزلىر-دىن ئوت يېنىپ، خورلۇق جان - جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى. ئۆمرىدە ھاقارەتلەنمىگەن، بىرىدىن ئاھانەت ئىشىتمىگەن قىزنىڭ يۈرىكى گويا پىچاق ئۇرۇلغاندەك ئېچىشىپ ئاغرىدى. نۇرزاتنىڭ

بېشى ساڭگىلاپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

سەبىھە غەزەپ بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ئاپامنىڭ دېگىنىدىنمۇ ئارتۇق ئىكەن بۇ ئادەم، — دېدى - دە، ئۆيدىن ئۈچقاندەك چىقىپ كەتتى.

— سەبىھە... سەبىھە...، — كەينىدىن قورۇغا چىققان نۇرزات ئۇنى كۆرەلمىدى. بۇ چاغدا غوجامبەردى ئېغىلدا ئىدى. ئۇ دادىسىغا ئالىيىپ قاراپ قويدىيۇ، گەپ قىلمىدى، گەپ قىلالمايتتى.

سەبىھە قورۇدىن چىقتى - دە، بىرنەچچە ماڭدام ماڭا - ماڭمايلا بېشى پىرقىراپ دەرەخنى تۇتۇۋالدى.

※ ※

ئۇ يەنە يېتىپ قالدى. ئۆزىمۇ ئارانلا تۇراتتى، تېخى ئۇزۇل - كېسىل ساقىيىپمۇ كەتمىگەنىدى. نۇرزاتلارنىڭكىدىن قايتىپ يول بويى ئۇ يەر - بۇ يەردە توختاپ، بىردەم كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بىردەم ئوڭلىنىپ قېلىپ ئۆيىگە ئارانلا كېلىۋالغان.

ئۇ ئاپىسىنىڭ: «نەگە بارغان؟ نەدىن كەلدىڭ؟» دېگەن سوئاللىرىنى جاۋابسىز قالدۇرۇپ، كۆزىنى يۇمۇپ ياتاتتى. گۈلزارىخاننىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىدىن ئەندىشە، قايغۇ، ئالاقزادىلىك قوزغىلىپ كەتكەنىدى. ساپساقلا قىزىدا يېقىنىدىن بېرى كىشى قورققۇدەك ئالامەتلەرنىڭ يۈز بېرىشى ئانىنى ئېغىر ۋەھىمىگە سېلىپ قويغانىدى. «قىزىم ئاجىزلاپ كەتتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ سەبىھەنىڭ بېشىدا ئولتۇرۇپ كۆزىنى ئۈنىڭدىن ئۈزمەي، — ئەتىگەندىن تارتىپ كەچكىچە بالا ئوقۇتىدۇ، ۋاڭ - چۇڭدا يۈرىدۇ، يېرىم كېچىگىچە كىتاب ئوقۇيدۇ، ئۆزى بىلەن ئۆزى سۆزلىشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە تامىقىنىڭ ئازلاپ كەتكىنىچۇ تېخى...

تۇۋا قىلدىم خۇدايىم، بۇ زاماننىڭ قىزلىرى سەمرىپ كېتىمىز، دەپ ئاز تاماق يەيدىكەن، قۇرۇق تاغار ئۆرە تۇرامدۇ، «يەپ تۇر، بەك تۇر» دېگەن گەپ بىكار چىققانمۇ... ماغدۇرسىزلىقتىن تەر-لەيدۇ. كۇچلۇك تاماقلارنى ئېتىپ بېرىپ، زورلاپ يېگۈزمىسەم بولمىدى، قارا توقلىنى ئەتىيازدا سويىمەن دېگۈچە بۇگۇنلا، هازىرلا سويغۇزاي، بەدىردىنكامنى تاپاي».

سەبىھە كۆزىنى يۇمۇپ ياتقىنى بىلەن ئازابلىق خىياللاردىن يېنىپ ئۆرتەنمەكتە. ئۇنىڭ كۆز ئوڭىدا غوجامبەردىنىڭ سۇرلۇك قىياپىتى تۇرسا، قۇلاق تۇۋىدە هاقارەتلىك گەپلىرى جاراڭ-لىماقتا:

«نېمىدېگەن قېلىن قىز بۇ، ئوغۇل بالىنى ئىزدەپ كېلىدى-غان! خۇددى تېگىپ كەلگەندەك ئولتۇرغىنىنى».

دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق قاتتىق، دەهشەتلىك گەپ بولام-دۇ، ئۇ مۇھەببىتىنى قەدىرلەپ، ئۇنىڭ يولىدا تېپىرلاپ، ئەمدى شۇنداق هاقارەتكە قالسا، قانداق چىدىغۇلۇق، هېلىمۇ شۇ يەردە ئارقىسىغا ئۇچۇپ كەتمىدى...

سەبىھە ئەمدى نۇرزات بىلەن مەيلى ئاشكارا، مەيلى خۇپىيانە يۇرۇشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئەلەم بىلەن هېس قىلدى. كۆڭلىگە پۇكۇپ بارغان سۆزلىرى ئىچىدە قالدى. ئەمدى كۆڭلى-دىن ئۇنى چىقىرىۋەتمەكچى. شۇنداق قىلسام ئارام تېپىپ قالار-مەن، دەپ ئويلىدى. ئۇ كۆزىنى يۇمسا ئارام ئالغاندەك، ئاچسا ئۆيلەر پىرقىراۋاتقاندەك بولاتتى. نەرى ئاغرىۋاتقانلىقىنى بىل-مەيتتى، توغرىسى ئاغرىۋاتقان يېرىمۇ يوق ئىدى. ئەمما بەدەنلى-رى بوشىشىپ، ئېغىرلىشىپ، يېنى يەر تارتىپ تۇراتتى، ئورنى-دىن تۇرسا يىقىلىپ چۇشىدىغاندەك قىلاتتى.

گۇلزارىخان قىزىنىڭ تومۇرلىرىنىڭ كۆكىرىپ بۆرتۇپ چىققانلىقىنى كۆرۇپ چوڭقۇر تىندى، پېشانىسىگە يېپىلغان چاچ-لىرىنى بارماقلىرى بىلەن كەينىگە ئاستا تارىدى. ئۇ قىزىغا

مېھرىبانلىق بىلەن تىكىلەتتى، تىكىلگەنسېرى ئازابلىناتتى: «توۋا، ھەر يەكشەنبە شۇنداق بولۇۋاتىدۇ ـ ھە...، — ئۇ ئويلىمىغان ئويلارغا كەتكەنىدى، — يېرىم كېچىلەردە تالاغا يالغۇز چىقمىدۇ، يا ئىككى ئېغىز سۆرە بىلمەيدۇ، كۆپپارلارنىڭ جىنى چاپلاشتىمىكىن... قۇدرىتىڭدىن ئايلىناي خۇدايىم، كۆپلۈكلەرگە كەلمەي، بىرلىكلەرگە كەلگىنى نېمىسى؟ بۇ زادىلا ئاغرىپ باقمىغان بالا ئىدىغۇ، كۆزى يامانىنىڭ كۆزى، تىلى يامانىنىڭ تىلى تەگكەنمىدۇ، يە بىرەر ئىچى يامان ئوقۇتۇۋەتتىمىكىن... قويىنى سويدۇرۇپ يېرىمىنى ‹خامتالاش› قىلىۋەتسەم بولامدىكىن؟...»

ئۆكسۈلى قالمىغان گۈلزارىخاننىڭ ئوي ـ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئۆيگە قەدىرىيە كىرىپ كەلدى.

— بۇ كىشى يەنە يېتىپتۇغۇ؟

— نېمە تەقدىردۇ بۇ، ھەر يەكشەنبە يىقىلىۋاتىدۇ.

ئۇ سەبىھەنىڭ بېشىغا كەلدى.

— نېمە بولدۇڭ، ئاغرىق كىشىدەك يېتىپسەنغۇ؟

— قاراڭە، كۆزىنى ئاچماي ياتقىنىنى.

سەبىھە كۆزىنى ئاچتى:

— بېشىم پىرقىراپ تۇرىدۇ... ماغدۇرۇم يوق... ھازىرمۇ سوغۇق تەرلەپ تۇرىمەن.

— قوپە، بېشىڭنى كۆتۈرگىنە؟

قەدىرىيە ئۇنىڭ يېتىپ قالغىنىنى ئاڭلىغىنى يوق، بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ كېلەي، دەپ كەلگەن. دوستىنىڭ چىرايىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن سەل ئەنسىرەپ قالدى. شەنبە كۈنى مەكتەپتىن بىر ئوبدانلا كەتكەنىدى.

— سىز بىردەم ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ قىزىم، مەن بەدىردىنكامنى تېپىپ قويىنى سويدۇرۇۋېتەي.

— قارىسىلا، كالپۇكلىرى گەز باغلاپ كېتىپتۇ، ئىسسىقى ئېشىپ كەتكەنمۇ نېمە؟ مۇنداقلىقىنى ئۇقماپتىمەن، ئۇققان بول-

سام، ئۆيدە نەشپۈت بار ئىدى، ئالغاچ كېلىدىكەنمەن.
گۈلزارىخان چىقىپ كەتتى.
سەبىھە بېشىنى كۆتۈرۈپ يېنىدىكى بىر سىركايە چىنە سو-
غۇق چاينى بىراقلا ئىچىۋەتتى. قەدىرىيە كارىۋات ئۈستىدىكى
تەكىيەدىن يەنە ئىككىسىنى ئەكېلىپ، ئۇنىڭغا ئېگىز قىلىپ
قويۇپ بەردى.
— يېتىۋالماي، يۆلىنىپ ئولتۇر، دوستەك، — دېدى ئۇ
ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، — ئېيتقىنا، زادى نېمە بولۇۋاتىسەن،
ساپساقلا ئادەم ئىدىڭغۇ؟
— قويساڭچۇ مېنىڭ ئەخمەقلىقىمنى...
— ھە، نېمە بولغان؟
— ئەخمەقلىقىمۇ ئەمەس، چىدىماي، ئۆزۈمنى باسالماي
بېرىپتىمەن، ئەسلىي بارمىسام بوپتىكەن.
— نۇرزاتنىڭ ئۆيىگە بارغانمىدىڭ؟
سەبىھە بولغان ئىشلارنى، ئۆزىنىڭ مۇشۇ ھالغا نېمە سەۋەب-
تىن چۈشۈپ قالغانلىقىنى بىرمۇبىر سۆزلەپ چىقتى ـ دە،
تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتتى. قەدىرىيەمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالمىدى...
سەبىھەنىڭ بېشىغا كەلگەن كۈن ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندەك
قاتتىق ئازابلاندى. ئۇنىڭمۇ يۈرىكى تازا ئەمەس ئىدى.
— جۇۋاينىمەك كەتكۈر! — دېدى قەدىرىيە قەھرى
بىلەن، — ئاپاڭنىڭ ئېيتقىنىدىنمۇ دەھشەتلىك ئادەم ئىكەن ـ
دە، ئۇ، نەلەردە قالغان مەخلۇقتۇ، قىز بالىغىمۇ شۇنداق
گەپ قىلامدۇ؟... بولدى، كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئۇنى كۆڭلۈڭدىن
چىقىرىۋەت، ئاغرىققا چېقىلىپ قالىسەن بولمىسا...
— مۇمكىنمۇ، قەدىرىيە؟
— شۇنچىلىك بەختىيار، شاد قىزلار ئىدۇق، ئەجەب بولۇپ
قالدۇق ـ ھە، — دېدى قەدىرىيە چوڭقۇر ئۇھ تارتىپ.
ھەرقانداق ئادەم ئۆز بەختىگە ئىنتىلىپ ياشايدۇ، بەختىگە

ئىنتىلىپ ياشاش ھەربىر ئادەمنىڭ ئۆز ھوقۇقى، — دېدى سەبىھە پەس ئاۋاز بىلەن، — بىز نېمىشقا ھوقۇقىمىزدىن مەھرۇم قالىمىز؟... مەن قايسىدۇر بىر كىتابنى ئوقۇسام، ئۇنىڭدا: «ئىنسان بەخت ئۈچۈن يارالغان» دەپتۇ، بىز ئۇنىڭدىن سىرت كىشىلەرمۇ؟

— ھە، ئەمدى ئۇقۇلدى، ئاپىلىرىمىز بىزگە دېگەن گەپلەرنى زاماندىننىڭ ئاكىسى، نۇرزاتنىڭ دادىسى ئۇلارغىمۇ دەپتىكەن - دە، بولمىسا، بىر قىزنىڭ ئۆيگە كەلگىنىگە ئۇ ئۇنچىلىك گەپلەرنى قىلىپ كەتمەس ئىدى، — دېدى قەدىرىيە.

— بەلكىم... شۇنداق ئوخشايدۇ.

ئۆيگە گۈلزارىخان كىرىپ كەلدى. ئۇ بىر ياغلىق نەشپۈت ئالغاچ كەلگەنىدى. سەبىھە بىلەن قەدىرىيە ئىككى تالدىن نەشپۈت يېدى. قەدىرىيە كەلگەندىن بېرى سەبىھەنىڭ كۆڭلى خېلىلا كۆتۈرۈلۈپ قالغانىدى.

گۈلزارىخان قوينى سويدۇرۇپ، ئۇنىڭ باش - پاقالچاقلىرىنى ئۈتلەپ، پاكىز تازىلىدى، ئۆپكە - ھېسىپلارنىمۇ قويدى. ئانا يالغۇز قىزى ئۈچۈن بۇنىڭدىن ئارتۇقراق جاپا بولسىمۇ تەييار ئىدى. بىراق شۇنچە جاپالار بىلەن پىشۇرۇلۇپ تەييارلانغان تاماقتىن سەبىھە ئازراقلا يېدى، قەدىرىيەمۇ تۈزۈك يېمىدى، ئانا بىرقىسما بولۇپ قالدى.

## 37

مەسۇمجان شوپۇر ھېچقاچان بۇ قورۇغا بۈگۈنكىدەك قورۇنۇپ كىرمىگەن. قورۇنۇش ماشىنىنى كوچىدا توختاتقان چاغدىلا باشلانغان، قورۇغا كىرىپ كەلگەندە ئەۋج ئالدى. «ئۆيدە كىم باردۇ؟ يالغۇزمىدۇ ياكى باشقىلار بارمىدۇ؟ قانداق قارشى ئالار؟» بۇ سوئاللار ئىلگىرى قويۇلمىغان، بۈگۈن قويۇلۇۋاتى-

دۇ. ئىلگىرى بۇ ئۆيگە بىمالال، بەھۇزۇر كىرىپ كېتىدىغان، بۈگۈن ئەيمىنىپ قېلىۋاتىدۇ، يۈرەك ئۇرۇشىمۇ ئىتتىكلىشىپ كېتىپ بارىدۇ، بەدەنلىرىنىڭ تىترەۋاتقانلىقىنى سېزىۋاتىدۇ. خەيرىيەت، ئۇ دالان ئۆيگە كىردى. نېمىشقىدۇر سارايدىن بىرەر تىۋىش ئاڭلانمايتتى، ئادەم يوقتەك قىلاتتى، ئۇ ئىشىكنى چېكەي دەپ قولىنى سوزۇشىغا، سارايدىن:

— كىم! — دېگەن ئاۋاز ئاڭلاندى. بۇ لەھەلبۇۋىنىڭ ئۈنى ئىدى.

مەسۇمجان ئىشىكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. لەھەلبۇۋى يىڭنە ئىشى قىلىپ ئولتۇرغانىكەن.

— كېلىڭ، مەسۇمجان، كېلىڭ...

لەھەلبۇۋى ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى ـ دە، قىلىۋاتقان ئىشىنى يىغىشتۇرۇپ قويۇپ، سۇپىدىن چۈشتى. ئىككىسى تىنچلىق ـ ئامانلىق سوراشتى. مەسۇمجان يۇقىرى ئۆتتى. لەھەلبۇۋى مەشنىڭ ئوتلىرىنى تۈزەپ، ئۈستىگە كۆمۈر سالدى. ئاليۇمىن كورىغا نوگاي بىلەن سۇ قۇيۇپ مەشنىڭ ئۈستىگە قويدى. مەسۇمجان ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قاراپ تۇردى. لەھەلبۇۋى دالانغا چىقتى، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ تۇرۇپ قالدى ـ دە، نېمىگە چىققانلىقىنى ئويلاپ، مەقسەتسىزلا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلىپ، ئۆزىگە كۈلدى: «نېمە ئۇنداق بولىمەن، ھودۇقۇپلا قېلىۋاتىمەنغۇ...» دەپ ئويلىدى ئۇ. دالان ئۆيدە تۇرۇۋەرگىلى بولمايدۇ ـ دە. كېرىكى بولمىسىمۇ، ئۈچ ـ تۆت تال يېرىندىنى كۆتۈرۈپ سارايغا يېنىپ كىردى. مەسۇمجان تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى. سۆزسىز ئولتۇرۇش ئەپسىز، گەپ ئېچىش كېرەك. ئاچقاندىمۇ نېمىدىن ئېچىش كېرەك؟ بۇنداق چاغدا ئادەمنىڭ ئاغزىغا گەپمۇ كەلمەيدىكەن. بۇ ھەر ئىككىسىنىڭ ئويلاۋاتقان ئويى ئىدى. ئاخىر مەسۇمجان گەپ ئاچتى:

— قەدىرىيە كۆرۈنمەيدىغۇ؟

— دوستىنىڭ ئۆيىگە كەتكەن.
— قىشلىق تەتىل ئاخىرلىشاي دېگەندۇ؟
— ئاز قالدى.
— تەتىل نەچچە كۈن؟
— ئۈچ ھەپتە.

گەپ ئۈزۈلۈپ قالدى. يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. مەسۇمەجان كەينى - كەينىدىن ئۈزۈلدۈرمەي تاماكا چەكمەكتە. شوپۇرلاردا بولىدىغان ئەركىن - بەھۇزۇرلۇق ھالىتى ھازىر ئۇنىڭدىن قاچقان. كۆڭلىدىكى گەپلەرنى ئاچالماي بۇرۇقتۇرما بولۇپ ئولتۇرۇپتۇ. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ روھىي ھالىتىنىڭ ئىلگىرىكى چاغلاردىكىگە ئوخشاشماي قالغانلىقىنى، بۇرۇن كۆرۈلمىگەن ئوڭايسىزلىقتا قىينىلىۋاتقانلىقىنى، قانداقتۇر بىرەر گېپى بولۇپ، ئۇنى ئېيتالمايۋاتقانلىقىنى تۇيۇپ قالغانىدى. چۈنكى ئۇنىڭ ئۆتكەندە مۇشۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئېيتقان مەنىلىك، ئەگىتمە گەپلىرى لەھەلبۇۋىنىڭ ئېسىدە، ھازىر شۇ گەپلەرنى ئېچىپ دەيدىغاندەك قىلاتتى.

مەسۇمجاننىڭ كۆزلىرى شىرىلىپ قاتلاپ قويۇلغان يوتقانغا چۈشۈپ، گەپنى شۇنىڭدىن باشلاشنى ئويلىدى:

— ئۆيدە بىر ئىشنىڭ تەييارلىقى بارمۇ نېمە؟ — دېدى ئۇ كۆلۈمسىرىگەن كۆزلىرى بىلەن لەھەلبۇۋىگە قاراپ.
— قانداق ئىشنىڭ دەيسىز؟
— تويىنىڭ.
— تويىنىڭ؟… نېمىگە قاراپ شۇنداق دەۋاتىسىز؟
— يېڭى يوتقاننىڭ تىكىلىۋاتقىنىغا قاراپ.
— ھە، ئۇ كونا يوتقان، يۇيۇپ قايتىدىن تىكىۋاتىمەن.
— مەن تېخى ئىككىڭلارنىڭ بىرىنىڭ توي تەييارلىقىمىكىن دەپ ئويلىۋېدىم.
— ماڭا تويىنى نېمە قويۇپتۇ، ئۇكام، — لەھەلبۇۋى كۈل-

دى، — ياشلىقىم ئۆتكەندە... بولدى ئەمدى...
— سىزچە، قىرىققا كىرگەن ئادەم قېرى بولىدىكەن ـ دە؟
— ئەمىسە، ياش بولاتتىمۇ؟
— قىرىق ياش دېگەن ئۆمۈرنىڭ ئەڭ تولغان مەزگىلى. ئۆزىڭىزنى ھېلىتىن قېرىغا چىقىرىۋەتمەڭ.
— ئەمدى بەربىر...
— ياق، سىزگە تېخى تەلمۈرۈپ تۇرغانلار بار.
— نېمە دەيدىغانسىز...
— راست گېپىمنى دەۋاتىمەن.
لەھەلبۇۋى قىزىرىپ، كۆلۈمسىرەپ يەرگە قاراپ تۇراتتى، ئۇنىڭ ئويلىغانلىرى كېلىۋاتاتتى. قايسى كۈنى ئۇ مەسۇمجاننىڭ مەنىلىك، ئەگىتىپ ئېيتقان سۆزلىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىدە قانداقتۇر بىر يېقىملىق ھېس ـ تۇيغۇلارنىڭ ئويغانغانلىقىنى ھېس قىلغان. يېقىملىق ھېس ـ تۇيغۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىكەن، مۇنۇ شوپۇر ئۇنىڭ مەيلىنى قوزغاپ قويۇۋاتىدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال! مانا ھازىر ئۇ مۇھەببەتتىن گەپ ئېچىۋاتىدۇ، «سىزگە تەلمۈرۈپ تۇرغانلار بار» دەۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە بۇ باشقا بىرى ئەمەس، مەسۇمجاننىڭ ئۆزى بولۇشى مۇمكىن. بىراق، بولمايدىغان بىر يېرى بار: ئەر ئايالدىن بەش ـ ئون ياش چوڭ بولسا مەيلى ھەم شۇنداق بولغىنىمۇ ياخشى، ئەمما كىچىك بولسا بولمايدۇ ـ دە.
ئېيتىلىۋاتقان سۆزلەرگە لەھەلبۇۋىنىڭ چىرايىدىن رەنجىگەنلىك سېزىلمەيتتى.
— كۆڭلۈمدە بىر گەپ بار، — دېدى مەسۇمجان جۈرئەتلىك بىلەن، — دېسەم قانداق بولار، بىلەلمەي قالدىم؟
— دېيىشكە تېگىشلىك گەپ بولسا دەڭ، بولمىسا دېمەڭ، — لەھەلبۇۋى بېشىنى كۆتۈرمەي جاۋاب بەردى.
— ئەلۋەتتە دېيىشكە تېگىشلىك گەپ، — ئۇنىڭ ئاۋازى

پەدە چاقفان دۇتاردەك جىغىلداپ چىقماقتا ئىدى، — بىز ياش قىز - يىگىتلەر ئەمەس، بالا تاپقان، ئۇنى چوڭ قىلىۋاتقانلار. ئارىغا ئادەم سېلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ ئويلىدىم، ئۆزۈملا دەي: مەن سىز بىلەن ئۆي - ئوچاقلىق بولسام دەيمەن. بۇ ئوي مېنىڭدە سىز بىلەن تونۇشقاندىن كېيىنلا پەيدا بولغان، كۆپ ئويلاپ ئاخىر دېيىش نىيىتىگە كەلدىم.

ئارىنى ئېغىر جىمىلىق باستى.

— خاتا گەپ قىلغان بولسام، كەچۈرۈڭ، — دېدى مەسۇمەجان.

— مەنمۇ راست گەپنى دەي، — دېدى لەھەلبۇۋى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — سىزنىڭ ياخشى ئادەملىكىڭىزنى ھېس قىلغان، بىراق مەن ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشنى ئويلاپمۇ باقمىدىم.

— قەدىرىيەنىمۇ بەرىبىر ياتلىق قىلىسىز، ئۇ چاغدا يالغۇز ياشامسىز؟ ئادەمگە مۇڭغا مۇڭداش، ھالىغا ھالداش جۇپ بولمىسا بولمايدىكەن، يالغۇز ياشاش خۇددى قاناتسىز قۇشتەك بولىدىكەن، بۇ مېنىڭ كۆپ يىللىق يالغۇز ئۆتكەن تۇرمۇشۇمنىڭ ماڭا بەرگەن چۈشەنچىسى. بۇ توغرۇلۇق سىز مەندىنمۇ چوڭقۇرراق چۈشەنچىگە ئىگە بولسىڭىز كېرەك.

مۇنۇ مەسۇمجان راست گەپنى، لەھەلبۇۋى ئۇزاق يىللىق يالغۇز ئۆتكەن تۇرمۇشىدا ھېس قىلغان ئىشلارنى سۆزلەۋاتاتتى. راست ئەمەسمۇ، ئۇ تۇل ئولتۇرۇشنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىمۇ، ياخشى - يامان گەپلەرگە ئاز قالدىمۇ، باشقىلارغا بوزەك بولدى، ھەتتا زورلۇقلارغىمۇ ئۇچرىغان... ئادەمنىڭ خىزمەتتىن خۇشال قايتىدىغان، خاپا قايتىدىغان چاغلىرىمۇ بولىدىكەن. خاپا قايتقان چاغلاردا ئۆيگە كەلسەڭ، ساڭا تەسەللى بېرىدىغان، كۆڭلۈڭنى كۆتۈرىدىغان ئادەم بولمىسا، تۆت تام سېنى يەپ تۇرسا، بۇمۇ بىر ئازاب ئىكەن... «مۇۋاپىق جۇپ بولمىسا بولمايدۇ»، دېگىنى توغرىغۇ.

— سىز مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، مەن بالىلارغا كۆيۈمچان ئاتا، سىزگە ۋاپادار ئەر بولالايمەن. مەن چالا ساۋات بىر شوپۇر، لېكىن ئايالنى تاماق ئەتكۈچى، بالا باققۇچى سۈپىتىدە ئەمەس، ئىنسان سۈپىتىدە قەدىرلەش كېرەك، دەپ بىلىمەن، — دېدى مەسۈمجان قايتا تاماكا يۆگەپ تۇتاشتۇرۇپ، — خالىسىڭىز تېكەستە تۇرايلى، ياق دېسىڭىز، خىزمىتىمنى يۆتكەپ كېلەي.

— سىز بىر ئىشنى ئويلىمايۋاتىسىز؟

— قايسى ئىشنى؟

— مۇھىم بىر ئىشنى...

— چۈشىنەلمىدىم؟

— سىز مەندىن بەش - ئالتە ياش كىچىك تۇرسىڭىز.

— مەن سىزنى چوڭ دېمىدىمغۇ؟

— هازىرنىلا ئەمەس، كەلگۈسىنىمۇ ئويلاش كېرەك.

— مېنىڭچە، ئۆزى خالىغان ئادەم ئۈچۈن ئۇنى ئويلاشنىڭ هاجىتى يوق.

— كىشىلەرنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن مۇشۇ خىلدىكى تۇرمۇشلىرىنىڭ ساۋىقىنى ئەستىن چىقىرىپ قويسىڭىز بولماس؟

— ئۇنى هېس قىلماي ياشاش تامامەن مۇمكىن، بۇ شۇ ئادەملەرنىڭ ئۆزىگە باغلىق ئىش.

— قەدىرىيەنى ئويلىمىسام بولمايدۇ.

— قەدىرىيە ئاڭلىق قىز، كونىچە ئېيتقاندا، بالىنىڭ تول قالغان ئاتا - ئانىنى تۇرمۇشلۇق بولۇشقا مەجبۇرلاش قەرزى بار.

— ئۇنىڭ كىچىك ۋاقتى بولسىغۇ بىرنۆرى، چوڭ بولۇپ قالغاندا... ئۇنىڭ ئالدىدا سەت...

مەسۈمجان لەھەلبۇۋۇنىڭ كۆڭلىنىڭ نېرىسىدىكى ئويىنى چۈشەندى.

— دېگىنىڭىزمۇ توغرا، ئۇنى ئويلىمىساق بولمايدۇ، قەدى-

ـرىيە ياتلىق بولۇپ كەتكۈچە مەن ساقلاي.
لەھەلبۇۋى قاياقتىن قاچسا، مەسۇمجان شۇ ياقتىن توراپ تۇراتتى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتۈۋالاتتى. ئۇ ئۆزىنى خۇددى ئوۋچىلار تەرەپ - تەرەپتىن قاپساپ كېلىپ، چىقىپ كېتىشكە يول تاپالماي، قولغا چۈشۈپ قالغان كېيىكتەك ھېس قىلدى.

لەھەلبۇۋى تۈيماي قالغانىدىكى، مەش ئۇستىدىكى كورا قايناپ سۈيى سوغۇلۇپ كېتىپتۇ. ئۇ كورىغا سۇ ياندۇرۇۋېتىپ، ئەتكەنچاي ئېتىشكە تۇتۇش قىلدى. مەسۇمجاننىڭ ئالدىغا شىرەنى قويۇپ كۆك يوللۇق داستىخاننى سالدى.

چاي ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، مەسۇمجان:

— ئەمىسە مەن قايتاي، جاۋابىڭىزنى ئېلىپ بولدۇمغۇ دەيمەن؟ — دېدى قوزغىلىپ.

— ياق، ياق، ئالدىرىماڭ... ئوبدانراق ئويلىشىپ باقاي.

— مەيلى، ئويلاشسىڭىز ئويلىشىڭ، چوڭقۇرراق ئويلىنىڭ، مەن كەتتىم ئەمىسە.

ئىشىككە قاراپ ماڭغان مەسۇمجان ئىشىك تۈۋىگە كەلگەندە، كەينىگە بۇرۇلۇۋىدى، ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭغان لەھەلبۇۋى ئالدىغىلا كېلىپ قالدى. ئۇ جۈرئەت قىلىپ لەھەلبۇۋىنىڭ ئاپئاق ئىككى بىلىكىنى تۇتتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىگە ئوت كەتكەندەك بولدى. شۇ دەقىقىلەر ئۇنىڭدا قانداق سېھرىي تۇيغۇلارنى قوزغىۋەتكەنلىكىنى ئۇ بىلمەي قالدى.

— مەن سىزدىن ياخشى جاۋاب كۈتىمەن، — دېدى مەسۇمجان ئاڭلىنار - ئاڭلانماس ئاۋازدا پىچىرلاپ.

بۇ ئاۋاز لەھەلبۇۋىنىڭ قۇلىقىغا كىرمىدى، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى سېغىنىپ كەلگەن ئەرلەرگە خاس پۇراق ئۇنىڭ دىمىغىغا ئۇرۇلۇپ، ئاياغلىرى ماغدۇرسىزلاندى، بەدەنلىرى بوشاشتى... ئۇ نازۇك ئۇچقۇنلار پىلدىرلىغان كۆزلىرى، چاڭقاق لەۋلىرى بىلەن مۇھەببەت تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇدا ئۇنىڭغا

تەلمۈرۈپ قارىدى. ئۇنىڭ بارغانسېرى بوشىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى سەزگەن مەسۇمجان ئۇنى ئۆزىگە تارتتى. لەھەلبۇۋىنىڭ بوشىقىنا قارشىلىق قىلغان قوللىرى پۈكۈلۈپ قالدى... ئۇزۇن يىل كۆمۈلۈپ يېتىپ، بىراقلا ئويغانغان سۆيگۈ ئادەمنى ۋە ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ.

ئەمدى ئۇنىڭ ئالايىتەن ئاغزاكى جاۋاب بېرىشىنىڭ ھاجىتى قالمىدى.

※ ※

لەھەلبۇۋى بوشاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ، مەشىنىڭ تۈۋىگە كېلىپ ئولتۇردى - دە، ئۆزىنى ئەيىبلەشكە باشلىدى: مەن نېمە بولدۇم، نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم؟ قېنى مەندىكى چىدام، ئۇزۇندىن بېرى ساقلاپ كېلىۋاتقان ئىرادە؟... ئۇنىڭ گەپلىرى تەسىرلىك ھەم ئورۇنلۇق. لېكىن تېگى - تەكتىنى بىلمەيلا مەيلىمنى بېرىپ قويدۇما، تېگى - تەكتىنى بىلمىگەنلىكنىڭ دەردىنى ئاز تارتقانمىدىم؟... توۋا، نى - نى ئادەملەرگە كۆزۈم چۈشمىگەن، مەيلىمۇ قوزغالمىغان، بۇنىڭغا كەلگەندە، ئۆگەنگەن قۇرغۇيدەك قولىغا بېرىپ قونغىنىم نېمىسى؟... ھازىر بىلمىگەن بىلەن ئەتە - ئۆگۈن ئەلە - مەلە ئۇقۇپ كېتەر، «لەھەلبۇۋى ياشلىقىدا تىنىچ ئولتۇرۇپ، قېرىغاندا بۇزۇلۇپتۇ - دە» دېمەسمۇ؟ قەدىرىيەچۇ؟ ئاپام نومۇس قىلماي، ئەمدى ئەرگە تېگەمدىكەن، مەن كىچىك ۋاقتىدا تەگسە بولماسمىدى دەپ (يۈزۈمگە دېيەلمىسىمۇ) كۆڭلىدە ئويلىماسمۇ؟... ئايال كىشىنىڭ ھېسسىياتى ئاجىز بولىدۇ دەيدىغان، راست ئاجىز ئىكەن. ياش چوڭ بولغاندا قوزغالغان مۇھەببەت كۈچلۈك بولامدىكىن...

ئۇ شۇنداق دەپ پىچىرلاپ، ئۆزىنى ئەيىبلەۋاتسىمۇ، بەدەن-

لىرىدە ھېچقاچان كۆرۈلمىگەن بىر ئىللىق ئېقىم ئايلىنىپ يۈ-
رەتتى. بۇ ئېقىم ھېلىمۇ كۆزلىرىدە نازۇك ئۇچقۇنلارنى چاقنى-
تىپ، يۈزلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى، بۇ ئېقىم شۇنچىلىك
كۈچلۈك ئىدىكى، ئۇنىڭ ھەممە ئىزا - نومۇس، ۋەھىمە -
ئەندىشىلىرىنى يەڭمەكتە ئىدى ۋە ئۇ ئۆزىنى گويا دۇنياغا باشقى-
دىن تۆرەلگەندەك ھېس قىلماقتا ئىدى. «بولدى، — دەپ ئويلى-
دى ئۇ، — ئادەم مەيلى قوزغالماي قىلغان ئىشىدىن زارلانسا
بولىدۇ، مەيلىم قوزغىلىپ قىلغان ئىشىمدىن نېمىشقا زارلىنى-
مەن، ياشلىقىمدا بەختىمنى بەرمىگەن خۇدايىم بەلكى ئەمدى
بېرىدىغاندۇ...»

شۇ چاغدىلا ئۇ ئۆينىڭ تاماكا ئىسى بىلەن تولغانلىقىنى
بايقىدى - دە، ئىشىكلەرنى ئېچىۋەتتى، چاينىڭ قاچىلىرىنى
يۇيمىغانلىقىنى ئېسىگە ئېلىپ، ئۇلارنى يۇيۇشقا ئولتۇردى. ئاز-
دىن نەۋاقتا مەسۇمجان ئەكېلىپ بەرگەن سۇپۇرگىدە ئۆينى سۇ-
پۇردى. ئۆينىڭ ھاۋاسىمۇ يەڭگۈشلىنىپ بولغانىدى. ئۆينى پا-
كىز قىلىۋېتىپ، ئىشىكلەرنى يېپىپ، يەنە مەشىنىڭ يېنىغا كې-
لىپ ئولتۇردى - دە، ئايسىخان مومايىنى ئويلىدى: «ئۇنىڭغا
دەيمەن، مەسلىھىتىنى ئالىمەن، ئۇ ھازىر ماڭا ئانا. يە ئۆيىگە
ھازىرلا كىرەيمىكىن...؟»

ئۇنىڭ خىياللىرى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئايسىخان موماي
كىرىپ كەلدى.

— ۋېيىەي... كەلسىلە، كۆڭۈل دېگەن ئۇلۇغ، سىلىنى
ئويلاپ ئولتۇراتتىم، كىرىپ قالغانلىرىنى، — لەھەلبۇۋى ئورنى-
دىن تۇرۇپ كەتتى - دە، مەشىنىڭ يېنىغا كۆرپە سېلىپ، ئۇنى
ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى.

— ئىشىكىڭىزنىڭ ئالدىدىن ماشىنىلار ئۈزۈلمەيدىغان بول-
دىغۇ، — دېدى ئايسىخان موماي كۆرپىگە چىقىپ ئولتۇرغاندىن
كېيىن كۈلۈمسىرەپ، — ماشىنا ئۇچۇرتۇپ ئەكەتمىسۇن يەنە.

— بۇرۇن خادىكتا قېچىۋىدىم، ئەمدى ماشىنىدا قاچسام تەرەققىي قىلغان بولمامدىم...

ئىككىسى قاقاقلاپ كۈلۈشتى. ئايسخان موماينىڭ لەھەلبۇۋىنىڭ ئالدىغا كىرىشى ۋە «ماشىنا ئۇچۇرتۇپ كەتمىسۇن يەنە» دېيىشى سەۋەبسىز ئەمەس. ئۇ ئۆزىمۇ «شەرق شامىلى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ بۇلارنىڭ ئىشىكى ئالدىدا پات ـ پات توختاپ قالىدىغانلىقىنى كۆرگەن، لېكىن تونۇشىدۇ ياكى بىرەر ئىش بىلەن كېلىدىغاندۇ، دېگەن ئويلاردا بولغان. يېقىندىن بېرى كىشىلەردىن: «لەھەلبۇۋى ئاشلىق توشۇۋاتقان شوپۇر بىلەن تېپىشىپ قاپتۇ»، «ھېلىقى شوپۇر لەھەلبۇۋىنى شەھەرگە ئەكىرىپ ئوينىتىپ يۈرۈپتۇ»، «لەھەلبۇۋى قىرىغاندا ئەرگە تەگمەكچى بولۇۋېتىپتۇ» دېگەن گەپلەرنى ئاڭلاپ قالدى. «ئەلنىڭ ئاغزى ئەللىك» دېگەندەك بۇ گەپلەرنىڭ راستى باردۇ، يالغىنى باردۇ دەپ يۈرگەن. بىراق بۈگۈن ھېلىقى كۆرۈپ يۈرگەن ماشىنىنىڭ يەنە بۇ يەردە توختىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇ كېتىشى بىلەن «توختىغىنا، بۇ گەپلەرنىڭ راستى قانچىلىك، يالغىنى قانچىلىك، ئۆز ئاغزىدىن ئۇقۇپ باقاي» دەپ ئۇنىڭ كىرىشى ئىدى. موماي بۇ ھەقتە گەپ ئاچاي دېگۈچە، لەھەلبۇۋىنىڭ ئۆزى گەپ ئېچىپ قالدى:

— مەن سىلىنىڭ يانلىرىغا ھازىر كىرەيمۇ كەچتە كىرەيمۇ، دەپ تۇراتتىم، سىلىگە دەيدىغان، مەسلىھەتلىرىنى ئالىدىغان بىر ئىش چىقىپ قالدى. ئۇ ماشىنىنىڭ بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختايدىغان بولۇپ قالغانلىقى راست. چۈنكى ئۇنىڭ شوپۇرى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ئىسمى مەسۇمجان ئىكەن. مەسۇمجان بىلەن تونۇشۇپ قېلىشىمىزغا مۇنداق بىر ئىش سەۋەب بولدى...

لەھەلبۇۋى شۇنىڭدىن كېيىن تونۇشۇش جەريانلىرىنى، مەسۇمجان ۋە ئۇنىڭ ئائىلە ئەھۋاللىرىنى، ئۆزىگە قويغان تەلەپلىرىنى، ئۆزىنىڭ قانداق قىلىشىنى بىلمەي قالغانلىقىنى تەپسىلىي

سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— قارىماققا ئوبدان ئادەمدەك، تۇرمۇش قاراشلىرىمۇ ياخ-شىدەك قىلىدۇ، گەپ - سۆزلىرىمۇ جايىدا ئىكەن، بىراق، تېگى - تەكتىنى، ئۆزىنىڭ قانداقلىقىنى، دېگەن گەپلىرىنىڭ راست - يالغانلىقىنى، كىمنىڭ بالىۋاقىسى ئىكەنلىكىنى تېخى بىلمەيمىز، ماڭا ئوبدان مەسلىھەت بەرسىلە، ئايسخان چوڭنا؟

— خالاپ قالىسىز، كۆڭلىڭىز تارتىپ قالىدۇ، دېمىدىممۇ، قەدىرىيە رەسىدە بولغاندىن كېيىن، — دېدى ئايسخان ئۇنىڭ روھىي ھالىتىگە دىققەت قىلىپ يۈرگەنلىكىنى بايان قىلىپ، — سىزدە شۇنداق ئوي پەيدا بولغان، ئەمما ئۆزىڭىزنى زورغا بېسىپ يۈردىڭىز...

كۆپنى كۆرگەن، كىشىلەرنىڭ روھىي ھالىتىدىن ئۇلارنىڭ قانداق ئوي - خىيالدا يۈرگەنلىكىنى توغرا پەرەز قىلالايدىغان ئايسخان موماي لەھەلبۇۋىنىڭ مەسۇمجان ئاتلىق شوپۇرغا مەيلى قوزغىلىپ، كۆڭلى چۇشۇپ قالغانلىقىنى پەملىدى.

— نېمە دېدىڭىز؟

— ئويلىشىپ باقاي، دېدىم. مەندىن بەش ياش كىچىك ئىكەن، بىراق چاپلىشىۋالدى. قېرىپ قالدىم دېسەم، ياپياش تۇرۇپسىز دەيدۇ؛ مەندىن كىچىك ئىكەنسىز دېسەم، مەن سىزنى چوڭ ئىكەنسىز دېدىممۇ، دەيدۇ؛ قەدىرىيەنىڭ ئالدىدا سەت دې-سەم، ياتلىق بولۇپ كەتكۇچە ساقلاي، دەيدۇ. قاياقتىن گەپ قىلسام، شۇ ياقتىن تورۇۋالىدۇ.

— تورىغا چۈشۈپلا قاپسىز - دە، — دېدى موماي كۈلۈپ، — توردىن ئۆزىڭىزنىڭمۇ چىققۇڭىز كەلمەيۋاتقاندۇ...

— ۋىيىەي، تولا چاقچاق قىلماي، ماڭا توغرا مەسلىھەت بەرسىلەرا، ئاتامىمۇ سىلى، ئانامىمۇ سىلى، بېشىم قاتتى، — دېدى ئۇ.

ئايسخان موماي كىشىلەرنىڭ لەھەلبۇۋى ئۈستىدە تاپقان

گەپلىرى ئاشۇرۇۋېتىلگەن بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتىن ئانچە يىراق ئەمەسلىكىنى، ئەمدى ئۇ گەپلەرنى ئېيتىشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ:

— سىز بىر قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، قىزىم، شۇڭا يۈرەكئالدى بولۇپ، قايتا ياتلىق بولماي، مەشەگە كەلدىڭىز، ھېلىمۇ ياشسىز، يالغۇزلۇقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىڭىز، ئايال كىشى جۈپتى بىلەن ئۆتكىنى ياخشى. كۆڭلىڭىز چۈشكەن بولسا، مۇشۇ مەسۇمجانغا ياتلىق بولۇڭ، بىراق، كىملىكىنى بىلىپ باقايلى، ئويلىشىپ باقاي، دەپ ئويدان دەپسىز، بىزنىڭ كېلىن ئاغىچىنىڭ تېكەستە ئاكىسى بار. مەن شۇنىڭدىن سۈرۈشتۈرۈپ باقاي. مەنمۇ سىزگە ئانا يوللۇق ئانا بولۇپ قالدىم، دىلىڭىز ئازار يېسە، كۆزىڭىز نەمدىن قۇرۇمىسا، مەنمۇ خاتىرجەم بولالمايمەن، — دېدى ئۇ.

— قەدىرىيەدىن خىجىل بولىمەن، ئايسىخان چوڭنا، — دېدى باياتىن بېرى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان لەھەلبۈۋى بېشىنى كۆتۈرۈپ، — تەقدىر نېسىپ بولۇپ قالسا، گېپى ئوچۇق قىز يۈزۈمگىلا بىرنېمە دەۋېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيمەن.

— راست، ئۇ ياتلىق بولماي تۇرۇپ، سىز ياتلىق بولسىڭىز چوقۇم بىرنېمە دەيدۇ؛ ياتلىق بولۇپ كەتكەندىن كېيىن، ياخشى بوپتۇ، دەيدۇ.

لەھەلبۈۋى ئۆزىدە بىر يېڭىلىق سېزىۋاتاتتى. مەسۇمجاننىڭ قانداق ئادەملىكىنى سۈرۈشتۈرۈپ بېقىش نىيىتىدە بولۇۋاتسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئۇ ياخشى ئادەمدەكلا، ئۆزىگە ۋاپادار ئەر بولىدىغاندەكلا قىلىپ، يۈرىكى ئۇنىڭغا تەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئايسىخان مومايمۇ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئەنسىرەش، گاڭگىراش، ئىككىلىنىش ئەمەس، مەمنۇنلۇق، ئىشەنچ، ئۈمىدنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قېلىۋاتاتتى. «لەھەلبۈۋى قىزىپلا قاپتۇ، كۆزىدىمۇ

ئېچىلىدىغان گۈل بار ئەمەسمۇ» دەپ ئويلىدى ئۇ.

ئىككىسى تاتلىق ـ تۈرۈملەر بىلەن سىنچاي ئىچىپ ئولتۇر- غاندا، قەدىرىيە كىرىپ كەلدى.

— يوقلىپلا كەتتىڭغۇ قىزىم، نەلەرگە باردىڭ؟ — دېدى لەھەلبۇۋى قىزىغا زوقلىنىپ قاراپ.

— نەگە باراتتىم، سەبىھەنىڭ يېنىدىن كەلدىم.

— مەيەرگە كەل، چاي ئىچ.

— ئىچمەيمەن، قورسىقىم توق. گۈلزارىخان ھەددەم شورپا سېلىپتىكەن، بىچارە خوتۇن: «قىزىم ماغدۇرسىز، شۇڭا سو- غۇق تەرلەيدۇ» دەپ كۆندىلا كۆچلۈك تاماقلارنى ئېتىدىكەن، يا سەبىھە ئۇنى تۇزۇكمۇ يېمەيدىكەن.

— ھە، راست، ھازىر قانداقراق بولۇپ قالدى، ئاغرىپ قاپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدىم؟ — دېدى ئايىسخان موماي، — قەۋەتلا تېتىك، گەپلىرى ئوچۇق، چۈشۈلداپ تۇرىدىغان قىز ئىدى.

— ھازىر چۈشۈلدايدىغانلىرى نەدە...

— يېتىپ قالدىمۇ؟

— ياق، ھازىر بىرئاز ياخشى، مەكتەپكە بېرىۋاتىدۇ. لې- كىن ئوقۇش باشلانغاندىن بېرى تازا تۇزىلىپ كېتەلمىدى، تامى- قىمۇ ئازلاپ، جۇدەپ قورايدەك بولۇپ قالدى، بىچارە.

ئۆيدە جىمجىتلىق باشلاندى، قەدىرىيەنىڭ خەۋىرى ئېغىر بېسىم، ۋەھىمە پەيدا قىلدى. ئۇنىڭ شۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشى- نىڭ سەۋەبىنى لەھەلبۇۋى چۈشىنىپ: «ئىچى كۆچـلۈك قىز ئىكەن ـ دە» دەپ ئويلىدى. ئايىسخان موماي ئىچ ئاغرىتىپ قالدى.

— قەدىرىيە، تاماق ئەتكىنە قىزىم، ئىككى تالدىن لەڭمەن يەيلى، ئايىسـخان موماڭ تاماق يەپ چىققـسۇن، — دېـدى لەھەل- بۇۋى.

قەدىرىيە ئورنىدىن تۇردى. ئۇ روھسىز ئىدى، چىرايىدىن

غەمكىنلىكى ئەكس ئېتىپ تۇراتتى.

ئۇ ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىنلا، سەبىھەنىڭ ئۆيىگە بارغان. سەبىھە خەنجەر ئۇرۇلغان يۈرەكنىڭ سۈرىتىنى قولياغلىقىنىڭ بىر چېتىگە كەشتىلەپ ئولتۇراتتى، كەشتە پۈتەي دەپ قالغاندى، قەدىرىيە ياغلىقنى قولىغا ئېلىپ كۆردى. ئۇ قىپقىزىل ئەت رەڭ يۈرەككە سانجىلىپ تۇرغان قارا خەنجەرگە تىكىلىپ قاراپ قالدى. قارىغانسېرى چىرايىغا غەزەپ، ئېچىنىش، ئەلەم ئۇچقۇنلىرى ئوقچۇپ چىقىشقا باشلىدى. ئۆزىنىڭمۇ يۈرىكىگە ئاشۇ خەنجەر ئۇرۇلۇۋاتقاندەك قىينالدى. ھەسرەتنى ئۇنىسىز سىڭدۈرۈشلا كېرەككى، ئۇنى تىلغا ئېلىش — چۈشىنىپ تۇرغان ئىشلار ھەققىدە سۆزلىشىش ھاجەتسىز. ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىدى - دە، ياغلىقنى قاتلاپ قويدى ۋە ئىلى دارىلمۇئەللىمىندە ئوقۇۋاتقان مەزگىللىرىدىن، قىزىق - قىزىق ئىشلاردىن، ھەر خىل مىجەزلىك ساۋاقداشلىرىنىڭ قىلىق - خۇسۇسىيەتلىرىدىن گەپ ئېچىشقا باشلىدى. سەبىھە گەپكە گەپ قوشۇپ ئولتۇرسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ گەپلىرى بىر تاغدىن، بىر باغدىن ئىدى.

قەدىرىيە ئۇنىڭ بىلەن بەش - ئالتە سائەت بىللە بولدى. تاماقتىن كېيىن قوزغالدى:

— ئەمدى كېتەيمىكىن، سەبىھە؟

— ئۆيۈڭدە نېمە ئىشىڭ بار، ئولتۇر، سەن بولمىساڭ ئىچىم پۇشۇپ تىتىلداپ كېتىدىكەنمەن.

— جىق ئولتۇردۇمغۇ.

— كۆڭۈللۈك چاغلارنى سۆزلىگىنە، ئاداش.

— باياتىن بېرى كۆڭۈللۈك چاغلارنى سۆزلەشتۇققۇ؟

— نۇرزات، زاماندىنلار بىلەن سەيلىلەرگە چىققان، بىللە ئويناشقان چاغلارنى دەۋاتىمەن.

— ئۇ چاغلارنى سۆزلەپ نېمە قىلىمىز؟...

— ئاڭلىغۇم كېلىپ تۇرىدۇ... ئۇلار بىلەن توقايلارغا

چۈشكەن، سۇلارغا چۆمۈلگەن، تون قوينىغا مۆكۈنگەن…
قۇچاقلىرىغا باشلىرىمىزنى قويغان ئىدۇق - ھە!
«سەبىھە كۇلۇپلا، چاقىلداپ يۈرگىنى بىلەن ئىچىنىڭ بۇن-
چىلىك كۆچلۈكلۈكىنى سەزمەپتىكەنمەن» دەپ ئويلىدى
قەدىرىيە.
ئۇ ئۇنىڭ يېنىدىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ قايتقانىدى.

## 38

ئەتىياز كەلدى. چوكانتالالار جالا بولدى، ئىتمىز - قىرلار
كۆكىرىشكە باشلىدى، نەم توپىلارنىڭ، دەل - دەرەخلەرنىڭ
ئۆزلىرىگە خاس پۇراقلىرى تارقالماقتا؛ يىراقلارغا ئۇچۇپ كەت-
كەن نەغمىچى قۇشلار يېتىپ كېلىپ، تاغۇ تاش، دالا - تۈز،
مەھەللە - ھويلىلارنى جانلاندۇرۇپ چاقىلداپ سايراشماقتا؛ ئۆ-
چەكلىرىگە كىرىپ كەتكەن قۇرت - قوڭغۇزلار چىقىشىپ، تى-
رىكچىلىك يولىدا ئۆمىلەشمەكتە.
تىرىكچىلىك يولى يېڭى مەۋسۇم قوينىغا كىرگەندە، ئىككى
قەھرىمانىمىز — ئەلەڭ - سەلەڭ يۈرگەن سەبىھە بىراقلا يىقىل-
دى؛ زاماندىن ئىشچىلىقا قوبۇل قىلىنىپ قارامايغا كەتمەكچى
بولدى.
— ئۇنداق قىلماڭ، زاماندىن كەتمەڭ، پۈتۈن يۇرتنى،
بىزنى تاشلاپ كېتەمسىز؟
— مەن كۆپ ئويلىدىم، ئاخىر كېتىش قارارىغا كەلدىم.
— توۋا، مۇنۇ زاماندىننى… نېمىلەرنى ئويلىغانسىز، مەن
خىيالىڭىزغا كىرىپمۇ چىقماپتىكەن - دە…
— ئەمدى مېنى نېمە قىلىسىز؟
— كۆرۈپ يۈرمەمدىم.
— ئەمدى پايدىسى يوق.

— بار.
— ئازابىمنى تېخىمۇ ئېغىرلىسۇن دەمسىز؟
— يېنىكلىسۇن دەيمەن.

بۇ زاماندىن بىلەن قەدىرىيە ئۇتتۇرىسىدا، كۈپكۈندۈزدە، يېزا كوچىسىدا بولۇۋاتقان تالاش - تارتىشلار. زاماندىن ئاكىسى بىلەنمۇ شۇنداق بولغان. ئاكىسى قەمىردىن كەتمەيسەن دەپ، ئۇ كېتىمەن دەپ، دەتالاش قىلىشقان، قىزىرىشقان ھەتتا ئاكىسى تاس قالغان ئۇنى ئۇرغىلى، ئاكىسىنىڭ گېپىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى: «بىز ئىككى قېرىنداش بىر - بىرىمىزدىن ئايرىلمايلى، باش ئاغرىقى، چىش ئاغرىقى دېگەنلەر بار، بىرىمىز ئۆلسەك، بىرىمىز ئىگە بولىدىغان، تىرىكلىكتىمۇ بىر - بىرىمىزگە يۆلىنىدىغان، بىرىمىز بولمىساق بولمايدىغان ئىشلار چىقىدۇ» دېگەن. لېكىن زاماندىن ئاكىسىنىڭ دېگەنلىرىنىڭ بىرىگىمۇ كۆنمىگەن. قەمىردىن ئىنىسىنىڭ كۆڭلىدە نېمە مەقسەت - مۇددىئالارنىڭ بارلىقىنى ئويلاپ يېتەلمىگەن.

قەدىرىيە زاماندىنىنىڭ قارامايغا كەتمەكچى بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئولتۇرالماي قالغانىدى. قانداق كۆرۈشۇشنىڭ كويىغا چۈشۈپ، ئويلىمىغان ئويى قالمىدى. ئاخىر بىر ئوقۇغۇچىسىنى ئەۋەتىپ ئۇنى چاقىرتماقچى بولدى، شۇنداق قىلدى، ئىككى قېتىم بېرىپ تاپالماي كەلگەن ئوقۇغۇچى ئۈچىنچى قېتىم بارغىنىدا ئۇنى ئېتىزدا — دېھقانلار ئارىسىدا نومۇر خاتىرىلەپ يۈرگەن چېغىدا تاپتى. ئۇلار كوچىدىلا كۆرۈشتى. كوچىدىن ئۆتكۈچىلەر، ئۇلارغا قارىغۇچىلار، پىچىرلاشقۇچىلار، كۈلۈشكۈچىلەر بىلەن قەدىرىيەنىڭمۇ كارى بولمىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىرىپ كەتكەن بولۇپ، يىغلىۋېتىدىغاندەكلا قىلاتتى. قاتتىق خاپا بولغانلىقىمۇ چىرايىدىن بىلىنىپ تۇراتتى، تاتىرىپ كەتكەن لەۋلىرى تىترەۋاتاتتى.

— ماڭا دېمەيلا كەتمەكچى ئىكەنسىز - دە؟

— ياق، ئۇنداق ئەمەس.
— يۈرىكىڭىز چىدايدىكەن - دە….
— توختاڭ، گېپىمنى ئاڭلاڭ.
— مەن سىزنىڭ بۇنچىلىك باغرى تاشلىقىڭىزنى ھېس قىلماپتىكەنمەن.
— ئاۋۋال گېپىمنى ئاڭلاڭ، قەدىرىيە، مەن سىز بىلەن كۆرۈشمەكچىدىم، ئەتە ماڭىمەن دېگەن كۈنى كەچتە كۆرۈشەي دېگەن. خوشلىشىپ بولۇپلا كەتكىنىم ياخشى دەپ ئويلىغان.
قەدىرىيە ئۈنچىقمىدى.
بۇ ئىككىسى كۆرۈشكەن چاغدىلا دېيىلگەن گەپلەر. شۇنىڭدىن كېيىن قەدىرىيە ئۇنىڭغا قىزلىق نومۇسى، غۇرۇرىنى ئۇزتۇپ، يالۋۇرۇپ، نۇرغۇن ھېسسىياتلىق سۆزلەرنىمۇ قىلدى، لېكىن ئۇ كېتىش، ئانا يۇرتىنىڭ كۆزىدىن نېرى بولۇش نىيىتىدىن يانمىدى. بىر ئىشقا بىر ئادەمنىڭ قارىشى بىلەن ئىككىنچى ئادەمنىڭ قارىشى ئوخشاشمايمۇ قالىدۇ. زاماندىنىڭ كۆزدىن يىتىشنى بىرى: «ئازابىمىزنى ئېغىرلاشتۇرىدۇ» دېسە، بىرى: «يېنىكلەشتۈرىدۇ» دەۋاتمامدۇ، بۇنىڭغا نېمە ئامال! زاماندىندا يەنە قانداق ئوي - خىياللار بار، بۇ تەرىپى قەدىرىيەگە قاراڭغۇ. ئىشقىلىپ، زاماندىنىڭ كېتىمەن دېيىشى قەدىرىيەگە يەنە بىر دەرد بولۇپ تۇيۇلۇۋاتاتتى. «بوپتۇ، كىشىلەر قاچان ئارمىنىغا يەتكەن» دەپ ئويلىدى قەدىرىيە.
— مەن ئەمدى ئاكام بىلەن ھەرگىز بىللە تۇرمايمەن، — دېدى زاماندىن ئېغىر جىمىلىقتىن كېيىن گەپ باشلاپ، — كىشىلەردىن بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ ھەقىقىي ئەھۋالىنى ئۇقتۇم. بىزنىڭ ئايرىلىپ كېتىشىمىزگە سەۋەب بولغان كونا ئاداۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا پۈتۈنلەي ئاكام سەۋەبچى بولغانىكەن، ھەممە گۇناھ ئاكامدا ئىكەن، — بۇ گەپلەرنى زاماندىن ماڭىدىغان چاغدا، قەدىرىيە بىلەن خوشلاشقاندا ئېيتماقچىدى، بىراق، يولى كېلىپ

قېلىپ هازىر دەۋەتتى. ئۇنىڭ كۆڭلىدە يەنە بىر گەپ قالدى. ئۇنى ئېيتىدىغان ئادەمگە ئېيتماقچى.

— شۇنداق قىلىپ، بىزنى تاشلاپ كېتىسىز؟

زاماندىن كۈلدى.

— قاچان ماڭىسىز؟

— تېخى بىرەر هەپتە بار.

— ئۇنداق بولسا ماڭىدىغان چاغدا مەن كىرىمەن، — دېدى قەدىرىيە، — ئۆزىتىپ قويسامغۇ بولار؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟ مېنى ئۆزىتىدىغان سىزدىن باشقا ئادەممۇ يوق، ئاكام ئىككىمىز ئۇرۇشۇقلۇق.

— نۇرزاتچۇ؟

— بىلمەيمەن.

— هە، راست، — دېدى قەدىرىيە مېڭىش ئالدىدا، — سەبىھە يەنە يىقىلدى، بۇ قېتىم هالى ئوسالراق، ئاغرىقى خېلىلا باردەك قىلىدۇ، ماڭغۇچە يوقلاپ قويۇڭ.

— ئاڭلىغان، يوقلايمەن.

ئىككىسى خوشلىشىپ، ئىككى ياققا ماڭدى.

زاماندىن ئۆيىگە كېتىۋاتىدۇ، بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئۇ قارامايغا ماڭىدۇ، ئۇ يەرگە كېتىدىغانلىقىغا خۇشالمۇ ئەمەس، بىراق كېتىدۇ. ئۇ ئوقۇشقا ئەمەس، ئىشلەشكە ماڭىدۇ. بۇ يەردىمۇ ئىشلەۋاتاتتىغۇ، زاۋۇتتا، سېخلاردا ئىشلەشكە خۇشتار بولۇپ قالدىمۇ؟ ياق، بۇ يەردىن كېتىشنى هەممىدىن ئەۋزەل كۆردى. لېكىن كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يەرلەر كۆزىگە كۆرۈنۈۋاتىدۇ: هەيۋەتلىك ئىلى دەرياسى، ئۇنىڭ دولقۇنلىرى، نەغمە - ناۋالىق توقايلىقلار، قەدىرىيە، نۇرزات، سەبىھەلەر بىلەن توقايلىقتا ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلار، يېزىنىڭ شەهەرگە ۋە تەرەپ - تەرەپلەرگە سوزۇلغان يوللىرى، نۇرزات بىلەن شورا ئاتلاپ باغمۇ باغ يۈرگەن مەزگىللىرى، ئېتىز - خامانلار، ئۇخ-

لىماي توپان ئاتقان ئايدىڭ كېچىلەر، ئالدىغا شارىلداپ چۈشكەن بۇغدايلار، مەڭگەنلەر چېچىلىپ قالغان ئېتىز يوللىرى، ئەتراپىنى ھەر خىل گۈللەر ئورىغان، زىلۋا چۈمۈچلەر ساڭگىلىشىپ تۇرغان قوغۇنلۇق باراڭلىرى، يېزىنىڭ قايماقلىق ئەتكەنچايلىرى بىلەن مەززىلىك يوغان - يوغان ئاق نانلىرى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈۋاتىدۇ. قەدىرىيەنىڭ: «بىزنى، يۇرتنى تاشلاپ كېتەمسىز؟» دېگەن سۆزى قاتتىق تەسىر قىلدىمۇ، ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ كۆز ئالدىغا كەلگەن مۇشۇ قىياپەتلەر ئۇنى بىرقىسما قىلىپ قويدى.

زاماندىن روھى چۈشكەن، بوشاشقان ھالدا ئۆيگە يېتىپ كەلدى. ئۆيدە نۇرزات ئۇنى ساقلاپ تۇرغانىكەن. نۇرزات زاماندىنىنىڭ چىرايىدا غەمكىنلىك - مەيۈسلۈكنىڭ ئەكس ئېتىپ تۇرغانلىقىنى ھېس قىلدى.

— سەبىھە يەنە ئاغرىپ قاپتۇ، ئۇقتۇڭمۇ؟ — دېدى زاماندىن، — بۇدا ئاغرىقى خېلىلا بار ئىكەن.

— ئۇقتۇم، مەنمۇ سېنى شۇنىڭغا ئىزدىگەن.

— يوقلاپ قويايلى دەيما؟

— ھەئە، ئاپىسى ياخشى قارشى ئالمىسىمۇ، قوغلىۋەتمىسىمۇ، يوقلاپ كېلەيلى، ئاداش؟ ساڭا دەيدىغان يەنە بىر گەپ بار.

— نېمە گەپ؟

— دادامنىڭ ئەسكىلىكى... مۇنداق ئىش بولدى، قارا، — نۇرزات سەبىھەنىڭ ئايرىلىشقا چىدىماي بىر كۈنى كەلگەنلىكىنى، ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندا دادىسىنىڭ كىرىپ قالغانلىقىنى ۋە سەبىھەگە قارىتىپ ناھايىتى قاتتىق گەپ قىلىۋەتكەنلىكىنى، سەبىھەنىڭ ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىنى تۇيماي قالغانلىقىنى بىرمۇ بىر سۆزلەپ كېلىپ مۇنداق دېدى:

— ئۇ نېمە ئۈمىدلەر بىلەن كەلمىگەن دەيسەن، دادامنىڭ شۇ قىلىقىغا ئۆلمىدىم، ئۇنىڭ بىرىسى بولدۇم. قىز بالىغىمۇ

شۇنداق قاتتىق گەپ قىلامدۇ؟...

— داداڭ ئىتلىق قىپتۇ، داداڭغا ھېچنېمە دېمىدىڭما؟

— نېمە دەيمەن...

— سەنغۇ گەپ قىلالمايسەن.

— بىچارە سەبىھەگە ئىچىم ئاغرىيدۇ، يۈرىكىگە نەشتەر ئۇرۇلغاندەك بولۇپ كەتكەندۇ، ئۇنىڭ بۇ قېتىم ئاغرىپ قېلىشىغا، مېنىڭچە ئاشۇ ئىشلار سەۋەب بولدى، بىچارە قىز...، — نۇرزات ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي قالدى، كۆزىدىن بىرنەچچە تامچە ياش ئېتىلىپ چىقىپ كەتتى. ئۇ توختىماي تۆكۈلۈۋاتقان ياشلىرىنى ياغلىقى بىلەن سۈرتۈشكە باشلىدى. ئۇ بىچارە قىزنى ئويلاپ، ئۇنىڭغا ياردەم قىلالمىغانلىقىدىن ئېچىنىۋاتاتتى. بۇ ياش، دادىسىنىڭ ئەسكىلىكى، ۋەھشىيلىكىگە ئىلاجسىز قېلىۋاتقانلىقىدىن، مۇھەببەت گۈلىنىڭ ۋاقىتسىز توزۇغانلىقىدىن، يۈرىكىنى ھەر كۈن، ھەر سائەت ئازابلاۋاتقان ھىجران ئازابىدىن، سەبىھەنىڭ ئېغىر خورلۇق، ئەلەمدە تولغىنىپ يېتىپ قالغانلىقىدىن تۆكۈلمەكتە ئىدى. ئۇ باشقا تەشۋىش، قايغۇ چۈشكەندە بەرداشلىق بېرەلمەسلىكىنىڭ ئازابىنى تارتماقتا ئىدى...

يۈرتتىن ئايرىلىش، قەدىرىيەدىن، دوست - بۇرادەرلىرىدىن ئايرىلىش ئازابىدا ئارانلا تۇرغان زامانىدىنمۇ ئۆزىنى زورىغا بېسىپ تۇراتتى، لېكىن دوستىنىڭ ئىختىيارسىز يىغلاپ كېتىشى ئۇنىڭمۇ كۆزلىرىنى نەملىدى. ئوغۇل بالىنىڭ يىغلىمىقى ئاسان ئەمەس، بىراق دەرد يامان، ئۇ قاتتىق تۇتقاندا، ھەرقانداق ئادەمنى يىغلىتىدۇ.

— سېنىڭ داداڭمۇ، مېنىڭ ئاكاممۇ ياخشى ئادەملەر ئەمەس ئىكەن، — دېدى زامانىدىن يىغىسىنى توختىتىپ، كۆز ياشلىرىنى ئېرتىۋېتىپ، — ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى ئىشلىرىنى سەنمۇ ئاڭلىغانسەن؟

— ئاڭلىغان.

— قەدىرىيەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئېيتقىنى توپتوغرا ئىكەن، مەن سەل ئاشۇرۇۋەتكەندۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— سەبىھەنىڭ ئاپىسىنىڭ ئېيتقىنىمۇ توپتوغرا ئىكەن، دادامنىڭ قانداق ئادەملىكىنى ئۆزۈممۇ ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆر-دۈمغۇ، — دېدى نۇرزات غەزەپ بىلەن، — خەپ، دادامنىڭ شۇ قىلغىنىغا ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆتمەيدىغان بولسام!

— ئىچىمىزمۇ؟ — دېدى زامانىدىن.

— ئىچەيلى.

— نەدە ئىچىمىز؟

— دەريا بويىدا، تۇخۇمدىن بىرنەچچىنى ئېلىۋالايلى، ئوتقا كۆمۈپ زاكۇسكا قىلىمىز.

— ياق، ياماتۇغا كېتەيلى، ئاشخانىدا ئىچەيلى، بۇ بەلكى بىزنىڭ ئاخىرقى قېتىم بىللە ئىچكىنىمىز بولۇپ قالار، ھازىرلا بېرىپ ۋېلىسىپىتنى مىنىپ كەل.

نۇرزات ۋېلىسىپىتنى ئەكېلىشكە كەتتى.

## 39

سەبىھەنىڭ يەنە ئاغرىپ، خىزمەتتىن قېلىپ ئۆيدە ياتقىنىغا بىرنەچچە كۈن بولدى. ئاپىسى گۈلزارىخان ئۇنىڭ ئەتراپىدا پاي-پېتەك بولۇپ يۈرەتتى. ئۇ قىزىمىنىڭ كۆڭلى تارتىپ قالارمى-كىن، دەپ مانتا، پولۇ، گۆشنانغا ئوخشاش كۈچلۈك تاماقلارنى-مۇ، چۆچۈرە، ئۈگرە، مەنپەرگە ئوخشاش سۇيۇق - سەلەڭ تاماقلارنىمۇ ئېتىپ بەردى. لېكىن ھېچقايسىسىنى دىلى تارتىپقى-نا يېمىدى. ئازراقلا يەپ، بولدى قىلاتتى.

ئاغرىق ئادەمنىڭ تاماقتىن قېلىشى ياكى تامىقىنىڭ ئازلاپ كېتىشى ھەرقانداق ئادەمنى چۆچۈتىدۇ، كۆڭۈلگە كەلمىگەن ئوي-لار كېلىپ ۋەھىمە باسىدۇ. گۈلزارىخان ئۈنسىز ئازابتا قالدى.

كۈندۈزى سۈلتىيىپ كۈلۈمسىرەپ يۈرگەن ئانا كېچىلىرى قىزى ئۇخلاپ قالغاندا، ئۈنۈمنى چىقارمايمەن دەپمۇ، بۇقۇلداپ يىغلاپ كېتەتتى. «بالام، يالغۇزۇم!» دەپ بىر ئۆمۈر ئۆپكىسىنى قىقىپ كەلگەن ئانا، بالا ئۈچۈن پۈتۈن ياشلىقىنى، گۈزەللىكىنى، كۈچ - قۇۋۋىتىنى سەرپ قىلىۋەتكەن ئانا، ئۇنىڭ موھتاجسىز، خاتىرجەم ئوقۇشى، بىلىملىك بولۇشى ئۈچۈن كېچىنى تاڭغا ئۇلاپ، تىكىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدىن نېرى كەتمەي مۈكچىيىپ قالغان ئانا يەنە: «بالام، بالام!» دەپ تىپىرلاۋاتىدۇ، قاقشاۋاتىدۇ، كۆيۈپ كېتىۋاتىدۇ... لېكىن بالىلار ئانىلارنىڭ بالىغا بولغان مېھرى، ئىچكۆيەرلىكىنى قانچىلىك چۈشىنىدىكىن...

سەبىھەنىڭ بىئارام بولۇپ يېتىشى، ئىچىنىڭ تىتىلدىشى، گېلىدىن تۈزۈككىنە تاماق ئۆتمەيۋاتقانلىقى، ئۇنىڭ قىزىتمىسىنىڭ يانمايۋاتقانلىقىدىن ئىدى. ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ باقاتتى، ياتاتتى، ئۇياق - بۇياققا ئۆرۈلەتتى. تۇرۇپ ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن بۇياققا ماڭاتتى، كىتاب ئوقۇيتتى. بۇ ھەرىكەتلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭ ئارامسىزلىنىۋاتقانلىقىنى يەڭگىللىتەلمەيتتى. ئۇ ئىككىنچى قېتىم يېتىپ قالغان كۈنىلا ئاپىسى ئۇنى ئۇنىمىغىنىغا قويماي گۈڭشې دوختۇرخانىسىغا ئاپارغان، دوختۇر ئۇزاق تەكشۈرۈپ: «مەشەدە — بالنېستتا يېتىڭ، ئاسما ئوكۇل سالايلى» دېگەن. ئۇ دوختۇرنىڭمۇ، ئاپىسىنىڭمۇ گەپلىرىنى ئاڭلىماي، قىزىتمىنى ياندۇرىدىغان دورىلارنى ئېلىپ ئۆيىگە يېنىپ كەلگەن، ئۆيدە بىر - ئىككى كۈن ئارام ئالسام ياخشى بولۇپ كېتىمەن، دەپ ئويلىغان، مانا تۆت - بەش كۈن بولدى، قېنى ياخشى بولۇپ كەتكىنى؟ كۈندىن - كۈنگە ئوساللاۋاتىدۇ، يامان يېرى تامىقى ئازلاپ كېتىۋاتىدۇ. «بالنېستتا ياتسا، تېزلا ئوڭلىنىپ كېتەتتى، — دەپ ئويلايتتى گۈلزارىخان، — نېمىشقا جاھىللىق قىلىدىغاندۇ؟ ھېلى دەرستىن چىقىپ قەدىرىيە كېلىدىغۇ، ئۇ يەنە دەۋەت قىلسا، ئۇناپ قالار.» گۈلزارىخان چۈشكە

ئۆلگۆرتۆپ خام قىيما قىلىپ سۆيۈقئاش ئىچىۋاتاتتى، «قەدىرىيە كەلسىلا چۆپنى سالىمەن، ئىككىسى پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئىچ-سە، بەلكى بىر ئاپقۇر ئىچىۋېتەر»، دەپ تۇرغاندا، قەدىرىيەمۇ كىرىپ كەلدى. ئۇنىڭمۇ روھىي ھالىتى ياخشى ئەمەس ئىدى. بىر تەرەپتىن، دوستىنىڭ ياش تۇرۇپ ئاغرىقچان بولۇپ قالغانلى-قىغا تولغانسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئالدىدا يۈرگەن زامانىدىنىڭ قارامايغا كەتمەكچى بولۇۋاتقانلىقىغا ئىچ - ئىچىدىن كۆيۈپ كېتى-ۋاتاتتى.

— قانداقراق، سەبىھە؟

— خېلى ياخشى.

قەدىرىيە ئۇنىڭ پېشانىسىگە قويۇلغان ھۆل لۆڭگىنى ئېلىۋې-تىپ، ئالىقىنىنى قويدى.

— نەدە، يالغانچىلىقىڭنى قارا سېنىڭ، قىزىتماڭ يانماپتۇ-غۇ، ياخشى دەيسىنا تېخى، — دېدى ئۇ، — بولدى، چۈشتىن كېيىن، دوختۇرخانىغا ئاپىرايلى، رايىڭغا قويۇپ بەرسەك بولمى-غۇدەك، بالنىستا يات.

— يەنە بىرنەچچە كۈن قاراپ باقايلى.

— قارايدىغىنىڭنى قوي.

— سەنمۇ ئاپىرىدىغىنىڭنى قوي.

گۈلزارىخان قىزنىڭ ئالدىغا قويۇلغان شىرەگە ئىككى ئاپ-قۇر سۆيۈقئاش قويدى. سۆيۈقئاشقا قورۇتۇلغان ئاشكۆكى ھەم رەيھان سېلىنغانلىقتىن، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ مەززىلىك، خۇش پۇراق كۆتۈرۈلمەكتە ئىدى. ئىككىسى تاماقنى گەپ بىلەن ئىچى-شىپ تۈگىتەي دەپ قالغانىدى. گۈلزارىخان قازان بېشىدا ئىدى.

قەدىرىيە دوستىغا پىچىرلاپ مۇنداق دېدى:

— زامانىدىنىڭ قارامايغا ماڭىدىغان كۈنگە ئاز قاپتۇ. كەتمەڭ، دەپ شۇنچە يالۋۇرسامۇ ئۇنىمىدى، نېمىلەرنى ئويلاي-دىكىنتاڭ...

— ئۆزتىپ قويامسەن؟
— ھەئە، شەھەرگە كىرىپ ئۆزتىپ قويىمەن ـ دە.
— نۇرزات ئىككىسىمۇ ئايرىلىدىغان بولدى ـ دە، — سەبىھە قوشۇقنى ئاغزىغا يېقىن ئەكەلگەن پېتى تۇرۇپ قالدى. قىسقىغىنا ۋاقىت ئىچىدە نۇرغۇن ئىشلار، ۋەقەلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن ئۆتتى، — نۇرزاتنى قارا، كېلىپ قوياي دېمىگىنىنى…
— ئاپاڭدىن ئېھتىيات قىلىۋاتقاندۇ؟
— مەن كېلىۋېرىك، دېگەن.
— زاماندىن ئىككىسى بىللە كېلىپ قالار، زاماندىن: «مەن ماڭغۇچە سەبىھەنى يوقلاپ بارىمەن» دەۋاتاتتى.
سەبىھە قاچانلا ئاغرىپ قالسا، بىرىنچى بولۇپ نۇرزاتنى ئويلايتتى ۋە ئۇنى زارىقىپ سېغىناتتى. بۈگۈنمۇ ئۇنىڭ سېغىنىشى تازا تۇتقانىدى. ئادەمنىڭ ساق ۋاقتىغا قارىغاندا، ئاغرىق ۋاقتىدىكى سېغىنىشى كۈچلۈك بولىدۇ، ھېلىلا كۆزى يۇمۇلۇپ كېتىدىغاندەك سېغىنىدۇرغۇچىنى كۆرۈۋېلىشنى قاتتىق ئارمان قىلىدۇ. سەبىھەدە ھازىر ئارانلا شۇنچىلىك ئارمان قالدى، ئۇ ئۆزىنى شۇنداق ھېس قىلاتتى. ئۇنىڭدىن باشقا نىيەت ـ ئارمانلىرى نەۋاقتا نۇرزاتلارنىڭ ئۆيىدە بولۇنغان ھېلىقى ۋەقەدىن كېيىن خۇددى ماماكاپ گۈلىدەك توزۇپ كەتتى. شۇڭا ئۇ ئىشىك ھەر قېتىم ئېچىلسا، شۇ تەرەپكە ئىنتىك قارايتتى.
ئىشىك ئېچىلدى، ھەممىدىن بۇرۇن سەبىھە قارىدى، لېكىن كۆرۈنگىنى زاماندىن بىلەن نۇرزات ئەمەس، لەھەلبۇۋى ئىدى.
— ئەسسالام، گۈلزارىخان!
— كېلىڭ، لەھەلبۇۋى، كېلىڭ، — ئېغىر غەمدە قازان بېشىدا ئاش ئىچىپ ئولتۇرغان گۈلزارىخان ئورنىدىن ئىنتىك تۇردى، ئۆيىنىڭ تۆرىگە كۆرپە سالدى، — بۇياققا كېلىڭ، كۆرپىگە كېلىڭ.

— بولدى، ئاۋارە بولماڭ، سەبىھەنىڭ يېنىدا ئولتۇراي، — ئۇ قولىدىكى يوغان قەغەز بولاقنى سەبىھەنىڭ باش تەرىپىگە قويۇپ قويدى.

— قانداقراق قىزىم، ياخشى بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— خېلى ياخشى.

— قىزىتمىڭىز ياندىمۇ؟

سەبىھە قەدىرىيەگە ئىتتىك قارىدى.

— قىزىتمىسى يانمايۋېتىپتۇ ئاپا، — دېدى قەدىرىيە.

سەبىھە بېشىنى كۆتۈرۈپ ئولتۇرغانىدى، گۈلزارىخان بىر چىنە ئاش قوياي دېگىنىگە، لەھەلبۇۋى «ھازىر تاماق ئۈستىدىن كەلدىم» دەپ ئۇنىمىدى.

— سىزنى بالنىستتا يات، دېسە ئۇنىمىدى، دەپ ئاڭلايمەن قىزىم، — دېدى لەھەلبۇۋى مېھرىبانلىق بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ، — ئاغرىق ئادەم دوختۇرنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا، ئاغرىقنى ئېغىرلاشتۇرۇۋالامدۇ، سىز دېگەن ئاڭلىق ئادەم، بۇنى ئەلۋەتتە چۈشىنىسىز، ئۆزىڭىزنىمۇ، ئاپىڭىزنىمۇ ئازابلاپ نېمە قىلىسىز؟ قاراڭا، ھەممىمىز سىزنى تېزرەك ياخشى بولۇپ كەتسە ئىكەن، دەپ ئۈمىدلىنىپ تۇرۇۋاتىمىز، جاھىللىق قىلماي ساقىيىشنىڭ كويىدا بولسىڭىز ياخشى ئەمەسمۇ؟

سەبىھە ئۈنچىقمىدى.

گۈلزارىخان كۆز يېشى قىلىۋاتاتتى. لەھەلبۇۋىنىڭمۇ، قەدىرىيەنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى، سەبىھە كۆزىنى بىر نۇقتىدىن ئالماي قېتىپ قالغاندەك ئولتۇراتتى. ئۇ نېمىشقا شۇنداق قىلىدۇ، نېمىلەرنى ئويلاۋاتىدۇ، كۆڭلىدە نېمە بار؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيتتى. ئۆيدە قانداقتۇر بىر سۈرلۈك جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرمەكتە ئىدى. لەھەلبۇۋى بىلەن قەدىرىيەنىڭ يۈزلىرى پەرىشان، گۈزارىخان توختىماي قۇيۇلۇۋاتقان ياشلىرىنى كۆڭلىكىنىڭ يېڭىگە ئېرتماقتا ئىدى.

— گۈلزارىخان، — دېدى لەھەلبۇۋى، — ھارۋا تېپىلىك، بالنىپستتا ياتسۇن، ئاغرىققا مۇنداق سەل قارامدىغان!
— ئۆزى نېمە دەيدىكىن؟
— نېمە دەيتتى، بارماي نېمە ئىلاج، — لەھەلبۇۋىنىڭ ئاۋازىدىن قەتئىيلىك چىقىپ تۇراتتى. ھەممىسى ئۇنىڭغا تىكىلدى.
— بوپتۇ باراي، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.
— مەن ماڭاي، — دېدى لەھەلبۇۋى قوزغىلىپ، — چۈشتىن كېيىن دەرسىم بار، سىڭىڭچۇ، قەدىرىيە؟
— مەن كېچىكىپ بارىمەن.
— سەن سەبىھەنى بالنىپستقا ئاپىرىشقا قاراش ئەمىسە، — لەھەلبۇۋى ئىشىكنىڭ يېنىغا بېرىشىغا، ئىشىك ئېچىلىپ زاماندىن، نۇرزاتلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇ كەينىگە قايرىلىپ:
— مانا ساۋاقداشلىرىڭىز كەپتۇ، — دېدى - دە، چىقىپ كەتتى. گۈلزارىخانمۇ ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭدى.
ئۇلار بىر - بىرلىرى بىلەن تىچ - ئامانلىق سوراشتى. سەبىھە ھەقىقەتەن ئۆزگىرىپ كەتكەنىدى: كۆلۈپ تۇرىدىغان قارا كۆزلىرى خىرەلەشكەن، كۆزلىرىنىڭ چۆرىسى قىزىل ئارىلاش كۆكەرگەن، مەڭزىلىرى ئىچىگە تارتىلغان، ئىقىپ چۈشكەندەك چىرايلىق بۇرنى قىڭراقتەك بولۇپ قالغانىدى، پېشانىسىگە ھۆل لۆڭگىنىڭ قويۇلۇشى ئۇنى بىرقىسما كۆرسىتىپ تۇراتتى. ئۇ دەمۇدەم نۇرزاتقا قارايتتى. نۇرزات ئۇنى بۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كېتەر، دەپ ئويلىمىغان، ئۆتكەنكى قېتىمدىكىدىن تېخىمۇ جۇدەپ كېتىپتۇ. كۆلۈپ، چاقنىلداپ تۇرىدىغان تېتىك، خۇشخۇي قىزنىڭ شۇ دەرىجىگە بېرىپ يېتىشى زامانىدىنىمۇ ھاڭ - تاڭ قالدۇردى.
سەبىھە تېخىمۇ قىزىپ تەرلەپ كېتىۋاتاتتى، قەدىرىيە لۆڭگىنى ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن ئېلىۋىدى، پېشانىسىدىن ھور كۆتۈ-

رۇلدى. نۇرزات ئالىقىنىنى ئۇنىڭ پېشانىسىگە ئاستا قويدى. سەبىھە شۇ ھامان ئالىقىنىنى ئۇنىڭ ئۈستىگە قويۇپ چىڭگىدە بېسىپ تۇرۇۋالدى، بۇ ھال قاراپ تۇرغۇچىلاردا ئىزا ـ نومۇسلىنىش ئەمەس، ئىچ ئاغرىتىش، ئېچىنىش تۇيغۇسى ئويغاتتى.

— تۇزىلىپ كېتىسىز، — دېدى زامانىدىن چاقچاق ئاردىلاش، — قاقاقلاپ بىرلا كۈلسىڭىز ھەرقانداق ئاغرىق قاچىدۇ.

سەبىھە سۇس كۈلۈمسىرەپ قويدى. ئەمما كۆز چانىقىدا بىر تامچە ياش پەيدا بولدى.

— بىزنى تاشلاپ، قاراماي‌غا كېتىدىغان بوپسىز، — دېدى ئۇ، — چاقچاقلىرىڭىزنى ئەسلەپ يۈرىدىكەنمىز ـ دە....

— شۇنداق بولۇپ قالدى.

گۈلزارىخان ئالدىراپ كىردى:

— ھارۋا تېپىپ كەلدىم، قېنى، قەدىرىيە، مەن ھارۋىغا كىگىز، كۆرپىلەرنى سالاي، سىز سەبىھەنى ئاچىقىڭ.

رېزىنكە چاقلىق قول ھارۋىسىغا كىگىز، كۆرپىلەر سېلىندى، ئىككى تەكىيە قويۇلدى ـ دە، سەبىھە ياتقۇزۇلۇپ، ئۈستىگە ئەدىيال يېپىپ قويۇلدى، ھارۋىنى زاماندىن ئىتتىرىپ گۇڭشې دوختۇرخانىسىغا قاراپ ماڭدى. نۇرزات ئۇنىڭ باش تەرىپىدە كېتىپ باراتتى، كۆزى سەبىھەدە ئىدى. سەبىھەمۇ ئۇنىڭدىن كۆز ئۈزمەيتتى. بۇ كۆزلەر بىر ـ بىرىدىن مۇھەببەت رىشتىسىنى ئۈزەلمەيۋاتقانلىقىنى، بىر ـ بىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئىپادە قىلىپ تۇراتتى؛ بۇ كۆزلەردىن ھېلىمۇ مۇھەببەتنىڭ نازۇك تال ـ تال ئۇچقۇنلىرى چاقنايتتى؛ بۇ كۆزلەر ئۆزىنىڭ يېقىملىق، جىلۋىلىك بېقىشلىرى بىلەن ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە مۇھەببەت ئىزھار قىلغان دەسلەپكى چاغلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى؛ بۇ كۆزلەر مۇھەببەتنىڭ ئۇنسىز تىلى بولۇش سۈپىتى بىلەن بىر ـ بىرىنىڭ يۈرىكىگە ئوت سالغان ۋە ھازىر ئايرىلىپ كېتىشكە چىدىماي مۆلدۈرلەپ قالغان كۆزلەر

ئىدى. بۇ كۆزلەر زاماندىن بىلەن قەدىرىيەگىمۇ تىكىلدى، ئىك-
كىسى بېشىنى تۆۋەن سېلىپ كېتىپ باراتتى.

ئۇلار دوختۇرخانا ئالدىغا كەلدى. نۇرزات ئىتتىك كېلىپ،
سەبىھەنى يۆلىگەندى، سەبىھە كىشىلەرنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى
خىيالىغىمۇ كەلتۇرمەي، ئىككى قولىنى ئۇنىڭ بوينىغا چىڭگىدە
گىرەلەشتۇرۇپ هارۋىدىن چۈشتى.

سەبىھە كېسەل كارىۋىتىغا ياتقۇزۇلۇپ قويۇلدى. دوختۇر ئاغ-
رىق تىڭشىغۇچ ئەسۋابى بىلەن ئۇنى تىڭشاپ كۆردى، نەچچە
كۈندىن بېرىقى ئۆيدە يۈز بەرگەن ئالامەتلەرنى سورىدى. گىرا-
دۇسىنىڭ نەچچىگە يەتكەنلىكىنى بىلىپ هەم ئۇنىڭ پەرىشان هالى-
تىگە قاراپ دەرهال رېتسېپ يازدى. سېستىرا قىز ئاۋۋال تىنچلاندۇ-
رۇش ئوكۇلى ئۇرۇپ ئاندىن قانداقتۇر دورىلار ئارىلاشتۇرۇل-
غان ئاسما ئوكۇلنى ئاستى. ئاسما ئوكۇل تامچىلىرى ئۇنىڭ
تومۇرىغا راۋان مېڭىشقا باشلىغاندا، زاماندىن بىلەن نۇرزات
قايتتى. سەبىھە ئۇلارغا سۇس كۈلۈمسىرەپ قاراپ قالدى. ئۇ
ئاپىسىدىن قورۇنمىغان بولسا، نۇرزاتنى چاقىرىۋالغان بولاتتى.
قىزلارنىڭ كۆڭۈل بەرگەن كىشىسىنى ئۇنتۇپ كېتىشى ناهايىتى
تەس، هەرقانچە دەهشەتلىك پاجىئەنى ئۇنتۇپ كېتىشى مۇمكىن،
لېكىن كۆڭۈل بەرگەن كىشىنى مەڭگۈ ياكى ئۇزاققىچە ئۇنتۇپ
كېتەلمەيدۇ.

كەچقۇرۇنلۇقى قەدىرىيە ئۆيىگە قايتىپ كەلدى. لەهەلبۇۋى
تاماق ئېتىپ قىزىنىڭ يولىغا قاراپ تۇرغانىدى.

— بالىنېستىتا ياتتىمۇ؟

— ياتتى، — جاۋاب بەردى قىزى مەيۈس ئاۋازدا. سەبىھەنىڭ
شۇ هالغا چۈشۈپ قېلىشى قەدىرىيەگە قاتتىق تەسىر قىلغانىدى.
چىرايىدىن ئېغىر قايغۇدا قالغانلىقى، ئازابلىنىۋاتقانلىقى بىلى-
نىپ تۇراتتى.

ئانا ـ بالا ئىككىسى تاماق يەيلى دەپ تۇرۇشىغا، تۇيۇقسىز

ئىشىك ئېچىلىپ، زاماندىن كىرىپ كەلدى. ئويلىمىغان يەردىن ئۇنىڭ تۇيۇقسىز كىرىپ كېلىشى لەھەلبۇۋى تۇرماق، قەدىرىيە-نىمۇ ھەيران قالدۇردى.

— كېلىڭ، زاماندىن، — دېدى لەھەلبۇۋى ھەيرانلىقىنى بېسىپ، — بۇياققا كېلىڭ، يۇقىرى ئۆتۈڭ.

— خوش... مەن ئالدىراپلا سىزگە بىر گەپنى ئېيتىپ قويغىلى كىردىم.

— ھە؟

«نېمە دەيدىغاندۇ؟...» دەپ ئويلاۋاتقان قەدىرىيەنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئۇرۇشقا باشلىدى.

— لەھەلبۇۋى ھەدە، — دېدى ئۇ يۇقىرىغىمۇ ئۆتمەي ئۆرە تۇرغىنىچە، — مەن كىشىلەردىن ئاڭلىدىم، ئۆز ۋاقتىدا ئاكام سىزگە كەچۈرۈۋەتكىلى بولمايدىغان تۆھمەتلەرنى قىپتىكەن، ئىككى ئوتتۇرىدىكى ئاداۋەتنىڭ پەيدا بولۇشىغا پۈتۈنلەي ئاكام سەۋەبچى بوپتىكەن. مەن سىزدىن كەچۈرۈم سورايمەن، خوش.

ئۇ قانداق تۇيۇقسىز كىرگەن بولسا، شۇنداق تۇيۇقسىز چىقىپ كەتتى. لەھەلبۇۋى ئۇنى تاماق يەپ چىقىڭ، دېيىشكىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدى. ئۆي ئىچى سىرلىق تۇستە جىمىپ كەتتى. خېلىدىن كېيىن لەھەلبۇۋى ئۆز - ئۆزىگە سۆزلىگەندەك پەس ئاۋازادا:

— بىر قورساقتىن سارمۇ تۇغۇلىدۇ، لاچىنمۇ تۇ-غۇلىدۇ، — دېدى مەنىلىك قىلىپ.

سەبىھە بالنىستتا يېتىپ قالدى. جىددىي داۋالىنىشنىڭ ئۇ-نۈمى كۆرۈلدىمۇ؟

ئەسلى ئۇ بالنىستتا بۇرۇنراق يېتىشى كېرەك ئىدى، دوخ-تۇرنىڭ پىكرىگە، باشقىلارنىڭ زورلىشىغا ئۇنىماي، بىرنەچچە كۈن قاتتىق قىينالدى، قىزىتمىسى يانماي، ئويلىمىغان ئويىمۇ قالمىدى. ھەتتا مۇنداق دەرد تارتىپ ئازابلىنىپ ياشىغاننىڭ نېمە

پايدىسى، دەپمۇ ئويلىدى. لېكىن داۋالاشنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بىرنەچچە خىل دورىلار ئارىلاشتۇرۇلغان ئاسما ئوكۇل ئۇزۇلمەي سېلىنىپ تۇرغاچقا، بىرىنچى كۈنى قىزىتمىسى بىرئاز پەسلەپ، ئۆزىدە يېنىكلىك سەزدى. ئىككىنچى كۈنى قورسىقى ئېچىپ، بىر ئاپقۇر چۆچۈرىنى ئىچىۋەتتى. ئۈچىنچى كۈنى قىزىتمىسى پۈتۈنلەي يېنىپ، بىر ئوبدانلا بولۇپ قالدى ۋە روھىمۇ كۆتۈرۈلۈپ، چىرايىدا خاتىرجەملىك، ئۈمىد ياندى. يەنە بىر كۈن سىناپ قايتا قىزىش ئالامىتى كۆرۈلمىگەندىن كېيىن، دوختۇر ئۇنى بالنىتسىتىن چىقىشقا رۇخسەت قىلدى.

## 40

سەبىھەنىڭ خىزمەتكە چۈشكىنىگە ئەمدى ئىككى كۈن بولغاندا، شەھەردىن قەدىرىيە ئىككىسىگە باغاق چىقىپ قالدى: بىر ساۋاقدىشىنىڭ تويى بولغۇدەك. تويغا كىرىش - كىرمەسلىك توغرىسىدا ئىككىسى خېلى تالاش - تارتىش قىلدى. ئاخىرىدا قەدىرىيە مۇنداق دېدى:

— غەم - قايغۇمىزنى ئويلاۋېرىپ تۈگىشىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز، كىرەيلى، ھەسرەتلىرىمىزمۇ بەلكى بېسىلىپ قالار.

— بوپتۇ، كىرسەك كىرەيلى، — دېدى سەبىھەمۇ، — ساۋاقداشلىرىمىزنى، توي شادلىقىنى كۆرسەك، كۆڭلىمىزمۇ كۆتۈرۈلۈپ، ئازابلىرىمىز بىرئاز بولسىمۇ يېنىكلەپ قالار، دوستەك.

— ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭسىزمۇ ئەتە شەھەرگە كىرىشىم كېرەك ئىكەن، ئۆگۈنلۈككە زامانىدىن ماڭىدۇ ئەمەسمۇ، ئۇنى ئۇزىتىپ قويۇشۇم كېرەك - دە.

ئەتىسى — شەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئىككىسى شەھەرگە پىيادە ماڭدى، تەلىيىگە شەھەرگە كىرىپ كېتىۋاتقان بىر ئېرگە-

لۇ هارۋىغا ئۇچراپ قالدى. شۇڭا ئىككىسى بىللە بولسىلا قىلى-
شىدىغان ھەسرەتلىك گەپلەر ئېغىزغا ئېلىنمىدى، ھارۋىكەش
قىزىقچى ئادەم ئىكەن، ئۇ يول بويى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلى-
رىنى سۆزلەپ، قىزلارنى كۈلدۈرۈپ ماڭدى. شۇنىڭ بىلەن
ئۇلار شەھەرگە كىرگەنلىكىنى تۇيماي قالدى.

كەچ كىرىپ قالغانىدى. ئىككى قىز كېلىشتى: سەبىھە
ئۆزى تويغا بېرىپ تۇرىدىغان، قەدىرىيە زاماندىن بىلەن خوشلى-
شىپ، ئاندىن بارىدىغان بولدى.

توي بىر باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ زالىدا ئۆتكۈزۈلۈۋاتاتتى.
سەبىھە قىز - يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كېلىپ بولغان،
يېڭىدىن چاي تارتىلغان چاغدا كىرىپ كەلدى. تويغا كەلگەن
ساۋاقداش، تونۇش - بىلىشلىرى ئۇنى قىزغىن قارشى ئالدى ۋە
بۇ سەھرالىق دوستىنى ھۆرمەتلەپ تۆرگە چىقارماقچى بولۇشتى
ھەم قەدىرىيەنىڭ نېمىشقا كەلمىگەنلىكىنى سوراشتى. سەبىھە
ئالدى بىلەن تويى بولۇۋاتقان ساۋاقدىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،
يىگىت بىلەن كۈلۈمسىرەپ سالاملاشتى، دوستى بىلەن
مەڭزىنى - مەڭزىگە يېقىپ كۆرۈشتى ۋە ئىككىسىگە بەخت تىلى-
دى. شۇنىڭ بىلەن بايىقى كۆرسىتىلگەن ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇر-
دى. ئۇ سەزمەي قالدىكى، ھېلىقى ياش ئوقۇتقۇچىلىرى بەختىيار
بىلەن شۆھرەتنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ قاپتۇ. ئىككىسى سەبىھە
بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. سەبىھەمۇ ئۇلار بىلەن ئوچۇق چىراي،
سەمىمىي كۆرۈشتى.

سازەندە، قىزىقچى - چاقچاقچىلار توي - تۆكۈن، ئولتۇ-
رۇش، مەشرەپلەرنىڭ گۈلى، ئولتۇرۇش - سورۇنلار ئۇلارسىز
قىزىمايدۇ، كۆڭۈللۈك ئۆتمەيدۇ، تېتىمايدۇ. ئىككى پىيالىدىن
چاي ئىچىلە - ئىچىلمەي تۇرۇپلا چاقچاقلار باشلانغىلى تۇردى.
تەرەپ - تەرەپتىن كۈلكىلەر كۆتۈرۈلدى. سورۇن ئەھلى شاد،
قىزىق گەپلەر ئېيتىلىۋاتىدۇ، يۈرەكلەردە بەخۋاشلىق، شوخلۇق

تۈيغۇلىرى يانماقتا، بىر - بىرىگە بىقىلغان كۆزلەردە نازۇك ئۇچقۇنلار چىچىلماقتا... سەبىھەنىڭمۇ چىرايىدا كۈلكە - تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ، شادلىقى تاشماقتا ئىدى.

سەبىھە مۇشۇ شادلىق، كۈلكە - چاقچاقلار ئىچىدە تۇرۇپ تۇرسۇن. بىز قەدىرىيە بىلەن زاماندىنىڭ ئاخىرقى ئۇچرىشىش ۋە خوشلىشىشىنى بايان قىلىشقا ئۆتەيلى:

قەدىرىيە سەبىھەدىن ئايرىلىپ، كونا پاتقان مەزگىلدە قاراڭغۇلاشقان... مايغا ماڭىدىغانلار يىغىلغان مىھمانخانىنىڭ ئالدىغا يېتىپ كەلدى. زاماندىن قاراپ تۇرغانىكەن.

— سىزگە ياتاق بىلەتتى ئېلىپ قويدۇم.

— شۇنداقمۇ؟

«زاماندىن بۈگۈن — ئاخىرقى كۈنىمىزنى بىللە ئۆتكۈزۈشىمىزنى، ئۆزىدىن ئايرىلماسلىقىمنى ئىستەيدىكەن - دە، — دەپ ئويلىدى قەدىرىيە خۇشاللىق بىلەن، — بولدى، بۈگۈن تويغىمۇ كىرگەنلىكىمنى ئېيتماي.»

— سىزگە قاراپ تېخىچە تاماقمۇ يېمىدىم، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ يېمىگەن.

— يۈرۈڭ، ئاشخانىغا كىرەيلى.

ئىككىسى ئاشخانىغا كىرىپ كەتتى. بۇلۇتلارنىڭ گىرۋەكلىرىدە قالغان كۈننىڭ ئاخىرقى شولىلىرىمۇ يېتىپ، ئەتراپنى قاراڭغۇلۇق قاپلاشقا باشلىدى. لېكىن شەھەرنىڭ مەركىزي كوچىلىرى يەنىلا كۈندۈزدەك يورۇق، ئاۋات، ۋاڭ - چۇڭلۇق ئىدى. ئۇلار تاماق يەپ چىققاندا قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن بولسىمۇ، كوچىدا ئادەملەر كۆپ ئىدى.

— كىنوغا كىرەمدۇق؟

— نېمە قىلىمىز كىنوغا كىرىپ، ۋاقىتنى قەدىرلەيلى، كوچا ئايلىنىپ پاراڭلىشايلى، — دېدى قەدىرىيە.

ئەنە ئىككىسى قاراڭغۇ، جىمجىت، كۆككە بوي سوزغان

كۆك تېرەكلىك كوچىدا كېتىپ بارىدۇ. كوچىنىڭ بىرى تۇگىمەسە، ئىككىنچىسىگە كىرىدۇ. بۇ بەلكىم ئىككىسىنىڭ ئاخىرقى بىللە بولۇشىدۇر، كىم بىلىدۇ، يەنە كۆرۈشەلمەس. ئۇلار ئەتە ئەتىگەندە بىر - بىرىدىن ئايرىلىدۇ. بىر - بىرىنى ياخشى كۆرگەن ئادەملەرنىڭ ئايرىلىشقا مەجبۇر بولۇشى، شۇنىڭ بىلەن قالماي، بىر - بىرىنى كۆرمەي ياشايدىغان تەقدىرگە مۇپتىلا بولۇشى نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق - ھە... تۇرمۇش قانۇنى كىشىلەر ئۆزلىرى خالىمىغان تەقدىرنى ئۇلارغا بەخشەندە قىلىشىمىدى؟... ئىككىسى ئۇنىسىز كېتىپ بارغىنى بىلەن مۇشۇ ئىشلار - بېشىغا كەلگەن قىسمەتلەرنى ئويلىماي قالامدۇ!

— ھايات دېگەن نېمە، زاماندىن؟ — بىردىنلا ئۇنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ سورىدى قەدىرىيە.

— ياشاش، تىرىكچىلىك بولمامدۇ.

— ئادەم تەبىئەت مەھسۇلى. ئېسىڭىزدىمۇ، بىز بۇ توغرۇلۇق نۇرغۇن تالاشلارنى قىلغان، ئاخىر ئادەمنى ئىش - ھەرىكەت ياراتقان دېگەن يەرگە كەلگەن. شۇنداق ئىكەن، ئۇ بىزنى نېمىشقا يارىتىدۇ؟

— كونا سوئاللارنى يەنە بەرگىلى تۇردىڭىزغۇ، — دېدى زاماندىن ئۇنىڭغا قايرىلىپ، — دۇنيادىكى نېمەتلەرنىڭ تەمىنى تېتىسۇن، تۇرمۇشقا كېرەكلىك نەرسىلەردىن بەھر ئالسۇن، تۇرمۇشنى كۆڭۈللۈك ئۆتكۈزسۇن، دەپ ياراتقاندۇ.

— ئەمىسە، ھاياتىمىزدىن ئىككىمىز قانچىلىك رازى بولدۇق، سەبىھەلەر قانچىلىك رازى بولدى؟

— بىزنىلا ئويلىماڭ.

— سىز چۈشەنمەيۋاتىسىز ياكى ئەتەي چۈشەنمەس بولۇۋېلىۋاتىسىز، تەبىئەت بىزگە بۇ ھاياتنى جاپا تارتىش، ئازابقا قېلىش، خۇددى ئېگىزگە چىقىپ كېتىپ بارغان چۈمۈلە ئاخىرىغا چىقالماي سىيرىلىپ كەتكەندەك، ئارمانلىرىمىزغا يېتەلمەسلىك

ئۇچۇن بېرىپتىكەن - دەە....

زاماندىن قەدىرىيەنىڭ ھەم غەزەپتىن، ھەم ھەسرەتتىن چوڭقۇر - چوڭقۇر تىنىۋاتقانلىقىنى سېزىپ تۇراتتى.

— ئەمدى بىلدىم، — دېدى قىز سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھاياتىمىزنىڭ ئوندىن توققۇزى زارلىنىش، قاقشاش، ئىنتىلگەن تۇرمۇشقا يېتەلمەسلىك بىلەن ئۆتىدىكەن... يارىلىپ مۇنداق كۆڭگە قالغۇچە يارالمىساقمۇ بوپتىكەن.

ھەسرەت ئادەمنى يا ئۇنسىز قىلىۋېتىدۇ، يا سۆزمەن قىلىۋېتىدۇ.

— لېكىن بۇنىڭ بىر ئايرىملىق ئىكەنلىكىنى بىلىش كېرەك، دېگەن قاراشتا مەن، قەدىرىيە.

— ياق، ياق، ئۆز ئىچىمىزدىلا دەيلى: ھاياتتىن بىز رازى بولدۇقمۇ؟ سەبىھەنىڭ ئاپىسى، مېنىڭ ئاپام رازى بولدىمۇ؟

— بىز ئۆزىمىزنى باشقۇرالمىساق، رېئاللىققا تەن بەرمەسەك، تۇرمۇشقا كۆڭۈلسىزلىك، جۇدالىق يوشۇرۇنغانلىقىنى چۈشەنمىسەك ھايات بىزگە ھامان جاپا، ئازاب بولۇپ تۇيۇلىدۇ، — دېدى زاماندىن تەمكىن ئاۋازدا، — باشقا كەلگەن دەرد - ئەلەملەرنى يېڭەلمىسەك، ئۆمرىمىزنى تۈگەشتۈرۈۋالىمىز. تەبىئەت بىزگە ئەقىلمۇ بەرگەن، مۇشۇنداق قايغۇلۇق پەيتلەردە ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلمىسەك، ھاياتنىڭ قىممىتىنى چۈشەنمىسەك قىسقىلا ياشاپ قالىمىز، ھەل قىلغىلى بولمايدىغان نەرسىلەرگە ھاياتنى قۇربان قىلىۋەتمەسلىك كېرەك قەدىرىيە!

— مەن بۇنى چۈشىنىمەن، زاماندىن، — دېدى قەدىرىيە ئۇنىڭ قولىغا چىڭ ئېسىلىپ، — ئەقىل دېگەن گويا تىلسىم، ئۇنى ئىشلىتىشنى بىلگۈچى ئاجايىپ مۆجىزىلەرنى يارىتالايدۇ؛ ئىشلىتىشنى بىلمىسە، مۆجىزە تۇرماق، تالدىن سېۋەتمۇ توقۇيالمايدۇ، بىراق سۆيگۈگە ئەقىل كەتمەيدۇ، ئەقىل باشقا نەرسە، سۆيگۈ باشقا نەرسە. مەن سۆيگۈ كۈچىنىڭ ئازابىنى دەۋاتىمەن.

— مەن بىر نەرسىنى ھېس قىلىپ قالدىم قەدىرىيە، باشقىلار تۇرۇپ تۇرسۇن، ئەقىللىق ئادەممۇ سۆيگۈگە ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتسە، ئەقلىدىن ئايرىلىپ قېلىشى، چۈشكۈنلىشىپ كېتىشى مۇمكىن.

— كىشىلەر سۆيگۈسىنى قەدىرلىمىسە بولىدىكەن ـ دە؟

— مەن ئۆز سۆيگۈمنى ئەلۋەتتە قەدىرلەيمەن.

— بىزنى تېزلا ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئوخشايسىز؟

— ياق، مەن قارىشىمنى دەۋاتىمەن، سۆزۈمنى تۈزلا چۈشىنىپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن.

ئۇلار كوچىلاردا كەزمەكتە. تۈن ئۆز قوينىغا نۇرغۇن نەرسىلەرنى يوشۇرغان. ئۇلار قايسى كوچىغا كىرسە، دەرەخلەرنىڭ كەينىدە پىچىرلىشىۋاتقانلارنى بايقايتتى. بۇلار كىملەر؟ تونۇيدىغانلارمۇ باردۇ بەلكىم؟ بىلگىلى بولمايتتى. مۇھەببەتنى ئۆزلىرىنى مۇشۇ دەرەخلەرنىڭ كەينىگە ئەكېلىپ قويغان قىز ـ يىگىتلەردۇ، ئېھتىمال، بىرلىرى ئەرلىرىنى، بىرلىرى ئاياللىرىنى ئالداپ چىققانلاردۇ، ئۆزلىرىنى بەكمۇ يوشۇرۇشنى ئويلىغانلار قارا ياكى قارامتۇل كىيىملەرنى كىيىشىپ، ھاجىتى يوق دېگەنلىرى ئاق ياكى ئاقۇچ كىيىملەرنى كىيىشىپ چىقىشقانىدى. قەدىرىيە ئويلاپ قالدى: «مۇشۇ پىچىرلىشىۋاتقانلار، قۇچاقلىشىپ سۆيۈشۈۋاتقانلارنىڭ قانچىسى مۇراد ـ مەقسەتلىرىگە يېتەر؟ بىلمەن، ھەممىسىنىڭ ياكى كۆپچىلىكىنىڭ ئارمانلىرى قاقشاپ قالىدۇ ـ دە، ھاياتىدىن بىزار بولىدۇ. ئاخىر مەيلى چۈشمىگەن بىرى بىلەن دۇنيادىن ئۆتىدۇ. بۇ جاھان شۇنداق جاھان».

قەدىرىيە زامانىدىنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ ئۇنىڭغا يېقىن چاپلىشىپ، بېشىنى مۈرىسىگە تىرەپ ماڭماقتا ئىدى. ئۇ بۇ يوللارنىڭ تۈگىمەسلىكىنى، تۈننىڭ ئۇزاق بولۇشىنى، تاكى تاڭ ئاتقۇچە مۇشۇنداق يۈرۈشنى تىلەيتتى، خالايتتى: «ئەمدى بۇ ئىشقىغۇ ئىگە بولارمەن» دەيتتى. «تۇۋا، بىز يۈرۈۋاتقاندەك،

يېقىندا توي قىلىدىغان ئادەمدەك كېتىپ بارىمىز ـ ھە… نېمىشقا مۇنداق قىلىمەن ئايرىلىپ كەتكەن تۇرۇپ؟ بىلمەيمەن، نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلمەيمەن.» زاماندىنمۇ قاتتىق ھاياجاندا ئىدى: «مېنىڭدىن بىردەممۇ ئايرىلغۇسى يوق، مۇھەببىتىگە چىدىماي،ۋاتىدۇ، بىچارە قىز، مېھرىبان قىز…»

ئۇنىڭغا يۆلىنىپ كېتىپ بارغان قەدىرىيە ئۇنىڭ بىلىكىدىن قولىنى ئىتتىكلا تارتىۋالدى.

— نېمە بولدى؟

— مەن نېمىشقا مۇنداق ماڭىمەن، يا سىز بىلەن يۈرۈۋاتىمىسام؟…

زاماندىن كۈلۈپ كەتتى.

— بىردەمدىلا شۇنداق ئويلاپ قالدىڭىزما؟

— شۇنداق ئويلاۋاتىمەن.

— يۈرگەن چاغلىرىمىزنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقانسىز؟

— راست، — ئۇ يەنە ئەسلىگە قايتتى، — ئۇ چاغلارنىڭ ھۆرمىتىنى مەن ئەبەدىلئەبەد قىلىمەن.

ئۇلار مېڭىشتىن توختاپ، ئېرىقنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى، قاپقاقلىق دېرىزىنىڭ ئاستىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى. ئۇلار كېچىنىڭ قانچىلىك ئۇزارغانلىقىنى بىلمەيتتى. كوچىدىن ئۆتكۈچىلەرنىڭ ئايىغى بېسىلغان. ئارىلاپ ـ ئارىلاپ نەلەردىندۇر ماشىنىلارنىڭ گۈركىرىگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالمىسا، شەھەر تامامەن ئۇيقۇغا كەتكەندى. قەدىرىيە بېشىنى ئۇنىڭ كۆكسىگە قويۇپ، ئىككى قولىنى قولتۇق ئاستىدىن گىرەلەشتۇرۇۋالغاندى. زاماندىنمۇ مۇشۇ ھالەتتە ئولتۇرۇپ تاڭنىڭ ئېتىپ كېتىشىنى خالايتتى. مەشەدىنلا سەھەردە ماشىنىنىڭ مېڭىشىغا ئۈلگۈرۈپ بارىسىمۇ بولىدىغۇ.

زاماندىن ئېڭىشىپ تۇرۇپ قىزنىڭ لېۋىگە سۆيدى. قەدىرىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرىگە — مەڭزىلىرى،

لەۋلىرى، كۆزلىرى ۋە بويۇنلىرىغىچە قاتتىق ـ قاتتىق سۆيدى ھەم ھاسىراپ كەتتى. زامانىدىنمۇ ئۇنى قۇچاقلىدى. قىزنىڭ پۈتۈن بەدەنلىرىدىن ھاياجانلىق ھېس ـ تۇيغۇلار قوزغىلىپ بىھوشلانغان ئادەمدەك بولۇپ قالدى.

— مەن سىزنىڭ… سىزگە تەئەللۇقمەن…، — دېدى قىز پىچىرلاپ ۋە ئۇنىڭ قۇچىقىغا چىقىپ، قوللىرىنى بويىنىغا سالدى، ئۇ ھاسىرايتتى…

زامانىدىننىڭ مېڭىسى غوڭۇلداپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۈزۈك ـ ئۈزۈك گەپلىرىنىڭ مەنىسىگە يەتكەندى. «قىزلار ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى، ئىپپەت ـ نومۇسىنى ساقلىشى بىلەن بۈيۈك. بولمىسا ئۇلار ئويۇنچۇققا ئايلىنىپ قالىدۇ، — دەپ چوڭقۇر خىيالغا كەتكەندى ئۇ، — مۇھەببەتكە ھەددىدىن زىيادە بېرىلىپ كەتكەن ۋە ئۇنىڭ مەستلىكى قاتتىق تۇتقان چاغلاردا كىشى مۇشۇنداق بولۇپ قالىدىكەن ـ دە…. ياق، ئۇ بەربىر بىرىگە ياتلىق بولىدۇ، ئۇنىڭ ئالدىدا يەرگە قاراپ قالماسلىقى كېرەك.»

زامانىدىن ئۇنى كۆتۈرۈپ ئورۇندۇققا قويدى.

— يۈرۈڭ، كېتەيلى، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، — بىزنى سائەت ئون بىردە يوقلىما قىلماقچىتى، خىيالىمدىمۇ يوق ئولتۇرۇپ كېتىپتىمىز، سائەت نەچچە بولغاندۇ؟

— سائەتكە قاراپ نېمە قىلىمىز؟ — دېدى قەدىرىيەمۇ ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئۇلار «كۆك تېرەك» مېھمانخانىسىغا قايتىپ كەلدى ـ دە، بىرى ئەرلەر ياتىقىغا، بىرى ئاياللار ياتىقىغا كىرىپ كەتتى.

ئەتىگەنلىكى ماڭىدىغانلار ئىككى ئاپتوبۇسقا چىقىشقا باشلىدى. ئۆزىتىپ كەلگۈچىلەرمۇ كۆپ ئىدى. زامانىدىن ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇردى. قەدىرىيە ئاپتوبۇسنىڭ ئوچۇق دېرىزىسى يېنىغا كېلىپ ياش يۇقى كۆزلىرى بىلەن ئۇنىڭغا تىكىلىپ قاردى، كۆزىگە يەنە ياش كەلدى. زامانىدىن يىغلىمىغان بولسىمۇ،

چىرايى پەرىشان، غەمكىن ئىدى.
— بىرىپلا خەت يېزىڭ.
— يازىمەن.
ئاپتوبۇس قوزغالدى، قوللار پۇلاڭلىدى. ئۇ بارا - بارا يىراقلاشماقتا. زامانىدىن دېرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ، كەينىگە قايرىلىپ، قەدىرىيەدىن كۆز ئۈزمەي كېتىپ بارىدۇ. قەدىرىيە كۆزلىرىدىن ياش تامچىلىرىنىڭ قويۇلۇۋاتقانلىقىنى تۇيماي ئاپتو- بۇس كۆزدىن يىتكۈچە قاراپ تۇردى.

※ ※

ئاخشام سەبىھە قىز - يىگىتلەر ئولتۇرۇشىدا قالغانىدى.
شادلىققا تولغان بۇ كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇش داۋاملاشماقتا، چاقچاق، كۈلكىلەر كۆتۈرۈلمەكتە. ئۈستەللەر ئۈستى تەخسە - تەخسىدە كەلگەن ھەر خىل قورۇمىلار، ماركىلىرى ۋالىلداپ تۇرغان ئاق، قىزىل ھاراقلار، پىۋىلار بىلەن تولغان. سازلار چېلىنىۋاتىدۇ، ناخشىلار ئېيتىلىۋاتىدۇ، ھەر خىل ئىچىملىكلەر ئىچىلىۋاتىدۇ. سەبىھە ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم پىۋا ئىچتى. بۇمۇ ياخشى نەرسە ئىكەن، ئادەم ئۆزىنى خۇشخۇي سېزىدىكەن... باشقا قىزلارمۇ پىۋا ئىچىۋاتىدۇ، قىزىل ھاراقتىن ئىچكەنلەرمۇ بار. سەبىھەنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرزات كېلىۋالغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇنداق كۆڭۈللۈك سورۇنلاردا بىللە بولالمىغىنىغا ئې- چىنىۋاتسىمۇ، لېكىن ئۇنى ئويلىماسلىققا تىرىشماقتا. ئۇنىڭ- سىزمۇ ساز - ناخشىلار، قىزىق پاراڭلار، كۈلكە - چاقچاقلار ئۇنىڭ بۇ ھەقتىكى خىياللىرىنى ئېلىپ قاچماقتا ئىدى.
— دوستىڭىز تېخىچە كەلمەيدىغۇ؟ — دېدى شۆھرەت مۇئەل- لىم سەبىھەگە قايرىلىپ.
— موماينىڭ ئۆيىگە يولۇقۇپلا كېلىمەن، دېگەن. بىلمە-

دىم، نېمىشقا كېچىكىۋاتىدىكىن.

— مومىسىنىڭ ئۆيىنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بەختىيار مۇئەللىم.

— بىلىمەن.

— يۈرۈڭ، ئىككىمىز باشلاپ كېلەيلى.

— بوۋىسىنىڭ ئاچچىقى يامان، مۇنداق كېچىدە بارساق، سۆرۈپ چىقىدۇ دەڭا.

سەبىھە ئۇلارغا شۇنداق دەپ قويىسىمۇ، قەدىرىيەنىڭ شۇ چاغقىچە كەلمەيۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ ئويلاپ قالغانىدى: «زامان-دىندىن ئايرىلغۇسى كەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ - دە، بولمىسا شۇ چاغقىچە كېلىپ بولغان بولاتتى. بوپتۇ، قانغۇچە مۇڭدىشىۋال-سۇن، ئەمدى ئۇلار كۆرۈشەلمەيدۇ ئەمەسمۇ... شۇ تۇرقىدا ئۇلار قايسى كوچىلاردا يۈرىدىكىن؟»

رومكىلار ئايلانماقتا، يۈزلەر قىزىرىپ، كۆزلەر خۇمارلاش-ماقتا. سەبىھە ساۋاقداشلىرى ۋە ئىككى ياش ئوقۇتقۇچىسىنىڭ زورلىشى بىلەن ئىككى رومكا قىزىل هاراق ئىچتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ خۇشخۇيلىشىپ، بەدەنلىرىدىن شادلىق ۋە ئىشق هېس-لار قوزغىلىشقا باشلىدى. ئۇسسۇلغا چۈشكەنلەرگە چاۋاك چې-لىپ، ئالقىش ياڭرىتىپ قوزغالغان هېسلىرىنى باسالماي قالدى. شوخ پەدىلەرگە چېلىنىۋاتقان سازلارنىڭ رىتىملىق جاراڭلىشى، ئۇسسۇلغا چۈشكەن قىز - يىگىتلەرنىڭ بىر - بىرىگە قىيا بېقىشىپ نازلىق ئويىنىشى ئۇنىڭ يۈرىكىگە ئوت يېقىۋەتكەنىدى، نۇرلانغان يۈزى، كۈلگەن كۆزلىرىدە قايغۇ - هەسرەتنىڭ سايى-سىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

سازلار چېلىنماقتا، ئۇسۇللار ئوينالماقتا، رومكىلار ئايلان-ماقتا. ئۇ بەختىيار تەڭلىگەن رومكىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىچتى - دە، تېخىمۇ خۇشخۇيلىشىپ كەتتى. سورۇندىكى ئوغۇل-لار ئۇنىڭغا ناهايىتى چىرايلىق، ئىنتايىن ئوماق، مۇلايىم،

ھەممىسى ئۆزىگە مەھلىيا بولۇپ تەلمۈرۈپ تۇرغاندەك بىلىندى.
بىر چاغدا ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ سۆزلەش-
كە باشلىدى:
— ئەمدى تانسا ئوينايمىز، ئوغۇللار، نېمانداق ياۋاشسىلەر،
بىزنى تۇتۇڭلار... ھەي قىزلار، ساختا نومۇسچانلىقنى قويۇڭلار،
ئويناڭلار، كۈلۈڭلار، قېنى تۇرۇڭلار!...
سەبىھە مەست بولۇپ قالغاندىن كېيىن، ئۆزىنى ئاجايىپ
گۈزەل، مەغرۇر ھېس قىلدى. غۇرۇرى تېشىپ، ئۇلۇغۋار ھې-
سابلىدى. ھەرقانداق گەپنى ئېيتىشتىن، ھەرقانداق ئىشنى قى-
لىشتىن يانمايدىغان تەلۋە باتۇرغا ئايلاندى. ئوغۇللارنى جۇرئەت-
سىزلىكتە، قىزلارنى ساختا نومۇسچانلىقتا سۆكۈشكە ئۆتتى.
ئۇنىڭ قىلىق، گەپلىرىگە بەزىلەر كۈلدى، ئېچىندى، بەزىلەر
يىرگەندى...
— مەن مەست بولۇپ قالدىما، ئاۋۇلار نېمىشقا كۈلى-
دۇ؟ — دېدى ئۇ يېنىدىكى بەختىيار مۇئەللىمنى مۈرىسى بىلەن
نوقۇپ.
— ياق، ياق، شۇنداق ياخشى ئولتۇرۇۋاتىسىز.
— مەست بولۇشمۇ ياخشى ئىش ئىكەن، ئادەم خۇشاللىنىدى-
كەن، ئۆزىنى شۇنداق ئەركىن، بەختلىك سېزىدىكەن...
ئۆزىمىزنى قىز - قىز دەپ ھەممە ياخشى نەرسىلەردىن مەھرۇم
قېلىپ يۈرۈپتىمىز...
— شۇنداق، تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەرنىڭ بارلىقىنى ھازىر-
غىچە بىلمەي يۈرگىنىڭىزگە ھەيرانمەن.
سەبىھە ئۆزىنى بىردە ئاسماندا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلىپ يۈرگەن-
دەك، بىردە گۈللەر ئېچىلغان، ئالتۇن شولىلار نازغىغان باغلار-
دا يۈرگەندەك سېزىشكە باشلىدى. تانسا مۇزىكىسى چېلىنماقتا،
قىز - يىگىتلەر تانسىغا چۈشكەن، سەبىھە بېشىنى بەختىيارنىڭ
بىلىكىگە قويۇپ، كۆزلىرىنى يېرىم يۇمۇپ ئويناۋاتىدۇ. نېمە-

لەرىندۇر دەپ پىچىرلاپ سۆزلەۋاتىدۇ. قانداقتۇر بىر ئوي بىلەن يۇرىكى قاتتىق ئۇرۇپ، بەدەنلىرى تىترەشكە باشلىغان بەختىيار بۇ كېچىنىڭ پاتراق تۈگىشىنى تاقەتسىزلىنىپ كۈتمەكتە. ئۇنىڭ ئاغىنىسى شۆھرەت قەدىرىيەنىڭ كېلىشىنى زارىقىپ كۈتكەن. بىراق ئۇنىڭ قارىسى كۆرۈنمىگەندىن كېيىن، ئۈمىدىنى ئۈزۈپ باشقا قىزلارغا سوركىلىپ يۈرىدۇ.

مۇزىكا توختىدى، ھەممىسى ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇ-رۇشتى. شوخلۇقلار ئەۋجىگە چىقماقتا ئىدى.

— ئىككى قىز تېپىپ قويدۇم، ئولتۇرۇش ئاخىرلىشىش بىلەنلا ئاچىقىپ كېتىمىز، — دېدى شۆھرەت بەختىيارنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ.

— ئۆزۈڭ چىقىپ كېتىۋەر، — دېدى بەختىيارمۇ ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — مەنمۇ تېپىپ قويدۇم.

— كىمنى؟

— مۇنۇ يېنىمدىكى قۇرغۇينى، ئۇ ھازىر قولۇمغا قونۇپ بولدى.

كېچە سائەت ئون ئىككى بولاي دېگەندە، ساز ـ ناخشا، تانسا توختاپ، ئولتۇرۇشنىڭ ئاخىرلاشقانلىقى ئېلان قىلىندى. سو-رۇن ئەھلى تويى بولغان قىز ـ يىگىتنى ھۇجرىسىغا ئېلىپ ماڭغاندا، بەختىيار سەبىھەنىڭ بىلىكىگە قولىنى ئۆتكۈزۈپ، ئۇ-نى كوچىغا ئاچىقىپ كەتتى. قىز خۇشال ئىدى، توختىماي سۆز-لەيتتى، قوللىرىنى پۇلاڭلىتاتتى...

بەختىيار بۈگۈن تىلىكىگە يەتكەنىدى، ئۇنى ياندىن قۇچاقلاپ كۆتۈرۈپ كېتىپ بارىدۇ، ئارىلاپ توختاپ، قايرىپ مەيدىسىگە باسىدۇ، لەۋلىرىگە سۆيىدۇ. كېچە قاراڭغۇسى، كوچىنىڭ ئا-دەمسىزلىكى ئۇنىڭ بۇنىڭدىن ئارتۇق قىلىقلارنى قىلىشىنىمۇ يوشۇرۇپ قالالايتتى. لېكىن ئۇنىڭ كۆڭلىگە پۈككىنى بار. ئۇ مېڭىشنى داۋاملاشتۇردى. سەبىھە:

— بەختىيار مۇئەللىم، دۇنيادا تېخىمۇ ياخشى نەرسىلەر بار، دەۋاتقانتىڭىزغۇ، قېنى ئۇلار؟ — دېدى.

— بار، ھازىر كۆرىسىز.

— قەيەردە؟

— باغچىدا.

— پاھوي··· باغچىغا بارىدىكەنمىز ـ دە··· بىز ئىمتىھان بېرىدىغان چاغلاردا باغچىغا كېلەتتۇق···

— باغچىنى سېغىندىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، سېغىندىم.

بەختىيار سەبىھەنى باغچىغا ئەكەلدى. ئىككىسى باغنىڭ ئاخىرى — تام ياقىسىدىكى باراقسان دەرەخنىڭ ئاستىغا كېلىپ توختىدى ـ دە، ئولتۇرۇشتى. بەختىيار ئۇنى قۇچىقىغا ئولتۇرغۇزۇۋېلىپ، ھەدەپ سۆيۈشكە باشلىدى.

ئىچىملىك ۋە مەست بولۇش كىشىنىڭ نۇرغۇن ئاجىزلىقلارنى سادىر قىلىشىغا، تۈزىتىپ بولمايدىغان خاتالىقلارنى ئۆتكۈزۈشكە يول ئېچىپ بېرىدۇ ھەمدە كىشىنى ئەقلىدىن ئازدۇرۇپ مەنىۋى بۇلغىنىشلارغا ئىتتىرىدۇ. ئۇ بەختىيارنىڭ قولىنىڭ نەلەردە يۇرگەنلىكىنى، نېمىلەرنى قىلىۋاتقانلىقىنى سەزمەيتتى. ئۇنىڭ ئاچ كۆزلۈك بىلەن سۆيۈشلىرىدىن بىردە ئۆزىدە راھەت ـ لەززەتلىنىش سەزسە، بىردە ھېچنېمىنى ئۇقمايتتى. چۈنكى ئۇ ئىپپەت ـ نومۇسىنى، ساپلىق ھېسسى ھەم غۇرۇرىنى ھاراق بىلەن قوشۇپ ئىچىۋەتكەنىدى. شۇڭا ئۆز ئىختىيارىنىڭ بەختىيارنىڭ قولىغا ئۆتۈپ قالغانلىقىنى تۇيمايتتى.

بەختىيار خالىغىنىنى قىلدى.

سەبىھە تاڭ سەھەر — يەرگە يېڭىدىن يورۇق چۈشكەندە ئويغاندى. ئۇ مۇزلاپ غوللىرى كىرىشىپ، تۈگۈلۈپ قالغاندى. كۆزىنى ئېچىپلا نەگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمەي ھەيران بولدى. زىڭىلداپ ئاغرىۋاتقان بېشىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئولتۇر-

دى، ئۆياق ـ بۆياقا قارىدى، ئاخشامقى ئىشلارنى خىره ـ شىره ئەسلىدى، ئويلاندى ۋە بىردىنلا ئۆزىنىڭ بۇلغانغانلىقىنى بىلىپ، دېمى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى، كۆز ئالدى قاراڭغۇلاشتى، بېشى پىرقىراپ، بەدەنلىرى سىلكىندى... دەسلەپتە ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ، بىر بىلەلمەي قالدى، بىردەمدىن كېيىن، چۈۋۈلغان چاچلىرىنى قاماللاپ تۇتقىنىچە يىغلاپ كەتتى. تاراملاپ توختىماي تۆكۈلگەن ياشلار بىردەمدىلا سارغايغان يۈزلىرىنى ھۆل قىلىۋەت-تى. ئۇ ئۆكسۈپ ـ ئۆكسۈپ يىغلايتتى، قاقشاپ تېپىرلايتتى، چاچلىرىنى يۇلاتتى...

ئۇ ئۆزىنىڭ باغچىدا ئىكەنلىكىنى ئۇقۇپ، ئەتراپىغا ئەنسىز-لىك بىلەن سەپسالدى، كۆن چىققانىدى. ئەتراپىدا ئۆزىدىن بۆ-لەك ھېچكىم يوق ئىدى، بۇنىڭدىن بىرئاز تىنچلاندى. «ئەي خۇدا، — دېدى ئۇ ناله قىلىپ، — مەن نېمە بولدۇم، نېمە ئىش قىلىپ قويدۇم؟... ئىپپەت ـ نومۇسنى ساقلاش قىزلارنىڭ بۈيۈكلۈكى ئەمەسمىدى... ئىپپەت ـ نومۇس يولىدىن چىقىپ كەتتىم... ئادەملەر شۇنچىمۇ قارا كۆڭۈل، ۋەھشىي، ياۋۇز بولامدۇ!... ئەمدى بۇ بېشىمنى قانداق كۆتۈرۈپ يۈرەرمەن؟... ئاخشام مېنىڭدە قانداق ھېسسىياتلار قوزغالغاندۇ... مەشەگە ئۆز پۇتۇم بىلەن كەلگەندىمەن ـ ھە...»

ئۇنىڭ كۆز چاناقلىرى يەنە ياشقا تولدى. بىراق بۇ يەردە تۇرۇۋېرىشكە بولمايتتى، تېز كېتىشى كېرەك ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى تارغىقى چۈشۈپ قالماپتۇ، ئۇ يۈزلىرىگە يېپىلغان، پاخ-پايغان چاچلىرىنى تاراپ، ئۆزىنى بىرقۇر ئوڭشاپ، ئورنىدىن تەسلىكتە تۇردى ـ دە، ئالدىدىكى ئېرىقتا ئېقىۋاتقان سۇدا يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيدى. لېكىن شۇنداق سەھەردە باغچىدىن چىقسا، كىشىلەر نېمە دەيدۇ؟ ئۇ مۆكۈنۈپ يەنە بىرئاز تۇ-رۇشنى ئويلىدى.

تۇزىتىپ بولمايدىغان خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغانلىقىدىن ئې-

غىر پۇشايمان ۋە قاتتىق ئۆكۈنۈشتە قالغان، يۈرىكى كۆيۈپ ئۆرتىنىۋاتقان سەبىھە كۈن ئارغامچا بويى ئۆرلىگەندە ھالسىز قەدەملىرىنى ئاستا تاشلاپ مېڭىپ باغچىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ئۆيىگە يېتىپ چىقىپلا يېتىپ قالدى، ياتقاندىمۇ قاتتىق ياتتى.

## 41

سەبىھە ھازىر ناھىيىلىك دوختۇرخانىنىڭ بالنىستىدا يېتىۋاتىدۇ. ئۇ گۇڭشې دوختۇرخانىسىدا ياخشىلىنىش بۇياقتا تۇرسۇن، كۈندىن ـ كۈنگە ئۇساللىشىپ كەتكەچكە، شۇ يەردىكى دوختۇرنىڭ پىكرى بويىچە بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەن. ناھىيىلىك دوختۇرخانا ئۇنى ئۇزۇلدۇرمەي ئۈچ كۈن تەكشۈرگەندىن كېيىن، ياشانغان پېشقەدەم دوختۇر مۇنداق دېگەن: ئۆپكىگە سوغۇق تەگكەن، بۇرۇنقى داۋالاشلار دەل بولمىغان، ئالدى ئېلىنماي، كېسەلگە قارشى ئەملەش ئېلىپ بېرىلماي، كېسەل ئەدەپ كېتىپ، ئۆپكىدە يىرىڭلىق قان پەيدا بولغان. قان تەكشۈرۈشنىڭ نەتىجىسىدىن قارىغاندا، كېسەل روھسىز، بۇنداقتا ئەمەلەشنىڭ ئۈنۈمى كەم كۆرۈلىدۇ.

ئەنە، ئۇ ھاسىراپ ياتىدۇ، چىرايى سولغۇن، كۆڭۈل قويۇپ، ئارزۇلاپ ئېتىلگەن تاماقلارنىمۇ تۈزۈك يېمەيدۇ. مۇلايىم قىياپەتلىك، مۇكچىيىپ قالغان مەكتەپ مۇدىرى كۆيۈمچان ئادەم، ئۇ قەدىرىيەنىڭ دەرسلىرىنى ھەپتىنىڭ تاق كۈنلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ، جۈپ كۈنلەردە ئۇنى سەبىھەگە قاراشقا ئەۋەتتى. ئۇنىڭ بېرىپ ـ كېلىشى ئۈچۈن رېزىنكە چاقلىق ئېشەك ھارۋىسى بىلەن بىر ئادەمنى ئاجراتتى. ئوقۇتقۇچىلارنى ئارىلىق يىراق بولسىمۇ، يوقلاپ تۇرۇشقا تەشكىللەپ تۇردى.

كېچە، ياخشىلىنىپ قالغان ئاغرىقلارنىڭ قارتا ئوينىشلىرى-

مۇ، زالغا چىقىۋېلىپ ئۇزۇلمەس پاراڭلارغا چۈشۈپ كېتىدىغانلارمۇ جىمىپ قالغان چاغ. ھاردۇق يەتكەن گۈلزارىخان كارىۋاتنىڭ يېنىغا قويۇلغان ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ، قىزىنىڭ تەكىيىسىنىڭ بىر چېتىگە بېشىنى قويۇپ ئۇيقۇغا كەتتى، سەبىھە تېخىچە ئويغاق. ئۇ كۆزىنى بىر نۇقتىغا تىكىپ خىياللار دېڭىزىغا غەرق بولۇپ كەتكەن. خىياللىرى ھاسىراپ قىينىلىشلىرىنى، قىزىتمىسىنىڭ ئۆرلەۋاتقانلىقىنى، دۇمبە ھەم مەيدىسىدىكى سانجىقلىرىنى ئۇنتۇلدۇرغاندەك قىلغان بىلەن ھەسرىتىگە ھەسرەت، ئازابىغا ئازاب قوشۇپ تۇراتتى. ئاغرىق ئادەم خىيالدىن ھەرگىز نېرى بولالمايدۇ. ئۇ مۇشۇ يېشىغىچە بولغان ئىشلارنى، ئېسىدە قالغانلىكى خاتىرە، ۋەقەلەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرمەكتە ئىدى. ئۇ ئون ئىككى - ئون ئۈچ ياش ۋاقىتلىرى، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقلىرىدا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىنى ئەسلىدى. «ئەجەب ياخشى، خاتىرجەم، غەمسىز چاغلار ئىكەن ئۇ، تەييار كىيىم، تەييار تاماق، چوڭ بولسام، ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇسام، ئالىم بولسام، دوختۇر بولالايمىكىن يا ئىنژېنېر... دېگەن ئويلار، چوڭ خىزمەتلەرنى قىلسام، قەيەرگە بارسام خەلق مېنى ئالقىشلاپ تۇرسا نېمىدېگەن ياخشى - ھە... دېگەن ئارمانلار، ئۇنىڭدىن باشقا غەممۇ يوق ئىدى، ئاجايىپ ئۈمىدۋار مەزگىللەر ئىدى ئۇ... شۇ يېشىمدىن ئۆسمىگەن بولسام... ئادەمنىڭ يېشى ئۆسكەنسېرى غېمىمۇ، ھەسرىتىمۇ كۆپىيىپ بارىدىكەن...»

بىراق ئۇنىڭ خىياللىرى كۆپرەك قەدىرىيە، زامانىدىن، نۇرزاتلار بىلەن بىللە بولغان چاغلارنى ئارىلايتتى، ئىختىيارسىز شۇ پەيتلەرگە مەركەزلىشىپ قالاتتى: «بۇرۇن ئەركىن قىز ئىدىم، ھېچكىمگە بېرىلمەي، باغلانماي ئۆتتۈم. كېيىنچۇ؟ نۇرزاتقا كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئادەمنىڭ ئىختىيارىدىكى ئىش ئەمەس ئىكەن، بارا - بارا ئۇنىڭغا كۆيدۈم، باغلىنىپ قالدىم، كۆرمىسەم تۇرالمايدىغان دەرىجىگە يەتتىم. ئۇمۇ ماڭا خۇپىيانە كۆيۈپ

قالغانلىقىنى ئاشكارىلىدى، ئىككىمىز يۈردۇق. مېنىڭ دۇنياغا
كۆز ئېچىپ تاپقان خۇشاللىقىم، بەختىم شۇ بولدى، ئۆزۈمنى
چەكسىز بەختىيارلىقتا سېزىپ يۈردۈم… بىراق ئائىلىلەرنىڭ
كونا ئاداۋەتلىرى بىزنى ئايرىلىشقا مەجبۇر قىلدى. ئايرىلمايمۇ
بولمايتتى. ئەمدىچۇ؟ ھەممىسى تۈگىدى، ئەمدى نۇرزاتنى كۆر-
گۈم يوق، كۆرمىسەم دەيمەن، يۈزىگە قانداق قارايمەن؟ ئۇنى
كۆرۈشكە، سېغىنىشقا ھەققىم بارمۇ؟ شۇنداق سالاھىيەتنى ساق-
لىيالىدىممۇ؟ ياق، يوق! ئۇ ساپ، ئۇ پاكىز، مەنچۇ؟ مەن
شەرمەندە - رەسۋا. تەنتەكلىك، يېنىكلىككە، شەرمەندە - رەس-
ۋالىققا، بىردەملىك قوزغالغان ھېسسىياتىمنى باسالماسلىققا يول
قويدۇم. ئۆز - ئۆزۈمنى، پاكلىق تۇيغۇمنى، نومۇس - غۇرۇ-
رۇمنى ھاقارەتلىدىم، — ئۇنىڭ قەلبىنى ھاقارەتلىنىش تۇيغۇسى
قاتتىق ئۆرتەشكە باشلىدى، — ھازىرىم، كەلگۈسۈم، ئۈمىد -
ئارمانلىرىم ۋەيران بولدى. مۇشۇ ھالدا ياشىشىمنىڭ نېمە مەنە-
سى قالدى…»

ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشاشقا بولغان مۇھەببەتتىن، ھاياتتىن ۋاز
كېچىش تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭغا ئىنتىلىش باش كۆتۈرۈۋاتاتتى.

سەبىھە ئۆزىنىڭ ئوي - خىياللىرىدىن قورقۇپ، بېشىنى
ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئولتۇرۇپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى. يۈزلى-
رىدىن تەرلەر قۇيۇلماقتا ئىدى. يۈرىكى ئېتىلىپ چىقىپ كېتى-
دىغاندەك كۆكرەك قەپىسىگە قاتتىق ئۇرۇلماقتا ئىدى. ئۇ ئوڭ
قولىنى يۈرىكى ئۈستىگە مەھكەم قويۇۋالدى. شۇ ھالدا ھاسىراپ
بىردەم تۇرغاندىن كېيىن، ئۆزىنى تامامەن دەھشەت ئورۇۋالغان-
لىقىنى ھېس قىلدى. ئۇنىڭ چىرايى شۇنچىلىك ئۆزگىرىپ كەت-
كەن ئىدىكى، ئەگەر ئاپىسى ئويغىنىپ كەتكەن بولسا، ئالاقزادى-
لىككە چۈشۈپ قالغان بولار ئىدى.

ئۇ ئاپىسىنى ئويغىنىپ كەتمىسۇن دەپ ئاۋايلاپ ياتتى،
ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتتا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمىدى.

ئەتىسى ھەممىدىن بۇرۇن ئويغاندى. سائەت ئونلاردا قەدىرى-يە يېتىپ كەلدى. ئۇ كېلىپلا گۈلزارىخاننى «ئۆيىگىمىزدە ئىشلار-مۇ يىغىلىپ قالغاندۇ، مەن بولغاندىكىن خاتىرجەم بېرىپ كې-لىڭ» دەپ ئۆيگە ئەۋەتتى. لېكىن سەبىھەنىڭ ھالى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە: ئاغرىق كىشىنىڭ قىينىلىپ ياتقانلىقى، چىرايىنىڭ قورقۇنچلۇق تۇسكە كىرىپ قالغانلىقىغا قاراپ دەسلەپ ئەندىشىگە چۈشۈپ قالىدۇ. كۆڭلى بىرقىسما بولىدۇ، ئۈمىدسىزلىنىدۇ، يىغا تۇتىدۇ. ئەمما ئاشۇ ھالەتنى كۆرۈۋەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭغا كۆنۈپ قېلىپ، كۆڭلى توختاپ قالىدۇ، ئەنسىزلىكمۇ بېسىلىپ قالىدۇ. شۇنچە ۋاقىت-تىن بېرى سەبىھەنىڭ قىزىتمىسى چۈشكىنى يوق، ئۇ چە-لىق - چىلىق تەرنىڭ ئىچىدە يېتىۋاتىدۇ، كۆڭۈل قويۇپ داۋا-لاشمۇ كار قىلمايۋاتىدۇ. بۇ ئاغرىقنىڭ ئاخىرى ئۇنى نەگە ئاپى-رار؟ قەدىرىيە كۆڭلىدىن بۇ سوئالنى تالاي قېتىم ئۆتكۈزۈپ قورقۇپ كەتكەن، ھازىر ئۇنداق ھېسلار قوزغالمايدىغان بولۇپ قالدى.

سەبىھەنى داۋالاۋاتقان پېشقەدەم دوختۇر قەدىرىيەنى چاقىرىپ بۆلۈمىگە ئەكىردى.

— قىزىم، كۆرۈپ تۇرۇپسىز، دوستىڭىزنىڭ ئەھۋالى ياخ-شى ئەمەس، ئېيتىڭە، بىرەر دەردى بارمۇ؟

— بار.

— مۇھەببەت دەردىمۇ؟

— شۇنداق.

— سەزگىنىم توغرا چىقتى، — دېدى ئۇ ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ، — دوستىڭىزنىڭ روھىي ھالىتى ياخشى ئەمەس، ئۆزىدە ياخشى بولۇپ كېتىمەن دەيدىغان ئىشەنچ - ئۈمىدمۇ يوق، مۇنداق بولسا ياخشى بولالمايدۇ.

دوختۇرنىڭ چىرايى قايغۇلۇق بولۇپ، تاماكىسىنى

قاتتىق - قاتتىق شوراپ چىكىۋاتاتتى.

— شۇ دەردتىن قۇتۇلدۇرغىلى بولماسمۇ؟

— تەس.

— ھەي ياشلار، ھەي ياشلار، دۇنيانىڭ گۈزەللىكىنى، ئۆمۈرنىڭ شادلىقىنى مۇھەببەتلا دەپ قارايدىغان ياشلار... بۇنداق ھېسسىياتقا چىرمىلىپ قالسا، نېمە بولىدىغانلىقىنى ئويلىسا بولىمامدۇ!

قىسقا سۆھبەتتىن كېيىن، قەدرىيە يېنىپ چىقتى. ئۇ ئىشىكتىن كىرىشىگىلا، سەبىھە:

— نېمە دەيدۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە دەيتتى، دوستىڭىزغا گەپ قىلىڭ، قايغۇرمىسۇن، ئۇنداق چۈشكۈنلىشىپ يۈرمىسۇن، ئۆزىگە ئىشەنسۇن، ئۈمىدۋار بولسۇن، دەيدۇ.

سەبىھە سۈس كۈلۈپ قويدى ۋە قەدرىيەنىڭ چىرايىغا سەپسېلىپ قاراپ سورىدى:

— سېنىڭ چىرايىڭمۇ قايغۇلۇققۇ، ئاداش؟

— راستما؟

— راست بولمايچۇ.

— زامانىدىندىن خەت كەلمەي، ئىچىم تىتىلداپ كېتىپ باردۇ.

— خەت يازمەن دېگەنمىدى؟

— دېگەن، بېرىپلا خەت يازمەن دېگەن. مانا ئون يەتتە كۈن بولدى، بىرەر ھەپتىدىن كېيىن يازغان بولسىمۇ، بۇ چاغقىچە كېلىپ بولاتتى. يازمايدىغان ئوخشايدۇ.

— ئۇ ماڭىدىغان چاغدا نۇرزاتقا بىرمۇنچە گەپلەرنى قىپتىكەن.

— نېمە دەپتۇ؟

— قارامايغا بېرىپ ئاكامغىمۇ، قەدرىيەگىمۇ خەت يازماي-

مەن، نېمە قىلىمەن ئۆزۈمنى ئازابلاپ، قەدىرىيەگە يازسام، ئۇمۇ يازىدۇ، ئازابىمىز تېخىمۇ كۈچەيمەمدۇ، دەپتىكەن.

— ھە، مۇنداق ئىكەن ـ دە... مەن بىچارە تېخى ئۇنىڭدىن خەت كۈتۈپ يۈرۈپتىمەن... بوپتۇ، تۇگىدۇققۇ ئەمدى... پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرىمەن... دۇنيا دېگەن شۇكەنغۇ...

سەبىھە دوستىنىڭ تاتىرىپ كەتكەن چىرايىغا، يېنىپ كەتكەن كۆزلىرىگە دىققەت قىلىپ قارىدى، «پېشانەمگە يېزىلغاننى كۆرىمەن» دېگەن گەپلىرىدىن ئۇ بۇرۇنقى قەدىرىيەگە ئوخشىمايلا قالغاندى. ئۇ قانداق قەدىرىيە ئىدى؟ تەقدىرگە تەن بەرمەيدىغان، مەقسىتىگە يەتمىگۈچە يانمايدىغان، تەبىئەت بىزنى ياراتتى، ئەمدى يولنى ئۆزىمىز تېپىپ مېڭىشىمىز، كۆڭلىمىزگە ياقمايدىغان ئىشلارغا باش ئەگمەسلىكىمىز كېرەك دەيدىغان، شۇنداق جۇشقۇن، كۆتۈرەڭگۈ روھلۇق قىز ئەمەسمىدى...

چۈشتىن كېيىن مەشەدە يېتىۋاتقان، ئەمما ياخشىلىنىپ قالغان ئاغرىقلار كىرىپ كېلىشتى. ئۇلار ھەر كۈنى دېگۈدەك كىرىپ تۇراتتى ۋە ئەھۋال سورايتتى:

— بۈگۈن خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپسىزغۇ.

— چىرايىڭىزمۇ ياخشى...

سەبىھە بۇ گەپلەرنىڭ يالغاندىن ئېيتىلىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتى ۋە ئۆزىمۇ يالغاندىن:

— بۈگۈن خېلىلا ياخشىمەن، — دەيتتى.

ھېلىقى ياشانغان دوختۇر كىردى. ئۇ سەبىھەنىڭ ئەتراپىدا تۇرغانلارغا قاراپ ۋارقىرىدى:

— سىلەرگە نېمە بار بۇ يەردە! ئاغرىققا ئارام بەرمەي كىرىۋالغىنىنى بۇلارنىڭ!

ئۇلار چىقىپ كېتىشتى. دوختۇر سەبىھەنى تىڭشىغۇچ بىلەن تىڭشاپ، تەكشۈرۈپ كۆردى. ئۇنىڭ قىزىتمىسى ئوتتۇز توققۇز يېرىم گرادۇستىن چۈشمەيۋاتاتتى. ئۇ قايتىدىن رېتسېپ يېزىپ

يېنىدىكى سېسترا قىزغا بەردى.

— سىز بىزنىڭ داۋالىشىمىزغا ماسلىشىپ بەرمىسىڭىز بولمايدۇ، قىزىم، — دېدى ئۇ سەبىھەگە تىكىلىپ قاراپ، — ئۆزىڭىزنىمۇ، باشقىلارنىمۇ ئويلىشىڭىز كېرەك. كۆپ خىيال قىلماڭ، خۇشخۇي يۈرۈڭ، دوستىڭىز سىزگە ئۈمىد، خۇشاللىق ئاتا قىلىدىغان كىتابلارنى ئوقۇپ بەرسۇن ياكى چۆچەكلەرنى ئېيتىپ بەرسۇن، ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى ناھايىتى قىزىقارلىق، قانداق دېدىم، قىزىم، — دېدى ئۇ قەدىرىيەگە قاراپ، — شۇنداق قىلغىلى بولماسمۇ؟

— بولىدۇ، دوختۇر، ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى قەدىرىيە.

دوختۇر سۆزىنى داۋاملاشتۇردى:

— بۇ ئاغرىق سىزدىن ھەرگىز قايغۇرماسلىقىڭىزنى، روھى كۆتۈرەڭگۈلۈكنى، شاد - خۇرام يۈرۈشىڭىزنى، ئۈمىدۋار بولۇشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ، بۇ قولىڭىزدىن كەلمەسمۇ، قىزىم؟

سەبىھە ئۈنچىقمىدى. دوختۇر چىقىپ كېتىپ بارغان چاغدا، ئۇ: «دوختۇر دېگەنمۇ قىزىقلا خەق ئىكەن، ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارنى دەۋېرىدىكەن، بۇ مېنىڭ ئىختىيارىمدىكى ئىشتەك» دەپ پىچىرلىدى.

— دوختۇر راست ئېيتىدۇ، سەبىھە، ھەر خىل بولمىغۇر خىياللارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت، — دېدى قەدىرىيە ئۇنىڭ پېشانىسىدىكى تەرلەرنى سۈرتۈۋېتىپ، — ھېچكىمنى ئويلىمىساڭمۇ، ئاپاڭنى ئويلا.

— مەندىكى ئاغرىقنى بەربىر دوختۇر ساقايتالمايدۇ، بىكار ئاۋارە بولىدۇ، ئۆزۈممۇ ساقايتالمايمەن، — دېدى سەبىھە ئادەتتىكى بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك غەممۇ تارتماي، — مېنىڭ ھەممە ئەزالىرىم ساق تۇرسا...

— يۈرىكىڭمۇ ساقمۇ؟

— يۈرىكىم؟...

— يۈرىكىڭدە يارا يوقمۇ؟
— روھىي يارا بالنىستتا ياتقانغا، ئوكۇل سالغانغا ساقىيىپ قالىدىغان ئىش نەدە بار ئىكەن...

قەدىرىيە ئۇنىڭ گەپلىرىگە، قانداقتۇر بىر ئوسال قاراشلارغا كېلىۋالغانلىقىغا ھەيران بولاتتى ھەم قايغۇراتتى.

سەبىھەنىڭ كارىۋىتى دېرىزىنىڭ يېنىدا ئىدى. دېرىزە تەك-چىسىگە ۋىچىرلىشىپ قۇشقاچلار كەلدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، قولىنى سوزۇپ ئوچۇق دېرىزىدىن قۇشقاچلارغا ئۇۋۇتۇپ قويۇل-غان تەخسىدىكى نانلارنى سېلىپ بەردى. ئۇ قۇشقاچلارنى بۇ يەرگە ئۆگىتىۋالغانىدى. ھەر كۈنى ئىككى قېتىم — چۈشتىن ئاۋۋال بىر قېتىم، چۈشتىن كېيىن بىر قېتىم نان ئۇۋاقلىرىنى سېلىپ بېرەتتى، ئۇلار ئۇچۇن ئالايىتەن نان ئۇۋۇتاتتى. ئەگەر سىرتتا، دېرىزىنىڭ يېنىغا بىرلىرى كېلىۋالسا، ئۇلارنى كەتكۈ-زۈۋېتەتتى. سەبىھە قۇشقاچلارغا زوقلىنىپ قارايتتى، ۋىچىرلاش-لىرىغا بېرىلىپ قۇلاق سالاتتى، كەلمەي قالسا، كۆڭلى يېرىم بولاتتى. ئۇنىڭ قورقۇنچلۇق خىياللىرىمۇ ئۇلار كەلگەندە ئۈزۈ-لۈپ قالاتتى.

— مېنىڭ دوستلىرىم، — دېدى سەبىھە قۇشقاچلارغا قا-راپ، — مېنى مۇشۇلار ھەممىدىن كۆپ يوقلايدۇ، مۇشۇلار كەلگەندە ھەممە نېمىنى ئۇنتۇيمەن. مەن مۇشۇلار بىلەن ياشاي-مەن، ئۇچىمەن، پايانسىز كۆكلەرگە چىقىپ كېتىمەن، پەرۋاز قىلىمەن...

قەدىرىيە دوستىغا، ئۇنىڭ سۆزلىرىگە دىققەت قىلىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇ بىرىنچى قېتىم يىغلىغان چېغىدا مۇشۇنداق بىرقىسما گەپلەرنى قىلغان. «ھەسرەت ۋە قايغۇ - ئەلەمنى ئويلاۋېرىش — ئادەمنى ئاجىزلاشتۇرۇۋېتىدۇ ھەتتا سەۋدايى قى-لىپ قويۇشىمۇ مۇمكىن» دەپ ئويلىدى ئۇ ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ.

سەبىھە كۆڭۈل ئارامسىزلىقى ۋە ئاغرىق ئازابىدىن نېرى بولالماي، كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاشماقتا ئىدى.

# 42

مەسۇمجان شوپۇرنىڭ بۇ يەردىن تونۇشۇيدىغان ئاشلىقى ئاللى‐
قاچان تۈگىگەن، لېكىن ئۇ كېلىپ تۇردى. ئۇنىڭ ئۆز مەيلىچە
بولسا، ئىككى ـ ئۈچ كۈندە بىر كېلىپ تۇرغۇسى بار ئىدى،
لەھەلبۇۋى ئۇنىمىدى: «كۆپ كەلمەڭ، سۆز ـ چۆچەككە قالى‐
مەن. راستىنى ئېيتسام مېنىڭمۇ سىز بىلەن پات ـ پات ئۇچرى‐
شىپ تۇرغۇم بار. بىراق ئەتراپىمىزغا قارىمىساق بولمايدۇ» دەپ
تۇرۇۋالدى.

لەھەلبۇۋىنىڭمۇ ئويلىغىنى توغرا: بىر ئادەمنىڭ نامىنى،
ئابرۇيىنى بۇلغايدىغان سۆز ـ چۆچەك ناھايىتى ئاسان تارقىلىدۇ،
ئېغىزدىن ـ ئېغىزغا، قۇلاقتىن ـ قۇلاققا ئۆتۈش جەريانىدا،
ئۇ سەمرىپ يوغىنايدۇ. چۈنكى ئۇنى ئاڭلىغان ئادەم ئىككىنچى
بىر ئادەمگە ئۆزىنىڭ پەرىزى، ئويلىغىنى، ھېسسىياتىنى قوشۇپ
ئېيتىدۇ. «پالانى ئىش مۇنداق بولغان ئوخشايدۇ» دېگەن ئېنىق‐
سىز گەپنى «پالانى ئىش مۇنداق بوپتۇ» دەپ ئېنىقلا قىلىپ
دەۋېتىدۇ. «پالانى مەزىن بامداتقا ئەزان ئېيتىپ بولۇپ، پوكۇنى
تۇل خوتۇننىڭ ئۆيى تەرەپكە قايرىلدى» دېگەن گەپنى ئاڭلىغان
ئادەم ئۈچىنچى بىر ئادەمگە: «پالانى مەزىن ھەر كۈنى ئەزان
ئېيتىپ بولۇپ، پوكۇنى تۇل خوتۇننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدى‐
كەن» دەيدۇ. ئەلنىڭ ئاغزىنى توسۇۋالغىلى بولمايدۇ ـ دە.

قايسى كۈنى مەسۇمجان كەلگەن، ماشىنىسىنى كوچىدا توخ‐
تىتىپ قويۇپ ئۆيگە كىرگەن. ئۆيدە لەھەلبۇۋى يالغۇز ئىدى.

— كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، مەسۇمجان، سىز كۆپ كەل‐
سىڭىز، مەن خىجىل بولىدىكەنمەن، — دېگەنىدى لەھەلبۇۋى.

— سىز بەك ئىنچىكە ئويلاپ كېتىدىكەنسىز، خەق بىلەن
خەقنىڭ نېمە ئىشى، بىزمۇ ئۆز يولىمىزدا مېڭىۋېرىمىز ـ

دە....
— باشقىلارنىڭ يولىغا كىرىۋالىدىغانلار، مارىلاپلا يۈرىدى-غانلار بار، بۇ دېگەن يېزا.
— گەپ - سۆزدىن قورقىسىڭىز، ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئاسانلا يولى بار.
— ياخشىغۇ، قانداق يول ئۇ؟
— سىز ماقۇل دەمسىز؟
— گەپ - سۆزدىن قۇتۇلدۇرىدىغان يول بولسا، ماقۇل دەي.
— توي قىلساق، ھەممە سۆز - چۆچەك بېسىلىپ كېتىدۇ.
لەھەلبۇۋى كۈلۈپ كەتتى:
— ھەي مەسۇمجان، ھەي مەسۇمجان، تاپقان گېپىڭىزنى قاراڭە، جىننىڭ قەستى شاپتۇلدا ئىكەن - دە....
— بۇنىڭدىن باشقا ياخشى يول يوق.
— مەيلى چاقچاق قىلىپ دېگەنسىز، مەيلى چىن كۆڭلىڭىز-دىن دېگەنسىز، يەنە دەپ قوياي: قەدىرىيە ياتلىق بولۇپ كەتمىگۇ-چە بۇ يولغا كىرگىلى بولمايدۇ. بۇ توغرۇلۇق بىز ئوبدان سۆز-لەشكەن.
ئۇ ئالدىغا چۇشۇۋالغان قاپقارا، پارقىراق چېچىنى كەينىگە ئاتتى، چىرايىدىغان ئىللىق تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. ئۇنىڭغا قاراپ ئولتۇرغان مەسۇمجاننىڭ يۈرىكى ئىتتىكلەپ ئۇرۇپ كەتتى - دە، شۇ دەقىقىلەردە قوزغالغان ھېسسىياتىنى باسالماي، ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. لەھەلبۇۋى ئورنىدىن ئىتتىك تۇرۇپ كەتتى.
— تاماق ئېتىپ بېرەي، نېمە يەيسىز؟
— تاماق يېمەيمەن.
— ئەمىسە، ئەتكەنچاي ئېتىپ بېرەي؟
— ئىچمەيمەن.

لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا مېھرى بىلەن، يېقىملىق چىرايى، كۈلگەن كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى.

— يېنىمدا ئولتۇرسىڭىزلار بولدى، — دېدى مەسۇمجان پىچىرلاپ.

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلماڭ، ھېلى قەدرىيە كىرىپ قالىدۇ جۇمۇڭ...

مەسۇمجان جىمىپ، سۇلتىيىپ قالدى. لەھەلبۇۋى ئەتكەنچاي بولسىمۇ ئېتىپ بېرەي، دەپ دېرىزىدىكى چايدانىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈۋىدى، ئۇ ئۇنى «كاپلا» قىلىپ تۇتۇۋالدى ۋە مەھكەم قۇچاقلىدى... لەھەلبۇۋى قارشىلىق قىلالماي قالدى.

شۇ مىنۇتتا سىرتتىن كەلگەن قەدرىيە دالان ئۆيگە كىردى. ئاياغ تىۋىشىنى ئاڭلىغان مەسۇمجان لەھەلبۇۋىنى قويۇۋەتتى. لەھەلبۇۋىنىڭ ئۇنىڭ قولىدىن بوشىشىپ چىقىشى قەدرىيەنىڭ ساراي ئۆيگە كىرىشىگە توغرا كەلدى. ئۇلارنىڭ ھودۇقۇپ قېلىشى، كۆزگە سەل - پەل چېلىققان غەيرىي ھەرىكەت ۋە ئىككىسىنىڭ چىرايىدىكى ئوڭايسىزلىنىش ئالامىتى قەدرىيەنى گۇمانلاندۇرۇپ قويدى: «ھە، بۇ ئىككىسى مۇنداق ئىكەن - دە...» دەپ ئويلىغان قىزنىڭ چىرايى بىردىنلا تاتىرىپ كەتتى. لەھەلبۇۋى قىزىغا قارىيالماي قالدى. بۇ ئوڭايسىزلىنىش، قورۇنۇشلاردىن قۇتۇلۇش ناھايىتى تەسكە چۈشتى.

مەسۇمجان چىقىپ كەتتى.

شۇ كۈنى كېچىسى ئانا - بالا ئىككىسى ئۇخلىماي چىقتى. «ئەجەب سەت ئىش قىلىپ قويدۇق - ھە... بىلىپ قالغانمىدۇ؟ — دەپ ئويلاۋاتاتتى لەھەلبۇۋى ئەندىكىپ، — كۆڭلۈم تۈيغان ئىش بولماي قالمايدۇ، كېلىپ قالىدىغاندەكلا قىلىپ تۇرغان... بەرىبىر غۇ بىلەتتى. بىراق، ۋاقتىدا بىلگىنى ياخشى ئىدى. ‹قېرىغاندا قېرى تاتۇق، قىلىقلىرى ئاندىن ئارتۇق› دەپ

تاسلا قالدى ئۇستىدىن چۈشۈپ قالغىلى… ھەي، بىلىپ قالدىغۇ دەيمەن؟ … ۋاي، شەرمەندىچىلىك، ۋاي، شەرمەندىچىلىك… ئايىسخان موماي ھامان بىر كۈنى خالاپ قالىسىز دېۋىدى، راست ئىكەن، خالاپ قالدىمغۇ، ئۇنىڭدىن ياش ۋاقىتلىرىمدا بىرەرىگە تېگىپ كەتكەن بولسام، قەدىرىيەمۇ ئۇنى «دادا» دەپ چوڭ بولغان بولاتتى، مۇنداق خىجىلچىلىقلارمۇ بولماس ئىدى. قانداق قىلىمەن، بولغۇلۇق بولدى، — ئۇ قىزى قاپىقىنى تۈرۈپ، كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراپ تۇرغاندەك نومۇسلىنىپ ئويىاققا ئۆرۈلدى، — مەن بىر قېتىم بەختسىزلىككە ئۇچرىغان، ئۇنىڭ ھەسرىتى ئۇنتۇلماي تۇرۇپ، بۇنىڭغا ماقۇل دېدىم، يۈرىكىمدىكى يارىلار شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپ كېتەر، دەپ ئويلىدىم، ئۇ كۆڭلۈمنىمۇ تارتىپ بولدى. ئايىسخان موماي ئۇنى سۈرۈشتۈرۈپ: «ياخشى ئادەم ئىكەن، ئەيش - ئىشرەت، كەيىپ - ساپادا يوق ئىكەن، ئانىسىغىمۇ، ئالدىدىكى بىر تال بالىسىغىمۇ مېھرىبان، كۆيۈمچان ئىكەن، ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەن، دەپ خەۋەر يەتكۈزدى، لېكىن «ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە»، دېگەندەك، ئۇنىڭمۇ ئەسكى خۇي، ئەسكى قىلىقلىرى چىقىپ قالارمىكىن؟… بىر ئوبدان تىنىچ، غەمسىز ئايال ئىدىم، كۆڭلۈمنىڭ ئارامى بۇزۇلدىغۇ…»

«ئاپامنىڭ بۇ نېمە قىلغىنىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن ئويناپ كۆڭلىنى خۇش قىلىپ يۈرەمدىغاندۇ، ئاپام شۇنداق ئايالمىدۇ؟…— قەدىرىيە چوڭقۇر خىيالغا چۆكتى، — ياق، ئاپامنىڭ ئۇنداق ئايال لىقىغا ئىشەنمەيمەن. بىلىمەن، ئاپامغا جىق لايىقلار چىققان، ھېچقايسىسىغا ئۇنىمىغان. ئۇنىڭ مەھەللىدە ئەخلاقلىق، ئەدەپلىك دېگەن نامى، مەكتەپتىمۇ ئابرۇيى بار، ئەگەر كۆڭۈلنىڭ كەينىگە كىرىدىغان قىلىقى بولسا، بۇ چاغقىچە ئەلنىڭ ئاغزىغا چىقىپ بولغان بولار ئىدى، ياخشى دېگەن نام - ئابرۇيىمۇ بولماس ئىدى. ئەمىسە، مەسۇمجان شوپۇرغا تەگمەكچىمۇ - يە؟

شۇنداق ئوخشايدۇ، مەن چالا ـ پۇچۇق كۆرۈپ قالدىم، ئۇلارمۇ خىجىل بولۇپ قالدى. بوپتۇ، ئەگەر تەگسە تەگسۇن، ئاپام تېخى قېرىپ كەتكىنى يوق، تېگىدىغان ۋاقتى. بالىنىڭمۇ ئاتا ـ ئانا ياش تۇل قالسا، ئۇنى ئەرگە تېگىشكە ياكى ئۆيلىنىشكە دالالەت قىلىدىغان قەرزى بولىدىكەن… ھېلىمۇ بىچارە ئاپام مۇشۇ چاغقىچە تۇل ئولتۇردى. دادامدىن يىگىرمە ئىككى ـ يىگىرمە ئۈچ يېشىدا قاپتىكەن، مېنى دەپ ياشلىقىنى خازان قىلىۋەتتى، بۇ ئاسان ئەمەس. ئىككىنچى قېتىم ياتلىق بولۇپ، بالىلىرىنى تاشلىۋەتكەن ياكى تۇزۇكىرەك قارىمىغان ئاتا ـ ئانىلار ئاز ئەمەسقۇ… مېنى مىڭ بىر جاپا بىلەن بېقىپ، ئوقۇتۇپ قاتارغا قاتتى. ئۆز يولۇمنى ئۆزۈم تېپىپ ماڭالايدىغان ئادەم قىلىپ يېتىشتۇردى. ئەمدى ياتلىق بولىمەن دېسە، مەيلى ئەمەسمۇ، ئاپامنى: «قىزىم مېنىڭ ياتلىق بولۇشۇمنى خالىمايۋاتقان ئوخشايدۇ» دېگەن تۇيغۇغا كەلتۈرۈپ قويماسلىقىم كېرەك، ئاپامنىڭ ئىنساپىغا شۈكۈر دېيىشىم، ئالقىش ئېيتىشىم كېرەك. مەسۇمجان ئاكام ئۆيگە كەلسە، قاپىقىمنى ئاچمىغان، توڭ ـ توڭ تەگكەن يەرلىرىمۇ بار، ئەمدى ئۇنداق قىلماسلىقىم، ئوچۇق چىراي، سەمىمىي قارشى ئېلىشىم كېرەك. ئۇ ئاپامغا ئەر، ماڭا ئاتا بولىدىغان ئادەم.»

ئەتىسى لەھەلبۇۋى مەكتەپكە كېچىكىپرەك باردى.

— لەھەلبۇۋى ھەدە، — دېدى ئېگىز بويلۇق ياش مۇئەللىمە، — قەدىرىيە سەبىھەنىڭ يېنىغا كېتىپتۇ ـ ھە؟

— بارىمەن، دېگەن.

— ئالدىراپ مېڭىپتۇ. سەبىھەنىڭ ھالى ئوسال ئىكەن، گۇڭشېنىڭ ھەممە كادىرلىرى بېرىپ كېلىپتۇدەك.

ئوقۇتقۇچىلار بىر ـ بىرىگە ئەلەملىك قاراشتى، ئۇلارنىڭ چىرايلىرىدا قايغۇ، ئىچىنىش تۇيغۇلىرى يانغانىدى.

— ئەتە ئىمتىھاندىن چىقىپلا ھەممىمىز بېرىپ كېلەيـ

لى، — دېدى ئارىدىن بىرى.

بۇ تەكلىپ ئۇنىڭ كۆزى يۇمۇلغۇچە بىر كۆرۈشۈۋالايلى، دېگەن ئۇقۇمنى بېرەتتى. مۇشۇ تەكلىپ — يۈرەكتىن ھەسرەتلىنىپ چىققان سۆز بىلەن ھەممىسىنىڭ بېشى ساڭگىلىدى، بەزىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئەگىدى.

※ ※

سەبىھەنىڭ بېشىدىكى ياستۇقلار ئېگىز قىلىپ قويۇپ بېرىلدى. ئۇ چوڭقۇر قايغۇدا. كۆز ئالدىغا ھامان ئۆزىنى ئازابلايدىغان ئىشلار كېلەتتى، لەنىتى بەختىيارنى، بۇلغىنىشنى يوشۇرۇپ بەرگەن ھېلىقى خىلۋەت باغچىنى ئۆزىدىن بىردەممۇ نېرى قىلالمايتتى. «ياشلىقىمنى، قىزغىن ئارزۇلىرىم، كەلگۈسى تۇرمۇش توغرىسىدىكى گۈزەل ئىستەك ـ ئۈمىدلىرىم كۆچكەن يۇلتۇزدەك ئۆچتى، — دەپ ئويلايتتى ئۇ تولغىنىپ، — تۇنجى مۇھەببىتىمگە ئۇنگەن تىكەن يۈرىكىمگە سانجىلىپ كېلىۋاتاتتى، ئۇنى ئاز دېگەندەك ئۆتكۈزگەن سەۋەنلىكىم ئەمدى يۈرىكىمنى تېخىمۇ قاتتىق ئازابلاۋاتىدۇ... ئۇھ، دەردىم... مەن ياشاشقا تېگىشلىك ئادەممۇ؟... ياق، سۇپۇرۇندى — ئەخلەتكە ئايلىنىپ بولدۇم. ۋىجدانىمغىمۇ، ئاپامغىمۇ، نومۇسۇمغىمۇ، قەدىرىيە، دوستلىرىمغىمۇ، يۇرت ـ جامائەتكىمۇ يۈز كېلەلمەيمەن.»

ئادەم شۇنداق نەرسە: باشقىلارنىڭ ئېغىر سەۋەنلىكى، خاتالىقلىرىنى ئۇنتۇپ كېتىدۇ، ئەمما ئۆزىنىڭ غۇرۇر، نومۇسىغا، ئىستىقبالىغا تەئەللۇق بولغان خاتالىقنى ھەرگىز ئۇنتۇيالمايدۇ. ھەتتا ئۇنىڭ ئازابىغا بەرداشلىق بېرەلمەي، ھاياتىدىن ئۈمىد ئۈزۈشىمۇ مۇمكىن.

قايسى كۈنى نۇرزات ئۇنى يوقلاپ كەلگەن، ئۇنىڭ بىرىنچى قېتىم كېلىشى ئىدى. سەبىھە ئۇنى كۆرۈپلا، پۈتۈن بەدەنلىرىدىن

نومۇسلىنىش تۇيغۇلىرى قوزغىلىپ، ئۆزىنى ئەيىبكار ھېسابلاپ، ئۇنىڭ يۈزىگە قارىيالماي قالغان ۋە بىردىنلا ئۆپكىسى ئۆرۈلۈپ، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كەتكەن. ئۇ مۇھەببەت گۈلىنىڭ ۋاقىتسىز توزۇغانلىقىغا تۆكۈلۈۋاتامدۇ، ئىپپەت - نومۇسىنى يوقىتىپ قويغانلىقىغا ئېچىنىۋاتامدۇ، ئۈمىدسىزلىككە چۈشۈپ، ياشاشتىن ۋاز كەچكەنلىكىگە يىغلاۋاتامدۇ؟… شۇنداق، ھەممىسىگە يىغلىغان. نۇرزات ئۇنى تېزرەك ساقىيالمىغىنىغا يىغلاۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ، بىرمۇنچە تەسەللى سۆزلىرىنى ئېيتقان. لېكىن ئۇ نېمىشقىدۇر يەردىن بېشىنى كۆتۈرەلمىگەن، نۇرزات بۇنىڭغا ھەيران بولغان. ئۇنىڭ ئۆزىنى كۆرگەنلىكىگە ئەپسۇسلىنىۋاتقانلىقىنى، نومۇس ئوتىدا كۆيۈۋاتقانلىقىنى ئۇ قىلچىمۇ سەزمىگەن.

ئۇ ياستۇقلارغا يۆلىنىپ دېگۈدەك ياتاتتى. ئۇنىڭ بەدىنىگە كۆرپىلەرمۇ پاتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. بىر كۈندە نەچچە قېتىم ئوڭدا، يانچە بولاتتى. بۇ يەرگە مېڭىپ كىرگەن قىز ئەمدى قوپالماس بولۇپ قالدى. ئۇ كىشىلەر يوقلاپ كەلسە، چىرايىغا تەبەسسۇم - كۈلكە يۈگۈرتۈشكە تىرىشاتتى. يالغۇز قالسا، تۈگىمەس خىياللارغا كېتەتتى. كىمدۇر بىرى: يېزىنىڭ ئۈچ ئېسىل مەزگىلى بار، بىرىنچى، ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىگەن ۋاقتى؛ ئىككىنچى، بۇغدايلارنىڭ تاختا بولغان پەيتى؛ ئۈچىنچى، مېۋە - چېۋىلەرنىڭ پىشقان چېغى دېگەنىدى. ئۇ ئۆرۈكلەرنىڭ چېچەكلىگەن مەزگىلىنى كۆرەلمىگەن، ئەمدى بۇغدايلار تاختا بولغان پەيتىنىمۇ كۆرەلمەيۋاتىدۇ. ئۆتكەندە بىرنەچچە ئوقۇغۇچىلىرى بىر دەستە قىزىلگۈل تىزىپ ئەكەلگەندە، ئۇ ئۆزىنى ئاران - ئاران تۇتۇۋالغان، ئوقۇغۇچىلىرى چىقىپ كېتىشىگە يىغلىۋەتكەن. ئۇ ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان مۇشۇ گۈللەرنىڭ شېخىدا ئېچىلغان، جۇلالىنىپ تۇرغان پەيتىنى كۆرەلمىگىنىگە قاتتىق ئازابلانغان. ياشلار ساغلاملىقنىڭ دۆلىتى، ھۇزۇر -

هالاۋەت، بەختىنى باش ياستۇققا يەتكەندە، ئورنىدىن تۇرالماس بولۇپ قالغاندا چۈشىنىدۇ. چۈشەنگەن چاغدا، ۋاقىت ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن بولىدۇ.

— قەدىرىيە!

— ھە! — بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئازابلىق خىياللار بىلەن ئولتۇرغان قەدىرىيە بېشىنى ئىتتىك كۆتۈردى.

— توقايلىقلار قانداق بولۇپ كەتكەندۇ؟

— چىرايلىق بولۇپ كەتكەندۇ.

— ئىنتايىن چىرايلىق، بۈككىدە بولۇپ كەتتى، تايىنلىق. جىمى گۈزەللىك ھازىر شۇ يەردە، سەن چۈشىمىدىڭمۇ؟

— نەدە يۈرۈپ چۈشىمەن.

— تۈرلۈك ـ تۈمەن قۇشلارنىڭ نەغمىلىرى قۇلىقىمغا ئاڭ-لىنىۋاتىدۇ، ئىللىق شامالىلىرى يۈزۈمگە ئۇرۇلۇۋاتىدۇ... دەريا ھازىر سۈزۈلۈپ كەتتى... بۇلتۇر تازا ئوينىغان ـ ھە؟ سۇلارغا چۆمۈلگەن، زىرىقلارنى يېگەن، نۇرزات بىلەن زامانىدىن بىزگە ئوچۇملاپ ـ ئوچۇملاپ زىرىقلارنى تىرىپ بەرگەن... ئىككىسىنىڭ مەست بولۇپ قالغان چاغلىرى ـ ھە، باشلىرىنى قۇچىقىمىزغا ئېلىپ، سىلاپ ئولتۇرۇۋىدۇق... بىز سۇغا چۆمۈلگەن چاغدا، ئۇلار بىزنى مارىغانمىكىن، دەپ ئويلاپ كېتىمەن.

— مارىمىغاندۇ، بىز مارىماڭلار دېگەنغۇ.

— ئوغۇل بالا دېگەن مارىماي قالامدۇ، مارىغان ـ دە. بىزنىڭ رۇباشكىچان ۋاقتىمىزنى، رۇباشكىلىرىمىز بەدەنلىرد-مىزگە چاپلىشىپ ھەممە يېرىمىزنى «مانا مەن» دەپ كۆرسىتىپ تۇرغان قىياپىتىمىزنى تازا كۆردى ـ دە....

سەبىھە تازا قىينىلىپ ئارامسىزلانغاندا، قانداقتۇر بىر ئو-كۇل سېلىناتتى ـ دە، ئۇ ئارام تېپىپ ئۇخلاپ قالاتتى ياكى ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ تىنمايتتى. دەسلەپكى چاغلاردا ئۇ ئوكۇلنىڭ تەسىرى بەش ـ ئالتە سائەتكىچە يېتمەيتتى، ھازىر

ئىككى سائەتكىمۇ يەتمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئاغرىق ھەرقانچە تۇتۇپ كەتسىمۇ، ھەرقانچە قىزىپ ئارامسىزلانسىمۇ، ئۇ «ۋاي» دېمەيتتى، تاتارغان يۈزلىرىگە قوناقتەك ـ قوناقتەك تەر تامچىلىرى چىقىپ كېتەتتى.

— قەدىرىيە، مېنى قول ھارۋىسىغا سېلىپ مەھەللىنى، كوچىلارنى، مەكتەپنى، ئېتىزلارنى ئايلاندۇرساڭلار، يارلىقنىڭ ئۈستىدىن تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەريانى، بۈككىدە توقايلىقلارنى كۆرسەم، قۇشلارنىڭ سايرىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىسام نېمە بولار؟

— سېنى ئۈزۈلدۈرمەي داۋالاۋاتسا؟

— داۋالاش بىرەر كۈن توختىغانغا نېمە بولاتتى؟

— ئۇياقلارغا كەتسەك قانداق بولىدۇ؟ دوختۇر ھەرگىز رۇخسەت قىلمايدۇ، دېگىنە.

— دوختۇرنىڭ داۋاسى بىر تىيىن.

— ئۇنداق دېمە…

— مەن راست گەپنى قىلىۋاتىمەن ھەم شۇنداق دېگىنىمگە ئېچىنمايمەن، ئەخمەق ئادەملەر يالغان گەپ بىلەن ئۆزىنى ئالدايدۇ.

ياتاقتا سەبىھەنىڭ مەكتەپىدىكى ئوقۇتقۇچىلار كىرىپ كېلىشتى. بارلىق ئەر ـ ئايال ئوقۇتقۇچىلار تۇگۇل كەلگەچكە ياتاقتا پاتماي قېلىشتى. سەبىھەنىڭ قىزىشى، ئارامسىزلىقى يەنە باشلانغان بولۇپ، پېشانە ـ يۈزلىرىنى تەر تامچىلىرى قاپلاپ كەتكەنىدى. ئۇ بىر تېرە، بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان، كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ، تىكلەپ قويسا ئۆرۈلۈپ كەتكۇدەك ھالدا ئىدى. ئۇنىڭ ھەم ئېچىنىشلىق، ھەم قورقۇنچلۇق ھالىتى كۇندە كۆرۈپ تۇرغان ئادەمگە ئانچە بىلىنىپ كەتمىگەن بىلەن، مۇنۇ كىرگەنلەرگە قاتتىق بىلىندى. شۇنداق خۇشخۇي، جۇشقۇن، تېتىك، چاڭىلداق ئۇنلىرى، قىزىق گەپلىرى بىلەن كىشىلەرنى كۇلدۇرۇپ يۈرگەن قىزنىڭ خۇددى ئىسكىلىتتا ئايلىنىپ قېلىشى

ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى بۇزماي قالامدۇ... ياشانغان مۇئەللىم - مۇئەللىمەلەر ئېچىنىشلىق ھېسسىياتىنى بېسىپ، ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ گەپلەرنى قىلىۋاتقىنى بىلەن، ياشلار ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي، ئالدىدا تۇرغانلارنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋېلىپ، كۆزلىرىدىن ئىختىيارسىز ئېتىلىپ چىققان ياشلىرىنى يوشۇرماقتا ئىدى.

ئۇلار ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى دېرىزە، تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇشۇۋاتقاندا، سەبىھە ئۆزىگە غەيرەت بېرىپ تۇرۇپ:

— ۋاي - ۋۇي، كىشىلەرنىڭ ئەكېلىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ كۆپلۈكى... مەھەللىدە ماگىزىن ئېچىپ ساتمىسام تۈگىمەيدۇ بۇلار، — دەپ ھەممىسىنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

ئوقۇتقۇچىلار ئۇنىڭ پاتراق ساقىيىپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىشىپ چىقىپ كېتىشتى.

مۇشۇ ئىككى - ئۈچ كۈندىن بېرى ئۇنى يوقلايدىغانلارنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمىدى.

— قەدىرىيە، — دېدى ئۇ ئېغىر جىمىلىقتىن كېيىن، — بۈگۈن ئۈچ كۈن بولدى، مېنى يوقلايدىغانلار نېمىشقا كۆپىيىپ كەتتى، بىلەمسەن؟

— مۇنداق گەپلەرنى قىلما، سەبىھە، يەنە قىلىدىغان بولساڭ، يېنىڭدا تۇرمايمەن جۇمۇ، — ئۇ ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى دەرھال چۈشەنگەنىدى.

— ماقۇل، دوستەك، ماقۇل، راست گەپ قۇلىقىغا خۇشياقمايدىغان دوستەك.

ئۇ تاڭغا يېقىن بىرەر سائەتتەك ئۇخلاپلا كۆزىنى ئاچتى. ياتاق يورۇپ قالغانىدى. «تېخى ھايات ئىكەنمەن» دەپ ئويلىدى ئۇ. ياتاقتا تەكىينىڭ بىر چېتىگە بېشىنى قويۇپ ئۇخلاۋاتقان ئاپىسىدىن باشقا ھېچكىم يوق ئىدى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭ بىلەن تەڭلا ئۇخلاپ قالغان. ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا نۇرزات كېلىۋالدى ۋە خىيالىدىن بىردەممۇ چىقمىدى.

ئۇ مۇشۇ خىيال بىلەن ئارىدىن قانچە سائەت ئۆتۈپ كەتكەنـ
لىكىنى بىلمەيتتى. بۈگۈن ئۆزىنىڭ بوشىشىپ كەتكەنلىكىنى،
قوللىرىنى ئۇياق ـ بۇياققا قىلىشقىمۇ مادارى يەتمەيۋاتقانلىقىنى
ھېس قىلىپ، نۇرزاتنى قاتتىق سېغىنىماقتا ئىدى. ئۇنىڭ بىرلا
ئارمىنى قالغانىدى، شۇنىڭغا يەتسە ئارمىنى تۈگەيتتى. سېغىـ
نىش تازا كۈچەيگەندە، نۇرزات كىرىپ كەلدى.

— ئاپا، — دېدى سەبىھە پەس ئاۋاز بىلەن، — دوختۇرغا
ئېيتقىنا، ھېلىقى ئوكۇلنى سېلىپ قويسۇن.

ئاپىسى چىقىپ، سېسترا قىزنى باشلاپ كىردى. ئۇ ئوكۇل
سېلىپ قويۇپ چىقىپ كەتتى. ئۇ ئوكۇلمۇ ھازىر ئۇنىڭغا ئانچە
تەسىر قىلماس بولۇپ قالغانىدى.

— ئاپا، — دېدى ئۇ يەنە، — چىلگىلەر پىشىپتۇ ـ ھە؟

— پىشىپتۇ بالام، ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟

— مەن ئەكىرەي، — دېدى نۇرزات قوزغىلىپ.

— ياق، ئاپام ئەكىرىدۇ، سىز ئولتۇرۇڭ.

گۈلزارىخان چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، سەبىھە:

— نۇرزات، — دەپ گەپ باشلىدى، — مېنى ئەمدى ئۇنتۇپ
كېتىڭ، بەختسىزلىك، ھېسسىي ئاجىزلىق مېنى نابۇت...

— نېمانداق گەپلەرنى قىلىسىز، يەنە قىلىسىڭىز يىغلىۋېتىـ
مەن، — دېدى ئۇ ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ.

— ماقۇل، كۆزىڭىزنىڭ ياشلىنىشىنى كۆرگۈم يوق...
دۇنيادىن يىغلىماي ئۆتۈڭ... دۇنياغا كەلگەن ئادەم دۇنيادىن
ئۆتكۈچە قاتتىق ئىسسىق ـ سوغۇقلارغا، نۇرغۇن دەردۇ بالالارغا
دۇچ كېلىدىكەن... بۇنىڭغا بەرداشلىق بېرەلمەيدىغانلارمۇ، بېرەـ
لەيدىغانلارمۇ چىقىدىكەن... زارلىنىش، روھسىزلىنىش، ئۈمىدـ
سىزلىنىش — ئەڭ يامان ئىللەت... بۇنى يېڭىدىغان نەرسە يوقـ
مۇ؟... بار، ئۇ نېمە؟ ئۇ — چىدام، ئىرادە... مەندە مۇشۇ ئىككى
پەزىلەت يوق ئىكەن... سىزدە بولسا ئىشلىتىڭ، يوق بولسا

يېتىلدۇرۇڭ، — ئۇنىڭ تاتارغان لەۋلىرى جۇپلىشىپ قالدى. يۈزلىرىگە يەنە تەپچىرەپ تەر تامچىلىرى چىقماقتا ئىدى.
— بىر يېرىڭىز قاتتىق ئاغرىۋاتىدۇ - ھە؟
ئۇ نۇرزاتقا نۇرسىز كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ قارىدى:
— سىز مېنى تېخىچە جىسمانىي جەھەتتىن بىرەر ئاغرىققا دۇچار بولدى دەپ ئويلامسىز؟... ياق... مەن روھىي جەھەتتىن شۇنداق بىر ئاغرىققا دۇچارمەنكى... بۇ ئاغرىقنى ھەرقانداق ئۇستا دوختۇرمۇ ساقايتالمايدۇ... نۇرزات، قوللىرىمنى تۇتۇڭ... مېنى سۆيۈپ قويۇڭ.
نۇرزات ئۇنىڭ قوللىرىنى چىڭ تۇتتى - دە، ئېڭىشىپ تۇرۇپ مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى.
— ياق، ئاغزىمغا...
ئۇ ئۇنىڭ لەۋلىرىگە سۆيدى.
— ئەمدى قۇچاقلاڭ... مەھكەم قۇچاقلاڭ.
نۇرزات قوللىرىنى ئۇنىڭ دۈمبىسىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئوتتەك قىزىق تەپتى، يانغان مېھرى، قوزغالغان ئىسسىق ھېسسىياتى بىلەن سەبىھەنى قاتتىق قۇچاقلىدى، تەرلەپ كەتكەن يۈزلىرىنىڭ ھەممە يېرىدىن سۆيدى، لېكىن تەرنىڭ ئاچچىق شورلۇقىنى سەز-مىدى.
— ئۇھ... ئەمـدى ئارمىنىـم يوق...، — دېـدى قىز پىچىرلاپ.
گۈلزارىخان چىلگىنى كۆتۈرۈپ كىرىپلا قىزىنىڭ بىرئاز روھلىنىپ قالغانلىقىنى سەزدى. نۇرزات يوق ئىدى.
كەچقۇرۇنلۇقى بالىنىست ئىچى جىمىپ قالغاندا، قورايدەك قۇرۇپ قالغان گۈلزارىخان ئازابلىق خىياللارغا بېرىلىپ كەتتى: «قىزىم شۇنداق ساغلام، شۇنداق خۇشخۇي، چاقنىداپ ئۇنى بېسىلمايدىغان شوخ قىز ئىدى. ئەسلىسەم، قاچان نۇرزاتتىن ئايرىلدى، شۇنىڭدىن باشلاپ شۈككىدە بولۇپ، دېمى ئىچىگە

چۇشۇپ كەتتى. قاپىقى ئېچىلمىدى، شادلىقى يىتتى، چوڭقۇر
تىنىدىغان بولدى، ئاخىر بېرىپ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قالدى.
بوپتۇ دېسەم بوپتىكەن... بىراق، مەن بوپتۇ دېگەن بىلەن ھېلىقى
قاپىقى يامان جۇۋاينىمەك ئۇنىمايتتى - دە، قىزىمنى ھەرگىز
ئوغلىغا ئېلىپ بەرمەيتتى... ئىككىسى بىر - بىرىنى شۇنچىلىك
ياخشى كۆرگەندىكىن، قاچۇرۇۋەتسەم بوپتىكەن... ئەمدى ۋاقىت
ئۆتتى... ھېلىمۇ بولىدۇ، سەۋەھە ساقىيىپ چىقسا، ئىككىسىنى
قاچۇرۇۋېتىمەن، يىراق يەرلەردە كۆنۈڭلارنى ئېلىڭلار، قەيەردە
بولساڭلار، ئامان بولۇڭلار، دەيمەن.»

گۈلزارىخانىنىڭ ئوي - خىياللىرى، ئۆكۈنۈش، ئارمانلىرى
ئاخىرلىشىپ، ئارىدىن پەقەت تۆتلا سائەت ئۆتكەندىن كېيىن،
سەۋھە ئالەمدىن ئۆتتى.

جەسەت ئەتىگەندە ئۆيگە ئەكېلىندى، مەھەللىنى ئېغىر قايغۇ
باستى. ئۇن گۈلىنىڭ بىرى ئېچىلمىغان دېسە، مانا مۇشۇ سەۋد-
ھەنى دېسە بولىدۇ. ئاتىسىدىن كىچىكىدە يېتىم قالغان، ئاپىسى-
نىڭ مۇكچىيىپ تاپقان ئازغىنا پۇلى بىلەن ئوقۇپ چوڭ بولغان،
تۇزۇككىنە تۇرمۇشقا ئەمدىلا قەدەم قويغان، ئون توققۇز ياشقا
يېڭىلا كىرگەن قىزنىڭ ۋاقىتسىز ئالەمدىن ئۆتكىنىگە كىممۇ
ئېچىنمىسۇن، كىمنىڭمۇ ئۆپكىسى ئۆرۈلمىسۇن... ئۇ ئاتا خوۋ-
لۇقىنى، تۇرمۇش خوۋلۇقىنى، مۇھەببەت خوۋلۇقىنى كۆرمىگە-
نىدىغۇ... ياشلىقىنىڭ پەيزى - ھۇزۇرىنى تېخى قېنىپقىنا سۇرمى-
گەنىدىغۇ... ئون توققۇز يېشىدا ئۇنى يورۇق دۇنيادىن ئەكېتىدى-
غان ياۋۇز تەقدىر ئۇنىڭ پېشانىسىگە قانداقلارچە يېزىلىپ قالغاندى-
دۇ؟...

بۇ ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە پۈتۈن مەھەللە تەۋرەپ كەتكەنىدى.
قوشنا يېزىلارنىڭ جامائىتى، مۇئەللىم - مۇئەللىمەلىرى چۇش-
كىچە كېلىپ بولۇشتى. مەكتەپمۇ يېرىم كۈن ئوقۇش توختاتتى.
ھاۋا ماتەم تۇتقاندەك تۇتۇلۇپ كەتتى. گۈلزارىخان ھوشىدىن

كەتكەن، ئۇنىڭ سىڭلىسى — يىراق يەرگە توي قىلىپ كەتكەن گۈلشەدىخان، ئۇنىڭ ئېرى، باللىرى يېتىپ كەلدى. قورۇدا ئۈن سېلىپ يىغلاۋاتقان گۈلشەدىخان، قەدىرىيە، بىر قىسىم مۇئەللىملەر ئۆزلىرىنىڭ مۇڭلۇق يىغىلىرى بىلەن ۋاقىتسىز كەلگەن بۇ ئۆلۈم دەھشىتىگە لەنەتلەر ياغدۇرماقتا ئىدى. سىرتتا تۇرغان ئەرلەر قاتارىدا نۇرزاتمۇ بار ئىدى. ئۇنىڭ يۈرەك - باغرىنى ھەسرەتلىك پىغان، ئەلەم ئازابلىماقتا، كۆز چاناقلىرىغا ئاچچىق - ئاچچىق ياش تامچىلىرىنى تىزماقتا. ئۇ سەبىھە بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن ئەبەدىي ئۇنتۇلماس مەزگىللىرىنى، ئاخىرقى قېتىم ئۆلۈم ھالىتىدە ياتقان بىچارە قىزنى ئۆز تەلىپى بويىچە سۆيگەن، قۇچاقلىغان پەيتلىرىنى ئويلاپ، ئىچ - ئىچىدىن يېنىپ ئۆرتەنمەكتە. ئۆلۈم ھەممىدىن ئايرىيدىكەن، ئۆلۈمگە ئامال يوق ئىكەن.

ئەنە، تۆت ئادەمنىڭ كۆتۈرۈشى، نۇرغۇن ئادەمنىڭ بىللە مېڭىشى بىلەن قورۇدىن جىنازا چىقىۋاتىدۇ، ئاق يوپۇقنىڭ ئۈستىگە چوغدەك قىزىل بۆرتمە ياغلىق يېپىلغان. جىنازىنىڭ ماڭلىيىغا ئوقۇغۇچىلار ئەكەلگەن، تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىلاردىن تۈزۈلگەن گۈلدەستىلەر سانجىلغان، بۇ ھال ئۆزىنى تۇتۇۋالغان، يىغلىمىغان ئادەملەرنىمۇ ئىختىيارسىز يىغلىتىۋەتتى. بۇ باشلىرىنى ساڭگىلىتىپ، ئېغىر ماتەمدە كېتىپ بارغان ئادەملەر توپى تېخى يېقىندىلا كۈلۈپ ئۆرە يۈرگەن قىزنى ئىككى مېتىردىن چوڭقۇر يەر تېگىگە كۆمۈۋەتمەكچى! ئەنە، نۇرزات جىنازىنى مۈرىسىدىن ئالماي كېتىۋاتىدۇ. «مۇشۇ ئادەملەر توپى مېنىمۇ سەبىھە بىلەن بىللە كۆمۈۋەتسە بولمامدىغاندۇ» دەپ ئويلاۋاتىدۇ.

جىنازا قەبرىستانلىققا يېتىپ كەلدى. ئۇنىڭ يەرلىكى كولىنىپ تەييار قىلىنىپتۇ. ئەنە، ئۇ تاش گۆرگە چۈشۈرۈلدى، ئىچ گۆرگە كىرىپ كېتىۋاتىدۇ، يورۇق دۇنيادىن — قاراڭغۇ، تېگى يوق دۇنياغا كىرىپ كېتىۋاتىدۇ. ئەنە، توپا تاشلىنىۋاتىدۇ،

كىشىلەر ئۆز مەھەللىسىنىڭ تېخى ئېچىلمىغان غۇنچىسىنى بەس - بەس بىلەن توپا تاشلاپ كۆمۈۋاتىدۇ. يەتتە كەتمەن توپا تاشلانغاندىن كېيىن، سوراق باشلىنىدۇ دەيدىكەن، ئۇنداق بولسا، سوراقمۇ باشلانغاندۇ، سەبىھە سورالغان سوئاللارغا: «ساپ مۇھەببىتىم، ئەقىدەم، ۋىجدانىم يولىدا ئۆزۈمنى قۇربان قىلدىم» دەپ جاۋاب بەرسە، مۇنكىر - نەكىر ئاتلىق پەرىشتىلەر نېمە دەيدىكىن؟

قەبرىستانلىقتا نۇرزاتتىن باشقا ھېچكىم قالمىدى. ئۇ يېڭىدىن توپا دۆۋىلەنگەن، ئۈستىگە گۈللەر سانجىپ قويۇلغان قەبرە ئالدىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. ئىچىنى ئەلەم، ھەسرەت قىيناۋاتىدۇ، كۆزلىرىدە تارام - تارام ياش... شۇ ھالدا قانچىلىك، قايسى ۋاقىتقىچە ئولتۇردى؟ ئۆزى بىلمەيدۇ، ئۆزۈندىن كېيىن ئۇنىڭ قانسىز لەۋلىرى ئاستا پىچىرلىدى:

«خاتىرجەم يېتىڭ، مەن سىزگە مەڭگۈ - مەڭگۈ سادىق بولۇپ ئۆتىمەن...»

## 43

ھەش - پەش دېگۈچە سەبىھەنىڭ يەتتە نەزىرى ئۆتۈپ كەتكىنىگىمۇ بىرنەچچە كۈن بولۇپ قالدى. ھەركىم ئۆز تىرىكچىلىكى بىلەن تېپىرلىماقتا ئىدى. «زەپمۇ زەپ، ئۆلگەنگە زەپ» دەپ كىممۇ ئېيتقان بولغىيتتى، ئۇ ئاستا - ئاستا ئۇنتۇلۇۋاتاتتى، قەدىرىيە مۇئەللىملەرنىڭمۇ ئۇنى ئاز ئەسلەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلماقتا ئىدى. «ئۆلگەنلەر ئۆلۈپ تۈگەيدىكەن، تىرىكلەر ئۆز غېمى بىلەنلا بولىدىكەن - دە» دەپ ئويلىدى ئۇ.

بۈگۈن يەكشەنبە ئىدى. ئۇ گۈلزارىخاننى يوقلاپ بارغان. گۈلزارىخان ئۇنىڭغا ئېسىلىپ ئۇزاق يىغلىدى. بىچارە خوتۇن ھالىدىن كېتەيلا دەپتۇ، بەللىرى مۈكچىيىپ، كۆزلىرى چوڭقۇر

چاناق ئىچىدە پىلدىرلاپ قاپتۇ، سىڭلىسى گۈلشەدىخان بىر بالى-
سىنى ئۇنىڭغا ھەمراھ قىلىپ قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. «ئاپا، مەن
كەلدىم» دەپ خىزمەتتىن يېنىپ ئۆيگە كۈلۈپ كىرىپ كېلىدى-
غان، «ئاپا، مەن كەتتىم» دەپ ئۆيدىن ئويناپ چىقىپ كېتىدى-
غان قىزى ئەمدى يوق. ئۇ سەبىھەنىڭ كىيىم - كېچەكلىرى،
ئوقۇغان كىتاب، تۇتقان قەلەملىرىنى كۆرسىلا مىڭ
ئۆلۈپ - مىڭ تىرىلىپ ئۆتۈۋېتىپتۇ. قەدىرىيە گۈلزارىخاننىڭ
ئۆكسۈگەن دىلىغا تەسەللى بېرىپ، ئۇزاق پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ
قايتتى.

ئەنە، قەدىرىيە ئۆيدىن چىقتى، كوچىنىڭ چېتىدە قەدەملى-
رىنى ئاستا ئېلىپ كېتىپ بارىدۇ. ياشلىق كۆزلىرىگە ھەممە
نەرسە ئاندا - ساندا ئۇچراپ قالىدىغان ئادەملەرمۇ، كۆككە بوي
سوزغان دەل - دەرەخلەرمۇ، كوچىنىڭ ئىككى يېنىدىكى
پاكار - پاكار ئۆيلەرمۇ خۇددى ئاجىز سايىدەك سۇس كۆرۈنمەكتە
ئىدى. «ئەمدى توقايلارغا چۈشۈش، سەيلە قىلىش، ئويناش -
كۈلۈش ماڭا نېسىپ بولمايدۇ، — دەپ ئەلەملىك ھېسلارغا
چۆمۈلدى ئۇ، — سەبىھە ئالەمدىن ئۆتتى، زاماندىن يىراقتا
كەتتى، كىم بىلەن چۈشىمەن؟ نۇرزات ئىككىمىز غېرىب -
مىسكىن، بىللە چۈشسەك يىغلاپ - قاقشاپ چىقىمىز...»

ئۇ شۇ خىياللار بىلەن قوش ئىشىكلىك دەرۋازىسى ئالدىغا
كېلىپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.

ئۆيدە ئاپىسى بىلەن مەسۇمجان شوپۇر پاراڭلىشىپ ئولتۇ-
راتتى. ئۇياقتىن - بۇياقتىن باشلانغان پاراڭ ئاخىر بېرىپ توي
قىلىش ئىشىغا تاقىلىپ قالغانىدى.

— قەدىرىيەنىڭ لايىقى بارمۇ؟ — دەپ سورىدى مەسۇمجان.

— بۇرۇن بار ئىدى، — لەھەلبۇۋى، — ئۇ يەر بولمايدىغان
بولغاچقا، مەن ياندۇرۇۋەتكەن، ئۆزىمۇ بوپتۇ، دېگەن.
ھازىر بار - يوقلۇقىنى بىلمەيمەن، ئۆزىمۇ بىرنېمە دېمىدى.

— بىز يەنە قانچىلىك ساقلايمىز؟
— ئۇ توي قىلغۇچە.
— بىز توي قىلىۋەرسەك بولىدىغۇ، ئاڭلىق قىز نېمە دەيدۇ-تى.
— ھەرگىز بولمايدۇ، مېنى قىيىنچىلىققا قويماڭ، بىز ئالدىراپ كېتىدىغان ياش قىز - يىگىتلەر ئەمەس.
— سىز ئۇنداق دېگەن بىلەن كۆڭلۈم ئۇنىمىسا قانداق قىلىمەن؟ — ئۇ دىلىدىكى سۆزلىرىنى ئېغىزىدىن ئايانماي چىقار-ماقتا ئىدى، — سىزنى ئويلىسام‌لا مەشەگە چاپقۇم، چاپسانراق توي قىلغۇم كېلىدۇ.
مەسۇمجان قوزغىلىپ كەتكەن ھېسسىياتلىرىنى باسالماي لەھەلبۇۋۇنىڭ يېنىغا شىپقاپ كېلىشكە باشلىدى.
قورۇغا ئاستا قەدەم تاشلاپ كىرگەن قەدىرىيە دېرىزىنىڭ يېنىغا كەلگەندە، ئۆيدىن چىقىۋاتقان گۇدۇڭ-گۇدۇڭ ئاۋازنى ئاڭلاپ چېپپىدە توختاپ قالدى.
— ئۇنداق قىلماڭ… نېرىراق ئولتۇرۇڭا… ، — بۇ ئاپىسىنىڭ ئاۋازى ئىدى.
— قاچانلا بولسا، مېنى سىلكىشلەپ تۇرىسىز، — قەدىرىيە ئۇنىدىن تونۇدى، بۇ مەسۇمجاننىڭ ئاۋازى ئىدى.
— مەن سىزنى ھەرگىز سىلكىشلىمەيمەن. ئەمما قەدىرىيە ياتلىق بولمىغۇچە ھەرگىز توي قىلمايمەن.
ئارىدىن ئون بەش - يىگىرمە سېكۇنت ئۆتكەندىن كېيىن يەنە ئاپىسىنىڭ ئۇنى ئاڭلاندى:
— ھە، بولدى ئەمدى… قەدىرىيە كېلىپ قالىدۇ جۇمۇڭ، ئۆتكەنكىدەك رەسۋا بولمايلى يەنە.
قەدىرىيە دەرھال كەينىگە ياندى. قورۇدىن چىقىپ دەرۋازا ئالدىدا تۇرۇپ قالدى:
«ھە… ئاپام توي قىلماقچىكەن - دە… بوپتۇ، توي قىل-

سۇن، ھېلىمۇ مېنى چوڭ قىلىمەن، دەپ مۇشۇ چاغقىچە ئولتۇر-
دى — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئايىسخان مومايغا ئېيتاي، توي
قىلسۇن، مېنى ساقلىمىسۇن. مەن توي قىلالمىدىم، قىلالمىدىم،
نېمە ئىشلار بولىدۇ، كىم بىلىدۇ...»

ئۇ يېنىپ قورۇغا كىردى، كانىيىنى قىرىپ ئىككى - ئۈچ
قېتىم يۆتەلدى، ئاياغلىرىنى قاتتىق - قاتتىق بېسىپ دالان
ئۆيگە، ئاندىن سارايغا كىردى. ئاپىسى بىلەن مەسۇمجان ھېچ
ئىش بولمىغاندەك چاي ئىچىشىپ ئولتۇراتتى. لەھەلبۈۋى قىزنىغا
چاي قۇيدى. ئۇ شىرەنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى. چايدىن
بىر - ئىككى يۇتۇم يۇتۇپ قويۇپ، مەسۇمجانغا قارىدى.

— مەسۇمجان ئاكا، مېنى شەھەرلەرگە ئەكىرىپ ئوينىتىپ
چىقايمۇ دېمەيسىزغۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ.

— ئوينىتىپ چىقاي.

— قاچان؟

— سىز قاچان دېسىڭىز، يە ئۆزىڭىز دېمىدىڭىز؟

— مەن سىزنى دەمدىكىن، دەپ يۈردۈم.

— ماشىنام بىلەن چىققان بولسام، بۈگۈن يەكشەنبە تازا
ئوينىتىپ، كىنولارغا ئەكىرىپ چىقاتتىمكەن.

— نېمىشقا ماشىنىڭىز بىلەن چىقمىدىڭىز؟

— ماشىنا... ماشىنامنىڭ تازا مىجەزى يوق، — مەسۇمجان
يەر تېگىدىن لەھەلبۈۋىگە قاراپ قويدى.

— ئەمىسە، ۋەدە بېرىڭ، بۇدا چىققاندا ئەكىرەمسىز؟

— جەزمەن ئەكىرىمەن.

— بۈگۈن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن لەڭمەن ئېتىپ
بېرەي، — دېدى قەدىرىيە. ئۇ بۆلەكچىلا ئېچىلىپ كەتكەنىدى،
چىرايىدىن خۇش تەبەسسۇم يېغىپ تۇراتتى. لەھەلبۈۋى قىزىنىڭ
روھىي ھالەتلىرىگە قاراپ خۇشال بولۇپ قالدى: «مەسۇمجانغا
تەگسەم، قەدىرىيە ئۇنى يات كۆرۈپ كەتمەيدىغان ئوخشايدۇ،

ئۆزلىشىپ كېتىدىكەن ـ دە، خاتىرجەم بولسام بولغۇدەك» دەپ ئويلىدى ئۇ. قىزى راستىنىلا تاماققا تۇتۇش قىلىپ، خېمىر يۇغۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ھەربىكەتلىرى تېتىك، چاققان ئىدى. لە-ھەلبۇۋى بىلەن مەسۇمجان كۆزلىرىنى قەدىرىيەدىن ئېلىپ، بىر نەرسىدىن رازى بولغاندەك بىر ـ بىرىگە قاراپ كۈلۈمسىرەشتى.

※ ※

بۈگۈن شەنبە ئىدى. قەدىرىيەگە دارىلمۇئەللىمىندە بىللە ئوقۇغان ساۋاقدىشىنىڭ تويغا چاقىرتقان باغىقى چىقىپ قالدى. ئۇ باغاقنى ئاپىسىغا كۆرسىتىپ قويۇپ، تويغا جابدۇندى.

كۈن يېڭىلا ئولتۇرغاندا، قەدىرىيە شەھەرگە يېتىپ كىر-دى. باغاق «ئۇچدەرۋازا» مەھەللىسىنىڭ ئۇچىنچى كوچىسىدىن ئەۋەتىلگەنىدى. يولدا ساۋاقدىشى ئەركىن ئۇچراپ قالدى. ئۇمۇ تويغا ماڭغانىكەن. ئىككىسى شۇ ياققا قاراپ ماڭدى. كۆككۆۋ-رۈككە كەلگەندە، ئالدىدا توختىغان «شەرق شامىلى» ماركىلىق ماشىنىنىڭ كابىنكىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ، كۈلۈمسىرەپ ئۆزلىرىگە قاراپ تۇرغان مەسۇمجاننى كۆرۈپ قالدى.

— ۋۇي، مەسۇمجان ئاكا!

— ياخشىمۇسىز، قەدىرىيە؟

— بۇ يەردە تۇرۇپسىزغۇ؟

— سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ، قاراپ تۇردۇم. قاچان كىر-دىڭىز؟

— ھازىر كىرىشىم.

— بىر ئىشقا كىرگەنمىدىڭىز؟

— بىر ساۋاقدىشىمىز تويغا چاقىرىپ باغاق چىقارتىپتىد-كەن، شۇنىڭغا ئالدىراپ كىرىشىم.

— بۇ يىگىت كىم بولىدۇ؟

— ساۋاقدىشىم ئەركىن، تويغا بىللە ماڭدۇق.
— بۇگۇن چىقىپ كېتەلەمسىز؟
— ياق، كېچىدە قانداق چىقىپ كېتەلەيمەن، يا سىز ئاچىدىقىپ قويامسىز؟
— مەنما؟ ... — مەسۇمجان ئويلىنىپ قالدى، — مەن هازىر تېكەسكە ماڭدىم. سىزنى ئاچىقىپ قويۇشقا ئەمەس، ئۆتكەندە دېگەندەك شەھەرگە ئەكىرىشكە ماڭاي، قانداق دەيسىز؟
— بولىدۇ، ۋەدىڭىز ئېسىڭىزدە بار ئىكەن.
— بۇگۇن قەيەردە قالىسىز؟
— ئۇنىڭدىن غەم قىلماڭ، — دېدى قەدىرىيە، — موماملارنىڭ ئۆيى بار، ساۋاقداشلىرىم كۆپ، ھەممىسى تويغا كېلىدۇ.
— خوش ئەمىسە.
— خوش.
مەسۇمجان راستىنلا تېكەسكە ماڭغانىدى، ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىپ بېرىپ، كۆڭلىگە بىر ئوي كېلىپ قالدى: «دېمەك، لەھەلبۇۋى بۇگۇن ئۆيدە يالغۇز، چىقسام قانداق بولار؟ ...، — مەسۇمجاننىڭ كۆز ئالدىغا لەھەلبۇۋىنىڭ يېقىملىق چىرايى، ئىككى ئۆرۈلگەن يالتىراق، ئۇزۇن چاچلىرى، كۆپرەك كىيىۋالىدىغان شاپتۇل چېچىكى گۇللۇك كۆڭلىكى، كۆتۈرەڭگۈ كۆكسى ئېنىق كەلدى ـ دە، كۆزلىرى قامىشىپ، ۋۇجۇدىدا بىر ئىللىق تۇيغۇ ياندى، — مەن ئالىدىغان، ئۇ تېگىدىغان ئادەمغۇ، چىقسام نېمە بولاتتى، چىقاي.»
ئۇ تېكەسكە چىقىپ كېتىشتىن يالتىيىپ، ماشىنىنىڭ بېشىنى مېھمانخانا تەرەپكە بۇرىدى. ماشىنىنى ئۇ يەرگە قويۇپ ئۆزى كوچىغا چىقىپ كەتتى. ئۇ قاياققا مېڭىشىنى، نەگە بېرىشىنى جەزملەشتۈرەلمەي، گاڭگىراپ قالغان ئادەمدەك كوچىدا بىردەم تۇرۇپ قالدى. قاراڭغۇ چۈشۈپ قالغانىدى. ياتاققا كىرىپ

ئولتۇراي دېسە، ئىچى پۇشىدۇ، ھازىر يېزىغا لەھەلبۇۋىنىڭ
ئۆيىگە ماڭاي دېسە، تېخى بالدۇر. ئاخىر ئۇ كىنوخانىنىڭ ئالدىغا
باردى. بىردەم تۇردى - دە، كىنوغا كىرىپ كەتتى. كىنونى
تۈگىتىپ چىقىپ، مېھمانخانىغا كەلدى، ماشىنىسىغا چىقىپ كا-
بىنكىدا ئولتۇردى. ئۇ كابىنكىدا قانچىلىك ئولتۇرغانلىقىنى بىل-
مەيتتى. خېلىدىن كېيىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ مېھمانخانى-
دىن چىقىپ كەتتى - دە، يېزىغا قاراپ ماڭدى، يول ئۆزىگە
ئۇزۇن بىلىنگىنى بىلەن بىردەمدىلا يېزىغا يېتىپ چىقتى، ماشى-
نىنى چوڭ يولدا توختىتىپ ئويلاندى: «ماشىنىنى نەگە قويۇش
كېرەك؟ بۇ كېچىدە ئىشىكى ئالدىدا قويسام بولماس». ئۇ ئەقىل
تاپتى. ماشىنىنى ئاشلىق ساڭنىڭ ئالدىغا قويدى. پىيادە يۈرۈپ،
لەھەلبۇۋىنىڭ كوچىسىغا كىردى. مەھەللە جىمجىت، ئېغىر يات-
قۇ مەزگىلى بولۇپ قالغانىدى. يورۇپ تۇرغان بىرەر دېرىزە
كۆرۈنمەيدۇ. ئۇ خۇددى ئوغرىدەك ئۇياق -بۇياققا بويىنىنى سو-
زۇپ قاراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ لەھەلبۇۋىنىڭ قوش قاناتلىق
دەرۋازىسى ئالدىغا كېلىپ توختىدى. قورۇغا قانداق كىرىش
كېرەك؟ دەرۋازىنى ئۇرسا، باشقىلار ئويغىنىپ كېتىدۇ.
ئۇياق - بۇياققا تازا زەن سېلىپ قاراپ چىقىپ، كوچىدا ھېچكىم-
نىڭ يوقلۇقىغا كۆزى يەتكەندىن كېيىن، كوچا تېمىغا يۆلەپ
سېلىنغان تونۇرغا چىقتى - دە، ئارتىلىپ قورۇغا چۈشتى.

دالان ئۆينىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە ئۇنى بىردىنلا ۋەھىمە
باستى: «يالغۇز دەپ بىرىنى ئەكىرىپ ياتقان بولسىچۇ؟...، —
ئۇنىڭ يۈرىكى قاتتىق ئۇرۇپ كەتتى، — ئەگەر بىرىنى ئەكىرىپ
ياتقان بولسا، ماشىنام چوڭ يولدا بۇزۇلۇپ قالدى، لامپا سوراپ
كىردىم، دېمەمدىم. يالغۇز بولسىمۇ، ئىشىكنى ئېچىپ بەرمەي
تۇرۇۋالسىچۇ؟... ئېچىپ بەرمىسە كېتەرمەن.» ئۇ دېرىزىنىڭ
تۈۋىگە كېلىپ، قولىقىنى دېرىزىگە يېقىپ ئۆي ئىچىنى تىڭشى-
دى، ھېچقانداق تىۋىش ئاڭلانمىدى. ئاخىر ئۇ دېرىزىنى چەكتى.

قوشتەك سەگەك ئۇخلايدىغان لەھەلبۇۋى بىرىنچى چېكىشتىنلا ئويغىنىپ تىڭشىدى. ئىككى قېتىم چېكىلگەندە:
— كىم؟ — دېدى ئۇ.
— مەن، لەھەلبۇۋى، مەن...
لەھەلبۇۋى ئۇنى ئاۋازىدىن تونۇدى: «مەسۇمجانغۇ، بۇ كېچىدە نېمىگە كەلگەندۇ؟...، — ئۇ داڭقېتىپ تۇرۇپ ئويلىنىپ قالدى، — ‹نېمە دەيسىز، نېمىگە كەلدىڭىز؟›، دەپ سورىسام ئۇ جاۋاب بېرىدۇ، باشقىلار ئاڭلاپ قالسا، تۇگىمەس گەپ تېرىلىدۇ. ئاۋۋال ئىشىكنى ئاچاي، ئۆيگە كىرسۇن، ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈن قەدىرىيەنىڭ يوقلۇقى...»
— توختاپ تۇرۇڭ...
ئۇ كىيىنىپ، لامپىنى ياقتى ـ دە، ئىشىكنى ئاچتى، مەسۇمجان ئۆيگە كىرىپ، سۇپىغا كېلىپ ئولتۇردى. لەھەلبۇۋى قوللىرىنى مەيدىسىگە ئېلىپ گىرەلەشتۇرۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ تۇردى.
— نېمىگە كەلدىڭىز، نېمە دەيسىز؟ — ئۇنىڭ چىرايىدىن خاپا بولغانلىقى چىقىپ تۇراتتى.
— بىلمەيمەن.
— بىلمەيمەن؟
— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ...
— مېنى كۆرگىڭىز كەلسە، كۈندۈزى كەلسىڭىز بولاتتىغۇ، ھېلىمۇ ياخشى بۈگۈن ئۆيدە قەدىرىيە يوق بولۇپ قالدى. ئەگەر بار بولغان بولسا، نېمە دەيتتىڭىز، مەن نېمە دەيتتىم.
— قەدىرىيەنىڭ يوقلۇقىنى بىلەتتىم.
— قانداق بىلدىڭىز؟
— شەھەردە كۆرگەن، تويغا كىردىم. ئەتە چىقىپ كېتىدىمەن، دەپ ئۆزىدەك چىرايلىق بىر يىگىت بىلەن تويغا ماڭغاندىكەن.

— ئۇنىڭ يوقلۇقىنى بىلىپ، ئاتايىن كېلىپسىز ـ دە؟
— سىزنىڭ يالغۇز قالغانلىقىڭىزنى بىلىپ تۇرالماي قالـ
دىم، تېكەسكە كەتمەكچىدىم، كەتكۈم كەلمەي، مەشەگە كەلدىم.
— سىز مېنىمۇ ئويلىشىڭىز، ئەلە ـ مەلە، جامائەتنىمۇ
ھېسابقا ئېلىشىڭىز كېرەك ئەمەسمىدى؟
مەسۇمجان ئۈنچىقمىدى.
— ماشىنىڭىز نەدە؟
— ئاشلىق ساكىنىڭ ئالدىدا.
لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ كۆزلىرىنىڭ ئويناپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ
قالدى.
— ئەگەر نىيىتىڭىزنى بۇزۇپ كەلگەن بولسىڭىز، ھازىر
چىقىپ كېتىڭ، بولمىسا ئەل ئويغىنىشتىن بۇرۇن چىقىپ كەتـ
سىڭىزمۇ ياكى ئەتىگەنلىك چايدىن كېيىن چىقىپ كەتسىڭىزمۇ
بولىدۇ، — دېدى ئۇ.
— مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق.
— ئەمىسە، يېتىڭ، ئورۇن سېلىپ بېرەي.
— ياتاي.
— قورسىقىڭىز ئاچمۇ؟
— ياق.
لەھەلبۇۋى ئۇنىڭ بويتاق تۇرمۇشقا چىدىماي يۈرگەنلىكـ
نى، توي قىلىشقا ئالدىراۋاتقانلىقىنى بىلەتتى.
ئۇ مەسۇمجانغا ساراي ئۆيگە ئورۇن سېلىپ بېرىپ، ئۆزى
دالان ئۆيگە چىقىپ ياتتى. مەھەللىدە جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرـ
مەكتە ئىدى. لەھەلبۇۋى ئۇخلىماسلىقتا تىرىشىپ خىيالغا كەتكەـ
نىدى: «مەسۇمجاننىڭ ئالدىراۋاتقانلىقىمۇ توغرا، چاپسانراق توي
قىلساق، خاتىرجەم ياشىساق، دەپ ئويلايدۇ. مېنىڭ ئالدىرىمايـ
ۋاتقانلىقىممۇ توغرا، قەدىرىيە ياتلىق بولمىسا، ئۇنى قورۇغا
يالغۇز قانداق تاشلاپ قويىمەن، ھەر نەرسە ئۆز يولى بىلەن

بولمىسا، كۆلكىگە قالىمامدىم؟»

شۇنداق ئوي - خىياللار بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى ۋاقىتلاردا ئۇخلاپ قالغانلىقىنى تۇيماي قالدى.

مەسۇمجان تېخىچە ئويغاق ئىدى. ئۇ لەھەلبۇۋىنىڭ يېنىغا چىقىپ باقمايمۇ، بولدى قىلايمۇ، دەپ ئويلاپ ياتاتتى. «بۈگۈن ئۆي ئازادە، يېنىغا چىقسام، ئىچىگە كىرسەم، ئازراق قارشىلىق قىلىپ جىمىپ قالارمۇ ياكى ۋارقىراپ - جارقىراپ، تىللاپ كېتەرمۇ؟...» ئۇنىڭ قوزغىلىپ كەتكەن ئىشق - ھېسلىرى، ھەممە قورقۇنچ، ۋەھىمە، ئەندىشىلىرىنى يېڭىپ كەتتى - دە، ئورنىدىن تۇرۇپ، ئاستا يەر سىيپىلاپ مېڭىپ دالان ئۆيگە چىقتى. ئاندىن سۇپىغا تىۋىشسىز چىقىپ، ئۆمىلەپ بېرىپ، يوتقاننى قايرىپلا ئىچىگە كىردى. لەھەلبۇۋى ئويغىنىپ كەتتى، مەسۇمجان ئۇنى قۇچاقلاپ، ئۇدۇل كەلگەن يەرلىرىگە سۆيۈشكە باشلىدى.

— ۋارقىرىۋېتىمەن، — دېدى لەھەلبۇۋى تېپىرلاپ، — نېرى تۇرۇڭ!

لەھەلبۇۋى ئۇنى غەزەپ بىلەن مەيدىسىدىن ئىتتىرىپ، يۇلقۇنۇپ، ئۇنىڭ قۇچىقىدىن چىقىپ كەتتى ۋە بېرىپ ئىشىكنى ئۇلۇغ ئېچىۋەتتى - دە، سارايغا كىرىپ لامپىنى ياقتى. چىرايلىرى تاتىرىپ كەتكەن مەسۇمجان ئىشىكنى يېپىپ قويۇپ، ساراي ئۆيگە كىردى. لەھەلبۇۋى جالاقلاپ تىترەپ كەتكەنىدى. كۆزلىرىدىن قەھر - غەزەپ چاچراپ تۇراتتى.

— سىز زورلۇق قىلماقچىما! رەھىم قىلىپ ئۆيدە ياتقۇزسام مۇشۇنداق ئەسكىلىك قىلامسىز! مېنىڭ يامان نىيىتىم يوق دېگەنتىڭىزغۇ!

— مېنى كەچۈرۈڭ... ھېسسىياتىمنى باسالماي، —... ئۇ سۆزىنىڭ ئاخىرىنى ئېيتالماي، يەردىن بېشىنىمۇ كۆتۈرەلمەي قالغانىدى.

— مەن بەربىر سىزگە تېگىمەنغۇ… يە «ياق» دېمىسەم، بۇ نېمە قىلىق؟ ئازراق تەمكىن ئادەم ئۆزىنى بېسىۋالالايدۇ، كىچىك بالىمۇسىز؟… مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟

— مەن… مەن ئەسكى ئادەم ئەمەستىم، بىلمەيمەن، ئەسكىلىك قىلىپ قويدۇم.

— ھەر نەرسە ئۆز يولى بىلەن، ئۆز ۋاقتىدا بولمامدۇ!

— سىز ھەقىقەتەن ئېسىل ئايال ئىكەنسىز … ئالدىڭىزدا كىچىكلەپ كېتىپ بارىمەن…، — ئۇ شۇنداق دېدى ـ دە، ئېغىرلاشقان ئاياغلىرىنى ئاستا يۆتكەپ ئۆيدىن چىقتى. لەھەلبۇۋى ئۇنى ئۇزىتىپ ماڭدى ـ دە، قورۇغا چىقىپ قوش ئىشىكلىك دەرۋازىسىنى ئېچىپ بەردى. ئۇ چىقىپ كېتىپ بارغاندا:

— نىيىتىڭىزنى بۇزماي قاچان كەلسىڭىز، سىز ئۇچۇن ئىشىكىم ئوچۇق، — دېدى ئۇ پىچىرلاپ.

## 44

ئادەمگە ئۆمۈر بىرلا قېتىم بېرىلىدۇ. ئۇنىڭغا يوشۇرۇنغان كۆڭۈلسىزلىك، ئازاب، دەرد ـ ئەلەم باش كۆتۈرۈپ چىققاندا، قانداق قىلىش كېرەك؟ ئۇنىڭ ھەسرىتىگە چىدىماي، پۈكلىنىپ تۈگىشىپ كېتىش كېرەكمۇ ياكى ئۇنى سەۋر، چىدام بىلەن يېڭىپ قەد كۆتۈرۈپ ياشاش كېرەكمۇ؟ بۇ شۇ ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە باغلىق. قەدىرىيە زاماندىندىن ئايرىلدى، ئۇنىڭدىن نېمە قالدى؟ ئازاب. دوستى سەبىھەدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلدى، ئۇنىڭدىن نېمە قالدى؟ مەيۈسلۈك، ئېچىنىش. ئۇ پىلە قۇرتىنىڭ سانسىزلىغان يوپۇرماقلارنى يەپ تۈگىتىۋەتكىنىدەك ئازاب، ئېچىنىش، مەيۈسلىنىپ يۈرۈشنىڭمۇ ئۆمرىنى يەپ تۈگىتىۋېتىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۇ ياشاشنى، ياشىغاندىمۇ مەنىلىك ياشاشنى كۆڭۈلدىن ئۆتكۈزدى. ئوقۇش تۈگەتكەن چاغدا، تارىخ،

پەلسەپىنى چوڭقۇرلاپ ئۆگىنىشنى كۆڭلىگە پۈككەن، ھازىرغىچە ئۆگەنمەي يۈرگىنىگە قاتتىق ئېچىنىپ، ئەمدى ئۆگىنىشنى دەر-ھال باشلاشنى ئويلىدى. كۆز ئالدىدا دەرھال قىلىدىغان مۇنۇ ئىش تۇرۇپتۇ: ئاپىسى مەسۇمجان شوپۇرغا تەگمەكچى، بىراق قىزىدىن خىجىل بولۇۋېتىپتۇ، ئاۋۋال قىزىنىڭ ياتلىق بولۇپ كېتىشىنى ئويلاۋېتىپتۇ. ئاپىسىدا پەيدا بولغان شۇ ئوي ـ خىيال-لارنى كۆتۈرۈۋېتىش كېرەك. «مەسۇمجان شوپۇرنى ياخشى قار-شى ئالسام، ئۇنىڭغا يېقىنلاشسام، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — ئاپام: ‹قىزىم ئۇنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۇنىڭغا تېگىشىمنى خوپ كۆرد-دىكەن› دەپ خاتىرجەم بولىدۇ. مەسۇمجان شوپۇر: ‹قىزى بىزنى قوللاۋاتىدۇ› دەپ خۇشال بولىدۇ. شۇنداق قىلاي، ئاپام-نىڭ شۇنچە يىل تۇل ئولتۇرغىنىمۇ يېتەر، بىچارە ئاپام تۇرمۇش-نىڭ، ئۆز جۈپتى بىلەن ياشاشنىڭ لەززىتىنى تېتىسۇن.»

قەدىرىيە يارلىقنىڭ ئۈستىدە، تولغىنىپ ئېقىۋاتقان دەرياغا نەزەر تاشلاپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان خىياللىرىنى ئاخىرلاشتۇردى ـ دە، كەينىگە بۇرۇلۇپ ۋە قەدەملىرىنى ئاستا ئېلىپ ئۆيگە ماڭ-دى. ئۇ يىراقتىن ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقان نۇرزاتنى كۆرۈپ قالدى. نۇرزات يېقىنلاپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىدا توختىدى.

— ياخشىمۇسىز، نۇرزات؟

— ئۆزىڭىز ياخشىمۇ؟

— كۆرۈنمەيسىزغۇ؟

— كۆپرەك ئېتىزدىمەن.

نۇرزات جۇدەپ قارىداپ قاپتۇ، كۆزلىرى ئويچان ھەم ياش يۇقى ئىدى.

— نەدىن كېلىۋاتىسىز؟

— قەبرىستانلىقتىن.

— سەبىھەنى ئۇنتۇيالمايۋېتىپسىز ـ دە؟

— قانداق ئۇنتۇغىلى بولىدۇ، ھەر كۈنى دېگۈدەك يوقلاپ

تۇرىمەن، بېشىدىن كەلگۈم يوق.

قەدىرىيە ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قالدى، ئۆزىنىڭمۇ كۆڭلى بۇزۇلدى. بىراق ئالدىدا مەيۈسلىنىپ تۇرغان دوستىغا تەسەللى بېرىش، كۆڭلىنى كۆتۈرۈشنى، ئازابلىق خىياللاردىن ۋاز كېچىپ، كېلەچەككە ئۇمتۇلۇپ ياشاشقا ئىلھاملاندۇرۇشنى ئويلىدى.

— سەبىھەنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، ئۇنى ئەسلەپ تۇرغىنىڭىز ياخشى پەزىلەت، نۇرزات. كىشى ئاز ياشىسىمۇ ئادىمىيلىكتىن چىقماي. ياخشى پەزىلەتلەردىن كەچمەي ياشىشى كېرەك، — دېدى ئۇ تەمكىنلىك بىلەن، — لېكىن بۇ ياخشى پەزىلەتكە قاتتىق بېرىلىپ كەتسىڭىز ئۆمرىڭىزنى نابۇت قىلىۋالىسىز. بىز يەنىلا جۇشقۇن، ئۇمىدۋار بولۇشىمىز كېرەك، نۇرزات!

— سەبىھە ماڭا بارلىقىنى بېغىشلىغان قىز ئىدى، ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالغىنىم مېنى قاتتىق ئەلەمگە قويدى. روھىنى قورۇندۇرماي، ئۇنىڭغا مەڭگۈ سادىق بولۇپ ئۆتۈشۈم كېرەك - دە.

— بەختسىزلىك چۈشكۈنلۈك پەيدا قىلىدۇ، چۈشكۈنلۈكتىن قۇتۇلالمىساق، ئۇ ئادەمنى ئەقلىي جەھەتتىن ئاجىزلاشتۇرۇپ، مەقسەتسىز ياشاشقا، چېكىنىشكە ئېلىپ بارىدۇ، نۇرزات.

— چۈشكۈنلىشىپ كەتكەندىمەن، لېكىن بۇنىڭغا ھەرگىز ئۆكۈنمەيمەن.

— بىز بەختسىزلىك بىلەن تۇگىشىپ كەتسەك قانداق بولىدۇ، تۇرمۇشنىڭ مۇرەككەپلىكىنى، يوللارنىڭ ئەگرى - توقايلىقىنى، ئويلىغاندەك كۈنلەرگە يېتىشنىڭ ناھايىتى تەسلىكىنى چوڭقۇرراق ئويلاپ بېقىڭ...

— بولدى، مۇنداق گەپلەرنى قويۇڭ... قۇلىقىمغا كىرمەيدۇ... ئەقىدەمدىن يانمايمەن.

ئىككىسى جىمىپ قالدى. بۇ جىملىقتىن ھەسرەت بىلەن

ئازاب، ئەلەم بىلەن ئېچىنىش ئىپادىلىنىپ تۇراتتى. قەدىرىيە يەنە سۆزلەشنىڭ ھاجەتسىز ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى.

— بۈگۈن سىزنى ئىزدەپ تاپماقچىدىم، — دېدى نۇرزات ئېغىر خىيالدىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — تۈنۈگۈن زاماندىندىن خەت كەپتىكەن.

— راستىما؟

— راست، ئۇ خەت يازمايمەن دېگەن، لېكىن يېزىپتۇ.

— نېمە دەپتۇ؟

— سىلەرنى ئەسلەپ يۈرۈۋاتىمەن، قەدىرىيەگە سالام ئېيتىپ قوي، دەپتۇ. سەبىھەنىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئۇقمىغان ئوخشايدۇ.

— بولدى، ئۇنى يازماڭ.

— يازاي دەپ ئويلىغۇدىم، ئادرېسىنى يازماپتۇ.

— ئادرېسىنى تاپساق ياخشى بولاتتى، نۇرزات. بەلكى ئاكىسىدا باردۇر؟

— ئاكامنىڭ سەۋەنلىكىنى كەچۈرەلمەيمەن، ئۇنىڭغا خەتمۇ يازمايمەن دېگەن.

— ئادەمنىڭ قارىشىدا ئۆزگىرىش بولىدۇ، يازمايمەن دەپ يېزىپتىغۇ، سىز سۈرۈشتۈرۈپ بېقىڭ.

ئىككىسى سۈسلا خوشلاشتى.

※ ※

مەسۇمجاننىڭ كەلمىگىنىگە يىگىرمە كۈندىن ئاشتى. «كۆپىرەك شەنبە كۈنى كېلىمەن، — دەپ ئويلاپ قالدى لەھەلبۈۋى مەكتەپتىن بۇرۇنراق كېلىپ كىر يۇيۇشقا ئولتۇرۇپ، — ھېلىقى كېچىسى خېلى ئېغىر گەپلەرنى قىلغۇەتكەندىم، خىجىل بولۇۋاتامدىكىن... خېلىلا نومۇسى بار ئىكەن ـ دە. مۇنۇ قەدىرىيە ھەر

شەنبە كەلسىلا شەھەرگە كىرەتتىم. «مەسۇمجان ئاكام ئۈينىتىپ چىقمەن»، دېگەن دەپ، ئاغزىدىن چۈشۈرمەي يۈرىدۇ. شەھەرلا دەيدۇ، بۇمۇ ئۆز غېمىدە يۈرۈۋاتسا كېرەك. مەسۇمجانغا ئۇچراپ قالغاندا، قەدىرىيە بىللە ماڭغان بالىنى: «بۇ ساۋاقدىشىم ئەركىن بولىدۇ، تويغا ماڭدۇق»، دەپتىكەن. شۇنىڭ بىلەن يۈرۈۋاتامدىكىن، شۇڭا شەھەرگە كىرىشنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان بولۇپ قالدىمىكىن... بىر كۈنى ئاسماقچىلاپ گەپ ئېلىپ باقاي، راست شۇنداقلا بولسا، كېچىكتۈرمەي تويىنى قىلىۋەتسەك، ماڭمۇ يول ئېچىلىدۇ... توي دېگەن كىشى ھاياتىدىكى چوڭ ئىش، گويا ئادەمنىڭ قايتا تۇغۇلۇشىدەك ئىش، — لەھەلبۇۋىنىڭ داستىكى كىرلەرنى مۇجۇۋاتقان قوللىرى توختاپ قالدى، خىياللىرى داۋاملاشماقتا ئىدى، — مۇشۇنداق چوڭ ئىشنى ئاتا - ئانامغا ئېيتىشىم، ئۇلارنىڭ مەسلىھەتىنى ئېلىشىم كېرەك ئىدى، ئۇنداق قىلالمايمەن. مەن ئۆيدىن چىقىپ كەتكىلى يىگىرمە يىلدىن ئاشتى، ھازىرغىچە دادام كەچۈرگىنى يوق، دۇنيادا مۇنداقمۇ باغرى قاتتىق ئادەم بولىدىكەن، يە ئاپامنى، يە ئىنى - سىڭىللىرىمنى ئەۋەتمەيدۇ، ئۇلارنىڭ مېنى ئىزدىگەنلىكىنى بىلىپ قالسا، ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ. راست، مەن دادامنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغان، ئاڭلىمىغانلىقنىڭ دەردىنى يەتكۈچە تارتتىم. لېكىن قەدىرىيەدە نېمە گۇناھ، ئۇ بارسا، قاپىقىنى ئاچمايدىكەن، قاراپمۇ قويمايدىكەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇمۇ بارماس بولدى. ئاپامنى كۆرمىگىلى يەتتە - سەككىز ئايدىن ئاشتى، بۇ نېمىدېگەن تۈگىمەس تارتقۇلۇق؟... توي قىلسام ئەلۋەتتە ئۇلارغا خەۋەر قىلىشىم كېرەك. بىلىمەن، ھېچكىم چىقالمايدۇ، بەلكى تۇغقانلاردىن چىقار، نېمە ئامال، مېنىڭ بېشىمغا كەلگەن كۈنلەر باشقىلارنىڭ بېشىغا كەلمىسۇن.»

لەھەلبۇۋى كىرلىرىنى چايقاپ ئارغامچىغا يېيىۋاتقاندا، مەكتەپتىن يانغان قەدىرىيە كىرىپ كەلدى.

— يۈيۈپ بوپسەنغۇ، مەن تاماق ئېتەيمۇ؟ — دېدى ئۇ.
— شۇنداق قىلغىنا، قىزىم.
ئانا ـ بالا ئىككىسى لەڭمەن سوزۇپ ئولتۇرغاندا، ئىشىك ئالدىغا «شەرق شامىلى» ماركىلىق ماشىنا گۇرۇلدەپ كېلىپ توختىدى ـ دە، ھايال بولماي، قورۇغا مەسۇمجان شوپۇر كىرىپ كەلدى.
— قالتىس ۋاقتىدا كەلدىڭىز، مەسۇمجان ئاكا، — دېدى قەدىرىيە كۈلۈپ، — سىزنى كېلىپ قالسىكەن، دەپ ئولتۇراتتىم.
تاماق قورۇدا — چايخانىدا ئېتىلىۋاتاتتى. لەھەلبۇۋى ئۇنىڭغا كۈلۈمسىرەپ قارىدىيۇ، قىزىدىن خىجىل بولۇپ تۈزۈككىنە ئەھۋال سورىيالمىدى. مەسۇمجانمۇ ئۇنىڭغا بىرلا قاراپ قويۇپ، كۆزىنى ئېلىپ قاچتى. ھەر ئىككىسىدە قورۇنۇش، ئوڭايسىزلىنىش ھېسلىرى قوزغىلىپ كەتكەنىدى.
— ۋەدىڭىز ئېسىڭىزدىن چىقىپ كەتمىگەندۇ؟ — دېدى قەدىرىيە بىر چوكا ئاشنى قازانغا سېلىۋېتىپ.
— ئېسىمدە بار.
— بۈگۈن ئەكىرىسىز ئەمىسە؟
— ئەكىرەي.
— ھازىرلا كىرسەڭلار قايسى چاغدا چىقىسىلەر؟ — دەپ سورىدى لەھەلبۇۋى.
— كىنو تۈگىگەندە. ئاپا.
لەھەلبۇۋى قىزىنىڭ بۇرۇنقى مىجەزلىرىگە يات ھالدا قانداقتۇر يېڭىلىكلىشىپ قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ روھىي ھالەتلەر: «ئاپا، مەسۇمجان ياخشى ئادەم ئىكەن. چاپسانراق توي قىل، دېگەندىن دېرەك بېرەمدۇ ياكى زاماندىن بىلەن سەبدەھنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئاتايىن شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ» دەپ ئويلاندۇرۇۋاتاتتى.

تاماق يېيىلىپ بولدى. قەدىرىيە جابدۇنۇپ چىقىپ، شوپۇر-دىن بۇرۇن كابىنكىغا كىرىپ ئولتۇرۇۋالدى. مەسۇمجان شەھەر-دىن يېڭىلا چىققان بولسىمۇ، يەنە كىرمەي بولمىدى. ئۇ كابىنكى-غا كىردى ـ دە، ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭدى. لەھەلبۇۋى ئۇلارنى قوش ئىشىكلىك دەرۋازىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ ئۇزى-تىپ قالدى.

ئۇلار شەھەرگە تېزلا يېتىپ كىردى. قەدىرىيەنىڭ تەلىپىگە بۇگۇن كۇلۇبتا كونسېرت قويۇلماقچىكەن. ئىككىسى كونسېرتقا كىردى. مەسۇمجان ئويۇن داۋامىدا قەدىرىيەنىڭ ناھايىتى ھېس-سىياتچان قىز ئىكەنلىكىنى، بۇرۇنقى قەدىرىيەگە زادىلا ئوخشاش-ماي قېلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ قىزدا نېمىشقا ئۇشتۇم-تۇت مۇشۇنداق ھېسسىياتلار پەيدا بولۇپ قالغاندۇ، دەپ ئويلى-نىپ قالدى ۋە شۇ ھامان كۆڭلىگە كەلگەن غەيرىي ئويدىن ئۆزى-دىمۇ بىرقىسما ھېسلار قوزغالدى.

كونسېرت ئاخىرلاشتى. كۇلۇبتىن چىققۇچە قىستا ـ قىس-تاڭچىلىقتا مەسۇمجان قەدىرىيەنى كىشىلەردىن ھىمايە قىلىپ، ئالدىغا ئۆتكۇزۇپ، ئىككى قولىنىڭ ئارىسىغا ئېلىپ ماڭدى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ قوللىرى سۇس تىترەپ، بەدەنلىرىدە قانداقتۇر بىر چۈشىنىكسىز ئىسسىق ئېقىم پەيدا بولدى... ئۇ كۇلۇبنىڭ ئالدىدا قەدىرىيەگە بىر ئىستاكان ماروژنى ئېلىپ بەردى. كۇلۇبتىن دۇكۇلدىشىپ چىققان ئادەملەر بىردەمدىلا تارقىلىپ، ئەتراپ چۆلدەرەپ قالدى.

— ئەمدى كوچىلارنى ئايلاندۇرايمۇ؟

— خېلى ۋاقىت بولۇپ قالغاندۇ؟

— ئاجايىپ چىرايلىق كوچىلار بار.

— بولدى، مەسۇمجان ئاكا، بەك كەچ قالمىز.

— قاراڭ، بۇگۇن ئايئاق ئايدىڭ كېچە ئىكەن.

— مەن مۇنداق ئاق كېچىلەرنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم،

بىراق ئاپام ئەنسىرەپ قالىدۇ.
ئىككىسى ماشىنىغا چىقتى ـ دە، يېزىغا قاراپ ماڭدى.
ماشىنا كېچە جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ غۇيۇلداپ چاپماقتا، كابىنكا
دېرىزىسىدىن كىرىۋاتقان ئارامبەخش شاماللار قەدىرىيەنىڭ چاچ-
لىرىنى يەلپۈپ ئوينىماقتا. مەسۇمجاننىڭ قوللىرى رولدا، ئۇ
ئارىلاپ قەدىرىيەگە قاراپ ـ قاراپ قويىدۇ. قەدىرىيەمۇ ئۇنىڭغا
كۈلۈمسىرەپ قويىدۇ، يولنىڭ يېرىمىدىن ئاشقاندا، قەدىرىيە
بېشىنى مەسۇمجاننىڭ مۈرىسىگە قويۇپ مۈگدەپ قالدى. ماشىنا
غۇيۇلداپ ئۇچماقتا، سالقىن شاماللار كابىنكا ئىچىدە ئوينىماقتا.
قىزنىڭ بۇ قىلىق ـ ھەرىكەتلىرىگە قاراپ، ئۇنىڭ خىياللىرى
داۋالغۇپ قالايمىقانلىشىپ كەتتى. بىرقىسما ھېسلار ئىلكىدە قال-
غان مەسۇمجان ئاخىر بىر قولىنى رولدىن ئېلىپ، قەدىرىيەنىڭ
ئېگەك ـ مەڭىزلىرىنى ئاستا سىلاپ قويدى. قىز سەل ئەندىككەن-
دەك قىلىپ، توختاپ قالدى. ئەمما مەسۇمجان ئۇنىڭدىن ئۆتكەن
ھەرىكەتلەرنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.
ئۇلار يېزىغا يېتىپ چىقتى. لەھەلبۇۋى يالغۇز ئولتۇرۇپ
ئىچى پۇشۇپ، ئىشىكنى قۇلۇپلاپ ئايىسخان مومايىنىڭ ئۆيىگە
چىقىپ كەتكەنىدى. ئۆيدىن قايسىبىرى بىر يەرگە كەتسە، ئى-
شىكنى قۇلۇپلاپ، ئاچقۇچنى چايخانىدىكى كىگىزنىڭ قېتىغا تى-
قىپ قوياتتى. قەدىرىيە ئاچقۇچنى ئېلىپ، قۇلۇپنى ئاچتى ـ دە،
ئۆيگە كىردى. ئۇنىڭ كەينىدىن مەسۇمجان كىردى. لامپىنىڭ
پىلىكى چۆكۈرۈكلۈك ئىكەن، قەدىرىيە ئۇنى چىقىرىپ قويدى.
— ئاپىڭىز يوقمۇ؟
— ئايىسخان مومايىنىڭ ئۆيىدىمىكىن، ئىككىسى بىر بولسى-
لا گېپى تۈگىمەيدۇ، بەزىدە يېرىم كېچىگىچە ئولتۇرۇپ كېتى-
دۇ. ھاردىڭىزمۇ، مەسۇمجان ئاكا؟
— ياق، سىزچۇ؟
— مەن قىلچىلىك ھارمىدىم، مېنى مۈشۈنداق ئوينىتىپ

تۇرامسىز؟ — قەدىرىيەنىڭ چېھرىسىدىن، يۈز - كۆزلىرىدە خۇش تەبەسسۇم جىلۋىلىنىپ تۇراتتى.

— سىز خالىسىڭىزلا ئوينىتىپ تۇراي.

— ئەلۋەتتە خالايمەن. ئۇسسۇغانسىز، ئەتكەنچاي ئېتىپ بېرەيمۇ؟

— بولدى، سوغۇق سۇ ئىچەي.

«مەنمۇ قىزىقلا بەندىكەنمەن، دەپ ئويلىدى مەسۇمجان بىر-دىنلا تىترەپ، — قىزى مەيلىنى بىلدۈرۈپ تۇرسا، ئاپىسىغا ئېسىلىپ يۈرگىنىمنى... قىزى تۇرغان يەردە ئاپىسىنى نېمە قىلاتتىم...»

— مېنى ياخشى ئوينىتىپ چىقتىڭىز، رەھمەت سىزگە.

— قۇرۇقلا رەھمەت ئېيتامسىز، مەيەگە كېلىڭا...

قەدىرىيە كۈلۈمسىرەپ كېلىپ، ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. نەق شۇ چاغدا، ئايىسخان مومايىنىڭ ئۆيىدىن چىققان لەھەلبۇۋى ھويلىسىغا كىرىپ، دېرىزە ئالدىدىن ئۆتۈۋېتىپ، مەسۇمجانىنىڭ قەدىرىيەنىڭ نېرىقى مۈرىسىگە قولىنى سېلىپ ئولتۇرغىنىنى كۆرۈپ داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ گېپى ئېنىق ئاڭلان-نىپ تۇراتتى.

— مېنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دېدى مەسۇمجان تىترەڭگۈ ئاۋازدا.

— شۇنداق ياخشى كۆرىمەن.

تۇرمۇشنىڭ كىشىلەرگە ئايان بولمىغان شۇنداقمۇ سىرلىرى باركى، ئادەملەر ئۇنى ھېچبىر ئايانماي، ئاقىۋەتنى ئويلىماي دادىللىق بىلەن ئىجرا قىلىدۇ: مەسۇمجان قەدىرىيەنىڭ بوينىنى قايرىپلا مەڭزىگە سۆيدى.

قەدىرىيە ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كەتتى:

— نېمە قىلىۋاتىسىز!

— مەن... مەن سىزنى... ياخشى كۆرۈپ قالدىم.

دېرىزىدىن قاراپ تۇرغان لەھەلبۇۋىنىڭ كۆز ئالدى قاراڭغۇلىشىپ، بەدەنلىرى تىترەپ كەتتى:

«ۋاي خۇدايىمەي... نېمە شەرمەندىچىلىك بۇ...» — دەپ پىچىرلىدى ئۇ ئۆزىنى بىر بىلىپ - بىر بىلمەي.

— تۇفى! — دېدى قەدىرىيە. ئۇنىڭ پۈتۈن تۇرقىدىن قەھر - غەزەپ چاچراپ تۇراتتى، — لالما ئىت! قايسى يۈزۈڭ بىلەن شۇ گەپنى قىلىۋاتىسەن!... سېنى ماڭا ئاتا بولىدىغان ئادەم دەپ ھۆرمىتىڭنى قىلىۋاتسام...

لەھەلبۇۋىنىڭ پۇتلىرى ماغدۇرسىزلىنىپ، بېشى قېيىپ تامغا سۈرۈلۈپ ئولتۇرۇپ قالدى - دە، بېشى بىر يانغا ساڭگىلاپ چۈشتى.

كۆزلىرى ئوتتەك يېنىپ كەتكەن قەدىرىيە بېشىنى ساڭگىلىتىپ ئولتۇرغان مەسۇمجانغا قاتتىق ۋارقىرىدى:

— يوقال ئۆيدىن، رەسۋا!... سەن مېنى ئۆزۈڭدەك ۋىجدانسىز، دەپ ئويلىغانمىدىڭ!

ئۆيدىن قوغلىنىپ تىترەپ چىققان مەسۇمجان ھويلىغا چىقىپ، دېرىزە تۈۋىدە قىيسىيىپ ئولتۇرۇپ قالغان لەھەلبۇۋىنى تونۇپ قالدى - دە، يۈگۈرگەندەك كوچىغا چىقىپ كەتتى.

يۈزلىرى تاتىرىپ، پۈتۈن ئەزايى - بەدىنى جالاقلاپ تىترەپ كەتكەن قەدىرىيە ئۆي ئىچىدە ئۇياقتىن - بۇياققا ماڭماقتا ۋە مەسۇمجاننى ئىككى كاچات ئۇرمىغىنىغا قاتتىق ئۆكۈنمەكتە ئىدى.

ئارىدىن ھېچقانچە ۋاقىت ئۆتمەي، خېمىر تۇرۇچ ئېلىش ئۈچۈن ھويلىغا كىرگەن ئايسىخان موماي دېرىزىدىن چۈشكەن يورۇق يۈزىنى يېرىم يورۇتۇپ تۇرغان لەھەلبۇۋىنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— لەھەلبۇۋىغۇ بۇ... ۋاي خۇدايىم، نېمە بولغاندۇ...

سىرتتىكى ئاۋازنى ئاڭلاپ، قەدىرىيە ھويلىغا يۈگۈرۈپ چىق-

تى ـ ده، ئاپىسىنىڭ ھالىنى كۆرۈپ قورقۇپ كەتتى. ئىككىسى ئۇنى يۆلەپ ئۆيگە ئەكىرىپ، ئاۋايلاپ ياتقۇزدى. لەھەلبۇۋىنىڭ چىرايى تامدەك تاتىرىپ كەتكەن بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك كېلىپ تۇراتتى. پېشانىسىگە سوغۇق تەر تەپچىرەپ چىقىپ كەتكەنىدى. قەدىرىيەنىڭ ئۆگسۈلى ئۆچۈپ، كۆزلىرىدىن ياش ئەگمەن، ئايىسخان موماي كۆپۈكنى كۆرۈپ ئالاقزادىلىككە چۈشكەنىدى.

«بىزنىڭ ئۆيدىن ھېلىلا ساپساق چىقىپ كەتكەنغۇ، نېمە ئىشلاردۇ بۇ خۇدايىم...»

قەدىرىيە پەرەز قىلدى: ئاپىسى مومايىنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ قورۇغا كىرگەن، دېرىزىدىن ھېلىقى جوۋايىنىمەكنىڭ گېپىنى ئاڭلىغان، قىلىقىنى كۆرگەن... شۇ شەرمەندىلىكنى كۆتۈرەلمەي ھوشىدىن كەتكەن...

قەدىرىيە نېمە قىلارىنى بىلمەي قالغانىدى، ئاپىسىدا ئۇن يوق، يە كۆزىنى ئاچمايدۇ، سۇنايلاپ ياتىدۇ. ئايىسخان موماي ئۇنىڭ جاۋغىيىدىكى كۆپۈكلەرنى يېڭىنىڭ ئۇچىدا مېھرىبانلىق بىلەن ئاۋايلاپ سۈرتتى.

— لەھەلبۇۋى، قىزىم. كۆزىڭىزنى ئېچىڭا، نېمە بولدى سىزگە؟

لەھەلبۇۋىنىڭ قانسىز لەۋلىرى ئاستا پىچىرلىدى:

— مەسۇمجاننى... قوغلا... ۋېتىڭلار...

شۇ سۆز بىلەن تەڭلا لەھەلبۇۋىنىڭ كۆز چاناقلىرىغا لىققىدە ياش كەلدى.

## 45

ئارىدىن قىرىق كۈن ئۆتۈپ كەتتى. لەھەلبۇۋى تېخىچە ئۆرە بولالمىدى.

دەرد ـ ئەلەم، غەم ـ قايغۇ ئادەمنى ئاجىزلاشتۇرىدۇ،

ئاجىز ئادەمنى تاپسا تېخىمۇ ئەدەيدۇ، ئاخىر بېرىپ ئۇنى يېڭىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. لەھەلبۇۋۇنىڭ يۈرىكىگە داۋاسىز يەنە بىر جاراھەت چۈشتى. ئۇنى ساقايتىشنىڭ چارىسى يوقمىدۇ؟ يوق ئەمەس، ئۇنى ساقايتىشنىڭ بىردىنبىر چارىسى: جاراھەتنى نېمە پەيدا قىلغان بولسا، شۇنى ئۇنتۇپ كېتىش. لەھەلبۇۋى بۇنى بىلىدۇ، چۈشىنىدۇ. بىراق چۈشىنىپ تۇرۇپمۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيۋاتىدۇ. ئۇنتۇپ كېتەي دەيدۇ، تىرىشىدۇ، يەنىلا ئۇنتۇيالمايدۇ. ئۆمۈر يولى ئادەمنىڭ ئىرادىسىگە بويسۇنمايدىغان غەلىتە ئىشلىرى بىلەن سىرلىق ھەم مۇرەككەپ. ئادەم ئۆز ۋۇجۇدىنى تەۋرىتىۋەتكەن، يۈرىكىنى زېدە قىلىۋەتكەن، كاللىسىنى قوچۇۋەتكەن ئىشنى ئاسانلىقچە ئۇنتۇپ كېتەلمەيدۇ.

راست، لەھەلبۇۋۇنىڭ ھاياتىدا ئۇنتۇپ كېتەلمىگۈدەك ئىشلار يۈز بەردى: ئۇ ئابدۇسالامغا ئاتا ـ ئانىسىنى قاقشىتىپ تۇرۇپ، بەختلىك بولىمەن، دەپ قېچىپ تەگكەن. لېكىن بەختلىك بولالمىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۆتكەن ئۆمرىدىن يۈرىكىگە يارا چۈشتى. ئۇزاق يىللار ئۆتۈپ، يارىسى ساقىيىشقا باشلىغاندا، مەسۇمجاننى يارىتىپ قالدى. ئەمدى كېچىكىپ بولسىمۇ بەختلىك بولىمەنغۇ، دەپ ئويلىۋىدى، ئۇ ئۆزىنى قايرىپ قويۇپ، بىردىنلا قىزىغا ئېسىلدى. دۇنيادا بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق رەسۋالىق بولامدۇ! تىرىكچىلىكتە ئىشەنگۈدەك ئادەم بارمۇ؟… ئەمدى ياشىغان بىلەن ياشىمىغاننىڭ نېمە پەرقى قالدى؟… ئۇنى ھاياتقا باغلاپ تۇرغان سۆيگۈ ئوتى ئۆچتى. ئۇنىڭدا يېڭىدىن پەيدا بولغان كىچىككىنە خۇشاللىقمۇ تۈگىدى. ئەمدى ئۇ ياشاشنىڭ شەرمەندىلىك، مەنىسىز بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ، ئۆزىنى ياشاپ يۈرگەن ئادەملەر ئىچىدە ئوشۇقچە سېزىۋاتىدۇ.

ئۇ شۇ يىقىلغانچە دوختۇرخانىدا بىر ئاي يېتىپ قالغان. دوختۇرنىڭ ئېيتىشىچە، مېڭىسىگە يېنىك دەرىجىدە قان چۈشكەنىكەن. بىر ئاي يېتىپ، جىددىي داۋالاشتىن خېلىلا ياخشىلىنىپ

قالغاچقا، ئۆيگە يېنىپ چىققان. قەدىرىيە بىر ئايغىچە خىزمەتكىمۇ بارماي ئاپىسىغا قارىغان. ئاپىسى يېنىپ چىققان ئون كۈندىن بېرى خىزمەتكە بېرىۋاتىدۇ. بىراق، ئاپىسى يالغۇز قالغىنى يوق، چۈشكىچە ئايسىخان موماي قارايدۇ، چۈشتىن كېيىن ئۆزى قارايدۇ. قولۇم - قوشنىلار، مۇئەللىم - مۇئەللىمەلەر، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئاتا - ئانىلىرى ئۇنى يوقلاپ تۇرىدۇ. بىراق كىملا كىرسە بۇ رەسۋالىقنى ھەممە ئادەم ئۇقۇپ كەتكەندەك لەھەلبۇۋى نومۇستا كۆيۈپ - پۇچۇلىنىپ كېتىدۇ، يەردىن كۆزىنى ئالالماي قالىدۇ.

قەدىرىيە تالاغا چىقسا غەمكىن، ئۆيگە كىرسە خۇشخۇي يۈرۈۋاتىدۇ. مەكتەپتىن كېلىپلا ئاپىسىنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرۈشكە تىرىشىدۇ: «ئاپا، بۈگۈن خېلىلا ياخشى بولۇپ قاپسەن، چىرايىڭمۇ تۈزۈلۈپ قاپتۇ، تاماققا ئوبدانراق كىرىشىپ قالساڭ، مەكتەپكىمۇ باراتتىڭ...» دەيدۇ. بېشىدا پەرۋانە بولۇپ يۈرىدۇ. بىراق كېچىلىرى يىغلاپ چىقىدۇ، سەبىھەنىڭ ئۆلۈمدىن كېيىن يۈرەكئالدى بولۇپ قالغان قىز قاتتىق ئەنسىزلىكتە. «بىچارە ئاپام، ئۆمرى دەرد بىلەن ئۆتتى، — دەپ ئويلايدۇ ئۇ، — تۇرمۇشنىڭ خۇشاللۇقىنى كۆرمىدى، لەززىتىنى تېتىمىدى، قاچانلا قارىسام غەمكىن. ئېغىر ئازابتىن، چوڭقۇر خىيالدىن باش كۆتۈرەلمەيدۇ. بۇ ئاخىرقى خىيالنى، ئازاب - ھەسرەتنى كۆتۈرەلمەدۇ... دوختۇرخانىدىن چىققىلى ئون كۈن بولدى، ھازىرغىچە كىچىككىنە تۈزۈلۈش ئالامىتى كۆرۈلمەيۋاتىدۇ... ئەنسىرەيمەن، قورقىمەن، ئەگەر ياخشى كۈنىنىڭ يامىنى بولۇپ قالسا، قانداق قىلىمەن، مېنىڭ ئاپامدىن باشقا كىمىم بار؟...»

ئۇنىڭ ئەندىشىلىرىنىڭ ئىچىدە غەزەپ - نەپرەتمۇ بار: «ئۆلگۈر شوپۇر شۇنچە شەرمەندىچىلىكلەرنى تېرىۋېتىپ، ھېچنېمە بولمىغاندەك يۈرۈۋاتقاندۇ. ئادەمنى چۈشەنمەك نېمىدېگەن

تەس ـ ھە··· ئۇنى ياخشى ئادەم ئىكەن دەپ ئويلاپ كەتكەنلىرىمچۇ تېخى، ئىسسىت ـ ئىسسىت··· ئاپامنىڭ مۇشۇ ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا پۈتۈنلەي ئاشۇ مۇناپىق سەۋەبچى. ئەگەر بۇ ئىشلار ئاشكارىلاشقا بولىدىغان ئىشلار بولغان بولسا، ئۆزۈم سوتچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئەپت ـ بەشىرىسىنى پۈتۈن خەلقئالەم ئالدىدا ئېچىپ، رەسۋاسىنى چىقىرىۋەتكەن بولار ئىدىم».

قەدىرىيەگە ئەلەم قىلىۋاتقىنى: بۇ ئانا ـ بالا بىر ـ بىرىگە دېيىشىدىغان، ئۆزئارا مۇڭدىشىپ بىللە ھەسرەتلىنىدىغان ياكى بىللە غەزەپلىنىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. ئۇ ھېلىقى كېچىسى مەسۇمجاننىڭ كاچىتىغا كېلىشتۈرۈپ ئىككىنى سالمىغىنىغا ھازىرغىچە قاتتىق پۇشايماندا ئىدى.

ئايسىخان موماي ئۇنىڭ ئۈچۈن گويا ئۆز ئانا. ئۇنىڭ ھەممە سىرىنى بىلىدۇ. ھوشىدىن كېتىپ، يېتىپ قېلىشىغا سەۋەب بولغان ئىشلارنى تولۇق ئۇققان. ئېغىزىدا دېمىگىنى بىلەن ئۇنىڭ قانداق دەردتە تولغىنىپ ياتقانلىقىنىمۇ چۈشىنىدۇ. «دەرد يامان، — دەپ ئويلايدۇ موماي ئەنسىرەپ، — بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا، ئاسانلا جېنىنى ئېلىپ قويىدۇ، مۇنداق ئىشلار ئاز بولمىغان. توۋا قىلدىم خۇدايىم، ئەسكىلىك، ئالا كۆڭۈللۈكلەرنىڭ مۇنۇ بالىنى ئانىي تېپىۋاتقىنىنى··· ئەي خۇدا، ئالدىڭدا نېمە گۇناھ قىلىپ قويغاندۇ، بىر قېچىپ قويغىنىغا شۇنچىلىكمۇ كۆرسىتىپ كېتەمسەن، قاچقانلار كۆرمىڭ ـ كۆرمىڭغۇ؟ ھەممىسىلا مۇنداق ئېچىنىشلىق تەقدىرگە قالمىغاندۇ··· بالىلارنىڭ ئاغزىغا ئىلىم سېلىۋاتىدۇ، قاراڭغۇ دىللارنى يورۇتۇۋاتىدۇ، ھەر قانچە گۇناھى بولسىمۇ، يۇيۇلۇپ كەتمەمدۇ··· ھەي ئىگەم، ئاجىز بەندەڭگە رەھىم ـ شەپقىتىڭ يوقمۇ؟»

ھازىر كۈز مەزگىلى. لەھەلبۇۋى بىلەن ئايسىخان موماي چايخانىدا. لەھەلبۇۋى كەينىگە ئىككى ماموق ياستۇقنى قويۇپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇرىدۇ. ئايسىخان موماي ئالدىغا داستىخان

سېلىپ، دۈشىنى قويۇپ، قىڭراق بىلەن يېڭى پىشقان مانتا كاۋىسىنى ئاقلاۋاتىدۇ. ئىككىسى مېھرىبان ئانا ـ بالىدەك مۆڭ-دىشىپ ئولتۇرۇشىدۇ.

— «بېۋاپا ئىكەن ئالەم، كۆپ جاپانى كىم بىلدى» دەپ كىملەرمۇ ئېيتقان بولغىيتتى، — دېدى لەھەلبۇۋى تامغا بېشىنى قويغىنىچە ئۇدۇل قاراپ، — ئادەمنىڭ ئالدىسى ئىچىدە ئە-كەن… ئادەملەر شۇنداق ئىكەن… مېنى ئالىمەن، دەپ يۇرۇپ قىزىمغا ئېسىلغىنىنى قاراڭە… بۇ دۇنيانىڭ، ياشاشنىڭ ئارزۇ-لۇغىدەك نېمىسى قالدى ئەمدى؟… رەسۋالىق بۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بولماس… ئانا ـ ئانامنىڭ ئەھۋالى ئاۋۇ… دەردىمنى ئېيتىپ كېلەي، دەپ يۇگۇرۇپ ـ قويۇپ ئالدىغا بارالمىسام…

— بۇ دۇنيا شۇنداق دۇنيا، لەھەلبۇۋى، ھەسرەت چەكمەي، بىرىدىن ئاغرىنماي ياشىغىلى بولمايدۇ، ئادەملەر ئوخشاش ئە-مەس، گۈلنىڭ تىكىنى، ئالمىنىڭ سېسىقى، مېغىزنىڭ ئاچچىقى بولىدۇ ئەمەسمۇ.

لەھەلبۇۋىنىڭ ئىككى ئۆرۈلۈپ تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدىغان چاچلىرى چىگىشلەنگەن، ئاپئاق، نۇرلۇق يۈزلىرى تېگى ـ تېگى-دىن سېرىقداپ، چىرايلىق كۆزلىرى ئارانلا پىلدىرلاپ تۇراتتى. پېشانە ـ مەڭزىلىرىگە، بۇرۇن ـ ئېڭەكلىرىگە يېڭى قورۇقلار چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇ دەممۇ دەم ئۇلۇغ ـ كىچىك تىنىپ ھەسرەتلىنىپ تولغىناتتى.

— ئېيتىڭە، ئادەملەر شۇنچىمۇ ۋاپاسىز بولامدۇ، مەن ۋاپاسىزلىقنىڭ دەردىنى ئاز تارتتىممۇ؟… ئادەملەر شۇنچىمۇ قارا كۆڭۈل، تۆھمەتخور بولامدۇ، مەن تۆھمەتخورلۇق، قارا كۆڭۈل-لۈكنىڭ جاپاسىنى ئاز كۆردۈممۇ؟… ئادەملەر شۇنچىمۇ شەر-مەندە بولامدۇ، مەن ئەمدى شەرمەندىلىكنىڭ ئازابىنى تار-تىۋاتىمەنمۇ… مەن تارتمىغان نېمە قالدى ئەمدى؟

— قۇشلار ئاغرىپ قالسا، — دېدى ئايىسخان موماي كاۋا

توغراشتىن توختاپ، لەھەلبۇۋىگە قاراپ، — شىپالىق چوققىلار-
نى، گىياھلارنى ئىزدەپ يەپ تۈزلىشنىڭ كويىغا چۈشىدىكەن،
سىز ئاڭلىق مۆئەللىم تۇرۇپ، ئاھ ئۇرۇۋەرسىڭىز بولامدۇ،
ئۇنداق قىلسىڭىز كىمگە پايدا، كىمگە زىيان؟ تۇرمۇشتا شۇنداق
ئىشلار نېمىشقا بولىدىغاندۇ، دەپ ئويلاۋەرمەي، شۇنداق ئىشلار
چوقۇم بولىدۇ، دەپ پەسەنت قىلماي ياشاڭ، قىزىم.

— يۈرەككە چۈشكەن داغ ئۆرلەپ تۇرىدىكەن.

— سىز شۇنچە جاپا، دەرد - ئەلەملەرنى يەڭگەن ئەقىللىق،
غەيرەتلىك خوتۇن ئىدىڭىز، ئەمدى نېمە بولۇۋاتىسىز؟ «پىتقا
ئاچچىق قىلىپ چاپاننى ئوتقا سالما» دېگەن گەپ بىكار چىقمى-
غان. بولغۇلۇق بولدى، نائەھلىيلەرنى، ئەسكىلەرنى ئويلاۋې-
رىپ، جېنىڭىزنى سىلىپ بېرەمسىز ئەمدى؟ ئۆزىڭىزنى بېسىپ،
ھېچ ئىش بولمىغاندەك ياشاڭ، «غەم ئادەمنى قاقشىتىدۇ، ئۈمىد
ياشنىتىدۇ» دەيتتىڭىزغۇ؟

«ياخشى بولۇپ كەتسە بولاتتى، — دەپ ئويلاۋاتاتتى
موماي، — ئۇنىڭ ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئىشى: بالا
تەربىيىلەش - ئوقۇتۇش ئىدى، تېزرەك ياخشى بولۇپ كەتسە،
مەكتىپىگە چاپسانراق بارسا، ھەسرەتلىرى ئۇنتۇلۇپ كېتەتتى.
شۇنچە دالالەت قىلدىم. قولىقىغا كىرمەيدۇ. بولمىسا ئەتراپىغا
زەن سېلىپ قارىسا، قايغۇ - ئەلەمى ئۆزىنىڭكىدىنمۇ ئېغىر
ئادەملەرنىڭ بارلىقىنى بىلسە، ئۆزىگە تەسەللى بولاتتى».

— مەن سىزگە بىر ۋەقەنى سۆزلەپ بېرەي، — دېدى
ئايىسخان موماي، — بىزنىڭ كىچىكلىكىمىزدە مەھەللىمىزدە ئاي
دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس. شۇنداق چىرايلىق
مېھرىبانئوم دەيدىغان بىر قىز بولىدىغان. ئۇ ھېچكىمنى يارات-
ماي، ئۇنىڭغىمۇ «ياق» دەپ، بۇنىڭغىمۇ «ياق» دەپ يىگىرمە
نەچچە ياشقا كىردى. ئەمما ئۇ ھېچكىمنىڭمۇ خىيالىغا كەلمىگەن
ھالدا بىر پادىچى بالا بىلەن ئاشىق - مەشۇق ئىكەن. قىزنىڭ

ئاتا ـ ئانىسى بۇنى ئۇقۇپ، قىزنى بېشىر شاڭيۇغا كىچىك
خوتۇنلۇققا بېرىشۇەتمەكچى بولدى. پادىچى بالىنىڭ ئۇنى توي قى-
لىپ ئېلىشقا قۇربى يەتمىگەچكە، ئىككىسى تىلىنى بىر قىلىپ
بىر كېچىدە قېچىپ كېتىشتى. ئايغاقچى ـ ئىزچىلار ئۇيان ـ
بۇيانغا چېپىپ يۈرۈپ، بىر ھەپتىدىن كېيىن ئىككىسىنى ئۇ
ياقتىن تۇتۇپ كەلدى. كىشىلەر: «پاسكىنا پادىچى بىلەن بىر
ھەپتە بىللە بولغان، ئۇنىڭدىن ئاشقان مېھرىبانۇمنى شاڭيۇ ئەم-
دى ئالمايدۇ» دەپ ئويلاشتى. نەدىكىنى، ئۇنىڭ بىلەن توي
قىلماقچى بولدى. كىشىلەر يەنە: «قىز دادىسىدەك ئادەمگە تې-
گەمدۇ، ئۆلۈۋالىدۇ» دېيىشتى. ئەمما توي كۈنىمۇ تېپتىنچلا
ئۆتۈپ كېتىشتى. دەرياغا بۇگۇن ئۆزىنى تاشلىۋالىدۇ، ئەتە تاش-
لىۋالىدۇ، دەپ يۈرۈشتى. كۈنلەر ئۆتتى، ھەپتىلەر ئۆتتى.
ئايلار ئۆتتى، مېھرىبانۇمدا ھېچ سادا يوق. شۇنداق قىلىپ،
مېھرىبانۇم شاڭيۇ بىلەن ئۆي تۇتۇپ قالدى. شاڭيۇغۇ ئاللىقاچان
ئۆلۈپ كەتتى، مېھرىبانۇم ھازىرمۇ بار، سەكسەندىن ئېشىپتۇ-
دەك. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم: ئاشۇ مېھرىبانۇممۇ مۇھەببى-
تىنى، دەرد ـ ئەلىمىنى ئۇنتۇدى، ياشاشنى ئەۋزەل كۆردى.
سىز نېمانچە بولىسىز، دەيمەن ـ دە، ئۆتۈپ كەتكەن ئىشنى
ياندۇرۇۋالغىلى بولمايدۇ، بوپتۇلا دەپ كەينىڭىزگە تاشلىۋەتسى-
ڭىز بولىدۇغۇ.

— ماقۇل، شۇنداق قىلاي، — لەھەلبۇۋى سۈس كۈلۈمسى-
رىدى.

كاۋا مانتىسى چۈشكە ئۈلگۈرۈپ — قەدىرىيەنىڭ مەكتەپتىن
كېلىشىگە پىشتى. قەدىرىيەنىمۇ، ئايسىخان موماينىمۇ خۇشال
قىلىپ، لەھەلبۇۋى مانتىدىن يەتتە ـ سەككىزنى يەۋەتتى. كى-
شىدە دەممۇ دەم ئەنسىزلىك، ۋەھىمە قوزغاپ تۇرىدىغان ئېغىر
ئاغرىقنىڭ ئادەتتىكىدىن كۆپرەك تاماق يېيىشى ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ
ساق ئادەملەردە ئۈمىد پەيدا قىلىدۇ ـ دە.

※ ※

ئاپىسىدا كىچىككىنە بولسىمۇ تۈزۈلۈش ئالامىتى كۆرۈلمەيۋاتقان شۇ كۈنلەردە، قەدرىيەگە ئىككى دوستىنىڭ يوقلۇقى — زامانىدىنىنىڭ قارامايغا كېتىشى، سەبىھەنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى تازا بىلىندى. ئۇ ئۆزىنى غېرىب - مىسكىن ھېس قىلماقتا ئىدى. يۈرىكىنى ئۆرتەپ زامانىدىن، سەبىھە، نۇرزاتلار بىلەن بىللە ئۆتكۈزگەن كۆڭۈللۈك چاغلار يادىغا پات - پات كېلىۋالاتتى. بۇ قەدىردان توپنىڭ قانداق قىلىپ مامكاپ گۇلىدەك تېزلا توزۇپ كەتكەنلىكى كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئۇ بۆلۈمدە دەرسكە تەييارلىق قىلىۋاتقان قىياپەتتە ئولتۇرۇپ، بىر سائەتكە يېقىن ۋاقىتنى مۇشۇنداق خىياللار بىلەن ئۆتكۈزۈۋەتتى. «نېمە قىلىمەن ئازابلىق خىياللارنى قىلىپ، بۇ خىياللار ماڭا نېمە ئاتا قىلار، — دەپ ئويلىدى ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ، — ئىككىنچى، ئۈچىنچى سائەتلىك دەرسىمنى ئۆتۈۋېتىپلا ئۆيگە كېتىمەن، كۈندە ئايىسخان مومام تاماق ئېتىۋاتىدۇ، بۈگۈن ئاپامغا ئۆز قولۇم بىلەن تاماق ئېتىپ بېرەي».

دوختۇر لەھەلبۇۋىگە: «ئۈچ ئاي دەم ئېلىڭ، مۇشۇ ئىككى خىل دورىنى ئۈزمەي ئىچىڭ، كۆڭلىڭىزگە ياقمىغان ئىشلارغا چېچىلىپ، خاپا بولۇپ كەتمەڭ، ئارتۇقچە خۇشال بولۇپمۇ كەتمەڭ، ئۆزىڭىزنى تۇتۇپ بىر خىل يۈرۈڭ، پات - پات كېلىپ كۆرۈنۈپ تۇرۇڭ» دەپ جېكىلىگەنىدى. لېكىن ئادەم ئۆزىگە قاتتىق تەسىر قىلغان ئىشلارنى، يۈرەككە چۈشكەن جاراھەت - ئىزلارنى ئاسان ئۇنتۇپ كېتەلمەيدىكەن.

ئايىسخان موماي كىر - قاتلارنى يۇيۇشقا تۇتۇش قىلدى. لەھەلبۇۋى چايخانا سۇپىسىدا ئاستىغا كۆرپە سېلىپ، تامغا يۆلىنىپ ئولتۇراتتى. ئۆتكەنكى ئىشلار، ئۆتۈپ كەتكىنىگە ئۇزۇن

يىللار بولغان ئىشلار يەنە ئۇنىڭ يادىغا كېلىۋالدى: «تىنچ، بەختىيار، شاد ـ خۇرام ياشاشنى كىم ئارمان قىلمايدۇ، — دەپ ئازابلىق خىياللارغا كەتتى ئۇ، — بەختىيار ياشاشنى ئارزۇلاپ پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن تىرىشتىم ـ تىرماشتىم، لېكىن ئۇ ماڭا نېسىپ بولمىدى. بەختسىزلىك، كۆڭۈلسىزلىك ئۈستى ـ ئۈستىلەپ كېلىپ ھېچ ئارامىمنى قويمىدى. دۇنيادا مېنىڭدەك بىر ئۆمۈر ئەرزىيەت چەككەن، ھەسرەتلىرى ئىچىگە پاتماي قالغان ئادەم بارمىدۇ؟ ··· مەن ھېچكىمگە يامانلىق، ئەسكىلىك، ۋاپاسىزلىق قىلمىغان، ماڭا نېمىشقا قىلىدۇ؟ ئادەملەر شۇنچىمۇ ئەسكى، قارا كۆڭۈل، شەرمەندە بولامدۇ، ‹ياخشىلىق قىلساڭ ياخشىلىق يانىدۇ› دېيىشىدۇ، قېنى ماڭا يانغىنى! ··· ئۇھ، دەردىما ··· مەن يەنىلا ياشاشنى ئارزۇ قىلاتتىم، كۆڭۈل ئارامسىزلىقى، بەختسىزلىكلىرىمنى ئۇنتۇشقا تىرىشىپ، مۇنۇ يالاڭ ئاياغ يېزا بالىلىرىنى ئوقۇتۇشنى، بىلىملىك قىلىشنى ئارمان قىلاتتىم، مېنىڭ خۇشاللىقىم، خاتىرجەملىكىم مۇشۇ ئىدى. بىراق ماڭا چاپلاشقان كېسەل ئاشۇ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىمغا سايە تاشلاپ تۇرۇۋېلىۋاتىدۇ، نېمە ئامال، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى دۇنيادىن قاقشاپ، ھەسرەتلىنىپ ئۆتۈپ كېتىش ئىكەن ···»

— ھاي، جىمىپ كەتتىڭىزغۇ، — دېدى ئايىسخان موماي كەينىگىمۇ قارىماي كىرىنى يۇيۇۋېتىپ.

لەھەلبۇۋى ئۈنچىقمىدى. چۈنكى ئۇنىڭ بېشى قېتىپ، يەرلەر تەۋرىنىۋاتقاندەك بولۇۋاتاتتى. شۇ ئەسنادا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا ئابدۇسالام، قەمەردىن، مەسۇمجانلار پەيدا بولدى.

— يوقال، سەنلەرنى كۆرەر كۆزۈم يوق! ···— بىر خىل ئەسەبىي تۇيغۇدا ۋارقىرىۋەتتى ئۇ.

— چۆچۈگەندەك كىمگە ۋارقىراۋاتىسىز؟ — ئايىسخان موماي كەينىگە قايرىلىپ چۆچۈپ كەتتى: لەھەلبۇۋى ئورنىغىلا قىيسىيىپ قالغانىدى.

— يەنە نېمە بولغانسىز، — ئۇ ھۆل قولىلىرىنى قولتۇقىغا تىقىپ ئېرتتى - دە، كېلىپ ئۇنى يۆلىدى. ئۇنىڭ جاۋغىيىدىن شۆلگەيلىرى ئېقىپ، كۆزىنىڭ قارىسى كەينىگە كەتكەنىدى.

شۇ چاغدا ھويلىغا كىرىپ كەلگەن قەدىرىيە داڭقېتىپ تۇ- رۇپ قالدى.

— نېمە بولدى! ئاپام نېمە بولدى؟

— لەھەلبۇۋى، ماڭا قاراڭا، — ئۆڭى ئۆچكەن گاڭگىراپلا قالغا ئايىسخان موماي ھوشسىز لەھەلبۇۋىنىڭ يۈزلىرىنى سىلى- ماقتا ئىدى، — ۋاي خۇدايىم، نېمە بولغاندۇ، خېلى تۇزلىپ قېلىۋىدى، كۆزىنىڭ قارىسى كەينىگە كېتىپتۇغۇ …

شۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، قەدىرىيەنىڭ قولتۇقىدىكى بىر دەستە دەپتەر «پاققىدە» قىلىپ يەرگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئاپا! جېنىم ئاپا! — ئۇ ئاپىسىغا ئۆزىنى ئاتتى.

لەھەلبۇۋى كۆزىنى كۈچ بىلەن يېرىم ئېچىپ، پىچىرلىدى:

— قىزىمغا … قاراپ … قويۇ … — ئۇنىڭ ئاخىرقى سۆزى شۇ بولدى - دە، بېشى ساڭگىلاپ قالدى.

ئىككى ئايدىن بىرى ئەلەڭ - سەلەڭ يۈرگەن لەھەلبۇۋى ئاخىر ئالەمدىن ئۆتتى. قەدىرىيە ھوشىدىن كەتتى.

نېمە قىلىشنى بىلمەي، تەمتىرەپ قالغان ئايىسخان موماي ئالدى بىلەن قولۇم - قوشنىلارغا خەۋەر قىلىۋەتتى. ئاندىن يۈگۈرۈپ دېگۇدەك مەكتەپكە بېرىپ ئوقۇتقۇچىلارغا خەۋەر قىل- دى. ھەش - پەش دېگۈچە ھويلىغا ئادەم تولدى. گۈڭشې دەرھال بىر ئادەمنى شەھەرگە ئاتلىق ماڭغۇزدى. ھويلىدا كۆز يېشى قىلىۋاتقانلار بولسىمۇ، پېشىنگىچە بۇ ئېچىنىشلىق ئۆلۈمنىڭ ئۇن سېلىپ يىغلىغۇچىسى بولمىدى. مەكتەپ مۇدىرى، گۈڭشې باشلىقلىرى ئۆلۈمنى ئۇزىتىشنىڭ تەييارلىقى بىلەن ئۇياق - بۇياققا چېپىپ يۈرەتتى.

پېشىندىن ئۆتكەندە، قەدىرىيە ھوشىغا كەلدى. شەھەردىن

لەھەلبۇۋىنىڭ دادىسىدىن باشقا، ئاپىسى، ئىنى - سىڭىللىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بولۇپ بىر ماشىنا ئادەم چىقتى. شۇنىڭدىن باشلاپ ھويلىدا يىغا - زار كۆتۈرۈلدى. بىرى: «ئاتا خوۋلۇقىنى كۆرمىگەن بالام» دەپ، بىرى «ھەسرەتلىك ئاپام» دەپ، يەنە بىرى: «بىچارە ھەدەم» دەپ يىغلىماقتا ئىدى. يىغمۇ ئۆلۈمنىڭ يارىشىقى، ھايات يۈرگەنلەرنىڭ ئۆلگۈچىنىڭ قەدىر - قىممىتىنى، ئىززەت - ھۆرمىتىنى قىلىۋاتقانلىقى. كىشىلەر بۇ تۇيۇقسىز، ۋاقىتسىز ئۆلۈمگە قاتتىق ئېچىنماقتا ئىدى. بىرلىرى: «رەھمەتلىك ياش كەتتى، ياخشى ئايال ئىدى، ‹ياخشىغا كۆرۈم يوق› دېگەن راست ئىكەن» دېسە، بىرلىرى: «كەمبەغەللەرگە كۆيۈمچان، مېھرىبان ئىدى» دەيتتى؛ يەنە بىرلىرى: «بالىلىرىمىزنىڭ ئېسىل تەربىيىچىسى، ياخشى ئوقۇتقۇچىسى» دەپ پىچىرلايتتى. بۇ ئۆلگەندىن كېيىن رەھمەتلىك مەنىسىدىكى سۆزلەر بولماي، دېھقانلارنىڭ چىن يۈرىكىدىن ئېتىلىپ چىققان ھەقىقىي سۆزلەر ئىدى.

ساناقلىق كۈنلەر ئاسانلا توشىدىكەن، گويا كۆزنى يۇمۇپ - ئاچقۇچە، ئۇنىڭ ئالەمدىن ئۆتكىنىگە يەتتە كۈن بولدى: بۈگۈن يەتتە نەزىرى ئىدى، ئۆلۈمدىن كېچىكىپ خەۋەر تاپقانلار، ۋاقتىدا كېلەلمىگەنلەر بۈگۈن كېلىشتى، قايتىدىن ھازا ئېچىلدى. نەزىر ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يەتتىسىگىچە ئولتۇرغانلار قايتىشتى. لەھەلبۇۋىنىڭ سىيماسى ئۆچكەن قورۇ ئاستا - ئاستا چۆلدەرەشكە باشلىدى.

قەدىرىيەنىڭ مومىسى ئۇنى چەتكە تارتىپ، يىغلاپ تۇرۇپ:

— بىزنىڭكىگە كىرىپ كەت، قىزىم، ئەمدى بۇ قورۇدا نىكەندەك يالغۇز قانداق تۇرىسەن؟ — دېدى.

— ياق، موما، — دېدى قەدىرىيەمۇ يىغلاپ تۇرۇپ، — ئاپامنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، قەبرىسىنى يوقلاپ مەشەدە تۇرىمەن، مەن مەشەدە تۇغۇلۇپ، مەشەدە چوڭ بولغان.

مومىسى قانچە زورلىسىمۇ، قەدىرىيە كىرىپ كېتىشكە ئۇنىمىدى. موماي نەۋرىسىنىڭ كېتىشىگە كۆزى يەتمىگەندىن كېيىن:

— بوپتۇ ئەمىسە، سېنى بىرىنچىدىن خۇدايىمغا، ئىككىنچىدىن، ئايسىخانغا تاپشۇردۇم، — دېدى ئاخىر.

قەدىرىيە پۈتۈنسۈرۈك بىر قورۇدا يالغۇز قالدى. «بالام» دەپ ئۆپكىسىنى قاقىدىغان، بىر يەرگە ماڭسا، خۇدايىمغا ئامانەت دەپ ئۇزىتىپ قالىدىغان، بىر يەردىن كەلسە ئالدىغا كۈلۈپ چىقىپ قارشى ئالىدىغان، روھىي ھالىتىگە قاراپ مۇئامىلە قىلىپ، كۆڭلىنى ئاياپ تۇرىدىغان ئانا ئەمدى يوق. يېمەي يېگۈزۈپ، كىيمەي كىيگۈزۈپ، ئارزۇلاپ باققان قىز غېرىبسىنىپ قالدى. ئۇ كېچىلىرىنى بەزىدە ئايسىخان مومايىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ يېتىپ، بەزىدە ئايسىخان موماي بۇ يەرگە كىرىپ يېتىپ، بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ ئۆتكۈزمەكتە ئىدى. يېقىندىن بېرى، تۆتىنچى يىللىقتا ئوقۇۋاتقان بىر كەمبەغەلنىڭ قىزى بىلەن يېتىپ - قوپۇپ ئۆتكۈزۈۋاتىدۇ.

ئۇ ھازىر قىزلارغا خاس بولغان ياسىنىش، تارىنىشلاردىن قالغان. ئەتىگەندە مەكتەپكە ماڭىدۇ، كەچتە قايتىدۇ، كەچقۇرۇنلۇقى دەرسكە تەييارلىق قىلىدۇ، ئايسىخان مومايىنىڭ ئۆيىدىن باشقا يەرگە بارمايدۇ، بارىدۇ دېيىلسە، ئارىلاپ سەبىھەنىڭ ئاپىسى گۈلزارىخاننىڭ ئۆيىگە بارىدۇ. نە ۋاقىتتا ئۇ قوشۇمچە تارىخ، پەلسەپە ئۆگىنىشنى باشلىغان، لېكىن ئاپىسىنىڭ ئاغرىقى، ئۆلۈمى بىلەن بولۇپ كېتىپ تاشلاپ قويغانىدى. ھازىر ئۆگىنىشنى قايتىدىن قولغا ئالدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئازابلىق خىيال، غەم - قايغۇلىرى بىرئاز ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئەمما ئادەم ھېس - تۇيغۇغا ئىگە بەزى كۈنلىرى ئۇ مەكتەپتىن قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئۆيدە ئاپىسى تاماقنى تەييار قىلىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغاندەك، ياكى كىر يۇيۇپ ئولتۇرغاندەك ۋە ياكى ئايسىخان

موماي بىلەن چايخانىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرغاندەك ھېسلارغا چۆمۈلۈپ قالىدۇ. بولۇپمۇ ئۇچار قۇشلارنىڭ دان توشۇپ كېلىپ باللىرىغا يېگۈزۈۋاتقانلىقىنى، مېكىيانلارنىڭ كۆزدە چىققان چۈجىلىرىنى ئىسسىتىش ئۈچۈن قانات ئاستىغا ئېلىۋاتقانلىقىنى، موزايلارنىڭ ئانىلىرىنى ئېمىۋاتقانلىقىنى، ئانىلىرىنىڭ ئۇنى مېھرى بىلەن يالاۋاتقانلىقىنى كۆرسە، تاراملاپ تۆكۈلۈپ كېتىدۇ.

ئايىسخان موماي لەھەلبۈۋىگە قانداق ئانا بولغان بولسا ھازىر قەدىرىيەگىمۇ شۇنداق ئانا بولۇۋاتىدۇ. بىراق تەمكىن موماي لەھەلبۈۋىنىڭ گېپىنى ھەرگىز قىلمايدۇ، «ئالىم بولاي دەپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن، كېچىلىرى يېرىم كېچىگىچە چىرىغىڭىز ئۆچمەيدۇ،— دەيدۇ ئۇ قەدىرىيەگە،— سىز تۇيمايسىز، بەزى كېچىلىرى دېرىزىگە كېلىپ قاراپ قويىمەن، ئۇخلىغۇچىڭىز ئوخلاپ قالغان. سىز كىتابتىن باش كۆتۈرمەيسىز، يازىسىز... ياشلار دېگەن شۇنداق بولۇش كېرەك، تىرىك يۈرۈش كېرەك.»

بېشىغا دەرد ــ ئەلەم كەلگەن ئادەم ئۆزىنى تۇتۇشنى، باشقۇرۇشنى بىلسە، شۇنىڭ ئىچىدىنمۇ كۆڭۈل ئازادىلىك، خاتىرجەملىك تاپالايدۇ. قەدىرىيە ئۆتكەن ئىشلارنى ئويلىماسلىققا تىرىشاتتى. ئۇ شۇنى ھېس قىلىدۇ: ئادەم بەدىنىگە جاراھەت چۈشسە، مۇمكىنقەدەر ئۇنى تېزرەك ساقايتىشنىڭ ئامالىنى قىلىش كېرەككى، ھەرگىزمۇ ئۇنى تاتىلاپ ئەدىتىۋەتمەسلىك كېرەك؛ دەرد ــ ئەلەملەرنى ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشىش كېرەككى، ئۇنى ئويلاۋېرىپ، چۇشكۇنلۇككە، روھىي ئازابقا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك. ئۇ بەزىدە غېرىب ــ مىسكىنلىشىپ قالغاندا، دەرد ــ ئەلەم، قايغۇ كېلىپ باسقاندا، مۇشۇ ھېس قىلغانلىرىنى ئويلاپ دەرھال ئۇنىڭدىن نېرى بولاتتى.

كەچ كۈز مەزگىلى.

دەل ـ دەرەخلەرنىڭ سارغايغان، شاخلاردا قالغان ئاخىرقى يوپۇرماقلىرى بەرگىلىرىدىن شىلدىرلاپ چۈشۈۋاتىدۇ. ئاسماندا قاپىقى سېلىنغان بۇلۇتلار بىردە تۇرۇلۇپ، بىردە لەيلەپ يۈرىدۇ. دۆڭلۈكلەردىكى شىۋاقلار ئاچچىق شامالدا شىۋىرلايدۇ. بۇ كۆرۈمسىز، قاقشال دۇنياغا سىرلىق قورقۇنچ بېرىۋاتقاندەك ئارىلاپ ـ ئارىلاپ قاغىلارنىڭ غاقىلدىغىنى ئاڭلىنىپ قالىدۇ. قەبرىستانلىقتىكى دۆمچەك ـ دۆمچەك قەبرىلەر مۆڭلىنىپ ياتىدۇ. تەبىئەت تەگسىز خىياللارغا پېتىپ قالغاندەك قايغۇلۇق. نۇرزات قەبرىستانلىقتا، ئۇ سەبىھەنىڭ قەبرە بېشىدا يۈكۈنۈپ ئولتۇرىدۇ. خىياللىرى سەبىھە بىللەن بولغان مەزگىللىرىنى كېزىپ يۈرىدۇ. «ئۇ مەجبۇرىي ئايرىلىپ كەتكىنىمىزگە چىدىماي دۇنيادىن ئۆتتى. بىچارە قىز مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، — دەپ پىچىرلاۋاتىدۇ ئۇ، — ئۇ چىن مۇھەببەت ئىگىسى ئىدى. مۇئەللىم تۇرۇپ مېنى — بىر دېھقاننى ياخشى كۆرگەن. توقايلىقتا، مەست بولۇپ قالغان چېغىمدا بېشىمنى قۇچىقىغا ئېلىپ، كۆيۈنۈپ تۇرۇپ چاچلىرىمنى سىلىغان، سۆيگەن. ئايرىلىپ كەتكەن تۇرۇقلۇق، مېنى ئىزدەپ ئۆيگە كەلگەن، ياخشى كۆرگەنمۇ جېنىدىن ئارتۇق دەرىجىدە ياخشى كۆرگەن. دوختۇرخانىدا ئېغىر ياتقاندا، مېنى قۇچاقلاڭ، سۆيۈپ قويۇڭ دېگەن ...»

ئۇ قەدىرىيە بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى.

— ئىككىمىز ئىككى روھنى خۇش قىلىشقا چىقىپتىمىز، — دېدى نۇرزات مەيۇس ئاۋازدا.

— مەن ھەر قېتىم ئاپامنىڭ بېشىغا چىقسام، سەبىھەنىڭمۇ بېشىغا كېلىمەن.

— مەن ئۆمۈر بويى ئۆيلەنمەي ئۆتمەكچى، — دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا ياشلىق كۆزلىرى بىلەن قەدىرىيەگە قاراپ، — سەبىھە مېنى ئىنتايىن ياخشى كۆرەتتى، ئۆيلەنسەم، قەبرىسىدە تىك

ئولتۇرۇشى مۇمكىن.

قەدىرىيە ئۇنى ئازابلىق خىياللارنى قىلماسلىققا دالالەت قىلماقچىدى، بىراق دىلى ئۆكسۈپ تۇرغاندا مۇنداق گەپلەرنى قىلىشنىڭ ئارتۇقچە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى:

— ئېيتىڭا، قەدىرىيە، بەخت دېگەن ئىنسانغا نېسىپ بولىدىغان نەرسىمۇ، ئۇ بارمۇ زادى؟

قەدىرىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ، بىرنېمە دەي دېگۈچە ئۇ ئۆزىنىڭ سوئالىغا ئۆزى جاۋاب بەردى:

— بارلىقى بار ئىكەن، بىراق خۇددى سۇنىڭ ئۈستىدىكى كۆپۈكتەك ئۆمرى قىسقا نەرسە ئىكەن.

ئارىنى بىردىنلا ئېغىر جىملىق باستى، ئاچچىق شامال ئۇرماقتا. ئىككىسى سانسىزلىغان قەبرىلەرگە تىكىلدى.

قەبرىلەر ئاستا تەۋرىنىۋاتقاندەك قىلاتتى.

نۇرزات ئۆزىدىن ئۇچ - تۆت ماڭدام نېرىدىكى سەبىھەنىڭ قەبرىسىگە تىكىلىپ قالدى. قەدىرىيە ئاپىسىنىڭ قەبرىسىنى يوقلاپ، چىرىغىنى يېقىپ، «مەشەدە تۇرۇۋېرىش كېرەكمۇ ياكى يىراقلارغا كېتىش كېرەكمۇ؟» دېگەن خۇپىيانە ئويدا ئىككىلىنىپ تۇراتتى. بىردە ئالدىدىكى ئاپىسىنىڭ قەبرىسىگە قارايتتى، بىردە كۆزىگە كۆرۈنمەيۋاتقان، ئەمما مەيلىنى تارتىپ تۇرغان يىراق ياققا تىكىلەتتى.



Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODc1NjEuemlw",
  "filename_decoded": "40187561.zip",
  "filesize": 25932049,
  "md5": "3229fc9acf7090a4e329d18b92f7b3a1",
  "header_md5": "38498e2ecc5e679021e7a796389ddb3c",
  "sha1": "c5d1ecb20b3404366e8056a810ff174f6816baf5",
  "sha256": "c44f84be607590a86a4cd9e0d92d0a5b57c76da469b04675bca593d3b2597e16",
  "crc32": 4116830858,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 26480338,
  "pdg_dir_name": "\u255a\u03c4\u2566\u2580\u2561\u2500\u2555\u03a6
\u256c\u00bc\u256c\u00df\u2562\u221a\u2559\u2229_40187561",
  "pdg_main_pages_found": 501,
  "pdg_main_pages_max": 501,
  "total_pages": 507,
  "total_pixels": 1935207808,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}